# شىنجاڭ

# تارىخ ماتېرىياللىرى

(42)

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

主　　编: 阿布力孜・穆罕默
　　　　　德・沙依拉米
编　　辑: 迪丽达尔・艾则孜
　　　　　吐尔洪・吾买尔
　　　　　阿布都热依木・买买提
　　　　　居来提・阿布力米提
责任校对: 吐尔洪・吾买尔
封面设计: 穆哈塔尔・艾皮热

ISBN 7-228-05151-3

ZSBN - 228 - 05151 - 3
K・705(民文)定价: 20.00 元

9 787228 051519 >

# شىنجاڭ تارىخ ماتېرىياللىرى

# (42)

جۇڭگو خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭەشى ش ئۇ ئا ر
كومىتېتى تارىخ ماتېرىياللىرى ھەيئىتى تۈزدى

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

图书在版编目(CIP)数据

新疆文史资料选集 第42辑:维吾尔文/自治区政协文史资料编辑部编. —乌鲁木齐:新疆人民出版社,1999.5
ISBN7 —288—05152—3

Ⅰ. 新… Ⅱ. 自… Ⅲ. 文史资料—新疆—维吾尔语(中国少数民族语言) Ⅳ. K294.5

中国版本图书馆 CIP 数据核字(1999)第 19501 号

# 新疆文史资料选辑(42)(维吾尔文)

中国人民政治协商会议新疆维吾尔自治区
委员会文史资料委员会编

新疆人民出版社出版
(乌鲁木齐市解放南路 348 号 邮政编码:830001)
新疆新华书店发行 新疆工人时报印刷厂印刷
850×1168 毫米 32 开本 13.5 印张 2 插页
1999 年 7 月第 1 版 1999 年 7 月第 1 次印刷
印数:1—3,000

ISBN7—228—05151—3/K·705 定价:20.00 元

# مۇندەرىجە

## مىللەتلەر ئىتتىپاقى

داڭلىق تۆمۈرچى، مەرىپەتپەرۋەر ئابدۇقادىر ھوشۇر ھەققىدە ئەسلىمە ............ شەمشىدىن پالتا (1)

## ئىنقىلابىي كۆرەشلەر

ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىي دەۋرىدىكى پارتىيە - تەشكىلاتلار ............ ئەنۋەر خانبابا (10)
ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىي جەڭچىسى بولۇشمىنىڭ ئالدى - كەينىدىكى ۋەقەلەردىن ئەسلىمە ............ تاش سابىت (81)
ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىدىن ئەسلىمە ............ شەمشىدىن سوپىيوف (91)
مەخمۇت مۇھىتى بىلەن شېڭ شىسەينىڭ ئوتتۇرىسىدىكى كۈرەش ............ ھۈسۈيىن ئەبەيدۇللا (119)

## سودا - ئىقتىساد

ياپونغا قارشى ئۇرۇش مەزگىلىدىكى كەلپىن ئاياللىرىنىڭ ئىئانىلىرى ............ ئابدۇساتتار ھامىدىن (136)

## قۇرۇلۇش - تەرەققىيات

1941 - 1942 - يىللىرىدىكى ئاقسۇ ۋىلايەتلىك ئۇيغۇر

مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى ھەققىدە ئەسلىمە ..................
.................................................. توختى ھاشىم (140)


## مەدەنىيەت ـ مائارىپ


ئازادلىقتىن بۇرۇنقى «ئاقسۇ گېزىتى» ھەققىدە .........
............................................... قادىر مەگىت (152)

ساۋەن ناھىيىسىنىڭ 1945 ـ يىلدىن 1955 ـ يىلغىچە
بولغان 10 يىللىق مائارىپ تارىخى ھەققىدە .................
.............................................. ئابدۇكېرىم سوپى (156)

زۇلمەت ئىچىدە ئۆتكەن كۈنلەر ..............................
............................................ ئابباس قۇربان (169)

تۇرپان ئاستانىدە يېڭى مائارىپنىڭ بارلىققا كېلىشى ۋە تە-
رەققىياتى ................................... مەھمۇت ئىلياس (211)


## پەن ـ تېخنىكا


تارباغاتاي نەسىللىك قوينىڭ كېلىپ چىقىشى ھەققىدە
............................................. باقەم ئۆمەرۇلى (228)


## تارىخىي شەخسلەر


خەلقىمىزنىڭ سۆيۈملۈك پەرزەنتى ئابلىز مۇھەممىدىنى
ئەسلەيمەن .................................... جاپپار ئەمەت (239)

17 ـ ئەسىردە تۇرپان ۋادىسىدا باش كۆتۈرگەن ئىمىن خوجا
ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادلىرى.......................... سەدۇللا تاھىر (266)


## يۇرت تارىخىدىن




تىنچلىق بىتىمى ئىمزالىنىشتىن ئىلگىرى گومىدا بولۇپ
ئۆتكەن بەزى ۋەقەلەر .................... ھوشۇرمەت بارات (284)


## ئۆمۈر خاتىرلىرى


ئۆتمۈشتىن خاتىرىلەر ............... ھېمىت رەھىم (293)


## تەبىئىي ئاپەتلەر


شىنجاڭنىڭ يېقىنقى ۋە ھازىرقى زامان تارىخىدىكى تەبىئىي
ئاپەتلەر خاتىرىسى ...... تۇرغۇن ئۆمەر تەييارلىغان (325)


## چوڭ ۋەقەلەر خاتىرىسى


شىنجاڭنىڭ ھازىرقى زامان تارىخىدىكى چوڭ ۋەقەلەر خاتە-
رىسى ..................... تۇرغۇن ئۆمەر تەرجىمىسى (404)

# 新疆文史资料第42期(维文)目录

1、忆有名铁匠,教育家—阿布都卡地尔·吾守尔
……………………………………………… 夏木西丁·怕力塔
2、三区革命时期的政党和组织 ……………… 安尼瓦尔·汗巴巴
3、忆我参加三区革命前后的事件 …………………… 塔西·莎比提
4、忆三区革命 ……………………………… 夏木西丁·苏皮友夫
5、马合木提·木依提与盛世才之间的斗争 … 玉赛因·艾白杜拉
6、抗日战争时期柯平县妇女的募捐活动
……………………………………………… 阿布都莎塔尔·哈米丁
7、忆1941—1942年的阿克苏地区维文会……… 托合提·哈西姆
8、解放前的阿克苏报 …………………………… 卡迪尔·麦格提
9、沙湾县1945—1955年的教育…………… 阿布都克黎木·苏皮
10、黑暗的日子………………………………… 阿巴斯·库尔班
11、新式教育在吐鲁番阿斯塔纳的出现与发展
……………………………………………… 马合木提·伊黎亚斯
12、忆塔城良种羊的培育过程………………… 巴克姆·吾马鲁夫
13、忆人民的好儿子—阿布黎孜·穆汗姆德…… 加帕尔·艾麦提
14、17世纪吐鲁番的伊明和卓与他的后裔 …… 赛杜拉·搭希尔
15、和平条款签订前后在皮山县发生的事件……………………
……………………………………………… 吾守尔麦提·巴拉提
16、往年的回忆………………………………… 伊米提·热合姆
17、近现代新疆发生的自然灾害记…………………… 吐尔洪整理
18、现代新疆史事记…………………………………… 吐尔洪译

# داڭلىق تۆمۈرچى، مەرىپەتپەرۋەر ئابدۇقادىر هۇشۇر هەققىدە ئەسلىمە

## شەمشىدىن پالتا

ئابدۇقادىر هۇشۇر (ئابدۇقادىر تاتۇق) 1901 - يىلى قەشقەر شەهەر ئۆستەڭبويى بازىرى مەهەللىسىدە هۈنەرۋەن ئائىلىدە دۇنياغا كەلگەن بولۇپ، دادىسى هۇشۇراخۇن ئاكا كەسپى تۆمۈرچىلىك بىلەن شۇغۇللانغان ئۇستىكارلاردىن، ئاپىسى ئاي خېنىم ئەينى ۋاقىتتا قەشقەردىكى نوپۇزلۇق مۆتىۋەرلەرنىڭ بىرىنىڭ قىزى ئىدى. ئابدۇقادىر ئۇستا ئائىلىسىدىكى ئالتە بالا ئىچىدە كەنجى ئوغۇل ئىدى. ئۇ كىچىكىدىن باشلاپ ئاتا هۈنىرىگە چىن ئىخلاس بىلەن ئىشتىياق باغلىغان بولۇپ، دائىم دادىسىنىڭ دۇكىنىدىن كەتمەيتتى. ئۇ يەتتە ياشقا كىرگەن كۈنلەرنىڭ بىرىدە تۆمۈرچىلىك دۇكىنىغا تويۇقسىز ئوت كېتىپ، ئېغىر دەرىجىدە كۆيۈپ يارىلىنىدۇ. ئەينى زاماندا قەشقەردە ئۇنۇملۇك داۋالاش ئۇسۇلى بولمىغاچقا، يەرلىك ئۇسۇللار بىلەن داۋالاش نەتىجىسىدە بويىنى دۈلىسىغا چاپلىشىپ قالغان هالەتتە ساقىيىدۇ. شۇنىڭدىن باشلاپ كىشىلەر ئۇنى ئابدۇقادىر تاتۇق دەپ ئاتايدىغان بولىدۇ. ئۆلۈم گىرداۋىدىن ئەمدىلا قايتىپ كەلگەن ئابدۇقادىر 1909 - يىلى دادىسى هۇشۇر ئاخۇندىن ئايرىلىدۇ. كەينى - كەينىدىن كەلگەن بۇ روهىي ئازاپلار ئۇنىڭ يۇمران قەلبىگە ئېغىر هەسرەت تامغىسىنى باسىدۇ.

تۇرمۇشنىڭ ئېغىر سىنىقىغا دۇچ كەلگەن ئابدۇقادىر ئاكىلىرىنىڭ هىمايىسى بىلەن ئاتا كەسپىنى ئۆگىنىشكە بەل باغلاي-

دۇ. يېشىنىڭ چوڭىيىشىغا ئەگىشىپ تۆمۈرچىلىك كەسپىنى تېزلا ئۆگىنىپ ئۆز قابىلىيىتىنى نامايان قىلىدۇ.

1922 - يىلى 21 ياشقا كىرگەن ئابدۇقادىر سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئۆزبېكىستان رىسبوبلىكىسىنىڭ تاشكەنت شەھىرىگە بېرىپ ئولتۇراقلىشىپ، بىر تۆمۈرچىلىك دۇكىنى ئاچىدۇ ھەم ئاچقۇچ ياساش قاتارلىق كەسىپلەر بىلەنمۇ شۇغۇللىنىدۇ. بىر قېتىم تاشكەنتتىكى مەلۇم ئاخبارات ئورگىنىنىڭ مەخپىي ئاخبارات ساقلاش بىخەتەرلىك ئىشكاپىنىڭ ئاچقۇچى يىتۇپ كېتىپ، ئېچىشقا ئامال تاپالماي قالىدۇ. ئەينى چاغدا پۈتۈن تاشكەنت بويىچە نۇرغۇن ھۈنەرۋەن كىشىلەر بۇ ئاچقۇچنى ياساشقا ئورۇنۇپ كۆرگەن بولسىمۇ ئامال بولمايدۇ. ئاخىرى ئابدۇقادىرنى تونۇيدىغان يەرلىك كىشىلەر ئۇنى تەكلىپ قىلىپ كۆرۈپ بېقىشقا مەسلىھەت قىلىدۇ، نەتىجىدە ئابدۇقادىر بىخەتەرلىك ساندۇقىنى ئوبدان كۆرگەندىن كېيىن ئەستايىدىل ئويلاپ بىر ياخشى چارە تاپىدۇ. ئۇ ئالدى بىلەن قۇلۇپنى ئىسلايدۇ، ئاندىن ئاق كاردون قەغەزنى كېسىپ ئاچقۇچ سالىدىغان جايغا كىرگۈزۈپ ئىز چىقىرىدۇ - دە، شۇنىڭغا تەقلىد قىلىپ ئاچقۇچ ياساپ مۇۋاپپەقىيەت قازىنىدۇ. شۇ ئىشتىن كېيىن ئۇ كىشىلەرنىڭ ھۆرمىتىگە ۋە ئىشەنچىسىگە مازاۋەر بولۇپ ئابروي تاپىدۇ. يەرلىك ھۆكۈمەت ئابدۇقادىرنىڭ تېخنىكىسىنى نەزەردە تۇتۇپ، ئۇنىڭ تەلىپى بويىچە ئۇنى تاشكەنت يېزا ئىگىلىك ماشىنىسازلىق زاۋۇتىغا ئورۇنلاشتۇرىدۇ. ئۇزۇن ئۆتمەي زاۋۇتتا ئۇنىڭ ئىقتىدارىنى ھەممە ئېتىراپ قىلىپ، ئۇنى زاۋۇتنىڭ ئالاھىدە تېخنىكىسى قىلىپ بەلگىلەيدۇ.

1928 - يىلى زاۋۇت رەھبەرلىكى ئۇنىڭ تېخنىكا جەھەتتىكى ئىقتىدارى ۋە زاۋۇتقا قوشقان تۆھپىسىگە قايىل بولۇپ، ئۇنى داۋلايدۇ. داۋالاش جەريانىدا ئۇنىڭ بېقىن گۆشىنى ئېڭەككە كۆچۈرۈش ئوپېراتسىيىسى قىلىپ، دۇلىسىغا چاپلىشىپ قالغان



بويىنىنى ئۆز ھالىتىگە كەلتۈرىدۇ.

كەنجى ئوغلى ئابدۇقادىردىن ئايرىلغىنىغا ئۇزۇن يىل بولغان ئاپىسى ئاي خېنىم، خەت - ئالاقە ئارقىلىق ئۇنىڭ قەشقەرگە قايتىپ كېلىشىنى ئېيتىدۇ. ئانا يۇرتىغا بولغان چوڭقۇر مۇھەببەت، قېرىنداشلىرى ۋە ئانىغا بولغان سېغىنىش ئابدۇقادىرنى 1930 - يىلى قەشقەرگە كەلتۈرىدۇ. ئۇ، ئۇزۇن ئۆتمەي ئاكىلىرى بىلەن بىرگە بىر تۆمۈرچىلىك دۇكىنى ئېچىپ، ئۆز كارامىتىنى قەشقەر خەلقىگە نامايان قىلىدۇ. ئاۋۋال ئۇ «دىلىجان» دېگەن پوچتا ياساپ، ئاپپاق خوجام سەيلىسىگە تۆت ئات بىلەن كىرا قىلىدۇ. شۇ چاغلاردا بۇ ئالىي دەرىجىلىك قاتناش قورالى بولۇپ، ئادەتتە مەرتىۋىسى چوڭلار، يۇقىرى قاتلامدىكى شەنگەن، دوتەي دېگەنلەرلا ئولتۇرالايتتى. شۇڭلاشقا فېئودال كۈچلەر پۇقرالارنىڭ ئولتۇرۇشىغا قارشى چىقىدۇ. ھۆكۈمەت پوچتىنى مۇسادىر قىلىپ، ئابدۇقادىرنى يامۇلغا سولايدۇ. مەلۇم مەزگىل ئۆتۈپ ئۇ يامۇلدىن چىققاندىن كېيىن يەنە سوۋېتكە قايتىپ كېتىپ، 1933 - يىلى ۋەتەنگە قايتىپ كېلىدۇ. بۇ چاغدا شىنجاڭ ۋەزىيىتىدە چوڭ داۋالغۇش بولۇپ، قومۇلدىن كۆتۈرۈلگەن دېھقانلار قوزغىلىڭى ئۆز تەسىرىنى جەنۇبىي شىنجاڭدا كۆرسىتىۋاتقاندى. بۇ خىل سىياسىي مۇھىتتا ئابدۇقادىر قايتىدىن پوچتا ياساپ تىجارەت قىلىدۇ، شۇنداقلا سوۋېتتىن ئەكىرگەن كىنو قويۇش ئاپپاراتى بىلەن قەشقەردە تۇنجى قېتىم ئاۋازسىز كىنو قويىدۇ. بۇ خىل يېڭى مەدەنىيەت تەرەققىياتى ئەينى چاغدىكى بىر قىسىم فېئودال دىنىي مۇتەئەسسىپلەرنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچراپ توختىلىدۇ. 1934 - يىلى مەرىپەتپەرۋەر مەخمۇت مۇھىدى يېڭى مائارىپنى يولغا قويىدۇ، قەشقەردە دارىلئېتام مەكتەپ قۇرۇلۇپ، مەكتەپتە ئاساسەن ئاتا - ئانىسى يوق يېتىم بالىلار ئوقۇتۇلىدۇ. قەشقەردە يەنە مۆتىۋەرلەر ئۇيۇشمىسى قۇرۇلىدۇ. بۇنىڭغا ئابدۇقادىر ئاكتىپ ھالدا قاتنىشىدۇ. بۇ يۇقىرىدا ئېيتىلغان دارىلئې-

تام مەكتەپتىن 40 نەپەر بالىنى يىغىپ، ئۇلارنىڭ ياتاق، تاماق،
تۇرمۇش ئىشلىرىنى ئوبدان ئورۇنلاشتۇرۇپ، بىر تۆمۈرچىلىك
شىركىتى قۇرىدۇ. بۇ شىركەت ئابدۇقادىر ئۇستا باشلىق 13 باي
بىرلىشىپ قۇرغان ھەم پاي توپلىغان شىركەت بولىدۇ. بۇ شىر-
كەتكە ئابدۇقادىر ئۇستا باش بولىدۇ. توپلانغان پاينى سوۋېت
ئىتتىپاقىغا پاختا، يۇڭ ئۆتكۈزۈش بەدىلىگە 1935 - يىلى بىر
قاتار ئىلغار تېخنىكا ئۈسكۈنىلەرنى ئەكېلىدۇ. (يەنى توكارلىق
ئىستانوكى، سىلسارلىق ئىستانوكى، سۇۋاركا ماتورى، سىلسار-
لىقتا ئىشلىتىدىغان ئۈسكۈنە - زاپچاس قاتارلىقلار). شۇنىڭدىن
باشلاپ تۆمۈرچىلىك شىركىتىنىڭ ئىشلىرى جانلىنىپ كېتىدۇ،
ھەمدە قەشقەرنىڭ قالاق ھالەتتىكى سانائىتى بىر قەدەر تەرەققىي
قىلدۇرىلىدۇ. بۇ شىركەت دەسلەپ قۇرۇلغان جاي ھازىرقى
قەشقەر پوچتىخانا يەنى قۇم دەرۋازىنىڭ ئالدى بولۇپ، پوچتا
ياساش، چويۈن مەش قۇيۇش، ماشىنا رېمونت قىلىش ھەم ھەر
خىل ماشىنا زاپچاسلىرىنى ياساش قاتارلىق تېخنىكىلىق مەشغۇلا-
تلارنى ئېلىپ بارىدۇ. ئۇ چاغلاردا ئۈرۈمچىدىن ۋە باشقا شەھەر-
لەردىن كەلگەن ماشىنىلار شۇ شىركەتتە رېمونت قىلىنىدۇ.
1938 - يىلغا كەلگەندە، قەشقەردىكى ئۇيغۇر مەدەنىيەت
ئاقارتىش ئۇيۇشمىسىنىڭ ھاۋالىسى بىلەن قەشقەرنىڭ ئەدەبى-
يات - سەنئەت ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇرۇش مەقسىتىدە، ئابدۇقا-
دىر «قەشقەر ھېيتگاھ خەلق تىياتىرى»نى ياساش قۇرۇلۇشىغا
باش تېخنىكا بولۇپ، ئۇستا ياغاچچى، تامچى، تۆمۈرچىلەرنى
تەشكىللەپ، 1940 - يىلى بۇ قۇرۇلۇشنى مۇۋاپپەقىيەتلىك
تاماملايدۇ. ھازىر ھېيتگاھ تىياتىرى ياسالغىنىغا 58 يىل بولغان
بولسىمۇ، تا ھازىرغىچە چوڭ رېمونت ئېلىپ بېرىلماي يەنىلا
قەشقەر خەلقى ئۈچۈن خىزمەت قىلىۋاتىدۇ. ئەسلىدە بۇ تىياتىر-
نىڭ نۇسخىسى تاشكەنتتىكى «ناۋائى» تىياتىرى بىلەن ئوخشاش
بولۇپ، دېكراتسىيە تۈزەشكە قولايلىق بولسۇن ئۈچۈن سەھنە



ئايلانما شەكىلدە ياسالغان، يەنى ئارتىستلار سەھنىنىڭ ئالدى
تەرىپىدە نومۇر ئورۇنلاۋاتقان ۋاقىتتا ئارقىدىنلا ئوينىلىدىغان
نومۇر سەھنىنىڭ ئارقا تەرىپىدە ئالدىن تەييارلىنىپ تۇرىدىغان،
سەھنىنى بىر ئايلاندۇرغاندىلا كېيىنكى كۆرۈنۈش تەييار بولىدى-
غان زامانىۋى شەكىلدە ياسالغان. ئات ۋە ماشىنىلار بىمالال
كىرىپ چىقالايدىغان بولغان. تىياتىرخانىنىڭ دېرىزىلىرى ھازىر-
قى ئۆستەڭبويى سەي بازىرىدىكى ئابدۇقادىر ئۇستىنىڭ ئۆي -
دېرىزىلىرى بىلەن ئوخشاش ياسالغان. تىياتىرخانا پۈتكەندىن كې-
يىن توك مەسىلىسىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن، سوۋېت ئىتتىپاقى-
دىن ئەكەلگەن دىزىل ماتورنىڭ بىرسىنى تۆمۈرچىلىك شىركىتى
ئۈچۈن ئىشلەتسە، يەنە بىرسىنى تىياتىرخانا ئۈچۈن ئىشلەتكەن.
بۇنىڭدىن باشقا سوۋېت كونسۇلى بىلەن ئالاقىلىشىپ تىياتىرخانى-
دا قوشۇمچە كىنو فىلىمى قويۇپ، قەشقەر خەلقىنىڭ مەنىۋى
تۇرمۇشىنىڭ بېيىشى ئۈچۈن تۆھپە قوشقان ھەم تۇنجى قېتىم
ئاۋازلىق كىنو قويۇپ كىشىلەرنى ھاڭ - تاڭ قالدۇرغان. 1941
- يىلى، شۇ چاغدىكى ھۆكۈمەت ئابدۇقادىر ئۇستىنىڭ ئالاھىدە
ئىقتىدارىنى كۆزدە تۇتۇپ قەشقەر بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ
سودا مۇناسىۋىتىنى راۋاجلاندۇرۇش ۋە قاتناش ترانسپورتىنى ياخ-
شىلاش مەقسىتىدە، چېگرىدىكى دەرياغا كۆۋرۈك سېلىشنى پىلان-
لاپ، ئۇنى باش تېخنىك قىلىپ بېكىتىدۇ. بۇ «ئىتتىپاق»
كۆۋرۈكى شۇ يىلى پۈتۈپ، ئۈرۈمچىدىن مەخسۇس مۇتەخەس-
سىس، ئىنژېنېرلار كېلىپ سۈپەت تەكشۈرىدۇ، نەتىجىدە كۆۋ-
رۈك قۇرۇلۇشى ۋە سۈپىتىنى يۇقىرى باھالاپ، ئۇنى نۇرغۇن
ماددىي بۇيۇملار بىلەن مۇكاپاتلايدۇ. 1944 - يىلى قانخور مىل-
لىتارىست شىڭ شىسەي ئۆزىنى جاڭ جېشىنىڭ قوينىغا ئېتىپ،
نەنجىڭغا كېتىدۇ. شۇنىڭدىن تارتىپ شىنجاڭغا گومىنداڭ ھۆكۈ-
مىتى ھۆكۈمرانلىق قىلىدۇ. ھۆكۈمەتنىڭ ئالمىشىشى بىلەن 13
باي ئۆز-ئارا زىدىيەتلىشىپ شىركەتنى بۇزۇشقا ئورۇنىدۇ ھەم بىر

قىسىم بايلار ئۆزلىرى قوشقان مەبلىغىدىن مەھرۇم بولۇپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ، قوشقان پايىنى قايتۇرۇپ بېرىشنى تەلەپ قىلىپ داۋاراڭ سالىدۇ. بۇ ئەھۋاللارنى ئابدۇقادىر ئۇستا ئەينى چاغدىكى ھۆكۈمەتكە ئىنكاس قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ھۆكۈمەت تەرەپ شىركەتنىڭ ئەھۋالىنى ئىگىلەپ، ئۇنىڭ تېخنىكا ئۈسكۈنىلىرى ئىلغار، كەلگۈسى تەرەققىياتىدىن ئۈمىد بارلىقىنى بىلىپ ئۆزى ئۆتكۈزۈۋېلىشنى لايىق تاپىدۇ، ھەمدە زاۋۇتنى ھەربىي ئەسلىھە ياسايدىغان زاۋۇتقا ئۆزگەرتمەكچى بولىدۇ. بۇنىڭغا قارىتا قالغان پاي ئىگىلىرى قوشقان پايىنى بەرسۇن، دەپ شەرت قويىدۇ، ھۆكۈمەت مالىيە جەھەتتە ئاجىز بولغاچقا پاي پۇلىنى قايتۇرۇشقا قوشۇلماي، ئابدۇقادىرنىڭ سېتىۋېلىشىنى ھاۋالە قىلىدۇ.

ئابدۇقادىر ئۆزى قۇرغان زاۋۇتنىڭ ۋەيران بولۇپ كېتىشىدىن ئەنسىرەپ بىر ئاماللارنى قىلىپ بۇ زاۋۇتنى ئۆزى سېتىۋېلىپ، 12 باينىڭ قەرزىنى ئالدى - كەينى بولۇپ ئىككى يىلدا پۈتۈنلەي تۆلەپ، شىركەتنىڭ بىردىن - بىر قانۇنلۇق ئىگىسى بولۇپ قالىدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن بۇ شىركەت تېخىمۇ روناق تاپىدۇ. 1945 - يىلى كۈزدە ئاپپاق خوجا مازىرىنىڭ گۈمبىزى ئۆرۈلۈپ چۈشۈپ، قەشقەردىكى نۇرغۇن قۇرۇلۇش ئۇستىلىرى بۇ مازارنىڭ گۈمبىزىنى قايتا تۇرغۇزالمايدۇ. شۇ چاغدا ئابدۇقادىر ئۇستىنىڭ قېيناتىسى ئالماس دېگەن كىشى شۇ مازارنىڭ شەيخى بولۇپ، ئۇ بۇ ئىشنى ھەل قىلىش ئۈچۈن، مازارنىڭ رېمونت قۇرۇلۇشىنى كۈيئوغلى ئابدۇقادىرغا تاپشۇرىدۇ. ئابدۇقادىر ئىلغار تېخنىكىسى بىلەن گۈمبەزنىڭ قۇرۇلۇشىنى تېزلا ئەسلىگە كەلتۈرىدۇ. شۇنىڭدىن تاھازىرغىچە بۇ گۈمبەز مەزمۇت قەد كۆتۈرۈپ تۇرۇۋاتىدۇ. 1949 - يىلى شىنجاڭ تىنچلىق بىلەن ئازاد بولۇپ، خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى قەشقەرگە كېلىدۇ. بۇنىڭ بىلەن بەزى پۇرسەتپەرەس ئادەملەر: «بۇ شىركەتنى



بىز قۇرغان، بىزنىڭ بىر كىشىلىك ھەققىمىز بار»، دەپ ئابدۇقادىر ئۇستىغا تۆھمەت قىلىپ، خەلق ھۆكۈمىتىگە ئەرز قىلىدۇ. بۇنىڭغا ئابدۇقادىر قىلچە پىسەنت قىلماي، دەلىل - ئىسپاتلارنى ھۆكۈمەت ئالدىدا كۆرسىتىدۇ. ھۆكۈمەت تەرەپتىن قوماندان ئىمىنوۋ ئامما ئارىسىغا بېرىپ، تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىپ بۇ شىركەتنىڭ ئابدۇقادىرغا تەۋە ئىكەنلىكىنى قەيت قىلىدۇ. ئابدۇقادىر ئۇستا ھۆكۈمەتكە ياردەم قىلىپ، ئارمىيىگە يار - يۆلەكتە بولۇش ئىستىكىدە بۇ شىركەتنى ئۆز رازىلىقى بىلەن 13 - دىۋىزىيىگە سوۋغا قىلىدۇ. قوماندان ئىمىنوۋ بۇنى خۇشاللىق بىلەن قوبۇل قىلىپ، شىركەت نامىنى ئۆزگەرتىپ «13 - دىۋىزىيە زاۋۇتى» دەپ يېڭى ۋىۋىسكا ئاسىدۇ. بۇ زاۋۇت 13 - دىۋىزىيىنىڭ قورال - ياراق ياساش ۋە رېمونت قىلىش زاۋۇتى بولۇپ ئۆزگەرتىلىدۇ. ئابدۇقادىر ئۇستا زاۋۇت باشلىقى بولىدۇ ھەمدە 20 نەچچە شاگىرتى بىلەن ھەربىي شتاتقا ئۆتۈپ پۈتۈن زېھنى بىلەن ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشىپ كېتىدۇ. زاۋۇتنىڭ تەدرىجى تەرەققىياتى ۋە ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ كۆپىيىشى سەۋەبىدىن، زاۋۇت ئورنىنى ئەسلىدىكى جايدىن ھازىرقى شەھەرلىك سايمانلار زاۋۇتىغا يۆتكەيدۇ. بۇ زاۋۇتنىڭ ئورنىنى ئابدۇقادىر ئۇستا ئۆزى پىلانلاپ چىقىدۇ. ئەينى چاغدا 13 - دىۋىزىيە ھازىرقى ۋىلايەتلىك جامائەت خەۋپسىزلىك ئىدارىسىنىڭ ئورنىغا ئورۇنلاشقان بولۇپ، ئۇ چاغلاردا توك بولمىغاچقا كىرسىن لامپا ياندۇرۇشقا توغرا كېلەتتى. بۇ قىيىنچىلىقنى ھەل قىلىپ، ئەسكەرلەرنىڭ ئولتۇراق جايىنى توك بىلەن تەمىنلەش ئۈچۈن، قازان زاۋۇت ئۈستىدىكى 3 تۈگمەننىڭ سۈيىنى بىرلەشتۈرۈپ، سۇ كۈچى ئارقىلىق توك ھاسىل قىلىدىغان بىر كىچىك تىپتىكى سۇ ئېلېكتر ئىستانسىسىنى قۇرىدۇ. بۇ بىر تەرەپتىن 13 - دىۋىزىيىنىڭ ئولتۇراق ئۆيىنى توك بىلەن تەمىن ئەتسە، يەنە بىر تەرەپتىن زاۋۇتنى توك بىلەن تەمىنلەيدۇ. توك سىمى يوق ئەھ-

ۋالدا، چوڭ تۆت چاسا مىسنى سوقۇپ كىچىك ياپلاقلاپ سىم ھالىتىگە كەلتۈرۈپ، بەش كىلومېتىر ئارلىقتا سىم تارتىپ توك يەتكۈزىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا تۈمەن دەرياسىنىڭ سۈيىدىن پايدىلىنىپ كېرەمباغ دوختۇرخانىسىغا توك يەتكۈزۈپ بېرىدۇ. شۇڭا ئابدۇقادىر ئۇستا پۈتكۈل جەمئىيەتنىڭ ئالقىشىغا سازاۋەر بولىدۇ. 1954 - يىللىرى پارتىيە ۋە ھۆكۈمەت ئابدۇقادىرنىڭ بۇ تۆھپىلىرى ئۈچۈن، ئۇنى ئىلمىزنىڭ ئىچكى ئۆلكىلىرىنى ئېكسكۇرسىيە قىلىشقا ئەۋەتىدۇ.

1955 - يىلى سابىق 13 - دىۋىزىيە ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، زاۋۇت يەرلىككە تەۋە بولۇپ، ئابدۇقادىرنىڭ باشقۇرۇشىدا بولىدۇ. بىراق بىر قىسىم كىشىلەر يامان غەرەز بىلەن ئۇنىڭغا تۆھمەت چاپلاپ «خىيانەتچى» دەپ ئەرز سۇنىدۇ. 1956 - يىلى ھۆكۈمەت زاۋۇتنى ئۆتكۈزۈۋېلىپ، ئابدۇقادىرغا بىر ئاز پۇل بېرىپ زاۋۇتتىن ھەم ھەربىي سەپتىن قايتۇرىدۇ. ئۇ ھەربىي سەپتىن چېكىنگەندىن كېيىن، قاتناش نازارىتىنىڭ قەشقەردىكى تاشيول باش ئۆچاستكىسىدا تېخنىك بولۇپ ئىشلەيدۇ.

1957 - يىلى قاتناش نازارىتىنىڭ بەلگىلىشى بىلەن ھازىرقى قەشقەر 2 - ترانسپورت شىركىتىنىڭ ماشىنا رېمونت قىلىش زاۋۇتىنىڭ باشلىقى بولىدۇ. 1958 - يىلىغا كەلگەندە قەشقەر ۋىلايەتلىك ۋە شەھەرلىك خەلق ھۆكۈمىتى ئابدۇقادىرغا ئەسلىدىكى زاۋۇتنى باشقۇرۇپ بېرىشنى تەكلىپ قىلىدۇ، ئابدۇقادىر پۈتۈن شەھەردىكى قول ھۈنەرۋەنلەرنى يىغىپ، يەرلىك سانائەتنى راۋاجلاندۇرۇش ئۈچۈن، قەشقەر شەھەرلىك دېھقانچىلىق يېزا ئىگىلىك زاۋۇتىنى قۇرۇپ، زاۋۇت باشلىقى بولىدۇ. شۇنىڭدىن باشلاپ زاۋۇت جانلىنىپ تەرەققىي قىلىپ ماڭىدۇ.

1966 - يىلىغا كەلگەندە ئاتالمىش مەدەنىيەت ئىنقىلابىدا ئۇ بۇ ھەرىكەتنىڭ ئوبيېكتى بولۇپ «چەت ئەلگە باغلانغان ئۇنسۇر»، «شىۋجىڭجۇيىچى ئۇنسۇر»، «كاپىتالىزم يولىغا ماڭغان



ھوقۇقدار» دېگەنگە ئوخشاش ھەر خىل بەتناملار چاپلىنىپ، تارتىپ چىقىرىلىپ پىپەن قىلىنىدۇ، ئازابلايدۇ، خورلۇققا ئۇچرايدۇ.

ئاخىرى شۇ ئازابلار ۋە خورلۇقلار سەۋەبىدىن مېڭىسىگە قان چۈشۈپ، 1977 - يىل 9 - ئاينىڭ 7 - كۈنى 76 يېشىدا ئالەمدىن ئۆتىدۇ.

قەشقەر خەلقى ئابدۇقادىر ئۇستىنىڭ ئۆچمەس ئىش - ئىزلىرىنى ئېغىزدىن - ئېغىزغا كۆچۈرۈپ مەڭگۈ ياد ئەتكۈسى.

(ئاپتور: شىنجاڭ ماشىنىسازلىق تېخنىك ئىشچىلار مەكتىپىدىن)

جاۋابكار مۇھەررىر: جۈرئەت ئابلىمىت

# ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى دەۋرىدىكى پارتىيە - تەشكىلاتلار

## ئەنۋەر خانبابا

1931 - يىلى خوجانىياز ھاجى رەھبەرلىكىدە كۆتۈرۈلگەن قۇمۇل دېھقانلار قوزغىلىڭى جىن شۇرېن ھاكىمىيىتىنىڭ ئاغدۇرۇلۇشىغا سەۋەب بولدى، نەتىجىدە 12 - ئاپرېل ئۆزگىرىشى مەيدانغا كەلدى.

1933 - يىلى 12 - ئاپرېل ئۆزگىرىشىدىن كېيىن تەختكە چىققان ھىيلىگەر شېڭ شىسەي ۋەزىيەتنىڭ تەقەززاسى بىلەن ئۆزىنىڭ ئەسلى ئەپتى - بەشىرىسىنى يوشۇرۇپ، ئىلغار قىياپەتكە كىرىۋېلىپ، سەككىز ماددىلىق خىتاپنامە، ئالتە بۈيۈك سىياسەتنى①ئوتتۇرىغا قويۇپ، ئۇنى مەلۇم مۇددەت ئەمەلگە ئاشۇردى. بۇ جەرياندا شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ تەسىرى ۋە قوللىشى ھەمدە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ياردىمىدە، ھەر قايسى ساھەلەردە مەلۇم تەرەققىياتلارغا ئېرىشتى، لېكىن، بۇ ئۇزۇن داۋام قىلمىدى. گېتلېر گېرمانىيىسىنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىغا قىلغان ھۇجۇمىنىڭ دەسلەپكى قەدەمدە ئېرىشكەن غەلىبىسىنى كۆرگەن شېڭ شىسەي ئۆزىنىڭ نىقابىنى يىرتىپ تاشلاپ، ئەسلى قىياپىتىنى ئاشكارىلاپ، 1942

---

① 1. جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش؛ 2. سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن دوست بولۇش؛ 3. مىللەتلەر موقۇقتا باراۋەر بولۇش؛ 4. پارىخورلۇققا قارشى تۇرۇش؛ 5. تىنچلىقنى ھىمايە قىلىش؛ 6. شىنجاڭنى ئىسلاھ ۋە تەسىر قىلىشتىن ئىبارەت.



- يىل 8 - ئايدا ئۆزىنى جاڭ جيېشىنىڭ قوينىغا ئېتىپ، ئالتە بۈيۈك سىياسەتكە قارشى چىقىپ، ئۇنى ئىجرا قىلمىدى. ئالتە بۈيۈك سىياسەتنىڭ مۇھىم بىر ماددىسى بولغان «سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن دوست بولۇش» نىڭ ئورنىغا، سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن دۈشمەنلىشىش دەسسىتىلدى. ھەر خىل دېلولارنى ئويدۇرۇپ چىقىپ، شىنجاڭدىكى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ مەسلىھەتچىلىرى، مۇتەخەسسىسلىرى، ھەربىي ئوقۇتقۇچىلىرى، گېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش ئۆمەكلىرى، قۇمۇلدا تۇرۇشلۇق قىزىل ئارمىيىنە 8 - پولكى ھەيدەپ چىقىرىلدى. سوۋېتپەرۋەر ئادەملەر، ئىلغار ئوقۇغۇچىلار، ئىنقىلابىي زىيالىيلار ئارقا - ئارقىدىن تۇركۈملەپ قولغا ئېلىندى. 1942 - يىلى يەنە «12 - ئاپرېل يوشۇرۇن توپىلاڭ دېلوسى» نى ئويدۇرۇپ چىقىرىپ، شىنجاڭدا خىزمەت قىلىۋاتقان چېن تەنچيۇ، ماۋزېمىن، لىن جىلۇ قاتارلىق كوممۇنىستلار ۋە ئۇلارنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرى تۇتقۇن قىلىندى. شېڭ شىسەي تۈرمىلىرىدە 130 مىڭدىن ئارتۇق ئادەم قامىلىپ، 60 مىڭدىن كۆپرەك ئادەم شېڭ شىسەي تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلۈپ، ئەزىز جانلىرىدىن جۇدا بولدى. خەلقنىڭ خاتىرجەم تۇرمۇش كەچۈرۈشكە كۆزى يەتمىدى، باج ئېغىرلاشتى، تۈرلۈك سېلىقلار كۆپەيتىلدى. ئىچكىرىدىن كۆپلەپ پۇل كىرگۈزۈلدى. شىنجاڭنىڭ ئۆزىدىمۇ كۆپلەپ پۇل بېسىلدى. شۇنىڭ بىلەن پۇل پاخاللاشتى. مال باھاسى ھەر كۈنى دېيەرلىك ئۆرلىدى. ئىلى ۋىلايىتىدە مال باھاسى 1944 - يىلى 1943 - يىلغا نىسبەتەن يەتتە يېرىم ھەسسە ئاشتى. چارۋىچىلارنىڭ ئوۋ مىلتىقىمۇ يىغىۋېلىندى. 1943 - يىل 3 - ئايدا 10 مىڭ ھەربىي ئات ئىئانە قىلىش ھەرىكىتى يۈرگۈزۈلدى. بۇ خۇسۇسەن ئۈچ ۋىلايەت خەلقى ئۈچۈن ئېغىر بېسىم بولدى. سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن بولغان سودا ئىشلىرى توختىتىلغانلىقتىن، دېھقانلار دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرىنى، چارۋىچىلار چارۋا مەھسۇلاتلىرىنى

چەتكە ئېكسپورت قىلىش ئىمكانىيىتىدىن مەھرۇم بولدى. ئىلگىرى ھەر يىلى كۆپلەپ يىلقا، كالا، قوي، تېرە، يۇڭ، ئۆچەي قاتارلىق چارۋا مەھسۇلاتلىرى، ئاشلىق، پاختا قاتارلىق دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرى سوۋېت ئىتتىپاقىغا ئېكسپورت قىلىناتتى، ئېكسپورت توختىتىلغانلىقتىن دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق مەھسۇلاتلىرىنىڭ باھاسى تۆۋەنلەپ كەتتى. سوۋېتتىن سانائەت ماللىرى كىرگۈزۈلمىگەنلىك سەۋەبىدىن، سانائەت ماللىرىنىڭ باھاسى ئۆرلەپ كەتتى (شىنجاڭدا سانائەت مەھسۇلاتلىرى ئىشلەپچىقىرىلمايدىغانلىقى ئۈچۈن پولات، تۆمۈر، ئەينەك، كىرسىن، سەرەڭگە، رەخ، قەنتتىن تارتىپ تاكى يىپتىن يىڭنىگىچە سوۋېتتىن ئىمپورت قىلىناتتى).

جەمئىيەت ۋە ئىجتىمائىي تۇرمۇشتا چۈشكۈنلىشىش كەيپىياتى يۈز بېرىپ، ئەمدىلا گۈللىنىشكە باشلىغان مەدەنىيەت ۋە مائارىپ ئىشلىرى ئەكسىيەتچىل سىياسەتنىڭ نەتىجىسىدە زاۋاللىققا يۈزلەندى.

1944 - يىلى گومىنداڭ ھۆكۈمىتى شېڭ شىسەينى شىنجاڭدىكى بارلىق ۋەزىپىلىرىدىن قالدۇرۇپ، دېھقانچىلىق - ئورمانچىلىق مىنىستىرلىكىنىڭ مىنىستىرى قىلىپ تەيىنلىدى. پاراخورلۇق ۋە خىيانەتچىلىككە قارشى تۇرۇشنى ئالتە بۈيۈك سىياسەتنىڭ بىر ماددىسى قىلىپ داۋراڭ سالغان شېڭ شىسەي، 1944 - يىل 9 - ئاينىڭ 11 - كۈنى شىنجاڭدىن ئايرىلغاندا ئۆزى بىلەن بىللە ئايرۇپىلان بىلەن 80 نەچچە ساندۇق ئالتۇن - كۆمۈش ۋە ئېسىل بۇيۇملارنى ئېلىپ چوڭچىڭغا راۋان بولدى. ئارقىدىنلا ئۇنىڭ ئۇرۇق - تۇغقانلىرى 180 نەچچە ماشىنىغا شىنجاڭ خەلقىنىڭ ئەسىرلەردىن بۇيان توپلىغان بايلىقلىرىنى بېسىپ ئېلىپ كەتتى.

شېڭ شىسەينىڭ ئورنىغا رەئىس بولغان ۋۇجوڭشىن 1944 - يىل 10 - ئايدا ئۈرۈمچىگە كېلىپ، شىنجاڭ ۋەزىيىتى-



نىڭ تېخىمۇ ناچارلىشىشىغا سەۋەب بولدى. ئۇ، شىنجاڭنى تۆت ئۆلكىگە بۆلۈپ ئىدارە قىلىشنى ئوتتۇرىغا قويدى، دىنىي خۇراپاتلىقنى كۈچەيتتى، مىللەتلەر ئارىسىغا زىددىيەت سالدى. شىنجاڭنى تۈزەيمەن دەپ قالايمىقانچىلىققا سەۋەبچى بولدى. سىياسىي جەھەتتە ئەركىنلىكتىن مەھرۇم قالغان، ئىقتىسادىي جەھەتتە ئېغىر ئېكسپىلاتاتسىيە ۋە ئىزىلىشكە ئۇچرىغان، ئىنسانىي ھوقۇقتىن پۈتۈنلەي ئايرىلغان شىنجاڭ خەلقى تۇرمۇشنىڭ ئەڭ ئېغىر كۈنلىرىنى بېشىدىن كەچۈردى. مىللىي زۇلۇم، ئىزىلىش، ئېكسپىلاتاتسىيە، ھوقۇقسىزلىق، باراۋەرسىزلىك چېكىدىن ئاشتى، خەلقنىڭ چىداشقا تاقىتى قالمىدى. ھەر مىللەت خەلقى ئويغىنىشقا باشلىدى، ئىزدەندى، ئاخىر قوراللىق ئىنقىلابنىڭ ئازادلىققا ئېرىشىشنىڭ بىردىن - بىر يولى ئىكەنلىكىنى تونۇپ يەتتى. بۇ ۋاقىتتا مەملىكەت ئىچى ۋە خەلقئارانىڭ ۋەزىيىتى ياخشى بولۇپ، ئىنقىلابىي ھەرىكەتلەرنى ئېلىپ بېرىشقا پايدىلىق شارائىت مەۋجۇت ئىدى. يەنى سوۋېت قىزىل ئارمىيىسى ئۆز تېررىتورىيىسىدىن گېرمانىيە تاجاۋۇزچىلىرىنى قوغلاپ چىقىرىپ، شەرقىي ياۋروپادىكى بەزى دۆلەتلەرنى ئازاد قىلغان ۋە گېرمانىيىسى تېررىتورىيىسى ئىچىدە ئۇرۇش قىلىۋاتقان، شەرقتە بولسا ياپون تاجاۋۇزچىلىرى تىنچ ئوكياندا مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىغان، مەملىكىتىمىزدە جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكىدىكى بەزى تايانچ بازىلارنىڭ قىسمەن رايونلىرىدا ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ھۇجۇم باشلانغان ۋاقىت ئىدى. بۇنداق ياخشى ۋەزىيەت ئۈچ ۋىلايەت ۋە پۈتۈن ئۆلكىدە يەر ئاستى ئىنقىلابى تەشكىلاتلىرىنىڭ مەيدانغا كېلىشىنى ئوبدان پۇرسەت بىلەن تەمىنلىدى. مەسىلەن، ئۈچ ۋىلايەت دائىرىسىدە 1944 - يىل 4 - ئاينىڭ 9 - كۈنى غۇلجا شەھىرىدە «ئازادلىق تەشكىلاتى» قۇرۇلدى. 1944 - يىل 5 - ئايدا ئوسمان ئىسلام باشچىلىقىدا «ئالتاي قازاق مىللىتى گۈللىنىش ھەيئىتى» قۇرۇلدى.

شۇ يىلى 5 - ئايدا ئابلىمىت ھاجىيوف، مەتنىياز قارى ئەيسابايوف، ئاھىنز راخمانلارنىڭ ئايرىم - ئايرىم رەھبەرلىكىدە چۆچەكتە 3 جەڭگىۋار گۇرۇپپا قۇرۇلۇپ، كېيىن ئۇلارنىڭ رەھبەرلىكىدە «مىللىي ئازادلىق ئۈچۈن كۈرەش تەشكىلاتى» بولۇپ بىرلەشتى. 1944 - يىلى 12 - ئاينىڭ باشلىرىدا ئابلىمىت ھاجىيوف بۇ تەشكىلاتنىڭ بىر قىسىم ئەزالىرىنى باشلاپ سوۋېت ئىتتىپاقى چېگرىسىغا كىرىپ، ئابدۇللا رامازانوف (مەنسۇر روزى) نىڭ ياردىمى ئارقىسىدا قاراباستاۋدا قوماندانلىق شتابى قۇرۇپ، تارغاباتاي ۋىلايىتىدىكى يەر ئاستى پائالىيەتلەرگە رەھبەرلىك قىلدى. شۇ يىلى 5 - ئايدا يەنە دۇبېك چالغىنبايوف، بالقاش ئالىم غازى قاتارلىق قازاق زىيالىيلىرى رەھبەرلىكىدە قازاق ياشلىرىنى ئاساس قىلغان جەڭگىۋار گۇرۇپپا قۇرۇلدى. شۇ يىلى 6 - ئايدا قاسىمئاخۇن ئىسمائىلوف قاتارلىقلار ئابدۇللا رامازانوف نىڭ ياردىمى بىلەن سوۋېت چېگرىسى ئىچىدىكى بەختى كەنتىدە ئىمىل قوماندانلىق شتابى قۇرۇلدى. شۇ يىلى 7 - ئايدا دەلىلقان سۈگۈربايوف رەھبەرلىكىدە جىمۇنەي ناھىيىسىدە «مىللىي ئازادلىق ئىتتىپاقى» قۇرۇلدى. شۇ يىلى 8 - ئايدا «موڭغۇل - قازاق مىللىي ئازادلىق كومىتېتى» قۇرۇلدى ۋەھاكازالار.

يەر ئاستى ئىنقىلابى تەشكىلاتلار ئۈچ ۋىلايەت دائىرىسىدىلا مەيدانغا كېلىپلا قالماستىن، يەتتە ۋىلايەتنىڭ كۆپ جايلىرىدىمۇ تەشكىللەندى. ئۇلار شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىگە قارشى تۇرۇش يولىدا باتۇرلۇق بىلەن كۈرەش قىلىپ ئۆچمەس تۆھپىلەرنى ياراتتى. نۇرغۇن يولداشلار ئىنقىلاب يولىدا ئەزىز جانلىرىنى قۇربان قىلدى. ئۇلارنىڭ نامى خەلق قەلبىدە مەڭگۈ ساقلانغۇسى. مەن بۇ ماقالەمدە ئۈچ ۋىلايەت دائىرىسىدىكى قىسمەن يەر ئاستى تەشكىلاتلىرى ئۈستىدە توختالدىم. يەتتە ۋىلايەت دائىرىسىدە مەيدانغا كەلگەن يەر ئاستى ئىنقىلابى تەشكىلاتلىرى ئۈستىدە توختالمىدىم.



# ئازادلىق تەشكىلاتى

مەن يۇقىرىدا 3 ۋىلايەت ئىنقىلابىدىن ئىلگىرى 3 ۋىلايەت دائىرىسىدە تەشكىللەنگەن قىسمەن تەشكىلاتلارنىڭ نامىنى ئاتاپ ئۆتتۈم. مەزكۇر تەشكىلاتلار ئىچىدە ئازادلىق تەشكىلاتى ئالاھىدە ئورۇن ئىگىلەيدۇ. چۈنكى، ئازادلىق تەشكىلاتى 3 ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ غەلىبە قىلىشىغا رەھبەرلىك قىلغۇچى تەشكىلات. تۆۋەندە ئازادلىق تەشكىلاتى ئۈستىدە قىسقىچە توختىلىپ ئۆتىمەن.

ئازادلىق تەشكىلاتى ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى ھارپىسىدا، 1944 - يىل 4 - ئاينىڭ 9 - كۈنى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ غۇلجىدا تۇرۇشلۇق كونسۇلخانىسىنىڭ ياردىمى بىلەن قۇرۇلغان. مەزكۇر تەشكىلات 12 ئادەمدىن تەركىب تاپقان بولۇپ، ئۇلار: ئابدۇكېرىم ئابباسوف، قاسىمجان قەمبىرى، ئېلىخان تۆرە، رەھىمجان سابىر ھاجىيوف، جانى يولداشوف، نۇردىن بەك، ئابدۇرائۇپ مەخسۇم ئىبراھىمى، سالىجانباي باباخان، مويدىن ئەخمەدى، مەمەتجان مەخسۇم، زۇنۇن تېيىپوف، ئۆمەرجان پىرمۇھەممەتلەر ئىدى. تەشكىلاتنىڭ رەئىسى ئېلىخان تۆرە بولدى. بۇ تەشكىلات تەركىبىدە ئابدۇكېرىم ئابباسوف، قاسىمجان قەمبىرى قاتارلىق ئىلغار ئىدىيىلىك ئىنقىلابىي زىيالىيلار بولۇش بىلەن بىللە، يەنە دىنىي زاتلار، چوڭ يەر ئىگىلىرى، سودىگەرلەرمۇ بار ئىدى. تەشكىلات ئەزالىرى ئىدىيە جەھەتتىن مۇرەككەپ بولۇپ، ئىلغار ئىنقىلابىي ئىدىيىلىكلەر بولۇش بىلەن بىللە، پان تۈركىست، پان ئىسلامىست، تار مىللەتچىلەرمۇ بار ئىدى. ئازادلىق تەشكىلات تەركىبىنىڭ مۇرەككەپ بولۇشى شۇ زامان، شۇ

ماكاندىكى ۋەزىيەتنىڭ تەقەززاسى ئىدى. گەرچە ئۇلارنىڭ جەمئى-
يەتتىكى ئورنى، دۇنيا قاراشلىرى ئوخشاش بولمىسىمۇ، لېكىن
جاھانگىرلىك، بيۇروكرات كاپىتالىزم ۋە فېئودالىزمنىڭ جۇڭ-
گودىكى مەركەزلىك ۋەكىلى بولغان گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىگە
قارشى كۈرەش ئۇلارنى بىرلەشتۈرگەنىدى.
ئازادلىق تەشكىلاتى ئۆز ئالدىغا تۆۋەندىكى ۋەزىپىلەرنى قويـ-
دى:
1) شىڭ شىسەي ھاكىمىيىتىگە ۋە گومىنداڭ ئەكسىيەتچى-
لىرىگە قارشى تەشۋىقات، تەرغىبات ئىشلىرىنى كەڭ قانات يايدۇ-
رۇپ، ئاممىنى ئىنقىلاب قىلىشقا ھەرىكەتلەندۈرۈش ۋە قاتناشتۇ-
رۇش؛
2) ئىلى ۋىلايىتىدە قوراللىق قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ، گومىن-
داڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا خاتىمە بېرىش؛
3) پۈتۈن شىنجاڭدىكى ئىنقىلابىي تەشكىلاتلار بىلەن بىرلە-
شىپ گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاپ، ئەر-
كىن، ئازاد ۋە دېموكراتىك ئۆلكە قۇرۇش.
ئازادلىق تەشكىلاتى ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى ھارپىسىدا ئىنقى-
لابنىڭ تۈرلۈك تەييارلىق خىزمەتلىرىنى ئىشلىدى، جۈملىدىن
تەشۋىقات - تەرغىبات خىزمەتلىرىنى كۈچلۈك ئېلىپ باردى.
ئابدۇكېرىم ئابباسوف ياشلار ۋە زىيالىيلار ئارىسىدا تەشۋىقات ۋە
تەرغىبات ئېلىپ باردى. ئازادلىق تەشكىلاتىنىڭ رەئىسى ئېلىخان
تۆرە تۈرلۈك سورۇنلار ۋە بەيتۇللا مەسچىتىنىڭ مۇنبىرىدىن
پايدىلىنىپ، مىللىي ئازادلىق ۋە دىنىي تەشۋىقات ئارقىلىق خەلق-
نى سەپەرۋەر قىلىشقا باشچىلىق قىلدى. ئېلىخان تۆرە دىن،
تارىخ، مىللىي تىبابەت جەھەتتە چوڭقۇر بىلىمگە ئىگە، ئاتاقلىق
ناتىق كىشى ئىدى. ئۇ، نۇتۇق سۆزلىگەندە ياش - قېرى،
ھەرساھە ئادەملەرنى ئۆزىگە جەلب قىلالايتتى. ئەينى ۋاقىتتا ئامما
ئارىسىدا يۇقىرى ئابرويغا ئىگە ئىدى.



1944 - يىلى 8 - ئايدا، قوزغىلاڭ كۆتۈرگەن ئىلقا پارتى-
زانلىرى قوشۇنى تېزلىك بىلەن كېڭىيىپ ئابدۇكېرىم ئابباسوف
باشچىلىقىدىكى پارتىزانلار ۋە باشقىلار بىلەن بىرلىشىپ، 7 -
نويابىر كۈنى غۇلجا شەھىرىگە ھۇجۇم قىلىپ، 11 - نويابىر كۈنى
غۇلجا شەھىرىنى ئازاد قىلدى. ئازادلىق تەشكىلاتى پارتىزانلار
ھەرىكىتىگە رەھبەرلىك قىلىپ ئىنقىلابنى غەلىبىگە ئېرىشتۈر-
دى. 12 - نويابىر كۈنى شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى
ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتى قۇرۇلغانلىقى جاكارلاندى. ۋاقىتلىق ھۆكۈ-
مەت 16 ئەزادىن تەركىب تاپتى. بۇلارنىڭ توققۇز نەپىرى ئازاد-
لىق تەشكىلاتىنىڭ ئەزالىرى ئىدى. ھۆكۈمەت تەركىبىدىكى مۇ-
ھىم ئورۇنلارنىمۇ ئازادلىق تەشكىلاتىنىڭ ئەزالىرى ئىگىلىدى.
جۈملىدىن:
ئېلىخان تۆرە - ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت ئەزاسى، قوشۇمچە
ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت رەئىسى، مىللىي ئارمىيە مارشالى.
ئابدۇكېرىم ئابباسوف - ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت ئەزاسى، قو-
شۇمچە ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت ئىچكى ئىشلار نازارىتىنىڭ نازىرى،
ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت تەشۋىقات بۆلۈم باشلىقى، مىللىي ئارمىيە
سىياسىي بۆلۈم باشلىقى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتىدى.
ئابدۇرەئوپ مەخسۇم ئىبراھىمى - ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت ئەزا-
سى، قوشۇمچە ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت باش كاتىپى.
رەھىمجان سابىر ھاجىيوف - ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت ئەزاسى،
قوشۇمچە ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت ھەربىي ئىشلار نازارىتىنىڭ نازى-
رى، ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت ئىچكى ئىشلار نازارىتىنىڭ نازىرى
قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتىدى.
مۇھەممەتجان مەخسۇم - ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت ئەزاسى، قو-
شۇمچە ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت ئالىي سوت باشلىقى.
جانى يولداشوف - ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت ئەزاسى، قوشۇمچە
ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت تەپتىش نازارىتىنىڭ نازىرى.

سالىجانباي باباخان ـ ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت ئەزاسى، قوشۇمـ-
چە ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت يەر ـ سۇ نازارىتىنىڭ نازىرى.
قاسىمجان قەمبىرى ـ ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت سەھىيە نازارىتىـ-
نىڭ نازىرى.
زۇنۇن تېيىپوف ـ ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت رىئۇزىيە كومىتېتىـ-
نىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت ھەربىي ئىشلار نازا-
رىتىنىڭ مۇئاۋىن نازىرى، ئۈچ ۋىلايەت مىللىي ئارمىيىسىنىڭ
مۇئاۋىن باش قوماندانى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتىدى.
مويدىن ئەخمىدى ـ ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت سەھىيە نازارىتىـ-
نىڭ نازىرى (قاسىمجان قەمبىرى باشقا خىزمەتكە يۆتكىلىپ
كەتكەندىن كېيىن).
نۇردىن بەگ ـ ئېلىخان تۆرىنىڭ مۇھاپىزەتچىسى.
ئۆمەرجان پىرمۇھەممەت ـ 1944 ـ يىلى ۋاپات بولدى.
ئازادلىق تەشكىلاتىنىڭ ئەزالىرى پەقەت 12 كىشى بىلەنلا
چەكلەندى. ئىنقىلاب غەلىبە قازانغاندىن كېيىن، ئۆز تەشكىلىنى
كېڭەيتمىدى. ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت تەشكىل قىلىنغاندىن كېيىن،
ئازادلىق تەشكىلاتىنىڭ پائالىيىتى توختىدى.

## ئىنقىلابچىل ياشلار تەشكىلاتى

3 ۋىلايەت ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتىنىڭ رەھبەرلىكىدە، ئۈچ
ۋىلايەت خەلقى ۋە مىللىي ئارمىيە گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىگە
قاقشاتقۇچ زەربە بېرىپ، ئىلى، تارباغاتاي، ئالتايدىن ئىبارەت
ئۈچ ۋىلايەتنى ئارقا ـ ئارقىدىن ئازاد قىلىپ ئۈچ ۋىلايەتنى
بىرلىككە كەلتۈردى. 1945 ـ يىل 9 ـ ئايدا مىللىي ئارمىيە-
نىڭ ئوتتۇرا يۆنىلىش قىسىملىرى ماناس دەرياسىنىڭ بويىغا
يېتىپ كېلىپ، ئۇرۇمچىنى ئازاد قىلىش ئۈچۈن يۈرۈشنىڭ
بۇيرۇقىنى كۈتۈپ تۇردى.



ئۈچ ۋىلايەت خەلقى گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ ئاسارىتىـ-
دىن ئازاد بولدى. خەلق ئەركىن نەپەس ئېلىشقا باشلىدى. ئىنـ-
قىلاب غەلىبىسى ئۈچ ۋىلايەت ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتى ۋە خەلقى ئالـ-
ۋىلايەت ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتى خەلق ئىگىلىكىنىڭ ئاساسى بولغان
دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ئىشلىرىنى يولغا قويۇش، ۋەيران بولـ-
غان مەدەنىيەت ـ مائارىپ ئىشلىرىنى تەرتىپكە سېلىش، پۇل
ـ مۇئامىلە، بانكا، سودا ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇرۇش، ئارمىيە-
نىڭ جەڭگىۋارلىقىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش، ئاما ئىچىدە خۇسۇ-
سەن ياشلار ئارىسىدا تەربىيىۋى خىزمەتلەرنى كۈچەيتىشكە ئوخـ-
شاش بىر قاتار خىزمەتلەرنى ئىشلىشى زۆرۈر ئىدى. بۇلارنى
رەھبەرلىكى بولغان ھالدا، پىلانلىق قەدەممۇ ـ قەدەم ئىشلەشكە
توغرا كېلەتتى. ئىنسانلار جەمئىيىتىنىڭ ھەرقايسى دەۋرلىرىدە
ياش ئەۋلادلارنى تەربىيىلەش، ئىز باسارلارنى يېتىشتۈرۈش مۇـ-
ھىم ۋەزىپە بولۇپ كەلگەن، ئۈچ ۋىلايەتمۇ بۇنىڭدىن خالىي ئەـ-
مەس ئىدى. ئۈچ ۋىلايەت ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتى ۋە خەلقى نۆۋەتتىـ-
كى جىددىي ۋەزىپىلەرنى ئورۇنداش ئۈچۈن ياشلارنى تەربىيىـ-
لەش، تەشكىللەش ۋە ئۇلارنىڭ ئۇرغۇپ تۇرغان ياشلىق كۈچىـ-
دىن پايدىلىنىش، ياشلارنى تەشكىللەپ، ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ،
گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىگە قارشى كۈرەشكە ئاتلاندۇرۇشى كېـ-
رەك ئىدى. بۇنىڭ ئۈچۈن ياشلارغا رەھبەرلىك قىلىدىغان،
تەشكىللەيدىغان ۋە تەربىيىلەيدىغان ئاممىۋى تەشكىلاتنىڭ بولۇشى
زۆرۈر ئىدى. مۇشۇ مەقسەتنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن تېگىشـ-
لىك تەييارلىقلاردىن كېيىن، 1945 ـ يىل 15 ـ نويابىر كۈنى
غۇلجا شەھىرى ۋالىي مەھكىمە كۇلۇبىدا ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابـ-
چىل ياشلار تەشكىلاتى (ئەسلى نامى شەرقىي تۈركىستان ئىنقىلابـ-
چىل ياشلار تەشكىلاتى) نى تەسىس قىلىش مەجلىسى ئۆتكۈزۈلـ-
دى. بۇ تەنتەنىلىك مەجلىسكە ئۈچ ۋىلايەت ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتىـ-
نىڭ باشلىقلىرى، جامائەت ئەربابلىرى، يۇرت مۆتىۋەرلىرى،

ئوقۇتقۇچىلار، مىللىي ئارمىيە كوماندىر - جەڭچىلىرى ۋە ياشلار ۋەكىللىرى ئىشتىراك قىلدى. بۇ تەنتەنىلىك تەسىس مەجلىسىدە ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابچىل ياشلار تەشكىلاتى تەسىس قىلىنىپ، بىرىنچى نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت ئەزالىرى ۋە رەئىس، مۇئاۋىن رەئىسلىرى جاكارلاندى. رەئىس ئابدۇكېرىم ئابباسوف، مۇئاۋىن رەئىس سەيدۇللا سەيپۇللايوف بولدى. ئەزالىرى سەيپىدىن ئەزىزى، مۇھەممەت ئىمىن ئىمىنوف، ئەنۋەر خانبابا، بۇقارا ئىشقانبايوف، ئابدۇللا زاكىروفلاردىن تەركىب تاپتى.

ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابچىل ياشلار تەشكىلاتى قۇرۇلۇشى بىلەن تەشكىلى خىزمەتلەر چىڭ تۇتۇلدى. نىزامنامە تۈزۈلۈپ مەركىزىي كومىتېت تەستىقىدىن ئۆتكۈزۈلدى. مەركىزىي كومىتېت ئاپپاراتلىرى تەشكىللەندى. ئابدۇللا زاكىروف باش كاتىپلىققا، زىيا سەمەدى تەشكىلات بۆلۈم باشلىقلىقىغا، كېيىنرەك ئوسمان زىيا تەشۋىقات بۆلۈم باشلىقلىقىغا، داۋۇت ئاخۇن مالىيە بۆلۈم باشلىقلىقىغا تەيىنلەندى.

ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابچىل ياشلار تەشكىلاتىنىڭ قۇرۇلۇشىنى ئامما ناھايىتى قىزغىن قارشى ئالدى. ياشلار بۇ تەشكىلاتقا ئەزا بولۇشنى جىددى تەلەپ قىلدى ۋە ئاكتىپلىق بىلەن ئەزالىققا كىردى. ئۈچ ۋىلايەتنىڭ ھەممە يېزا - قىشلاقلىرىدا مەكتەپلەرنى ئاساس قىلغان ھالدا باشلانغۇچ تەشكىلاتلار قۇرۇلدى. ئۈچ ۋىلايەت دائىرىسىدە ۋىلايەت دەرىجىلىكتىن ئۈچ، ناھىيە دەرىجىلىكتىن 27 كومىتېتلار تەشكىل قىلىندى. تارغاباتاي ۋىلايەتلىك كومىتېتنىڭ رەئىسى ئابلىمىت ھاجىيوف، ئالتاي ۋىلايەتلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى مۇقاش جەكە، ھەربىي كومىتېت رەئىسى توختى ئىبراھىم بولدى. ئىلى ۋىلايىتىدە ۋىلايەتلىك كومىتېت تەشكىل قىلىنماي، ئىلى ۋىلايىتىنىڭ خىزمەتلىرىنى مەركىزىي كومىتېت بىۋاسىتە تۇتتى.

ئىنقىلابچىل ياشلار تەشكىلاتىنىڭ ئامما ئىچىدە ئىناۋىتى



يۇقىرى بولغانلىقى ۋە ياشلار قىزغىن قوللىغانلىقى ئۈچۈن، ئىنقىلابچىل ياشلار تەشكىلاتىنىڭ ئەزالىرى تېزلىكتە كۆپەيدى ھەمدە ئۈچ ۋىلايەتنىڭ بىردىن - بىر ئاممىۋى تەشكىلاتى بولۇپ قالدى. شۇڭا بۇ تەشكىلاتنىڭ ئەزالار سانى قىسقىغىنە ۋاقىت ئىچىدە 14 مىڭدىن ئاشتى. ئىنقىلابچىل ياشلار تەشكىلاتى تەشكىل قۇرۇلۇشىنى ۋە ئاپپارات خىزمەتچىلىرىنى ئورۇنلاشتۇرۇش بىلەن بىللە، ياشلارغا بولغان تەربىيە ۋە تەشۋىقات - تەرغىبات ئىشلىرىنى چىڭ تۇتتى. شۇ ۋاقىتتىكى ئاساسىي دۈشمەن گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى بولغانلىقى ھەمدە ئۆلكىنى ئازاد قىلىش ئۈچۈن، تىغ ئۇچىنى گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىگە قارىتىش لازىم ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىگە قارشى تەشۋىقاتنى چىڭ تۇتتى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە پان ئىسلامىزم، پان تۈركىزم ۋە تار مىللەتچىلىككە قارشى تەشۋىقات - تەرغىبات خىزمەتچىلىرىنىمۇ كۈچەيتتى. ئىنقىلاب مەزگىلىدە كۆرۈلگەن بەزى خاتالىقلارنى جۈملىدىن، خەنزۇلارغا قارىتا مۇناسىۋەتتىكى خاتالىقلارنى تۈزەش ئۈچۈن ھەرىكەت قىلدى ۋە بۇ جەھەتتە مەلۇم نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردى. ئىنقىلابىي ۋەزىيەتنىڭ تەلىپىگە ئاساسەن ياشلارنى خەلق ئىگىلىكى، مەدەنىي - مائارىپ، ھەربىي ئىشلار قاتارلىق خىزمەتلەرگە سەپەرۋەر قىلدى. ئۆلكىدە سايلام يۈرگۈزۈلگەن ۋاقىتتا دېموكراتىيىنى جارى قىلدۇرۇش ئۈچۈن كۈرەش قىلدى. خەلق سۆيگەن ئادەملەرنى سايلاش ئۈچۈن كۈچ چىقاردى. ئالتايدا ئوسمان باندىت ۋەقەسى يۈز بەرگەن ۋاقىتتا، تارغاباتاي ۋىلايەتلىك ياشلار كومىتېتى ياشلاردىن 200 نى ئاتلاندۇرۇپ جەڭگە قاتناشتۇردى. ئىنقىلابچىل ياشلار تەشكىلاتى مەركىزىي كومىتېتى ئۆزىنىڭ نەشر ئەپكارى سۈپىتىدە ئايلىق «كۈرەش» ژۇرنىلىنى نەشر قىلدى. تارغاباتاي ۋىلايەتلىك ياشلار كومىتېتى 1948 - يىل 7 - ئايدىن باشلاپ ئۆزىنىڭ ئايلىق ئورگان ژۇرنىلى «ئىنقىلابىي ياشلار» نى نەشر قىلدى.

1946 ـ يىلى ئەخمەتجان قاسىمى باشلىق ئۈچ ۋىلايەت
ۋەكىللىرى بىرلەشمە ھۆكۈمەتكە قاتنىشىش ئۈچۈن ئۈرۈمچىگە
كەلگەندە، مەنمۇ خىزمەت ئىشلەش ئۈچۈن بىللە كەلگەنىدىم. شۇ
يىلى ئىنقىلابچىل ياشلار تەشكىلاتى مەركىزىي كومىتېتى ئۈرۈم-
چىدە ئۆز تەشكىلىنى قۇرۇش توغرۇلۇق قارار قوبۇل قىلىپ،
بۇ ۋەزىپىنى ماڭا تاپشۇرغانىدى. مەن ئۈرۈمچىگە كېلىپ ئەھۋال
ئۇقۇشقاندىن كېيىن، ئۈرۈمچىدىكى ئىلغار ياشلاردىن بىر قانچە-
سىنى چاقىرىپ، ئۇلار بىلەن سۆھبەتلىشىپ ئۈرۈمچىدە ئىنقى-
لابچىل ياشلار تەشكىلاتىنىڭ تەشكىلىنى قۇرۇش توغرىسىدىكى
پىكرنى ئوتتۇرىغا قويدۇم. سۆھبەتكە قاتناشقانلار بۇنى ناھايىتى
قىزغىنلىق بىلەن قارشى ئالىدىغانلىقلىرىنى بىلدۈرۈشتى. ئەپ-
سۇسكى، سۆھبەتكە قاتناشقانلارنىڭ بىرى بۇ خەۋەرنى سوۋېت
كونسۇلخانىسىغا يەتكۈزۈپتۇ. بىر نەچچە كۈندىن كېيىن سوۋېت
ئىتتىپاقىنىڭ ئۈرۈمچىدىكى كونسۇلخانىسىنىڭ مۇئاۋىن كونسۇ-
لى ئادىلبېك ئولمەسوف ماڭا ئۈرۈمچىدە ئىنقىلابچىل ياشلار تەش-
كىلاتىنىڭ تەشكىلىنى قۇرماسلىقنى، بۇنىڭ ۋەزىيەتكە توغرا
كەلمەيدىغانلىقىنى ئۇقتۇردى. ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى ۋاقتىدا
سوۋېت تەرەپ ھەممە ئىشلارغا ئارىلىشاتتى. ئۇلارنىڭ قىلما دېگەن
ئىشنى قىلغىلى بولمايتتى. شۇڭا ئۈرۈمچىدە ئىنقىلابچىل ياش-
لار تەشكىلاتىنىڭ تەشكىلىنى يوشۇرۇن قۇرۇشقا ئىمكانىيەت
بولمىدى.

ئىنقىلابچىل ياشلار تەشكىلاتى مەركىزىي كومىتېتى
1947 ـ يىلى 1 ـ ئايدا 1 ـ نۆۋەتلىك قۇرۇلتاي چاقىردى.
قۇرۇلتايدا ئىنقىلابچىل ياشلار تەشكىلاتىنىڭ ھېسابات دوكلاتى
بېرىلدى، نىزامنامىسىگە ئۆزگەرتىش كىرگۈزۈلدى، يېڭى ۋەزى-
پىلەر ئوتتۇرىغا قويۇلدى، مەركىزىي ئىجرائىيە كومىتېت سايلا-
پ چىقىلدى. ئۇلار سەيدۇللا سەيپۇللايوف (رەئىس)، خۇسەيىن
سىيابايوف (مۇئاۋىن رەئىس)، مۇھەممەتئىمىن ئىمىنوف، ئەس-



ئەت ئىسھاقوف، ئابدۇللا زاكىروف، بۇقارا تىشقانبايوف، ياقۇپ-
بەگ، مىنى جامالىلار.

بۇ قېتىمقى قۇرۇلتايدا ئىنقىلابچىل ياشلار تەشكىلاتىنىڭ
تەبتە ۋىلايەت دائىرىسىدە ئاشكارە خىزمەت ئېلىپ بېرىشىنى قارار
قىلىپ، بۇ توغرۇلۇق بىرلەشمە ھۆكۈمەتكە تەلەپ قويغانىدى.
بۇنىڭغا ۋاقىتلىق ھۆكۈمەتتىكى گومىنداڭ تەرەپ قوشۇلمىغانلى-
قى ئۈچۈن جاۋابسىز قالدۇردى. شۇنىڭ بىلەن ئىنقىلابچىل ياش-
لار تەشكىلاتىنىڭ تەشكىلىنى يەتتە ۋىلايەت دائىرىسىدە قۇرۇشقى-
مۇ ئىمكانىيەت بولمىدى. ئەمما، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابچىل ياش-
لار تەشكىلاتىنىڭ نامى پۈتۈن ئۆلكىگە تارقالدى. ئۇنىڭ پائالى-
يەت دائىرىسىمۇ ئۈچ ۋىلايەت بىلەن چەكلىنىپ قالمىدى.

ئىنقىلابچىل ياشلار تەشكىلاتى ئۆزىنىڭ پائالىيىتىنى 1948
- يىل 1 - ئاۋغۇستقا قەدەر داۋاملاشتۇردى. ئىنقىلابىي ياشلار
تەشكىلاتى جەمئىيەتنىڭ ھەر ساھەلىرىدە خۇسۇسەن، ياشلارنى
تەشكىللەش ۋە ئۇلارنى ئىنقىلابىي ئىدىيە بىلەن تەربىيىلەش جە-
ھەتتە كۆزگە كۆرۈنەرلىك ئىشلارنى قىلىپ، تارىخىي ۋەزىپىسى-
نى شەرەپ بىلەن ئادا قىلدى. شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە خەلقچىللىق-
نى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقى قۇرۇلغاندىن كېيىن، ئۆز پائالىيى-
تىنى توختىتىپ ئىتتىپاق بىلەن قوشۇلۇپ كەتتى. كېيىن ئىت-
تىپاق رەھبەرلىكىدە ياشلار بۆلۈمى قىلىپ تەشكىل قىلىندى.

## خەلق ئىنقىلابىي پارتىيىسى

شىنجاڭدا سوۋېت ئىتتىپاقىدا ئوقۇغان ياكى سوۋېت تەسى-
رى سىڭگەن، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ شىنجاڭدىكى
ۋەكىللىرىنىڭ تەربىيىسىنى ئالغان ئىلغار ياشلار ئاز ئەمەس
ئىدى. ھەم جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى ۋەكىللىرىنىڭ بى-
ۋاستە تەربىيىسىنى ئالغان ھەم سوۋېت تەسىرى سىڭگەن ئىلغار

ياشلارنىڭ نامايەندىسى ئابدۇكېرىم ئابباسوف ئىدى. ئابباسوف ماركسىزملىق دۇنيا قاراش تىكلىگەن، مول سىياسىي بىلىمگە ئىگە، يىراقنى كۆرەر، ۋەتەن ئىستىقبالى ئۈچۈن قايغۇرىدىغان، خەلقنىڭ غېمىنى يەيدىغان، ئىنقىلاب يولىدا قۇربان بولۇشتىن قورقمايدىغان مىللىي قەھرىمان ئىدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە كۈچلۈك قەلەم ئىگىسى، ناتىق، ئىلغار ئىدىيىنىڭ تەرغىباتچىسى ۋە تەشكىلاتچىسى ئىدى. ئابدۇكېرىم ئابباسوف ئۆزى قېتىرقىنىپ ئۆگىنىپلا قالماستىن، باشقىلارنىمۇ ئۆگىنىشكە دەۋەت قىلاتتى. يولداش ئابدۇكېرىم ئابباسوفنىڭ تەشەببۇسى ۋە تەشكىللىشى بىلەن بىز مەخپىي ماركسىزم ئۆگىنىش گۇرۇپپىسى، پەلسەپە ئۆگىنىش گۇرۇپپىلىرىنى ئۇيۇشتۇرۇپ ئۆگىنىش ئېلىپ باردۇق. بۇنىڭغا قاتناشقان يولداشلار ماركسىزم نەزەرىيىسىنى زور قىزغىنلىق بىلەن ئۆگىنىپ، ئۇنى ئىنقىلابىي ئەمەلىيەت جەريانىدا قوللىنىشنى مەقسەت قىلاتتۇق. ئەمما، بىزنىڭ ئۆگىنىشلىرىمىز ئۇزۇن داۋام قىلالمىدى. ئىككى تەرەپتىن توسقۇنلۇققا ئۇچرىدۇق. بىر تەرەپتىن، رەھبەرلىك تەركىبىدىكى روھانىلار، فېئودال پومېشچىكلار، باي سودىگەرلەر قارشى چىقتى. چۈنكى، ئۇلار ماركسىزم - لېنىنىزم دىنىنى يوقىتىدۇ، خۇسۇسىي مۈلۈكنى يوقىتىدۇ، دەپ قورقاتتى. يەنە بىر تەرەپتىن، سوۋېت تەرەپ توسقۇنلۇق قىلدى، ئۇلارنىڭ باناسى ۋەزىيەتكە توغرا كەلمەيدۇ، دەپ قارايتتى. بۇ خىل بېسىم ئاستىدا ماركسىزم - لېنىنىزمنى ئاشكارا، تەشكىللىك ھالدا ئۆگىنىشنى توختىتىشقا مەجبۇر بولدۇق.

بىز ئۆگىنىش ۋە ئەمەلىي خىزمەت جەريانىدا ئىنقىلاب قىلىش ئۈچۈن، ئىنقىلابقا رەھبەرلىك قىلىدىغان كوممۇنىستىك پارتىيىنىڭ بولۇشىنىڭ زۆرۈرلىكىنى چوڭقۇر ھېس قىلدۇق. گەرچە ئىنقىلابچىل ياشلار تەشكىلاتى بولسىمۇ، بۇ ياشلارنىڭ ئاممىۋى تەشكىلاتى بولۇپ، سىياسىي پارتىيە ئەمەس ئىدى. ئۈچ



ۋىلايەت دائىرىسىدە كەڭ تارقالغان، كۆپلىگەن ئەزاغا ئىگە بولغان ئىنقىلابچىل ياشلار تەشكىلاتىنىڭ خىزمەتلىرىگە رەھبەرلىك قىلىش ئۈچۈنمۇ بىر كوممۇنىستىك پارتىيىنىڭ بولۇشى لازىم ئىدى. ئاخىرى يولداش ئابدۇكېرىم ئابباسوفنىڭ تەشەببۇسى ۋە تەشكىللىشى بىلەن پارتىيە قۇرۇش قارارىغا كەلدۇق. ئابدۇكېرىم ئابباسوف باشلىق يەتتە كىشى مەسلىھەتلىشىپ، 1946 - يىل 5 - ئاينىڭ 5 - كۈنى پارتىيىنى تەسىس قىلدۇق. بۇ شىنجاڭدا ئاز سانلىق مىللەتلەر تەرىپىدىن تۇنجى قېتىم قۇرۇلغان كوممۇنىستىك خاراكتېرگە ئىگە سىياسىي پارتىيە ئىدى. مەزكۇر پارتىيىنى شۇ ۋاقىتتىكى شارائىتتا ئاشكارە تەشكىللەش مۇمكىن ئەمەس ئىدى. شۇڭا پارتىيە مەخپىي قۇرۇلدى. پارتىيىنىڭ نامى ئۈستىدە كۆپ ئويلاندۇق. ئاخىرى گەرچە پارتىيىمىز كوممۇنىزم خاراكتېرلىق بولسىمۇ، كوممۇنىستىك پارتىيە دەپ ئاتىماي ۋەزىيەت ئېتىبارى بىلەن خەلق ئىنقىلابىي پارتىيىسى دەپ نام بېرىش قارارىغا كەلدۇق. قىسقارتىپ ئادەتتە «خ. ئى. پ» دەپ ئاتىدۇق، مەركىزىي كومىتېت ئەزالىرى يەتتە كىشىدىن تەركىب تاپتى. ئۇلار: ئابدۇكېرىم ئابباسوف (رەئىس)، سەيپىددىن ئەزىزى، ئەسئەت ئىسھاقوۋ، سەيدۇللا سەيپۇللايوف، مۇھەممەتئىمىن ئىمىنوف، ئەنۋەر خانبابا، ئابدۇللا زاكىروفلا ئىدى. مەخپىيەتلىك ئاشكارە بولۇپ قالماسلىق ئۈچۈن، ھەر بىرىمىزنىڭ مەخپىي ئىسىملىرى بار ئىدى. ئابدۇكېرىم ئابباسوف (لۇتفى)، سەيدۇللا سەيپۇللايوف (ئېلدان)، سەيپىددىن ئەزىزى (نۇر)، ئەسئەت ئىسھاقوۋ (ئىجات)، مۇھەممەتئىمىن ئىمىنوف (نىجات)، ئەنۋەر خانبابا (چولپان)، ئابدۇللا زاكىروف (ئىلغار) ئىدى. بۇ ئىسىملارنىڭ باش ھەرپلىرىنى قوشقاندا «لېنىنچى» دېگەن سۆز ھاسىل بولاتتى. بۇ سۆزدىن پارتىيىمىزنىڭ خاراكتېرىنى بىلگىلى بولاتتى.

بىزدە پارتىيە قۇرۇش توغرۇلۇق كۈچلۈك ئارزۇ، مۇستەھ-

كەم ئىرادە ۋە ياشلىق قىزغىنلىق بار ئىدى. ئەمما، پارتىيە قۇرۇش تەجرىبىسى يوق ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن پارتىيە پروگراممىسى ۋە نىزامنامىسىنى تۈزۈشتە كۆپ ئىزدەندۇق. ئاساسەن سوۋېت كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ پروگراممىسى، نىزامنامىسى ۋە پارتىيە قۇرۇشقا دائىر ماتېرىياللىرىدىن پايدىلىنىپ ۋە ئۇنى ئۆز ئەمەلىيىتىمىزگە تەدبىقلاپ تۈزۈپ چىقتۇق. بۇنى مەركىزىي كومىتېتىدا چوڭقۇر ۋە ئەتراپلىق مۇزاكىرىلەردىن كېيىن قوبۇل قىلدۇق. نۆۋەتتە دېموكراتىك ئىنقىلاب ۋەزىپىسىنى ئۆتەش ئارقىلىق سوتسىيالىزم قۇرۇش، ئاخىرقى مەقسىتىمىز كوممۇنىزم قۇرۇش ئىدى. تەبىئىيكى، بىزنىڭ تۈزگەن پروگراما، نىزامنامىلىرىمىز خاتالىقلاردىن خالىي بولۇشى تەس ئىدى. پارتىيە پروگراممىسىدىكى ئاساسىي خاتالىق، پروگراممىدا شىنجاڭدا ياللانما ۋە كەمبەغەل دېھقانلارغا تايىنىپ، ئىنقىلاب غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈرۈش ئوتتۇرىغا قويۇلغانىدى. بۇنىڭدىكى سەۋەب شىنجاڭدا ئىشچىلار سىنىپى مۇستەقىل سىنىپ سۈپىتىدە تېخى مەيدانغا چىقمىدى، دېگەن تونۇشنىڭ نەتىجىسى ئىدى. بىز شىنجاڭنىڭ ئەمەلىيىتىنى ئاساس قىلىمىز دەپ، ئىنقىلابنى ياللانما ۋە كەمبەغەل دېھقانلارغا تايىنىپ ئېلىپ بېرىشنى ئوتتۇرىغا قويدۇق. بىزنىڭ پارتىيىمىز كوممۇنىستىك خاراكتېرىدىكى پارتىيە بولغانلىقى ئۈچۈن، پرولېتارىيات ئىدېئولوگىيىسىنى ئۆزىنىڭ ھەرىكەت قىبلىنامىسى قىلىشى، پرولېتارىيات سىنىپىغا تايىنىپ ئىنقىلاب قىلىشى شەرت ئىدى.

پروگراممىدا ئېنىق ئوتتۇرىغا قويۇلمىغان بىر مەسىلە، شىنجاڭنىڭ تەغدىرى مەسىلىسى ئىدى. شىنجاڭ مەسىلىسى شىنجاڭ خەلقى ئازاد بولغاندىن كېيىن، خەلقنىڭ رايى بويىچە بىر تەرەپ قىلىنىدۇ، دېگەن مەزمۇندا ئوتتۇرىغا قويۇلغانىدى. بۇ ھەقتە مۇزاكىرە بولغاندا، ئابدۇكېرىم ئابباسوف شارائىت ئېتىبارى بىلەن مۇستەقىللىق مەسىلىسىنى قويمايمىز، جوڭگو



رەھبەرلىكىدە بولۇش مەسىلىسىنىمۇ قويمايمىز، دەپ ئىزاھات بەرگەنىدى (خەلقچىل ئىنقىلابى پارتىيىسى قۇرۇلغاندىن كېيىن، شىنجاڭنىڭ جوڭگو كومپارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكىدە بولىدىغانلىقى ئېنىق ئوتتۇرىغا قويۇلدى). خەلق ئىنقىلابى پارتىيىسى قۇرۇلۇپ پروگراما ۋە نىزامنامە بارلىققا كەلگەندىن كېيىن خىزمەتكە كىرىشىپ كەتتۇق. مەركىزىي كومىتېت ئەزالىرى ئۆز ئارا خىزمەتنى تەقسىم قىلىۋالدۇق. ئابدۇكېرىم ئابباسوف پارتىيەنىڭ ھەممە ئىشلىرىغا يېتەكچىلىك قىلىشقا مەسئۇل بولدى. سەيپىدىن ئەزىزى تەشۋىقات ئىشلىرىغا، ئەسئەت ئىسھاقوف تەشكىلىي ئىشلارغا، مۇھەممەت ئىمىن ئىمىنوف ھەربىي ئىشلارغا، سەيدۇللا سەيپۇللايوف دېھقانلار خىزمىتىگە، ئەنۋەر خانبابا مائارىپ خىزمىتىگە، ئابدۇللا زاكىروف كاتىبات خىزمىتىگە مەسئۇل بولدى.

بۇ چاغدا قىلىشقا تېگىشلىك ۋەزىپىلەر كۆپ ئىدى. پارتىيىمىز مەخپىي بولغانلىقى ئۈچۈن، خىزمەت ئىشلەش ئوڭاي ئەمەس ئىدى. خىزمەتنى دادىللىق ۋە ئېھتىياتچانلىق بىلەن ئىشلەشكە توغرا كېلەتتى. لېكىن بىزدە ئوبدان بىر شارائىت — ئىنقىلابچىل ياشلار تەشكىلاتىنىڭ بولۇشى ئىدى. بىز كۆپ ئىشلارنى ئىنقىلابچىل ياشلار تەشكىلاتى ئارقىلىق قىلدۇق. ئەينى ۋاقىتتا بىز ھەممىمىز دېيەرلىك ئىنقىلابچىل ياشلار تەشكىلاتى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئەزالىرى ئىدۇق. بىز ئالدى بىلەن تەشكىلىي خىزمەتلەرنى چىڭ تۇتتۇق. پارتىيەگە ئەزا قوبۇل قىلىشتا دەسلەپتە ئىنقىلابچىل ياشلار تەشكىلاتىنىڭ ئىشەنچلىك، سىنالغان، ئەڭ ئىلغار ئەزالىرىنى ئېھتىياتچانلىق بىلەن مەخپىي ھالدا بىر - بىرلەپ ئەزالىققا قوبۇل قىلدۇق. ئەزالار پارتىيە پروگراممىسىنى ۋە نىزامنامىسىنى شەرتسىز قوبۇل قىلىشى، مەخپىيەتلىككە قەتئىي رىئايە قىلىشى لازىم ئىدى. پارتىيىمىزنى سوۋېت ئىتتىپاقى تەرەپتىنمۇ مەخپىي تۇتتۇق. چۈنكى سوۋېت تەرەپ

خەۋەردار بولغاندا، مەخپىي پارتىيەنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىغا رۇخسەت قىلمايتتى. ھەقىقەتەن ئۆتكەنكى تەجرىبىلەر بىزنى شۇنداق تونۇشقا ئىگە قىلغانىدى. ئەپسۇسكى، كۆپ ئۆتمەي سوۋېت تەرەپنىڭ قورغاس چېگرىسىدىكى رازۋېتكا ئورنى مەخپىي پارتىيە قۇرۇلغانلىقتىن خەۋەر تېپىپ، بۇنى موسكۋاغا مەلۇم قىپتۇ. بۇ ھەقتە موسكۋا سوۋېتنىڭ غۇلجا شەھىرىدە تۇرۇشلۇق كونسۇلخانىسىدىن سۈرۈشتۈرگەندە، كونسۇلخانا بۇنداق ئەھۋال يوقلۇقىنى مەلۇم قىپتۇ. غۇلجا كونسۇلخانىسى ھەقىقەتەن بۇ ئىشتىن خەۋەرسىز ئىدى. بۇنىڭ بىلەن غۇلجا كونسۇلخانىسى بىلەن بىزنىڭ ئارىمىزدا مۇناسىۋەت يېرىكلەشتى. كونسۇلخانىدىكى ئايرىم خادىملار پارتىيىمىز ئۈستىدە بەزى ئۆسەك سۆزلەرنى تارقاتتى. ئەمما موسكۋا پوزىتسىيە بىلدۈرمىگەنلىكى ئۈچۈن، غۇلجا كونسۇلخانىسى ئامالسىز قالدى. ئاخىرى بىز مەسلىھەتلىشىپ موسكۋاغا خەۋەر قىلىشنى ماقۇل كۆردۇق. پارتىيىمىزگە ۋاكالىتەن ئابدۇكېرىم ئاباسوف بىلەن سەيپىدىن ئەزىزى ئۈچ ۋىلايەت خىزمەتلىرىگە مەسئۇل، ئارىلاپ - ئارىلاپ غۇلجىغا كېلىپ - كېتىپ تۇرىدىغان باش مەسلىھەتچىگە پارتىيىمىزنىڭ ئەھۋالىدىن تەپسىلىي مەلۇمات بەردى. باش مەسلىھەتچى پارتىيىمىزنىڭ مەخپىي ھالدا مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىنى ۋە ئېھتىيات بىلەن پائالىيەت ئېلىپ بېرىشىغا ماقۇل بولدى ھەمدە بۇ ھەقتە موسكۋانى خەۋەرلەندۈرمەكچى بولدى.

بىز ئەزالارنىڭ كۆپىيىشىگە قاراپ ياچېيكىلارنى تەشكىللىدۇق. ئەھۋالغا قاراپ تەدرىجى ھالدا ناھىيىلىك، ۋىلايەتلىك كومىتېتلارنى قۇردۇق. ئەزالارنىڭ ماركسىزم - لېنىنىزم نەزەرىيىسىنى ئۆگىنىشىنى چىڭ تۇتتۇق. جەمئىيەت تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللاندۇق. خۇسۇسەن سىياسىي ۋەزىيەتنى ئۆگىنىشكە، تەتقىق قىلىشقا ئەھمىيەت بەردۇق. چۈنكى، ئۆلكە دائىرىسىدىن ئالغاندا سىياسىي كۆرەش كەسكىن ئىدى. ئۈچ ۋىلايەت دائىرىسىدىن



ئالغاندىمۇ، گەرچە گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى ئاغدۇرۇپ تاشلانغان بولسىمۇ لېكىن، ھەر خىل ئىدىيىۋى ئېقىملىرى ئوتتۇرىسىدىكى كۆرەش كەسكىن ئىدى. شۇڭا ئامما ئارىسىدا ئىنقىلابچىل ياشلار تەشكىلاتىدىن پايدىلىنىپ تەشۋىقات، تەرغىبات خىزمەتلىرىنى كۈچەيتتۇق. خاتا ئىدىيە ئېقىملىرىغا قارشى كۆرەش ئېلىپ باردۇق. گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ ئۈچ ۋىلايەتكە قارشى ھەر خىل بۇزغۇنچىلىق ھەرىكەتلىرىنى پاش قىلدۇق ۋە ئۇنىڭغا قارشى ھەرىكەت قىلدۇق.

1946 - يىل 1 - ئايدا ئۈچ ۋىلايەت تەرەپ بىلەن گومىنداڭ تەرەپ ئوتتۇرىسىدا 11 ماددىلىق بىتىم تۈزۈلدى. شۇ يىلى 1 - ئىيۇلدا بىرلەشمە ھۆكۈمەت تەشكىل قىلىندى. بۇ مۇناسىۋەت بىلەن خەلق ئىنقىلابى پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتى ئۈرۈمچىگە يۆتكەلدى. چۈنكى، خەلق ئىنقىلابى پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتى ئەزالىرىنىڭ كۆپچىلىكى خىزمەت مۇناسىۋىتى بىلەن ئۈرۈمچىگە كەلگەنىدى. گەرچە بىرلەشمە ھۆكۈمەت قۇرۇلغان بولسىمۇ، ۋەزىيەت مۇرەككەپ بولۇپ، سىياسىي كۆرەش كەسكىن ئىدى. بىتىم بويىچە ئىجرا قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلارنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن جىددىي كۆرەش قىلىشقا توغرا كېلەتتى. يەرلىك ھاكىمىيەت ئورۇنلىرىغا سايلام ئۆتكۈزۈش ئوڭايغا چۈشمىدى. گومىنداڭ تەرەپ ھەربىي كۈچىگە تايىنىپ، زوراۋانلىق قىلىپ ئۆز كىشىلىرىنى ھاكىمىيەت ئۈستىگە چىقارماقچى بولدى. شۇڭا ئىككى تەرەپ ئوتتۇرىسىدا جىددىي زىددىيەت تۇغۇلدى. ھەتتا، بەزى ناھىيىلەردە قانلىق ۋەقەلەر يۈز بەردى. مەسىلەن، 1946 - يىل 12 - ئايدا، كىرىيە ناھىيىسىدە سايلام ئېلىپ بېرىلىۋاتقان ۋاقىتتا، شۇ يەردە تۇرۇشلۇق ھەربىيلەر مەجلىس مەيدانىغا ئوق ئېتىپ تۆت ئادەمنى ئۆلتۈردى. كۇچادا تۇرۇشلۇق گومىنداڭ ھەربىيلىرى داۋۇت ۋاڭنى سايلاشقا نارازى بولغان ئاممىغا ئوق چىقىرىپ، سايلام ئورنىدىلا 7 - 8 ئادەمنى

ئېتىپ ئۆلتۈردى. ئاقسۇدا ھاكىملىقتا ۋە ئۆلكىلىك سىياسىي
كېڭەشكە سايلىنىدىغان ئىلغار ياشلار ۋە دېموكراتىك زاتلاردىن
10 نەپچە ئادەمگە نەشە چەكتى، قىمار ئوينىدى دېگەن جىنايەتنى
توقۇپ، 1946 ـ يىلى 10 ـ ئايدا قولغا ئالدى. يەكەن ناھىيىسىـ
نىڭ مۇئاۋىن ھاكىمى ئابدۇسالام سايلامغا نازارەت قىلىش كۆـ
رۈپپىسىنى قارشى ئېلىپ نۇتۇق سۆزلىگەنلىكى ئۈچۈن، جۇفاڭـ
گاڭ (يەكەن ۋىلايىتىنىڭ ۋالىيسى) ئۇنىڭغا خىيانەت قىلدى،
دەپ تۆھمەت چاپلاپ، قولغا ئېلىپ 12 يىللىق قاماققا ھۆكۈم
قىلدى ۋە باشقىلار. شۇنداق بولسىمۇ، خەلق كۈچى غالىپ كەلـ
دى. كۆپ جايلاردا ئۈچ ۋىلايەت تەرەپدارلىرى ھاكىمىيەت ئورۇنـ
لىرىغا سايلاندى.

1946 ـ يىل 11 ـ ئايدا گومىنداڭنىڭ مىللىي قۇرۇلتىيى
چاقىرىلدى. مەزكۇر قۇرۇلتايغا ئەخمەتجان قاسىمى باشلىق شىنـ
جاڭ ۋەكىللەر ئۆمىكى قاتناشتى. ۋەكىللەر ئىچىدە ئابدۇكېرىم
ئابباسوفمۇ بار ئىدى. بۇ خەلق ئىنقىلابى پارتىيىسى ئۈچۈن
ناھايىتى ئوبدان پۇرسەت بولدى. خەلق ئىنقىلابى پارتىيىسى
مەركىزىي كومىتېتى قارار قوبۇل قىلىپ، ئابدۇكېرىم ئاببasوفقا
نەنجىڭدا جۇڭگو كومپارتىيىسىنىڭ ئىش بېجىرىش ئورنىنى تېـ
پىپ ئالاقە باغلاشنى، ئەھۋاللارنى دوكلات قىلىشنى، تەلەپلىرىـ
مىزنى يەتكۈزۈشنى تاپشۇردى. ئابدۇكېرىم ئاببasوف نەنجىڭغا
بارغاندىن كېيىن ئامال قىلىپ، يۈيورېننىڭ ۋاسىتىسى بىلەن
مەخپىي ھالدا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ مېيۈەن يېڭى
مەھەللىدىكى ئىش باشقۇرۇش ئورنىنىڭ مەسئۇلى دوڭ بىۋۇ
بىلەن ئىككى قېتىم (1 ـ قېتىم 46 ـ يىل 12 ـ ئاينىڭ 5
ـ كۈنىدە، 2 ـ قېتىم 46 ـ يىل 12 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنىدە)
كۆرۈشۈپ، شىنجاڭ ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ۋە خەلق ئىنقىلابى
پارتىيىسىنىڭ سالىمىنى يەتكۈزدۇ. خەلق ئىنقىلابى پارتىيىسىـ
نىڭ ئەھۋالىنى، مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەلىپىنى، ئۈچ ۋىلاـ



يەت ئىنقىلابىنىڭ ئەھۋالىنى، 11 ماددىلىق بىتىم تۈزۈلۈپ شىنـ
جاڭدا بىرلەشمە ھۆكۈمەت قۇرۇلغانلىقى، گومىنداڭ تەرەپنىڭ
بىتىمغا بۇزغۇنچىلىق قىلىۋاتقانلىقى قاتارلىق مەسىلىلەرنى دوكـ
لات قىلىدۇ ۋە كوممۇنىزمچىلار ئىتتىپاقىنىڭ ئىلتىماسىغا ئاساـ
سەن ئۇلار يوللىغان خەتنى دوڭ بىۋۇغا تاپشۇرۇپ بېرىدۇ.
ئابدۇكېرىم ئاببasوف خەلق ئىنقىلابى پارتىيىسىنىڭ جۇڭگو
كومپارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكىنى قوبۇل قىلىدىغانلىقى، جۇڭگو
كومپارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ خەلق ئىنقىلابى پارتىيەـ
سىنى ئۆزىنىڭ رەھبەرلىكىدىكى بىر تەشكىلى دەپ قوبۇل قىـ
لىشنى، خەلق ئىنقىلابى پارتىيىسى مەسئۇللىرىدىن 11 كىشىنى
جۇڭگو كومپارتىيىسىگە قوبۇل قىلىشنى، جۇڭگو كوممۇنىستىك
پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ رەھبەرلىك قىلىش ئۈچۈن
كادىر ئەۋەتىشىنى، ئالاقە باغلاپ تۇرۇش ئۈچۈن ئادەم ۋە راتسىيە
ئاپپاراتى بېرىشنى تەلەپ قىلىدۇ. يولداش دوڭ بىۋۇ ئابدۇكېرىم
ئاببasوفنى قىزغىن كۈتىۋالىدۇ. شىنجاڭ ۋە پارتىيىمىزنىڭ
ئەھۋاللىرىنى قىزىقىش بىلەن ئاڭلايدۇ. ئابدۇكېرىم ئاببasوفـ
نىڭ ئوتتۇرىغا قويغان تەلەپلىرىگە مەركەزگە مەلۇم قىلغاندىن
كېيىن جاۋاب بېرىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ ۋە بۇ ھەقتە مەركەزگە
تېلېگرامما يوللايدۇ. مەركەز ئەھۋالدىن خەۋەر تاپقاندىن كېـ
يىن، بۇ ئىشقا ناھايىتى كۆڭۈل بۆلۈپ، تېلېگرامما تېكىستىنى
جۇئېنلەي يېزىپ، ليۇشاۋچى ئىمزا قويۇپ، دوڭ بىۋۇغا جاۋاب
تېلېگرامما قايتۇرىدۇ. دوڭ بىۋۇ ئابدۇكېرىم ئاببasوفقا مەملىـ
كەت ئىچى ۋە خەلقئارادىكى ئەھۋاللارنى تەھلىل قىلىپ، ئازادـ
لىق ئۇرۇشىنىڭ تولۇق غەلىبە قىلىدىغانلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ.
ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ غەلىبىسىنى مۇستەھكەملەش، گومىنـ
داڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ بۇزغۇنچىلىق قىلىپ ھۇجۇم قىلىشىـ
دىن ساقلىنىش ئۈچۈن، قايتۇرما زەربە بېرىشكە تەييار تۇرۇش،
ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ تايانچ بازىلىرىنى زور كۈچ بىلەن مۇسـ

تەھكەملەش، ئىنقىلابىي تەشكىللەرنى بىرلەشتۈرۈپ، كۆچنى مەركەزلەشتۈرۈش ۋە ھازىرقى باسقۇچتىكى ئىنقىلابنىڭ خاراكتېرى دېموكراتىك ئىنقىلاب ئىكەنلىكى قاتارلىق مەسىلىلەر ئۈستىدە قىممەتلىك يوليورۇقلارنى بېرىدۇ. ماۋجۇشى، ليۇشاۋچى ئەسەرلىرىنى، پارتىيە نىزامنامىسىنى، 7 - قۇرۇلتاي ماتېرىياللىرىنى تەقدىم قىلىپ، بۇلارنى ئۇيغۇرچە، قازاقچىغا تەرجىمە قىلىپ، پايدىلىنىشقا تاپشۇرىدۇ. ئالاقە باغلاش ئۈچۈن پېيك چاڭگۈي (پېيك گۇيەن دەپمۇ ئاتىلىدۇ، شىنجاڭدىكى مەخپى ئىسمى ۋاڭ نەندى) دېگەن ئادەم بىلەن بىر راتسىيە ئاپپاراتى قوشۇپ بېرىدۇ.

1947 - يىلى ئابدۇكېرىم ئابباسوف ئۈرۈمچىگە قايتقاندىن كېيىن، خەلق ئىنقىلابىي پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتىغا نەنجىڭدا يولداش دوڭ بىۋۇ بىلەن ئۇچراشقانلىقى ھەققىدە تولۇق دوكلات بەردى. يولداش ئابدۇكېرىم ئابباسوفنىڭ دوكلاتىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، مەركىزىي كومىتېت خەلق ئىنقىلابى پارتىيىسى بىلەن كوممۇنىزمچىلار ئىتتىپاقىنىڭ بىرلىشىشىنى، يېڭىدىن پارتىيە پروگراممىسىنى ۋە نىزامنامىسىنى ئىشلەپ چىقىشنى، پارتىيىنىڭ نۆۋەتتىكى ۋەزىپىلىرىنى بەلگىلەشنى قارار قىلدى.

## خەلقچىل ئىنقىلابىي پارتىيىسىنىڭ تەشكىل قىلىنىشى

1947 - يىل 2 - ئاينىڭ 3 - كۈنى ئۈرۈمچىدە خەلق ئىنقىلابى پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتى ئەزالىرى بىلەن كوممۇنىزمچىلار ئىتتىپاقى مەسئۇللىرىنىڭ بىرلەشمە مەجلىسى ئابدۇكېرىم ئابباسوفنىڭ رىياسەتچىلىكىدە ئېچىلدى. مەجلىسكە خەلق ئىنقىلابى پارتىيىسى تەرەپتىن ئابدۇكېرىم ئابباسوف، سەيپىدىن ئەزىزى، ئەسئەت ئىسھاقوف، سەيدۇللا سەيپۇللايوف،



مۇھەممەتئىمىن ئىمىنوف، ئەنۋەر خانبابا، شىنجاڭ كوممۇنىزمچىلار ئىتتىپاقى تەرەپتىن لى تەيىۇ، چېن شىخۋا، لوجىژلار قاتناشتى. مەجلىستە ئابدۇكېرىم ئابباسوفنىڭ نەنجىڭ سەپىرى توغرۇلۇق دوكلاتى ئاڭلاپ ئۆتۈلدى. خەلق ئىنقىلابى پارتىيىسى بىلەن كوممۇنىزمچىلار ئىتتىپاقىنى بىرلەشتۈرۈش توغرۇلۇق قارار قوبۇل قىلىندى. بىرلەشكەندىن كېيىنكى پارتىيىنىڭ نامى خەلقچىل ئىنقىلابىي پارتىيىسى دەپ ئۆزگەرتىلدى. قىسقارتىپ «خى. ئى. پ» دەپ ئاتىلىدىغان بولدى. خەلقچىل ئىنقىلابى پارتىيىسىنىڭ پروگرامما ۋە نىزامنامىسى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ 7 - قۇرۇلتىيىدا ماقۇللانغان پرۇگرامما ۋە نىزامنامىسىغا ئاساسەن، شىنجاڭنىڭ ئەمەلىيىتىگە تەدبىقلاپ تۈزۈلدى. يىغىندا يەنە خەلقچىل ئىنقىلابىي پارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىك ئورگىنى، مەركىزىي كومىتېت ئەزالىرى، رەئىس، مۇئاۋىن رەئىسلىرى سايلاپ چىقىلدى. ئابدۇكېرىم ئابباسوف رەئىسلىككە، لى تەيىۇ، ئەسئەت ئىسھاقوفلار مۇئاۋىن رەئىسلىككە، سەيپىدىن ئەزىزى، سەيدۇللا سەيپۇللايوف، مۇھەممەت ئىمىن ئىمىنوف، ئابدۇللا زاكىروف، ئەنۋەر خانبابا، چېن شىخۋا، لۈجىژ، يۈجەنلىن، يۈچاڭجېژلار مەركىزىي كومىتېت ئەزالىقىغا سايلاندى. 2 پارتىيە بىرلەشكەندىن كېيىن، خەلق ئىنقىلابى پارتىيىسى ۋە كوممۇنىزمچىلار ئىتتىپاقىنىڭ بارلىق ئەزالىرى خەلقچىل ئىنقىلابىي پارتىيىسى (خى. ئى. پ) نىڭ ئەزاسى بولدى. خەلقچىل ئىنقىلابىي پارتىيىسىنىڭ نۆۋەتتىكى ۋەزىپىلىرى مۇزاكىرە قىلىنىش ئارقىلىق، پارتىيە تەشكىلىنى مۇستەھكەملەش ۋە كېڭەيتىش، ئىنقىلابچىل ياشلار تەشكىلاتىنىڭ تايانچ ئەزالىرىنى پارتىيەگە قوبۇل قىلىش، يەتتە ۋىلايەتتە پارتىيە تەشكىللىرىنى قۇرۇش، قانۇنىي كۆرەش شەكىللىرىدىن پايدىلىنىپ، ئىنقىلابى ھەرىكەتنى راۋاجلاندۇرۇش قاتارلىق ۋەزىپىلەر ئوتتۇرىغا قويۇلدى.

شىنجاڭ ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەتنىڭ رەئىسى جاڭ جىجۇڭ، مۇئاۋىن رەئىسى ئەخمەتجان قاسىمى، ئىچكى ئىشلار نازارىتىنىڭ نازىرى جالالىدىن (ۋاڭ زىڭشەن)، ئىچكى ئىشلار نازارىتىنىڭ مۇئاۋىن نازىرى رەھىمجان سابىر ھاجىيوف، مەركەز تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى مەسئۇت سەبىرى، مەركەز تاشقى ئىشلار ۋەكىلى ليۇزىرۇڭ، ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ باشلىقى چۇۋۇ، ھۆكۈمەت ئەزاسى ئەيسا ئالىپتېكىنلەردىن تەركىب تاپقان جەنۇبىي شىنجاڭدىن ھال سوراش ئۆمىكى 1947 - يىل 4 - ئاينىڭ 16 - كۈنى يولغا چىقىپ، ئۈرۈمچىدىن ئايروپىلان بىلەن ئاقسۇغا، ئاندىن قەشقەرگە باردى. قەشقەردىن يۈك ماشىنىسى بىلەن يەكەن، خوتەنلەرگە باردى. قايتىشىدا قەشقەردىن ئايروپىلان بىلەن يولغا چىقىپ، كۇچا، قارا شەھەرلەردە بولۇپ، جەنۇبىي شىنجاڭدىكى بەش ۋىلايەتنى كۆزدىن كەچۈرگەندىن كېيىن، ماي ئېيىنىڭ باشلىرىدا بىر ئايغا يېقىن داۋاملاشقان ھال سوراش پائالىيىتىنى ئاخىرلاشتۇرۇپ ئۈرۈمچىگە قايتتى. مەنمۇ ھال سوراش ئۆمىكى بىلەن بىللە باردىم. خەلقچىل ئىنقىلابىي پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتى قەشقەردە پارتىيىنىڭ جەنۇبىي شىنجاڭ بيۇروسىنى، خوتەندە ۋىلايەتلىك كومىتېتىنى تەشكىل قىلىشنى قارار قىلىپ، بۇ ۋەزىپىنى ماڭا تاپشۇرغانىدى. سەيپىدىن ئەزىزى قەشقەردە سائىلام خىزمىتى ئېلىپ بېرىۋاتقان ۋاقتىدا، ئادەملەر ئۈستىدە تەتقىقات ئېلىپ بېرىش ئارقىلىق، بىر قەدەر پىشقان پىكىرلىرىنى ئوتتۇرىغا قويغانىدى. مەن قەشقەرگە بارغاندىن كېيىن، ئەھۋاللارنى بىر قەدەر ئىگىلەپ، ئادەملەر ئۈستىدە مەسلىھەتلىشىپ، قەشقەردە پارتىيىنىڭ جەنۇبىي شىنجاڭ بيۇروسىنى تەشكىل قىلدۇق. كومىتېت ئەزالىقىغا ئابلىز مۇھەممەدى (ۋالىي مەھكىمە باش كاتىپى، قوشۇمچە ۋىلايەتلىك مائارىپ ئىدارىسىنىڭ باشلىقى)، قاسىمجان قەمبىرى (قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ مۇئاۋىن ۋالىيسى)، ئالىم ئاخۇن (قەشقەر ۋىلايەتلىك



گېزىت ئىدارىسىنىڭ باشلىقى)، بارات ئاخۇن (قەشقەر ۋىلايەتلىك ئورمان ئىدارىسىنىڭ باشلىقى)، نىزامىدىن (قەشقەر ۋىلايەتلىك سىفەن مەكتىپىنىڭ ئىلمىي مۇدىرى)، ئۆمەر سەلەي (يوپۇرغا ناھىيىلىك ساقچى ئىدارىسىنىڭ باشلىقى) لەر تەيىنلەندى. رەئىسى ئابلىز مۇھەممەدى بولدى. بۇلارغا پارتىيە نىزامنامىسى ۋە باشقا مۇناسىۋەتلىك ماتېرىياللار بېرىلدى. جەنۇبىي شىنجاڭ بيۇروسىنىڭ نۆۋەتتە قىلىشقا تېگىشلىك ۋەزىپىلىرى مۇزاكىرە قىلىنىپ بېكىتىلدى.

بىتىم ۋاقتىدا قەشقەر ۋىلايىتى ئەڭ ئىلغار، ئىنقىلابىي ھەرىكەتلەر ئەۋج ئالغان، ئۈچ ۋىلايەت تەرەپدارلىرى ئەڭ كۆپ ۋىلايەت ئىدى. ۋالىي ئابدۇكېرىمخان مەخسۇممۇ ئىلغار، تەرەققىپەرۋەر ئادەم ئىدى. ئۇ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنى قەتئىي قوللايتتى. ئۇنىڭ ئەتراپىدا قەشقەرنىڭ ئىلغار، ئىنقىلابىي زىيالىيلىرى توپلانغانىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن جاڭ جىجۇڭ باشچىلىقىدىكى جەنۇبىي شىنجاڭ ھال سوراش ئۆمىكى قەشقەردىكى ۋاقتىدا، قەشقەر زىيالىيلىرى سۆھبەت مەجلىسلىرىدە گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ ۋە گومىنداڭ ھەربىيلىرىنىڭ 11 ماددىلىق بىتىمنى ئىجرا قىلماسلىق، بىتىمگە بۇزغۇنچىلىق قىلىش جىنايەتلىرىنى دادىللىق بىلەن پاش قىلدى. ئۆزلىرىنىڭ بىتىمنى ئىجرا قىلىش جەھەتتىكى قەتئىي پىكىرلىرىنى ئوتتۇرىغا قويدى. قەشقەر خەلقى نامايىش ئۆتكۈزۈپ، ئۆزلىرىنىڭ ۋەزىيەتتىن نارازى ئىكەنلىكىنى ئىپادىلىدى ۋە تەلەپلىرىنى ئوتتۇرىغا قويدى. بۇنىڭدىن گومىنداڭ تەرەپ قاتتىق نارازى بولدى.

مەن خوتەنگە بارغاندىن كېيىن، ئابلىز قارى (ئازادلىقتىن كېيىن سودا نازىرىنىڭ مۇئاۋىن نازىرى بولغان) نى تاپتىم. دەسلەپتە ئۇنىڭ بىلەن خوتەن ۋالىي مەھكىمىسىدە سۆزلەشتىم، ھەمدە ئۇنىڭ ئۆيىگە بېرىپ، خىزمەتلەر ئۈستىدە تەپسىلىي سۆزلەشمەكچى بولدۇم. ئەتىسى ئابلىز قارىنىڭ ئۆيىگە بېرىپ، ئۇ-

نىڭ باش كۆزى يارىلانغان، ئەس - ھوشىدىن ئايرىلغان ھالدا
كارىۋاتتا ياتقانلىقىنى كۆردۈم. ئەسلىدە ئۇ، مەن بىلەن ۋالىي
مەھكىمىسىدە سۆزلىشىپ، قايتقان كۈنى كوچىدا چوماقچىلار
(گومىنداڭنىڭ تەشكىللىگەن ئادەملىرى) قاتتىق ئۇرۇپ ياتقۇ-
زۇپ قويغانىكەن. ۋاقىت قىس بولغانلىقى ئۈچۈن، بۇ يەردە
پارتىيە تەشكىلىنى قۇرۇشقا مۇمكىنچىلىك بولمىدى. شۇڭا پار-
تىيە تەشكىلىنى قۇرۇش ۋەزىپىسىنى ۋە قىلىشقا تېگىشلىك ئىش-
لارنى، ئېلىپ بارغان ماتېرىياللارنى ۋە ئىنقىلابى خىزمەت ئۈ-
چۈن ئىشلىتىشكە ئېلىپ بارغان مەبلەغنى يولداش ھوشۇر (چار-
ۋىچىلىق ئىدارىسىنىڭ باشلىقى) غا تاپشۇرۇپ بەردىم. شۇ چاغدا
خوتەندە ۋەزىيەت ناچار بولۇپ، گومىنداڭ تەرەپدارلىرى كۆپ
ئىدى. بىز بارغان ۋاقتىمىزدا گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى تەرە-
پىدىن تەشكىللەنگەن چوماقچىلار «قىزىل پاچاقلار» (ئىنقىلاب
تەرەپدارلىرىنى دېمەكچى) نى يوقىتىمىز، دەپ كوچىمۇ كوچا
يۈگۈرۈپ يۈرەتتى. خوتەن ۋىلايىتىنىڭ ۋالىيسى نۇربەك (خو-
دوخباك) ئۈچ ۋىلايەتكە قارشى ئەكسىيەتچى ئادەم ئىدى. ئۇ
گومىنداڭ ھەربىيلىرى بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ، ئىنقىلابىي ھە-
رىكەتلەرنى بېسىقتۇرۇش ئۈچۈن، ھەرقانداق ئەسكىلىكلەرنى قى-
لىشقا تەييار ئىدى.

11 ماددىلىق بىتىمگە ئاساسەن ئەزالار سايلىنىپ، ناھىيە-
لىك كېڭەشلەر تەشكىللىنىپ بولغاندىن كېيىن، 1947 - يىلى
ماي ئېيىنىڭ بېشىدا ئۆلكىلىك كېڭەش چاقىرىلىپ، پۈتۈن ئۆل-
كىدىن سايلانغان كېڭەش ئەزالىرى كېڭەش مەجلىسىنى ئېچىش
ئۈچۈن ئۈرۈمچىگە توپلاندۇق. ئۈچ ۋىلايەتتىن 26 نەپەر كېڭەش
ئەزاسى سايلىنىپ كەلدى. بۇلارنىڭ ئىچىدە سەيدۇللار سەيپۇللا-
يوف، ياسىن خۇدابەردى، مىرمان، نەبىجان يۇسۇف، ئابلىمىت
ھاجىيوف، ئابدۇراخمان نۇقۇلۇف، قىزىرھاجى نەبى قاتارلىق
كىشىلەر بار ئىدى. مەنمۇ ئۈچ ۋىلايەتتىن (غۇلجا ناھىيىسى-



نىڭ) سايلانغان كېڭەش ئەزاسى ئىدىم. بىز مەجلىسنى بىر ئاي
كۈتكەن بولساقمۇ، مەجلىس ئېچىلمىدى. چۈنكى، ئەزالار ئىككى
گۇرۇھقا بۆلۈنگەن بولۇپ، بىر قىسمى ئۈچ ۋىلايەت تەرەپدارلى-
رى، يەنە بىر قىسمى گومىنداڭ تەرەپدارلىرى ئىدى. ئىككى
تەرەپ ئوتتۇرىسىدا زىددىيەت كۈچلۈك ئىدى. زىددىيەتنىڭ مەر-
كىزى مەسئۇتنىڭ رەئىسلىككە تەيىنلەنگەن مەسىلىسى ئىدى.
ئۈچ ۋىلايەت تەرەپدارلىرى مەسئۇتنىڭ رەئىس بولۇشىغا قەتئىي
قارشى ئىدى. چۈنكى، ئۇنىڭغا خەلق قارشى ئىدى. شۇڭا مەج-
لىسنى ئېچىش مۇمكىن بولمىدى. ئاخىرى ئۈچ ۋىلايەت ۋەكىل-
لىرى ۋە بىر قىسىم يەتتە ۋىلايەت ۋەكىللىرى بىرلىشىپ، شىن-
جاڭ خەلقىگە ئوچۇق خەت يېزىپ، گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى-
نىڭ ئەپت بەشىرىسىنى ئېچىپ تاشلاپ، كېڭەش مەجلىسىنىڭ
ئېچىلماسلىق سەۋەبلىرىنى بايان قىلىپ، بۇنى شىنجاڭ گېزىتىدە
ئېلان قىلغاندىن كېيىن تارقاپ كەتتۇق. قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ 24
نەپەر، ئاقسۇ، خوتەن، قارا شەھەر ۋىلايەتلىرىنىڭ 1 نەپەردىن،
تۇرپان ناھىيىسىنىڭ ئىككى نەپەر جەمئىي 29 نەپەر كېڭەش
ئەزاسى گومىنداڭغا قارشى تۇرۇپ بىز بىلەن غۇلجىغا قايتتى.
ئۇلار: قەشقەر ۋىلايىتىدىن سىدىق موسايوف، ئابدۇرېھىم لى-
تىپ، خەلپەت سوزۇك ھاجى، ئەسئەت ياقۇپ، مەمەت ھەسەن
(قىرغىز)، ئابدۇكېرىم ھاشىم، موسا سايىت، ئوسمانجان
تۇردى، ئىسمائىل ئىبراھىم، ئابدۇرىشىت - ئەلەم، سوپى
سەلەي، ئابلىز نىياز، ئىمىر باقى، ئوسمان داموللا، ئەھمەت
قازى، مۇھەممەت تۇرسۇن (قىرغىز)، تۇردى ئابدۇرېھىم، نە-
مەت ئەشرەپ، ئابدۇراخمان قارى ھاجى، روزى ئەييۇپ، سىدىق-
جان خوجا (تاجىك)، ئەمەت خۇيجاك، يۇسۇپ قارى ھاجى،
ئابدۇراخمان قارى ھاجى (خىزمەتچى، كېڭەش ئەزاسى ئەمەس)
. خوتەن ۋىلايىتىدىن ئوسمان تۇردى، ئاقسۇ ۋىلايىتىدىن سەمەت-
خان، قارا شەھەر ۋىلايىتىدىن ئوسمان ياقۇپ، تۇرپان ناھىيىسى-

دىن سىراجىدىن زۇپەر، مۇھەممەت زەيدىلەر ئىدى. ئۈچ ۋىلايەت
ئىنقىلابىي رايون بولغانلىقى ئۈچۈن، خۇسۇسەن گومىنداڭ ھۆ-
كۈمرانلىقىدىكى يەتتە ۋىلايەت ئىنقىلابىي ياشلىرى ۋە زىيالىيلى-
رى ئۈچ ۋىلايەتكە تەلپۈنەتتى ۋە بېرىشنى ئارزۇ قىلاتتى. بىتىم
بۇزۇلۇپ ئۈچ ۋىلايەت ۋەكىللىرى غۇلجىغا قايتقاندىن كېيىن،
ئۈرۈمچىدىكى كۆزگە كۆرۈنگەن ئىنقىلابىي زىيالىيلاردىن ئىسما-
ئىل ياسىنوف، ئىبراھىم تۇردى، ئۇيغۇر سايرانى، پولات ئالى-
مى، تۇرسۇن ئاتاۋۇللا، قادىر ھەسەن، ئابلىز شەرىپى، ئابلىز
نازىرى، ئابلىمىت مەخسۇتوۋ، توختى ھاشىم، ئەيسا يۇسۇپ،
ئابدۇرېھىم خۇدابەردى، مۇھەممەتجان قۇربانوف، ئابدۇرېھىم ئاب-
دۇللايوف، خوجائەخمەت ئابلايوف، مەننان قەييۇم، ئەنۋەر لوق-
مان، خەمىت سۇلتان، ئەنۋەر سالىجان، ئەھمەت نەجىبى، ساتىز
باي، ھۈسەيىن ئەبەيدۇللا قاتارلىقلارمۇ ئۇلار بىلەن بىللە غۇلجىغا
قايتتى.

بۇ ۋاقىتتا خەلقچىل ئىنقىلابىي پارتىيىسى ئۆزىنىڭ دىققەت
مەركىزىنى سىياسىي كۈرەشكە قاراتتى. چۈنكى، ۋەزىيەت جىد-
دىي، سىياسىي كۈرەش كەسكىن ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن بىز
سىياسىي كۈرەشنى تەتقىق قىلدۇق ۋە ۋەزىيەتكە قاراپ كۈرەش
ۋەزىپىلىرىمىزنى ئوتتۇرىغا قويدۇق. شۇ ۋاقىتتا، تۇرپان، پە-
چان، توقسۇنلاردا خەلقنىڭ ئىنقىلابىي روھى كۆتۈرەڭگۇ، گو-
مىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىگە قارشى غەزىپى كۈچلۈك ئىدى. قىس-
مەن ئادەملەرنىڭ يوشۇرۇن ھالدا قوراللىنىپ، گومىنداڭ ئەك-
سىيەتچىلىرىگە قارشى قوزغىلاڭ كۆتۈرۈش ئېھتىمالى بار ئىدى.
شۇ ۋاقىتتا، ئابدۇراخمان مۇھىتى تۇرپان خى. ئى. پ ياچېيكى-
سىنىڭ شۇجىسى ھەمدە ناھىيىنىڭ ھاكىمى ئىدى. خى. ئى.
پ مەركىزىي كومىتېتى ئابدۇراخمان مۇھىتىنى ئۈرۈمچىگە چا-
قىرتىپ، تۇرپان ۋەزىيىتى ئۈستىدە دوكلات ئاڭلىدى. ئاخىرىدا
ئۈچ ناھىيە خەلقىنىڭ ئىنقىلابى روھى ۋە گومىنداڭ ئەكسىيەتچى-



لىرىگە قارشى كۈرەش نەتىجىلىرىنى مۇئەييەنلەشتۈردى. ئەمما،
قەتئىي قوزغىلاڭ كۆتۈرمەسلىكىنى قارار قىلدى. چۈنكى كۈچ
سېلىشتۇرمىسىدا پەرق چوڭ بولۇپ، ئۈچ ناھىيە گومىنداڭ
ئەكسىيەتچىلىرى قوراللىق كۈچلىرىنىڭ مۇھاسىرەسى ئىچىدە
تۇراتتى. كۈتۈلمىگەندە ئۈچ ناھىيە خەلقى ئىستىخىيىلىك ھالدا
قوزغۇلۇپ كەتتى. ئابدۇراخمان مۇھىتى، باۋۇدۇن يۇسۇپ (مۇ-
ئاۋىن ھاكىم)، ھەۋەيدۇللا رەۋەيدۇللا (تۇرپان ناھىيىلىك ساق-
چى ئىدارىسىنىڭ باشلىقى) قاتارلىق يولداشلارمۇ خەلق قوزغال-
غاندىن كېيىن قوزغىلاڭچىلارغا قوشۇلۇشقا مەجبۇر بولدى. گو-
مىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى تۇرپان، پىچان، توقسۇن ناھىيىلىرىدە
ئىستىخىيىلىك ھالدا كۆتۈرۈلگەن خەلق قوزغىلىڭىنى ئۈچ ۋىلا-
يەت تەرەپ تەشكىللىدى، دەپ دەۋراڭ سالدى. بۇ ئۈچ ۋىلايەتكە
نىسبەتەن بوھتان ئىدى.

گومىنداڭنىڭ شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق ھەربىي قوماندانى سۇڭ
شىليەن ئۆزىنىڭ «تۇرپان قوزغىلىڭىنى بېسىقتۇرۇشنىڭ ئۆتمۇ-
شى»① دېگەن ماقالىسىدا «ئابدۇراخمان مۇھىتى تۇرپانغا ھاكىم
بولغاندىن كېيىن ئاستانىنى مەركەز قىلغان ھالدا، ناھايىتى
ئاكتىپ ھالدا تەشكىلى ھەرىكەت ئېلىپ بېرىپ، قوراللىق قوز-
غىلاڭنى پىلانلىدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، تۇرپان ئۇيغۇر
خەلقى كۆپرەك جايلاشقان جاي بولغاچقا، ئىلى تەرەپ ئۇلارنى
قوزغىلىپ گومىنداڭنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى تۇرۇشقا تەشۋىق
قىلدى ۋە قۇتراتتى. مانا بۇ تۇرپاندا قوراللىق قوزغىلاڭ پەيدا
بولۇشتىكى سەۋەب» دەپ يازىدۇ. بۇ پۈتۈنلەي پاكىتنى
ئاستىن - ئۈستىن قىلغانلىق، ئۈچ ۋىلايەت تەرەپ تىنچلىقنى
خالىغانلىقى ئۈچۈن، گومىنداڭ تەرەپ بىلەن 11 ماددىلىق تىنچ-
لىق بىتىمىنى تۈزۈپ، پۈتۈن كۈچى بىلەن شىنجاڭدا تىنچلىق

---

① «شىنجاڭ تارىخ ماتېرىياللىرى» نىڭ 3 - سانىغا تەرجىمە قىلىپ بېسىلغان.

ئورنتىش، بىتىمنى ئىجرا قىلىش ئۈچۈن كۈرەش قىلدى. ئە-
گەر ئۈچ ۋىلايەت تەرەپ ئۇرۇش قىلمىشنى خالىغان بولسا، ئۆز
ۋاقتىدا ماناس دەرياسى بويىدا بۇيرۇق كۈتۈپ تۇرغان ھەربىي
قوشۇن ئۈرۈمچىگە باستۇرۇپ كىرگەن بولاتتى. ۋەزىيەت تەقەز-
زاسى بىلەن مۇنداق قىلمىدى. ئۈچ ۋىلايەت رەھبەرلىرى تۇرپان،
پىچان، توقسۇنلاردا قوزغىلاڭ تەشكىللەپ، گومىنداڭنىڭ مۇد-
ھىزم ھەربىيلىرىنىڭ قورشاۋىدا تۇرغان تىنچ ئاھالىنى يەم قىد-
لىپ بېرىشنى ھەرگىز خالىمايتتى. بۇ ھەقتە رەھبىرىمىز ئەخ-
مەتجان قاسىمىمۇ جاڭ جىجۇڭغا يازغان خەتلىرىدە ئۈچ ۋىلايەت
تەرەپنىڭ ئۈچ ناھىيە قوزغىلىڭى بىلەن مۇناسىۋىتى يوقلۇقىنى
تەكرار - تەكرار ئىزاھلاپ ئۆتكەنىدى. گومىنداڭ تەرەپ ئۈچ
ۋىلايەت تەرەپكە ئىشەنمىدى. چۈنكى، ئۇلاردا سەممىيەت يوق
ئىدى. ئۈچ ۋىلايەت تەرەپنىڭ بىتىمنى ئىجرا قىلىش يولىدا
كۆرسەتكەن تىرىشچانلىقلىرىغا ئەكسىچە باھا بەردى ھەمدە ئۈچ
ۋىلايەت تەرەپتىن گۇمانلاندى. ئۆزلىرى بولسا، ئۈچ ۋىلايەت
تەرەپنى ئىچكى جەھەتتە پارچىلاش ئۈچۈن، سىياسىي ، ئىقتى-
سادىي، ھەربىي چارىلەرنى كۆردى. تۇرپان، توقسۇن، پىچان
قوزغىلىڭىنىڭ كۆتۈرۈلۈشى ئۇرۇشپەرەز گومىنداڭ ھەربىيلىر-
نىڭ قۇترىشى ئۈچۈن چوڭ دەستەك بولدى، سوڭ شىلىيەن
باشچىلىقىدىكى ئۇرۇشپەرەس ھەربىيلەر جاڭ جىجۇڭغا بېسىم
ئىشلىتىپ، ئۆز مەقسەتلىرىگە يەتتى. ئاخىرى جاڭ جىجۇڭمۇ
تۇرپان، توقسۇن، پىچان قوزغىلىڭىنى «قەتئىي بېسىقتۇرۇ-
لۇپ، تەلتۆكۈس تازىلانسۇن، سەن بىر تەرەپ قىلىشقا تولۇق
ھوقۇقلۇق» ، دەپ سوڭ شىلىيەنگە بۇيرۇق بەردى. شۇنىڭ بىلەن
ئۈچ ناھىيىدىكى بىگۇناھ خەلق ئەكسىيەتچى گومىنداڭ ئۇرۇشپە-
رەس ھەربىيلىرىنىڭ ئاياغ - ئاستى قىلىشىغا ئۇچرىدى. بۇنىڭغا
سوڭ شىلىيەننىڭ ئۆزىمۇ ئىقرار. ئۇ ئۆز ماقالىسىنى تۆۋەندىكى
قۇرلار بىلەن ئاخىرلاشتۇرىدۇ: «تۇرپان قوزغىلىڭى ۋەقەسىنىڭ



ئارقا كۆرۈنۈشىنىڭ قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، مەن بۇ
ھەرىكەتنى دەھشەتلىك بېسىقتۇرغۇچى جاللات بولدۇم، شىنجاڭ
خەلقىنى قىرىپ، چېپىپ، تۇرپان، پىچان، توقسۇن ئۈچ ناھە-
يىگە ناھايىتى چوڭ زىيانلارنى يەتكۈزدۈم؛ مېنىڭ جىنايىتىم
خېلى ئېغىر، مەن شىنجاڭ خەلقى ئالدىدا خىجالەتمەن» .

ئەخمەتجان قاسىمى رەھبەرلىكىدە ئۈچ ۋىلايەت تەرەپ 11
ماددىلىق تىنچلىق بىتىمنى ئىجرا قىلىش ئۈچۈن كۆپ كۈچ
چىقاردى. ئۆزىنىڭ سەممىيىتىنى ئەمەلىي ھەرىكىتى بىلەن ئى-
پادىلىدى. ئەمما، گومىنداڭ تەرەپ بىتىمنى ئىجرا قىلمايلا
قالماي، بەلكى ئۇنىڭغا بۇزغۇنچىلىق قىلدى. ئۈرۈمچىدە «25
- فېۋرال قانلىق ۋەقەسى» نى تۇغدۇردى. تۇرپان، توقسۇن،
پىچان ناھىيىلىرىدە قانلىق قىرغىنچىلىق يۈرگۈزدى. شىنجاڭ
خەلقىنىڭ قەتئىي قارشى تۇرۇشىغا قارىماي، پانتۇركىست مەس-
ئۇتنى ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ رەئىسلىكىگە تەيىنلىدى. بۇ ئەھ-
ۋاللار بىتىمنى بۇزۇلۇشقا ئېلىپ باردى. ئاخىرى ئۈچ ۋىلايەت
تەرەپنىڭ ئىلاجى بولماي غۇلجىغا قايتىشقا مەجبۇر بولدى.

1947 - يىل 3 - ئاينىڭ ئاخىرىدا خەلقچىل ئىنقىلابىي
پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتى مەجلىس ئېچىپ، ئۈرۈمچى ۋەزد-
يىتىنى نەزەردە تۇتۇپ، مەركىزىي كومىتېتنى غۇلجىغا يۆتكەش-
نى، ئۈرۈمچىدە خەلقچىل ئىنقىلابىي پارتىيىسىنىڭ ۋىلايەتلىك
كومىتېتىنى تەشكىل قىلىپ، بۇنىڭغا لوجژ شۇجى بولۇشنى،
خەلقچىل ئىنقىلابىي پارتىيىسى ۋىلايەتلىك كومىتېتى (بىرلە-
شىشتىن بۇرۇنقى كوممۇنىزمچىلار ئىتتىپاقى) نىڭ ئۈرۈمچىدە
ئۆز پائالىيىتىنى داۋاملاشتۇرۇشىنى قارار قىلدى. لى تەيىۋ،
چېن شىخۋا، خې رۈي قاتارلىق بىر قانچە يولداشلار غۇلجىغا
بېرىپ، خەلقچىل ئىنقىلابىي پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ
رەھبەرلىك خىزمەتلىرىگە قاتناشتى. مەركىزىي كومىتېت غۇل-
جىغا يۆتكەلگەندىن كېيىن، مەخپىي ۋە ئاشكارا ۋاستىلەرنى

قوللىنىپ، خىزمەتلەرنى كۈچەپ ئىشلەشكە توغرا كەلدى. ئەزالار سانىنى كۆپەيتىپ، تەشكىلىنى كېڭەيتتى ۋە مۇستەھكەملىدى. خەلقچىل ئىنقىلابىي پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتى 1948 - يىلى «خەلقچىل ئىنقىلابىي پارتىيىسى ئەزالىرىدا بولۇشقا تېگىشلىك خۇسۇسىيەتلەر» دېگەن مۇنداق 6 بەلگىلىمىنى ئوتتۇرىغا قويدى: 1) شەخسىي مەنپەئەت شەرتسىز پارتىيە مەنپەئىتىگە بوي سۇنۇشى لازىم. 2) ئىنقىلابىي مەنپەئەت شەخسىي مەنپەئەتتىن يۇقىرى بولۇشى لازىم. 3) پارتىيە ئىنتىزامى ۋە پارتىيە مەنپەئىتىگە قەتئىي بوي سۇنۇش لازىم. 4) پارتىيە قارارىغا قەتئىي بوي سۇنۇش ۋە ئىجرا قىلىش لازىم. 5) ئامما بىلەن مۇناسىۋەت باغلاش ۋە ئامما ئىچىدە نەمۇنىچى ۋە ئىلغار بولۇش لازىم. 6) ئۆگىنىش ۋە تەكرار ئۆگىنىش لازىم.

خەلقچىل ئىنقىلابىي پارتىيىسىنىڭ مىنىمۇم پروگراممىسى - دېموكراتىك ئىنقىلابنىڭ ۋەزىپىلىرىنى قەدەممۇ - قەدەم ئىجرا قىلىش ئىدى. لېكىن دېموكراتىك ئىنقىلابنىڭ بەزى ۋەزىپىلىرىنى ئۈچ ۋىلايەت ۋەزىيىتى تۈپەيلىدىن ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا شارائىت پىشىپ يېتىلمىگەنىدى. شارائىت يارىتىش ئۈچۈن كۈرەش قىلىشقا توغرا كېلەتتى، بۇنىڭغا ۋاقىت كېتەتتى.

1948 - يىلىنىڭ 2 - يېرىمىدا، رەھبىرىمىز ئەخمەتجان قاسىمى ئۈچ ۋىلايەت دائىرىسىدىكى مەخپىي ۋە ئاشكارا پارتىيە، تەشكىلاتلارنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، بىرلىككە كەلگەن ئاشكارا ئاممىۋى تەشكىلات قۇرۇشنى تەشەببۇس قىلدى. سوۋېت تەرەپمۇ خەلقچىل ئىنقىلابىي پارتىيىسىنىڭ پائالىيىتىنى توختىتىپ، قوشۇلۇش توغرۇلۇق تەكلىپ بەردى. بۇ ۋاقىتتا ئىچكى ئۆلكىلەردىمۇ دېموكراتىك پارتىيىلەر قۇرۇلۇۋاتقان ۋاقىت ئىدى. خەلقچىل ئىنقىلابىي پارتىيىسى كۆپ مۇزاكىرىلەرنى ئېلىپ باردى، ئوخشىمىغان پىكىرلەرمۇ بولدى. ئاخىر خەلقچىل ئىنقىلابىي پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 1948 - يىل 7 - ئاينىڭ 29 - كۈنىدە ئاچقان 6 - نۆۋەتلىك مەجلىسىدە خەلقچىل



ئىنقىلابىي پارتىيىسىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش، ھەر دەرىجىلىك تەشكىلاتلىرىنىڭ پائالىيىتىنى 8 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن باشلاپ توختىتىش قارار قىلىندى. ئۇندىن باشقا «بارلىق پارتىيە ئەزالىرىغا خىتاپنامە» قوبۇل قىلىنىپ، خەلقچىل ئىنقىلابىي پارتىيىسىنىڭ بارلىق ئەزالىرىغا تەشكىل قىلىنىدىغان «شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقى» غا قاتنىشىش چاقىرىق قىلىندى. شۇنىڭ بىلەن ئۈچ ۋىلايەت دائىرىسىدە خەلقچىل ئىنقىلابىي پارتىيىسىنىڭ ھەر دەرىجىلىك تەشكىلاتلىرى ئۆز پائالىيىتىنى توختاتتى. پەقەت ئۈرۈمچىدىكى خەلقچىل ئىنقىلابىي پارتىيىسىنىڭ ۋىلايەتلىك كومىتېتىلا ئۆز پائالىيىتىنى داۋام قىلدۇردى. بۇ خەلق ئىنقىلابىي پارتىيىسى بىلەن بىرلەشىشتىن بۇرۇنقى كوممۇنىزمچىلار ئىتتىپاقى ئىدى. كوممۇنىزمچىلار ئىتتىپاقى 1944 - يىل 11 - ئاينىڭ 7 - كۈنى قۇرۇلغان بولۇپ، ئۇنىڭ قۇرغۇچىلىرى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى ئەزالىرىنىڭ تەربىيىسىنى ئالغان ياش ئوقۇغۇچىلاردىن جاڭ جىيۈەن (جاڭ بەيجۇڭ)، جاۋپۇلىن (جاۋمىڭ)، جاڭ يۈجىن (ئايال، جاڭ ۋېي)، ۋاڭ دۇسۇڭ (ۋاڭ تاۋ) قاتارلىق 8 كىشى ئىدى.

1947 - يىل 9 - ئايدا خەلقچىل ئىنقىلابىي پارتىيىسىنىڭ ئۈرۈمچى ۋىلايەتلىك كومىتېتىدا بىر ئادەم خائىنلىق قىلغاچقا، بۇ تەشكىلات زور بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىدى. يۈجەنلىن، شېن يۈجى، يۈچاڭ قاتارلىق 11 كىشى قاماققا ئېلىندى. شېن يۈجى تۈرمىدە قازا تاپتى، قالغانلىرى 1948 - يىلىنىڭ ئاخىرى، 1949 - يىلىنىڭ باشلىرىدا بوشاندى. خەلقچىل ئىنقىلابىي پارتىيىسىنىڭ ئۈرۈمچى ۋىلايەتلىك كومىتېتى گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ تۈرلۈك بۇزغۇنچىلىقىغا باش ئەگمەي، قەيسەرلىك بىلەن ئۆز پائالىيىتىنى داۋام قىلدۇردى. نەشر ئەپكارى سۈپىتىدە «جەندوۋ» (كۈرەش) ژۇرنىلىنى نەشر قىلدى. بۇ ژۇرنالدا جۇڭگو كومپارتىيىسى ۋە خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ پائالى-

يەتلىرى، تەشكىلاتنىڭ جەڭگىۋار ۋەزىپىلىرى، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى، گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ بۇزغۇنچىلىق ھەرىكەتلىرى پاش قىلىنىپ، ئاممىا ئىچىدە تەشۋىقات، تەرغىبات ئىشلىرىنى ئېلىپ باردى. «جەندوۋ» ژۇرنىلىنى نەشر قىلغانلىقى سەۋەبلىك بۇ تەشكىلات كېيىنكى ۋاقىتلاردا «جەندوۋشې» دەپ ئاتىلىپ كەلدى. خەلقچىل ئىنقىلابىي پارتىيىسىنىڭ ئۈرۈمچى ۋىلايەتلىك كومىتېتى، يەنى «جەندوۋشې» ئۆلكە ئازاد بولغاندىن كېيىن ئۆز پائالىيىتىنى توختاتتى.

## شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقى

رەھبىرىمىز ئەخمەتجان قاسىمى ئۈچ ۋىلايەت دائىرىسىدىكى بارلىق پارتىيە، تەشكىلاتلارنى بىرلەشتۈرۈپ، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ كۆرەش قىلىشىغا رەھبەرلىك قىلىدىغان بىر ئاممىۋى تەشكىلات قۇرۇشنى تەشەببۇس قىلدى. بۇ ۋاقىتتا ئۈچ ۋىلايەت دائىرىسىدە خەلقچىل ئىنقىلابىي پارتىيىسى (مەخپىي)، ئىنقىلابچىل ياشلار تەشكىلاتى، يەتتە ۋىلايەت خەلقچىللەر بىرلەشمىسى ۋە مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىلىرى قاتارلىق تەشكىلاتلار بار ئىدى. ئەخمەتجان قاسىمى مەزكۇر تەشكىلاتلارنىڭ رەھبەرلىرى بىلەن سۆھبەتلىشىپ، ھەر ساھەدىكى كىشىلەردىن پىكىر ئېلىپ، بىرلىشىشنىڭ ئەھمىيىتىنى چۈشەندۈردى ھەمدە شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ كۆرەش قىلىشىغا رەھبەرلىك قىلىدىغان بىر ئاممىۋى تەشكىلاتنىڭ بولۇشىنىڭ زۆرۈرلىكىنى تەكىتلىدى. بۇ تەشكىلاتنى قۇرۇش ئۈچۈن، ھەر جەھەتتە تېگىشلىك تەييارلىقلارنى ئىشلىدى. خۇسۇسەن، كادىرلار جەھەتتە پۇختا ئويلىنىپ، بۇ جەھەتتە ئەتراپلىق پىكىر ئالدى. دەرۋەقە مۇشۇنداق بىر تەشكىلاتنىڭ بولۇشى زۆرۈر ئىدى. مەملىكەتە-



مىزدىمۇ بۇ ۋاقىتتا ھەر خىل تەشكىلاتلار قۇرۇلۇۋاتقانىدى.

1948 - يىل 8 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن 3 - كۈنىگىچە ئەخمەتجان قاسىمى باشچىلىقىدا تەسىس مەجلىسى ئۆتكۈزۈلدى، مەجلىسكە خەلقچىل ئىنقىلابىي پارتىيىسى،① ئىنقىلابچىل ياشلار تەشكىلاتى، يەتتە ۋىلايەت خەلقچىللەر بىرلەشمىسى، مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىلىرى مەسئۇللىرى، تەرەققىيپەرۋەر ئادەملەر، خەلقچىل زىيالىيلار، ئۆلىمالار بولۇپ ئۆلكىمىزنىڭ ھەر بىر جايلىرىدىن توپلانغان 51 ئادەم قاتناشتى. مەجلىستە ئەخمەتجان قاسىمى دوكلات بېرىپ، پۈتۈن شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئىنقىلابىي كۆرىشىگە رەھبەرلىك قىلىدىغان بىر ئاممىۋى تەشكىلات قۇرۇشنىڭ زۆرۈرلىكى، سىياسىي ئەھمىيىتى، خاراكتېرى، ۋەزىپىلىرى ۋە ئۇنىڭ نامى ئۈستىدە تەپسىلىي توختالدى. مەجلىس ئىشتىراكچىلىرى ئەخمەتجان قاسىمىنىڭ تەشەببۇسى ۋە دوكلاتىنى قىزغىن ۋە ئەتراپلىق مۇزاكىرە قىلغاندىن كېيىن، تولۇق قوشۇلدى.

مەجلىستە «شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقى»نى تەشكىل قىلىش ئۈچۈن يىغىلغان پۈتۈن ئۆلكە ۋەكىللىرىنىڭ تەسىس مەجلىس قارارى ۋە ئۆلكە خەلقىگە چىقارغان مۇراجىئەتى ماقۇللاندى.

قارارنىڭ تولۇق تېكىستى تۆۋەندىكىچە:

«شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقى» نى تەشكىل قىلىش ئۈچۈن يىغىلغان پۈتۈن ئۆلكە ۋەكىللىرىنىڭ تەسىس مەجلىس قارارى

بىز مەجلىسكە توپلانغان بىر تۈركۈم تەرەققىيپەرۋەر ئادەملەر، خەلقچىل زىيالىيلار، ئۆلىمالار، مەدەنىي ئاقارتىش جەمئىيەتلىرى ھەم ئىنقىلابچىل ياشلار تەشكىلاتى رەھبەرلىرى شىنجاڭ ئۆلكىسىدىكى خەلقلەرنىڭ ئاساسى ئېھتىياجىنى مۇزاكىرە قىلىش ئۈچۈن يىغىلغان. بۇ مەجلىستە

① ئەينى ۋاقىتتا خەلقچىل ئىنقىلابىي پارتىيىسىنىڭ نامى تېخى ئاشكارا ئېلان قىلىنمىغان ئىدى.

ئىتتىپاقىنىڭ تەشەببۇسى، ئەخمەتجان قاسىمىنىڭ مەروزىسىنى (دوكلاتىنى) ئاڭلىدۇق. كۆپ يىللاردىن بېرى ئېغىر جاپا بىلەن ئېزىلىپ كەلگەن ئۆلكە خەلقىمىز 1944 - يىلى مىللىي ئازادلىق ھەرىكىتىدىن كېيىن خەلقچىللىق، ئەركىنلىك ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولغان بولسىمۇ، لېكىن خەلق دۈشمەنلىرى بولغان ئەكسىل ھەرىكەتچىلەر خەلقىمىزدىن بۇ ھوقۇقلارنى قايتا تارتىۋېلىش ئۈچۈن، تۈرلۈك چارىلەر ۋە قانۇنسىز ھەرىكەتلەر بىلەن ئۇرۇنۇپ كەلمەكتە. ئۇلار خەلقىمىز ئۈچۈن مىللىي ئازادلىق ھەرىكىتى بىلەن ئېچىلغان مەدەنىي، ئەركىن ھايات ئىشىكىنى يېپىۋېتىشكە تىرىشماقتا. نەتىجىدە ئۆلكىمىزنىڭ بىرقانچە جايلىرىدا خەلقىمىز يەنىلا ئىستىبدات ھالاكىتىگە دۇچار بولماقتا. بۇ، خەلقىمىزنىڭ ئۆز ئەركىنلىكى، مەدەنىي ھاياتى ۋە تەرەققىياتى ئۈچۈن بولغان ھېسسىيات ۋە كۈرەشلىرىگە توغرا رەھبەرلىك قىلىدىغان بىر مەركىزىي ئورگاننىڭ بولمىغانلىقىنىڭ نەتىجىسىدۇر.

شۇڭلاشقا، مەروزىدا (دوكلاتتا) قىلىنغان پىكىر ھەم تەكلىپلەرنى توغرا دەپ ھېسابلاپ ۋە مەزكۇر مەروزىنى قارار سۈپىتىدە قوبۇل قىلىپ، خەلق ئېھتىياجلىرىنى ئەمەلدە تەمىن ئېتىش ئۈچۈن كۆرسىتىدىغان ئۆلكە مىقياسىدىكى مەركىزىي «شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقى» نى غۇلجىدا تەشكىل قىلىشنى لايىق تاپتۇق. شۇنىڭ بىلەن مەروزە يۈزىسىدىن يۈرگۈزۈلگەن مۇزاكىرىلەر ئۈستىدە تۆۋەندىكىلەرنى قارار قىلىمىز:

بىرىنچى، شىنجاڭ خەلقلىرى ئارىسىدا ئەركىنلىك ۋە تىنچلىقنى قوغداش، تىنچلىق بىتىمىنى تولۇق ئىجرا قىلىشقا ۋە بىتىمنى بۇزىدىغان تەۋەككۈلچى ئۇنسۇرلارغا زەربە بېرىشنى تەشكىل قىلىشقا ئىنتىلگۈچى تەرەققىيپەرۋەر كىشىلەرنىڭ تىرىشىشلىرىنى بىرلەشتۈرۈش بىلەن، باراۋەرلىكىمىز ئۈچۈن مەدەنىي، باي، يېڭى ھايات بەرپا قىلىش مەقسىتى بىلەن «شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقى» تەشكىل قىلىنسۇن.

ئىككىنچى، مەجلىسكە تەكلىپ قىلىنغان مۇراجىئەت ئىتتىپاقنىڭ يولى ۋە مىللىي ھەرىكىتى تەرىقىسىدە قوبۇل قىلىنسۇن.

ئۈچىنچى، «شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقى» نىڭ مەركىزىي ھەيئەت ئەزالىقىغا تۆۋەندىكىلەر تەيىنلەنسۇن:



ئەخمەتجان قاسىمى - ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى.

ئىسھاقبېگ مونونوف - ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ئەزاسى ۋە مىللىي ئارمىيە باش قوماندانى.

سەيپىدىن ئەزىزى - ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ئەزاسى.

ھاشىمباي تىلەۋبەردى (قاسىم ئەپەندى) - ئۈرۈمچىدىكى قازاق - قىرغىز ئۇيۇشما رەئىسى.

ئىبراھىم تۇردى - ئۈرۈمچىدىكى ئۇيغۇر ئۇيۇشما رەئىسى.

سەيدۇللا سەيپۇللايوف - ئىنقىلابچىل ياشلار تەشكىلاتى مەركىزى كومىتېتىنىڭ رەئىسى.

مۇھەممەتجان مەخسۇم - ئەدلىيە مەھكىمە باشلىقى.

ئۇيغۇر سايرانى - ئۈرۈمچىدىكى ئۆلكىلىك شىنجاڭ گېزىتىنىڭ باشلىقى.

ئەنۋەر خانبابا - ئۈرۈمچىدىكى مەركىزى ئۆزبېك ئۇيۇشمىسىنىڭ رەئىسى.

ئابدۇكېرىم ئابباسوف - ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ئەزاسى.

رەھىمجان سابىر ھاجىيوف - ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ئەزاسى.

خەلپەت سوزۇك ھاجىيوف - قەشقەردىكى ئۆلكىلىك كېڭەش ئەزاسى.

ئەمەت ئىسھاقوف - غۇلجا ناھىيىلىك كېڭەشنىڭ مۇئاۋىنى.

كېرىم ھاجى داۋۇت - مەخسۇس مالىيە بۆلۈم باشلىقى.

ليوروپ لاما - مەركىزىي موڭغۇل ئۇيۇشمىسىنىڭ رەئىسى.

ھېكىمبەگ خوجا - ئېلى ۋىلايىتىنىڭ ۋالىيسى.

ئوبولخەيرى تۆرە - ئىلى ۋىلايىتىنىڭ مۇئاۋىن ۋالىيسى.

فېنى باتۇر - خەلق قەھرىمانى.

ئابدۇلمۇتالىپ خەلپەم - دىنىي نازارەتنىڭ نازىرى.

باباجانوف سالىجانباي - ئىلى ۋىلايەت پروكرورى.

ماسكولوف - ئىچكى ئىشلار باشقارمىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى.

ئابدۇكېرىمخان مەخسۇم - ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ئەزاسى.

دېلىن گىئورگى - شىبە زىيالىيسى.

مۇھەممەتئىمىن ئىمىنوف - پولكوۋنىك.

ئابلىمىت ھاجىيوف - تارباغاتاي ۋىلايەتلىك ياشلار تەشكىلاتىنىڭ رەئىسى.

باشباي چولانوف - تارباغاتاي ۋالىيسى.
ئالىمجان ھاكىمبايوف - تارباغاتاينىڭ مۇئاۋىن ۋالىيسى.
داشچاپ مىنجۇنوف - تارباغاتاينىڭ مۇئاۋىن ۋالىيسى.
پاتىخ موسلىموف - خەلق قەھرىمانى.
مۇقاش جەكە ئوغلى - «ئىبرىكنى ئالتاي» گېزىتىنىڭ مەسئۇل مۇھەررىرى.
دەلىلقان سۇگۇربايوف - ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ئەزاسى، مىللىي ئارمىيە مۇئاۋىن قوماندانى ۋە ئالتاي ۋالىيسى.
ئەنۋەر موسابايوف - ئالتاي ۋىلايىتىنىڭ مۇئاۋىن ۋالىيسى.
شەمشى مامىيوف - ئالتاي ۋىلايىتىنىڭ مۇئاۋىن ۋالىيسى.
دۆلەتخان ھەسىنى - قۇمۇل ۋەقەسىنىڭ باتۇرى.
كانديداتلىققا تۆۋەندىكىلەر تەيىنلەنسۇن:
چېن شىخۇا - «مىنجۇباۋ» (دېموكراتىيە) گېزىتىنىڭ مۇھەررىرى.
ئابدۇرېھىم ئەيسا - ئۈرۈمچى گىمنازىيە مۇدىرى.
ئابدۇللا زاكىروف - باج ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى.
قېيۇمبەگ خوجا - مالىيە باشقارمىسىنىڭ باشلىقى.
سېيىت باتۇر - قۇمۇل ۋەقەسىنىڭ باتۇرى.
ئىتتىپاق رەئىسلىكىگە ئەخمەتجان قاسىمى بەلگىلەنسۇن.

تۆتىنچى، ئىتتىپاقنىڭ ئىچكى ئىشلىرىغا ئائىت تۈرلۈك قائىدە ۋە چارىلەرنى تۈزۈپ چىقىش ئۈچۈن، ئەخمەتجان قاسىمى، ئىسھاقبېك مونونوف، ئۇيغۇر سايرانى، ئەنۋەر خانبابا، ئابدولمۇ تالىپ خەلپەم، شەمشى مامىيوف، سەيپىدىن ئەزىزى، ئابلىمىت ھاجىيوف، ئەسئەت ئىسھاقوفلاردىن ئىبارەت مەركىزى تەشكىلى ھەيئەت تەشكىل قىلىنسۇن.

بەشىنچى، «ئويغان» گېزىتى «شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقى» نىڭ نەشر ئەپكارى قىلىپ بەلگىلەنسۇن. گېزىتنىڭ نامى مەسىلىسى ھەيئەتنىڭ ئىختىيارىغا قالدۇرۇلسۇن.

ئالتىنچى، «ئويغان» گېزىتىنىڭ مەسئۇل مۇھەررىرلىكىگە سەيپىدىن ئەزىزى تەيىنلەنسۇن.

تەسىس مەجلىسىدە يەنە «شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقى» تەسىس مەجلىسىنىڭ پۈتۈن ئۆلكە خەلقىگە چىقارغان مۇراجىئەتى ماقۇللاندى. ئۇنىڭ تولۇق تېكىستى تۆۋەندىكىچە:



«شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقى» تەسىس مەجلىسىنىڭ پۈتۈن ئۆلكە خەلقلىرىگە مۇراجىئەتى

بىز بىر تۈركۈم تەرەققىيپەرۋەر ئادەملەر خەلقچىل زىيالىيلار، ئۆلىمالار، مەدەنىي ئاقارتىش جەمئىيەتلىرى ھەم «ئىنقىلابچىل ياشلار تەشكىلاتى» رەھبەرلىرى شىنجاڭ ئۆلكىسىدىكى خەلقلەرنىڭ ئاساسى ئېھتىياجلىرىنى مۇزاكىرىلىشىش ئۈچۈن غۇلجا شەھرىگە توپلاشقانىدۇق.

پىكىرلىشىش نەتىجىسىدە، شىنجاڭ خەلقلىرىنىڭ باشلىرىدىن كەچۈرۈۋاتقان پۈتۈن ئېغىرچىلىقلىرىنى تۇغدۇرىۋاتقان ئاساس سەۋەب خەلقىمىز ئىچىدە بىرلىك ۋە دوستلۇقنىڭ يوقلۇقى، دېگەن خۇلاسىگە كەلدۇق.

شىنجاڭ خەلقلىرىنىڭ دۈشمەنلىرى، مېھنەتچان خەلقنى ئىتائەت قىلدۇرۇپ تۇرۇشقا يەڭگىل شارائىت تۇغدۇرۇش ۋە خەلق دىققىتىنى ئۆز ھوقۇقى ئۈچۈن كۈرەشتىن چەتكە بۇراش ئۈچۈن، سۈنئىي رەۋىشتە مىللەتلەر ئارا دۈشمەنلىك، زىددىيەت تۇغدۇرۇپ، شىنجاڭ خەلقلىرىنى بىر - بىرىدىن ئاجرىتىپ كەلدى.

شىنجاڭدا ھاكىمىيەت بېشىدا كۆپلىگەن يىللار تۇرۇپ كەلگەن ياڭ زېڭشىن، جىن شۇرېن، شېڭ شىسەي ۋە ۋۇجۇڭشىنلار تۇرمۇش ئۈچۈن چىداپ بولماسلىق دەرىجىدە ئېغىر، قاتتىق شارائىت تۇغدۇرغانىدى. خەلق ۋەكىللىرى ھۆكۈمەت ئىدارىلىرىگە كىرگۈزۈلمەيتتى. ئەڭ ياخشى تەرەققىيپەرۋەر رەھبەرلەر ۋە خەلق خىزمىتىگە سادىق يەرلىك مۆتىۋەرلەر زىندانلارغا سولىناتتى. خەلق دۈشمەنلىرى خەلقنىڭ سۆزسىز بوي سۇنۇشىنى تەمىن ئېتىش ئۈچۈن، شىنجاڭدا مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدا دۈشمەنلىك ئوتىنى يېقىپ، زورلۇق يۈرگۈزەتتى. خەلقنى يالغان گەپ ۋە ئالداش بىلەن ئىدارە قىلاتتى. خەلقنىڭ ئاددىي ۋە ئادەتتىكى ھوقۇقلىرى بولغان سۆز، مەتبۇئات، مەجلىس ۋە ئۇيۇشۇش ھوقۇقىدىن مەھرۇم قىلىنغانىدى. خەلقنىڭ قايغۇ ھەسرىتىدىن بىمالال پايدىلىناتتى، خەلقنى قۇللۇققا تاشلايتتى. مېھنەتچان خەلق بولسا شۇلار ئۈچۈن ئۆز بالىلىرىنىڭ قانلىرىنى تۆكەتتى، ئەڭ مۈشكۈل ئىشلارنى قىلاتتى، چەكسىز ئېغىر سېلىقلارنى تۆلەيتتى ۋە ھېچبىر ھوقۇقىدىن پايدىلىنالمايتتى.

ھاكىمىيەتكە ئىگە بولغانلار بولسا، ھالال مېھنەت بىلەن شۇغۇللانغۇچى ئىنسانلارنىڭ ساۋاتسىز، مەدەنىيەتسىز، قالاق ۋە نادان بولۇشىنى خالار ئىدى. ئۆتمۈشتە مانا شۇنداق ئىدى. خەلقتە سەۋرىنىڭ چېكى قالمىدى.

ئۆلكىدىكى هاكىملارنىڭ هەم ئەزگۈچىلەرنىڭ قاتتىق ئېزىشىگە قارشى 1944 ـ يىلى يالقۇنلىنىپ چىققان پۈتۈن خەلق قوزغىلىڭى 1946 ـ يىلى ئۆز هوقۇقلىرى ئۈچۈن كۆتۈرۈلگەن خەلقنىڭ ۋەكىللىرى بىلەن گومىنداڭ جۇمهۇرىيىتىنىڭ مەركىزىي هۆكۈمەت هوقۇقلۇق ۋەكىللىرى ئوتتۇرىسىدا تىنچلىق توختامى تۈزۈش بىلەن يەكۈنلەندى. بۇ توختام شىنجاڭ خەلقلىرىنىڭ ئۆز كۈرىشىدە سوقۇشۇپ قولغا كەلتۈرگەن بارلىق خەلقچىللىق ۋە ئەركىنلىكلىرىنى تونۇپ رەسمىي ئىقرار قىلدى.

ئەمما، سوقۇشۇپ قولغا كەلتۈرگەن ۋە گومىنداڭ جۇمهۇرىيەت هۆكۈمىتى ئىقرار قىلغان ئەركىنلىكلەرنى خەلقتىن قايتىدىن تارتىۋېلىشنى خالايدىغان خەلق دۈشمىنى بولغان ئۇنسۇرلار هاكىمىيەت بېشىدا يەنە قالدى. ئاچ بۆرە ئوسمان ۋە ئۇنىڭ بۆلگۈنچى شايكىلىرىنىڭ هۆكۈمدار مۇخلىسلىرى ياردىمى بىلەن يۈرگۈزگەن ۋە يۈرگۈزۈۋاتقان بۆلگۈنچىلىك ـ باسمىچىلىقلىرى، ئۇلارنىڭ تىنچ ئاهالىگە قىلغان ۋەھشىيلىكلىرى، خوتۇن، بالا ـ چاقىلارنى ئۆلتۈرۈشلىرى، مۇستەبىداتچىلىق ۋە زورلۇقلىرى بۇ توغرىلىق گۇۋاھ ۋە دەلىل بولالايدۇ.

ئوسماننىڭ خۇددى ئۆزىگە ئوخشاش بۆلگۈنچى ئىزباسارى ۋە سەپدىشى قالىبېكنىڭ خەلق ئىشىغا قىلغان خائىنلىقىنى شىنجاڭ خەلقلىرى ئۇنتۇمايدۇ. هاكىمىيەت بېشىدا تۇرغان بەزى شەخسلەر بىلەن بىللە هەرىكەتلەنگۈچى ئوسمان ۋە قالىبېكلەرنىڭ ئالداش ۋە قانلىق ۋەقەسىگە دۇچار قىلغان بىر مۇنچە ئوغۇل ـ قىزلىرىنىڭ قايغۇ هەسرىتىدىن كۆيلىگەن ئاتا ـ ئانا ۋە خوتۇن ـ باللار بۈگۈنگىچە زار ـ زار يىغلىشىدۇ.

بىز چىن قەلبىمىزدىن ئىشىنىمىزكى، ئەگەر ئېلىمىزدە ياشىغۇچى ئۇيغۇر، قازاق، قىرغىز، مۇڭغۇل، خەنزۇ، تۇنگان، ئۆزبېك ۋە باشقا هەممە خەلقلەر قانۇنسىزلىق، هوقۇقسىزلىق، قۇللۇق، گادايلىق ۋە جاهالەتلىكنى مەڭگۈ يوقىتىش ئۈچۈن بىرلەشسە، شىنجاڭ خەلقلىرى ئوتتۇرىسىدا تىنچلىق ۋە دوستلۇق، ئادالەتلىك ۋە ھەقىقىي ئەركىنلىك جەزمەن ئورنىتىلىدۇ.

هالال مېھنەت بىلەن كۈن كەچۈرگۈچى ئادەملەر مەنپەئەتى ئۈچۈن، بىزلەر تۇرمۇشىمىزنى ئىسلاھ قىلىمىز ۋە بۇ ئىسلاھاتنى جەزمەن قىلالايمىز. بىزنىڭ ئىسلاھ قىلغان تۇرمۇشىمىزدا هەر بىر مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى دۈشمەنلىككە ۋە مەيدە (كىچىك) مىللەتلەرنى كەمسىتىش خارلاش-



قا ئورۇن بولمايدۇ.

هالال مېھنەت ئۈچۈن، بىزلەر «شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە خەلقچىللىقنى هىمايە قىلىش ئىتتىپاقى»نى قۇردۇق.

«شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە خەلقچىللىقنى هىمايە قىلىش ئىتتىپاقى» نىڭ ئالدىغا قويۇلغان ۋەزىپە ـ شىنجاڭ خەلقلىرى ئوتتۇرىسىدا ئەركىنلىك ۋە تىنچلىق ئورنىتىشقا، 1946 ـ يىل 6 ـ ئىيون بىتىمىنى ئىجرا قىلىشقا ۋە بۇ بىتىمنى بۇزغۇچى لۈكچەكلەرگە موقىقا (زەربە) بېرىشنى تەشكىل قىلىشقا ئىنتىلگۈچى تەرەققىيپەرۋەر ئادەملەرنىڭ تىرىشىشلىرىنى بىرلەشتۈرۈشتۇر.

ئىتتىپاق «11 بىتىم» دە ئىقرار قىلىنغان ۋە خەلقىمىزنىڭ قانۇنى هېسابلانغان هوقۇقلىرىنى تەسىس ئەتكۈچى تۆۋەندىكى ئاساس چارىلەرنىڭ شىنجاڭدا ئىشقا ئاشۇرۇلۇشىنى تەمىن ئېتىشكە تىرىشىدۇ.

1) سۆزدە، مەتبۇئاتتا، مەجلىستە، تەشكىلىي ئۇيۇشۇشتا، دىنىي ئېتىقادتا ئەركىنلىكنى تەمىن ئېتىش؛

2) شىنجاڭدىكى هەممە خەلقلەرگە هۆكۈمەت ئىدارىلىرىدا مىللەت ئايرىماستىن، هەرقانداق ئورۇن، ۋەزىپە ئىشغال قىلىشقا باراۋەر هوقۇق بېرىش؛

3) خەلق ئىشەنچىسىگە ئىگە يەرلىك پۇقرالاردىن مەمۇرلارنى سايلاش پرىنسىپىنى ئەمەلىيەتتە يۈرگۈزۈش؛

4) هۆكۈمەت ئورۇنلىرىغا ياردەم قىلىش ۋە مەمۇرلار هەرىكىتى ئۈستىدىن نازارەت ئېلىپ بېرىش ئۈچۈن، خەلق ئىشەنچىسىگە ئىگە ئادەملەر ئىچىدىن سايلانغان كېڭەش مەجلىسلىرىنى قۇرۇش ۋە ئۇلارنىڭ ئىشلەش شارائىتىنى تەمىن ئېتىش؛

5) مەدەنىي ئاقارتىش جەمئىيەتلىرىنى ۋە باشقا شىنجاڭ خەلقلىرىنىڭ تۇرمۇشىنى ياخشىلاشقا ئىنتىلىدىغان جەمئىيەتلەرنى تەشكىل قىلىش؛

6) شىنجاڭ خەلقلىرىگە ئۆز ئانا تىلىدا گېزىت، ژۇرنال، دەرسلىكلەرنى ۋە باشقىلارنى نەشر قىلىش هوقۇقىنى بېرىش ۋە ئۇنىڭغا ئىمكانىيەت تۇغدۇرۇپ بېرىش؛

7) ئۆز ئانا تىلىدا ئوقۇتۇلىدىغان ئىپتىدائىي مەكتەپلەرنىڭ سانىنى كۆپەيتىش، كەمبەغەللەرنىڭ بالىلىرىغا ھەقسىز كىيىم، تاماق بېرىپ، ئوقۇتۇش مەكتەپلىرىنى قۇرۇش. شىنجاڭ ئۆلكىسى خەلق خوجىلىقىنىڭ

تۇرلۇك ساھەلەرگە مۇتەخەسسىسلەر تەييارلىغۇچى ھۈنەرۋەنچىلىك مەكتەپلىرىنى قۇرۇش. شۇنىڭ بىلەن بىللە مەخسۇس ۋە ئالىي ئوقۇش يۇرتلىرىنى ئېچىش. تىياتىر، كىنو ۋە رادىئو ئاڭلىتىش ئورۇنلىرىنى قۇرۇش؛

8) ئەدلىيە ئىشلىرىنى شىنجاڭ خەلقلىرىنىڭ ئانا تىلىدا يۈرگۈزۈش ۋە ئەدلىيە مەھكىمىلىرىنى ھۆكۈمەت ئىجرائىيە ئورگانلىرىدىن مۇستەقىل قىلىش؛

9) ھەربىي خىزمەتچىلەرگە ۋە ئاياللارغىچە ھەممە پۇقرالارغا ئوخشاش سىياسى ھوقۇق بېرىش؛

10) دوختۇرخانا، شىپاخانا ۋە داۋالاش مۇئەسسەسەلىرىنىڭ سانىنى كۆپەيتىش. شۇنىڭ بىلەن بىللە كەمبەغەللەر ھەقسىز تىببى ياردەمنى تەشكىل قىلىش؛

11) شىنجاڭنىڭ تۇپ، تۇراقلىق ئاھالىسى بولغان بارلىق مىللەتلەرنىڭ باراۋەر ئاساستا زېمىن، يايلاق، قىشلاق، چارۋا - مال، سانائەت مۇئەسسەسەلىرىگە ھەمدە ھەرقانداق باشقا كۆچمەس ۋە كۆچىدىغان مۈلۈكلەرگە خۇسۇسى ئىگىدارلىقىغا چېقىلماسلىقنى كاپالەتلەندۈرۈش؛

12) يەرگە ئىشلەش، سۇ چىقىرىش ئىشلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئۇسۇللىرىنى يولغا قويۇش ۋە يايلاق - قىشلاقلارنى ياخشىلاپ، چارۋا ماللارنى ئۆستۈرۈش.

«شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقى» خەلقنىڭ ئۆزىنىڭ ياردىمىگە يۆلىنىپ، ئۇنىڭ ئاخباراتىنى ئىجرا قىلىپ تۇرۇپ، مۇشۇ كونكرېت كېرەكلىك مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش، ئۇلۇغ مەقسەت ۋەزىپىنى ئۆتەشنى خەلق ئالدىدا ئۈستىگە ئالىدۇ. «شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقى» ئەينى زاماندا گومىنداڭ جۇمھۇرىيەت ھۆكۈمىتىنىڭ بارلىق تۈزۈمى ۋە ھەقىقىي خەلقچىل تەدبىر - چارىلىرىگە قوشۇلۇپ ھەممە كۈچى بىلەن ياردەملىشىدۇ.

«شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقى» ئاممىۋى خەلق تەشكىلاتى بولىدۇ. چۈنكى، ئۇ ھەقىقىي خەلق مەنپەئەتى ئۈچۈن، چىن ھۆررىيەت، باراۋەرلىك، دوستلۇق ۋە ئىتتىپاقلىق ئورنىتىش ئۈچۈن، شۇنىڭ بىلەن ۋەتىنىمىزدە ياشىغۇچى بارلىق خەلقلەرنىڭ باي ۋە مەدەنىي تۇرمۇشىنىڭ يۈكسىلىشى ئۈچۈن كۆرەش قىلىدۇ.



پۈتۈن ئۆلكىمىزنىڭ ھەر بىر ۋىلايەت، ناھىيە، ئاۋۇل - قىشلاقلىرىدا ئىتتىپاقنىڭ شۇ مەقسەت بىلەن يەرلىك تەشكىللىرى بولىدۇ.

خەلقىمىزنىڭ مەنپەئەتى، دېھقان - چارۋىچى، زىيالىي، جەڭچى ئوفىتسېر، سودىگەر، دىنى ئۆلىمالاردىن كىمكى خەلقىمىز ئۈچۈن ھەققانىي، ئىنسانىيەتچىلىك ھوقۇقىنى قولغا كەلتۈرۈشنى خالىسا، كىمكى خەلقچىل پرىنسىپقا ئاساسلانغان ئالىي تىنچلىقنى خالىسا، جىنسى، مىللەت، دىن ئايرىماي «تىنچلىق ۋە خەلقچىلىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقى»گە كىرىشكە تەكلىپ قىلىمىز.

ئۆز ۋەتىنىنى سۆيگەن، ئۇنى قالاقلىقتىن ۋە قاراڭغۇلۇقتىن چىقىرىشنى، داۋاملىق مۇھتاجلىقتىن ۋە توختاۋسىز كۆرەشتىن قۇتۇلۇشنى خالىغانلارنىڭ ھەممىسى بۇ ئىتتىپاققا كىرەلەيدۇ.

بىرلىشىشكە، مۇھەببەتكە، دوستلۇققا ۋە ھەممە مىللەتلەرنىڭ باراۋەرلىكىگە ئىنتىلگۈچىلەرنىڭ ھەممىسى بۇ ئىتتىپاققا كىرەلەيدۇ. بىز ھەممىمىزنى ۋەتەنگە ۋە ھەقىقىي ئازادلىققا بولغان چەكسىز مۇھەببەت بىرلەشتۈرىدۇ. بىزنىڭ تەرەققىيات، خەلقچىللىق يولىدىكى غەلىبىسىرى يۈرۈشىمىزنى ھېچكىم توختىتالمايدۇ.

ئادىللىق، تىنچلىق ۋە تەرەققىيات ئۈچۈن ئالغا! ئىتتىپاق سېپىگە ئۇيۇشۇڭلار!

شەھىرى - غۇلجا

1948 - يىل 1 - ئاۋغۇست

ئىتتىپاق تەشكىلىي ھەيئىتىنىڭ قارارى بويىچە، ئىتتىپاق مەركىزىي بۆلۈملىرى قۇرۇلدى ۋە ئۇنىڭ باشلىقلىرى تەيىنلەندى. ئىتتىپاق مەركىزىي تەشكىلىي بۆلۈمگە زۇنۇن تېيىپوف، ئىتتىپاق مەركىزىي مەدەنىيەت مائارىپ بۆلۈمگە ئىبراھىم تۇردى، ئىتتىپاق مەركىزىي ئومۇمىي بۆلۈمگە ئابدۇرېھىم ئەيسا، ئىتتىپاق مەركىزىي تەپتىش بۆلۈمگە جابىقباي ئاقالاقچى، ئىتتىپاق مەركىزىي ياشلار بۆلۈمگە ئابدۇراخمان مۇھىتى، ئىتتى-

پاق مەركىزىي ئاياللار بۆلۈمىگە تەۋەي مىرشانوۋالار باشلىق
قىلىپ تەيىنلەندى. ئىتتىپاق مەركىزىي ئورگان گېزىتى «ئال-
غا»[①] نەشر قىلىنىپ، بۇنىڭغا سەيپىددىن ئەزىزى مەسئۇل مۇھەر-
رىر بولدى. خەنزۇچە «دېموكراتىيە» گېزىتىگە چېن شىخۋا باش
مۇھەررىر بولدى. ئىتتىپاق مەركىزىي ئورگان ژۇرنىلى «ئىتتى-
پاق» نەشر قىلىنىپ، بۇنىڭ مەسئۇل مۇھەررىرى ئەخمەتجان
قاسىمى بولدى. بۇ ژۇرنالنىڭ قازاقچىسى «ئوداق» نامى بىلەن
چىقىرىلدى. بۇنىڭدىن باشقا ئاخبارات باشقارمىسى تەشكىل قىلى-
نىپ، بۇنىڭغا ئابدۇكېرىم ئابباسوف باشلىق بولدى.

ئىتتىپاقنىڭ ھەرقايسى ۋىلايەتلىك تەشكىلىي ھەيئەتلىرى
قۇرۇلدى. ئىلى ۋىلايەتلىك تەشكىلىي ھەيئىتىنىڭ رەئىسى قې-
يۇمبەگ خوجا، مۇئاۋىن رەئىسى ئوسمان زىيا بولدى. ئالتاي
ۋىلايەتلىك تەشكىلىي ھەيئەتنىڭ رەئىسى شەمشى مامىيوف، مۇئا-
ۋىن رەئىسلىرى خامى ئاسىلخان، مۇقاش جەكە بولدى. تارغاباتاي
ۋىلايەتلىك تەشكىلىي ھەيئەتنىڭ رەئىسى ئالىمجان ھاكىمبايوف
بولدى. بۇنىڭدىن باشقا غۇلجىدا مىللىي ئارمىيە تەشكىلىي ھەي-
ئىتى قۇرۇلۇپ، ئابدۇرېھىمجان ھەسەنوف رەئىس بولدى. ئىت-
تىپاق مەركىزىگە بىۋاستە قاراشلىق ئىتتىپاق «يەتتە ۋىلايەت
ئۆلكىلىك سىياسىي كېڭەش» تەشكىلىي ھەيئىتى قۇرۇلۇپ،
ئەسئەت ياقۇپ رەئىس بولدى.

ئىتتىپاق مەركىزىي تەشكىلىي ھەيئىتىنىڭ 2 - سانلىق
مەجلىسىدە «ئىتتىپاق نىزامنامىسى» تەستىقلاندى. ئىتتىپاق
نىزامنامىسى 15 ماددىدىن تەشكىل تاپقان بولۇپ، بۇنىڭدا ئىتتى-
پاققا كىرىش شەرتى ۋە تەلىپى، ئىتتىپاق ھەر دەرىجىلىك تەش-
كىلاتلىرىنىڭ قۇرۇلۇشى ۋە ھوقۇق دائىرىسى قاتارلىق مەسىلى-
لەر كونكرېت بەلگىلەندى.

---

① يەتتە ۋىلايەت خەلقچىللار بىرلەشمىسىنىڭ ئورگان گېزىتى بولغان «ئويغان» ئىتتىپاق
نەشر ئەپكارىغا ئۆزگەرتىلىپ، «ئالغا» نامى بىلەن چىقىرىلدى.



ئىتتىپاق مەركىزىي كومىتېتى «ئىتتىپاق ھەر دەرىجىلىك
تەشكىلاتلىرىنىڭ ۋاقىتلىق خىزمەت نىزامنامىسى» نى ئېلان قىلى-
دى. بۇ 3 چوڭ بۆلۈمدىن ئىبارەت بولۇپ: 1) ئىتتىپاق ھەر
دەرىجىلىك تەشكىلاتلىرىنىڭ قۇرۇلۇش خىزمىتى؛ 2) ئىتتىپاق-
نىڭ مەدەنىيەت، مائارىپ خىزمىتى؛ 3) ئىتتىپاق ئومۇمىي
خىزمەتلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

ئىتتىپاق قۇرۇلغاندىن كېيىن، ئىتتىپاق تەشكىلاتلىرى تېز
سۈرئەت بىلەن تەرەققىي قىلدى. يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتۈلگەن
ۋىلايەت دەرىجىلىك تەشكىلىي ھەيئەتلەردىن باشقا، 1948 - يىلى
10 - ئاينىڭ ئاخىرىغا قەدەر ئۈچ ئاي ئىچىدە ئىلى ۋىلايىتىدە
14 ناھىيە دەرىجىلىك، 188 رايون دەرىجىلىك (ئارشاڭ، جىڭ،
كۈنەس ناھىيىلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالمايدۇ)، تارباغاتاي ۋىلايىتى-
دە ئالتە ناھىيە دەرىجىلىك، 100 رايون دەرىجىلىك، ئالتاي
ۋىلايىتىدە ئالتە ناھىيە دەرىجىلىك، 78 رايون دەرىجىلىك، مىل-
لىي ئارمىيىدە 16 ناھىيە دەرىجىلىك (پولك دەرىجىلىك)، 20
رايون دەرىجىلىك (باتالىيون دەرىجىلىك) بولۇپ، جەمئىي 42
ناھىيە دەرىجىلىك، 386 رايون دەرىجىلىك تەشكىلىي ھەيئەتلەر
قۇرۇلۇپ، ئومۇمىي ئەزا سانى 24405 نەپەرگە يەتتى. 1949
- يىلى 9 - ئايغىچە ئىتتىپاقنىڭ پەقەت مىللىي ئارمىيىدىكى
ئەزالىرى 10545 نەپەر بولۇپ، مىللىي ئارمىيە ئومۇمىي سانى-
نىڭ 80% نى ئىگىلىدى.

ئىتتىپاقنىڭ ئالتاي ۋىلايەتلىك تەشكىلىي ھەيئىتى ئورگان
گېزىتى سۈپىتىدە «توغرا يول» گېزىتىنى نەشر قىلدى، بۇنىڭ
مەسئۇل مۇھەررىرى مۇقاش جەكە بولدى. «ئىتتىپاق تۇغى»[①]
ناملىق ژۇرنالنى نەشر قىلىپ، بۇنىڭ مەسئۇل مۇھەررىرى مۇ-
سۇلمانبېك بولدى. تارغاباتاي ۋىلايەتلىك تەشكىلىي ھەيئىتى «دې-

---

① «ئىتتىپاق تۇغى» ژۇرنىلى بۇرۇن «تاڭ نۇرى» نامى بىلەن چىققان.

موكراتىيە» گېزىتىنى نەشر قىلدى، بۇنىڭ مەسئۇل مۇھەررىرى ئابدۇقادىر زۇنۇن بولدى. ئىتتىپاقنىڭ مىللىي ئارمىيىدىكى تەشكىلىي ھەيئىتى بولسا ئورگان ژۇرنىلى سۈپىتىدە «ئىنقىلابنىڭ تاڭ نۇرى» ژۇرنىلىنى نەشر قىلدى.

ئەخمەتجان قاسىمى نەزەرىيە سەۋىيىسى يۇقىرى، چوڭقۇر بىلىملىك، باي تەجرىبىگە ئىگە، كۈچلۈك تەشكىلاتچى، ئاتاقلىق ناتىق، ئۆتكۈر قەلەم ئىگىسى، ئىش بىلەرمەن، تەدبىركار، رەھبەرلىك سەۋىيىسى يۇقىرى، پەزىلەتلىك، كەمتەر، تالانتلىق ئادەم ئىدى. ئەخمەتجان قاسىمى ئۈچ ۋىلايەت ۋەكىلى بولۇپ، گومىنداڭ تەرەپ بىلەن بىتىم تۈزۈشكە قاتناشقاندا ۋە بىتىمدىن كېيىنكى بىرلەشمە ھۆكۈمەتكە مۇئاۋىن رەئىس بولۇپ ۋەزىپە ئۆتىگەندە، ئۆزىنىڭ تالانتىنى نامايان قىلغانىدى. ئۇنىڭ تالانتىغا جاڭ جىجۇڭمۇ قايىل ئىدى. شىنجاڭ خەلقىمۇ شۇ ۋاقىتتىن باشلاپ ئەخمەتجان قاسىمىنى رەھبەر دەپ ئاتايدىغان بولدى.

ئەخمەتجان قاسىمى «شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقى» نى قۇرۇش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇش جەريانىدىمۇ، ئۆزىنىڭ كۈچلۈك تەشكىلاتچى ۋە تالانتلىق رەھبەر ئىكەنلىكىنى تەكرار نامايان قىلدى. ئۇ، رەھبەرلىك قىلغان ئىتتىپاق ناھايىتى تېزلىك بىلەن ئۆز تەشكىلىنى كېڭەيتتى، ئەزالىرىنى كۆپەيتتى، پائالىيىتىنى كەڭ قانات يايدۇردى. ئىتتىپاق شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ كۈرىشىگە رەھبەرلىك قىلىدىغان ھەقىقىي سىياسىي تەشكىلاتقا ئايلاندى. ئۈچ ۋىلايەت دائىرىسىدە بولسا سىياسىي، ئىقتىسادىي، ھەربىي ساھەلەردىكى ھەممە ئىشلارغا رەھبەرلىك قىلىدىغان ئورۇنغا ئايلاندى. ئۈچ ۋىلايەتتىكى ھەممە ساھە «شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقى» نىڭ يوليورۇق ۋە كۆرسەتمىلىرىگە ئاساسەن ئىش ئېلىپ بارىدىغان بولدى.

ئىتتىپاق ئىقتىسادىي خىزمەتلەرگە بولغان رەھبەرلىكنى



كۈچەيتىش ئۈچۈن، ئۈچ ۋىلايەت ئىقتىسادى كومىتېتىنى، ۋىلايەتلەردە ئۇنىڭ شۆبىلىرىنى قۇردى. ئەسلىدە غۇلجىدا تەسىس قىلىنغان ئىلى سودا ـ سانائەت تەرەققىيات شىركىتىنى ئۈچ ۋىلايەت سودا ـ سانائەت تەرەققىيات شىركىتىگە ئۆزگەرتتى، تارباغاتاي، ئالتاي ۋىلايەتلىرىدە ئۇنىڭ شۆبىسىنى قۇردى. بۇ ئارقىلىق سودا ـ سانائەت ئىشلىرىنى يۈكسەلدۈردى. ئىتتىپاق پۇل مۇئامىلە، بانكا، مالىيە ئىشلىرىنى چىڭ تۇتتى. ئۈچ ۋىلايەت دائىرىسىدە 500 يۈەنلىك، 300 يۈەنلىك، 200 يۈەنلىك ئۈچ خىل قەغەز پۇل تارقىتىلدى. پۇل پاخاللىقىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن زور كۈچ چىقىرىلدى، مال باھالىرى ئاساسەن مۇقىم بولدى.

ئىتتىپاق دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق، ئورمانچىلىق ئىشلىرىغا ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلدى. ئىتتىپاق مەركىزىي تەشكىلىي ھەيئىتى ئۈچ ۋىلايەت دېھقانچىلىق ئىشلەپچىقىرىشى توغرۇلۇق تۆۋەندىكىچە قارار قوبۇل قىلدى: 1) ئىتتىپاقنىڭ ھەر دەرىجىلىك تەشكىللىرى دېھقانچىلىق ئىشلەپچىقىرىشىنىڭ تەشكىلاتچىسى ۋە تەشۋىقاتچىسى بولۇشى بىلەن بىللە، ھەر دەرىجىلىك ئورۇنلىرى بىلەن بىرلىكتە ئەتىيازلىق تېرىلغۇ ئىشلەپچىقىرىشىنى تەكشۈرۈشى ۋە نازارەت قىلىشى لازىم؛ 2) ئەخمەتجان قاسىمى، رەھىمجان سابىر ھاجىيوف قاتارلىق 12 ئادەم ئىتتىپاق مەركىزىنىڭ ئالاھىدە ۋەكىلى سۈپىتىدە ئىلى، تارباغاتاي، ئالتايدىن ئىبارەت 3 ۋىلايەتنىڭ ئەتىيازلىق تېرىلغۇ ئىشلەپچىقىرىشىنى ۋە ئورمان بىنا قىلىش خىزمەتلىرىگە رەھبەرلىك قىلىشى لازىم؛ 3) ھەر بىر ناھىيىدە دەرىجىلىك ئەتىيازلىق تېرىلغۇغا رەھبەرلىك قىلىش ھەيئەتلىرىنى قۇرۇش لازىم؛ 4) ھەر يىلى 4 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنىنى كۆچەت تىكىش كۈنى قىلىپ بەلگىلەپ، ئۈچ ۋىلايەتتىكى ھەر بىر ئادەم بىردىن كۆچەت تىكىشكە ۋە ئەي قىلىشقا مەسئۇل بولۇشى لازىم.

ئۈچ ۋىلايەت دائىرىسىدە يەنە دېھقانچىلىق بانكىسى قۇرۇ-
لۇپ، پۇلغا ئېھتىياجلىق دېھقان ۋە چارۋىچىلارغا قەرز پۇل
تارقىتىلىپ تۇرۇلدى.

ئىتتىپاق جىڭ، بورتالا، ئارشاڭ ناھىيىلىرىدە چېكەتكە
ئاپىتى يۈز بەرگەندە، ئادەم تەشكىللەپ ئۇ جايلارغا ئەۋەتىپ،
ئاپەتنىڭ يامراپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئالدى.

ئىتتىپاق مائارىپ ئىشلىرىغا بولغان رەھبەرلىكنى كۈچەي-
تىش ئۈچۈن، ئۈچ ۋىلايەت مائارىپ كومىتېتى تەشكىل قىلدى.
ئوقۇتقۇچىلار ساپاسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش، تەلىم - تەربىيە
ئىشلىرىنى ياخشىلاش، دەرسلىكلەر بىلەن تەمىنلەش، چارۋىچە-
لىق رايونلىرىدا ياتاقلىق مەكتەپ قۇرۇش، ھەر مىللەت ئوقۇغۇ-
چىلىرىنى مەكتەپكە جەلپ قىلىش، ئوتتۇرا، كەسپىي تېخنىكوم
مەكتەپلىرىنى قۇرۇش خىزمەتلىرىنى چىڭ تۇتتى. بالىلار تەربى-
يىسىگە ئەھمىيەت بېرىلدى. 5 - ماي بالىلار كۈنى قىلىپ
بەلگىلەندى. مەدەنىيەت، ئەدەبىيات - سەنئەت، ساقلىقنى ساق-
لاش، تەنتەربىيە ئىشلىرىغا ئەھمىيەت بېرىلدى. شىنجاڭ ئىتتى-
پاق مەركىزىي ناخشا - ئۇسسۇل ئانسانبىلى قۇرۇلدى. بۇ جە-
ھەتلەردە قىسقىغىنە ۋاقىت ئىچىدە كۆرۈنەرلىك يۈكسىلىشلەر
بارلىققا كەلدى.

ئىلى، تارباغاتاي، ئالتاي ۋىلايەتلىرىدە قانۇن ۋە جەمئىيەت
ئامانلىقىنى قوغداش كومىتېتلىرى قۇرۇلدى ۋە ئۇنىڭ تەشكىلىي
نىزامى بېكىتىلدى. سوت، پروكراتورا ۋە ساقچى ئورۇنلىرىنىڭ
خىزمەتلىرى كۈچەيتىلدى. ئۈچ ۋىلايەت ئۈچۈن تىنچلىق، مۇ-
قىملىق زۆرۈر ئىدى. تىنچلىق، مۇقىملىق بولمىغاندا، خەلق-
نىڭ خاتىرجەم تۇرمۇش كەچۈرۈشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ئەمما
گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى بۇزغۇنچىلىق ھەرىكەتلىرىنى توختات-
مىدى. ئۇلار باندىت ئوسمان، قالىبېكلەر بىلەن ئالاقە باغلاپ،
ئۇلارغا ئىقتىسادىي، ھەربىي جەھەتلەردىن ياردەم بېرىپ، ئۈچ



ۋىلايەتتە پاراكەندىچىلىك تۇغدۇرۇپ، ئۆز مەقسەتلىرىگە يەتمەك-
چى بولدى. ئەكسىيەتچىلەرنىڭ قۇترىتىشى ۋە ياردىمى بىلەن
ئوسمان، قالىبېكلەر ئۈچ ۋىلايەت خەلقىگە قارشى قوراللىق توپى-
لاڭ كۆتۈردى. ئەمما مىللىي ئارمىيەنىڭ قاقشاتقۇچ زەربە بېرى-
شى، 3 ۋىلايەتتىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ قارشى تۇرۇشى بىلەن
تارمار قىلىنىپ، ئۇلارنىڭ خام خىياللىرى باربات بولدى. مەس-
ئۇت، ئەيسالارمۇ ئۆزلىرىنىڭ پانتۈركىزملىق سېسىق ئىدىيە-
لىرىنى تارقاتماقچى بولغان بولسىمۇ، بۇنىڭغا يول قويۇلمىدى.

ئۈچ ۋىلايەت ۋەكىللىرى گەرچە بىرلەشمە ھۆكۈمەتتىن چې-
كىنىپ غۇلجىغا قايتقان بولسىمۇ، ئۈچ ۋىلايەت تەرەپ داۋاملىق
تۈردە 11 ماددىلىق تىنچلىق بىتىمىنى ئىجرا قىلىشتا چىڭ تۇر-
دى. بىتىمنى بۇزغۇنچىلارنى پاش قىلدى ۋە ئۇلارغا قارشى تۇر-
دى. گومىنداڭ تەرەپ بولسا 11 ماددىلىق تىنچلىق بىتىمنى ھەر
جەھەتتىن ئوچۇقتىن ئوچۇق بۇزغانىنىڭ ئۈستىگە، ئۈچ ۋىلايەت
تەرەپنى بىتىمنى بۇزدى، دەپ ھارغىچە تۈۋلاپ تۇردى.

ئۈچ ۋىلايەت تەرەپ مىللىي ئارمىيىنىڭ دۈشمەنگە قارشى
ھوشيارلىقىنى يۇقىرى كۆتۈردى. قانۇن ئورۇنلىرىنىڭ خىزمە-
تىنى كۈچەيتتى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئىدىيىۋى، سىياسىي
خىزمەتلەرگە ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلدى. ئالدى بىلەن ئىتتىپاق
مەركىزىي كومىتېتى ئۆز ئەزالىرىغا بولغان ئىدىيىۋى، سىياسىي
خىزمەتنى كۈچەيتتى. بۇ جەھەتتە 18 ماددىدىن تەركىب تاپقان
ئەزالارغا سىياسىي تەلىم تەربىيە ئېلىپ بېرىش تەپسىلىي قائىدى-
سىنى تارقاتتى، ئوقۇغۇچىلار ئارىسىدىمۇ ئىدىيىۋى، سىياسىي،
ئەخلاق تەربىيىسى ئېلىپ بېرىلدى. مىللەتلەرنى ئىتتىپاقلاشتۇر-
دى. مىللەتلەر ئارا قېرىنداشلىق، دوستلۇقنى كۈچەيتتى. مىل-
لەتلەرنىڭ باب - باراۋەر بولۇشىنى ئالغا سۈردى. ئۈچ ۋىلايەت
ئىنقىلابىنىڭ دەسلەپىدە مىللىي مەسىلە جەھەتتىكى، خۇسۇسەن
خەنزۇلارنى ئۆچ كۆرۈش، خارلاش ۋە جازالاش قاتارلىق خاتا

قىلمىشلارنى تەنقىد قىلدى ۋە تۈزەتتى.
ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ، ئۈچ ۋىلايەت دەۋرىدىكى پارتىـ
يە، تەشكىلاتلارنىڭ، خۇسۇسەن «شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە خەلقـ
چىللىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقى» نىڭ ئۈچمەس بىر خىزمىتى
ـ كادىر تەييارلاش بولدى. كادىرلارنى جەڭ مەيدانىدا، ئەمەلىي
خىزمەتلەر جەريانىدا ۋە ئۆز ئۆزىدىن ئۆگىنىش ئارقىلىق تەربىـ
يىلەشكە ئالاھىدە ئەھمىيەت بەردى. قىسقىغىنە بەش يىل جەرياـ
نىدا، ئۈچ ۋىلايەت دائىرىسىدە نۇرغۇنلىغان كادىرلار تەربىيىلەنـ
دى. بۇ كادىرلار جەمئىيەتنىڭ ھەممە ساھەلىرىدە ئۆزلىرىنىڭ
زىممىسىگە يۈكلەنگەن ۋەزىپىلەرنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالىدى.
ئۈچ ۋىلايەت ئۆزىنى ئۆزى كادىرلار بىلەن تەمىنلىيەلىدى. بۇ
جەرياندا داڭلىق قوماندانلار، باتۇر جەڭچىلەر، پىدائىيلار، خەلق
ئۈچۈن جان كۆيدۈرۈپ ئىشلەيدىغان ئىلغارلار، مۇنەۋۋەر ئوقۇتـ
قۇچىلار ۋە تىببىي خادىملار يېتىشىپ چىقتى. ھەر دەرىجىلىك
مەكتەپلەرمۇ كادىر تەربىيىلەشتە كۆزگە كۆرۈنەرلىك نەتىجىلەرنى
قولغا كەلتۈردى. ئازادلىقتىن كېيىن، ئۈچ ۋىلايەت كادىرلىرى
ئۆلكىمىزنىڭ كۆپلىگەن ۋىلايەت، ناھىيىلىرىدە ئۆزلىرىگە تەقـ
سىم قىلىنغان خىزمەتلەرنى مەسئۇلىيەتلىك بىلەن ئۈستىگە ئالـ
دى ۋە ھۆددىسىدىن چىقالىدى.
ئەخمەتجان قاسىمى رەھبەرلىكىگە چىققاندىن باشلاپ، ئۈچ
ۋىلايەت دائىرىسىدە ھوقۇق فېئودال ـ پومېشچىكلار، روھانىيلار
ۋە بۇرژۇئازلار قولىدىن تەدرىجىي ئىلغار ئىنقىلابىي گۇرۇھ
قولىغا ئۆتتى. ئىتتىپاق قۇرۇلغاندىن كېيىن، بۇ ئەھۋال تېخىمۇ
ئوچۇق نامايان بولدى. چۈنكى، ئىتتىپاق ئۆز ھوقۇقىنى تولۇق
يۈرگۈزەلەيدىغان سىياسىي رەھبىرىي تەشكىلاتقا ئايلىنىپ، ئاساـ
سىي جەھەتتىن توغرا ئىدىيە، سىياسىي يۆلىنىش بويىچە ئىشلار
بىتەرەپ قىلىنىدىغان بولدى.
ئىتتىپاق رەھبەرلىكى شىنجاڭ جۇڭگونىڭ ئايرىلماس بىر



ئۆلكىسى، شىنجاڭنىڭ تەقدىرى جۇڭگونىڭ تەقدىرى بىلەن بىر،
جۇڭگو ئازاد بولغاندىلا، ئاندىن شىنجاڭ ئۈزۈل ـ كېسىل،
ھەقىقىي ئازادلىققا ئېرىشەلەيدۇ، دەپ قارايتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن
جۇڭگو كومپارتىيىسىنىڭ، خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ غەلـ
بىسىنى تاقەتسىزلىك بىلەن كۈتتى، ئۇنىڭ ئېرىشكەن غەلىبىلـ
رىدىن ئىلھاملاندى ۋە زور خۇشاللىق ھېس قىلدى ھەمدە بۇ
جەھەتتىكى خەۋەرلەرنى گېزىت ـ ژۇرناللاردا بېسىپ، تۈرلۈك
تەشۋىقات ۋاستىلىرىدىن پايدىلىنىپ، خەلق ئاممىسىغا خەۋەر
قىلدى ۋە ئۇلارنى بۇ ئارقىلىق تەربىيىلەشكە ئەھمىيەت بەردى.
ئاي، يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ
غالىبىيەت خەۋەرلىرى كۆپلەپ كېلىشكە باشلىدى.
1949 ـ يىلى 1 ـ ئايدا، لياۋشېن، خۇيخەي، پىڭجىن
ئۇرۇشلىرى غەلىبىلىك ئاخىرلاشتى. بۇنىڭ بىلەن جۇڭگو خەلق
ئىنقىلابىنىڭ غەلىبە قىلىشى مۇقىملاشتى. بۇ خەۋەر ئۈچ ۋىلايەت
خەلقىگە زور خۇشاللىق ئېلىپ كەلدى. شۇ يىلى 4 ـ ئايدا
مەركىزىي كومىتېتنىڭ رەئىسى ماۋزېدۇڭ ۋە جۇڭگو خەلق ئازادـ
لىق ئارمىيىسىنىڭ باش قوماندانى جۇدې «پۈتۈن مەملىكەتكە
يۈرۈش قىلىش بۇيرۇقى» نى چۈشۈردى. 4 ـ ئاينىڭ 23 ـ
كۈنى نەنجىڭنى ئازاد قىلدى. شۇنىڭ بىلەن گومىنداڭ ئەكسىيەتـ
چى ھۆكۈمرانلىقىنىڭ بەربات بولغانلىقى جاكارلاندى. بۇ ئۈچ
ۋىلايەت خەلقىگە چەكسىز خۇشاللىق ئېلىپ كەلدى. بۇ ئۈچ
ۋىلايەت خەلقىنىڭلا ئەمەس، پۈتۈن ئۆلكە ۋە پۈتۈن مەملىكەت
خەلقىنىڭ ئازاد بولغانلىقىنىڭ سىگنالى ۋە دەسلەپكى ھەل قىلـ
غۇچ قەدىمى ئىدى.
جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتى دېڭ
لىچۈننى مەركىزىي كومىتېتنىڭ ئالاقىچىسى سالاھىيىتى بىلەن
3 ۋىلايەتكە ئەۋەتتى. 1949 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى
دېڭ لىچۈن ئۈچ نەپەر خىزمەتچى خادىم ۋە بىر تېلېگراف ئاپپاراـ

تى بىلەن ئالما ـ ئاتا ئارقىلىق غۇلجىغا كەلدى. بۇ، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ پۈتۈن مەملىكەت خەلق دېموكراتىك ئىنقىلابىنىڭ قايىنىمىغا تامامەن قوشۇلۇپ كەتكەنلىكىدىن ۋە جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكىگە ئېرىشكەنلىكىدىن بىشارەت بېرەتتى.

ئەخمەت ئەپەندىم باشلىق ئۈچ ۋىلايەت رەھبەرلىرى دېڭ لىچۈننى قىزغىن كۈتىۋالدى ۋە دېڭ لىچۈننىڭ ۋەزىپە ئۆتۈشىگە يېقىندىن ياردەم بېرىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. دېڭ لىچۈن تېلېگراف ئىستانسىسى قۇرۇپ، ئۈچ ۋىلايەت ئەھۋالىنى مەركەزگە مەلۇم قىلىپ تۇردى ۋە مەركەزنىڭ يوليورۇقلىرىنى يەتكۈزدى. مەركەز بىلەن ئۈچ ۋىلايەتنىڭ لىچۈن تېلېگراف ئىستانسىسى ئارقىلىق بىۋاسىتە ئالاقە باغلىشى ئۈچ ۋىلايەت تارىخىدىكى زور دەۋر بۆلگۈچ ۋەقە ئىدى. لىچۈن تېلېگراف ئىستانسىسى ئارقىلىق 8 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى ماۋزېدۇڭ يېڭى سىياسىي مەسلىھەت كېڭەشى يىغىنىغا تەييارلىق كۆرۈش ھەيئىتىنىڭ مۇدىرى نامى بىلەن ئەخمەتجان قاسىمىغا رەسمى تەكلىپ خېتى ئەۋەتىپ، ئۈچ ۋىلايەت تەرەپنى بېيپىڭدا ئېچىلىدىغان يېڭى سىياسىي مەسلىھەت كېڭەشى يىغىنىغا ۋەكىل ئەۋەتىپ قاتناشتۇرۇشقا تەكلىپ قىلدى. ئۈچ ۋىلايەت رەھبەرلىكى يېڭى سىياسىي مەسلىھەت كېڭەشىگە تەكلىپ قىلىنغانلىقى ئۈچۈن ئىنتايىن مىننەتدار ۋە خۇرسەن بولدى. خۇسۇسەن تەكلىپ خېتىدە «سىلەرنىڭ كۆپ يىللاردىن بۇيان ئېلىپ بارغان كۈرەشلار پۈتۈن جۇڭگو خەلقىنىڭ دېموكراتىك ئىنقىلابىي ھەرىكىتىنىڭ بىر قىسمى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. غەربىي شىمالدىكى خەلق ئازادلىق ئۇرۇشىنىڭ غەلىبەسىرى راۋاجلىنىشىغا ئەگىشىپ، شىنجاڭنىڭ پۈتۈنلەي ئازاد بولۇشىغا ئانچە ئۇزۇن ۋاقىت قالمىدى»، دېگەن قۇرلار ھەممىنى خۇشاللىققا چۆمدۈردى.

ئەخمەتجان قاسىمى ماۋزېدۇڭغا يازغان جاۋاب خېتىدە «بىز



خەلق ئۇرۇشىنىڭ ئۇلۇغ غەلىبىسىنى پۈتۈن دۇنيانىڭ ۋە پۈتۈن شىنجاڭ خەلقىنىڭ غەلىبىسى دەپ ھېسابلايمىز. شۇڭا بىز قەدىردان ماۋزېدۇڭ ئەپەندىگە ئەڭ يۈكسەك قىزغىنلىق بىلەن مىننەتدارلىقىمىزنى ۋە خۇشاللىقىمىزنى بىلدۈرىمىز ھەمدە بېيپىڭغا ۋەكىل ئەۋەتىپ يېڭى سىياسىي مەسلىھەت كېڭەشى يىغىنىغا قاتناشتۇرىمىز»، دەپ جاۋاب قايتۇردى.

ئەخمەتجان قاسىمى باشلىق ئىسھاقبېك مۇنونوف، ئابدۇكېرىم ئابباسوف، دەلىلقان سۇگۇربايوف، لۇجىز قاتارلىق بەش نەپەر شىنجاڭ ۋەكىلى تولۇپ تاشقان قىزغىنلىق ۋە چەكسىز خۇشاللىق بىلەن يېڭى سىياسىي مەسلىھەت كېڭەشىگە قاتنىشىش ۋە رەئىس ماۋزېدۇڭ باشلىق مەركەز رەھبەرلىرى بىلەن يۈز كۆرۈشۈشنى ئارزۇ قىلىپ، 1949 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى غۇلجىدىن سوۋېت ئىتتىپاقى ئارقىلىق سەپەرگە ئاتلاندى. ئەپسۇسكى، بەختكە قارشى 8 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ بايقال كۆلى رايونىدا ھاۋانىڭ ناچارلىقىدىن ئايروپىلان تاغقا سوقۇلۇپ، سەپەر ئۈستىدە ۋەكىللىرىمىز ھادىسىگە ئۇچرىدى. ئەخمەتجان قاسىمى باشلىق رەھبەرلىرىمىزنىڭ ۋاقىتسىز ۋاپاتى ئۈچ ۋىلايەت ۋە پۈتۈن شىنجاڭ خەلقى ئۈچۈن ئېغىر مۇسىبەت بولدى.

رەئىس ماۋزېدۇڭ بۇ ھادىسە مۇناسىۋىتى بىلەن يوللىغان تېلېگراممىسىدا «بۇ شىنجاڭ خەلقى ۋە جۇڭگو خەلقى ئۈچۈن غايەت زور يوقىتىش، مەن بۇنىڭغا چوڭقۇر تەزىيە بىلدۈرىمەن. ئەخمەتجان قاسىمى قاتارلىق بەش يولداش ھايات ۋاقتىدا شىنجاڭ خەلقىنىڭ ئازادلىق ئىشلىرى ئۈچۈن قەھرىمانلارچە كۈرەش قىلىپ، ئەڭ ئاخىرىدا جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنى قۇرۇش يولىدا قۇربان بولدى. ئۇلار پۈتۈن جۇڭگو خەلقىنىڭ مەڭگۈ خاتىرىلىشىگە ئەرزىيدۇ»، دەپ يېزىلغانىدى.

ئەخمەتجان قاسىمى باشلىق ئۈچ ۋىلايەت رەھبەرلىرى سەپەر

ئۇستىدە ھادىسىگە ئۇچرىغاندىن كېيىن، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتى يېڭىدىن ئۈچ كىشىلىك ۋەكىللەر ئۆمىكى تەشكىللەپ، يېڭى سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى يىغىنىغا قاتنىشىشنى تەلەپ قىلدى. بۇنىڭغا ئاساسەن ئىككىنچى قېتىم سەيپىدىن ئەزىزى، ئالىمجان ھاكىمبايوف، تۇجىڭلاردىن تەركىب تاپقان يېڭى ۋەكىللەر ئۆمىكى 9 - ئاينىڭ 3 - كۈنى غۇلجىدىن يولغا چىقتى. مەزكۇر ئۆمەك سوۋېت ئىتتىپاقى ئارقىلىق بېيجىڭغا بېرىپ، ماۋجۇشى باشلىق رەھبەرلەر بىلەن كۆرۈشۈپ، بىرىنچى نۆۋەتلىك يېڭى سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشىنىڭ يىغىنىغا قاتناشتى. سەيپىدىن ئەزىزى يىغىندا شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىگە ۋاكالىتەن سۆز قىلدى. ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئادىتى بويىچە رەئىس ماۋزېدۇڭغا بۆك ۋە تون كىيگۈزدى. ماۋجۇشى تيەنئەنمېن راۋىقىدا جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ قۇرۇلغانلىقىنى جاكارلىغان تەنتەنىلىك مۇراسىمدا بىللە بولدى. بۇ ئۈچ ۋىلايەت خەلقى ئۈچۈن ۋە پۈتۈن شىنجاڭ خەلقى ئۈچۈن زور شەرەپ بولدى.

جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ قۇرۇلۇشى دۇنيا تارىخىدا ئۆكتەبىر ئىنقىلابىدىن كېيىنكى زور ۋەقە بولدى. يېرىم فېئوداللىق، يېرىم مۇستەملىكىلىك جۇڭگو قەد كۆتۈرۈپ قۇدرەتلىك سوتسىيالىستىك دۆلەت بولۇش يولىدا، گىگانت قەدەم تاشلىدى. بۇ ئۆزگىرىش پۈتۈن دۇنيانى زىلزىلىگە سالدى.

جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ مەيدانغا كېلىشىنى ئۈچ ۋىلايەت خەلقى زور خۇشاللىق ۋە تەنتەنە بىلەن كۈتىۋالدى. گېزىتلەر خۇش خەۋەرلەر بىلەن تولدى. باش ماقالە ۋە ئوبزورلار ئېلان قىلىندى. شەھەر ۋە يېزىلاردا خۇشاللىق نامايىشلىرى بولدى. مىڭلىغان ئادەملەر قاتناشقان تەبرىك يىغىنلىرى چاقىرىلدى. خەلق شاتلىق ۋە خۇشاللىققا چۆمدى.

جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكىدىكى



خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ غەربىي شىمالدىكى شانلىق غەلىبىسى، شىنجاڭنىڭ تىنچلىق بىلەن ئازاد بولۇشى ئۈچۈن ئاساس ياراتتى ۋە يول ئاچتى. بۇ شىنجاڭنىڭ تىنچلىق بىلەن ئازاد بولۇشىدىكى ھەل قىلغۇچ ئامىل ئىدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە بۇنىڭغا شىنجاڭنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى تەرەپلەرمۇ ئوبدان ماسلاشتى. بۇنىڭدا ئۈچ ۋىلايەتمۇ ئالاھىدە رول ئوينىدى. خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ شىنجاڭغا كىرىشىنى كۈتۈۋېلىش ئۈچۈن تەلمۈرۈپ تۇرغان ئۈچ ۋىلايەتنىڭ 621 مىڭدىن ئوشۇق جەڭگىۋار خەلقى، 14 مىڭدىن ئوشۇق مۇنتىزىم ئارمىيىسى بار ئىدى. مىللىي ئارمىيىنىڭ سانى گەرچە ئاز بولسىمۇ، گومىنداڭ تەرىپىنىڭ شىنجاڭدىكى 100 مىڭدىن ئارتۇق ئارمىيىسىگە تاقابىل تۇرغان ۋە ئۇنى ئىسكەنجىگە ئېلىپ تۇرغانىدى. بۇ ھەقتە جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتى 1949 - يىلى 10 - ئاينىڭ 20 - كۈنى پېڭ دېخۇەيگە يوللىغان تېلېگراممىسىدا «مىللىي ئارمىيە ئۆتكەندىكى بىرقانچە يىلدا ئۆزىنىڭ ئىنقىلابىي ھەرىكىتى بىلەن گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ 100 مىڭ كىشىلىك قوشۇنىنى ئىسكەنجىگە ئېلىپ، جۇڭگو ئىنقىلابىغا ماسلىشىش جەھەتتە ناھايىتى زور رول ئوينىدى»، دەپ كۆرسەتكەنىدى. پېڭ دېخۇەي جيۇچۈەندە خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ شىنجاڭغا كىرىشىنى كۈتۈۋېلىش ئۆمىكىدىكىلەرگە شىنجاڭنىڭ تىنچلىق بىلەن ئازاد بولۇشى ھەققىدە، ئۈچ ۋىلايەتنىڭ ئوينىغان رولى توغرۇلۇق «ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى كۈچىنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى، شىنجاڭنىڭ تىنچ يول بىلەن ھەقىقەتكە قايتىشىدا زور رول ئوينىدى» دېگەنىدى.

شىنجاڭنىڭ تىنچلىق بىلەن ئازاد بولۇشىدا يەتتە ۋىلايەت (گومىنداڭ ھۆكۈمرانلىق قىلغان ۋىلايەتلەر يەنى ئۈرۈمچى، قۇمۇل، قارا شەھەر، ئاقسۇ، قەشقەر، يەكەن، خوتەن ۋىلايەتلىرى) تەرەپنىڭمۇ رولى زور بولدى. بۇ جەھەتتە گېنېرال تاۋسىيۇ

ۋە رەئىس بۇرھان شەھىدىلەر ئالاھىدە خىزمەت كۆرسەتتى. ئۇلار ھەربىي ۋە ھۆكۈمەت خادىملىرىگە باشچىلىق قىلىپ ھەقىقەتكە قايتتى. يەتتە ۋىلايەتتە قانلىق توقۇنۇشلارنىڭ يۈز بېرىشىنى، بىگۇناھ خەلقنىڭ خانىۋەيران بولۇشىنى توساپ قالدى.

1949 - يىلى 9 - ئاينىڭ 25 - كۈنى تاۋسىيۈ باش بولۇپ، ھەرقايسى دىۋىزىيە، بىراگادا كوماندىرلىرى بىرلىشىپ رەئىس ماۋزېدۇڭ ۋە خەلق ئىنقىلابىي ھەربىي ئىشلار كومىتېتىغا ھەقىقەتكە قايتقانلىقىنى جاكارلاپ تېلېگرامما يوللىدى. تېلېگراممىدا: «بۈگۈندىن ئېتىبارەن گوۋاڭجۇ ھۆكۈمىتى بىلەن بولغان ئالاقىنى ئۈزدۇق، ماۋجۇشىنىڭ سەككىز ماددىلىق تىنچلىق باياناتىنى ۋە دۆلەت ئىچىدىكى تىنچلىق كېلىشىمىنى سەممىي قوبۇل قىلىمىز»، دېيىلگەن. 9 - ئاينىڭ 26 - كۈنى رەئىس بۇرھان شەھىدىمۇ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ئەزالىرى نامىدىن ھەقىقەتكە قايتىش تېلېگراممىسى يوللىدى.

رەئىس ماۋزېدۇڭ، باش قوماندان جۇدېلار گېنېرال تاۋسىيۈ ۋە رەئىس بۇرھان شەھىدىلەرگە يوللىغان جاۋاب تېلېگراممىسىدا: «بىز سىلەرنىڭ مەيدانىڭلارنى توغرا دەپ قارايمىز. سىلەر گوۋاڭجۇ ئەكسىيەتچى قالدۇق ھۆكۈمىتىدىن ئالاقىنى ئۈزۈپ، خەلق دېموكراتىيە لاگېرىغا ئۆتۈپ، خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشىنىڭ رەھبەرلىكىنى قوبۇل قىلىمىز، مەركىزىي خەلق ھۆكۈمىتى ۋە خەلق ئىنقىلابىي ھەربىي ئىشلار كومىتېتىنىڭ بۇيرۇقىغا ۋە بىر تەرەپ قىلىشىغا بويسۇنىمىز، دەپ بايانات ئېلان قىلدىڭلار. بۇ پوزىتسىيەڭلار پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنىڭ ئارزۇسىغا ئۇيغۇن كېلىدۇ. بۇنىڭدىن ئىنتايىن خۇشال بولدۇق»، دېيىلگەن.

شىنجاڭنىڭ تىنچلىق بىلەن ئازاد بولۇشى شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىگە زور خۇشاللىق ئېلىپ كەلدى. بۇ مۇناسىۋەت بىلەن مۇلجىدا 30 مىڭ كىشىلىك تەبرىك يىغىنى ئۆتكۈزۈلدى.



جايلار ھەر خىل ئۇسۇل ۋە شەكىللەر ئارقىلىق تەبرىكلەش پائالىيەتلىرىنى ئۆتكۈزدى. تەبرىك يىغىنىدىن كېيىن، «شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقى»نىڭ مۇۋەققەت رەئىسى ئەسئەت ئىسھاقوف ھەر مىللەت خەلقىگە ۋاكالىتەن 9 - ئاينىڭ 28 - كۈنى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ رەئىسى ماۋزېدۇڭغا تەبرىك تېلېگراممىسى يوللىدى. بۇنىڭغا جاۋابەن رەئىس ماۋزېدۇڭ «ئىلى، تارباغاتاي، ئالتاي ۋىلايەتلىرى خەلقىنىڭ كۈرىشى، پۈتۈن شىنجاڭنىڭ ئازادلىقى ۋە پۈتۈن جۇڭگونىڭ ئازادلىقى ئۈچۈن قوشۇلغان مۇھىم تۆھپە»، دەپ كۆرسەتتى.

9 - ئاينىڭ 24 - كۈنى خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ 1 - دالا ئارمىيىسى گەنسۇ ئۆلكىسىنىڭ جيۇچۇەن شەھىرىنى ئازاد قىلىپ، شىنجاڭنىڭ دەرۋازىسىغا يېتىپ كەلدى. رەئىس ماۋزېدۇڭ قوشۇننى باشلاپ شىنجاڭغا كىرىش ئالدىدا تۇرغان خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى 1 - بىڭتۇەنىنىڭ قوماندانى ۋاڭ جېنغا: «سىلەرنىڭ شىنجاڭغا كىرىشتىكى ئاساسلىق ۋەزىپەڭلار، ھەر مىللەت خەلقى ئۈچۈن كۆپرەك ياخشى ئىش قىلىپ بېرىش، سىلەر تارىختا ئازسانلىق مىللەتلەرنى ئەزگەن ئەكسىيەتچىل ھۆكۈمرانلارنىڭ قەرزىنى تۆلەش روھى بويىچە خىزمەت ئىشلىشىڭلار كېرەك»، دەپ يوليورۇق بەردى. 10 - ئاينىڭ 10 - كۈنى خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى 1 - بىڭتۇەنىنىڭ ئالدىن يۈرگۈچى قىسمى شىنجاڭغا يۈرۈش قىلدى. 10 - ئاينىڭ 20 - كۈنى بۇ قىسىمنىڭ ئۇرۇش ئاپتوموبىللىرى تۇەنى ئۈرۈمچىگە يېتىپ كېلىپ، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ قىزغىن قارشى ئېلىشىغا ئېرىشتى.

خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ شىنجاڭغا كىرىشى مۇناسىۋىتى بىلەن «شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقى» مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئورگان گېزىتى - «ئالغا»

، «ئومۇمىي خەلق ھەرىكەتكە كېلىپ، خەلق ئازادلىق ئارمىيەسىدىن ھال سوراش پائالىيەتلىرىگە ئاكتىپ قاتنىشايلى» دېگەن سەرلەۋھەدە باش ماقالە ئېلان قىلدى. «شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقى» مەركىزىي تەشكىلىي كومىتېتى غۇلجىدا 37 - سانلىق مەجلىس چاقىرىپ، شىنجاڭغا كىرگەن خەلق ئازادلىق ئارمىيەسىدىن ھال سوراش توغرىسىدا قارار چىقاردى. يەنە 39 - سانلىق يىغىن چاقىرىپ خەلق ئازادلىق ئارمىيەسىنىڭ شىنجاڭغا كىرىشىنىڭ ئەھمىيىتىنى ۋە نۆۋەتتىكى ۋەزىيەتنى ھەر مىللەت خەلقىگە كەڭ تەشۋىق قىلىش ئۈچۈن، ناھىيىلەرگە ئادەم ئەۋەتىش توغرۇلۇق قارار قوبۇل قىلدى. خەلق ئازادلىق ئارمىيەسىنىڭ شىنجاڭغا كىرگەنلىكىنى قىزغىن قارشى ئېلىش توغرۇلۇق تەشۋىقات - تەرغىبات ئىشلىرى كەڭ ئېلىپ بېرىلدى. خەلق ئۆزىنىڭ نىجاتكارى خەلق ئازادلىق ئارمىيەسىنىڭ شىنجاڭغا كىرگەنلىكىنى قىزغىن قارشى ئالدى ۋە ماددىي، مەنىۋى جەھەتتە ياردەم بېرىش ھەرىكىتىنى يۇقىرى دولقۇنغا كۆتۈردى. پۇلى بارلار پۇلى بىلەن، مېلى بارلار مېلى بىلەن، چارۋىچىلار چارۋىسى بىلەن، دېھقانلار ئاشلىقى بىلەن ياردەم قولىنى سۇندى. بۇ ھەر مىللەت خەلقىنىڭ خەلق ئازادلىق ئارمىيەسىنى قىزغىن قارشى ئالغانلىقىنىڭ ئەمەلىي ئىپادىسى ئىدى.

«شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقى» نىڭ مۇۋەققەت رەئىسى ئەسئەت ئىسھاقوفنىڭ باشچىلىقىدا خەلق ئازادلىق ئارمىيەسىدىن ھال سوراش ئۆمىكى تەشكىل قىلىنىپ، «جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيەسىنى قارشى ئالىمىز» دېگەن قىزىل لوزۇنكا ئېسىلغان 37 ئاپتوموبىلدىن تەركىب تاپقان ئاپتوموبىل ئەترىتى ئۈرۈمچىگە قاراپ يولغا چىقىپ، ئۈچ ۋىلايەت خەلقىنىڭ مېھىر - شەپقىتىنى خەلق ئازادلىق ئارمىيەسىگە يەتكۈزدى.



بۇ كۈنلەردە ئىتتىپاق مەركىزىي كومىتېتى تەشكىلىي ھەيئىتىنىڭ خىزمىتى بەك ئالدىراش بولۇپ كەتتى. ئۈچ ۋىلايەت ئىشلىرىغا رەھبەرلىك قىلىش، جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلۇشى مۇناسىۋىتى بىلەن قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلار، خەلق ئازادلىق ئارمىيەسىنىڭ شىنجاڭغا كىرىش مۇناسىۋىتى بىلەن تەشۋىق - تەربىيە خىزمەتلىرىنى ئوبدان ئىشلەش ۋە ياردەم توپلاش، مەملىكەتلىك سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى يىغىنىغا قاتناشقان ۋەكىللەرنى كۈتۈۋېلىش، ئەخمەتجان قاسىمى باشلىق ئىنقىلابىي قۇربانلارنىڭ تەزىيە ئىشلىرىنى بىر تەرەپ قىلىش، تەشكىل قىلىنغۇچى ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتكە تەييارلىق قىلىش، ئۈرۈمچىگە بارىدىغان خىزمەتچىلەر ئۈستىدە ئويلىشىش قاتارلىق خىزمەتلەرنى ئىشلىدى.

سەيپىدىن ئەزىزى مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەش يىغىنىنىڭ روھىنى يەتكۈزدى ۋە ئىزچىللاشتۇرۇش توغرۇلۇق تەدبىرلەرنى ئوتتۇرىغا قويدى. نۆۋەتتىكى مۇھىم ئىشلارنى بىر تەرەپ قىلغاندىن كېيىن، «شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقى» ، ئۈچ ۋىلايەت مىللىي ئارمىيەسى، ئىلى ۋالىي مەھكىمىسىدىكى 31 كىشىدىن تەركىب تاپقان ئۆمەكنى باشلاپ، شىنجاڭ ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتى قۇرۇش يىغىنىغا قاتنىشىش ئۈچۈن، 12 - ئاينىڭ 14 - كۈنى ئايروپىلان بىلەن غۇلجىدىن ئۈرۈمچىگە قاراپ يولغا چىقتى.

1949 - يىلى 12 - ئاينىڭ 17 - كۈنى شىنجاڭ ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتى تەشكىل قىلىندى. بۇ مۇراسىمگە مۇئاۋىن باش قوماندان پېڭ دېخۇەي قاتناشتى. شىنجاڭ ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتىگە بۇرھان شەھىدى رەئىسلىككە، گاۋجىنچۈن، سەيپىدىن ئەزىزىلەر مۇئاۋىن رەئىسلىككە تەيىنلەندى. خەلق ھۆكۈمىتى 33 ئەزادىن تەركىب تاپقان بولۇپ، بۇنىڭ 13 نەپىرى «شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقى» نىڭ مەس-

ئۈل كادىرلىرى ئىدى. ئۇلار: سەيپىدىن ئەزىزى، قېيۇمبەگ
خوجا، لېسكىن، غېنى، ئەنۋەر جاكۇلىن، ئەنۋەر خانبابا، ئەس-
ئەت ئىسھاقوف، ئىبراھىم تۇردى، پاتىقان سۇگۇربايوف، ئابدۇ-
راخمان مۇھىتى، شۇمۇتوۋ، داشچاپ مىڭجۇنوۋ، ئۇبۇلخەيرى
تۆرىلەردىن ئىبارەت.
خىزمەت ئېھتىياجى بىلەن، 1950 - يىلى 1 - ئايدا «شىن-
جاڭدا تىنچلىق ۋە خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقى»
مەركىزىي كومىتېتى ئۈرۈمچىگە كۆچۈپ كەلدى.

## شىنجاڭ خەلق دېموكراتىيە ئىتتىپاقى

شىنجاڭ ئازاد بولۇپ جۇڭگو كومپارتىيىسى شىنجاڭ شۆبە
بيۇروسى، ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن،
«شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقى»
ئۆز خىزمىتىنى ئۈرۈمچىدە داۋام قىلدۇردى.
«شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتى-
پاقى» نىڭ ئاساسلىق ۋەزىپىسى ھەر مىللەت خەلقىنى ئىتتىپاق-
لاشتۇرۇپ ۋە تەشكىللەپ، گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ ھۆ-
كۈمرانلىقىغا ۋە ئۇنىڭ ھىمايەتچىسى ئامېرىكا جاھانگىرلىكى ۋە
يەرلىك ئەكسىيەتچىلەرگە قارشى تۇرۇش، دېموكراتىك خەلق
ھاكىمىيىتى قۇرۇش، تىنچلىق ۋە دېموكراتىيىنى قوغداش بو-
لۇپمۇ، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى رەھبەرلىكىدىكى جۇڭ-
گو خەلق ئىنقىلابىنىڭ غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈرۈش كۈرىشىدە
ئۆزىنىڭ تۆھپىسىنى قوشۇشتىن ئىبارەت ئىدى. بۇنىڭغا ئاسا-
سەن ئىتتىپاق ھەر مىللەت خەلقىنىڭ بىرلىك ئىتتىپاقىنى مۇس-
تەھكەملەش، گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ زوراۋانلىقىغا قار-
شى قەتئىي كۈرەش قىلىش، ئىنقىلابىي ھاكىمىيەتنى قۇرۇش
ۋە مۇستەھكەملەش، ئىنقىلابىي قوراللىق كۈچلەرگە رەھبەرلىك



قىلىش، خەلقنىڭ تىنچ تۇرمۇشىنى قوغداش، دېھقانچىلىق، چار-
ۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىشىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش، مەدەنىيەت
مائارىپ ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇرۇش، ئەزالارنى ۋە ھەر مىللەت
خەلقىنى تەربىيىلەش، جۇڭگو خەلق ئىنقىلابىنىڭ غەلىبىسىنى
قولغا كەلتۈرۈش جەھەتلەردە نۇرغۇن خىزمەتلەرنى ئىشلىدى.
نۇرغۇنلىغان ھەر مىللەت كادىرلىرىنى يېتىشتۈردى. بۇنىڭ بى-
لەن ئۆلكىمىز ئازاد بولغاندىن كېيىنكى ئىشلارنىڭ قانات يايدۇ-
رۇلۇشىغا پايدىلىق شارائىت ياراتتى.
شىنجاڭ تىنچلىق بىلەن ئازاد بولغاندىن كېيىن، ئۆلكە
ۋەزىيىتىدە ئالەمشۇمۇل ئۆزگىرىش بولدى. مۇھىمى ھەممە ئىش
جۇڭگو كومپارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكىدە ئېلىپ بېرىلىدىغان بول-
دى. ئەلۋەتتە «شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە خەلقچىللىقنى ھىمايە قى-
لىش ئىتتىپاقى» جۇڭگو كومپارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكىنى قو-
بۇل قىلىشى ۋە جۇڭگو كومپارتىيىسى شىنجاڭ شۆبە بيۇروسى-
نىڭ رەھبەرلىكىدە ئىش ئېلىپ بېرىشى كېرەك ئىدى. شۇنىڭ
ئۈچۈن ئۇنىڭ نىزامنامىسىنى قايتىدىن قاراپ چىقىش، ئۇنىڭ
نۆۋەتتىكى ۋەزىپىلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇش زۆرۈر ئىدى. مۇشۇ
مەقسەتتە 1950 - يىلى 6 - ئاينىڭ 3 - كۈنى ئۈرۈمچىدە
«شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقى»
نىڭ 1 - نۆۋەتلىك ۋەكىللەر يىغىنى چاقىرىلدى. بۇ يىغىن
چوڭقۇر ئەھمىيەتكە ئىگە تەنتەنىلىك يىغىن بولدى. يىغىنغا ئىت-
تىپاق ۋەكىللىرىدىن 70 نەپەر، ئالاھىدە تەكلىپ قىلىنغان ۋە-
كىللەر 20 نەپەر، ئىدارە، جەمئىيەت ۋەكىللىرى 45 نەپەر،
خەلق ئازادلىق ئارمىيە ۋەكىللىرى بەش نەپەر، ئۆلكىلىك ھەيئەت
ئەزالىرى 10 نەپەر، يەتتە ۋىلايەت ۋەكىللىرى 13 نەپەر، دىنىي
ساھە ۋەكىللىرى ئىككى نەپەر بولۇپ، 165 ۋەكىل قاتناشتى.
يىغىندا «شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە خەلقچىللىقنى ھىمايە قى-
لىش ئىتتىپاقى» نىڭ مۇۋەققەت رەئىسى سەيپىدىن ئەزىزى سى-

ياسىي دوكلات بەردى. ئىبراھىم تۇردى ئومۇمىي دوكلات قىلدى. جۇڭگو كومپارتىيىسى شىنجاڭ شۆبە بيۇروسىنىڭ دائىمىي ھەيئەت ئەزاسى دېڭ لىچۈن پارتىيىگە ۋاكالىتەن، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى گاۋ جىنچۈن ھۆكۈمەتكە ۋە رەئىس بۇرھان شەھىدىگە ۋاكالىتەن تەبرىك سۆزى قىلدى. ھەر مىللەت مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىلىرىنىڭ ۋەكىللىرى ۋە ئىدارە جەمئىيەت ۋەكىللىرى ئارقا ـ ئارقىدىن يىغىننى تەبرىكلىدى ۋە سۆزگە چىقىشلار بولدى. يىغىندا سىياسىي دوكلات ماقۇللاندى. «شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقى» نىڭ نامى «شىنجاڭ خەلق دېموكراتىيە ئىتتىپاقى» دەپ ئۆزگەرتىلدى. ئۆزگەرتىلگەن نىزامنامىنى ۋاقىتلىق پروگرامما ۋە نىزامنامە دەپ قوبۇل قىلىندى. ئىتتىپاقنىڭ مەركىزىي ھەيئەت ئەزالىرى ۋە كاندىدات ئەزالىرى، مەركىزىي ئىجرائىيە ھەيئەت ئەزالىرى ۋە كاندىدات ئەزالىرى، رەئىس مۇئاۋىن رەئىسلىرى ۋە تەپتىش ھەيئىتى سايلاندى.

مەركىزىي ھەيئەت ئەزالار 50 نەپەر بولۇپ، ئۇلار: سەيپىدىن ئەزىزى، گاۋجىنچۈن، دېڭ لىچۈن، سەيدۇللا سەيپۇللايوف، ئابدۇللا زاكىروف، پاتىقان سۇگۇربايوف، ئوسمان زىيام، ئەنۋەر خانبابا، مۇھەممەت ئىمىن ئىمىنوف، راۋجىنگشى، ئابدۇقادىر زۇنۇن، تەۋەي خانىم، بۇرھان شەھىدى، چېن شىخۋا، ئۇيغۇر سايرانى، لېسكىن، ئەنۋەر جاكۇلىن، ئابلىمىت ھاجىيوف، ئەسئەت ئىسھاقوف، ئېردە بولغونوف، ئابدۇكېرىمخان مەخسۇم، داشچاپ، قاسىمجان قەمبىرى، ئىسمائىل يۈسۈپ، ئاۋكەن، ئابلىز مۇھەممىدى، لى ۋېيشىن، رىزۋان ناسىروۋا، غېنى باتۇر، يوجەنلىن، ئابدۇللاجان، ئەن شىئو، چېن باۋشەن، ئايىم ئەزىزىۋا، ئىبراھىم تۇردى، نىزامىدىن، مەقسۇت ئاخۇن، ئابدۇراخمان مۇھىتى، مۇھەممەت ئىمىن خەلپەت ھاجى، خې رۇي، پاتىخ باتۇر، سەيىت قۇربان، قېيۇمبەگ خوجا، دېلىن



گىئورگى، يۇچاڭجى، مۇھەممەت ئىلى، ئەھمەتئىلى سىيتبايوف، گاۋۋېيپىڭ، مۇھەممەت ئەيسا، مىنجامال، خەلپەت سۇزۇك ھاجىلار، كاندىدات ئەزالىرى 10 نەپەر بولۇپ، ئۇلار: ئابدۇلئەزىز مامۇت، ئابدۇرېھىمجان ھەسەنوف، مۇقاش جەكە، نەبجان، سىدىق مۇسايوف، نۇسرەت شەھىدى، زىيا سەمەدى، گارشا، مومۇزا، قۇربان ئەلىلار.

ئىتتىپاق باش ئىجرائىيە ھەيئىتى ئەزاسى 15 نەپەر بولۇپ، ئۇلار: سەيپىدىن ئەزىزى، خې رۇي، ئابدۇكېرىمجان مەخسۇم، ئەنۋەر جاكۇلىن، دېڭ لىچۈن، راۋجىنگشى، بۇرھان شەھىدى، سەيدۇللا سەيپۇللايوف، ئەنۋەر خانبابا، ئەسئەت ئىسھاقوف، داشچاپ، تەۋەي خانىم، چېن شىخۋا، يوجەنلىن، ئۇيغۇر سايرانىلار. كاندىدات ئەزالىرى ئىككى نەپەر بولۇپ، ئۇلار: ئابلىمىت ھاجىيوف، ئىبراھىم تۇردىلار.

رەئىسى: سەيپىدىن ئەزىزى، مۇئاۋىن رەئىسلەر: خې رۇي، ئابدۇكېرىمخان مەخسۇم، ئەنۋەر جاكۇلىنلار.

تەپتىش ھەيئىتى يەتتە نەپەر بولۇپ، ئۇلار: ئابدۇللا زاكىروف (باشلىق)، ئاۋكەن، چېن باۋشەن، دېلىن گىئورگى، ئابدۇراخمان مۇھىتى، نىزامىدىن، زىيا سەمەدىلەر.

يىغىن ئاخىرىدا مۇراجىئەتنامە قوبۇل قىلىندى. ماۋزېدۇڭ ۋە پېڭ دېخۇەيلەرگە تېلېگرامما يوللاندى. شۇنىڭ بىلەن 1 ـ نۆۋەتلىك ۋەكىللەر يىغىنى ئۆز ۋەزىپىسىنى ئۇتۇقلۇق ئورۇندىدى.

نىزامنامىدا شىنجاڭ دېموكراتىيە ئىتتىپاقىنىڭ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكىدە ھۆكۈمەتكە ياردەملىشىپ، ئورتاق پروگراممىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن كۈرەش قىلىش ۋەزىپىسى ئېنىق كۆرسىتىلدى.

ۋەكىللەر يىغىنىدىن كېيىن، شىنجاڭ دېموكراتىيە ئىتتىپاقىنىڭ خىزمىتى پۈتۈن شىنجاڭ بويىچە قانات يايدۇرۇلدى.

بۇرۇنقى ھەر مىللەت مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىلىرى ئەمەلدىن
قالدۇرۇلۇپ، شىنجاڭ دېموكراتىيە ئىتتىپاقىغا ئۆتكۈزۈپ بې-
رىلدى. شۇنىڭ بىلەن مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىلىرىنىڭ مائا-
رىپ، مەدەنىيەت، سەنئەت، ئۆشرە - زاكات ۋە باشقا جەھەتتىكى
ھەممە ئىشلىرىغا شىنجاڭ خەلق دېموكراتىيە ئىتتىپاقى مەسئۇل
بولىدىغان بولدى. يەتتە ۋىلايەتتە شىنجاڭ دېموكراتىيە ئىتتىپا-
قىنىڭ تەشكىللىرىنى قۇرۇش، ئەزا قوبۇل قىلىش ئىشلىرى
تېزلىك بىلەن تەرەققىي قىلدى.

«شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتى-
پاقى»نىڭ ئۆلكە ئازاد بولغانغا قەدەر ئىلى، تارباغاتاي، ئالتاي
ۋىلايەتلىرىدىكى ئەزالىرىنىڭ ئومۇمىي سانى 77 مىڭ 394 نەپەر
ئىدى. 1951 - يىلى 7 - ئايغا قەدەر تەرەققىي قىلدۇرۇلغان
ئەزا 27 مىڭ 252 كىشىگە يەتتى.① ۋىلايەتلىك كومىتېت 9
(ئەسلى ئۈچ ئىدى) غا، ناھىيىلىك كومىتېت 76 (ئەسلى 27
ئىدى) غا، ئەزالار ئومۇمىي سانى 104 مىڭ 646 كىشىگە يەتتى.
بۇنىڭ ئىچىدە ئۇيغۇرلار بىلەن قازاقلارنىڭ ھەرقايسىسى 42%
دىن، موڭغۇل، خەنزۇ، خۇيزۇ، شىبە، ئۆزبېك، تاتار، رۇس
قاتارلىق 11 مىللەت 16%نى تەشكىل قىلدى. بۇنىڭدىن دېھقانلار
42%نى، چارۋىچىلار 20%نى، ئوقۇتقۇچىلار 11%نى، ئىشچىلار
10%نى، ئائىلە ئاياللىرى 8%نى، قول - ھۈنەرۋەنلەر 5%نى،
سودىگەرلەر، ئوقۇغۇچىلار، پومېشچىكلار ۋە دىنىي خادىملار 4%
نى تەشكىل قىلدى.

شىنجاڭ خەلق دېموكراتىيە ئىتتىپاقى 1954 - يىلغىچە
بولغان تۆت يىل جەريانىدا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ
رەھبەرلىكىدە، خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ياردىمى، خەلق تەشكىلاتلى-
رىنىڭ ھەمكارلىقى ۋە پۈتۈن ئىتتىپاق ئەزالىرىنىڭ تىرىشىشى

① 1951 - يىلى 7 - ئاينى مىسالغا ئېلىشتىكى سەۋەب، شۇنىڭدىن كېيىن ئەزا قوبۇل قىلىنماي، ئىتتىپاقنى تەرتىپكە سېلىش ئېلىپ بېرىلدى.



ئارقىسىدا، نۇرغۇنلىغان نەتىجىلىك خىزمەتلەرنى ئىشلىدى. پار-
تىيە سىياسەتلىرىنى تەشۋىق قىلدى، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ
دوستلۇقى ۋە ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتتى، مەدەنىيەت، مائارىپ
جەھەتلەردە كۆزگە كۆرۈنەرلىك خىزمەتلەرنى قىلدى. بارلىق
ئىتتىپاق ئەزالىرىنى سەپەرۋەر قىلىپ، ھۆكۈمەتنىڭ تۈرلۈك
خىزمەت ۋەزىپىلىرىنى ئورۇندىدى. ئەكسىلئىنقىلابچىلارنى باس-
تۇرۇش، ئامېرىكا جاھانگىرلىكىگە قارشى تۇرۇپ چاۋشيەنگە
ياردەم بېرىش، ئىجارە كېمەيتىش، زومىگەرلەرگە قارشى تۇ-
رۇش، «ئۈچكە قارشى تۇرۇش»، «بەشكە قارشى تۇرۇش»، يەر
ئىسلاھاتى قاتارلىق خىزمەتلەرنى ئىشلەشكە يېقىندىن ماسلاشتى.

ۋەزىيەت تەقەززاسى بىلەن شىنجاڭ دېموكراتىك ئىتتىپاقى
باش ھەيئىتى ئىتتىپاقنىڭ ھازىرقى ئەھۋالى ۋە بۇنىڭدىن كېيىن-
كى رولى ئۈستىدە قايتا - قايتا مۇزاكىرە ئېلىپ بېرىپ، نەتىجى-
دە ئىتتىپاق ئۆزىنىڭ تارىخىي ۋەزىپىسىنى ئورۇنداپ بولدى،
ئۇنى تارقىتىۋېتىش لازىم، دېگەن پىكىرگە كەلدى. 1953 -
يىلى 6 - ئايدا رەئىس سەيپىدىن ئەزىزىنىڭ رىياسەتچىلىكىدە،
ئىتتىپاقنىڭ پارتىيىلىك مەسئۇل كادىرلىرى مەجلىسى چاقىرى-
لىپ، ئىتتىپاقنىڭ ھازىرقى ئەھۋالى ۋە بۇنىڭدىن كېيىنكى
رولى ئۈستىدە ئەتراپلىق مۇزاكىرە ئېلىپ بېرىلدى. مۇزاكىرە
نەتىجىسىدە ئىتتىپاق ئۆزىنىڭ تارىخىي ۋەزىپىسىنى ئورۇنداپ
بولدى، ئىتتىپاقنى تارقىتىۋېتىش لازىم، دېگەن خۇلاسىگە كەل-
دى. بۇ پىكىرلەرگە ئاساسەن ئىتتىپاقنىڭ رەئىسى سەيپىدىن
ئەزىزى ئىتتىپاق باش ھەيئىتى نامىدىن ئىتتىپاق ئۆزىنىڭ تارى-
خىي ۋەزىپىسىنى ئورۇنداپ بولدى، ئىتتىپاقنى تارقىتىۋېتىش
كېرەك، دەپ شىنجاڭ ئۆلكىلىك شۆبە بيۇروغا تەكلىپ بەردى.
يۇقىرى دەرىجىلىك پارتىيە ئورۇنلىرى قوشۇلغاندىن كېيىن،
ئىتتىپاقنى تارقىتىش توغرۇلۇق ئەمەلىي خىزمەتلەر باشلىنىپ
كەتتى. خىزمەت سالماقلىق بىلەن، قەدەممۇ قەدەم، باسقۇچلۇق

ئېلىپ بېرىلدى. دەسلەپكى باسقۇچتا 5 - كورپۇس (سابىق مىللىي ئارمىيە) ۋە مايتاغ نېفىتلىكىدىكى ئىتتىپاق تەشكىلى ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى. ئەمەلىي ئەھۋالغا ئاساسەن ۋىلايەتلىك، ناھىيىلىك كومىتېتلارمۇ تەدرىجىي ھالدا خىزمەتتىن توختىتىلدى.

1954 - يىلى 9 - ئايدا شىنجاڭ دېموكراتىيە ئىتتىپاقى باش ھەيئىتى كېڭەيتىلگەن 2 - يىغىنىنى چاقىردى. بۇ قېتىمقى يىغىندا شىنجاڭ خەلق دېموكراتىيە ئىتتىپاقىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ئەنۋەر جاكولىن ئىتتىپاق باش ھەيئىتى نامىدىن دوكلات بەردى. دوكلاتتا ئىتتىپاقنىڭ تۆت يىلدىن بۇياقى قىلغان خىزمەت نەتىجىلىرىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈش بىلەن بىللە، ئىتتىپاقنىڭ ئۆز تارىخىي ۋەزىپىسىنى ئورۇنلاپ بولغانلىقى ۋە ئۇنى تارقىتىۋېتىش لازىملىقى ھەققىدىكى سەۋەبلەر تەپسىلىي ئوتتۇرىغا قويۇلدى. يىغىن دوكلاتنى توغرا دەپ ھېسابلاپ، قوشۇلغاندىن كېيىن، قارار قوبۇل قىلدى. قارارنىڭ تولۇق تېكىستى تۆۋەندىكىچە:

شىنجاڭ خەلق دېموكراتىيە ئىتتىپاقى باش ھەيئىتى كېڭەيتىلگەن 2 - يىغىنىنىڭ قارارى

1954 - يىلى 8 - ئاي

شىنجاڭ خەلق دېموكراتىك ئىتتىپاقى 1948 - يىلى 8 - ئاينىڭ 1 - كۈنى «شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقى» دېگەن نامدا تەشكىل قىلىنغاندىن كېيىن، يولداش ئەخمەتجان قاسىمى باشچىلىقىدىكى تەشكىلىي ھەيئەتنىڭ رەھبەرلىكىدە، ئۆلكە ئازاد بولغانغا قەدەر بولغان مەزگىلدە ئىلى، تارباغاتاي، ئالتايدىن ئىبارەت ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى كۈرىشىدە، ھەر مىللەت خەلقىنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ ۋە سەپەرۋەر قىلىپ، گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ شىنجاڭدىكى ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى ھارماي - تالماي كۈرەش قىلدى. گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ ئۈچ ۋىلايەت خەلقىگە قىلغان سىياسىي، ھەربىي ۋە ئىقتىسادىي ھۇجۇمىنى تارمار قىلىش، ئۈچ ۋىلايەت دېموكراتىك ھاكىمىيىتىنى مۇستەھكەملەش،



ئۈچ ۋىلايەت خەلقىنىڭ خاتىرجەم تۇرمۇشىنى قوغداش، ئۈچ ۋىلايەتنىڭ سىياسىي، ھەربىي، ئىقتىسادى ۋە مەدەنىيەت، مائارىپ جەھەتتىكى تەرەققىياتىغا رەھبەرلىك قىلىش ۋە ئۇنى ئالغا سۈرۈش، مىللەتلەرنىڭ دوستلۇق، ئىتتىپاقلىقىنى ئىلگىرى سۈرۈش كۈرەشلىرىدە غايەت زور غەلىبىگە ئىگە بولدى. ئىتتىپاقنىڭ تۈپ نىشانى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى رەھبەرلىكىدىكى جۇڭگو خەلق ئىنقىلابىنىڭ غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈرۈشتىن ئىبارەت ئىدى. شۇڭا شىنجاڭ خەلق دېموكراتىك ئىتتىپاقى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ شىنجاڭدىكى غەلىبىسىگە شارائىت يارىتىش ئۈچۈن ۋە شىنجاڭنىڭ تىنچ ئازاد بولۇشى ئۈچۈن كۈرەش قىلدى.

ئۆلكىمىز ئازاد بولغاندىن كېيىن، شىنجاڭ خەلق دېموكراتىيە ئىتتىپاقى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكىدە، يېڭى شانلىق ۋەزىپىلەرنى ئورۇنداش يولىدا تۆت يىلدىن كۆپرەك ۋاقىتتىن بۇيان، پارتىيە ۋە خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ تۈرلۈك سىياسەتلىرىنى تەشۋىق قىلىش، مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئىتتىپاقلىق، ھەمكارلىقنى كۈچەيتىش، پۈتۈن ئىتتىپاق ئەزالىرىنى تەربىيىلەپ ۋە سەپەرۋەر قىلىپ خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ھەر مىللەت خەلقىنى تۈرلۈك ئىجتىمائىي ئىسلاھاتلارغا قاتنىشىش ۋە ئۇنى قوغداشقا سەپەرۋەر قىلىشىغا ياردەملىشىش، مىللىي دېموكراتىك بىرلىك سەپنى مۇستەھكەملەش ۋە كېڭەيتىش، خەلق دېموكراتىك دىكتاتورىسىنى مۇستەھكەملەش، تۈرلۈك ئىشلەپچىقىرىش، قۇرۇلۇش، مەدەنىيەت، مائارىپ ئىشلىرىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ۋە راۋاجلاندۇرۇش جەھەتلەردە نۇرغۇن خىزمەتلەرنى ئىشلىدى ۋە تۆھپە ياراتتى. ئۆلكىمىز ئازاد بولغان تۆت يىلدىن كۆپرەك ۋاقىتتىن بۇيان، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ توغرا رەھبەرلىكى ئارقىسىدا سىياسىي، ئىقتىسادى، مەدەنىيەت، مائارىپ جەھەتلەردە غايەت زور نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلدى. جەمئىيەتنىڭ قىياپىتىدە ناھايىتى زور ئۆزگىرىش پەيدا بولدى. پۈتۈن ئۆلكە بويىچە جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى ۋە خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ رەھبەرلىكىدە، بىر قاتار ئىسلاھاتلار ئېلىپ بېرىلدى. ماۋجۇشىنىڭ مىللىي باراۋەرلىك، ئىتتىپاقلىق سىياسىتىنىڭ توغرا ئىزچىللاشتۇرۇلۇشى بىلەن، مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى دوستلۇق - ئىتتىپاقلىق كۈندىن كۈنگە راۋاجلاندى ۋە مۇستەھكەملەندى. تۈرلۈك خىزمەتلەرنىڭ چوڭقۇر قانات يايدۇرۇلۇشىغا ئەگىشىپ، ھەر مىللەت خەلق ئاممىسىنىڭ تەشكىلچانلىقى ۋە سىياسىي ئېڭى

زور دەرىجىدە ئۆستى. تۈرلۈك ئاممىۋى تەشكىلاتلار ۋە ئىجتىمائىي تەشكىلاتلار ئارقا - ئارقىدىن قۇرۇلدى ۋە مۇكەممەللەشتى، مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە تەدرىجىي يولغا قويۇلۇۋاتىدۇ. دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىشى ۋە باشقا ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشلار، مەدەنىيەت، مائارىپ ئىشلىرى كۈندىن كۈنگە راۋاجلاندى. ھەر مىللەت خەلقى ۋەتەنپەرۋەرلىك روھ ۋە ئىجاتچانلىق بىلەن ئىشلەپچىقىرىشنى يولغا قويۇپ، دۆلەتنىڭ ئۆتكۈنچى دەۋردىكى باش ۋەزىپىسىنى تەدرىجىي ئىشقا ئاشۇرۇش يولىدا كۈرەش قىلىۋاتىدۇ.

يۇقىرىدا ئېيتىلغان ئەمەلىي ئەھۋالغا ۋە بۇ قېتىمقى يىغىندا ئىتتىپاقنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ئەنۋەر جاكۇلىننىڭ قىلغان دوكلاتىغا ئاساسەن، شىنجاڭ خەلق دېموكراتىك ئىتتىپاقى ئۆزىنىڭ تارىخىي ۋەزىپىسىنى ئورۇنلاپ بولدى. شۇڭا داۋاملىق مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىنىڭ زۆرۈرىيىتى قالمىدى، دەپ ھېسابلايمىز. شۇ مۇناسىۋەت بىلەن مۇنۇلار قارار قىلىندى.

1 - شىنجاڭ خەلق دېموكراتىيە ئىتتىپاقىنىڭ ئۆلكىمىزنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى ھەر دەرىجىلىك تەشكىلاتلىرى يەنى باش ھەيئەتتىن تارتىپ ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتلىرىغىچە، ھەممىسى 1954 - يىلى 9 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن تارتىپ ئاخىرلىشىدۇ.

2 - شىنجاڭ خەلق دېموكراتىيە ئىتتىپاقىنىڭ بارلىق كۆچمە، كۆچمەس مۈلكى، قالدۇق نەق پۇلى پۈتۈنلەي ھۆكۈمەتكە تەقدىم قىلىنىپ، ئۆلكىمىزنىڭ مەدەنىيەت، مائارىپ ئىشلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنىڭ قوشۇمچە ياردەم خىراجىتى قىلىنىدۇ.

3 - شىنجاڭ خەلق دېموكراتىيە ئىتتىپاقىنىڭ ھەر دەرىجىلىك تەشكىلاتلىرى ئاخىرلاشقانلىقى جاكارلانغاندىن كېيىن، ئۆلكىدە ۋە ئالاقىدار ۋىلايەتلەردە ئىتتىپاقنى ئاياغلاشتۇرۇش خىزمىتى ھەيئىتى قۇرۇلىدۇ. بۇ ھەيئەت شۇ دەرىجىلىك ئىتتىپاق تەشكىلاتىنىڭ ئەسلىدىكى مەسئۇللىرى ۋە ھۆكۈمەتنىڭ مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلىرىنىڭ مەسئۇللىرىدىن تەركىب تاپىدۇ. ئۇ تۆۋەندىكى خىزمەتلەرنى ئىشلەيدۇ.

① ئىتتىپاقنىڭ ئاخىرلاشمىغان بارلىق ھېساباتلىرىنى ئېنىقلايدۇ.

② ئىتتىپاقنىڭ كۆچمە ۋە كۆچمەس مۈلۈكلىرىنى ۋە باشقا بارلىق مال - مۈلكىنى ئېنىقلاپ، مۆلچەر باھاسىنى تۈزۈپ چىقىدۇ. ھەممە مەلۇم



رەسمىيەت بويىچە ھۆكۈمەتكە ئۆتكۈزۈپ بېرىشكە مەسئۇل بولىدۇ.

③ ئىتتىپاق ئاخىرلاشقاندىن كېيىنكى تەشكىلىي خىزمەتكە ئالاقىدار باشقا مەسىلىلەرنى بىر تەرەپ قىلىدۇ.

④ مۇناسىۋەتلىك ۋىلايەتلەردىكى ئىتتىپاقنى ئاياغلاشتۇرۇش خىزمىتى ھەيئىتى يۇقىرىدىكى خىزمەت ۋەزىپىلىرىنى ئورۇنلاپ بولغاندىن ھەممە خۇلاسە چىقىرىپ، ئۆلكىلىك ئىتتىپاقنى ئاياغلاشتۇرۇش خىزمىتى ھەيئىتىگە مەلۇم قىلىپ، تەستىقلاتقاندىن كېيىن ئەمەلدىن قالدۇرۇلىدۇ. ئۆلكىلىك ئىتتىپاقنى ئاياغلاشتۇرۇش خىزمىتى ھەيئىتى بارلىق خىزمەتنى ئورۇنلاپ بولغان ھەممە خۇلاسە چىقارغاندىن كېيىن ئەمەلدىن قالدۇرۇلىدۇ.

⑤ ئۆلكىلىك ئىتتىپاقنى ئاياغلاشتۇرۇش خىزمىتى ھەيئىتى تۆۋەندىكى خادىملاردىن تەركىب تاپىدۇ.

مۇدىر: ئابدۇللا زاكىروف

مۇئاۋىن مۇدىرلار: ئەنۋەر جاكۇلىن، ئەنۋەر مۇسابايوف، خې رۇي

ھەيئەت ئەزالىرى: ئابدۇراخمان مۇھىتى، مەقسۇت ئاخۇن، ياسىن ئاخۇن، مۇسايوف، يۈجەنلىن، داشچاپ، ئەخمەتغەلى.

شىنجاڭ خەلق دېموكراتىك ئىتتىپاقى باش ھەيئىتى كېڭەيتىلگەن 2 - يىغىنىنىڭ قارارىغا ئاساسەن، ئۆلكىدىكى ھەر دەرىجىلىك ئىتتىپاق تەشكىلاتلىرى تارقىتىلدى. ئەزالارنىڭ كۆپچىلىكى مۇناسىۋەتلىك جەمئىيەت ۋە تەشكىلاتلارغا قاتنىشىپ كەتتى. ئىتتىپاقنىڭ ئورگان گېزىتى «ئالغا» ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى. ئۇنىڭ بارلىق ئۈسكۈنىلىرى ۋە خادىملىرى جەنۇبىي تىيانشان گېزىتخانىسىغا تاپشۇرۇپ بېرىلدى. ئىتتىپاقنىڭ بارلىق كۆچمە، كۆچمەس مۈلۈكلىرى ۋە نەق پۇلى مالىيە نازارىتىگە ۋە يەرلىك ھۆكۈمەتلەرگە ئۆتكۈزۈپ بېرىلدى. بۇلارنى پۇلغا سۇندۇرغاندا 30 مىليارد يۈەندىن ئارتۇق بولدى. شىنجاڭ خەلق دېموكراتىك ئىتتىپاقى مىللىي سەنئەتنىڭ راۋاج تېپىشىنى تەشەببۇس قىلىپ، زامانىۋى تىياتىرخانا قۇرۇپ، ھۆكۈمەتكە ئۆتكۈزۈپ بەردى. بۇ ئۈرۈمچىدىكى خەلق تىياتىرخانىسى بولۇپ، ئىتتىپاقنىڭ خاتىرىسى سۈپىتىدە قەد كۆتۈرۈپ تۇرماقتا.

جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى شىنجاڭ شۆبە بيۇروسى
ئىتتىپاق تەشكىلىگە يۈكسەك باھا بەردى. شۆبە بيۇرونىڭ مەر-
كەز ۋە غەربىي شىمال بيۇروغا شىنجاڭ خەلق دېموكراتىك ئىتتى-
پاقى توغورلۇق يازغان دوكلاتىدا: «شىنجاڭ خەلق دېموكراتىيە
ئىتتىپاقى 1948 - يىلى 8 - ئايدا قۇرۇلغان. ئۇ ئىلى،
تارباغاتاي، ئالتاي ئۈچ ۋىلايەت ئازاد بولغاندىن كېيىنكى ئىلغار
تەشكىلاتلار ۋە گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى ھۆكۈمرانلىقىدىكى
يەتتە ۋىلايەتتىكى يەر ئاستى ئىنقىلابىي تەشكىلاتلارنى ئاساس
قىلغان، كوممۇنىزم ئىدىيىسىگە ۋە دېموكراتىزم ئىدىيىسىگە
ئىگە ئىنقىلابىي زىيالىيلارنى رەھبەرلىك يادروسى قىلغان، شىن-
جاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنى جاھانگىرلىككە، گومىنداڭ ئەك-
سىيەتچىل ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى كۈرەشكە تەشكىللەيدىغان بىر-
لىكسەپ خاراكتېرلىك تەشكىلات»، دەپ كۆرسەتتى.

پايدىلانغان ماتېرىياللار:

«شىنجاڭ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا دائىر چوڭ ئىشلار خاتى-
رىسى».
«شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتى-
پاقى» نىڭ 1 - نۆۋەتلىك ۋەكىللەر يىغىنىنىڭ ماتېرىيالى.
شىنجاڭ دېموكراتىيە ئىتتىپاقى باش ھەيئىتى 2 - قېتىم-
لىق كېڭەيتىلگەن يىغىنىنىڭ ماتېرىيالى.
شىنجاڭ شۆبە بيۇرونىڭ مەركەز ۋە غەربىي شىمال بيۇروغا
شىنجاڭ خەلق دېموكراتىيە ئىتتىپاقى توغۇرلۇق يوللىغان دوكلا-
تى.

(ئاپتور: ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەشنىڭ سابىق
مۇئاۋىن رەئىسى).

جاۋابكار مۇھەررىر: جۈرئەت ئابلىمىت



# ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى جەڭچىسى بولۇشۇمنىڭ ئالدى - كەينىدىكى ۋەقەلەردىن ئەسلىمە

### تاش سابىت

مەن 1927 - يىلى 5 - ئايدا، باي ناھىيىسىنىڭ قىزىل
يېزىسىدا تۇغۇلۇپ ئۆستۈم. 1937 - يىلىدىن ئىلگىرى يېزىمىز-
دا بىرەرمۇ پەننىي مەكتەپ يوق ئىدى. 1937 - يىلىغا كەلگەندە،
جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى ئەۋەتكەن چېن تەنچيۇ، ماۋزې-
مىن، لىن جىلۇ باشچىلىقىدىكى مۇنەۋۋەر كوممۇنىستلارنىڭ زور
دەرىجىدە تىرىشچانلىق كۆرسىتىشى بىلەن، شىنجاڭدا يېڭى مائا-
رىپ يوقلۇقتىن بارلىققا كېلىپ، پەننىي مەكتەپلەر قۇرۇلدى.
قىزىل يېزىسىدىمۇ بىر پەننىي مەكتەپ ئېچىلىپ ئوقۇش يېشىدى-
كى دېھقان - چارۋىچىلار پەرزەنتلىرى بىلىم ئېلىش ئىمكانىيى-
تىگە ئېرىشتى. مەنمۇ دادامنىڭ تەشەببۇسى ۋە ئۆز قىزغىنلىقىم
بىلەن مەكتەپكە كىردىم. بىز مەكتەپكە كىرىپ ئاز كۈن ئۆتكەندە
ۋەتەنپەرۋەر شائىر نىم شېھىت ئارمىيە ئېلى مەكتىپىمىزگە كې-
لىپ ئوقۇغۇچىلارغا ئىلىم ئۆگىنىشنىڭ مۇھىملىقى ھەققىدە
نۇتۇق سۆزلەپ، بىزنىڭ ئوقۇش قىزغىنلىقىمىزغا مەدەت بەردى.
بىز بىرگە مەكتەپكە كىرگەنلەر ئىچىدە ئەخمەت ھادى، ئابدۇراخ-
مان ھاپىز قاتارلىق ساۋاقداشلارمۇ بار ئىدى، ئۇلارنىڭ يېشى
گەرچە مەندىن سەل چوڭراق بولسىمۇ، بىز بىر سىنىپتا ئوقۇيت-
تۇق، ئۇلار دەرس ئۆزلەشتۈرۈشى ياخشى، ئۆگىنىشتە ئەلا بول-
غانلىقى ئۈچۈن، كېيىنچە يېزىمىزدا ئوقۇتقۇچىلىققا ئورۇنلاشتۇ-
رۇلدى.

جاللات شىڭ شىسەينىڭ ئەسلى قىياپىتىنى ئاشكارىلاپ، ئىنقىلابقا ئاسىيلىق قىلىپ، ئىلغار پىكىردىكىلەرنى تۇتقان مەزگىلدە، بىر كۈنى بۇ يولداشلارمۇ تۇيۇقسىز تۇتۇپ كېتىلدى. بۇ ئىش سىنىپىمىزدىكى ساۋاقداشلارغا ئىنتايىن قاتتىق زەربە بولدى، مەكتىپىمىزنىڭ ئەھۋالىمۇ كۈندىن - كۈنگە ناچارلىشىپ كەتتى.

مەكتەپتە يۈز بەرگەن مۇنداق بىر ئىش زادى ئېسىمدىن چىقمايدۇ. بىر كۈنى بىزگە ھېساب دەرسى بېرىدىغان مەتتىمىن ھوشۇر ئىسىملىك بىر ئوقۇتقۇچى ئىنتايىن ھاكاۋۇر قىياپەتتە سىنىپىمىزغا كىرىپ كەلدى. ھەممىمىز ئورنىمىزدىن تۇرۇپ ئۇنىڭغا ھۆرمەت بىلدۈردۇق، ئۇ دەرستىن كېيىن مېنى دوسكىغا چىقىرىپ بىر مەسىلىنى ئىشلىشىمنى ئېيتتى، ھېسابنى توغرا ئىشلىيەلمىدىم. ئۇ زىننەتگۈل ئىسىملىك يەنە بىر ساۋاقداشنى بۇ ھېسابنى قايتا ئىشلەشكە بۇيرىدى، ئۇ قىزمۇ ئىشلىيەلمىگەندىن كېيىن، ئۇ دەرھال قاپىقىدىن مۇز ياغدۇرۇپ بىزنى بىر - بىرىمىزگە قارىتىپ تىزلاندۇرۇپ ئولتۇرغۇزدى - دە، ئۆز ئارا بىر تەستەكتىن ئۇرۇشقا بۇيرىدى، بىز ساۋاقداش بولغىنىمىز ئۈچۈن ئالدى بىلەن ئۇ قىز، ئاندىن مەن بوشراقتىن بىردىن ئۇرۇشتۇق. بۇنى كۆرگەن ھېلىقى مۇئەللىم تەرىنى بۇزغان ھالدا: «سەنلەر ئۇرۇشنى بىلمەيدىكەنسەن، مەن ئۆگىتىپ قوياي» ، دەپلا تەستىكىمگە قاتتىق بىرنى ئۇردى. يۈزۈم ئوتتەك قىزىپ، قانداق بولغىنىمنى بىلمەي قالدىم. ئېسىمگە كېلىپ قارىسام مەكتەپ قورۇسىدا بىر نەچچىلا ئوقۇغۇچى قاپتۇ، ھېلىقى مۇئەللىممۇ قاياققىدۇ يوقىغانىدى. ئوقۇغۇچىلارغا خالىغانچە تەن جازاسى بېرىش ئۇ چاغدا ئادەتتىكىچىلا ئىش بولۇپ، بۇنداق ئىش ھەممە سىنىپلاردا دېگۈدەك دائىم كۆرۈلۈپ تۇراتتى.

ئوقۇتقۇچى، ئوقۇغۇچىلارنىڭ بەزىلىرى تۇتقۇن قىلىنسا، بەزىلىرى مەجبۇرى ئەسكەرلىككە تۇتۇپ كېتىلگەنىدى. مەكتەپنىڭ



باشقۇرۇش ئۇسۇلى قالاق، ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ئوقۇغۇچىلارغا كۆيۈمى يوق بولغانلىقتىن قالغان ئوقۇغۇچىلارمۇ تارقاپ كەتتى. ئوقۇشۇمنىڭ ئالغا سىلجىمەيۋاتقانلىقىنى كۆرگەن دادام: «ھۈنەر ئۆگەنسەڭ بولارمىكىن» ، دەپ كوچاغا ئاپىرىپ، ماشىنچىغا شاگىرتلىققا بەردى.

1945 - يىلىنىڭ 4 - ئاي مەزگىللىرى بولسا كېرەك، كۇچادىكى گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى ئالاقىزادىلىككە چۈشۈپ، بارلىق ماشىنچى ئۇستىلارنى كونىشەھەر ساي بويىدىكى ئۇيغۇر ئويۇشما كۇلۇبىغا يىغىپ، گومىنداڭ قوشۇنلىرى ئۈچۈن مەجبۇرىي كۆك ماتادىن كىيىم تىكىشكە سالدى.

1945 - يىلىنىڭ 5 - ئايلىرىدا، كۇچادا ئىلى ئىنقىلابچىلىرىنىڭ شىمالىي شىنجاڭدىكى ئۈچ ۋىلايەتتە گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىگە ئەجەللىك زەربە بېرىپ كۆپ قىسىم ناھىيىلەرنى ئازاد قىلغانلىقى، مىللىي ئارمىيىنىڭ بىر تارمىقىنىڭ جەنۇبىي شىنجاڭغا قاراپ يولغا چىقىپ، باي، ئاقسۇغا يېقىنلاپ كېلىۋاتقانلىقى توغرىسىدا سۆز تارقىلىپ، جەمئىيەتتە ھەر خىل غۇلغۇلا پەيدا قىلدى. بۇنىڭ بىلەن كۇچادىكى گومىنداڭچىلار ئالاقىزادىلىككە چۈشۈپ، جىددىي ھالەت پەيدا قىلدى؛ كېچىلىرى سىرتقا چىققىلى بولمايدىغان، بىر نەچچە ئادەم بىر يەرگە يىغىلىپ پاراڭلاشقىلى بولمايدىغان ۋەھىمىلىك ۋەزىيەت شەكىللىنىشكە باشلىدى. مۇشۇنداق ئەھۋال ئاستىدا مەنمۇ ئامالسىزلىقتىن ھۈنەرنى تاشلاپ قىزىلغا قايتىپ چىقىپ كەتتىم. ئەخمەت ھادى، ئابدۇراخمان ھاپىز قاتارلىق يولداشلار قىزىلدا ئىكەن. بىز بەزى كۈنلىرى بىرلىكتە ساز بىلىدىغان ياكى قىزىقچى ئاغىنىلەرنىڭكىدە جەم بولۇپ قالاتتۇق. ئۇنداق چاغدا ئۇلار: «ھازىر ئاقسۇ رايونىدا گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ ئالۋان - ياسىقى ھەمدە بىگۇناھ پۇقرالارنى تۇتۇش، قاماش، ئاياغ ئاستى قىلىشلىرى كۆپىيىپ كەتتى. يېزىمىزدىكى بەگ - دورغىلارمۇ خەلقنى دەھ-

شەتلىك تۆردە ئەزمەكتە، گومىنداڭچىلار ئىلى ئىنقىلابچىلىرى
توغرىسىدا ھەر خىل پىتنە - ئىغۋالارنى تارقىتىپ خەلقنى قاي-
مۇقتۇرماقتا، گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ كۈنى ئۇزاققا بار-
مايدۇ. بىز تەشكىللىنىپ ئىلى مىللىي ئارمىيىسىنى قارشى
ئالايلى، مۇبادا ئۇلار مۇۋاپىق كۆرسە، بىزمۇ ئىنقىلابچىلار سې-
پىگە قاتنىشىپ يۇرتىمىز خەلقىنى ئازاد قىلىش كۈرىشىگە قاتنى-
شايلى» ، دېگەندەك سۆزلەرنى قىلاتتى (ئۈچ ۋىلايەت ئارمىيىسى-
گە بولغان تونۇش دېگەندەك يېتەرلىك بولمىغاچقا ھەمدە جەمئى-
يەتتە خىلمۇ خىل گەپ سۆزلەر تارقىلىپ يۈرگەچكە شۇنداق
دېيىلگەن) . ئاندىن ماڭا ۋە نىزامىدىن قۇربانغا قاراپ: «قېنى
سىلەرنىڭ غەيرىتىڭلار قانچىلىك؟ ھەر ئىككىڭلار داداڭلارنىڭ
يالغۇز بالىسى، ئۇلار قوشۇلامدۇ؟» ، دەپ سوراپمۇ قوياتتى. بىز
ئوخشاشلا: «سىلەر بىلەن بىللە بولىمىز» ، دەپ جاۋاب بېرەت-
تۇق. بىز كۈندۈزلىرى ئائىلىمىزدە دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇل-
لانساق، كەچقۇرۇنلىرى بىر يەرگە جەم بولۇپ ياكى ھەيۋەتلىك
قىزىل دەرياسى بويىغا يىغىلىپ، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابچىلىرى
ئۈستىدە قىزغىن پاراڭغا چۈشۈپ، روھىمىزنى كۆتۈرىشەتتۇق،
ئازادلىق ھەققىدە سۆزلىشەتتۇق.
بىز ئۇزۇندىن بۇيان كۈتكەن كۈنلەر ئاخىرى يېتىپ كەلدى.
1945 - يىلى 7 - ئاينىڭ باشلىرىدا، باي ناھىيىسىنىڭ قېيىر
يېزىسىنىڭ شىمالىدىكى ئاقبۇلاق داۋىنى ئارقىلىق قىزىلغا قاراپ
كېلىۋاتقان مىللىي ئارمىيە ئالدىنقى قىسمىنىڭ رازۋېتچىكلىرى
ئابدۇراخمان ھاپىز، ھامۇت قاتارلىق يولداشلارنىڭ مەخپىي يول
باشلىشىدا قىزىلغا يېتىپ كەلدى. ئۇ يولداشلار رازۋېتچىكلارغا
قىزىل يېزىسىنىڭ ئەھۋالىنى تونۇشتۇردى.
ئۇ مەزگىلدە قىزىلدا گومىنداڭنىڭ قوراللىق قىسمى يوق
ئىدى. قىزىل مەكتىپىدە ئوقۇتقۇچىلىق قىلغان مەتىمىن ھو-
شۇر 1944 - 1945 - يىللىرىغا كەلگەندە مۇئەللىمچىلىكنى



تاشلاپ، ئېمىشقىدۇ باي ناھىيىسىنىڭ قىزىل، سايرام يېزىلىرىدا
قاتراپ يۈرۈپ، خەلقنى قاقتى - سوقتى قىلىپ، پومېشچىك،
بايلار بىلەن ئىنتايىن قويۇق مۇناسىۋەتتە بولىدىغان بولۇپ قال-
دى. كېيىن مەلۇم بولۇشىچە، ئۇ شۇ ۋاقىتلاردا گومىنداڭ
قورچاق ناھىيىلىك پىرقىسىنىڭ خىزمەتچىسى بولۇپ، مەخسۇس
قىزىل، سايرام رايونلىرىدىن ئاخبارات توپلايدىغان ئىشپىيون
ئىكەن. 1945 - يىلى 7 - 8 - ئايلاردا سايرامنىڭ لاپا دېگەن
يېرىدە مىللىي ئارمىيىنىڭ قوشۇنىدىن ئايرىلىپ قالغان بىر
جەڭچىسى دېھقانلارنىڭ ئۆيىدە پاناھلىنىپ تۇرىۋاتقاندا، مەمتى-
مىن ھوشۇر تەرىپىدىن سېزىلىپ قېلىپ، بىر مۇنچە ئوق -
دورىلار بىلەن ناھىيىلىك ساقچىخانىغا تۇتۇپ ئەكىرىپ بەرگەن.
ئابدۇراخمان ھاپىز، ھامۇت قاتارلىق يولداشلار رازۋېتچىك-
لارغا يول باشلاپ، باشقا جايلارنىڭ ئەھۋالىنى تونۇشتۇرغىلى
مېڭىپ كەتكەندىن كېيىن. مەن ۋە نىزامىدىن قۇربان باشقىلار
بىلەن بىرلىكتە ئەھۋال كۆزەتكەچ ئارقىدىن كېلىۋاتقان قىسىملا-
رنى كۈتۈپ قىزىلدا قېلىپ قالدۇق. بىر نەچچە كۈن ئۆتمەيلا
مەتىمىن ھوشۇر قىزىلدا پەيدا بولدى. 2 - كۈنىلا گومىنداڭ-
نىڭ بىر باتالىيون قوراللىق ئەسكىرى كۇچادىن چىقىپ، قىزىل
يېزىسىدا بولاڭ - تالاڭ ۋە قىرغىنچىلىق ئېلىپ باردى. قىزىل
بازىرى ئىچىدىكى ئۆستەڭ بويىدا يۈز كۆزلىرىنى يۇيۇپ ئولتۇر-
غان ھاشىم مەزىن ئىسىملىك بىر دېھقان بىگۇناھ ئېتىپ ئۆلتۈر-
گەندىن كېيىن، ئۇلار يەنە بازارنىڭ ئاياغ تەرىپىگە باستۇرۇپ
بېرىپ نىزامىدىن قۇرباننى تۇتۇۋېلىپ، قاتتىق قىيىن قىستاق
بىلەن سوراق قىلىدۇ. ئۇنىڭدىن مىللىي ئارمىيىنىڭ رازۋېتچىك-
لىرى ۋە ئىلغار ياشلار ھەققىدە جاۋاب ئالالمىغان ئەكسىيەتچىلەر
نىزامىدىن قۇرباننى باغلاپ، ئاتقا سۆرىتىپ مېڭىپ قىزىل دەريا-
سىنىڭ ئۇلۇغ سۈيىدىن سۆرىتىپ ئۆتكۈزگەندىن كېيىن، يېزى-
نىڭ قوم دەرۋازا دېگەن يېرىنىڭ جەنۇبىدىكى زىغىرلىقتا سۆرەپ

ئەكىرىپ، بويىنىدىن ئىككى يەردىن بوغۇزلاپ، يۈرىكىگە خەنجەر تىقىپ ۋەھشىيانە ئۆلتۈرۈۋېتىدۇ. گومىنداڭچىلار تېخىمۇ غالجىرلىشىپ، يەنە يول بويىدىكى ئېتىزلىقتا ئوما ئورۇۋاتقان بىر دېھقاننى ۋە مەمتىمىن ئىسىملىك بىر يولۇچىنى تۇتۇۋېلىپ، قىيناپ ئۇلارنىمۇ ئۆلتۈرۈۋېتىدۇ. شۇ كۈنى يەنە قىزىلنىڭ تېتىتۇر دېگەن يېرىدىكى بىگۇناھ دېھقان رۇسۇلاخۇنىمۇ گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى تەرىپىدىن ۋەھشىيلىك بىلەن ئۆلتۈرۈۋېتىلىدۇ. قىزىل خەلقى يىغا - زارە قىلىشىپ، غەزەپ - نەپرىتىنى باسالمىغان ھالدا يۇقىرىقى بەش قېرىنداشنى بىرلا كۈندە دەپنە قىلىشىدۇ.

شۇنىڭدىن كېيىن، مەرھۇم نىزامىدىن قۇربانىنىڭ ئانىسى مەرەمخان ئاچا يالغۇز ئوغلىنىڭ دەردىدە ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قېلىپ، ئۇزۇن ئۆتمەي ئالەمدىن ئۆتىدۇ.

قىزىل خەلقى مىللىي ئارمىيە قىسمىنىڭ تېزراق يېتىپ كېلىشىنى تەقەززالىق بىلەن كۈتىۋاتقىنىدا، 1945 - يىلى 7 - ئايدا 3 ۋىلايەت مىللىي ئارمىيىسىنىڭ ئاقبۇلاق داۋىنى ئارقىلىق چۈشكەن ئاتلىق پولكىنىڭ بىر ئىسكادرونى مۇز داۋان ئارقىلىق ئاقسۇغا ماڭغان قوشۇنغا ماسلىشىپ قىزىلغا كېلىپ، قىزىل يېزىسىنى ئازاد قىلدى. مەن ئەخمەت ھادى، سىدىق ئامان قاتارلىق يولداشلار بىلەن بىرلىكتە قىزىل ۋە ئەتراپتىكى يېزىلارنىڭ ئەھۋالىنى ئىسكادرون رەھبەرلىرىگە دوكلات قىلدۇق ھەمدە رەھبەرلىكنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن رەسمىي ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابچىلىرى سېپىگە قاتناشتۇق. ياشلارمۇ بەس - بەستە ئارمىيىگە قاتنىشىپ، بىر نەچچە كۈن ئىچىدىلا بۇ بىر ئىسكادروننىڭ ئادىمى 1000 دىن ئېشىپ كەتتى. ئەينى چاغدا ئارمىيىمىزنىڭ قوراللىرى ئاساسلىقى قىلىچ، نەيزە، ئاز بىر قىسمىلىرىدىلا بىر قەدەر ئىلغار قوراللار بولسىمۇ، مۇنتىزىم قوشۇننىڭ يېتەكچىلىكى ھەمدە يېڭىدىن قىسمىغا قاتناشقان ياشلارنىڭ غەيرەت -



شىجائىتىگە تايىنىپ، زامانىۋى قوراللار بىلەن قوراللانغان گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى ئۈستىدىن غالىپ كېلىپ، پۈتۈن باي ناھىيىسىنى ئازاد قىلدۇق.

ھاكىمىيەت قۇرۇلۇشى ۋە ئەكسىلئىنقىلابچىلارغا قارىتا تازىلاش ئېلىپ بېرىش جەريانىدا، ئىككى قولى ئىنقىلابچىلار ۋە بىگۇناھ خەلقنىڭ قېنى بىلەن بويالغان ئىشپىيون مەمتىمىن ھوشۇرمۇ قولغا چۈشۈپ، تېگىشلىك جازاسىنى يېدى.

ئاقسۇغا بارغان قوشۇن ئاقسۇ كونىشەھەرنى بازا قىلىپ، يېڭى شەھەر سېپىلى ئىچىگە بېكىنىۋالغان گومىنداڭ قوشۇنى بىلەن قاتتىق ئېلىشىۋاتاتتى. قىزىل رايونىدىكى قوشۇن قىزىلنى بازا قىلىپ، كۇچادىكى گومىنداڭ قوشۇنلىرى بىلەن ئېلىشىۋاتاتتۇق، جەڭ ئاساسەن تىركىشىش خاراكتېرىدە بولدى. 1945 - يىلى 9 - ئاينىڭ ئاخىرلىرى بىر دۈشەنبە كۈنى ئەتىگەندە، كۇچادىكى گومىنداڭ قوشۇنلىرىنىڭ بىز تەرەپكە باستۇرۇپ كېلىۋاتقانلىقى توغرىسىدىكى مەلۇماتنى تاپشۇرۇۋالدۇق ھەمدە جىددىي ئۇرۇش تەييارلىقى قىلدۇق. گومىنداڭ قوشۇنلىرى يېتىپ كەلگەندىن كېيىن، بىز قىزىلنىڭ شەرقىدىكى پەس داۋان دېگەن سايدا ئۇلار بىلەن تۆت سائەتكە يېقىن قاتتىق ئېلىشتۇق؛ گومىنداڭ قوشۇنلىرى سان جەھەتتە كۆپ، قوراللىرى خىل بولغانلىقتىن، ئىسكادرون كوماندىرى ئورۇنسىز چىقىمنى ئازايتىش مەقسىتىدە بىزنى چېكىنىشكە بۇيرىدى. بىز بۇيرۇق بويىچە ئىلى رايونىغا چېكىنىشكە مېڭىپ كەتتۇق. بۇ دەل 1945 - يىل كۈز ئاخىرلىشىپ، قىش پەسلى يېتىپ كېلىش ئالدىدا تۇرغان مەزگىل ئىدى.

بىز ئۈچ ۋىلايەت مىللىي ئارمىيىسى سېپىگە قاتناشقاندىن كېيىن، ئەخمەت ھادى ئۆزىنى ئۇنۇتقان ھالدا جاپالىق جەڭ قىلىپ، سالامەتلىكى ئىنتايىن ناچارلىشىپ كەتكەنىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە خىزمەتنىڭ ئالدىراشلىقىدىن قىشلىق تەييارلىقىنىمۇ

پۇختا قىلالمىغانىكەن. ھاۋا سوغۇق، يوللار خەتەرلىك بولغانلىق-
تىن تەڭرى تېغىنىڭ قار - مۇز بىلەن قاپلانغان داۋانلىرىدىكى
تۇرمۇش ئىنتايىن مۇشەققەتلىك ئىدى. ئەنە شۇنداق تەبىئىي
شارائىت تۈپەيلىدىن ئەخمەت ھادىنىڭ ئۆپكىسىگە سوغۇق ئۆتۈپ
كېتىپ، 1946 - يىلنىڭ باشلىرى ئۇ بىز بىلەن مەڭگۈلۈك
ۋىدالاشتى. بىز يولداش ئەخمەت ھادىنى مۇقەددەس ئىلى تۇپرىقى-
دا يەرلىكتە قويدۇق، ئۇ ئارمىنىغا يەتتى، چۈنكى ئۇ ئازاد رايون
تۇپرىقىغا دەپنە قىلىنغانىدى. قالغانلىرىمىز قۇربان بولغان يول-
داشلارنىڭ ئىرادىسىگە ۋارىسلىق قىلىپ، شىنجاڭنىڭ باشقا جاي-
لىرىدىكى قېرىنداشلارنى گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ ئاسارى-
تىدىن بالدۇرراق قۇتۇلدۇرۇش ئىستىكىدە، ئۈچ ۋىلايەت ئارمى-
يىسى ۋە باشقا ئارقا سەپ ئورۇنلىرىدا تۈرلۈك خىزمەتلەرنى
ئىشلەشكە كىرىشىپ كەتتۇق.

بىزنىڭ بۇ چاغدىكى تۇرمۇشىمىز گومىنداڭ ھۆكۈمرانلىقى-
دىكى رايونلاردا ياشاۋاتقان خەلقنىڭكىدىن كۆپ ياخشى ئىدى.
بىراق، كېچە - كۈندۈز ئويلايدىغىنىمىز يۇرتىمىز ۋە جەنۇبىي
شىنجاڭدىكى خەلقنى تېزراق ئازادلىققا ئېرىشتۈرۈش ئىدى. بە-
زى كۈنلىرى مۇشۇ ھەقتە شېرىن خىياللارنى قىلىپ تاڭ ئاتقۇچە
كۆز يۇممايتتۇق. شائىر نىم شېھىت ئارمىيە داموللا مۇشۇ
ئارزۇ - ئىستەكلىرىمىز ئەكس ئەتتۈرۈلگەن جەڭگىۋار شېئىر-
لارنى يېزىپ ئىلى مەتبۇئاتلىرىدا ئېلان قىلىپ، ھەممىمىزگە
ئىلھام بېرەتتى. بىر كۈنى رەھبىرىمىز مەرھۇم ئەخمەتجان قاسى-
مى ئىتتىپاق ئاكتىپلىرى يىغىنىدا: «دۈشمىنىمىزنىڭ دۈشمىنى
بىزنىڭ دوستىمىز، ئۇلار بىلەن بىرلەشكىنىمىزدىلا ئارزۇلىرى-
مىز تەلتۆكۈس ئىشقا ئاشىدۇ»، دېگەنىدى. ئۇزۇن ئۆتمەي بۇ
كۈنلەرمۇ يېتىپ كەلدى.

1949 - يىلنىڭ سىنتەبىر ئېيىدا جۇڭگو كوممۇنىستىك
پارتىيىسى رەھبەرلىكىدىكى خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى شىنجاڭغا



كىردى. گومىنداڭ قىسىملىرىنىڭ شىنجاڭدىكى گارنىزون قو-
ماندانى تاۋسىيۆ ۋە ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت رەئىسى بورھان شەھىدى
ھەقىقەتكە ئۆتكەنلىكىنى جاكارلىدى. شىنجاڭ تىنچلىق بىلەن
ئازاد بولدى. 1950 - يىلنىڭ باشلىرىدا نىم شېھىت ئارمىيە
ئىلى داموللام، ئابدۇراخمان ھاپىز ۋە مەن بىر قانچىمىز يۇرتى-
مىز باي ناھىيىسى ۋە قىزىل يېزىسىغا كېلىپ، ئاتا - ئانا،
ئۇرۇغ - تۇغقان، يۇرتداشلار بىلەن دىدار كۆرۈشتۇق. بۇ چاغدا
يېزىمىزدا ئەكسىلئىنقىلابچىلارنى باستۇرۇش، ئىجارە ھەققىنى
كېمەيتىپ زومىگەرلەرگە قارشى تۇرۇش ھەرىكىتى ئېلىپ بېرى-
لىپ، ئازادلىققا تەشنا قىزىل خەلقىنىڭ تەشنالىقى دەسلەپكى
قەدەمدە قاندۇرۇلىۋاتقانىكەن.

بىز 1945 - يىلى 9 - ئاينىڭ ئاخىرلىرى بۇيرۇق بويىچە
ئىلىغا چېكىنگەندىن كېيىن، شۇ قېتىمقى ھەرىكەتتە قىزىل
يېزىسىنىڭ دەريا بويىدىكى تاسما توقاي دېگەن يېرىدە ئولتۇرۇش-
لۇق بىر دېھقان ئائىلىسى ئاۋۇت ئىسىملىك بىر زومىگەرنىڭ
گومىنداڭچىلارغا «ئىلى ئوغرىلىرى بىلەن مۇناسىۋىتى بار»،
دەپ چېقىشتۇرۇشى بىلەن موسا بارات، قادىر بارات، ئەمەت
مۇھەممەت، ھېيتاخۇن ئۇستا ھەمدە ئۈچ نەپەر مىللىي ئارمىيە
جەڭچىسىنىڭ (جەمئىي يەتتە كىشى) قىرىپ تاشلانغانلىقىنى،
ئاۋۇت كۆرسەتكەن خىزمىتى بەدىلىگە قىزىل يېزىسىغا بەگ بول-
غانلىقىنى، ئۆلكە ئازاد بولغاندىن كېيىن بۇ ئەھۋاللار پاش
بولۇپ ئۇنىڭغا خەلقنىڭ ئەڭ ئالىي جازاسى بېرىلگەنلىكىنى ئۆز
كۆزۈم بىلەن كۆردۈم. ئاۋۇت بەگ ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىنىپ
ئىجرا قىلىنغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ زۇلمىنى يەتكۈچە تارتقان
خەلق ئۇنىڭ ئۆلۈكىنىمۇ چالما - كېسەك قىلىپ، تۈكۈرۈپ،
تىللاپ جەھەننەمگە يولغا سالدى.

مەن بۇ خۇشاللىق مىنۇتلاردا، قۇربان بولغان ساۋاقداشىم،
سەپدىشىم نىزامىدىن قۇربان ۋە ئۇنىڭ ئانىسى مەرەمخان ئاچا

شۇنداقلا بىگۇناھ ئۆلتۈرۈلگەن ئەشۇ قېرىنداشلارنى ئېسىمگە ئې-
لىپ، ئۇلار مۇشۇ كۈنلەرنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن بولسا
نېمىدېگەن ياخشى بولاتتى، دېگەنلەرنى ئويلاپ سەل كۆڭلۈم بۇ-
زۇلدى...

لېكىن ئۇلارنىڭ ئازادلىق، ئەركىنلىك يولىدا ئاققان ئىس-
سىق قانلىرى بىھۇدە كەتمىدى، ئەۋلادلارنى تاۋلىدى، چېنىقتۇر-
دى؛ ئۇلارغا كۈچلۈك ئىرادە، غەيرەت - جاسارەت ئاتا قىلدى.
ئازادلىقتىن كېيىن قىزىل يېزىسىمۇ قەد كۆتىرىپ، باغۇ -
بوستانغا ئايلاندى. ئەينى ۋاقىتتا قان كېچىپ جەڭ قىلغان داللار
قىپقىزىل يۇلغۇن چېچىكىگە، مەھەللە - ئايماقلار گۈل - گۈلىس-
تانغا پۈركەندى.

(ئاپتور: شىنجاڭ نېفىت باشقۇرۇش ئىدارىسى غەربىي -
جەنۇبىي تارىم چارلاش - ئۆزلەشتۈرۈش شىركىتى ئىشچىلار
ئويۇشمىسىدىن)

جاۋابكار مۇھەررىر: **ئابلىز مۇھەممەت سايرامى**



# 3 ۋىلايەت ئىنقىلابىدىن ئەسلىمە

## شەمشىدىن سوپىيوف

(نەشرگە تەييارلىغۇچى: **نىياز كېرىمى**)

1944 - يىلى 9 - ئاينىڭ 3 - كۈنى نىلقىدا كۆتۈرۈلگەن
قوراللىق قوزغىلاڭ شىنجاڭ خەلقىنىڭ گومىنداڭ ئەكسىيەتچىل
ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى كۈرەشىنىڭ مۇقەددىمىسى ئىدى. شۇ
كۈنى ئەكبەر، غېنى، پاتىخ باشچىلىقىدىكى پارتىزانلار نىلقا
بازىرىنى ئىشغال قىلدى. بۇ خەۋەر چاقماق تېزلىكىدە پۈتۈن
ئىلى رايونىغا تارقىلىپ قۇدرەتلىك خەلق قوزغىلىڭىنىڭ كۆتۈرۈ-
لىشىگە تۈرتكە بولدى. دەھشەتلىك سىنىپىي زۇلۇم ۋە مىللىي
زۇلۇم دەستىدىن چىدىغۇچىلىكى قالمىغان خەلق ئىنقىلابىي كۈ-
رەشكە ئاتلاندى. قورال تۇتالىغۇدەكلىرى ئارقا - ئارقىدىن كې-
لىپ ئۆزلۈكىدىن قوراللىق قوشۇنغا قاتناشتى. ئۇنىڭدىن باشقا
پۇلى بارلار پۇل، مېلى بارلا مال، ئاشلىقى بارلار ئاشلىق بىلەن
ئىنقىلابنى قوللىدى. نەتىجىدە ئىنقىلابىي قوشۇن ناھايىتى تېز
زورىيىپ قۇدرەتلىك كۈچكە ئايلاندى. «ئازادلىق تەشكىلاتى»
1944 - يىل 7 - نويابىرنى غۇلجىغا ھۇجۇم قىلىش كۈنى قىلىپ
بەلگىلىدى. شۇ كۈنى ئۆلكىلىك ساقچى نازارىتىنىڭ باشلىقى ليۇ
بىندى (ئىلى ئىنقىلابىنى باستۇرۇش ئۈچۈن ئۈرۈمچىدىن كەل-
گەن) پارتىزانلار تەرىپىدىن ئېتىپ ئۆلتۈرۈلدى. 8 - نويابىر-
دىن باشلاپ پارتىزانلار ۋالىي مەھكىمىسى، ۋىلايەتلىك ساقچى،
غۇلجا ناھىيىلىك ھۆكۈمەت، ئېلېكتر ئىستانسىسى، بانكا، پوچ-

تا ـ تېلېگراف ئىدارىسى قاتارلىق جايلارغا ھۇجۇم قىلىپ ئىشـ
غال قىلدى. قاچقان دۈشمەنلەر ھەرەمباغقا كىرىۋالدى. ھەرەمـ
باغ، ئايرودروم، لەڭشاڭ بۇتخانىسىدىن باشقا جايلارنى پارتىزانـ
لار ئىشغال قىلدى. پارتىزانلارنىڭ بىر تارمىقى توققۇزتارا،
تېكەس، كۈنەس ناھىيىلىرىدىكى قوزغىلاڭچى خەلق بىلەن بىرـ
لىكتە غەلىبىلىك جەڭ قىلىپ، 17 ـ نويابىر بۇ ئۈچ ناھىيىنى
ئازاد قىلدى.
مەن 1944 ـ يىل 11 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى «ئازادلىق
تەشكىلاتى» قوماندانلىق شتابىغا كېلىپ جەڭچىلىككە تىزىملاتـ
تىم. بۇ دەل 17 ياش ۋاقتىم ئىدى. قوماندانلىق شتابىدىن بىر
دانە مىلتىق ۋە بىر ئېگەر توقۇملۇق ئات بەردى. شۇ كۈندىن
باشلاپ قولۇمغا قورال ئېلىپ ئىنقىلابىي كۈرەشكە قاتناشتىم.

## ھەرەمباغنى ئېلىش ئۇرۇشى

ھەرەمباغ قاتارلىق ئۈچ ئورۇندا مۇھاسىرىدە قالغان دۈشمەن
تەسلىم بولۇپ قورال تاپشۇرۇشقا ئۇنىماي، جاھىللىق بىلەن جان
تالاشقاندىن تاشقىرى، يەنە ئەتراپتىكى يېزىلاردىكى تىنچ ئاھالىـ
لەرنى ئۆلتۈرۈپ، بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلماقتا ئىدى. شۇڭا مۇھاسىـ
رىدىكى دۈشمەننى يوقىتىش نۆۋەتتىكى مۇھىم مەسىلە ئىدى.
ھەرەمباغ قاتارلىق 3 ئورۇن مۇداپىئەلىنىشكە ئەپلىك، ھۇجۇم
قىلىپ ئېلىشقا قولايسىز ئىدى. بۇ كۈنلەردە مىللىي ئارمىيە
تېخى قۇرۇلمىغان بولۇپ، قوراللىق قوشۇن تېخى تارقاق پارتىـ
زان ھالىتىدە ئىدى. جەڭنى ئوڭۇشلۇق ئېلىپ بېرىش ئۈچۈن،
تارقاق پارتىزانلارنى رويخەتكە ئېلىپ بىر تۇتاش قوماندانلىققا
بويسۇندۇرغان قىلىپ باتالىيون، روتا، ئۈزۈۋوت ۋە ئەددىلىنىيىدـ
لەرگە بۆلدى. جۈملىدىن مەن مەخمۇتنىڭ ئەددىلىنىيىسىگە تەقـ
سىم قىلىندىم. مەخمۇت شۇ چاغدا 22 ياشتا ئىدى. ئۇ جىلىل
يۈزىدىكى كەمبەغەل دېھقاننىڭ ئوغلى بولۇپ، ئىقتىسادىي بولمىـ
غاچقا تېخى ئۆيلىنەلمىگەن ئىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ زېرەكلىكى، كەم



سۆزلىكى، قەتئىيلىكى بىلەن تەڭتۇشلىرى ئارىسىدا يۇقىرى ئابـ
رويغا ئىگە ئىدى. ئۇ ئىنقىلابنىڭ دەسلەپكى كۈنلىرىدىلا بىر
بۆلۈم ياشلارنى باشلاپ كېلىپ، غۇلجىنى ئېلىش ئۇرۇشلىرىغا
ئىشتىراك قىلىپ قەيسەرلىك ۋە باتۇرلۇقىنى كۆرسەتكەنلىكى ئۈـ
چۈن، ئالدىنقى سەپ جەڭ خەۋەرلىرىدە ئۇنىڭ ئىش ئىزلىرى
ئۆلگە قىلىنىپ باشقىلارغا ئىلھام بېرىلەتتى. مەخمۇت بۈيرۇققا
بىنائەن گومىنداڭنىڭ «پولات ئىستېھكام» دەپ ئاتالغان بايكۆلـ
دىكى ئەڭ چوڭ پوتەيىگە ئىككى قېتىم كىرىپ ئەھۋال ئىگىلەپ
چىققانلىقى ۋە بۇ جەرياندا دۈشمەننىڭ ئىككى تال قورالىنى ئوغـ
رىلاپ چىقىپ تەشكىلگە تاپشۇرغانلىقى ئۈچۈن، قوماندانلىق شتـ
تاب ئۇنى ئىككى دانە مېدال بىلەن تەقدىرلىگەنىدى. بىز ئۇنىڭ
ئەددىلىنىيىسىگە كەلگەندىن كېيىن، ئۇ بىزنى بىر تامنىڭ دالدىـ
سىغا باشلاپ بېرىپ جىددىي قىياپەتتە: «قېرىنداشلار ھازىر كەسـ
كىن جەڭ بولىۋاتىدۇ، بىزنىڭ ھازىرقى ۋەزىپىمىز ① 
بەلگىلەنگەن دائىرە ئىچىدىكى ئەھۋاللارنى يۇقىرى رەھبەرلىككە
يەتكۈزۈش ۋە يۇقىرىنىڭ يوليورۇقىنى تۆۋەنگە يەتكۈزۈپ ئوتتۇـ
رىدا ئالاقىچىلىق قىلىش؛ ② جەڭ قىلىش. بۇ ئىككى ۋەزىپىنى
بىر ـ بىرىدىن ئايرىۋېتىشكە بولمايدۇ، بىر ياقتىن جەڭ قىلىپ،
بىر ياقتىن ئالاقىلىشىمىز، ۋەزىپىمىز ئېغىر، بىز قۇربان بېـ
رىشتىن قەتئىي قورقماي ۋەزىپىنى شەرەپ بىلەن ئورۇندىشىمىز
لازىم»، دېدى. ئاندىن ئوڭ قولى بىلەن غەرب تەرەپتىكى بىر
دۆڭنى كۆرسىتىپ: «ئالدىمىزدا تۇرغان بۇ چوڭ پوتەي دۈشمەنـ
نىڭ «پولات ئىستېھكام» دەپ ئاتايدىغان پوتىيى شۇ، بىز ئالدى
بىلەن شۇ پوتەينى گۇمران قىلىشىمىز كېرەك. مەن ئىككى
قېتىم بۇ پوتەيگە بېرىپ ئەھۋال ئىگىلەپ ئىككى تال مىلتىق
ئوغرىلاپ چىققان بولساممۇ، جەڭچىلىرىمىزنىڭ جېنىغا زامىن
بولۇۋاتقان پىلىموت ئاۋازىنى يوقىتالمىدىم. بۈگۈن كېچە بۇ
پوتەينى چوقۇم يوقىتىمىز. ئەگەر ۋاقتىدا يوقاتمىساق نەچچە مىڭ

كىشىنىڭ جېنىغا زامىن بولىدۇ. قېرىنداشلار، بىز ئۆز ئىختى-
يارىمىز بىلەن «ئۆلسەك شېھىت، قالساق غازى» دەپ قەسەم
بېرىپ پىدائىيلىققا يېزىلغان. بىز خەلقىمىز ۋە كەلگۈسى ئەۋلاد-
لىرىمىزنىڭ ئازادلىقى ئۈچۈن كۆرىشىۋاتىمىز. جەڭ قىلغاندا
ھېچنەرسىدىن قورقماي باتۇرلۇق كۆرسىتىشىمىز لازىم»، دې-
دى. دېمىسىمۇ بۇ پوتەي جايلاشقان ئورۇن ئېگىز، ئەتراپى تۈز؛
يوشۇرۇنغىدەك جاي بولمىغاچقا، ئۇنى يوقاتمىغۇچە ئىلگىرىلىگى-
لى بولمايتتى. ئۇنى يوقىتىشىمىز ئاسان ئەمەس ئىدى. ئارىمىز-
دىن بىر جەڭچى: «كوماندىر، بۇ پوتەينى ئېلىشنىڭ بىزنىڭ
ۋەزىپىمىزگە مۇناسىۋىتى بارمۇ؟»، دەپ سوئال قويغانتى، «سى-
لەرنىڭ ۋەزىپەڭلەرگە تەسىر يەتمەيدۇ. شارائىت يار بەرسە،
ئۆزۈم بېرىپ ئورۇنلايمەن»، دېدى. ئاندىن سۆزىنى يۆتكەپ
«بىزنىڭ قوماندانلىق شتابىمىز ئارقا تەرەپە كۆرۈنۈپ تۇرغان
دەرەخلىق مەھەللىدە (نىلقا مەھەللىسىنى دېمەكچى)، مېنىڭ
ئورنۇم ئالدىمىزدا كۆرۈنۈپ تۇرغان ئاشۇ چۇلاق تام. سىلەر
ئىگىلىگەن ئەھۋالنى ئەشۇ يەرگە بېرىپ ماڭا دوكلات قىلىسىلەر،
زۆرۈر تېپىلسا مەن قوماندانلىق شتاپقا دوكلات قىلىمەن»، دې-
دى. كوماندىر يەنە: «سالام جاڭزىسىدا (بىر باينىڭ قوراسى)
بىر ئىزۋۇت جەڭچىمىز بار. دۈشمەنلەر كۆپ ھالدا سىرتقا چې-
قىپ ئاشلىق بۇلاشتا بۇ جاڭزىغا ھۇجۇم قىلىدۇ. چۈنكى، بۇ
دۈشمەنلەرنىڭ ئاشلىق بۇلاش ئۈچۈن ماڭىدىغان يولى، بىز ئۇلار-
نى قوغداش ئۈچۈن، ئۇلار بىلەن ئالاقىنى ئۈزۈپ قويماسلىقىمىز
كېرەك، ئىككى جەڭچى دەرھال بېرىپ ئۇلارنىڭ ئەھۋالىنى ئى-
گىلەپ كەلسۇن. يەنە ئىككى جەڭچى ئارقا سەپتىن ئوق ۋە
گرانات ئېلىپ كەلسۇن، قالغانلىرىمىز ئۆز ئورۇنلىرىمىزغا بې-
رىپ دۈشمەننىڭ ھەرىكەتلىنىش ئەھۋالىنى كۆزىتىپ، ھۇجۇمغا
تەييار تۇرۇشىمىز كېرەك»، دەپ خىزمەت تەقسىماتىنى تۈگى-
تىپ بىر نەچچىمىزنى ئېلىپ قېلىپ، قالغانلارنى دەرھال ئۆز



ئورۇنلىرىغا بېرىپ ئىستىھكامدا چىڭ تۇرۇشنى تاپشۇردى. ئان-
دىن ئېلىپ قالغان بىر قانچىمىزغا: «ھازىر كۈن كەچ بولۇپ
قاراڭغۇ چۈشۈۋاتىدۇ، قارمۇ قاتتىق يېغىۋاتىدۇ. تاماكا چېكىش-
كە، ئۈنلۈك گەپ قىلىشقا، ئۆز ئورنۇڭلاردىن رۇخسەتسىز ئايرى-
لىشقا قەتئىي بولمايدۇ. ئەھۋال سېزىلسە قۇلاقنى قۇلاققا يېقىپ
ئاستا شىۋىرلاش كېرەك. ئوقنى قالايمىقان ئاتماي نىشانلىق
ئېتىش كېرەك. ئەڭ مۇھىمى ئومۇميۈزلۈك ھۇجۇمغا ئۆتۈش
سىگنالىغا دىققەت قىلىڭلار»، دېدى. ئاندىن ئۆز ئورۇنلىرىمىزغا
بېرىپ جەڭگىۋار ھالەتتە تۇرۇشقا بۇيرىدى. ئۇ: «نېمە ئۈچۈن
ھۇجۇم سىگنالى بېرىلمەيدۇ؟» دەپ تاقەتسىزلەنگەن ھالدا ئۆز
- ئۆزىگە سوئال قوياتتى. بىز تەرەپتىن ھۇجۇم سىگنالى بېرىل-
مىگەن بىلەن دۈشمەن ئوقلىرى ئۈزۈلمەي ئېتىلىپ تۇراتتى.
ئاڭغىچە سالام جاڭزىسىغا كەتكەن ئىككى جەڭچى يېتىپ كېلىپ
كوماندىرغا بىر نەرسىلەرنى دوكلات قىلدى. كوماندىر دوكلاتنى
ئاڭلاپ: «ئارقا سەپكە كەتكەن ئىككى جەڭچى تېخى يېتىپ كەل-
مىدى، مەن ئەھۋالنى يۇقىرىغا دوكلات قىلغاچ ئۇلارنى باشلاپ
كېلەي، سىلەر ئۆز ئورنىڭلاردا چىڭ تۇرۇڭلار، پىلىموتچىك
ۋاقىتلىق كوماندىر بولۇپ تۇرىدۇ»، دەپلا يۈرۈپ كەتتى. تاڭ
ئاتاي دەپ قالدى. كوماندىرمۇ كەلمىدى. ئۇرۇش سىگنالىمۇ
بېرىلمىدى. بىز ھەيران بولغان ھالدا، بۈگۈن ھۇجۇم قىلمايدى-
غان ئوخشايمىز، دەپ قىياس قىلىشتۇق. ئۇ كېچىسى قار ناھاي-
تى قېلىن ياغدى. ئەگەر قوزغىلىپ ھەرىكەت قىلىپ تۇرمىساق
قار ئاستىدا قالاتتۇق. تۇيۇقسىزلا بىر جەڭچى: «ھۇجۇمغا ئۆ-
تۈش سىگنالى بېرىلدى»، دەپ ۋارقىراپ كەتتى.[1] ئارقىدىنلا
يىغىلىش بۇيرۇقى بېرىلدى. بىز 60 سانتىمېتىر قېلىنلىقتىكى
قارنى كېچىپ مېڭىپ دېگەن جايغا بېرىپ توپلاندۇق. ۋاقىتلىق

① 1945 - يىلى 28 - يانۋاردا ھەرەمباغقا ھۇجۇم باشلاندى.

كوماندىر جىددى قىياپەتتە: «كوماندىر تېخى كەلمىدى. بىزنىڭ
قاراپ تۇرۇشىمىزغا بولمايدۇ. ئۇلۇغ تەرەپ بىلەن مېڭىپ يېنىد-
مىزدىكى قېرىنداش قىسىملارغا ماسلىشىپ ھۇجۇمغا ئۆتىمىز»
، دەپ بۇيرۇق قىلدى. ئارىمىزدىن بىرسى: «كوماندىر بىزنى
مېنىڭ بۇيرۇقۇمسىز ھەرگىز ئورنۇڭلاردىن ئايرىلماڭلار دېگەن
ئىدىغۇ» ، دېدى. بىر قىسمىمىز بۇ پىكىرنى قوللىدۇق، تالاش
- تارتىش بولۇپ تۇرغان جىددى پەيتتە مەخمۇت كوماندىر ئىككى
جەڭچىنى ئېلىپ يېتىپ كەلدى. كوماندىر: «قوماندانىنىڭ بۇي-
رۇقى بويىچە بۈگۈن چۈشكىچە دۈشمەننى ھەرەمباغدىن قوغلاپ
چىقارماقچى، ئايرودروم تەرەپنىڭ يولىنى ئېچىۋەتتى. دۈشمەنلەر
تاغ تەرەپكە يەنى پىلىچى خاڭ تەرەپكە قېچىشى مۇمكىن. بىز
ئالدى بىلەن مۇشۇ پوتەينى ئاساس قىلغان ھالدا ھۇجۇمغا ئۆتىد-
مىز. مەن پوتەيگە ئىككى قېتىم بارغان پوتەيگە يېقىنلىشىش
يوللىرى ماڭا ئىنتايىن تونۇش، باشقىڭلار بىلمەيسىلەر. شۇڭا
مەن بىلەن ئۇلۇغ تەرەپنى ئايلىنىپ پوتەيگە بارىمىز. سالام جاڭزىد-
سى ئارىلىقىدىكى قېرىنداش ئۈزۈۋۈتلارغا ئادەم ئەۋەتىپ خەۋەر
بېرىڭلار. چۈنكى ئۇلارنىڭمۇ نىشانى پوتەينى يوقىتىش. ئۇلار بىز
تەرەپتىن پوتەيگە ئادەم كەتكەنلىكىدىن خەۋەر تاپسۇن. قالغانلىد-
رىڭلار مېنى قوغداپ پوتەينى ئوققا تۇتۇڭلار. ھازىر تاڭ يېقىنلا-
شتى. تاڭ يورۇپ قالغۇچە پوتەينىڭ قېشىغا بېرىۋېلىشىم كې-
رەك. تاڭ ئېتىپ قالسا، پوتەيگە يېقىنلاشقىلى بولمايدۇ. ناۋادا
يامان ئەھۋال يۈز بەرسە، پوتەيدىن بەلگە چىقمايدۇ. بولمىسا
دۈشمەنلەرنى يوقىتىپ پوتەيدىن بەلگە بېرىمەن. پوتەيدىن ئوق
ئېتىلىشىمۇ توختايدۇ. مەن بۇ ۋەزىپىنى ئورۇنلاپ قايتىپ كەلگۈ-
چە پىلىموتچى كوماندىرلىق ۋەزىپىسىنى ئۆتەيدۇ. مەن قايتىپ
كەلگەندىن كېيىن ئالاقە قىلىش ۋەزىپىمىزنى ئەسلىگە كەلتۈرد-
مىز» ، دېدى. ئاندىن خەير - خوش، دەپ قولىغا ئاپتوماتنى
ئېلىپ، 7 - 8دەك گراناتنى بىلىگە چىگىپ، بىر جەڭچىنى



ئەگەشتۈرۈپ چۇلاق تامنى ياقىلاپ بىر ئۆمىلەپ، بىر يۈگۈرەپ
پوتەيگە قاراپ كەتتى. بىز ئۆز ئورنىمىزدا تۇرۇپ ئۇلارنى قوغ-
داش يۈزىسىدىن دۈشمەن تەرەپكە شىددەتلىك ئوق ئېتىشقا باشلى-
دۇق. تاڭ ئېتىپ يورۇق چۈشەي دەپ قالدى. دۈشمەن پوتىيى-
دىن تېخىچىلا ئۈزۈلمەي ئوق ئېتىلىۋاتاتتى. بىز كوماندىر پوتەي-
گە بارالماي قۇربان بولغان ئوخشايدۇ، دەپ پوتەينى غەزەپ بىلەن
ئوققا تۇتقىلى تۇردۇق. پوتەيدىن چىققان ئوق بىزنى بىر قەدەممۇ
ئىلگىرلىگىلى قويمايۋاتاتتى. شۇنداق پەيتتە قېرىنداش قىسىملار
بىلەن ئالاقە قىلىش ئۈچۈن كەتكەنلەر يېتىپ كېلىپ: «قېرىن-
داشلار پوتەيدىن بەلگە، بەلگە» دەپ، ۋارقىراپ كەتتى. پوتەي
تۆشۈكىدىن بىر ئەسكى چاپاننىڭ پۇلاڭلاپ تۇرغانلىقىنى كۆر-
دۇق. ئارىمىزدىكى بىر روس جەڭچى خۇشاللىقىدىن ئىككى قو-
لىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ ۋارقىراۋاتقاندا ئوڭ قولىغا ئوق تېگىپ
يىقىلدى. پوتەيدىن چىقىۋاتقان مۆلدۈردەك ئوقمۇ توختاپ قالدى.
شۇ زامان پىلىموتچى كوماندىر مېنى دەرھال يارىلانغان جەڭچىنى
ئېلىپ ئارقا سەپكە بېرىپ قوماندانغا دوكلات قىلىشىمنى بۇيرى-
دى. مەن ياردار جەڭچىنى يۆلەپ ئاپتوماتنى كۆتۈرگىنىمچە
قوماندانلىق شتابقا بېرىپ دوكلات قىلدىم. قوماندان ئاڭلاپ
ئاچچىقلىنىپ: «ئۇ كىمنىڭ بۇيرۇقى بىلەن بىر ئەددىلىنىيە
ئەسكەرنى تاشلاپ ئۆزى پوتەيگە كەتتى. دەرھال ئوڭ ۋە سول
تەرەپتىكى قېرىنداش ئىزۋۇتلارغا خەۋەر قىلىڭلار. ئۇنىڭ سالا-
مەت قايتىپ چىقىشى ئۈچۈن ياردەم قىلىشقا ئادەم ئەۋەتىلسۇن»
، دەپ يېنىدىكى ئىككى نەپەر كوماندىرغا بۇيرۇق قىلدى ۋە ماڭا
جىددى قىياپەتتە ئەددىلىنىيەدىكى جەڭچىلەر كوماندىرنىڭ كەت-
كەن ئىزى بىلەن ئارقىدىن بېرىشنى تاپشۇردى. بۇيرۇقنى يەنە
بىر قېتىم تەكرارلاپ بەرگەندىن كېيىن، قايتىش ئىشارىتىنى
بەردى. مەن ئەددىلىنىيەگە يېقىنلىشىپ قالغاندا ئارقامدىن بىر-
سى چاقىردى. قارىسام مەخمۇت بىلەن كەتكەن جەڭچى ئىكەن.

ئۇ يىغا ئارىلاش: «كوماندىر قازا قىلىپ كەتتى»، دېدى. ئىككى-
مىز بىرلىكتە ئەددىلىنىيەگە باردۇق. ئۇ پىلىموتچى كوماندىرغا
مەخمۇت كوماندىرنىڭ قۇربان بولغانلىقىنى دوكلات قىلدى، مەن
قوماندانىنىڭ بۇيرۇقىنى يەتكۈزدۈم. كوماندىر 10 مىنۇتتەك بې-
شىنى ساڭگىلىتىپ سۈكۈتتىن كېيىن كۆز يېشىنى سۈرتۈپ
تۇرۇپ، ھېلىقى جەڭچىدىن مەخمۇت كوماندىرنىڭ قۇربان بولۇش
جەريانىنى تەپسىلى سورىدى. ئۇ جەرياننى مۇنداق سۆزلەپ بەر-
دى: «بىز پوتەيگە يېقىنلىشىپ بارغاندا دۈشمەنلەر پوتەيدىن مۆل-
دۈردەك ئوق ياغدۇرماقتا ئىدى. ئارىلاپ پوتەي ئەتراپىغا قارىغۇ-
لارچە گىرانات تاشلايتتى. تاشلانغان بۇ گىراناتلار پوتەي ئەتراپىغا
كۆمۈلگەن دۈشمەن مىنالىرىنىمۇ پارتىلىتاتتى. شۇڭا پوتەيگە
يېقىنلىششقا زادى ئىمكان بولمىدى. بۇ چاغدا كوماندىر: ‹مەي-
لى قانداق بولسۇن تاڭ ئاتقۇچە پوتەيدىكى دۈشمەننى يوقىتىش
كېرەك. سەن مۇشۇ يەردە تۇرۇپ پوتەي تۆشۈكىگە ئۈزمەي ئوق
ئات. يەنە بىر قانچە گىراناتنىمۇ ئات. شۇنداق قىلغاندا دۈشمەننىڭ
دىققىتى ساڭا مەركەزلىشىدۇ. مەن پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ پوتەي-
گە يېرىشالىمەن. پوتەينىڭ 3 - قەۋىتىنى ئالالمىساقمۇ 1 -
قەۋىتىنى ئالساقلا دۈشمەن ئۆزلۈكىدىن تەسلىم بولىدۇ. مەن
كىرىپ 1 - قەۋىتىنى ئېلىپ بەلگە چىقىرىمەن، شۇ چاغدا سەن
ئوقنى توختىتىپ ئۈستىدىكى دۈشمەنلەرنىڭ ھەرىكەت ئەھۋالىنى
كۆزەت، ئەگەر دۈشمەن تەسلىم بولۇپ بايراق چىقارسا، سەن
بىر گىراناتنى ئوڭ تەرەپتىكى دەرەخكە قارىتىپ تاشلا، ئەگەر
تەسلىم بولۇش ئىپادىسى كۆرۈلمىسە، ئوق چىقارماستىن جىم
بولىۋال›، دېدى. مەن: ‹سىز قانداق قىلىسىز›، دېدىم. ئۇ:
‹ھازىرقى ئەھۋالدىن قارىغاندا دۈشمەننىڭ كۆپ قىسمى 2 -،
3 - قەۋەتكە توپلاشقان. ئاستىدا بىر قانچىلا دۈشمەن بار، مەن
ئۇلارنى بىر گىرانات بىلەن ئۇجۇقتۇرىمەندە پوتەيگە كىرىمەن.
ئۇلار ئۈستىگە چىقىدىغان ئىشىكنى مەھكەم تاقايدۇ. مەن ئىككى



دانە چويۇن توپ گىراناتنى ئىشىك ئېچىلىشىغىلا پارتلايدىغان قى-
لىپ قويۇپ، ئاندىن بەلگىنى چىقىرىپ پوتەيدىن چېكىنىپ چىقى-
مەن. دۈشمەن ھېچيەرگە بارالمايدۇ. بىز ئۇلارغا قارىتا تەسلىم
بولۇڭلار، دەپ ۋارقىرايمىز›، دېدى. دەل مۇشۇ چاغدا ئومۇم-
يۈزلۈك ھۇجۇمغا ئۆتۈۋاتقان پەيت بولغاچقا، ھەر ئىككى تەرەپ-
تىن ئېتىلغان زەمبىرەك، مىناميوت ۋە پىلىموتلارنىڭ ئاۋازىغا
ھۇررا ئاۋازلىرى قوشۇلۇپ ھېچنەرسە ئاڭلاتقۇزۋاتاتتى. كومان-
دىر تىت - تىت بولۇپ بىر جايدا تۇرالماي قالدى. ئاخىرى ئۇ:
‹بۇ پوتەينى يوقاتمىساق ھۇجۇمغا ئۆتكەن جەڭچىلىرىمىز كۆپ
قۇربان بولۇپ كېتىدۇ. ئەمدى كېچىكىشكە بولمايدۇ. خەير -
خوش›، دەپ قول ئېلىشىپ كۆزدىن غايىپ بولدى. مەن كومان-
دىرنىڭ دېگىنى بويىچە كۆزۈمنى دۈشمەن ھەرىكىتىگە، قولۇ-
قۇمنى پوتەيدىن چىقىدىغان گىرانات ئاۋازىغا مەركەزلەشتۈرۈپ
ئىككى ئورۇنغا يۆتكىلىپ تۇرۇپ ئوق چىقىرىشقا باشلىدىم.
ئۇزۇن ئۆتمەي، پوتەي ئىچىدىن گۈلدۈرلىگەن گىرانات ئاۋازى
چىقتى. ئىككى تۆشۈكتىن ئېتىلىۋاتقان پىلىموت ئوقى شۇئان
جىمىقتى. ئارقىدىنلا بىر ئەسكى چاپاننى تۆشۈكتىن چىقىرىپ
بەلگە بەردى. مەن دەرھال پوتەيگە يېرىشقا تەمشەلگەن بولساممۇ،
كوماندىرنىڭ يېرىشىم توغرىسىدا گەپ قىلمىغانلىقى ئۈچۈن،
يېرىشتىن توختاپ ئەھۋالنى كۆزىتىپ تۇردۇم. دۈشمەن بىردەم
جىمجىتلىقتىن كېيىن، يەنە - ئارىلاپ ئوق چىقىرىپ
قوياتتى. دېمەك دۈشمەن ساراسىمىگە چۈشۈپ قالغانىدى. بىراق
كوماندىر جىم بولۇپ كەتتى. كوماندىرغا بىر ئىش بولغانمىدۇ
دەپ ئىنتايىن جىددىيلەشتىم، شۇ ئارىلىقتا پوتەيدىن قاتتىق
گۈلدۈرلىگەن يەنە بىر ئاۋاز چىقىپ ئىس - تۈتەك قاپلاپ كەتتى.
پوتەينىڭ 2 - قەۋىتىدىكى ئېتىلىۋاتقان پىلىموتلار بىراقلا ئۆ-
چۈقتى. مەن ئەمدى بارسام بولىدى دەپ 10 نەچچە مېتىر
مېڭىشىم بىلەن كوماندىر بىر پىلىموت، ئىككى ياپونكا مىلتىقنى

ئېلىپ ئالدىمغا چىقتى ۋە ‹ئارقامغا چېكىن›، دېدى. دەرھال قايتىپ ئەسلىدىكى ئورۇنغا كەلدۇق. كوماندىر: ‹ئەمدى ئەددەلىنىيەگە قايتىپ ئۆز ۋەزىپىمىزنى ئىشلەيلى، دۈشمەن ئاساسىي جەھەتتىن تۈگىدى، 3 ـ قەۋەتتىكى دۈشمەن ھېچ يەرگە بارالمايدۇ›، دېدى. مەن: ‹ئىككىنچى قېتىم ئېتىلغان گرانات ئاۋازى نەدىن چىقتى›، دەپ سورىۋېدىم كوماندىر: ‹ئاستىنقى قەۋەتتە ئىككى دۈشمەن بار ئىكەن. ئۇلارنى بىر گرانات بىلەن ئۇجۇقتۇرۇپ، بەلگىنى چىقاردىم. ئۈستىگە چىقىش مۇمكىن بولمىغانلىقتىن، ئىككى چويۇن گراناتنى ئېسىپ قويۇپ پوتەيدىن چېكىنىپ چىقتىم. دۈشمەن ئاستىنقى قەۋەتتىكى بولغان ئەھۋالنى بىلىش ئۈچۈن، ئىشىكنى تارتىشىغا گرانات پارتلاپ ئۇلارنى يوقاتتى. بۇ ئاۋاز ئەنە شۇنىڭدىن چىققان ئاۋاز›، دېدى. گەپ شۇيەرگە كەلگەندە 3 ـ قەۋەتتىكى دۈشمەن بىزنى شىددەتلىك ئوققا تۇتقىلى تۇردى. كوماندىر: ‹دۈشمەن بىزنى سېزىپ قالدى. دەرھال چېكىنىپ كېتەيلى›، دەپ بىر مىلتىقنى ماڭا بېرىپ بىز مىلتىق، پىلىموتنى ئۆزى سۆرەپ كەينىمىزگە ياندۇق. كوماندىر: ‹ئارىلىق قويۇپ ماڭايلى، سەن بەش مېتىر كەينىمدە ماڭ›، دېدى. مەن بەش مېتىر ئارقىسىدىن ئۆمۈلەپ ماڭدىم، بىر ئېرىقنىڭ ئىچىدىن چىقىپ ئازگالغا ئۆتۈش ئارىلىقىدا كوماندىرغا ئوق تېگىپ شېھىت بولدى».

ۋاقىتلىق كوماندىر ئورنىدىن دەس تۇرۇپ: «بىز قەھرىمان كوماندىرىمىز مەخمۇتنىڭ ئادا قىلالمىغان ۋەزىپىسىنى ئورۇنلاش ئۈچۈن، بىرىمىز قالغىچە جان تىكىپ جەڭ قىلىشىمىز كېرەك»، دېدى ۋە ئۇنىڭ ھۆرمىتى ئۈچۈن، ئاسمانغا قارىتىپ 3 پايدىن ئوق ئاتتۇق. ئاندىن كوماندىرنىڭ جەسىتىنى ئېلىپ كېلىشكە ئۈچ ئادەم بەلگىلەپ، ئۆزى قوماندانلىق شتابقا يۈرۈپ كەتتى. قالغانلىرىمىز ئۆز ئورنىمىزدا كوماندىرنىڭ جەسىتىنى ساقلاشقا قالدۇق. 3 ـ 4 سائەتتىن كېيىن ۋاقىتلىق كوماندىر قايتىپ



كېلىپلا يىغىلىش بۇيرۇقى بەردى. كوماندىر: «بىر قايغۇنىڭ بىر خۇشاللىقى بار، دېگەندەك ھازىر دۈشمەننىڭ ئالدى ئايرودروم تەرەپ بىلەن قېچىشقا باشلىدى. ئالدىمىزدىكى پوتەيدىمۇ دۈشمەن قالمىدى. ھەممىسى تەرەپ تەرەپكە قېچىشىپ كىرىدىغان تۆشۈك تاپالماي، بەزىلىرى ئۆزلۈكىدىن تەسلىم بولۇشقا باشلىدى»، دەپ بار ئاۋازى بىلەن ۋارقىراپ سۆزلىدى. بىزمۇ ئورنىمىزدىن تۇرالماي جىددىيلىشىپ يېڭى ۋەزىپە تاپشۇرغىچە ئالدىراپ تۇراتتۇق. كوماندىر: «يۇقىرىنىڭ بۇيرۇقى مۇنداق تېخىچە كوماندىر مەخمۇتنىڭ جەسىتىنى ئېلىپ كېلەلمەيۋاتىمىز. بىر ئادەم بېرىپ ئۇلارغا جەسەتنى ئارقا تەرەپكە ئېلىپ كېتىشنى ئېيتسۇن، قالغانلىرىمىز سالام جاڭزىسى تەرەپكە بېرىپ، ئۇ يەردىكى قېرىنداش ئۇزۇۋۇتلارنىڭ ئەھۋالىنى ئىگىلەپ بىر تەرەپتىن ئۇلارغا ياردەم بېرىمىز، يەنە بىر تەرەپتىن ئىگىلىگەن ئەھۋالنى يۇقىرىغا دوكلات قىلىمىز. چۈنكى دۈشمەننىڭ ئەسكىرى تېخىچە بايكۆلدىن قوزغالمايۋاتىدۇ. غەرب تەرەپتىكى قوشۇنلىرىمىز ھەرەمباغنىڭ كۆپ قىسمىنى ئىگىلەپ بولدى. بىراق شەرق تەرەپتىكى دۈشمەن تېخى قوزغالمايۋاتىدۇ. بىز مەرھۇم كوماندىرىمىزنىڭ قورقماس قەيسەر روھىنى ئۈلگە قىلىپ، ئۇنىڭ ئارزۇسىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشىمىز لازىم»، دېدى ۋە بىزنى نىلقا مەھەللىسىنىڭ بىر چېتىدىكى يالغۇز جاڭزىغا باشلاپ باردى. ئاندىن: «قوماندانلىق شتابنىڭ بۇيرۇقى بويىچە بىزنىڭ ئورنىمىز مۇشۇ يەردە بولىدۇ»، دېدى. 45 ـ يىلى 30 ـ يانۋار ھەرەمباغ ئازاد قىلىندى. ھەرەمباغدىكى مۇھاسىرىدىن قېچىپ چىققان دۈشمەنلەر پىلچى سايغا بارغاندا پارتىزانلار تەرىپىدىن يوقىتىلدى. شۇنىڭ بىلەن غۇلجا تولۇق ئازاد بولدى.

## كەڭساي، ستەي، ئوتەي ۋە يەنسخەيلەردىكى جەڭ

غۇلجا ئازاد قىلىنغاندىن كېيىن مىللىي ئارمىيەنى تەرتىپكە
سېلىپ، گومىنداڭغا قوغلاپ زەربە بېرىش ئۈچۈن، ئالدىن بىر
رازۋېتكا ئەترىتىنى كەڭسايدىكى دۈشمەن ئەھۋالىنى چارلاپ كې-
لىش ئۈچۈن ئەۋەتكەنىدى. مەنمۇ شۇلار قاتارىدا ئىدىم. بىز
قىيۇمبۇلاقىچە ئاپتوموبىل بىلەن باردۇق. قىيۇمبۇلاقتىن پىيا-
دە تاشيولنى بويلاپ كەڭسايغا قاراپ يولغا چىقتۇق. ھاۋا سوغاق،
قار قېلىن، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۈستىمىزدە جۇۋا، پۇتىمىزدا پىي-
ما، قولىمىزدا قورال بولغاچقا، قار كېچىپ بىردەم ئۆمۈلەپ،
بىردەم مېڭىپ كەڭسايغا يېقىن بارغاندا دۈشمەن تەرەپ - تەرەپ-
تىن ئوق ياغدۇرۇشقا باشلىدى. دۈشمەن تاغ چوققىلىرىغا پوتەي
ياساپ زەمبىرەك، پىلىموتلارنى ئورنىتىۋالغانىكەن. بىزنىڭ ۋە-
زىپىمىز جەڭ قىلىش ئەمەس، پەقەتلا دۈشمەننىڭ ئوت توچكىلى-
رىنىڭ جايلىشىش ئەھۋالىنى ئىگىلەپ قايتىش ئىدى. دۈشمەن-
نىڭ بارلىق ئوت توچكىلىرىنى تولۇق ئاشكارىلىتىش ئۈچۈن
تەرەپ - تەرەپكە يۆتكىلىپ يۈرۈپ، ئوق ئېتىپ، گرانات تاشلاپ
گوياكى زور قوشۇن ھۇجۇم قىلىۋاتقاندەك ھالەت پەيدا قىلىپ
دۈشمەننى ساراسىمگە سېلىپ، بارلىق ئوت توچكىلىرىنى ئاشكا-
رىلاشقا مەجبۇر قىلدۇق. دۈشمەن ئىستىھكامىنىڭ بارلىق ئوت
توچكىلىرىدىن پىلىموت، زەمبىرەك ۋە مىنامىيوت ئوقلىرى ياغ-
قىلى تۇردى. كەڭسايدىكى قاۋالتىر بىلەن يېپىلغان بىر قانچە
كورپۇس ئۆي ۋەيران بولدى. بۇ ئەھۋاللارنى ئىگىلەپ بولغاندىن
كېيىن قايتماقچى بولدۇق. لېكىن، دۈشمەن بىزنىڭ ئاز ئادەم-
دىن تەشكىللەنگەن رازۋېتكا ئەترىتى ئىكەنلىكىمىزنى سېزىپ
قېلىپ، بىزنىڭ تىرىك قايتىشىمىزغا يول قويماسلىق ئۈچۈن
پىلىموت، مىنامىيوت ۋە زەمبىرەكلىرىنى توختاتماي ئېتىشقا باشلا-
دى. مۇئاۋىن كوماندىر زىنىكەيوف بىر ياردار جەڭچىنى سۆرەپ



كېتىۋاتقاندا ئوق تېگىپ شۇ يەردە قۇربان بولدى. ئاخىرى قاراڭ-
غۇ چۈشۈشنى ساقلاپ يېتىشقا مەجبۇر بولدۇق. قاراڭغۇ چۈش-
كەندىن كېيىن، ئىككى ياردار جەڭچى بىلەن مۇئاۋىن كوماندىر
زىنىكەيوفنىڭ جەسىتىنى ئېلىپ، بارغان يولىمىز بىلەن قايتىپ
قىيۇمبۇلاققا كەلدۇق. بىزنى قوماندان زۇنۇن تېيىپوف بىلەن
مازاروف قىزغىن كۈتىۋالدى. شۇ كېچىسى غولجىغا قايتىپ
كېلىپ ئىگىلىگەن ئەھۋاللارنى تولۇق دوكلات قىلدۇق. بىز
تەمىنلىگەن ئەھۋاللارغا ئاساسەن باش قوماندانلىق شتابى مۇنتىزىم
ئارمىيە بىلەن پارتىزانلارنى كەڭسايدىكى دۈشمەننى غەرب ۋە
شەرق تەرەپلەردىن قورشاپ يوقىتىش بۇيرۇقىنى بەردى. شۇنىڭ
بىلەن ھەربىي يۈرۈش باشلاندى. ئارمىيىمىزنىڭ قورشاپ ھۇجۇم
قىلىشىقا بەرداشلىق بېرەلمىگەن دۈشمەن ستەيگە چېكىنىپ بار-
لىق كۈچىنى ستەيگە ئورۇنلاشتۇردى ھەمدە ئۆتەيدە تورۇۋاتقان
بىر قىسىم ئەسكىرىنىمۇ ستەيگە يۆتكەپ كەلدى. پارتىزانلار
سايرام كۆلىنىڭ (مۇز تۇتۇپ كەتكەن) ئۈستىدىن ئۆتۈپ بىر
قىسمى غۇجىكنىڭ سېيىنىڭ[1] ئىككى ياقىسىدىكى تاغقا يوشۇرۇ-
نۇپ، دۈشمەننىڭ چېكىنىش يولىنى توسۇش ئۈچۈن ئىستىھكام
قۇردى. پارتىزانلارنىڭ بىر قىسىم مىللىي ئارمىيەگە ماسلىشىپ
ستەيدىكى دۈشمەنگە ھۇجۇم قىلدى. دۈشمەن ستەيدىكى ئىستىھ-
كامىنى تاشلاپ ئوتەيگە چېكىنىپ ماڭغاندا پارتىزانلارنىڭ توسۇپ
زەربە بېرىشىگە ئۇچراپ، بىر نەچچە يۈز ئادىمىدىن ئايرىلىپ،
ئاز ساندىكى باشلىقلىرىلا قېچىپ قۇتۇلۇپ داخىيەنزىگە بېرىۋال-
دى. ئالدىنقى سەپكە زۇنۇن تېيىپوف بىلەن مازارۇف قوماندان-
لىق قىلىۋاتاتتى. قوماندانلىق شتاب ستەيگە يۆتكىلىپ ئالدىنقى
سەپ ئوتەيدە بولدى. دۈشمەن داخىيەنزىنى ئالدىنقى سەپ-قىلىپ
جىڭدىن نۇرغۇن ئەسكەر يۆتكىدى، ئۇرۇش ۋاقتىنچە توختاپ

① غۇجىكنىڭ سېيى - ستەيدىن ئوتەيگە كەلگىچە بولغان ئارىلىق غۇجىكنىڭ سېيى دەپ ئاتىلىدۇ.

ئىككى ھەپتە ئۇرۇش تەييارلىقى ئېلىپ بېرىلدى. ئۇرۇش تەييارلىقى پۈتكەندىن كېيىن، دەرھال جەڭ بۇيرۇقى چۈشۈرۈلدى. قوماندان زۇنۇن تېيىپوف بىلەن مازاروف ئارقا سەپنى سىتەيگە ئورۇنلاشتۇرۇپ، قوماندانلىق شتابىنى ئوتەيگە يۆتكىدى. مۇنتىزىم ئارمىيە بىلەن پارتىزانلار ئۆز ئارا ھەمكارلىشىپ، داخىيەنزىدىكى دۈشمەن ئىستىھكامىغا ھۇجۇم قىلدى. ئۇرۇش ئىنتايىن كەسكىن بولدى. ھەر كۈنى دۈشمەن ئايرۇپىلانى قارغۇلارچە بومباردىمان قىلىپ ئوق ياغدۇرۇپ تۇراتتى. ئۇرۇش 4 ـ 5 كۈن كەسكىن داۋام قىلدى. بىز تەرەپتىن خېلى نۇرغۇن جەڭچى قۇربان بولدى ۋە ئېغىر يارىدار بولدى. داخىيەنزىنىڭ شىمالىدا دۈشمەننىڭ بىر چوڭ پوتىيى بولۇپ، بۇ پوتەي يەر شەكلى جەھەتتىن ستراتېگىيىلىك جايغا جايلاشقانلىقى ئۈچۈن، ئارمىيەمىزنىڭ ئىلگىرىلىشىگە توسقۇن بولماقتا ئىدى. بىزنىڭ ئاساسىي نىشانىمىز ئالدى بىلەن مۇشۇ پوتەينى يوق قىلىش ئىدى. ئارمىيىمىزنىڭ زەربىدار قىسمى پوتەيگە يېقىنلىشىپ قالغىنىنى كۆرگەن دۈشمەن ئايرۇپىلانى بۇ زەربىدار قىسىمنى يوقىتىش ئۈچۈن تاشلىغان بومبىسى دەل دۈشمەن پوتىيىنىڭ ئۈستىگە چۈشۈپ پوتەينى ۋەيران قىلدى. دېمەك دۈشمەن ئۆز پوتىيىنى ئۆزى يوق قىلدى. ئارمىيىمىز بۇ پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلىپ ئومۇميۈزلۈك ھۇجۇمغا ئۆتتى. يېڭىلگەن دۈشمەن قوشۇنى نۇرغۇن ئۆلۈكلىرىنى تاشلاپ، جەڭگە قاراپ قاچتى. چۈشكە يېقىن بىز داخىيەنزىنى ئېلىپ، دۈشمەننى ئىز بېسىپ قوغلاپ قۇمۇشبۇلاققا بارغاندا، بۇيرۇق بويىچە قوغلاشنى توختىتىپ كېيىنكى جەڭگە تەييارلاندۇق، ئۇرۇش تەييارلىقى جىددى كېتىۋاتقان چاغدا غۇلجىدىن زۇنۇن تېيىپوف بىلەن مازارۇفنىڭ غۇلجىغا قايتىپ كېلىشى توغرۇلۇق بۇيرۇق كەلدى. بىز 30 نەچچە جەڭچى بۇلار بىلەن بىللە غۇلجىغا قايتتۇق.



## شىمالىي فرونت ـ بورتالا، دۆربىلجىن، چۆچەك ۋە ئالتايلارغا يۈرۈش قىلىش

45 ـ يىلى 5 ـ ئايدا مىللىي ئارمىيە ئۈچ فرونتقا بۆلۈنۈپ دۈشمەنگە زەربە بېرىش ئۈچۈن يۈرۈش قىلدى. ① گېنېرال ئىسھاقبېك ئوتتۇرا فرونتقا يەنى جىڭ، شىخو، ماناس، ئۈرۈمچىلەرگە قاراپ يولغا چىقتى. ② پالىنوف، زۇنۇن تېيىپوفلار شىمالىي فرونتقا بۆرتالا، چۆچەك ۋە ئالتايلارغا يۈرۈش قىلدى. ③ ئابدۇكېرىم ئابباسوف، قاسىمجان قەمبىرى، سوپاخۇن جەنۇبىي شىنجاڭ يەنى ئاقسۇغا يۈرۈش قىلدى. بىز گېنېرال پالىنوف زۇنۇن تېيىپوف، ئالېكساندىر ئىۋانلار باشچىلىقىدىكى ئارمىيە بىلەن بورتالا، چۆچەك، ئالتاي تەرەپكە يۈرۈش قىلدۇق.

بورتالادىكى دۈشمەنلەر مۇۋاپىق دېگەن جايغا قېچىپ كەتكەنلىكتىن، بورتالادا ئۇرۇش بولمىدى. بىز بورتالالادا 2 كۈن تۇرۇپ، ئاندىن دۈشمەن ئارقىسىدىن قوغلاپ ئۈچبۇلاقتىن ئۆتۈپ، مۇۋاپىقتا بىر كۈن جەڭ قىلدۇق. دۈشمەن مۇۋاپىقتىن دۆربىلجىنگە قاراپ قاچتى. بىز ئىككىنچى كۈنى قوماندانلىق شتابىنى كورتىغا يۆتكىمەكچى بولۇپ، 20 ئاتلىق جەڭچى ئالدىن كورتىغا مېڭىپ شامال ئۆتەڭگە يېقىنلاشقاندا، چۆچەكتىن قاچقان دۈشمەننىڭ 2 ماشىنىسىنىڭ بۇ يەرگە كەلگەندە بوران ئۆرۈۋېتىپ، ئۇنىڭغا باسقان نەرسە كېرەكلەر پۈتۈنلەي بوراندا يوقالغانلىقىنى كۆردۇق. شۇ ئەسنادا دۈشمەننىڭ بىر يۈك ئايرۇپىلانى ئايرۇپىلان دېرىزىسىگە ئورناتقان ئىككى پىلىموت بىلەن بىزگە قارىتا ئايلىنىپ يۈرۈپ ئوق ياغدۇردى. بىز دەرھال ئاتتىن چۈشۈپ، ئاتلارنى بىر ـ بىرىگە چېتىپ باغلاپ، ئايرۇپىلانغا قارىتىپ ئوت ئاچتۇق. ئايرۇپىلان تۆت قېتىم پەس ئۇچۇپ ئوققا تۇتقان بولسىمۇ، بىز بارلىق قوراللارنى ئىشقا سېلىپ ئوت ئېچىپ ئايرۇپىلاننى زەخمىلەندۇردۇق. ئايرۇپىلان ھاۋادا يۇقىرى كۆتۈرۈلەلمەي

يەر بېغىرلاپ ئۇچۇپ، كۆزدىن غايىپ بولدى. بىز تەرەپتىن ئۈچ
ئاتقا ئوق تەگدى، سەككىز ئات ئۈركۈپ قېچىپ كەتتى. يېنى-
مىزدا پەقەتلا توققۇز ئات قالدى. موفاڭدا بىزنى كۆزىتىپ تۇر-
غان رەھبەرلەر دەرھال ماشىنا ۋە ئاتلار بىلەن يېتىپ كېلىپ،
يەتتە جەڭچىنى ئايرۇپىلاننىڭ ئارقىسىدىن قوغلاشقا بۇيرۇدى.
بىز چۈشكە يېقىن يولغا چىقىپ تۈز دالىدا كۈن ئولتۇرغىچە
توختىماي ماڭغان بولساقمۇ، ئايرۇپىلاننىڭ قارىسىنى كۆرەلمى-
دۇق. باشلىقىمىز ۋالونكا (روس): «بۈگۈن مۇشۇ كىگىز ئۆيدە
(ئادەم يوق قۇرۇق كىگىز ئۆي) قونۇپ، ئەتە سەھەردە يولغا
چىقىپ داۋاملىق يۈرۈش قىلىمىز»، دېدى. ئەتىسى سەھەردە يەنە
يولغا چىقتۇق. چاي ۋاقتىغىچە مېڭىپ لەنگوتال ئەتراپىغا بارغان-
دا، دوربۇن بىلەن قارىساق ئايرۇپىلان كۆرۈندى. بىز دەرھال
ئاتلارنى چاپتۇرۇپ ئايرۇپىلانغا 300 مېتىر كېلىدىغان جايغا
كېلىپ ئاتتىن چۈشۈپ، ئۇلارغا ئاگاھلاندۇرۇش يۈزىسىدىن بىر
نەچچە پاي ئوق ئاتتۇق. بىر ئازدىن كېيىن ئۇلار ئاق بايراق
چىقىرىپ تەسلىم بولىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. بىزدىن ئۈچ جەڭ-
چى ئۇلارنىڭ قېشىغا باردى. تۆتىمىز ئارقىدىن كۆزىتىپ تۇر-
دۇق. ئۇلار 8 ئادەم بولۇپ بەش ئوفىتسېر، ئۈچ لېيوتچىك
ئىكەن. ئۇلارنى بىر يەرگە ئېلىپ كېلىپ، قوراللىرىنى يىغىۋال-
غاندىن كېيىن، ئارقىدا قالغان تۆتىمىز ئاندىن ئۇلارنىڭ قېشىغا
باردۇق. كوماندىر ئۈچ جەڭچىنى دەرھال رەھبەرلىككە دوكلات
قىلىش ئۈچۈن ئەۋەتتى. قالغان تۆتىمىز ئايرۇپىلان بىلەن ئە-
سىرلەرنى ساقلاش ئۈچۈن، شۇ ئورۇندا بىر كېچە قوندۇق.
ئەتىسى ئۇلارنى شتابتىن كەلگەنلەرگە ئۆتكۈزۈپ بېرىپ، ئەسلى
ئورنىمىزغا كەتتۇق.

بىز مۇھاپىزەت ئەددىلىنىيەسى بولغاچقا، ئەتىسى قوماندان-
لىق شتاب ئارقىسىدىن كورتىغا باردۇق. قوماندانلار دۆربىلجىن-
دىكى ئورۇشقا قوماندانلىق قىلىۋاتقان ئىكەن. دۆربىلجىن مەك-



تىپىدىكى دۈشمەنلەر ئىككى كۈن جاھىللىق بىلەن قارشىلىق
قىلىپ 3 - كۈنى تەسلىم بولدى. دۆربىلجىننى ئالغاندىن كېيىن
باشلىقلار دۆربىلجىن بازىرىغا كىرمەي چۆچەكنى ئازاد قىلىش
ئۈچۈن، ئۇدۇل چۆچەككە قاراپ ماڭدى. بىز چۆچەك ناھىيىلىك
ھۆكۈمەت قورۇسىغا چۈشتۇق. ئۈچ كۈن ھەربىي ھالەت يۈرگۈ-
زۈلۈپ خەلق تىنچلانغاندىن كېيىن، يېڭى ھەربىي قوبۇل قىلىش
بولدى. يەنە بىر تەرەپتىن گومىنداڭ ئەسكەرلىرىنى ۋە بانكا،
باج، ساقچى قاتارلىق ئورۇنلاردىكى ئادەملەرنى يىغىش بولدى.
بۇ چاغدا ئابلاخان (ئەسلى گومىنداڭ قوشۇنىدىكى مىللىي روتى-
نىڭ باشلىقى ئىدى. 30 نەچچە ئاتلىق ئەسكىرى بىلەن چۆچەك
ئوتتۇرا مەكتىپىگە مۆكۈۋالغانىكەن) ئەسكەرلىرىنى باشلاپ ئۆز-
لىرىنى مەلۇم قىلغاندىن كېيىن، بىز بېرىپ ئۇلارنى تەكشۈرۈپ
قوماندانلىق شتابقا ئەكەلدۇق. ئۇلارنى گېنېرال پالىنوف، ماژا-
روف، زونۇن تېيىپوۋ قاتارلىقلار قارشى ئالدى ۋە ئۇلارنى
خوجەخمەت باشلاپ كەلگەن 700 نەپەر پارتىزان بىلەن بىرلەشتۈ-
رۈپ بىر پولك قۇردى. ئابلاخان پولكوۋنىك بولدى. بىز چۆچەك-
تە بىر ئايغا يېقىن تۇرۇپ، 8 - ئايدا شىخوغا قاراپ يولغا
چىقتۇق. چەمپەيزىدا دۈشمەن بىلەن ئىككى كۈن ئۇرۇش قىل-
دۇق. جەڭ قاتتىق بولدى. دۈشمەن ئايرۇپىلانى كېلىپ بومبار-
دىمانمۇ قىلدى. لېكىن بەرداشلىق بېرەلمىگەن دۈشمەن 3 - كۈنى
قېچىپ يېڭى شىخوغا كېلىۋالدى. بىز كونا شىخودا بىر دوختۇر-
خانىنى ئارقا سەپ شتابى قىلىپ، يېڭى شىخوغا شىمال ۋە غەرب
تەرەپتىن ھۇجۇم قىلدۇق. دۈشمەن تانكا ۋە ئايرۇپىلانلىرىنى
ئىشقا سالدى. بىزدە تانكا يوق ئىدى. ئىككى قېتىم غۇلجىدىن
ئايرۇپىلان كېلىپ دۈشمەننى بومباردىمان قىلىپ بىزگە ياردەم
بەردى. بەش كۈن قاتتىق ئۇرۇش بولدى. شىخونىڭ شەرقىدىكى
سازلىق ئىچىدە بىر توگمەن بولۇپ، توگمەن ئىچىگە دۈشمەنلەر
پىلىموت ئورۇنلاشتۇرۇۋالغانىكەن. مۇشۇ سازلىقتىن ئۆتۈش

جەريانىدا نۇرغۇن ئادەم چىقىم بولدى. ئاخىرى تۇگمەن ئۆستىگە بىلەن ئۈمۈلەپ تۇگمەن ئاستىغا كىرىۋالدۇق، ئاندىن تۇگمەن ئاستىدىن ئوق چىقىرىپ، ئۇلارنى دەرھال تەسلىم بولۇشنى ئېيتتۇق، دۈشمەن ئاق بايراق چىقىرىپ سىرتقا چىقتى. بىز تۇگمەن ئىچىنى تەكشۈرۈپ بولغاندىن كېيىن، مەن بېرىپ قوماندانلىق شتابقا مەلۇم قىلدىم. قوماندانلىق شتاب پىيادە جەڭچىلەرنى ئەۋەتىپ، قورال - ياراق ۋە ئەسىرلەرنى ئېلىپ كەتتى. شىخو ئازاد قىلىنغاندىن كېيىن ھەربىيلەرنى تەرتىپكە سېلىپ، كوچىلەرنى تەڭشەپ بىزنىڭ مۇھاپىزەتچى ئۇزۇۋتىمىزنى مۇھاپىزەتچى ئىسكادرون قىلىپ ئۆزگەرتتى.

شىخو ئازاد قىلىنغان بولسىمۇ، تېخى ئازاد بولمىغان جىڭدا گېنېرال ئىسھاقبېك قوماندانلىقىدىكى مىللىي ئارمىيە بىلەن گومىنداڭ ئوتتۇرىسىدا قاتتىق ئۇرۇش بولۇۋاتاتتى. بىر كۈنى بىز 20 جەڭچى ئىككى قوماندانىنى مۇھاپىزەت قىلىپ شىخودىن جىڭغا قاراپ يولغا چىقتۇق. قومبۇلاققا كەلگەندە دۈشمەن پوتىيىدىن بىزگە ئوق ياغدۇردى. بىز ئوق چىقارماي ئەتراپنى كۆزەتتۇق. كۈن كەچ بولۇپ قالغانلىقى ئۈچۈن، ئۆزۈن تۇرماي قونالغۇغا قايتتۇق. ئىككى كۈن ئۇدا بېرىپ ئەھۋال ئىگىلىگەندىن كېيىن، بۇيرۇق بويىچە دۈشمەننىڭ ئارقا تەرىپىدىن تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلىپ دۈشمەن قوغلىسا چېكىنىپ، بولمىسا ئوق چىقىرىپ پاراكەندىچىلىك سېلىپ، دۈشمەننى پارچىلاش تاكتىكىسىنى قوللاندۇق. بۇ جەڭ سەككىز كۈن داۋام قىلدى. ئاخىرى دۈشمەننىڭ قېچىش يولى بىز تەرەپتىن ئىگىلەپ ئېلىنغانلىقتىن، دۈشمەن بۆلۈنۈپ قېچىشقا مەجبۇر بولدى. 6 - كۈنى جىڭدىكى دۈشمەنلەر ئۈچ يولغا بۆلۈنۈپ قېچىشقا باشلىدى، دېگەن خەۋەر كەلگەندىن كېيىن، شىخودىكى مىللىي ئارمىيەنى ئۈچ يولغا بۆلۈپ ئورۇنلاشتۇردى. دۈشمەن تۆۋەندىكى ئۈچ يولغا بۆلۈنگەن:



① جىڭدىن تاغ ياقىلاپ جەنۇب تەرەپ بىلەن ئۈرۈمچىگە قېچىش.

② ماشىنا يولىنى بويلاپ مېڭىپ شىخوغا كېلىپ تەسلىم بولۇش.

③ گومىنداڭنىڭ گېنېرالى ئاۋۋال غەربكە مېڭىپ ئاندىن شەرققە بۇرۇلۇپ، جاڭگال بىلەن قېچىپ شىخونىڭ 20 كىلومېتىر شىمالىدىكى خۇاڭگوڭ ئارقىلىق ئۈرۈمچىگە كەتمەكچى.

ئىسھاقبېك ئارمىيىسى دۈشمەننى ئارقىدىن قوغلاپ زەربە بېرىشكە، گېنېرال پالىنوفنىڭ ئارمىيىسى دۈشمەن ئالدىدا توسۇپ زەربە بېرىشكە ئورۇنلاشتۇرۇلغانىدى. تاشيول بويلاپ قاچقان 800 دىن ئارتۇق دۈشمەن چىگىشۇردا تەسلىم بولۇپ، قورال تاپشۇردى. 3 - يولدىن قاچقان مىڭدىن ئارتۇق دۈشمەن ئىنتايىن جاھىللىق بىلەن قارشىلىق قىلىپ قاچتى. مىللىي ئارمىيە ھەممە تەرەپتىن قورشىۋالغاندىن كېيىن ئۇلارنىڭ ئوق تېگىپ ئۆلۈش، ئاشلىقتىن ئۆلۈش، يارىدارلارنى تاشلاپ كېتىش ئارقىلىق ئادەم سانى تېزدىن ئازىيىپ كەتكەنىدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە كېچىدە قاتتىق بوران چىقىپ يامغۇر يېغىپ كېتىپ، نۇرغۇن دۈشمەنلەر سازلىققا پېتىپ ئۆلدى. مۇشۇ جىددىي كۈنلەردە بىر نامەلۇم كىشى بىزنىڭ ئىسكادرونغا كېلىپ: «گومىنداڭنىڭ جىڭدىن قاچقان ئەسكەرلىرى كونا شىخونى بېسىۋالدى، كېسەللەرنى، يارىدارلارنى ئۆلتۈرۈپ بولدى. چاققان بارمىساڭلار بولمايدۇ. مەن سىلەرگە يول باشلاپ بارىمەن»، دەپ خەۋەر قىلدى. بىكەيوف (سوۋېتلىك تاتار ئوفىتسېر) باشچىلىقىدا 40 نەپەر مۇھاپىزەتچى كونا شىخوغا قاراپ يولغا چىقتۇق. دەل شۇ ئاخشىمى سەككىز بال بوران چىقىپ، ئارقىدىن قاتتىق يامغۇر ياغدى. بىز بۇيرۇققا بىنائەن ھېلىقى نامەلۇم كىشى ئارقىسىدىن كېتىۋاتاتتۇق، يولنىڭ ئىككى قاسنىقىدىن بىزگە قاراپ ئوق ئېتىلىشقا باشلىدى. ھېلىقى نامەلۇم كىشى شۇ زامان يوقالدى. ئاڭغىچە

7 ـ 8 ئات يېقىلدى. بىكەيوف دەرھال شەرققە چېكىنىشكە
بۇيرۇق بەردى. بىز دەرھال چېكىنىپ 3 ـ 4دىن بولۇپ، ھەر
تەرەپكە يوشۇرۇنۇپ، ئۆزىمىزنى قوغداپ، ئارقىمىزدىن كېلىۋاتـ
قان پىيادە قىسىملارنى ساقلاپ تۇرۇشقا مەجبۇر بولدۇق. دې
مەك، ھېلىقى كىشى دۈشمەن ئىشپىيونى ئىكەن. شۇ ئارىلىقتا
بىكەيوفقا ئوق تېگىپ قۇربان بولدى. پىلىموتچى مۇختەر ئارقىـ
مىزدىن كېلىدىغان قىسىملارغا ئەھۋالنى دوكلات قىلغىلى ماڭـ
دى. بىز يارنىڭ تېگىدە تاڭ ئاتقىچە تۇردۇق. ئەتىسى تاڭ ئاتقاندا
بىزنىڭ قوشۇندىكى تارقاپ كەتكەن جەڭچىلەر ئاستا ـ ئاستا
يىغىلىشقا باشلىدى. ئارقىمىزدىن كېلىدىغان قوشۇنمۇ يېتىپ
كەلدى. خەۋەرلىشىش ئۈچۈن كەتكەن مۇختەر بىر قانچە دوخـ
تۇر، جەڭچى ۋە كوماندىر تېشكىنلارنى باشلاپ يېتىپ كەلدى.
يولداش بىكەيوفنىڭ جەسىتىنى زەمبىلغا سېلىپ ئىككى ئاتنىڭ
ئوتتۇرىسىغا ئېلىپ، شىخوغا قايتىپ كەلدۇق. ئەتىسى ماتەم
مۇراسىمى ئۆتكۈزۈپ، بىكەيوفنىڭ جەسىتىنى ھازىرقى شىخونىڭ
غەرب تەرىپىدىكى دۆڭلۈككە دەپنە قىلىپ، گۈمبەز ياساپ خاتىرە
قالدۇردۇق (مەن يېقىندا ئالاھىدە بېرىپ كۆردۈم، ھازىرمۇ بار
ئىكەن). شىخو ئۇرۇشىدا قۇربان بولغانلارنىڭ ھەممىسىنى شۇ
يەرگە قويغانىدۇق، ھازىر بۇ زەرەتكارلىق تېخىمۇ كېڭىيىپتۇ.

## جىڭدىن قاچقان دۈشمەن گېنېرالىنىڭ قولغا چۈشۈشى

گومىنداڭ ھۆكۈمىتى شىخو قولدىن كېتىپ جىڭ مۇھاسىـ
رىدە قالغاندا، جىڭدىكى ئالدىنقى سەپ گېنېرالىنى قۇتقۇزۇش
ئۈچۈن، تېلگىرام ئاپپاراتى ئارقىلىق خەۋەرلىشىپ، يەنىسخەيدىـ
كى قومۇشلۇق ئىچىدىكى بىر دېھقان قورۇسىغا بىر جىپ ماشىنا
بىلەن 30 نەپەر تاللانغان ئەسكىرىنى يوشۇرۇپ قويغانىكەن.



جىڭدىن قاچقان مەككار گېنېرال مۇشۇ ماشىنا بار يەرگە سالامەت
يېتىۋېلىش ئۈچۈن، ئۆز ئەسكەرلىرىنى ئۈچ يول بويلاپ چېكىنـ
دۈرۈپ، ئىككى يولدىكى ئەسكەرنى يەمچۈك قىلىپ تاشلاپ بېـ
رىپ، مىللىي ئارمىيەنىڭ دىققىتىنى شۇ ئىككى يولغا بۇراپ
قويۇپ، ئۆزى تۇيدۇرماي ئاۋۋال غەربكە قاراپ قېچىپ، ئاندىن
شەرققە بۇرۇلۇپ تاشيولنىڭ شىمالىدىكى پايانسىز جاڭگالدىكى
چاتقاللارنىڭ ئارىسى بىلەن قاچقان. ئارمىيىمىز دۈشمەننىڭ بۇ
پىلانىدىن خەۋەر تېپىپ ئىز قوغلاپ ماڭغاندىن كېيىن، ئۇ تەسـ
لىم بولماي يول بويى جاھىللىق بىلەن قارشىلىق قىلىپ ئۇرۇـ
شۇپ ماڭغان، ئادەملىرى ئۆلۈپ تۈگەپ ئاز ساندىكى ئەسكەرلىرى
بىلەن مۇشۇ جايغا كېلىۋالغاندا، قوغلاپ بارغان مىللىي ئارمىيە
قومۇشلۇق ئەتراپىنى قورشاپ تۇرۇپ گېنېرال پالىنوفقا دوكلات
قىلغاندىن كېيىن، پالىنوف شىخودىن كېلىپ نەق مەيداننى تەپـ
سىلى كۆرۈپ، ئىككى خىل ئۇسۇل بىلەن دۈشمەننى تەسلىم
قىلىشنى ئوتتۇرىغا قويدى. ① دۈشمەننى تەسلىم بولۇشقا دەۋەت
قىلىپ ۋەكىل كىرگۈزۈپ يۈزمۇ ـ يۈز سۆزلىشىش. ② تەسلىم
بولماي جاھىللىق قىلسا، بىھۇدە چىقىمدىن ساقلىنىش ئۈچۈن،
قومۇشقا ئوت قويۇۋېتىپ تەسلىم قىلىش. پىلان بويىچە ئۈچ
ۋەكىل دۈشمەن تۇرىۋاتقان قومۇشلۇق ئىچىگە كىرگۈزۈلدى.
ۋەكىللەر سەككىز سائەتتىن ئارتۇق ۋاقىتتىن كېيىن، ساق
سالامەت قايتىپ چىقىپ گېنېرالغا دوكلات قىلدى. دۈشمەن
تەسلىم بولمايدىغانلىقىنى، ئۆزلىرىنىڭ ئۇرۇمچىگە تىنچ بېرىۋې-
لىشى ئۈچۈن يولنى ئېچىۋېتىشىمىزنى تەلەپ قىلغان. ئاخىرى
2 ـ پىلان بويىچە قومۇشلۇققا ھەممە تەرەپتىن ئوت قويدى.
قۇرۇق قومۇش بولغاچقا، ھەش ـ پەش دېگۈچە ئوت ھاۋاغا
كۆتىرىلدى. ئىس ـ تۈتەك ھەممە جاينى قاپلىدى. ئوت يېقىلىپ
ئۇزۇن ئۆتمەي قومۇشلۇق ئىچىدىن ماشىنىنىڭ سىگنالى ئاڭلانـ
دى. دۈشمەن كىچىك بىر ماشىنىنى مۇھاپىزەت قىلغان ھالدا

ئاق بايراقنى كۆتىرىپ قومۇشلۇقتىن چىقىپ ئۆزلىرىنىڭ تەسلىم بولىدىغانلىقىنى بىلدۈرگەندىن كېيىن، دەسلەپتە ئەۋەتىلگەن ئۈچ ۋەكىل ئۇلارنىڭ ئالدىغا باردى. ئۇلار قوراللىرىنى تاشلاپ، تەسلىم بولدى. ئاددىي جەڭچى كىيىمىنى كىيىۋالغان گومىنداڭ گېنېرالى كىچىك ماشىنىدىن چىقىپ ئۆزىنى مەلۇم قىلغاندىن كېيىن، ئۇلارنى رەتكە تۇرغۇزۇپ يالاپ گېنېرالنىڭ قېشىغا ئەكەلدۇق. بۇ دۈشمەن گېنېرالى گېنېرال پالىنوفنىڭ ئالدىدا قولىنى كۆتىرىپ ھەربىيچە سالام بەردى. پالىنوفمۇ ھەربىيچە سالام بېرىپ، ئىككىسى قول ئېلىشىپ كۆرۈشتى. گومىنداڭ گېنېرالى روسچە ئۆزىنىڭ مەغلۇپ بولغانلىقىنى ئېيتتى. ئۇنى ئۆزىنىڭ ماشىنىسىغا ئولتۇرغۇزۇپ، ئىككى مۇھاپىزەتچى ۋە بىر شوپۇر بىلەن شتابقا ئېلىپ ماڭدۇق، قالغان 20 نەچچە ئەسكەرنى ئەسىرلەر قاتارىغا ئاپىرىۋەتتۇق. يەنىسخەيدىن يالاپ كېلىنگەن بۇ گېنېرالنى شىخوغا ئەكەلگەندىن كېيىن، تۇرمۇشتا ئالاھىدە ئورۇنلاشتۇرۇپ بىر مەخسۇس ئاشپەز، ئىككى مۇھاپىزەتچى بېرىلىپ، روسچە ھەر خىل گېزىت ژۇرناللار بىلەن تەمىنلەپ تۇردى (بۇ گېنېرال سوۋېتتە ھەربىي مەكتەپنى پۈتتۈرگەنىكەن). قىلغان ياخشىلىقنى بىلمەيدىغان بۇ گېنېرال ئۇزۇن ئۆتمەيلا بىر مۇھاپىزەتچىنى مەخپىي خەت بىلەن يوشۇرۇن ھالدا ئۈرۈمچىگە ئالاقە باغلاشقا يولغا سالغان. بۇ ئەھۋالنى سىرتتىن كۆزىتىپ تۇرغان مەخسۇس كىشىلەر سېزىپ قېلىپ، يولغا سالغان ئادىمىنى يەنىسخەيدىن تۇتۇپ كېلىپ سوراق قىلغاندا، ئۇ مۇھاپىزەتچى گېنېرالنىڭ يازغان خېتى بىلەن دېگەن سۆزلىرىنى بىر - بىرلەپ ئىقرار قىلدى. شۇندىن كېيىن ئۇ گېنېرالنىڭ ئىككى مۇھاپىزەتچىسىنى ئېلىۋېتىپ، يالغۇز قالدۇرۇپ سىرتقا چىقىشىنى مەنئى قىلدى. بۇ گېنېرال 46 - يىلى بىتىمدىن كېيىن، ئەسىرلەر قاتارىدا گومىنداڭ تەرەپكە ئۆتكۈزۈپ بېرىلدى.



## تىنچلىق سۆھبىتىنىڭ باشلىنىشى

1945 - يىلى 12 - ئۆكتەبىر كۈنى رەھىمجان سابىر ھاجى باشچىلىقىدىكى ۋەكىللەر ئۆمىكى 1 - قېتىم گومىنداڭ بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن، ئۈرۈمچىگە قاراپ ماڭدى. ۋەكىللەر شىخەنزىدىن ئاتلىق يولغا چىقتى. گېنېرال پالىنوفنىڭ مۇھاپىزەتچى قىسمىدىن ئالتە نەپەر جەڭچى ئۇلارنى مۇھاپىزەت قىلىپ، شۇ چاغدىكى چېگرا (ماناس دەرياسى) دىن ئۆتكۈزۈپ قويۇشقا بەلگىلەندى. مەنمۇ شۇلارنىڭ ئىچىدە بار ئىدىم. بۇ چاغدا ماناس دەرياسىنىڭ 2 قىرغىقىدىكى ھەربىيلەر ئۇرۇش ھالىتىدە ئىدى. بىز تەرەپتىكى رەھبەرلەر ۋەكىللەرگە ئاق يول تىلەپ قىزغىن ئۇزىتىپ قويدى. ماناس دەريا كۆۋرۈكى گومىنداڭچىلار تەرىپىدىن كۆيدۈرۈۋېتىلگەچكە، بىز دەريادىن ئات بىلەن سۇ كېچىپ ئۆتتۇق. بىزنى گومىنداڭنىڭ بىر ئىززۋوت ئاق ئاتلىق ئەسكىرى رەتلىك ھالدا دەريا بويىغا كېلىپ قارشى ئالدى. ھەر ئىككى تەرەپ تاشيول بىلەن ماناسقا قاراپ ماڭدۇق. يولنىڭ ئىككى ياقىسىدا نۇرغۇن پوتەيلەر بار ئىدى. يول ئۈستىدە چېچىلىپ ياتقان ئۆي جاھازلىرى، كىيىم - كېچەك، قازان - قومۇچلار بۇ يەردە يېڭىلا قاچ - قاچ بولغانلىقىنى كۆرسىتىپ تۇراتتى. بىر ئاز ماڭغاندىن كېيىن، بىزنى بىر قورۇغا ئېلىپ كىردى. بىز قورۇغا كىرىپ ئاتتىن چۈشۈپ رەتلىك تۇردۇق. ئۆي ئىچىدىن گومىنداڭنىڭ بىر قانچە ھەربىي باشلىقلىرى چىقىپ رەھىمجان سابىر ھاجى باشچىلىقىدىكى ۋەكىللەر بىلەن كۆرۈشۈپ، ئۇلارنى ئۆيگە تەكلىپ قىلدى. ئۇلار ئالدىمىزدا مېڭىپ ئۆيگە كىرىپ بولغاندىن كېيىن، بىزنى باشقا بىر ئۆيگە تەكلىپ قىلدى. بىز ئۆيگە كىردۇق. ئۆيدە قايناقسۇ قويۇلغان كۇرۇشكىلاردىن باشقا نەرسە يوق ئىدى. بىزنى چاي ئىچىشكە تەكلىپ قىلدى. بىزنى ئىككى ھەربىي كۈتۈپ يېنىمىزدىن كەتمەي تۇردى.

بىرەر سائەتتىن كېيىن، بىز ئات ئۈستىدىكى يۈكلەرنى چۈشۈ-
رۈپ بولۇپ قايتىش ۋاقتىدا، ۋەكىللەردىن بىرسى چىقىپ:
«سىلەرنى گومىنداڭنىڭ بىر قانچە ھەربىيى ماناس دەرياسى بويى-
غىچە ئاپىرىپ قويىدۇ. يولدا ئۇنداق ياكى مۇنداق گەپ سۆز
بولسا كارىڭلار بولمىسۇن، ئۆز يولۇڭلاردا مېڭىپ ساق سالامەت
ئۆتۈپ كېتىڭلار، بىز بۈگۈن ياكى ئەتە ماشىنا بىلەن ئۈرۈمچىگە
يولغا چىقىمىز»، دېدى. بىز ئوشۇق ئاتلارنى بىر - بىرىگە
چېتىپ، ئالدىمىزغا سېلىپ ھەيدەپ ماڭدۇق. يوللاردا بىرەر
توسالغۇغا ئۇچرىمىدۇق. ماناس دەرياسىدىن ئۆتكەندىن كېيىن،
بىزنى ئالدىنقى سەپ قوماندانى پولكوۋنىك قېيۇمبەگ بىر قانچە
كوماندىرلار بىلەن كۈتۈۋالدى. بىز ئۇلارغا كۆرگەن ئەھۋاللارنى
قىسقىچە سۆزلەپ بەردۇق.

## جىددىي يىغىن

1946 - يىلى كۈزدە ماناس دەرياسى بويىدا ئۈرۈمچىگە
بېسىپ كىرىش ئۈچۈن بۇيرۇق كۈتۈپ تۇرغان مىللىي ئارمىيە-
نىڭ ھەرقايسى دەرىجىلىك ئورۇنلىرىدا جىددىي يىغىن ئېچىلىپ،
گومىنداڭ بىلەن 11 ماددىلىق بىتىمگە قول قويۇلغانلىقى، بۇ-
گۈندىن باشلاپ ئۇرۇش توختايدىغانلىقى، ماناس دەرياسى بويىدى-
كى مىللىي ئارمىيە جەڭچىلىرى ئۆزلىرىنىڭ ئۇرۇش ئىستىھ-
كاملىرىنى بۇزۇپ تاشلاپ ئىلى، ئالتاي ۋە چۆچەكلەرگە چېكىنى-
دىغانلىقىنى ئۇقتۇردى. ئۈچ كۈندىن كېيىن سوۋېت ئىتتىپاقى-
دىن كەلگەن قازاق، تاتار، رۇس، ئۇيغۇرلار قايتىشقا تەييارلىق
قىلدى. بىر ھەپتىدىن كېيىن ھەر دەرىجىلىك سوۋېت ئوفىت-
سېرلىرى ئۆز خىزمەتلىرىنى يەرلىك مىللىي ئارمىيە ئىچىدىن
تاللىغان ئادەملەرگە ئۆتكۈزۈپ بېرىپ، بىر كېچىدىلا قايتىپ
كەتتى. بىر نەچچە كۈندىن كېيىن مىللىي ئارمىيە پۈتۈنلەي



ئىلى، ئالتاي، چۆچەكلەرگە قايتتى. مەن ئايروپىلان ئاتىدىغان
زىنىتنى پىلىموت روتىسى تەركىبىدە غۇلجىغا قايتتىم. غۇلجىغا
بېرىپ بىز 70 نەچچە نەپەر جەڭچى بىلەن ئالتە دانە زىنىتنى
پىلىموتنى غۇلجا ئايرودرومىدىكى يەر ئاستى مۇداپىئە ئۆيىگە
ئورۇنلاشتۇردۇق. بۇ روتىغا قوماندانلىق شتاب بىۋاستە رەھبەر-
لىك قىلاتتى. زەيىسەنباي (قازاق) روتا كوماندىر، مەن مۇئاۋىن
روتا كوماندىر بولۇپ، 47 - يىلى 8- ئايدىن 49 - يىلى 11
- ئايغىچە ئايرودرومدا مۇھاپىزەت خىزمىتىنى ئىشلىدۇق. ئالتە
دانە زىنىتنى پىلىموتنى ئايرودرومنىڭ تۆت ئەتراپىدىكى يەر ئاس-
تى ئۆيىگە مەخپىي ئورۇنلاشتۇردۇق. بىزنىڭ يۈرۈش، تۇرۇشى-
مىز ئاكوپ ئىچىدە بولۇپ، كۈندۈزى سىرتقا كۆرۈنمەيتتۇق.
شتاب بىلەن تېلېفون ئارقىلىق ئالاقىلىشاتتۇق. 1947 - يىلى
ئاۋغۇست ئېيىنىڭ بىر كۈنى كېچىسى قوماندانلىق شتابتىن بىر
ئوفىتسېر بىلەن بەش جەڭچى تاڭ ئېتىشىغا شتابقا كېلىپ ئۆزىنى
مەلۇم قىلسۇن، دېگەن بۇيرۇق كەلدى. مەن بەش جەڭچى بىلەن
ئىككىنچى كۈنى سەھەردە بېرىپ ئۆزىمىزنى مەلۇم قىلغاندىن
كېيىن، بىر كاپىتان (رۇس) بىزگە: «سىلەر ھازىر ئايروپىلان
بىلەن ئالتايغا قورال - ياراق يەتكۈزۈش ئۈچۈن بارىسىلەر،
ئوسمان ئالتاينى ئىگىلىۋالدى. دەلىلقان قوماندانلىق شتابىنى
ئالتاي ئايرودورومىغا يۆتكەپ دۈشمەن بىلەن جەڭ قىلىۋاتىدۇ.
قوراللارنى يەتكۈزۈپ بېرىپ، قايتىشتا ئېغىر يارىدارلارنى ئېلىپ
كېلىسىلەر، ھازىر يولغا چىقىڭلار»، دەپ بۇيرۇق قىلدى. يەنە:
«قەتئىي مەخپىي، ھېچكىم بىلمىسۇن»، دېدى. بىر ئوفىتسېر
بىزگە تاماق يېگۈزۈپ بولۇپلا ئايرودرومغا ئېلىپ باردى. لۈت-
چۈكلەر ئايروپىلانغا چىقىپ بىزنى ساقلاپ تۇرغانىكەن. بىز
ئايروپىلانغا چىقىپ ئۇچتۇق. ئۇچقۇچىلار ئۆزبېك بولۇپ،
رۇسچە ياكى ئاز - تولا ئۆزبېكچە سۆزلەيتتى. بىز ئايروپى-
لاننىڭ ئالدى تەرىپىدە ئولتۇردۇق. يېنىمىزدا ئالاقە قىلىدىغان

رادىست بار ئىدى. ئۇ رۇسچە خەۋەرلىشىپ تۇراتتى. بىرەر
سائەت ماڭغاندىن كېيىن ئالتايدىكى خەۋەر ئۈزۈلۈپ قالدى.
ئۇچقۇچىلار جىددىيلەشتى. ئۇلار قانداق قىلىش توغرىسىدا بىر
ئاز پىكىرلەشكەندىن كېيىن، چۆچەككە بېرىپ ئالتاي بىلەن
خەۋەرلەشكەندىن كېيىن، ئاندىن ئالتايغا بارايلى، بولمىسا خە-
تەرلىك دېيىشتى. ئايروپىلان كاپىتانى: «گىنتايىن جىددىي يەت-
كۈزمىسەك بولمايدۇ» ، دېدى. شۇنىڭ بىلەن باشقىلار گەپ قىلا-
لمىدى. ئالتايغا يېتىپ باردۇق. ئالتاي ئايرودرومىغا كۆپ قېتىم
قونغان ئۇچقۇچىلار ئايرودرومنى بىلەتتى. ئايرودرومغا قونغاندىن
كېيىن، ماتورنى ئۆچۈرمەي، ئايروپىلاندىنمۇ چۈشمەي ئەتراپنى
كۆزەتتۇق. شۇ ھامان باندىتلار تەرەپ - تەرەپتىن ئايروپىلانغا
قاراپ ئات چاپتۇرۇپ كەلگىلى تۇردى. ئالدىراپ ئايروپىلاننى
قوزغاپ ئۇچۇپ كەتتۇق. ئۇلار ئايروپىلانغا قارىتىپ ئوق ئاتتى.
بەختكە يارىشا ئوق مۇھىم جايغا تەگمەپتۇ. ئەسلىدە بىز غۇلجى-
دىن ئۇچۇپ بىرەر سائەتتىن كېيىن، ئايرودرومنى باندىتلار
ئىگىلىۋالغانىكەن. بىز ئالتايدىن چىقىپ چۆچەك ئايرودرومىغا
قوندۇق. ئايرودرومدىكى خادىملار ئايروپىلاننى تەكشۈرۈپ ئالتە
ئورۇنغا ئوق تەككەنلىكىنى ئېيتتى. چۆچەك ئايرودرومىدىن
غۇلجا ئايرودرومىغا خەۋەر بېرىپ ئەھۋالنى دوكلات قىلدۇق.
بىزگە غۇلجىغا قايتىڭلار، دېگەن بۇيرۇق كەلدى. غۇلجىغا كې-
لىپ ئەھۋالنى قوماندانلىق شتابقا دوكلات قىلغاندىن كېيىن،
«سىلەر دەم ئېلىڭلار، مەخپىيەتلىكنى قاتتىق ساقلاڭلار، بىز
سىلەرگە قايتا ئۇقتۇرۇش قىلىمىز» ، دېدى. ئىككى كۈندىن
كېيىن بىزنى شتابتىن يەنە چاقىرىتتى. بىر جەڭچى ئاغرىپ
قالغاچقا، قالغان بەشىمىز دەرھال شتابقا باردۇق. گېنېرال
ماژاروف بىزگە: «سىلەر ئۆتكەندە ۋەزىپە ئۆتەش ئۈچۈن ئالتايغا
بارغان بولساڭلارمۇ ۋەزىپىنى ئورۇنداش مۇمكىن بولمىدى. بۇ
قېتىم چوقۇم ئورۇندايسىلەر، ھازىر ئەھۋال ياخشى، دەللىقان



ئايرودرومنى قايتۇرىۋالدى. يولغا چىقىڭلار» ، دىدى. بىز ئىك-
كىنچى قېتىم ئالتايغا قاراپ ئۇچتۇق. ئالدىنقى تەجرىبىگە ئاسا-
سەن ئايروپىلان ئۇدۇل يەرگە قونماي، ئايرودرومنى بىر ئايلى-
نىپ چىقىپ ئاندىن يەرگە قوندى. يەرگە قونغاندىن كېيىن
ئەتراپنى كۆزەتتۇق. ھەربىيلەر ئىنتايىن ئالدىراش يۈگۈرۈشۈپ
يۈرەتتى. ئايرودرومدا ئۈچ ۋىلايەت بايرىقى لەپىلدەيتتى. بىز
خاتىرجەم بولۇپ ئادەم كېلىشىنى كۈتۈپ تۇردۇق. ئۇزۇن ئۆت-
مەي ئىككى ئوفىتسېر ئۇچقۇچىلار ئولتۇرغان ئايروپىلان ئالدىغا
كېلىپ سۆزلەشتى. ئاندىن ئۇچقۇچىلار ئايروپىلاندىن يەرگە
چۈشتى. بىزمۇ يەرگە چۈشۈپ قورال - ياراق ئەكەلگەنلىكىمىزنى
بۇنى قوماندانلىق شتابقا دوكلات قىلىدىغانلىقىمىزنى ئېيتتۇق.
بىر ئوفىتسېر بىزنى باشلاپ قوماندانلىق شتابىغا ئېلىپ باردى.
بىز تالادا بىر ئاز ساقلاپ تۇرغاندىن كېيىن، ھېلىقى ئوفىتسېر
چىقىپ: «سىلەرنى پولكوۋنىك دەللىقان كىرسۇن دېدى» ، دەپ
ئۇقتۇردى. بىز ئىككى كىشى كىرىپ ھەربىيچە سالام بەردۇق
ھەم قولىمىزدىكى قوراللارنىڭ تىزىملىكىنى سۇندۇق. پولكوۋ-
نىك دەللىقان ئىنتايىن ئالدىراش بولسىمۇ، بىزنى قىزغىن كۈتۈ-
ۋېلىپ، «ئولتۇرۇڭلار، ئولتۇرۇڭلار» ، دەپ ئولتۇرۇشقا تەك-
لىپ قىلدى. ئاندىن بىزدىن ھال سوراپ: «گۆتكەندە سىلەر
ئىنتايىن خەتەرلىك چاغدا كېلىپ قالدىڭلار، بىزمۇ بەك ئەنسىرى-
دۇق» ، دېدى. ئۇ بىر تەرەپتىن بىز بىلەن سۆزلەشسە، يەنە بىر
تەرەپتىن قولىدىكى خەتنى كۆرەتتى. ئارىلاپ خەۋەرچىلەرنىڭ
دوكلاتىنى ئاڭلاپ بۇيرۇق بېرىپ تۇراتتى. بىرەر سائەت تۇرغان-
دىن كېيىن بىر نەچچە ئېغىر ياردار بولغان ئوفىتسېرلارنى
ئېلىپ كېتىشنى ئېيتتى، بۇ كىشنى يېنىدىكى ھەربىيگە تاپشۇ-
رۇپ ۋاقىتنى كېچىكتۈرمەسلىكنى ئېيتتى. بىز سالام بېرىپ
قايتىشقا رۇخسەت ئالدۇق. پولكوۋنىك بىزنى ئىشىك تۈۋىگىچە
ئۇزىتىپ قويدى. بىز ئۆيدىن چىقىپ ئۇدۇل ئايرودرومغا بېرىپ،

ياردارلارنى ساقلاپ تۇردۇق. ئۇزۇن ئۆتمەي 4 ـ 5 ياردارنى ئېلىپ كەلدى. ئۇلارنى ئىككى نەپەر دوختۇر بىلەن ئايروپىلانغا ئورۇنلاشتۇردۇق، ئاندىن ئايروپىلان ھاۋاغا كۆتۈرۈلدى. چۆچەك ئايرودرومىغا چۈشۈپ ماي قاچىلاپ يەنە ئۇچتۇق. بىز غۇلجا ئايرودرومىغا كەلسەك دوختۇر ماشىنىسى، دوختۇرلار ۋە باشقا مۇناسىۋەتلىك خادىملار تەييار تۇرغانىكەن.

قوماندانلىق شتابىنىڭ بىر ئوفىتسېرى بىزنى باشلاپ ئاشخانىغا ئېلىپ كىرىپ: «سىلەر ئالدىرىماي تاماق يەپ تۇرۇڭلار» ، دەپ چىقىپ كەتتى. بىرەر سائەتتىن كېيىن ھېلىقى ئوفىتسېر بىزنى چاقىردى ۋە بىزنى كىچىك مەجلىسخانىغا ئەكىرىپ ئۆزى چىقىپ كەتتى. ئارقىدىن گېنېرال مايور مازاروف بىلەن پوتپولكوۋنىك زۇنۇن تېيىپوف بىر ئوفىتسېر بىلەن كىرىپ بىز بىلەن قول ئېلىشىپ كۆرۈشۈپ: «سىلەر ۋەزىپىنى ئوبدان ئورۇنلىدىڭلار، ئۈچ كۈن دەم ئېلىپ ئورنىڭلارغا بارساڭلار بولىدۇ، ئۆتكەن بۇ ۋەزىپەڭلارنى ھېچ يەردە دېمەيسىلەر، قەتئىي مەخپىي» ، دېدى. بىز سالام بېرىپ قايتتۇق.

(ئاپتور: نېفىت ئىنستىتۇتىدىن)

جاۋابكار مۇھەررىر: **جۈرئەت ئابلىمىت**



# مەھمۇت مۇھىتى بىلەن شېڭ شىسەي ئوتتۇرىسىدىكى كۈرەش

ھۇسەين ئەبەيدۇللا

(1)

مەھمۇت مۇھىتى 1931 ـ 1932 ـ يىللىرى قوزغالغان قۇمۇل، تۇرپان خەلق قوزغىلىڭىنىڭ ئاساسلىق ئۇيۇشتۇرغۇچىسى ۋە يېتەكچىلىرىدىن بىرى. 1932 ـ يىلى قۇمۇل ـ تۇرپان خەلق قوزغىلىڭى پۈتكۈل شىنجاڭ دائىرىسىگە كېڭەيگەن مەزگىلدە، ئۇ، قۇمۇل خەلق قوزغىلىڭىنىڭ باش يېتەكچىسى خوجىنىياز ھاجى بىلەن بىللە مۈرىنى ـ مۈرىگە تىرەپ ئەكسىيەتچى ھاكىمىيەتكە، مۇستەبىتلىككە ۋە مىللىي زۇلۇمغا قارشى كۈرەش قىلغان ئادەم. مەھمۇت مۇھىتى قەشقەردە 6 ـ دېۋىزىيىنىڭ باشلىقى بولۇپ تۇرغان مەزگىلدە شېڭ شىسەي بىلەن بولغان زىددىيىتى كۈچىيىپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن، 1937 ـ يىلى ئامالسىز چەتكە چىقىپ، بىرقانچە يىللار سەرگەردان بولۇپ يۈرۈپ، 1943 ـ يىلى ۋەتەنگە قايتىپ، شۇ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى بېيجىڭدە كېسەل بىلەن ۋاپات بولغان.

مەھمۇت مۇھىتى تۇرپان خەلق قوزغىلىڭىنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە، جىن شۇرېننىڭ مۇھىم قولچومىقى بولۇپ خەلق قوزغىلىڭىنى قانلىق باستۇرغان شېڭ شىسەيگە قارشى كۈرەش قىلدى. تۇرپان خەلق قوزغىلىڭى قۇمۇل خەلق قوزغىلىڭىغا ئاۋاز قوشۇپ ئىككى خەلق قوزغىلىڭى بىرلەشكەندىن كېيىن، مەھمۇت

مۇھىتى خوجىنىياز ھاجىغا يېقىندىن ماسلىشىپ، ئۇنىڭ بىلەن بىللە تەڭرى تېغىنىڭ شىمالى ۋە جەنۇبىدا خەلقنىڭ ئىنقىلابىي ھەركىتىگە باشچىلىق قىلدى. جىن شۇرېن، شىڭ شىسەيگە قارشى كۈرەش قىلىش بىلەن بىللە، مىللەتپەرەست ماجوڭيىڭ ۋە ئۇنىڭ ئەگەشكۈچىلىرىنىڭ تۈرلۈك قىياپەتلەردە ئوتتۇرىغا چىقىپ، خەلقنىڭ ئىنقىلابىي ھەركىتىگە قىلغان بۇزغۇنچىلىقلىرى، خائىنانە ھەرىكەتلىرىگە قاتتىق زەربە بەردى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، مەھمۇت مۇھىتى ئاپرىل ئۆزگىرىشىدىن كېيىن مەيدانغا كەلگەن شىڭ شىسەي ھاكىمىيىتىنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە ئۇ ئىجرا قىلغان سىياسەتلەرگە، جۈملىدىن مىللەتلەر باراۋەرلىكى، مىللىي مائارىپنى تەرەققىي قىلدۇرۇش، پارىخورلۇقنى تۈگىتىش ئوخشاش شوئارلارنى قوللاپ، نۇرغۇن ياخشى ئىشلارنى قىلىپ خەلقنىڭ قىزغىن ھىمايىسىگە ئىگە بولدى. مائارىپ ئىشلىرىغا يېقىندىن كۆڭۈل بۆلۈپ، كۆپلەپ مەكتەپ قۇردى. مەدەنىي ـ ئاقارتىش ئۇيۇشمىلىرىنىڭ ۋۇجۇتقا كېلىشىنى قىزغىن قوللاپ، ئاقارتىش ئۇيۇشمىلىرىنىڭ راۋاجلىنىشىنى ئالغا سۈردى. ۋەخپە يەر، ۋەخپە ئۆي زېمىن، ئۆشرە ـ زاكاتنى ئاقارتىش ئۇيۇشمىلىرىنىڭ ئىلكىگە ئۆتكۈزۈپ بېرىپ، ئۇيۇشمىلارنى مالىيە ـ ئىقتىسادى جەھەتتىن يۆلەپ خەلق مائارىپى، مىللىي ئەدەبىيات ـ سەنئەتنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا شەرت ـ شارائىت يارىتىپ بەردى. بولۇپمۇ ئۇيۇشمىلار قارمىقىدىكى خەلق مەكتەپلىرىنىڭ كۆپلەپ قۇرۇلۇشى، يېزىلاردا بالىلارنىڭ ئوقۇش پۇرسىتىگە ئىگە بولۇشى ئۈچۈن، كۈچلۈك مەدەتكار بولدى. مەھمۇت مۇھىتى شېڭ شىسەينى قوللاش يۈزىسىدىن جەنۇبىي شىنجاڭدا خوجىنىياز ھاجى بىلەن بىرلىكتە سابىت داموللا (1933 ـ يىلى قەشقەردە قۇرۇلغان «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى»نىڭ زۇڭلىسى) نى قولغا ئېلىپ، شېڭ شىسەيگە تاپشۇرۇپ بەردى.

مەھمۇت مۇھىتى 1893 ـ يىلى تۇرپاننىڭ ئاستانە يېزىسىدا



دۇنياغا كەلگەن. مەھمۇت مۇھىتىنىڭ ئائىلىسى دەسلەپتە كەمبەغەل بولۇپ، كېيىنرەك بېيىغان. بۇ ئائىلە ئۆز ۋاقتىدا يېڭىلىققا ئىنتىلگەن مەرىپەتپەرۋەر ئائىلە ئىدى. مەھمۇت مۇھىتى كىچىك ۋاقتىدا دىنى مەكتەپتە تەربىيىلەنگەن دىندار ئادەم بولۇپ، خەلق قوزغىلىڭىغا قاتناشقىچە ئائىلىسىدە دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان. مەھمۇت مۇھىتىنىڭ ئىككى ئاكىسى ـ مەقسۇت مۇھىتى، مۇسۇل مۇھىتىلەر سودىگەرچىلىك قىلىپ، روسىيەنىڭ ئاۋات شەھەرلىرىگە بېرىپ، بىر تەرەپتىن سودىگەرچىلىك قىلسا، يەنە بىر تەرەپتىن ئۇ يەرلەردىكى يېڭىلىقلارنى (ئۆكتەبىر ئىنقىلابىدىن كېيىنكى ئىلغار ئىدىيىلەرنى) قوبۇل قىلىپ، يۇرتىغا ئېلىپ كەلگەن ھەمدە مائارىپچى زاتلارنى تەكلىپ قىلىپ ئاستانىدا يېڭىچە مەكتەپلەرنى قۇرغان مەرىپەتپەرۋەر كىشىلەر ئىدى. ئازادلىقتىن ئىلگىرى، بولۇپمۇ ئازادلىقتىن كېيىن شىنجاڭنىڭ مائارىپ، مەدەنىيەت ئىشلىرىدا ۋە باشقا مۇھىم ساھەلەردە خىزمەت قىلىپ زور تۆھپىلەرنى قوشقان تۇرپانلىق ئىلغار كىشىلەر، كادىرلار ئاشۇ مۇھىتىلەر قۇرغان مەكتەپلەرنىڭ ئوقۇغۇچىلىرى ئىدى.

## (2)

1931 ـ يىلى جىن شۇرېننىڭ ئەكسىيەتچى، مۇستەبىت ھاكىمىيىتىگە قارشى قوزغالغان قۇمۇل خەلق قوزغىلىڭى ناھايىتى تېز كېڭىيىپ، تۇرپان، پىچان خەلقلىرىگە كۈچلۈك تەسىر قىلدى. مۇستەبىتلەرنىڭ زۇلۇم ئازابىنى يەتكىچە تارتقان تۇرپان خەلقى 1932 ـ يىلى ئۆزلىكىدىن ئۇيۇشۇپ جىن شۇرېننىڭ تۇرپاندىكى كۈچلىرىگە قارشى قوزغىلىپ، ئارقا ـ ئارقىدىن غەلىبە قىلدى. خەلق كۈرىشىگە باشچىلىق قىلغان مەھمۇت مۇھىتى ناھايىتى تېزلا ھەممىگە تونۇلۇپ، قوزغىلاڭنىڭ ئاساسى

يېتەكچىسى بولۇپ قالدى. مەھمۇت مۇھىتى قۇمۇل خەلق قوزغى-
لىڭىنىڭ دائىرىسىنى كېڭەيتىش، تۇرپان خەلق قوزغىلىڭى بى-
لەن بىرلەشتۇرۇش ئۈچۈن، خوجىنىياز ھاجى باشچىلىقىدىكى
قۇمۇل خەلق قوزغىلىڭى قاتناشچىلىرىنىڭ تۇرپان، پىچان تەرەپ-
لەرگە كېلىشىنى ئۈمىد قىلدى ۋە يېقىنلىرىدىن بىر قانچە كىشى-
نى ۋەكىل قىلىپ ئەۋەتىپ، خوجىنىياز ھاجىنى تۇرپانغا كېلى-
شكە تەكلىپ قىلدى. خوجىنىياز ھاجى قۇمۇل خەلق قوزغىلى-
ڭىنىڭ بىر قىسىم قاتناشچىلىرىنى باشلاپ، پىچان، تۇرپانلارغا
كەلگەندە مەھمۇت مۇھىتى خوجىنىياز ھاجى بىلەن بىرلىشىپ،
ئۇنىڭ (خوجىنىياز ھاجىنىڭ) سادىق ياردەمچىسى، مۇھىم مەس-
لىھەتچىسى بولۇپ قالدى. خەلق قوزغىلىڭىنىڭ كېيىنكى جەر-
يانلىرىدا خوجىنىياز ھاجى ھەربىي، سىياسى ئىشلاردا ئاساسەن
مەھمۇت مۇھىتىغا يۆلىنىپ ئىشلىدى.
مەھمۇت مۇھىتىنىڭ خوجىنىياز ھاجى بىلەن بىرلىكتە
خەلق قوزغىلىڭىغا يېتەكچىلىك قىلىشتا كۆرەش نىشانىسى ئېنىق
بولغانىدى. 1932 - يىلى يازدا ئۇ، خوجىنىياز ھاجى بىلەن بىللە
موريدا ماجۇڭيىڭ بىلەن ئۇچرىشىپ، ماجۇڭيىڭنىڭ ئۆزىنى
كۆرسىتىپ كۆرەڭلەپ ئېيتقان سۆزلىرىنى، شۇنىڭ بىلەن بىل-
لە، ماجۇڭيىڭ چىڭخەيدىن شىنجاڭغا چىقىشتا كۆزلىگەن سۇي-
قەستلىك مەقسەتلىرىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن خوجىنىياز ھاجىغا:
«ھاجى ئاكا، بۇ تونگاننىڭ (ماجۇڭيىڭنى دېمەكچى) گېپى بەك
چوڭغۇ، ئۇ ئىچكى ئۆلكىلەر بىلەنمۇ، سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەنمۇ
ئۇرۇشماقچى. بىز ئىچكىرى ئۆلكىلەر
بىلەنمۇ ئۇرۇشمايمىز، سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەنمۇ ئۇرۇشمايمىز،
بىز ئۈچۈن پەقەت شىنجاڭدا ئادىل بىر ھۆكۈمەت قۇرۇلۇپ،
خەلقىمىز زۇلۇمدىن قۇتۇلسىلا بولىدى. سۇن ۋېن (سۇن جۇڭ-
شەننى دېمەكچى) نىڭ تۇتقان يولى ياخشىدەكمىش، ئۇنى يۇقىرا
پەرۋەر دېيىشىدۇ. لېكىن شىنجاڭدا ھېچكىم ئۇنىڭ يولىدا ماڭ-



ماۋاتىدۇ. ئەگەر بىرەرسى ئۇنىڭ يولىدا ماڭغان بولسا، ئەل
ئامان، يۇرت ئامان بولغان بولاتتى، ئەگەر بىز ماجۇڭيىڭ بىلەن
بىرلەشسەك شىنجاڭ خەلقىنى زورلاپ ئۇرۇشقا سېلىپ، بىزنى
جانۇ - ۋەيران قىلىۋېتىدىغان ئوخشايدۇ. بۇ ئىشنىڭ ئاقىۋىتىنى
ئوبدان ئويلاشمىساق بولمىغۇدەك» (ئابلىمىت مەقسۇتوفنىڭ
«شىنجاڭ تارىخى ماتېرىياللىرى» مەجمۇئەسىنىڭ 38- سانىغا
بېسىلغان «1931، 1932 - يىللىرى شىنجاڭدا بولغان خەلق
قوزغىلاڭلىرىدىن قىسقىچە ئەسلىمە» دېگەن ماقالىسىدىن ئېلىن-
دى) دېگەن يۇقىرىدىكى سۆزلىرىدىن مەھمۇت مۇھىتىنىڭ خەلق
قوزغىلىڭىغا يېتەكچىلىك قىلىپ ئىنقىلاب قىلىش مەقسىتىنى
ئېنىق بىلگىلى بولىدۇ. مىللەتارىست ماجۇڭيىڭ مورىدىكى ئۇچ-
رىشىشتا خوجىنىياز ھاجى، مەھمۇت مۇھىتىلارغا ياۋۇز نىيىتى-
نى ئاشكارىلاپ: «... بۇ يىل مەن 29 ياشقا، ئىنىم ئېرسلىڭ
ماجۇڭجى 27 ياشقا كىردى. بىز - ئازچىلىق، شۇنداق بولسىمۇ،
بىز نەيزىنىڭ ئۇچى، سىلەر ئۇيغۇرلار شىنجاڭدا كۆپچىلىك،
سىلەر نەيزىنىڭ سېپى، نەيزىنىڭ سېپى تەۋرەنمەي تۇرۇپ بەر-
سە، نەيزىنىڭ ئۇچى دۈشمەننى قىرىۋېتىدۇ. مەن گۇچۇڭنى تۈت
سائەتتە، ئۈرۈمچىنى ئالتە سائەتتە ئېلىپ بولىمەن. ئاندىن شىن-
جاڭنىڭ باشقا جايلىرىدىكى دۈشمەنلەر قارشىلىق بىلدۈرمەيلا
تەسلىم بولىدۇ. ئۇ چاغدا سىلەر (خوجىنىياز ھاجى بىلەن مەھ-
مۇت مۇھىتىغا قاراپ) ئۈرۈمچىدە بولىسىلەر، مەن جەنۇبىي
شىنجاڭغا بېرىپ 50 تۈمەن ئەسكەر ئېلىپ ئىككى يىلدا جۇڭگونى
ئۆزلۈمگە قارىتىپ بولىمەن. ئۇنىڭدىن كېيىن ئۈچ يىلدا سوۋېت-
نىمۇ ئۆزۈمگە قارىتىپ، چېگرىنى توركىيەگە ئۇلاپ، چوڭ ئىس-
لام دۆلىتى قۇرىمەن» (يۇقىرىدىكى ماتېرىيالدىن ئېلىندى)،
دېگەن. مەھمۇت مۇھىتى خوجىنىياز ھاجى بىلەن بىللە، يۇقىرى-
دا ئۆزى ئېيتقان « بىز ئىچكىرى ئۆلكىلەر بىلەنمۇ ئۇرۇشماي-
مىز، سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەنمۇ ئۇرۇشمايمىز، بىز ئۈچۈن

پەقەت شىنجاڭدا ئادىل بىر ھۆكۈمەت قۇرۇلۇپ، خەلقىمىز زۇ-
لۇمدىن قۇتۇلسىلا بولدى» دېگەن ئىدىيىنىڭ يېتەكچىلىكىدە جىن
شۇرېننىڭ قولچۇمىقى جاللات شېڭ شىسەي ۋە مىلىتارىست ما-
جۇڭيىڭ بىلەن بولغان كۈرەشنى تەڭرى تېغىنىڭ جەنۇبىغىچە
كېڭەيتىدۇ. مەھمۇت مۇھىتى خوجىنىياز ھاجى بىلەن بىللە
جەنۇبىي شىنجاڭغا بارغاندىن كېيىن، سوۋېت ئىتتىپاقىغا تايىنىپ
قورال - ياراق مەسىلىسىنى ھەل قىلىشنى ئويلىشىدۇ. خوجىنى-
ياز ھاجىنىڭ ئۇچتۇرپاندا سوۋېت ئىتتىپاقىدىن قورال - ياراق
سېتىۋېلىشىدا ۋە يەنە ئاقسۇدىن سوۋېت ئىتتىپاقىغا ئاكىسى مۇ-
سۇل مۇھىتىنى ئەۋەتىپ قورال - ياراق سېتىۋېلىشتا، مەھمۇت
مۇھىتى چوڭ رول ئوينايدۇ. بۇ ئىشلارنى ئىككەيلەن بىللە
مەسلىھەتلىشىپ بىرلىكتە قىلىدۇ. بۇ جەھەتتە كۆپ ئىشلار
مەھمۇت مۇھىتىنىڭ پىكرى بويىچە ئىشلىنىدۇ.

چوڭ سۇيىقەستچى، پۇرسەتپەرەس شېڭ شىسەي تۈرلۈك
ھىيلە - مىكىر ئىشلىتىپ خەلق قوزغىلىڭىنىڭ مېۋىسىنى تارتى-
ۋېلىپ، ئۆز ھاكىمىيىتىنى تىكلىگەندىن كېيىن، خوجىنىياز
ھاجىنى ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتكە مۇئاۋىن رەئىس، مەھمۇت مۇھى-
تىنى جەنۇبىي شىنجاڭ ئاتلىق 6 - دىۋىزىيەنىڭ باشلىقى قىلىپ
بەلگىلەيدۇ. بۇ ۋاقىتتا مەھمۇت مۇھىتى خوجىنىياز ھاجى بىلەن
بىللە ئاقسۇدا تۇرۇۋاتاتتى. تارىخىي ئەسلىمىلەردە يېزىلىشىچە،
1934 - يىلى 5 - ئايدا خوجىنىياز ھاجى بىلەن مەھمۇت مۇھىتى
پىدائىيلىرىنى باشلاپ مەكىتتىن ئاقسۇ ئاۋاتقا كېلىش بىلەن
تەڭ، ماجۇڭيىڭنى ئۈرۈمچىدىن جەنۇبىي شىنجاڭغا قوغلاپ كېلى-
ۋاتقان سوۋېت قىزىل ئارمىيىسى ۋە يەرلىك ئاق ئورۇس ئەسكەر-
لىرىمۇ ئاقسۇغا كېلىدۇ. ئۈرۈمچىدىن كەلگەن بارلىق ئەسكەر-
لەرگە سوۋېت ئىتتىپاقىدىن شېڭ شىسەيگە باش ھەربىي مەسلى-
ھەتچى قىلىپ ئەۋەتىلگەن گېنېرال مالىكوف (تاتار) قوماندانلىق
قىلاتتى. ئۇ ئاقسۇغا كېلىپلا خوجىنىياز ھاجى بىلەن مەھمۇت



مۇھىتىنى ئاۋاتتىن ئاقسۇغا چاقىرتىدۇ. بۇ ئىككەيلەن قوشۇنلى-
رىنى ئاۋاتتا قالدۇرۇپ ئاقسۇغا كېلىپ، گېنېرال مالىكوف
بىلەن كۆرۈشىدۇ. گېنېرال مالىكوف خوجىنىياز ھاجىنىڭ شىن-
جاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتكە مۇئاۋىن رەئىس قىلىپ تەيىنلەنگەنلى-
كىنى، ئۇنىڭ تېزراق ئۈرۈمچىگە بېرىپ خىزمەتكە چۈشۈشى
لازىملىقىنى، مەھمۇت مۇھىتىنىڭ ئۈرۈمچىدىن كەلگەن ھەربىي
قىسىملار بىلەن بىللە، ماجۇڭيىڭنى قوغلاپ قەشقەرغىچە بېرىپ،
ئۇنى ئۇزۇل - كېسىل تارمار قىلىشقا ئاتلىنىشى كېرەكلىكىنى
ئۇقتۇرىدۇ. بۇ يەردە شۇنى ئىزاھلاپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇكى،
1933 - يىلى خوجىنىياز ھاجى ۋە مەھمۇت مۇھىتىلەر ماجۇڭيىڭ
بىلەن ھەمكارلىشىپ، جىمسار، گۇچۇڭلاردا جىن شۇرېننىڭ
قالدۇق كۈچلىرى بىلەن ئۇرۇش قىلغاندا، ماجۇڭيىڭ ئوتتۇرىدا
بولغان توختامنى بۇزۇپ، جىمساردا خوجىنىياز ھاجى ۋە مەھمۇت
مۇھىتى قوشۇنلىرىغا تېگىشلىك قورال - ياراقلارنىڭ ھەممىسى-
نى ئوغرىلىقچە ئېلىپ كەتكەنلىكى ۋە گۇچۇڭدا قولغا چۈشكەن
قورال - ياراقلاردىن خوجىنىياز ھاجى بىلەن مەھمۇت مۇھىتى-
لەرگە ھېچنېمىنى بەرمىگەنلىكى ئۈچۈن، خوجىنىياز ھاجى ما-
جۇڭيىڭنىڭ قارا يۈزلۈكىدىن غەزەپلىنىپ، ئۇنىڭ بىلەن بولغان
مۇناسىۋەتنى ئۈزگەنلىكىنى ۋە شېڭ شىسەي بىلەن بىرلىشىدىغان-
لىقىنى ئېلان قىلغان ۋە شۇ يىلى 6 - ئايدا فوكاڭدا قومۇل
قوزغىلىڭى باشلانغاندىن بېرى ئۆزى جان تىكىپ ئۇرۇشقان چوڭ
دۈشمىنى شېڭ شىسەي بىلەن يارىشىش كېلىشىمىگە ئىمزا قويى-
غان. بۇ ئىشلارنىڭ ۋۇجۇتقا چىقىشىدا مەھمۇت مۇھىتى خوجى-
نىياز ھاجىغا ئۈنۈملۈك مەسلىھەت بەرگەن ۋە چوڭ رول ئوينى-
غان. مەھمۇت مۇھىتى سوۋېت گېنېرالى يەتكۈزگەن خوجىنىياز
ھاجىنىڭ ئۈرۈمچىگە بېرىپ ھۆكۈمەتكە مۇئاۋىن رەئىس بولۇشى
توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇشنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، خوجىنىياز ھا-
جىغا شېڭ شىسەينىڭ قارا نىيەتلىك ئادەم ئىكەنلىكىنى خېلى

بۇرۇنلا بايقىغانلىقى، ئۆتمۈشتىكى ساۋاقلارغا ئاساسەن، شېڭ شىسەينىڭ قاپقىنىغا چۈشۈپ قالماسلىقنى بىلدۈرىدۇ. خوجىنىياز ھاجىنىڭ قول ئاستىدىكى پېدائىي قوشۇن باشلىقلىرىمۇ شېڭ شىسەينىڭ ۋەدىسىدە تۇرۇشىدىن گۇمانلىنىدۇ. سوۋېتلىك ھەربىي مەسلىھەتچى مالىكوف شېڭ شىسەينىڭ خوجىنىياز ھاجىغا زىيان يەتكۈزمەسلىكى توغرىسىدا ئۆزىنىڭ سوۋېت ھۆكۈمىتى نامىدىن ۋەدە بېرىدىغانلىقىنى بىلدۈرگەندىن كېيىن، خوجىنىياز ھاجى ئۈرۈمچىگە بېرىشقا رازىلىق بىلدۈرىدۇ. خوجىنىياز ھاجى، مەھمۇت مۇھىتىلار قەشقەردىن چېكىنىپ چىققاندىن كېيىن، مەھمۇت مۇھىتى خوجىنىياز ھاجىنىڭ بۇيرۇقى بىلەن يەكەندە سابىت داموللىنى قولغا ئالغان ئىدى. بۇ ئىككىيلەن ئاقسۇدا سابىت دامولىنى گېنېرال مالىكوفقا شېڭ شىسەيگە تاپشۇرۇپ بېرىشى ئۈچۈن بېرىدۇ. شېڭ شىسەينىڭ يەنە بىر ئۇقتۇرۇشىدا مەھمۇت مۇھىتى جەنۇبىي شىنجاڭدا ماجۇڭيىڭنى ۋە ئۇنىڭ قوشۇنلىرىنى يوقاتقاندىن كېيىن، ئۇنى جەنۇبىي شىنجاڭ گارنىزونىنىڭ قوماندانى ۋە 36 - دىۋىزىيىنىڭ باشلىقى قىلىپ بەلگىلىمەكچى بولغانلىقىنى بىلدۈرىدى. بۇ قۇرۇق ۋەدە شېڭ شىسەينىڭ ئالدامچىلىقى ئىدى. سوۋېت ھۆكۈمىتى شېڭ شىسەيگە ياردەملىشىپ شىنجاڭغا ھەربىي قوشۇن ئەۋەتىپ ماجۇڭيىڭغا قارشى ئۇرۇشقاندىن كېيىن، ماجۇڭيىڭ جەنۇبىي شىنجاڭغا قېچىپ ئاقسۇ، قەشقەرلەردە نۇرغۇن خەلقنى قىردى ۋە بۇلاڭ - تالاڭ قىلدى. ئاخىرى سوۋېت ئىتتىپاقىغا چىقىپ كەتتى. ماجۇڭيىڭنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىغا قانداق ھىيلە ئىشلىتىپ چىقىپ كەتكەنلىكى ھازىرغىچە ئېنىق ئەمەس. ماجۇڭيىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىغا قېچىپ كەتكەندىن كېيىن، ئۇنىڭ يېقىن قولچومىقى ماخۇسەن ماجۇڭيىڭنىڭ ئىرادىسىگە ۋەكىللىك قىلىپ جەنۇبىي شىنجاڭدا، جۈملىدىن خوتەندە زور قىرغىنچىلىق يۈرگۈزۈپ، خوتەن خەلقىنى بۇلاپ - تالاپ زار قاقشاتتى. تارىخىي ئەسلىمە-



لەردە يېزىلىشىچە، 1938 - يىلى شېڭ شىسەي يوشۇرۇن موسكۋاغا بېرىپ، ستالىن بىلەن كۆرۈشۈپ، ستالىندىن ماجۇڭيىڭنىڭ ئەھۋالىنى سورىغاندا ستالىن شېڭ شىسەيگە ماجۇڭيىڭنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىدا ئېتىپ ئۆلتۈرۈلگەنلىكىنى ئېيتقان.

(3)

شېڭ شىسەي نېمە ئۈچۈن مەھمۇت مۇھىتىنى يوقاتماقچى بولىدۇ؟ شېڭ شىسەي مەھمۇت مۇھىتىنى ئۆزىنىڭ كۆزىگە قادالغان مىخ ھېسابلاپ، ئۇنىڭغا خېلىدىن بېرى تۇزاق قويۇشقا ئۇرۇنۇپ كەلدى. شېڭ شىسەينىڭ مۇنداق قىلىشى تەسادىپىي ئەمەس. قۇمۇل، تۇرپانلاردا خەلق مىللىي زۇلۇمغا، مۇستەبىت ھۆكۈمەتنىڭ ئېزىشىگە قارشى ھەققانىي قوزغىلاڭ كۆتەرگەندە، شۇ ۋاقىتتىكى زالىم ھۆكۈمەت باشلىقى، مۇستەبىت جىن شۇرېن خەلق قوزغىلىڭىنى باستۇرۇش ئۈچۈن، جاللات شېڭ شىسەينى نۇرغۇن ھەربىي كۈچ بىلەن قۇمۇل، تۇرپانلارغا ئەۋەتىپ خەلق قوزغىلىڭىنى باستۇرغان. خوجىنىياز ھاجى، مەھمۇت مۇھىتىلەر شېڭ شىسەينىڭ ۋە ئۇنىڭ قىرغىنچى قوشۇنىغا قارشى قەھرىمانلارچە كۈرەش قىلىپ، جىن شۇرېن - شېڭ شىسەيگە قاتتىق زەربە بەرگەن. ئاپرېل ئۆزگىرىشىدىن كېيىن، بەزى سەۋەبلەر ۋە شۇ ۋاقىتتىكى ۋەزىيەتنىڭ تەقەززاسى بىلەن خەلق قوزغىلىڭى باشلىقلىرى شېڭ شىسەي بىلەن ھەمكارلاشقانىدى. شېڭ شىسەينىڭ بۇ ئىككى قوزغىلاڭ رەھبەرلىرى بىلەن بىرلىشىشى پەقەت ئۆز ھاكىمىيىتىنى چىڭىتىۋېلىش، خەلقنى ئالداش ئۈچۈن قىلغان ساختىلىقى ئىدى. ئىككىنچىدىن، خوجىنىياز ھاجى بىلەن مەھمۇت مۇھىتىنىڭ قولىدا مەلۇم ساندا خېلى كۈچلۈك قوراللىق ھەربىي قوشۇن بار ئىدى. خوجىنىياز ھاجى ھۆكۈمەتكە مۇئاۋىن رەئىس بولۇپ ئۈرۈمچىگە يۆتكەلگەندە، ئۇ-

نىڭ قول ئاستىدىكى ھەربىي قوشۇن مەھمۇت مۇھىتقا تاپشۇرۇپ
بېرىلگەنىدى. گەرچە شىڭ شىسەينىڭ قولىدا ھاكىمىيەت بولسى-
مۇ، بۇ مەزگىللەردە ئۇنىڭ جەنۇبىي شىنجاڭدا ھەربىي كۈچى
ئاز ئىدى. بارى - يوق ھەربىي قوشۇنى پولكقا يەتمەيتتى. يەنى
مارالبېشىدا بىر روتا ئاق ئورۇس ئەسكىرى بىلەن ئاقسۇدا بىر
پولكتەك ئەسكىرى بار ئىدى. يېتەرلىك ئاساس بولمىسا، شىڭ
شىسەي مەھمۇت مۇھىتقا تېگىشكە پېتىنالمايتتى. شۇنىڭ ئۈ-
چۈن شىڭ شىسەي مەھمۇت مۇھىتنى يوقىتىشنى سىياسىي يول
بىلەن ھەل قىلىشنى پىلانلىدى. ئالدى بىلەن ئۇ قەشقەردىكى
ساقچى ئىدارىسىنىڭ مەھمۇت مۇھىتنى قاتتىق رازۋېتكا قىلى-
شىنى ئورۇنلاشتۇردى. قەشقەر ساقچى ئىدارىسىدا مەھمۇت مۇ-
ھىتنى رازۋېتكا قىلىدىغان مەخسۇس ئورگان قۇرۇپ، مەھمۇت
مۇھىتقا قارشى جاسۇسلۇق ھەرىكىتىنى جىددىيلەشتۈردى.
ساقچى ئىدارىسىنىڭ جاسۇسلىرى تۈرلۈك يوللار بىلەن 6 -
ئاتلىق دىۋىزىيە (مەھمۇت مۇھىتى دىۋىزىيەسى) نىڭ ئىچىگە
سۇقۇنۇپ كىرىپ، ئۇنىڭ ئوفىتسېر - جەڭچىلىرىنى يوشۇرۇن
ھالدا شىڭ شىسەي تەرەپكە تارتىدۇ. ساقچى ئىدارىسىنىڭ جا-
سۇسلىرى قەشقەردە مەھمۇت مۇھىتقا قارشى تۈرلۈك پىتنە
ئىغۋالارنى تارقىتىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە مەھمۇت مۇھىتنىڭ ئەتە-
راپىدا شىڭ شىسەينىڭ تەلىپى بويىچە سوۋېت ئىتتىپاقىدىن
ئەۋەتىلگەن ھەربىي مەسلىھەتچى گېنېرال ۋە بىرمۇنچە ھەربىي
كوماندىرلار بار ئىدى. قەشقەر ساقچى ئىدارىسىنىڭ باشلىقىمۇ
سوۋېت تەرەپتىن ئەۋەتىلگەن ئادەم ئىدى.

ئۇلۇغچاتتىن يۆتكەپ كېلىنگەن بىر قىسىم قىرغىز ئەسكەر-
لەر شىڭ شىسەينىڭ بۇيرۇقى بىلەن مەھمۇت مۇھىتى قوشۇنىغا
قوشۇۋېتىلىدۇ. قەشقەر ساقچى ئىدارىسى بۇ ئەسكەرلەر ئارىسىدا
بۆلگۈنچىلىك پەيدا قىلىپ، ئۇلاردىن بىر قىسمىنى مەھمۇت
مۇھىتقا قارشى رازۋېتكا قىلىشقا سالىدۇ.



شېڭ شىسەي مەھمۇت مۇھىتنىڭ كۈچىنى بۆلىۋېتىش،
ئاجىزلاشتۇرۇش ئۈچۈن، مەھمۇت مۇھىتنىڭ قول ئاستىدىكى
كوماندىرلارنى تەلىم - تەربىيە ئالدۇرۇشنى بانا قىلىپ، ئۈرۈم-
چىگە ئارقا - ئارقىدىن بىر نەچچە قېتىم چاقىرتىدۇ. مەھمۇت
مۇھىتى قول ئاستىدىكى كوماندىرلارنى ئۈرۈمچىگە ئەۋەتىشنى
خالىمىسىمۇ، شىڭ شىسەي بىلەن مۇناسىۋەتتە يىرىكلىشىپ قې-
لىشتىن ئېھتىيات قىلىپ بۇ كىشىلەرنى ئۈرۈمچىگە ئەۋەتىشكە
مەجبۇر بولدى.

1936 - يىلى 8 - ئايدا شىڭ شىسەي مەھمۇت مۇھىتقا
تېلېگرامما ئەۋەتىپ، ئۇنىڭ قول ئاستىدىكى ئىككى نەپەر پولك
كوماندىرى؛ ئىككى نەپەر مۇئاۋىن پولك كوماندىرى ۋە تۆت نەپەر
ئېسكادرون كاماندىرىنى ئۈرۈمچىگە تەلىم - تەربىيە ئېلىش ئۈ-
چۈن ئەۋەتىپ بېرىشنى ئۇقتۇردى. مەھمۇت مۇھىتى ئامالسىز
قىلىپ ئۇلارنى ئەۋەتىشكە مەجبۇر بولىدۇ. كېيىن شىڭ شىسەي
مەھمۇت مۇھىتنى سىناپ بېقىش ئۈچۈن تېلېگرامما ئەۋەتىپ،
ئۇنىڭ مەسلىھەتچىسى، قوشۇمچە شەخسى كاتىپىنى ئۈرۈمچىگە
ئەۋەتىپ بېرىشنى تەلەپ قىلدى. مەھمۇت مۇھىتى شىڭ شىسەي-
نىڭ ئۆزىنىڭ كۈچىنى ئاجىزلاشتۇرۇش ئۈچۈن قىلىۋاتقان ئاش-
كارا ھەرىكىتىگە قاتتىق نارازى بولۇپ، شەخسى كاتىپىنى ئۈ-
رۈمچىگە ئەۋەتمەسلىكنى قارار قىلىدۇ. شېڭ شىسەي بۇنىڭ
بىلەنلا توختاپ قالماستىن، يەنە مەھمۇت مۇھىتنىڭ ئوفىتسېر-
لىرىدىن 23 ئادەمنى ئۈرۈمچىگە تەربىيە ئېلىشقا ئەۋەتىپ بېرىش-
نى ئۇقتۇرىدۇ. يۇقىرىدىكى بىر نەچچە قېتىملىق ئۈرۈمچىگە
ئەۋەتىلگەن ئادەملەرنىڭ بىر قىسمى قەشقەرگە قايتىپ كەلگەن
بولسىمۇ، يەنە خېلى بىر قىسمى تېخى قايتىپ كەلمىگەن ۋاقىتتا
قەشقەردە مەسىلە چىقىدۇ. شىڭ شىسەي ئۈرۈمچىدىن قايتقان
ياكى يولدا كېلىۋاتقان ئادەملەرنى ئارقىدىن ئادەم ئەۋەتىپ قوغلاپ
قولغا ئېلىپ يوقىتىدۇ.

شېڭ شىسەي مەھمۇت مۇھىتىنىڭ قوشۇنىغا ئەۋەتىلگەن ھەربىي مەسلىھەتچىسى رىبالكىن ئارقىلىق مەھمۇت مۇھىتىنىڭ چەت ئەلگە ئوقۇشقا ئادەم چىقىرىشىنى تەكىتلەپ، ئوقۇپ كەلگەنلەرنى يەنە مەھمۇت مۇھىتىنىڭ يېنىدا مۇھىم خىزمەتلەرگە قويۇپ، ئۇلارنى مەھمۇت مۇھىتىنى نازارەت قىلىشقا سالىدۇ. مەھمۇت مۇھىتى چەتكە چىقىپ كەتكەندىن كېيىن، شېڭ شىسەي بۇ ئادەملەردىن بىر نەچچىسىنى ئۈرۈمچىگە يۆتكەپ كۆرۈنۈشتە بىرقەدەر مۇھىم خىزمەتلەرگە مەسلەن، بۇلاردىن بىرىنى ئۆلكىلىك جامائەت تېنچلىقىنى قوغداش باشقارمىسى (گۇڭئەن گۇەنلىچۇ) نىڭ مۇئاۋىن باشلىقلىقىغا، يەنە بىرىنى ئۆلكىلىك مالىيە نازارىتى نازىرىنىڭ مۇئاۋىنلىقىغا قويىدۇ ۋە ئارىدىن ئۇزاق ئۆتمەي بۇ كىشىلەرنى قولغا ئېلىپ ئۆلتۈرىۋېتىدۇ. مەھمۇت مۇھىتى بىلەن ئاز - تولا ئالاقىلاشقان ياكى شېڭ شىسەي قەشقەردىكى جاسۇسلۇق ئورۇنلىرى ئارقىلىق ئىگىلىگەن ماتېرىياللارغا ئاساسەن، «مىللىي ھىسسىياتى كۈچلۈك»، «مىللەتچى» دەپ بىلگەن يەرلىك باشلىقلارنى مەسلەن، قەشقەردىكى ئەيسا ھاجى، سېتىۋالدى ئاخۇن ۋە تاشقورغاندىكى ئابلا قازى ئاخۇن قاتارلىق كىشىلەرنى «جاھانگىرلارنىڭ قويرىقى» دەپ مەھمۇت مۇھىتىنىڭ قارشىلىق قىلىشىغا قارىماي، ھەممىسىنى تۈرمىگە تاشلاپ ئۆلتۈرىدۇ. مۇشۇنداق قىلىپ شېڭ شىسەي تەرەپ - تەرەپتىن مەھمۇت مۇھىتىنى ئىسكەنجىگە ئېلىپ، ئۇنى ئىلاجىسىزلىققا چۈشۈرۈپ قويىدۇ.

شېڭ شىسەي مەھمۇت مۇھىتىنى يوقىتىش ئۈچۈن ھەممە چارىلارنى ئىشلىتىپ، ئۇنى قىيىن ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويغان ۋاقىتتا، مەھمۇت مۇھىتى قول ئاستىدىكى ئىمىن ۋاھىدى، مۆمىن ئاخۇن ئىسىملىك ئىككى كىشىنى شېڭ شىسەي ئۈستىدىن ئەرز قىلىپ، يوشۇرۇن نەنجىڭدىكى گومىنداڭ ھۆكۈمىتىگە ئەۋەتىدۇ. بۇ ۋەكىللەر نەنجىڭدا گومىنداڭنىڭ بەزى ئەمەلدارلىرى



بىلەن ئاخىرىدا جياڭ جېشى بىلەن كۆرۈشىدۇ. گومىنداڭ ھۆكۈمىتى ۋەكىللەرگە: «بىز ھازىر ياپونغا قارشى ئۇرۇش بىلەن ئالدىراش بولىۋاتىمىز، شىنجاڭ مەسىلىسىنى ھەل قىلىشقا چولىمىز يوق، سىلەر بىر ئاز تەخىر قىلىپ تۇرۇڭلار، بىز شېڭ شىسەيگە چارە قىلىمىز»، دەيدۇ. ۋەكىللەر قايتىپ لەنجۇغا كەلگەندىن كېيىن، مۆمىن ئاخۇن يوشۇرۇنچە قومۇلغا كېلىدۇ. قومۇلدا شېڭ شىسەينىڭ جاسۇسلىرى ئۇنى قولغا ئالىدۇ. ئىمىن ۋاھىدى ئىلاجىسىز لەنجۇدا تۇرۇپ قالىدۇ.

1936 - يىلى 9 - ئايدا شېڭ شىسەي سوۋېتلىك ئاپروسوف دېگەننى قەشقەرگە ئەۋەتىدۇ. ئاپروسوف مەھمۇت مۇھىتى بىلەن كۆرۈشۈپ ئۇنىڭغا: «مېنىڭ سىز بىلەن كۆرۈشۈشۈمنىڭ سەۋەبى، سىز ھۆكۈمەتكە نارازى بولۇپ، ئۇيغۇر ھۆكۈمىتى قۇرماقچى بوپسىز، شۇ سەۋەپتىن سىز ياپونىيەگە ئىككى ۋەكىل ئەۋەتىپسىز، ئىككى ئادىمىڭىزنىڭ بىرى بىز تەرەپتىن قولغا ئېلىندى. سىز مۇنداق قىلماڭ، ئىتتىپاقلاشقىنىڭىز ياخشى»، دەيدۇ.

مەھمۇت مۇھىتى شېڭ شىسەينىڭ يوشۇرۇن ۋە ئاشكارا ئۆزىنى پارچىلاپ يوقىتىش سۇيىقەستىنىڭ بارغانسېرى جىددىيلىشىپ، ئۆزىگە بولغان خەۋپ - خەتەرنىڭ يېقىنلىشىپ كېلىۋاتقانلىقى، سىرتتا شېڭ شىسەي جاسۇسلىرى تەرىپىدىن ئۆزىگە قارشى جاسۇسلۇق ھەرىكەتلەرنىڭ يامراپ كەتكەنلىكى، ئۆزىنىڭ ئۈستىگە تۆۋەن دەرىجىلىك خادىملاردىن شېڭ شىسەيدىن تەلىم ئېلىپ كەلگەنلەرنىڭ خېلى بىر قىسمى شېڭ شىسەيگە مايىل بولۇپ، ئۆزىدىن يۈز ئۆرۈگەنلىكى نەتىجىسىدە، قوشۇنلارنى ئۆز قولىدا تۇتۇپ تۇرۇشى قىيىنلىشىپ قالىدۇ. دەل مۇشۇ ۋاقىتتا، يەنى 1937 - يىلى 4 - ئاي بېشىدا مەھمۇت مۇھىتى شېڭ شىسەي ئەۋەتكەن تېلېگراممىنى تاپشۇرۇپ ئالىدۇ. ئۇنىڭدا شېڭ شىسەي ئۈرۈمچىدە پۈتۈن شىنجاڭ بويىچە «3 - نۆۋەتلىك خەلق

قۇرۇلتىيى» ئۆتكۈزىدىغانلىقى، مەھمۇت مۇھىتىنىڭ ئۇرۇمچىگە
كېلىپ قۇرۇلتايغا قاتنىشىشىنى ۋە «يېڭى ۋەزىپە» تاپشۇرۇپ
ئېلىشى ئۇقتۇرۇلغان. بۇ بۇيرۇقنى شېڭ شىسەي ئۆزى بىلەن
خوجىنىياز ھاجى نامىدا چۈشۈرگەن. بۇنىڭدىن بىر نەچچە كۈن
ئىلگىرىلا قەشقەر گارنىزون باشلىقى ليۇبىڭ مەھمۇت مۇھىتىغا
ئالاقە ئەۋەتىپ، ئۇنى قەشقەر باش شتابىغا كېلىشكە، بەزى ئىش-
لارنى بىللە مەسلىھەتلىشىشكە تەكلىپ قىلغان. ئارقىمۇ - ئارقا
بولىۋاتقان بۇ ئەھۋاللاردىن مەھمۇت مۇھىتى شېڭ شىسەينىڭ
ئۆزىنى يوقىتىشقا رەسمىي ئاتلانغانلىقىنى سېزىپ ھېچيەرگە با-
مايدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن مەھمۇت مۇھىتى ئىلگىرى - كېيىن
ئىككى قېتىم ئۆز يېقىنلىرىنى چاقىرىپ شېڭ شىسەينىڭ سۇيى-
قەستلىك ھەرىكەتلىرىگە تاقابىل تۇرۇشنى، يەنى شېڭ شىسەيگە
قارشى ئۇرۇش قېلىپ ئۆزىنى ساقلاپ قېلىشنى مۇزاكىرە قىلى-
دۇ. ئاۋۋالقى مۇزاكىرىنىڭ ئەھۋالىنى مەسلىھەتكە چاقىرىلغان-
لاردىن بىرى قەشقەر گارنىزونىغا ۋە سوۋېت كونسۇلىغا مەلۇم
قىلىپ قويىدۇ. شۇنىڭ بىلەن مەھمۇت مۇھىتىنىڭ بۇ ئىشى
مەغلۇپ بولىدۇ. 2 - قېتىملىق مەسلىھەتتە، مەھمۇت مۇھىتى-
نىڭ بەزى يېقىنلىرى مەھمۇت مۇھىتىنىڭ ئۇرۇمچىگە بارماسلى-
قىنى، ئەگەر بارسا، ئامان ئىسەن قايتىپ كېلەلمەيدىغانلىقىنى
ئېيتىپ، ھېچ ئامال بولمىغاندا چەتكە چىقىپ كېتىشىنى دەۋەت
قىلىدۇ. مەھمۇت مۇھىتى ئۆز خەلقىگە داۋاملىق خىزمەت قىلى-
شىغا، ھەتتە جېنىنى ساقلاپ قېلىشقىمۇ ئىمكانىيەت قالمىغانلى-
قىنى سېزىپ، يۇرتىنى تاشلاپ چەتكە چىقىپ كېتىشكە مەجبۇر
بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن 1937 - يىلى 4 - ئاينىڭ 4 - كۈنى
ئۆز ئەتراپىدىكى يېقىنلىرىدىن ئابدۇللا داموللا نەيىم قاتارلىق 30
نەچچە ئادەمنى ئېلىپ، قولىدىكى قوشۇننى ئۆزىگە تەۋە كوماندىرلارنىڭ
بىرىگە تاپشۇرۇپ، ئۇۋغا چىقىدىغانلىقىنى بانا قى-
لىپ، يەكەن چېگرىسى ئارقىلىق ھىندىستانغا چىقىپ كېتىدۇ.



مەھمۇت مۇھىتى ھىندىستانغا چىقىپ كەتكەندىن كېيىن،
شېڭ شىسەي گېزىت - ژۇرناللاردا ئاشكارا ھالدا: «مەھمۇت
مۇھىتى ئەنگلىيە جاسۇسى، ئۇ قەشقەردە قوراللىق توپىلاڭ
قوزغاپ ھۆكۈمەتكە قارشى چىقتى. مەقسىتىگە يېتەلمەي مەغلۇپ
بولۇپ چەتكە قېچىپ كەتتى»، دەپ كەڭ كۆلەمدە تەشۋىق قىلى-
دۇ.

مەھمۇت مۇھىتى چېگرىدىن چىقىپ كەتكەندىن كېيىن،
ئۇنىڭ قول ئاستىدىكى ئەسكەرلەر ئابدۇنىيازنى باشلىق قىلىپ
بەلگىلەيدۇ. ئابدۇنىياز قول ئاستىدىكى ئەسكەرلىرى بىلەن ما-
خۇسەنگە قوشۇلۇپ، ئۇنىڭ بىلەن بىرلىكتە قەشقەردىكى شېڭ
شىسەي ئەسكەرلىرى بىلەن ئۇرۇشىدۇ. بۇ ئۇرۇشتا سوۋېت قى-
زىل ئارمىيىسى ماخۇسەن - ئابدۇنىياز قوشۇنىنى تارمار قىلى-
دۇ.

مەھمۇت مۇھىتى نېمە ئۈچۈن شېڭ شىسەيگە قارشى تۇر-
دۇ؟

بۇنىڭ سەۋەبى ئاساسەن ئىككى تۈرلۈك: 1. قۇمۇل، تۇر-
پان خەلق قوزغىلىڭىدىن كېيىن، شېڭ شىسەي ئەكسىيەتچى،
مۇستەبىت جىن شۇرېنغا سادىق قولچۇماق بولۇپ مۇستەبىت،
ئەكسىيەتچى ھاكىمىيەتنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن قۇمۇل، تۇر-
پان، پىچان، توقسۇنلاردا نۇرغۇن خەلق قوزغىلاڭچىلىرىنى قاتى-
لىق باستۇردى. جۈملىدىن شېڭ شىسەي مەھمۇت مۇھىتىنىڭ
ئاكىسى مەقسۇت مۇھىتى ۋە باشقا ئۇرۇق - تۇغقانلىرىنى ئۆلتۈر-
دى. تۇرپاندا نۇرغۇن خەلقپەرۋەر مەشھۇر كىشىلەرنى، تۇرپان
قوزغىلىڭىنىڭ قاتناشچىلىرىدىن ئابدۇخالىق ئۇيغۇر، ھەمدەم
بەگ ھاجى قاتارلىق كىشىلەرنى ۋەھشىيلەرچە ئۆلتۈردى. مۇشۇ
سەۋەبلەردىن مەھمۇت مۇھىتىنىڭ شېڭ شىسەيگە كۈچلۈك ئۆچ-
مەنلىكى بار ئىدى ۋە بۇ ئۆچمەنلىك خېلى بۇرۇنلا باشلانغان
ئىدى. شېڭ شىسەي خەلق قوزغىلىڭىنىڭ مېۋىسىنى تارتىۋېلىپ

هاكىمىيەت بېشىغا چىققاندىن كېيىن، ۋەزىيەتنىڭ تەقەززاسى بىلەن ۋاقىتىنچە خوجىنىياز ھاجى، مەھمۇت مۇھىتىلار بىلەن ھەمكارلاشقان بولسىمۇ، لېكىن ئۇ خەلق قوزغىلىڭىنىڭ رەھبەرلىرىگە بولغان ئۆچمەنلىكىنى ئېسىدىن چىقارمىدى. شۇنىسى ناھايىتى ئېنىقكى، خوجىنىياز ھاجىمۇ شېڭ شىسەينىڭ كۆزىگە قادالغان ئەڭ چوڭ مىخ ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن شېڭ شىسەي 1937 - يىلى 10 - ئايدا «خوجىنىياز باشچىلىقىدىكى شىڭ دوبەنگە قارشى چوڭ ئەنزە»نى ياساپ چىقىپ ۋە خوجىنىياز ھاجىغا ياپون، ئەنگلىيە جاسۇسى دېگەن تۆھمەتلەرنى چاپلاپ قولغا ئېلىپ، تۈرمىدە ۋەھشىيلەرچە ئۆلتۈردى. مەرھۇم خوجىنىياز ھاجى قۇمۇل خەلق قوزغىلىڭىنىڭ باش تەشكىللىگۈچىسى، 1931 - يىلىدىن 1934 - يىلىغىچە شىنجاڭنىڭ كۆپچىلىك يەرلىرىدە مىللىي زۇلۇمغا قارشى ئارقا - ئارقىدىن قوزغالغان خەلق قوزغىلاڭلىرىنىڭ ئىلھامچىسى ۋە يېتەكچىسى. ئۇ، خەلق ئىچىدىن چىققان خەلق قەھرىمانى بولۇشقا مۇناسىپ ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنىڭ كۆرسەتكەن خىزمەتلىرىنى مۇۋاپىق باھا بېرىش كېرەك دەپ قارايمەن. مەھمۇت مۇھىتى بولسا، شېڭ شىسەي تەرەپ - تەرەپتىن قىستاپ ئىسكەنجىگە ئېلىپ، ئۇنىڭغا بىر كۈنمۇ تىنچ - ئامانلىق بەرمىدى. ئاخىرىدا، ئۇ شېڭ شىسەي تەرىپىدىن ھاياتىغا خەۋپ يېتىدىغانلىقىغا كۆزى يېتىپ، يۇرتىنى تاشلاپ چەتكە قېچىشقا مەجبۇر بولدى.

2. مەھمۇت مۇھىتى دىنى ئېتىقادى كۈچلۈك، دىندار، كوممۇنىزم بىلەن كېلىشەلمەيدىغان ئادەم ئىدى. شېڭ شىسەي ھاكىمىيەت بېشىغا چىقىش بىلەنلا سوۋېت ئىتتىپاقىغا تايىنىپ، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ يولىدا مېڭىشى مەھمۇت مۇھىتىغا ياقمىدى. شېڭ شىسەيدىن بارغانسېرى گۇمانلىنىشقا باشلىدى. مەسىلەن، مەھمۇت مۇھىتى قەشقەردىكى ۋاقتىدا شېڭ شىسەي چوڭ دىنى زات ئابدۇغوپۇر دامولللىنى ئۈرۈمچىگە «3 - نۆۋەتلىك خەلق



قۇرۇلتىيى»غا چاقىرتىپ ئاپىرىپ ئۇنىڭ ئىدىيىسىگە تەسىر كۆرسىتۈپ، نۇرغۇن سوۋغا سالاملار بىلەن قەشقەرگە قايتۇرىدۇ. ئابدۇغوپۇر داموللا قەشقەرگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن بىر سورۇندا جامائەتكە سۆز قىلىپ: «ئاللادىن پەيغەمبەرلىككە ۋەھيى كەلسە، بۇ شىڭ دۇبەن جانابلىرىغا مەنسۇپ بولىدۇ»، دېگەنگە ئوخشاش سۆزلەرنى قىلغان. بۇ سۆزلەرنى مەھمۇت مۇھىتى ئاڭلىغاندىن كېيىن ناھايىتى خاپا بولۇپ، ئابدۇغوپۇر داموللىنى مەخپىي ئۆلتۈرۈۋېتىدۇ. ئەمما ئابدۇغوپۇر داموللىنىڭ نامىزىغا قاتنىشىدۇ. بۇ مىسالدىن مەھمۇت مۇھىتىنىڭ دىنى ئېتىقادى ناھايىتى كۈچلۈك ئىكەنلىكىنى كۆرگىلى بولىدۇ.

مەھمۇت مۇھىتى چەتكە چىقىپ كەتكەندىن كېيىن چەتتە قايسى مەملىكەتلەرگە باردى، ئۇ يەرلەردە نېمە ئىشلارنى قىلدى، بۇ ھەقتە يېزىلغان بىرەر ماقالە ياكى باشقا ئەسەرلەرنى كۆرگەن - ئاڭلىغىنىم يوق. شۇنىڭ ئۈچۈن مەھمۇت مۇھىتى ھەققىدە بىلىدىغانلىرىم ياكى ئاڭلىغانلىرىمنى ئاساس قىلىپ، تارىخىي پاكىتلار بويىچە بۇ ماقالىنى يازدىم.

مەھمۇت مۇھىتى بىلەن شېڭ شىسەي ئوتتۇرىسىدىكى كۆرەش مەھمۇت مۇھىتىنىڭ چەتكە چىقىپ كېتىشى بىلەن تۈگىمەيدۇ. ئۇ چەتكە چىقىپ كەتكەندىن كېيىن شېڭ شىسەي ئىلگىرى مەھمۇت مۇھىتى بىلەن بىللە ئىشلىگەن، ئۇنىڭ قول ئاستىدا بولغانلارغا تۈرلۈك يوللار بىلەن جەبرى سېلىپ، بىر - بىرلەپ يوقىتىدۇ.

(ئاپتور: ئاپتونوم رايونلۇق پەن - تېخنىكا كومىتېتىدىن)

جاۋابكار مۇھەررىر: جۇرئەت ئابلىمىت

# ياپونغا قارشى ئۇرۇش مەزگىلىدىكى كەلپىن ئاياللىرىنىڭ ئىئانىلىرى

## ئابدۇساتتار ھامىدىن

قۇمۇل دېھقانلار قوزغىلىڭى شىنجاڭ خەلقىنى ئويغاتتى. قوزغىلاڭدىن كېيىن قۇرۇلغان ھۆكۈمەت يېڭى مەكتەپ ئېچىپ كىشىلەرنىڭ كۆزىنى روشەنلەشتۈردى، جۈملىدىن كەلپىن ناھىيىسىدە 1936 - يىلى قىزلار مەكتىپى قۇرۇلۇپ، خوتۇن قىزلار پەننىي مەكتەپكە كىرىپ ئوقۇش پۇرسىتىگە ئىگە بولدى. شۇنىڭ بىلەن ئاياللارنىڭ ئىجتىمائىي پائالىيەتلەرگە قاتنىشىشىغا ئىمكانىيەت يارىتىلدى.

1940 - يىلىغا كەلگەندە كەلپىن ناھىيىسىدە بەش ئورۇندا ھۆكۈمەت باشقۇرۇشىدىكى قىزلار مەكتىپى، ئىككى ئورۇندا ئۇيغۇر ئۇيۇشما باشقۇرۇشىدىكى قىزلار مەكتىپى قۇرۇلدى. بۇ مەكتەپلەردە 300 دىن ئارتۇق قىزلار ئوقۇدى. قىزلار مەكتەپلىرى «ئىزچىلار قوشۇنى» تەشكىلىگە قاتنىشىپ، ياپونغا قارشى ئۇرۇش توغرىسىدا تەشۋىقات - تەرغىبات ئېلىپ باردى. ياپونغا قارشى ئۇرۇشنىڭ غەلىبىسى توغرىسىدىكى خەۋەرلەرنى ئاتا - ئانىلىرىغا، قولۇم - قوشنىلىرىغا يەتكۈزۈپ، ئۇلارنىڭ ياپونغا قارشى ئۇرۇشقا ئىئانە تەقدىم قىلىشىغا ئىلھام بەردى. ئىئانە توپلاش بىلەن بىر چاغدا ياخشى ئوقۇپ دۈشمەنگە زەربە بېرىش پائالىيىتىنى ئېلىپ بېرىپ، ئەلاچى ئوقۇغۇچىلاردىن بولۇش مۇسابىقىسىنى قانات يايدۇردى. 1938 - يىلى كەلپىن ناھىيىسى ياپونغا قارشى ئۇرۇشقا ياردەم بېرىش ئۈچۈن، كەڭ كۆلەمدە پۇل



مال ئىئانە قىلىش پائالىيىتىنى ئېلىپ باردى. نۇرغۇن ئەرلەر قاتارىدا ئاياللارمۇ ئۆزىنىڭ ئىقتىدارىنىڭ يېتىشىچە پۇل ئىئانە قىلدى. بەزى ئەرلەر ئاياللىرى ياكى قىزلىرىنىڭ نامىدا پۇل ئىئانە قىلىپ، شۇ چاغدا ماختاشقا سازاۋەر بولغانىدى. كەلپىن ناھىيىسى بويىچە شۇ يىلى 5 مىليون 570 مىڭ سەر ئۆلكە كۈمۈش پۇلى ئىئانە قىلىنغان بولۇپ، بۇنىڭ ئۈچتىن بىرىگە يېقىن قىسمى ئاياللار نامىدا توپلانغانىدى.

شۇ چاغدا كەلپىن ناھىيىسىدىكى ئاياللارغا تۆۋەندىكىچە مۇراجەتنامە چىقىرىلغانىدى.

«قەدىرلىك ئاچا - سىڭىللار:

5000 يىللىق تارىخقا ئىگە قەدىمىي ۋەتىنىمىزنىڭ يېرىمىنى دۈشمەن تارتىۋالدى. ياپون قاراقچىلىرىنىڭ ئايرۇپىلان زەمبىرەكلىرىنىڭ ياۋۇزلارچە بومباردىمان قىلىشى نەتىجىسىدە يۇرتىمىز، تۇپرىقىمىز نابۇت بولماقتا. ئۇرۇش رايونلىرىدىكى خەلقىمىز توپ - زەمبىرەكنىڭ ۋەيرانچىلىقىدا غەيرى ئىنسانىي ھايات كەچۈرۈشكە مەجبۇر بولماقتا. ياپون فاشىستلىرىنىڭ قاراقچىلارچە قانلىق ھۇجۇمى ئارقىسىدا جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ تەقدىرى ئۆلۈم گىرداۋىغا بېرىپ قالدى. بىز يۇرتىمىزنى، ۋەتىنىمىزنى سۆيىمىز. بىز ئىتتىپاقلىشىپ ياپون قاراقچىلىرىنى زېمىنىمىزدىن قوغلاپ چىقىرىپ، ئەركىنلىكىمىزنى قولغا ئالىمىز. شۇنىڭ ئۈچۈن بارلىق قېرىنداشلار، خوتۇن قىزلار پۇلىمىز بولسا پۇل، كۈچىمىز بولسا كۈچ، كىيىمىمىز بولسا كىيىمنى چىقىرايلى. ئالدىنقى سەپتىكىلەر قىشتىن ئامان - ئېسەن ئۆتىۋالسۇن، ياپونغا قارشى ئۇرۇشنىڭ غەلىبىسى ئۈچۈن ساخاۋەتلىك قولۇڭلارنى، جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ ئازادلىقى ئۈچۈن ياردىمىڭلارنى ئايىماڭلار!»

1939 - يىلى كەلپىن ناھىيىسى بويىچە 6 مىليون سەر ئىئانە پۇل يىغىلغان بولۇپ، شۇ چاغدا ئاياللارنىڭ بەزىلىرى ئالتۇن ھالقىلىرىنى، زىرىلىرىنى، كۈمۈش بىلەيزۈكلىرىنى ئىئانە قىلغان.

1943 - يىلى 5 - ئايدا كەلپىن ناھىيىلىك ھۆكۈمەت ناھىيىلىك ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسىنىڭ قوللاپ - قۇۋۋەتلىشى ئارقى-

سىدا ياپونغا قارشى ئالدىنقى سەپكە ئاياللارنىڭ ئايرىم پىلان تەقدىم
قىلىش پائالىيىتىنى كەڭ تۈردە ئېلىپ باردى. ئاياللار بۇ ھەر-
كەتكە ئاكتىپ ماسلاشتى، نۇرغۇن ئاياللار كۆپ پۇل تەقدىم
قىلدى. شۇ چاغدا ناھىيە بويىچە 5000 غا يېقىن خوتۇن قىزلار
بولۇپ، ئۇلار 560 يامبۇ قىممىتىدىكى ئىئانىنى توپلاپ، ئاقسۇ
باش ئويۇشمىغا تاپشۇرۇپ بەرگەنىدى. بۇ كەلپىن ئاياللىرىنىڭ
ياپونغا قارشى ئالدىنقى سەپكە ياردەم قىلىپ مۇستەقىل توپلىغان
تۇنجى ئىئانىسى ئىدى.
1944 - يىلى 14 ياشلىق زۆرەخان ناھىيە تارىخىدا تۇنجى
قېتىم سەھنىگە چىقىپ ئويۇن كۆرسىتىپ، ياپون باسقۇنچىلىرى-
نىڭ جىنايەتلىرىنى پاش قىلغان، خەلقنى ياپونغا قارشى ئۇرۇشقا
ياردەم بېرىشكە ئىلھاملاندۇرغان. شۇنىڭدىن كېيىن ئايىمخان،
زىۋەرخان، رابىيە، گۈلسۇمخان، ئايىنىساخانلارمۇ سەھنىگە چې-
قىپ ئويۇن كۆرسىتىپ خەلقنى تەربىيىلىگەن.
1944 - يىلى 7 - ئايدا كەلپىن ئاياللىرىنىڭ ھەربىي ئات
تەقدىم قىلىش پائالىيىتى كەڭ تۈردە قانات يايدۇرۇلغان بولۇپ،
ھەر بىر ئايال تاپقىنىچە ئىئانە قىلغان. ھازىرقى يۇرچى يېزىسىغا
قاراشلىق ئايماقلاردىكى ئاياللار 10. 2232 داياڭ ( 大洋 ) پۇل
ئىئانە توپلىغان. ناھىيە بويىچە 7000 يۈەنگە يېقىن ئىئانە توپلاد-
غان.
ئەينى چاغدىكى شارائىتتا ئاياللارنىڭ مۇنداق پائالىيەتلەرگە
قاتنىشىشى ئىنتايىن مۇشكۈل ئىدى. شۇنداق بولسىمۇ، ئۇيغى-
نىشقا باشلىغان ئاياللار ناھىيىلىك ئۇيغۇر ئويۇشمىسىنىڭ يې-
تەكچىلىكى ۋە مەكتەپلەردىكى خانىم - قىزلارنىڭ ئىلھامى ئاس-
تىدا، ياپونغا قارشى ئۇرۇشنى ئۆز ئىشى كۆرۈپ، بارلىقىنى
ئايىمىدى. پۇلى بارلار پۇل چىقىرىش، كۈچى بارلار كۈچ چىقى-
رىشنى ھەقىقىي تۈردە ئىشقا ئاشۇرۇپ، ھەممە ئالدىنقى سەپكە
ياردەم بېرىشنى ئىشقا ئاشۇردى.



ياپونغا قارشى ئۇرۇش ئالدىنقى سېپىگە ياردەم قىلىشقا ئىئا-
نە توپلاشتا پائالىيەتچىلەردىن ئاتالغان ئاياللار زۆرەمخان، ئايىنى-
ساخان، زىۋەرىخان، رابىيە، گۈلسۇمخان، ئايىنىساخان، ئامى-
نەم، مەرەمنىساخان، سالىخان، قەلەمخان، ئايىمخان، ھۆرى-
خان، گۈلنىساخان، ھاشىخان، شەرۋانىخان، نىساخانلار ئىدى.
بۇ ئاياللار ئويۇن قويۇش، تەشۋىق قىلىش، ئايرىم سۆھبەتلىشىش
ئارقىلىق، ياپونغا قارشى ئۇرۇش قىلىۋاتقان ئالدىنقى سەپ جەڭ-
چىلىرىگە ياردەم بېرىش ئۈچۈن پائالىيەت ئېلىپ بېرىپلا قالماس-
تىن، ئۆزلىرىمۇ قولىدىن كېلىشىچە ئىئانە قىلغانىدى. ئۇ چاغ-
دىكى ئىئانە ئات - كالا، قوي، پاختا، ماتا (بوز) قاتارلىقلاردىن
ئىبارەت ئىدى. قىسمەنلىرى نەقپۇل بېرەلەيتتى، ماددىي نەرسى-
لەر پۇلغا سېتىلىپ ئاقسۇغا پۇل ئۆتكۈزۈلەتتى.

( ئاپتور: كەلپىن ناھىيىلىك تارىخ - تەزكىرە ئىشخانىسى-
دىن )
جاۋابكار مۇھەررىر: دىلدار ئەزىز

# 1941 — 1942 - يىللىرىدىكى ئاقسۇ ۋىلايەتلىك ئۇيغۇر مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى ھەققىدە ئەسلىمە

توختى ھاشىم

## 1

ئالدى بىلەن 1930 - يىللاردا شىنجاڭدا ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىلىرىنىڭ قۇرۇلۇشىدىكى تارىخى ئارقا كۆرۈنۈشى ئۈستىدە قىسقىچە بولسىمۇ توختىلىپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇ.

ئۇيغۇرلار ئەمگەكچان، باتۇر، پاراسەتلىك مىللەت بولۇپ، ئۆزىنىڭ نەچچە مىڭ يىللىق «تارىم مەدەنىيىتى» بىلەن ئاسىيادىكى «خۇاڭخې - چاڭجياڭ مەدەنىيىتى»، ئافرىقىدىكى «نىل دەريا مەدەنىيىتى»، ئامېرىكىدىكى «مايا مەدەنىيىتى» ۋە ياۋروپادىكى «رىم - يۇنان مەدەنىيىتى» قاتارىدا ئىنسانىيەت مەدەنىيەت خەزىنىسىگە شانلىق تۆھپىلەرنى قوشقان قەدىمى مەدەنىيەتلىك مىللەت ئىدى، شۇنداقلا ۋەتىنىمىزدىكى باشقا مىللەتلەر بىلەن بىرلىكتە تاشقى تاجاۋۇزچىلارغا قارشى تۇرۇپ، ئىقتىساد ۋە مەدەنىيەتنى راۋاجلاندۇرۇپ، بىرلىككە كەلگەن كۆپ مىللەتلىك دۆلەتنى بەرپا قىلىشتا غايەت زور تۆھپىلەرنى قوشقانىدى. يېقىنقى مىڭ يىللىق تارىخنى ۋاراقلىساق، مەھمۇت قەشقىرى، يۇ-



سۇپ خاس ھاجىپتەك جاھانغا تونۇلغان ئۇلۇغ مۇتەپەككۇر ئالىملىرى ۋە ئامانىنىساخاندەك ئۇلۇغ مۇقامشۇناس سەنئەتكارلىرى بىلەن پەخىرلىنىشكە ھەقلىق ئىدى.

ئەپسۇسكى، ۋەتىنىمىزدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر، جۈملىدىن ئۇيغۇر مىللىتى نەچچە يۈز يىلدىن بېرى مەنچىڭ خاندانلىقى ۋە گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ مىللىي زۇلمى ۋە ئىقتىسادى جەھەتتىكى چەكسىز ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىشى بىلەن ئەڭ نادان، قالاق تۇرمۇش كەچۈرۈشكە مەجبۇر قىلىنىپ، جاھالەت ئۇيقۇسىغا پېتىپ قېلىش بىلەن مىللىي مەدەنىيىتى يوقىلىش گىرداۋىغا كېلىپ قالدى. بۇ ھەقتە جاڭ جىجۇڭ ئەپەندى ئۆزىنىڭ ئەسلىمىسىدە مۇنداق يازىدۇ: «چىڭ سۇلالىسىدىن تارتىپ تا جۇڭخۇا مىنگو دەۋرىدە ئۆتكەن شېڭ شىسەينىڭ زۇلمەتلىك ھۆكۈمرانلىقى ئاخىرلاشقانغا قەدەر، بۇ زېمىندا مۇستەملىكىچىلىك سىياسىتى ھۆكۈمرانلىق قىلدى. شىنجاڭ خەلقى زۇلۇم - ئېكسپىلاتاتسىيىگە چىدىماي قوزغىلىپ قارشىلىق كۆرسەتكەندە، ھۆكۈمرانلار ھامان قورال كۈچى بىلەن بېسىقتۇرۇپ كەلدى. بېسىقتۇرۇپ بولغاندىن كېيىن، داۋاملىق دەھشەتلىك زۇلۇم ۋە ئېكسپىلاتاتسىيە يۈرگۈزدى. دەھشەتلىك زۇلۇم ۋە ئېكسپىلاتاتسىيە ھەددىدىن ئېشىپ كەتكەندە، خەلق يەنە قوزغىلىپ قارشىلىق كۆرسەتتى. ئىش مۇشۇ يوسۇندا توختىماي تەكرارلىنىش ئارقىلىق شىنجاڭنىڭ تارىخى - مىللىي زۇلۇم ۋە مىللىي زۇلۇمغا قارشى تارىخ بولۇپ شەكىللەندى» (جاڭ جىجۇڭ: «ئۈرۈمچى سۆھبىتىدىن شىنجاڭ تىنچ ئازاد بولغانغا قەدەر»، 2 - بەت). مانا بۇ، گومىنداڭ كاتتىۋاشلىرىنىڭ ئىقرارنامىسى بولۇپ، مەسىلىنىڭ ماھىيىتىگە خېلى يېقىنلاشقان دېيىشكە بولىدۇ.

شىنجاڭنىڭ يېقىنقى زامان تارىخىغا نەزەر سالساق، 1913 - يىلىدىكى تۆمۈر خەلىپە باشچىلىقىدىكى قۇمۇل دېھقانلار قوزغىلىڭى، 1931 - يىلى قۇمۇل، تۇرپاندىن باشلانغان خوجىن-

ياز هاجى باشچىلىقىدىكى خەلق قوزغىلىڭى ۋە 1944 - يىلى ئىلى رايونىدا پارتلىغان ئۈچ ۋىلايەت مىللىي دېموكراتىك ئىنقىلابى ئەنە شۇنداق مىللىي زۇلۇم ۋە دەھشەتلىك ئېكسپىلاتاتسىيىگە قارشى كۆتۈرۈلگەن خەلق قوزغىلاڭلىرى ئىدى.

## 2

1931 - يىلىدىكى قۇمۇل دېھقانلار ئىنقىلابىدىن كېيىن، مۇستەبىت جىن شۇرېن هاكىمىيىتى غولاپ چۈشتى، پورسەتپەرەست شېڭ شىسەي هاكىمىيەتنى تارتىۋالدى. قۇمۇل - تۇرپان دېھقانلار ئىنقىلابىدا تۆكۈلگەن قانلار بەدىلىگە، 1934 - يىلىدىن باشلاپ ھەر مىللەتنىڭ مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىلىرى قۇرۇلۇشقا باشلىدى. ئاقسۇ ۋىلايەتلىك ئۇيغۇر مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى 1934 - يىلى ئاقسۇنىڭ ۋالىيسى، مەرىپەتپەرۋەر زات نىياز شەرىپىنىڭ رەھبەرلىكىدە، ئاتاقلىق ئالىم ۋە پېداگوگ مەتتىمىن قارى هاجى (سوپىزادە) نىڭ بىۋاستە تەشكىللىشى بىلەن قۇرۇلغانىدى (تۆۋەندە قىسقارتىپ «ئۇيۇشما» دېيىلدى). ئۇيۇشما - بىر مىللىي، ئىجتىمائىي، مەدەنىي ۋە ئاممىۋى تەشكىلات بولۇپ، ئۇنىڭ كۆرەش نىشانى: مىللەتنى نادانلىق ۋە جاھالەت ئۇيقۇسىدىن ئويغۇتۇپ، مىللىي مەدەنىيەتنى راۋاجلاندۇرۇش بىلەن مەدەنىيەت دولقۇنىنى قوزغاپ، يېڭى مائارىپ سېستىمىسىنى تۇرغۇزۇشتىن ئىبارەت ئىدى. ئاقسۇ ۋىلايەتلىك ئۇيۇشما يۇقىرىدىكى نىشانغا يېتىش ئۈچۈن، تۆۋەندىكى ئۈچ ئىشنى چىڭ تۇتۇپ ئىشلىدى:

1. «پۇلى بارلار پۇل چىقىرىش، كۈچى بارلار كۈچ چىقىرىش» چاقىرىقى ئاستىدا، قايىنام - تاشقىنلىق بىلەن شەھەر - يېزىلاردا پەننىي مەكتەپلەرنى ئاچتى.

2. خەير - ساخاۋەت ئىشلىرىنى يولغا قويۇپ، جەمئىيەتتە-



كى ئېگە - چاقىسىز، يېتىم - يېسىرلارنى ئۆز قويىنىغا ئېلىپ، دارىلئېيتام مەكتىپى قۇردى، دارىلئاجىزىن تەشكىللەپ ئۇلارنىڭ تۇمۇشىدىن خەۋەر ئالدى.

3. مائارىپنىڭ تەرەققىياتىغا ماسلىشىپ، ئەدەبىيات - سەنئەتنى يولغا قويۇپ، يوقىلىش گىردابىغا بېرىپ قالغان مىللىي مەدەنىيەتنى قۇتقۇزۇش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇش ئۈچۈن زور تىرىشچانلىقلارنى كۆرسەتتى.

قىسقىسى، ئاقسۇ ۋىلايەتلىك ئۇيۇشما 1934 - يىلدىن 1949 - يىلىغىچە ئۆتكەن 15 يىللىق تارىخىدا يۈكىنىڭ ئېغىرىنى كۆتۈرۈپ، ئاقسۇ رايونىنىڭ مەدەنىي - مائارىپ ۋە ئەدەبىيات - سەنئەت ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىغا زور تۆھپىلەرنى قوشقانىدى.

## 3

ئاقسۇ ۋىلايەتلىك ئۇيۇشمىنىڭ 1937 - 1945 - يىللىرىدىكى ئورنى ئاقسۇ شەھىرىنىڭ غەربىي دەرۋازىسىدىكى «يېڭى بىنا» دەپ ئاتىلىدىغان جايدا بولۇپ، ئىسمى جىسمىغا لايىق مەدەنىيەت يۇرتى ئىدى. بۇ جايدا 500 كىشىلىك كۇلۇب، 10 نەچچە ئائىلىلىك ياتاق بىناسى، بەش ئېغىزلىق ئىشخانا، ئىسكىلات، سەككىز سىنىپلىق ئوقۇتۇش بىناسى، دارىلئېيتام ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ياتاق بىناسى ۋە ئاشخانا، 500 كۋادرات مېتىرلىق پارلىق مۇنچا بولۇپ، 5000 كۋادرات مېتىردىن ئارتۇق قۇرۇلۇشى بار ئىدى. ئاقسۇ دارىلمۇئەللىمىنمۇ 1937 - يىلدىن 1939 - يىل 9 - ئايغىچە مۇشۇ «يېڭى بىنا» دا تۇرغانىدى. بۇ جايدا يەنە ۋالېبول ۋە باشقا تەنتەربىيە ئەسلىھەلىرى بار چوڭ مەيدان بولۇپ، ئاقسۇ شەھىرىدىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ كۆڭۈل ئېچىش سورۇنىغا ئايلانغانىدى.

1941 - يىلى 4 - ئايدا، ئاقسۇ ۋىلايەتلىك دارىلمۇئەللىمىن

ۋىلايەتـ
يۇقىرىنىڭ بۇيرۇقى بىلەن يېپىلىپ، مېنىڭ خىزمىتىم ۋىلايەتـ
لىك ئويۇشمىغا يۆتكەلدى. مەن 4 - ئايدىن 6 - ئايغىچە مائارىپ
بۆلۈم باشلىقى بولدۇم، كېيىنكى يېرىم يىلدا ئويۇشمىنىڭ مۇئاـ
ۋىن رەئىسى ۋە مۇۋەققەت رەئىسى بولدۇم. 1942 - يىل 1 -
ئايدىكى سايلامدا ۋىلايەتلىك ئويۇشمىنىڭ رەئىسلىكىگە سايلاندىم،
ئاقسۇنىڭ ۋاڭى پاشا غوجا مۇئاۋىن رەئىسلىككە سايلانغانىدى.

1941 - 1942 - يىللىردىكى ئاقسۇ ۋىلايەتلىك ئويۇشمىـ
نىڭ تەشكىلىي ئاپپاراتى، خادىملىرى ۋە خىزمەت ۋەزىپىلىرى
تۆۋەندىكىچە ئىدى:

كاتىبات ئىشخانىسى، مائارىپ بۆلۈمى، مالىيە بۆلۈمى،
تەشۋىقات بۆلۈمى ۋە بىر مۇستەقىل ھېسابات يۈرگۈزىدىغان سودا
ئاپپاراتى بار ئىدى. قۇرۇلتايدا ئويۇشمىنىڭ چوڭ ئىشلىرىنى
بىر تەرەپ قىلىپ قارار چىقىرىدىغان بىر دائىمىي ھەيئەتلەر
كوللېگىيىسى تەسىس قىلىنغانىدى. دائىمىي ھەيئەتلەر ئويۇشمىـ
نىڭ رەئىس، مۇئاۋىن رەئىس، باش كاتىپ، ھەرقايسى بۆلۈمـ
لەرنىڭ مەسئۇللىرى، ئىدارە - جەمىيەتلەردىن ۋالىي مەھكىمە،
مائارىپ ئىدارىسى، ج خ ئىدارىسى، ناھىيىلىك ھۆكۈمەتنىڭ
ۋەكىللىرى، سودا - سانائەتچىلەر بىرلەشمىسى (گۇڭ شاڭخۇي)
نىڭ خۇيجاڭلىرى ۋە جەمئىيەتتىكى بەزى نوپۇزلۇق زاتلارنىڭ
ۋەكىللىرىدىن تەركىب تاپقانىدى. يىغىن قاتناشچىلىرى ئادەتتە
15 كىشى ئەتراپىدا بولۇپ، ھەر ئايدا بىر قېتىم يىغىن بولاتتى.

1) ئىشخانا مۇدىرلىقىنى ئابدۇللا قاسىم، ئوسمان قادىر،
نەزەر كېرىم قاتارلىق كىشىلەر ئۆتىگەنىدى. ئىشخانىنىڭ ئاساسى
ۋەزىپىسى، ۋىلايەتلىك ئويۇشمىنىڭ كوندۇلۇك ئىشلىرىغا رىياـ
سەتچىلىك قىلىپ، ھەرقايسى بۆلۈملەرنىڭ خىزمىتىگە ياردەمـ
لەشكەندىن تاشقىرى، مۇھىمراق مەسىلىلەر دائىمى ھەيئەتلەر
يىغىنىدا قارار قىلىنىپ ئىجرا قىلىناتتى. ئۆز خىزمىتىدىن
ئۆلكىلىك ئويۇشمىغا دوكلات يازاتتى، يوليورۇق سورايتتى.



ۋىلايەتلىك ئويۇشمىغا قاراشلىق ناھىيىلىك ئويۇشمىلار بىلەنمۇ
خەت - ئالاقە ئىشلىرىنى بېجىرەتتى.

2) مائارىپ بۆلۈم باشلىقلىقىنى توختى ھاشىم (مەن)،
نەزەركېرىم، جالام تورقىبوف قاتارلىق كىشىلەر ئۆتىگەنىدى.
مائارىپ بۆلىمىدە بىر نەپەر مەكتەپلەر مۇپەتتىشى بولۇپ، ئابلا
توختى مۇپەتتىشلىك ۋەزىپىسىنى ئۆتىگەنىدى. مائارىپ بۆلۈمىـ
نىڭ ئاساسلىق ۋەزىپىسى ئاقسۇ ۋىلايەتلىك ئويۇشمىغا بىۋاستە
قاراشلىق ئاقسۇ ناھىيىسىنىڭ يېزىلىرىدىكى باشلانغۇچ مەكتەپـ
لەرنىڭ ئوقۇش - ئوقۇتۇش خىزمىتىنى تۇتۇش، ھەرقايسى ناھىـ
يىلىك ئويۇشمىلارنىڭ قارىمىقىدىكى مەكتەپلەرنىڭ دەرسلىك
قاتارلىق ئوقۇتۇش قوراللىرىنى ھەل قىلىپ بېرىشتىن ئىبارەت
ئىدى. ئوقۇتۇش قوراللىرى ئۆلكىلىك ئويۇشما ۋە ۋىلايەتلىك
مائارىپ ئىدارىسىدىن ئېلىناتتى. يەنە ۋىلايەتلىك ئويۇشمىغا قاـ
راشلىق ئىككى سىنىپلىق دارىلئېيتام مەكتىپىنىڭ ئوقۇتۇش
خىزمىتىنىمۇ ئىشلەيتتى، يەنە بىر جەھەتتە چوڭلارنىڭ يازلىق
ۋە قىشلىق ساۋات چىقىرىش كۇرسلىرىنى ئېچىشمۇ خىزمەتنىڭ
ناھايىتى مۇھىم سالمىقىنى تەشكىل قىلاتتى. ئېسىمدە قېلىشىـ
چە، 1941 - 1942 - يىللىرى ئاقسۇ ۋىلايىتى بويىچە ئويۇشمىلار
باشقۇرغان باشلانغۇچ مەكتەپلەر 200 ئەتراپىدا بولۇپ، ئوقۇغۇـ
چىلىرى 15 مىڭغا يەتكەنىدى. چوڭلارنىڭ ساۋات چىقىرىش سىـ
نىپلىرىمۇ 500 دىن ئارتۇق بولۇپ، ئوقۇغۇچىلىرى 30 مىڭدىن
ئاشقانىدى (ئەسكەرتىش: ساۋات چىقىرىش كۇرسلىرى مەكتەپلەر
ئۈستىگە يۈكلەنگەن قوشۇمچە ۋەزىپە بولۇپ، ئوقۇتقۇچىلار ھەقـ
سىز خالىس ئىشلەيتتى. ئوقۇغۇچىلىرىمۇ تۇراقسىز بولۇپ بىر
قارارادا ساۋات چىقارغانلارنىڭ ئورنىغا يېڭىدىن ساۋاتسىزلار قوـ
بۇل قىلىنىپ تۇراتتى). ھۆكۈمەت قارىمىقىدىكى مەكتەپلەر ھەر
بىر ناھىيە بازىرىدا بىرەردىن بولۇپ، «شەنلى مەكتەپ» دەپ
ئاتىلاتتى، تەمىناتى ھۆكۈمەت تەرىپىدىن بېرىلەتتى. ئويۇشمىلار

قارمىقىدىكى مەكتەپلەر «خۇيلى مەكتەپ» دەپ ئاتىلاتتى، ھۆكۈ-
مەت بىر تىيىن پۇل بەرمەيتتى. ئويۇشمىلار ئۆشرە ـ زاكات،
ۋەخپى يەرلەرنىڭ ئىجارە ھەققى ۋە شەخسلەر ئىئانە قىلغان
پۇل، ماددىي نەرسىلەر بىلەن مەكتەپ باشقۇراتتى. ئوقۇتقۇچى-
لارنىڭ مائاشىغا پۇل بېرەلمەي ئاشلىق بېرىدىغان ئەھۋاللارمۇ
بولاتتى. يۇقىرىقىلاردىن پۈتۈن جەمئىيەتتىكى ئوقۇش ـ ئوقۇ-
تۇش، مەدەنىي ئاقارتىش ۋە چوڭلارنىڭ ساۋات چىقىرىش ۋەزىپە-
سىنىڭ 90 پىرسەنتتىن ئارتۇقراقىنى ئويۇشمىلارنىڭ ئۈستىگە
ئالغانلىقىنى كۆرەلەيمىز. يېڭى يىل، «12 ـ ئاپرېل»
، «1 ـ ماي» ، «4 ـ ماي» ، «7 ـ ئىيول» ، «18 ـ سىنتەبىر»
قاتارلىق بايرام ۋە خاتىرە كۈنلەردە ئوقۇغۇچىلارنى تەشكىللەش
قاتارلىق ئىشلارمۇ مائارىپ بۆلۈمىنىڭ مۇھىم ۋەزىپىسى ئىدى.
ھەر يىلى ۋىلايەت بويىچە ئۆتكۈزۈلىدىغان «12 ـ ئاپرېل» بايرىمى
ۋە «18 ـ سىنتەبىر» نى خاتىرىلەش ۋاقتىدىكى تەنتەربىيە مۇسابى-
قىلىرىدا، ئويۇشمىلارنىڭ خىزمەتلىرى ناھايىتى ئالدىراش بولۇپ
كېتەتتى.

3) مالىيە بۆلۈمىنىڭ باشلىقلىقىنى پېشقەدەم زىيالىي ئاتا-
ۋۇللا قارى ئۆتىگەن بولۇپ، ئۇ تەجرىبىلىك، قابىلىيەتلىك كى-
شى ئىدى. مالىيە بۆلۈمىنىڭ قارىمىقىدا بوغالتىرلىق ۋە خوجۇ-
لۇق بۆلۈمچىلىرى بار ئىدى. مالىيە بۆلۈمىنىڭ ئاساسلىق ۋەزى-
پىسى: ئويۇشمىنىڭ كىرىم ـ چىقىمىغا مەسئۇل بولۇپ، ئاقسۇ
ناھىيىسىدىن كىرىدىغان ئۆشرە ـ زاكات، ۋەخپىلەرنىڭ ئىجارى-
سى ۋە شەخسلەر تەقدىم قىلغان ئىئانە پۇللارنىڭ ھېساباتىنى،
ئۆلكىلىك ۋە ناھىيىلىك ئويۇشمىلار بىلەن بولىدىغان ھېساباتلار-
نى بېجىرەتتى. ۋىلايەتلىك ئويۇشمىنىڭ ئىشچى ـ خىزمەتچىلىرى
ۋە ئاقسۇ ناھىيىسىدىكى ۋىلايەتلىك ئويۇشمىغا قاراشلىق مەكتەپ-
لەرنىڭ ئوقۇتقۇچىلىرىنىڭ مائاشى ۋە مەكتەپ خىراجەتلىرىنى
تارقىتاتتى. ۋىلايەتلىك ئويۇشمىغا قاراشلىق دارىلئېتام (ئوقۇغۇ-



چىلىرى 50 ـ 60 ئەتراپىدا ئىدى) ۋە دارىلئاجىزىن (ئەر ـ
ئاياللار سانى 40 ـ 50 ئەتراپىدا ئىدى) نىڭ خىراجەت ھېساباتلى-
رىنىمۇ قىلاتتى.

ئاقسۇ ۋىلايەتلىك ئويۇشما 1938 ـ يىلىدىن باشلاپ قوشۇمچە
سودا ـ تىجارەت بىلەن شۇغۇللىنىپ كەلگەن بولۇپ، ھەر يىلى
سوۋېت ئىتتىپاقىغا 1000 تۇياقتىن ئوشۇق قوي، كالا ـ قوتاز
ئېكسپورت قىلىپ كەلگەنىدى. مەن 1939 ـ يىلى ئاقسۇغا
بارغاندا، ئاقسۇ شەھىرىنىڭ ئاۋات تۆت كوچا ئېغىزىدا كاتتا سودا
دۇكىنى بارلىقىنى كۆرگەنىدىم، بۇ دۇكاندا سوۋېت ئىتتىپاقى-
دىن ئىمپورت قىلىنغان دوراپ، سارجا، ئەتلەس، پاختا يىپ
گەزلىمىلەر، خۇرۇم ئاياغ ۋە كۇندۇلۇك تۇرمۇش بۇيۇملىرى
بىلەن سودا قىلىناتتى. بىر مەزگىل ئويۇشمىنىڭ سودىسى روناق
تېپىپ نەچچە 100 مىڭ شىنجاڭ دوللىرىلىق دەسمىيىگە ئىگە
بولغان ئىدى (1938 ـ يىلى پېشقەدەم كوممۇنىست ماۋزېمىن
ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ مالىيە نازارىتىگە نازىر بولغاندىن كېيىن
پۇل ئىسلاھاتى يۈرگۈزۈپ، پۇلنىڭ قىممىتى ئېشىش بىلەن مال
باھاسى تۇراقلىشىپ، سودا ـ تىجارەت خېلى تەرەققىي قىلغان
ئىدى، ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنىڭ تۇرمۇشى خېلى ياخشىلانغان
ئىدى. مەسىلەن: ئاقسۇ ۋىلايەتلىك ئۇيغۇر ئويۇشمىسىنى ئال-
ساق، ئويۇشما رەئىسىنىڭ مائاشى 60 دوللار، مۇئاۋىن رەئىس-
نىڭ 50 دوللار، بۆلۈم باشلىقلىرىنىڭ 25 ـ 30 دوللار،
ئويۇشما ۋە مەكتەپ قارا خىزمەتچىلىرىنىڭ 15 ـ 20 دوللار
ئىدى. 60 دوللارغا سوۋېت ئىتتىپاقىدىن ئىمپورت قىلىنغان بىر
پار سارجا كاستۇم ئالغىلى بولاتتى. بىر دوللارغا بىر كىلوگرام
قوي گۆشى بېرەتتى.

ۋىلايەتلىك ئويۇشما ئىقتىسادىنىڭ ياخشىلىنىشىغا ئەگىشىپ
1940 ـ يىلىدىن باشلاپ ئاقسۇ شەھەر ئىچى (ۋالىي مەھكىمە
يېنىغا) گە بىر زامانىۋى كۇلۇب سېلىنىپ، 1942 ـ يىلى

ئاساسى گەۋدىسى پۈتكەنىدى. كۇلۇب 1000 كىشىلىك لايىھىلە-
نىپ، تاملىرى پىششىق خىشتىن، ئاستى تاختايلىق بولۇپ،
ئۈستى قاڭالتىر تۆمۈر بىلەن يېپىلغانىدى. سەھنىسى چوڭ درا-
مىلارنى ئويناش ئۈچۈن كاتتا قىلىنغاچقا، «غېرىب - سە-
نەم»، «لەيلى - مەجنۇن» قاتارلىق درامىلار مۇۋاپپەقىيەتلىك
ئوينالغانىدى.

4) تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ خىزمىتىگە چاۋاروف، ×××
قاتارلىق كىشىلەر مەسئۇل بولۇپ ئىشلىگەنىدى. تەشۋىقات بۆلۈم
قارمىقىدا سانايىنەفىسە ۋە كىنو قويۇش گۇرۇپپىسى بار ئىدى.
سانايىنەفىسىدە شتاتلىق خادىم، ئارتىسلاردىن 10 كىشى ئەتراپىدا
بولۇپ، مۇھەممەتنىياز سابىتوف مەسئۇل ئىدى. ئاتاقلىق سەن-
ئەتچىلەر ئابلىمىتدىن ئاۋۇتوم، ساۋۇتوم ۋە ئازادەملەر كامالەتكە
يەتكەن سازەندىلەر ئىدى. سانايىنەفىسىنىڭ شتاتى ئاز بولسىمۇ،
جەمئىيەتتىكى ئىقتىدارلىق سەنئەت خادىملىرىنى تەكلىپ قى-
لىپ «غېرىب - سەنەم»، «لەيلى - مەجنۇن»، «تاھىر -
زۆھرە»، «ئارشىن - مال ئالان» قاتارلىق چوڭ درامىلارنى
مۇۋاپپەقىيەتلىك ئوينىغاندىن تاشقىرى، ياپون تاجاۋۇزچىلىرىغا
قارشى مىللىي ئازادلىق ئۇرۇشى ئاساسى تېما قىلىنغان دراما،
ئېپىزوت ۋە ناخشا - ئۇسسۇللار ئوينىلاتتى. بايرام، خاتىرە
كۈنلەردىكى پائالىيەت يېڭىدىن سېلىنغان 1000 كىشىلىك كۇ-
لۇبتا ئۆتكۈزۈلەتتى. ئادەتتىكى كۈنلەردە بېلەتلىك ۋە بېلەتسىز
ئويۇنلار ئويۇشما يېنىدىكى 500 كىشىلىك كۇلۇبتا ھەر ھەپتىدە
دېگۈدەك قويۇلۇپ تۇراتتى.

كىنو قويۇش گۇرۇپپىسىدا بىر كىنو ئاپپاراتى ۋە بىر بېن-
زىن بىلەن ھەرىكەتلىنىپ توك ھاسىل قىلىدىغان دىنژۇك بو-
لۇپ، كىنو لېنتىلىرىنى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئونسۇ ناھىيىسى-
دىكى سودا شىركىتى «سوۋ - سىن تورگ»دىن پۇل تۆلەپ
ئارىيەتكە ئېلىپ كىنو قوياتتى. ئادەتتە 1000 كىشىلىك چوڭ



كۇلۇبتا ھەپتىسىگە 1 - 2 قېتىم كىنو قويۇلغاندىن تاشقىرى، تۆت
چاقلىق خادىك ھارۋىلار بىلەن ئاقسۇ ناھىيىسىنىڭ يېزىلىرىغا ۋە
ئاقسۇ ۋىلايىتىنىڭ ھەرقايسى ناھىيىلىرىگە بېرىپ، بېلەت سې-
تىپ كىنو قوياتتى. «لېنىن ئۆكتەبىردە»، «چاپايېف» ۋە
«گۈزەل ۋاسىلىتسا» قاتارلىق فىلىملەرنى كىشىلەر ياقتۇرۇپ
كۆرەتتى.

1941 - يىلىنىڭ كېيىنكى يېرىمىدىن باشلاپ، سوۋېت
ئىتتىپاقىنىڭ گېرمانىيە تاجاۋۇزچىلىرىغا قارشى ۋەتەن ئۇرۇشى
ئاساسى تېما قىلىنغان «غەلىبە بىزگە مەنسۇپ» تېمىسىدىكى
مۆجىزىلىك فىلىم - ژۇرناللار كۆپرەك قويۇلىدىغان بولدى
(كېيىنرەك بۇ شۇئار «ھەممە غەلىبە ئۈچۈن» گە ئۆزگەرگەن)
.

1941 - يىلىنىڭ 9 - 10 ئايلىرى جۇڭگو - سوۋېت دوستى-
لۇق جەمئىيىتى ئاقسۇ شۆبىسى تەرىپىدىن، سوۋېت ئىتتىپاقى-
نىڭ ۋەتەن ئۇرۇشىغا ئائىت چوڭ تىپتىكى فوتو سۈرەتلەر كۆر-
گەزمىسى ۋىلايەتلىك ئويۇشمىنىڭ بىناسىدا ئۆتكۈزۈلگەندىن كې-
يىن، كونىشەھەر، ئۈچتۇرپان، ئاۋات ناھىيىلىرىگە ئاپىرىپ
كۆرگەزمە ئۆتكۈزۈشنى مەن ئۈستۈمگە ئالغانىدىم. 1941 -
1942 - يىللىرى ياپون تاجاۋۇزچىلىرىغا قارشى ئالدىنقى سەپكە
ياردەم توپلاش ۋە سوۋېت قىزىل ئارمىيىسىدىن ھال سوراش
ئۈچۈن، شەھەر - يېزىلاردا ئويۇن قويۇپ تەشۋىق قىلىش قاتار-
لىق پائالىيەتلەرمۇ كۆپ قېتىم ئېلىپ بېرىلغانىدى. مۇشۇ خىز-
مەتلەرنى ھەر دەرىجىلىك ئويۇشمىلار تىرىشىپ ئىشلەپ، زور
تۆھپىلەرنى قوشقانىدى.

خۇلاسە قىلىپ ئېيتقاندا، ئاقسۇ ۋىلايەتلىك ئۇيغۇر مەدەنىي
ئاقارتىش ئويۇشمىسى 1934 - يىلى قۇرۇلۇپ، 1949 - يىلىغىچە
خەلقىمىزنىڭ ھەر جەھەتتىن قوللىشى، نۇرغۇن زىيالىيلار ۋە
ئەدەبىيات - سەنئەت خادىملىرىنىڭ جاپالىق ئەمگەك سىڭدۈرۈپ،

تۇرلۇك توسالغۇلارنى يېڭىپ خىزمەت ئىشلىشى بىلەن ئاقسۇ رايونىنىڭ، ھەتتا پۈتكۈل شىنجاڭنىڭ مائارىپ، ئەدەبىيات - سەنئەت ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىغا زور تۆھپىلەرنى قوشقانىدى.

1942 - يىلدىن كېيىن ئويۇشما ئىقتىسادىنىڭ ۋەيران بولۇشى ۋە جاللات شېڭ شىسەينىڭ سىياسى جەھەتتىكى زىيانكەشلىكى تۈپەيلىدىن، ئويۇشما چېكىنىپ.زاۋاللىققا يۈزلەندى. بىرىنچىدىن، ئۈچتۇرپان قاراقول بازىسىغا ئاپارغان 1000 تۇياقتىن ئارتۇق قوي، كالا، قوتازلارنى سوۋېت ئىتتىپاقى تەرەپ ئالماي، قەشقەر تورغات بازىسىدىن ئالىمىز دېگەنلىكى ئۈچۈن مال - چارۋىلار قەشقەرگە بارغىچە ئورۇقلاپ، كېسەل بولۇپ ناھايىتى زور چىقىم بولۇپ كەتتى. ئىككىنچىدىن، ئاقسۇ رايونىدا خىزمەت قىلىۋاتقان كوممۇنىستلار ۋە ئىلغار ئىدىيىلىك زىيالىيلار كەڭ كۆلەمدە تۇتقۇن قىلىنىشقا باشلىدى. مەنمۇ 1943 - يىلى 1- ئايدا ئاقسۇدا قولغا ئېلىنىپ تۈرمىگە تاشلاندىم. ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ سوۋېت ئىتتىپاقىدا ئوقۇپ كەلگەن زىيالىيلاردىن ئابدۇكېرىم ئارىپوف، ئابدۇللا داۋۇتوف، مولدىنجان تۇردىيوف، ئەخمەت ھۈسەن، ئىبراھىم ئىدرىسوف، تەۋەككۈل ئولۇغوف ۋە تاتار زىيالىيلىرىدىن ئىملى ئەپەندى، شېرىپ ئوشۇرى، يەنە ئويۇشما رەئىسلىرىدىن كەنجى ئەپەندى، يۈسۈپجانلار قولغا ئېلىنىپ تۈرمىگە تاشلانغانىدى. 1945 - يىلى 9 - ئايدا ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئاتاقلىق شائىرى، ۋەتەنپەرۋەر جەڭچى لۇتپۇللا مۇتەللىپ باشچىلىقىدىكى «ئۇچقۇنلار ئىتتىپاقى» نىڭ ئەزالىرى قولغا ئېلىنىپ، گومىنداڭ جاللاتلىرى تەرىپىدىن قىرغىن قىلىندى.

1943 - يىلىدىن باشلاپ گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى شىنجاڭغا زور تۈركۈمدىكى ئەسكىرى كۈچىنى كىرگۈزۈش بىلەن خەلق ئۈستىدىكى ئالۋان - سېلىق ھەسسىلەپ ئاشتى، ئىگىلىك ۋەيران بولدى، مال باھاسى ئۆرلەپ پۇل پاخاللىقى كۆرۈلۈش بىلەن ئوقۇتقۇچىلار ۋە ئەدەبىيات - سەنئەت سېپىدىكى خادىملار



كۈندۈلۈك تۇرمۇشىنىمۇ ئۆتكۈزۈشكە مۇمكىن بولماي، مائارىپ سېپىدىن ئايرىلىشقا مەجبۇر بولدى.

1945 - يىلى 8 - ئايدا، گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى 3 ۋىلايەت مىللىي ئارمىيىسى ۋە ئاقسۇ خەلقىدىن قورقۇپ سېپىل ئىچىگە مۆكۈنۈۋېلىش بىلەن، سېپىل سىرتىدىكى خەلقنىڭ ئۆي - جايلىرى، دەل - دەرەخ ۋە باغۋارانلىرىنى، جۈملىدىن ئاقسۇ ۋىلايەتلىك ئۇيغۇر مەدەنىي ئاقارتىش ئويۇشمىسىدىن ئىبارەت بۇ زامانىۋى بىلىم يۇرتىنىمۇ ئوت قويۇپ كۆيدۈرۈپ، كۈلىنى كۆككە سورۇۋەتتى. گومىنداڭ جاللاتلىرى بىگۇناھ خەلقنى قىرىپ - چېپىپ، مال - مۈلكىنى بۇلاپ، خوتۇن - قىزلىرىغا باسقۇنچىلۇق قىلىپ، تارىخ ئالدىدا كەچۈرگۈسىز زور جىنايەت ئۆتكۈزگەنىدى.

(ئاپتور: شىنجاڭ مالىيە - ئىقتىساد ئىنىستىتۇتىدىن)

جاۋابكار مۇھەررىر: **ئابلىز مۇھەممەت سايرامى**

# ئازادلىقتىن بۇرۇنقى «ئاقسۇ گېزىتى» ھەققىدە

## قادىر مەگىت

«ئاقسۇ گېزىتى» چىقىرىلغاندىن تارتىپ ھازىرغىچە نۇرغۇن ئەگرى - توقاي يوللارنى بېسىپ ئۆتۈپ، بۈگۈنكىدەك تەرەققىياتقا ئېرىشتى.

پېشقەدەملەرنىڭ «ئاقسۇ گېزىتى» نىڭ ئازادلىقتىن بۇرۇنقى ئەھۋالى توغرىلىق تەمىنلىگەن ماتېرىياللىرىغا ئاساسلانغاندا، 1935 - يىلى ئاقسۇ ۋىلايەتلىك ئۇيغۇر مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ باشقۇرۇشىدا، «ئاقسۇ گېزىتى» نىڭ دەسلەپتىكى ئاساسى - «غەلۋىر» ناملىق قول يازما گېزىت چىقىرىلغان. ئۇيۇشمىنىڭ باشلىقى ئابلىز ئەپەندى (قەشقەرلىق) تەرەققىيپەرۋەر زىيالىي بولغاچقا، پۈتۈن ۋىلايەتنىڭ مەدەنىيەت، مائارىپ ئىشلىرىغا جۈملىدىن، «غەلۋىر» ناملىق قول يازما گېزىتنىڭ چىقىرىلىشىغا ئالاھىدە ئەھمىيەت بەرگەن. ئەينى ۋاقىتلاردا شىفىگراف ياكى مەتبەئە بولمىغانلىقتىن، بۇ ۋاقىتتىكى گېزىت پەقەت قولدا يېزىلىپ چىقىرىلغان. ھەجمى ھازىرقى كىچىك فورماتلىق گېزىتلەر بىلەن ئوخشاش بولغان، گېزىت بېتىنىڭ باش تەرىپىگە غەلۋىرنىڭ رەسىمى سىزىلغان (غەلۋىر - ياخشى بىلەن ياماننى تاسقاپ، ياخشىلىرىنى تاللىۋېلىش مەنىسىدە) بولۇپ، بېرىلىدىغان ماقالىلەرنىڭ ئاساسى مەزمۇنى يېڭى مەكتەپ ئېچىش، ساۋاتسىزلىقنى تۈگىتىش، پەنگە يۈرۈش قىلىش، يېڭىلىقنى تەشۋىق قىلىش قاتارلىقلار بولغان.



1936 - يىلىغا كەلگەندە، ئابلىز ئەپەندى، دانىش داموللا (ئاقسۇدىن)، ئەخمەت پەرىت (تۈركىيىلىك)، نىم شېھىت ئارمىيە ئېلى سايرامى قاتارلىق بىر قىسىم زىيالىيلارنىڭ زور تىرىشچانلىق كۆرسىتىشى ئارقىسىدا، گېزىت شىفىگراف بىلەن بېسىپ چىقىرىلىپ، سۈپەت جەھەتتىن بىر قەدەر ياخشىلانغان، بۇ مەزگىلدىكى گېزىتنىڭ نامى «ئاقسۇ ئۇچۇرى» قىلىپ ئۆزگەرتىلگەن. ئەينى ۋاقىتتا، ۋىلايەتلىك ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسىنىڭ كاتىپى بولۇپ ئىشلىگەن جامال بەكرى (ھازىر ئاقسۇ شەھىرىدە ھايات) گېزىتنىڭ خەتتاتلىقى ۋە بېسىپ چىقىرىش ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالغان. گېزىت ماقالىلىرىنى كۆرۈش، تەھرىرلەش ۋەزىپىسىنى پېشقەدەم شائىر، مەرھۇم نىم شېھىت ئارمىيە ئېلى سايرامى ئۈستىگە ئالغان. بۇ ۋاقىتتا گېزىتكە بېرىلىدىغان ماقالىلەرنىڭ مەزمۇنى: 1934 - يىلى تۈزۈلگەن ئالتە بۈيۈك سىياسەت (جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش، سوۋېت ئىتتىپاقىغا يېقىنلىشىش، مىللىي باراۋەرلىكنى تەكىتلەش، پارىخورلۇققا قارشى تۇرۇش، تىنچ بولۇش، قۇرۇلۇش ئېلىپ بېرىش) ۋە شىنجاڭ خەلقىنىڭ جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش بىرلەشمە ئۇيۇشمىسىنىڭ ۋەزىپىلىرىنى تەشۋىق قىلىش قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان. گېزىت ئايدا ئىككى سان چىقىرىلىپ، ھەر قېتىمدا 40 - 50 نۇسخا تارقىتىلغان. گېزىت تارقىتىشقا ئېزىز ئەيسا (ھازىر ئاقسۇ شەھىرىدە ھايات، ۋىلايەتلىك سۇ ئىشلىرى باشقارمىسىدىن پېنسىيەگە چىققان) مەسئۇل بولغان. 1939 -، 1940 - يىللىرى ۋىلايەتلىك ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسىنىڭ ئورنى يېڭى بىنا رايونى (ھازىرقى قىزىل كۆۋرۈك تەرەپتە بولۇپ، ئەينى چاغدا بىر قىسىم ئوتتۇرا - باشلانغۇچ مەكتەپلەر، ئوقۇتقۇچىلار يېتىشتۈرۈش كۇرسى، ئۇيۇشما قاتارلىق مەدەنىيەت، مائارىپ ئورۇنلىرى مۇشۇ جايغا ئورۇنلاشقانلىقتىن، بۇ جاي يېڭى بىنا رايونى دەپ ئاتالغان) غا كۆچۈرۈلگەندە، گېزىتخانىمۇ مۇشۇ رايونغا كۆ-

رولگەن. 1939 - يىلى ئاقسۇنىڭ ۋالىيسى خۇاڭ خۇچىڭ،
ۋىلايەتلىك مائارىپ ئىدارىسىنىڭ باشلىقى لىن جىلۇ، «ئاقسۇ
ئۇچۇرى» گېزىتىنىڭ مەسئۇلى چېن چىڭيۇەن، ئاساسلىق تەھ-
رىرى نىم شېھىت ئارمىيە ئېلى سايرامى قاتارلىق بىر قىسىم
كوممۇنىستلار ۋە ۋەتەنپەرۋەر ئىنقىلابىي زىيالىيلارنىڭ كۆڭۈل
بۆلۈشى نەتىجىسىدە، گېزىت ئىلگىرىكىدىن سۈپەتلىك، مەزمۇنى
جانلىق ۋە ئېنىق چىقىرىلىپ، ئاقسۇ خەلقىنىڭ ئېزىلىشكە،
زۇلۇمغا، جاھانگىرلىككە قارشى ئېلىپ بارغان كۈرەشلىرىگە زور
ئىلھام بەرگەن.

1943 - يىلى بۇ گېزىت ۋىلايەتلىك ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسى
تەركىبىدىن ئايرىلىپ چىقىپ، لەڭگەر كوچىسى (ھازىرقى ۋىلا-
يەتلىك پارتىيە مەكتەپ قورۇسى) ئىچىدىكى بىر قەۋەتلىك بىناغا
يۆتكەلگەن، گېزىتنىڭ نامىمۇ رەسمىي ھالدا «ئاقسۇ گېزىتى»
قىلىپ ئۆزگەرتىلگەن. ۋەتەنپەرۋەر شائىر لۇتپۇللا مۇتەللىپ
1943 - يىلىدىن 1945 - يىلىغىچە نىم شېھىت بىلەن بىللە
ئاقسۇ گېزىتخانىسىدا ئىشلىگەندە، گېزىتمۇ مەزمۇن جەھەتتىن
جانلىق، گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىگە قارشى تۇرىدىغان، 3 ۋى-
لايەت ئىنقىلابىنىڭ غەلىبىسىگە تەنتەنە قىلىدىغان، خەلقنى ئىن-
قىلابىي كۈرەشكە يېتەكلەيدىغان ماقالە، شېئىر، ئوچېركلارنى
ئېلان قىلىپ، پۈتۈن ۋىلايەت تەۋەسىدە زور تەسىر پەيدا قىلغان
(شۇنىڭدىن كېيىن ئاقسۇ ۋىلايەتلىك قورچاق ساقچى ئىدارىسى
ئاقسۇ گېزىتخانىسىغا كۆز تىكىپ، كۆپلىگەن ئىشپىيونلارنى
گېزىتخانىدىكى زىيالىيلارنىڭ ئارقىسىغا پايلاقچىلىققا قويغان).

ئازادلىقتىن كېيىن «ئاقسۇ گېزىتى» 1954 - يىلىغا قەدەر
داۋاملىق چىقىرىلىپ، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى ۋە خەلق
ھۆكۈمىتىنىڭ سىياسەتلىرىنى خەلققە تەشۋىق قىلىش رولىنى
ئوينىغان. 1954 - يىلى «قەشقەر گېزىتى» بىلەن بىرلەشتۈرۈ-
لۈپ «جەنۇبىي تىيانشان گېزىتى» قىلىپ ئۆزگەرتىلگەن.



1958 - يىلى 9 - ئاينىڭ 1 - كۈنى ئاقسۇ ۋىلايەتلىك پارتكومى-
نىڭ ئورگان گېزىتى سۈپىتىدە يېڭىۋاشتىن نەشر قىلىنغان.

(ئاپتور: ئونسۇ ناھىيىلىك پارتىيە مەكتىپىدىن)

جاۋابكار مۇھەررىر: **ئابلىز مۇھەممەت سايرامى**

# ساۋەن ناھىيىسىنىڭ 1945 يىلدىن 1955 - يىلغىچە بولغان 10 يىللىق مائارىپ تارىخى ھەققىدە ئەسلىمە

ئابدۇكېرىم سوپى

1944 - يىلى ئىلقىدا قوزغالغان 3 ۋىلايەت ئىنقىلابچىلىرى تېزلىك بىلەن غۇلجىنى ئازاد قىلىپ، شۇ يىلى 11 - ئاينىڭ 12 - كۈنى ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت قۇردى. 1945 - يىلى 4 - ئايدا مىللىي ئارمىيىنى قۇردى. مىللىي ئارمىيىنىڭ ئوتتۇرا يۆلىنىشتىكى قىسىملىرى تېزلىكتە ئايرۇپىلان، زەمبىرەك ۋە كۆيدۈرگۈچ بومبىلار بىلەن كېچە - كۈندۈز ھۇجۇم قىلىپ، غەلىبىسىرى ئالغا ئىلگىرىلەپ جىڭ، شىخولارنى ئازاد قىلىپ، توپ - توغرا ماناس دەرياسىنىڭ غەربىي قىرغىقىغا يېتىپ باردى. گومىنداڭ ئارمىيىسى ماناس دەرياسىنىڭ كۆۋرۈكىگە ئوت قويۇۋېتىپ، ئالاقزادىلىك ئىچىدە بەدەر قاچتى. مىللىي ئارمىيە ماناس دەرياسىنى چېگرا قىلىپ غەربىي قىرغاقتا توختىدى. شۇ ۋاقىتتا، ماناس ناھىيىسىدىن ئۇرۇش ۋەھىمىسىدىن قورققان نەچچە يۈز ئۆيلۈك ئادەملەر ئازاد رايون ساۋەن ناھىيىسىگە كۆچۈپ كەلدى. ساۋەن ناھىيىسىدە يەرلىك ھاكىمىيەت قۇرۇلۇپ، ساۋۇت ئاقساقال دېگەن يۇرت چوڭى ھاكىم بولۇپ سايلاندى.

يېڭى ھۆكۈمەتنىڭ يېتەكچىلىكىدە، 1945 - يىلى كۈزدە ھازىرقى كونا ساۋەن ئاشلىق ئىدارىسىنىڭ ئورنىدا تۆت سىنىپلىق پۈتۈن كۈنلۈك مىللىي باشلانغۇچ مەكتەپ قۇرۇلۇپ، ئۇنىڭ-



غا «ئىجتىهات مەكتەپ» دەپ نام بېرىلدى (ئىلگىرى ئابدۇكېرىم ئاباسوف، ئۇيغۇر سايرانى قاتارلىق كىشىلەر ئوقۇتقۇچىلىق قىلغان مەكتەپ كېيىنكى چاغلاردا گومىنداڭ ھەربىي گازارمىسىغا، مەشىق مەيدانىغا ئايلىنىپ، گومىنداڭ قاچقاندا ۋەيران بولغان). بۇ مەكتەپكە يەرلىكلەردىن ۋە كۆچۈپ كەلگەنلەردىن بولۇپ 100 - 200 بالا كىردى ھەمدە ئۇلارنىڭ سەۋىيىسىگە قاراپ سىنىپلارغا ئايرىغاندىن كېيىن دەرس باشلاندى. ساۋۇت ئەپەندى، مائادەتخان، سەلىمە، تىللاخان، كادىرقان قاتارلىق ئوقۇتقۇچىلار دەرس ئۆتتى. ناھىيە مەركىزىدە مەكتەپ قۇرۇلۇشى بىلەن بىللە، ئەتراپتىكى يېزىلاردىمۇ مەكتەپلەر قۇرۇلدى. يەنىسخەي يېزىسى گەرچە كىچىك يېزا بولسىمۇ، مائارىپ ئىشلىرى خېلى بۇرۇن تەرەققىي قىلغان ئىدى. ئابلىز ئەپەندى 41 - يىلى ئۆلكىلىك دارىلمۇئەللىمىننى پۈتتۈرگەندىن كېيىن، دەسلەپ ماناس ناھىيىسىدە خىزمەت قىلىدۇ. 45 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا يەنىسخەي يېزىسىغا ئوقۇتقۇچىلىققا كېلىدۇ. بۇ چاغدا بۇرۇنقى مەكتەپ ۋەيران بولۇپ، پەقەت بىر سىنىپ بالا دىنىي دەرس ئوقۇيتتى. بۇلارغا ئارىپ ئىمام دەرس ئۆتەتتى. قىياس داموللام پەننىي دەرس ئۆتۈشكە يول قويمىغانىدى. بىر كۈنى مەسچىتتە بۇ توغرىلىق گەپ بولۇپ، ئابدۇراخمان قارى دېگەن كىشى: «قاچانغىچە غەپلەتتە يۈرۈيمىز. پەننىي مەكتەپ ئاچمىساق، ئىلىم - پەن تەھسىل قىلمىساق، تېخنىكىمىز بولمىسا، دۇنيانى بىلمىسەك، ئەۋلاددىن - ئەۋلادقا قارا قورساق، نادان، كۆزى ئوچۇق قارىغۇ بولۇپ يۈرۈيمىزمۇ؟ قاراڭلار تۈركلەر، پارسلار، ئەرەبلەر، ئافغانلارمۇ بىزگە ئوخشاش مۇسۇلمان، ئۇلار دىن بىلەن پەننى بىللە ئېلىپ ماڭغاچقا، سانائەتلەشتى، تەرەققىي قىلدى، گۈللەندى. بىزچۇ، سەللىمىزنى يوغان ئوراپ، مەسچىتتىن چىقماي ئىبادەت قىلدۇق. نېمىگە ئېرىشتۇق. شىنجاڭدا سەرەڭگە چاغلىق بىر نەرسە ياسىيالمايمىز. مىڭ يىللاپ قول

بولدۇق، قاچانغىچە تارتىمىز بۇ دەرتنى، پەننىي ئوقۇتۇشقا يول قويايلى، دىن بىلەن پەننىڭ ھەر ئىككىسىنى ئېلىپ بارايلى»، دەپ كۆپچىلىكنى قايىل قىلغاندىن كېيىن، بۇ مەكتەپتە دەسلەپكى قەدەمدە چۈشتىن بۇرۇن پەننىي دەرس، چۈشتىن كېيىن دىنىي دەرس ئۆتۈلىدىغان بولدى. 46 ـ، 47 ـ يىللىرى سىنىپ سانى ئۈچكە يېتىپ ئابلىز ئەپەندى، ئەلەنباي، رەھىمباي، رابىيەم قاتارلىق كىشىلەر ئوقۇتقۇچى بولدى. 46 ـ يىلىدىن 52 ـ يىلىغىچە ئۆمەر مۇھەممەدى، سۇلايمان، نازاربەگ، تۇرسۇنغالى دېگەن ئوقۇتقۇچىلار كېلىپ سىنىپ سانى ئالتىگە يەتتى. ئۆمەر مۇھەممەدى ئاتاقلىق مائارىپچى ئابدۇللا روزىنىڭ ئوقۇغۇچىسى بولۇپ؛ ئابدۇللا روزىنىڭ تەسىرى ناھايىتى زور بولغاچقا، پىكرى ئۆتكۈر، بىلىمى مول ۋە ئەترابلىق ئىدى. يۇقىرىقى ئالتە سىنىپنىڭ تۆتىدە ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلىرى، بىرىدە قازاق ئوقۇغۇچىلىرى، يەنە بىرىدە خۇيزۇ ئوقۇغۇچىلىرى ئوقۇدى. ئالاۋسۇن يېزىسىدا 46 ـ، 47 ـ يىللىرى مەمەت بەكرى، غوپۇر قاتارلىق كىشىلەر ئوقۇتقۇچىلىق قىلدى. 49 ـ يىلىدىن 52 ـ يىلىغىچە ھاجى ئەپەندى، خەلچىخان قاتارلىقلار ئوقۇتقۇچىلىق قىلدى. شۇ چاغدا ئىككى سىنىپ بار ئىدى. سەندۇخوزا يېزىسىدا ئابدۇراخمان پالتا، ئابلا قۇربان قاتارلىقلار ئوقۇتقۇچىلىق قىلدى. بۆزتوڭگودا بولسا تۇۋغانباي، گۇلچەكەر، مەتقان قاتارلىقلار ئوقۇتقۇچىلىق قىلدى. سىدوخوزىدا چەكەن دېگەن كىشى ئوقۇتقۇچىلىق قىلدى.

بۇ مەكتەپلەردە دەرسلەردىن ئانا تىل، ئوقۇش كىتابى، گراماتىكا، خۇشخەت، ئىملا ئىنشا، ھېساب (ئېلىش، قوشۇش، كۆپەيتىش، بۆلۈشتىن ئىبارەت تۆت ئەمەلدىن باشلاپ، مۇرەككەپ، ئاددىي كەسىرلەرگىچە)، دىن (ھەپتىسىگە ئۈچ سائەت بولۇپ، خەت ئۆگىتىمەي نامازنىڭ نىيەتلىرى، ھەرىكەتلىرى، تاھارەت ئېلىشنىڭ نىيەتلىرى، قائىدە ھەرىكەتلىرى)،



تەبىئەت، شېئىر، رەسىم، تەنتەربىيە قاتارلىقلار ئۆتۈلەتتى.

ئۇيغۇر، قازاق مەكتەپلىرىدە باشلانغۇچ تۆت يىللىق بولۇپ، ئوقۇش ھەر يىلى 9 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى باشلىنىپ، كېلەر يىلى 6 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى ئاخىرلىشاتتى. يازلىق تەتىل 6 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنىدىن 9 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنىگىچە ئۈچ ئاي بولاتتى، قىشلىق تەتىل يوق بولۇپ، يېڭى يىلدا ئۈچ كۈن قويۇپ بېرەتتى.

سىنىپنىڭ بارلىق دەرسلىرىنى بىرلا مۇئەللىم مەسئۇل بولۇپ بېرەتتى. شۇڭا ھەر بىر مۇئەللىمنىڭ كۈنىگە ئالتە سائەتتىن ھەپتىسىگە 36 سائەتتىن دەرس ئۆتۈشىگە توغرا كېلەتتى. دەرسلىك كىتابلار تاشكەنتتە بېسىلغان بولۇپ، سوۋېت ئىتتىپاقىدىن كىرگۈزۈلەتتى. بەزىدە كىتاب يېتىشمەي قالسا ئۆز ئارا ئالماشتۇرۇپ ئوقۇيتتۇق. دەپتەرمۇ قىس بولۇپ، ئاساسەن سۈت قەغەز دەپ ئاتىلىدىغان خوتەن قەغىزىدىن دەپتەر ياساپ ئىشلىتەتتۇق. قەلەم (گاڭبى)، ماي قەلەم (يۈبى) لەرنى بىلمەيتتۇق. يۇقىرى سىنىپلاردا سىياھ چىلاپ يازىدىغان روشكا ئىشلىتەتتۇق. ئوقۇتقۇچىلارمۇ روشكا ئىشلىتەتتى. شۇڭا پارتىنىڭ چېتىدە سىياھ قۇتىسى قويىدىغان دۈگىلەك ئويمان، روشكا قويىدىغان ئۇزۇنچاق ئويمان بار ئىدى.

ئۇ چاغلاردا دۇنيانى سوۋېت ئىتتىپاقى باشچىلىقىدىكى تىنچلىق لاگېرى، ئامېرىكا باشچىلىقىدىكى جاھانگىرلىك لاگېرى دەپ ئىككى قۇتۇپقا ئايرىيتتۇق. ئۇ چاغلاردا جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلمىغان، ماۋجۇشى ئاممىغا تونۇلمىغان، شۇنداقلا دەرسلىك كىتابلاردا لېنىن، ستالىنلارنىڭ رەسىملىرى بېسىلغانلىقى ئۈچۈن، لېنىن، ستالىنلارنى پۈتۈن دۇنيا ئەمگەكچىلىرىنىڭ داھىيسى دەپ بىلەتتۇق. داھىيلارنىڭ رەسىملىرىنى يىرتىش، تاشلاش، كۆچۈرۈپ سىزىپ قالماشتۇرالماسلىققا ئوخشاش ئىشلار كەمچىللىك، خاتالىق ھېسابلىناتتى. ئوقۇغۇچىلارمۇ ئۇنداق قىلىشتىن ھەزەر ئەيلەيتتى.

ئەخلاق تەربىيىسى جەھەتتە، ئاتاقلىق پېداگوك ماكارىنكو ئۇشىنسكى قاتارلىقلارنىڭ تەلىم - تەربىيە شەرتلىرى ئۆلچەم قىلىناتتى. ئوقۇتقۇچىلار ئوقۇغۇچىلارغا تاماكا چەكمەڭلار، ھاراق ئىچمەڭلار، دەپ تەربىيە بېرىش بىلەن بىللە، ئۆزلىرىگىمۇ قاتتىق تەلەپ قوياتتى. ھازىرقىدەك مەكتەپ مەيدانىدا، ئىشخانىلاردا ئاشكارا تاماكا چەكمەيتتى. ئىشخانىلاردا تاماكا چەككەن ۋاقىتتا ئوقۇغۇچىلارنىڭ كۆرۈپ قېلىشىدىن ئېھتىيات قىلاتتى. ھەتتا تاماكا پۇراپ قالىدۇ، دەپ دەرسكە كىرىش ئالدىدا تاماكا چەكمەيتتى. ھاراق ئىچمەكچى بولسا، بىرقانچىسى بىرلىشىپ بىرەر ئايدا بىر قېتىم بىرسىنىڭ ئۆيىگە يىغىلىشىپ، ئىشىك، دەرېزىلەرنى چىڭ يېپىپ، جىم - جىت ئولتۇرۇپ ئىچىشەتتى، جېدەل چىقارمايتتى. چالا مەست بولۇپ، دەرسكە كىرىدىغان ئەھۋاللار كۆرۈلمەيتتى. 6 - 7 يىل ئوقۇغان ئوقۇغۇچىلارمۇ قايسى مۇئەللىم ھاراق ئىچىدۇ، قايسىلىرى ئىچمەيدۇ، بۇنى بىلمەيتتى. پېداگوك قائىدىسىگە خىلاپ دەپ ئوقۇتقۇچىلار ئۆز بالىلىرىنىمۇ بازارغا ھاراق، تاماكىغا بۇيرۇمايتتى، مەكتەپ مەيدانلىرىدا ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئالدىدا، ئايال ئوقۇتقۇچىلارغا ئوينۇشۇپ چاقچاق قىلمايتتى. بالىلىرى چوڭىيىپ قالغان ئوقۇتقۇچىلار ئائىلىلەردىمۇ پېداگوك قائىدىسىگە قاتتىق ئەمەل قىلاتتى. قىسقىسى ئوقۇتقۇچى بولغان ھەر بىر كىشى مېڭىش - تۇرۇش، گەپ - سۆز، كىيىم - كېچەك، سىنىپتا دەرس سۆزلەش، مۇئامىلە قاتارلىق جەھەتلەردە ئوقۇغۇچىلار ئۈچۈن بىر ئۈلگە، ھەر بىر ئېغىز سۆزى قانۇن ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئوقۇغۇچىلار ئوقۇتقۇچىلارنى ئىنتايىن ھۆرمەتلەيتتى، قەدىرلەيتتى، ھەتتا ئاتا - ئانىسىدىنمۇ ئارتۇق كۆرەتتى. ئوقۇتقۇچىلارمۇ ئوقۇغۇچىلارنى ئىززەتلەيتتى، ئۇلارغا كۆيۈنەتتى، غەمخورلۇق قىلاتتى. ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ھەممىسىدە دېگۇدەك ماكارىنكونىڭ «پېداگوگىكىلىق پوئېما» دېگەن كىتابى بار بولۇپ، بۇ كىتاب شۇ چاغلاردا



ئوقۇتقۇچىلار ئۈچۈن دەستۇر ئىدى.

1948 - يىلى ئەخمەتجان قاسىمى ساۋەنگە كەلدى. نەچچە يۈزلىگەن ئوقۇتقۇچى، ئوقۇغۇچى، ئىشچى - خىزمەتچى ۋە خەلق ئاممىسى ناھىيىنىڭ جەنۇب تەرىپىدىكى قوش پوتەي دېگەن يەرگە قارشى ئېلىشقا چىقتۇق. رەھبىرىمىز ئەخمەتجان قاسىمى قارا ماشىنا ئۈستىدە ئۆرە تۇرۇپ، ئوڭ قولىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ كۆپچىلىككە ھۆرمەت بىلدۈردى. كۆپچىلىكمۇ قوللىرىنى پۇلاڭلىتىپ ئەخمەت ئەپەندىگە ھۆرمەت بىلدۈردى. ئەتىسى ئۇ، ھاكىملارنىڭ باشلىشى بىلەن مەكتەپكە كىرىپ كەلدى. پۈتۈن مەكتەپتىكى نەچچە 100 ئوقۇغۇچى خۇشال - خورام قارشى ئالدۇق. مەكتەپ ئىچى بايرام تۈسىگە كىردى. ئەخمەت ئەپەندى ئوقۇغۇچىلارغا قىسقا سۆز قىلدى. ئاندىن سىنىپلارنى كۆزدىن كەچۈردى. ئوقۇتقۇچى، ئوقۇغۇچىلاردىن ھال سورىدى. ئىدارە جەمئىيەت، ھەربىي قىسىملارغا بېرىپ ئۇلاردىن ھال سورىدى. ھەتتا تۈرمىلەرگىمۇ كىرىپ، مەھبۇسلار بىلەن سۆزلىشىپ تۈرمىگە كىرىپ قېلىش سەۋەبلىرىنى سورۇشتۇردى. ئەخمەت ئەپەندىنىڭ ئىنتايىن ئالدىراش چاغدىمۇ ھال سوراپ كەلگەنلىكى، ساۋەن خەلقىنى ئىنتايىن قاتتىق تەسىرلەندۈردى. بولۇپمۇ مائارىپچىلار ئۈچۈن، چەكسىز بەخت ۋە زور ئىلھام بولدى.

ئۇ چاغلاردا مەكتەپلەر ھازىرقىدەك رەسمى مەكتەپ بىناسى، مەكتەپ قورۇسى دېگەندەك قۇرۇلۇشلار بولماي، بەلكى ھۆكۈمەت شەخسلەردىن سېتىپ ئالغان ئۆيلەر ئىدى. شۇڭا ھەر يىلى ئۆزگەرتىش، رېمونت قىلىش، پارتا، ئورۇندۇقلىرىنى تولۇقلاشقا توغرا كېلەتتى. ئاتا - ئانىلار يىغىنلىرىنى ئېچىپ ئىئانە توپلاپ، بىرەر تالدىن تاختاي، بىرەر تال ياغاچ، پول قاتارلىق نەرسىلەرنى يىغىپ، مەكتەپ ئۈچۈن سەرپ قىلاتتى. ئوقۇتقۇچىلارنىڭ تۇرمۇش شارائىتىمۇ ئانچە ياخشى ئەمەس ئىدى. لېكىن، ئوقۇتقۇچىلار تىرىشچان، جاۋابكارلىقى كۈچلۈك، مەسئۇلىيەت-

چان ئىدى. بەزى ئوقۇتقۇچىلار 6 ـ 7 كىلومېتىر يىراقلىقتىكى
يەرلەردىن ئاتلىق كېلىپ دەرس بېرەتتى. قار ـ يامغۇر،
بوران ـ چاپقۇن، قىش ـ يازدا ئوخشاشلا مەكتەپكە تولۇق كېلەتـ
تى. قەتئىي دەرس قالدۇرمايتتى. يازلىق تەتىل ۋاقتىدا ئوقۇتـ
قۇچىلار ۋىلايەت مەركىزى چۆچەككە بېرىپ، يىللىق خۇلاسە،
ئۆگىنىش، بىلىم ئاشۇرۇش بىلەن تەتىلنى ئۆتكۈزەتتى، ئۇ چاغـ
لاردا ماشىنا يوق بولغاچقا، يۈك تاقىلىرىنى چاقلىق ھارۋىلارغا
بېسىپ، ئۆزى ئۈستىدە ئولتۇرۇپ، ساندۇخوزىنىڭ تەبىئىي
ئورمانلىقلىرىدىن ئۆتۈپ، سۇساتانىڭ چۆللىرىنى بېسىپ، كۈيـ
تۈننىڭ شېغىللىق سايلىرىنى كېزىپ، تولىنىڭ تاغلىق جىرالـ
رىغا كىرەتتى. ئاندىن شامال ئۆتەڭدىن ئۆتۈپ، دۆربىلجىننىڭ
يايلاقلىرىنى بېسىپ 12 كۈن دېگەندە ئاران چۆچەككە يېتىپ
باراتتى. يول ئازابى قانچە جاپالىق بولسىمۇ، ئوقۇتقۇچىلار جاپاـ
لىق ھېس قىلمايتتى. بىرمۇ ئوقۇتقۇچى بارماي قىلىشنى خالىـ
مايتتى. ئۇ چاغلاردا ئوقۇتقۇچىلار ئاز بولغانلىقى ئۈچۈن، چۆـ
چەككە بارغاندا شىخو بىلەن ساۋەننىڭ ئوقۇتقۇچىلىرىنى قوشقاندا
ئاران بىر سىنىپ بولاتتى. 1950 ـ يىلىدىن باشلاپ، ھۆكۈمەت
ئىمىرسەنباي دېگەن كىشىنىڭ چوڭ قورۇسى (ھازىرقى كونا
ساۋەن جامائەت خەۋپسىزلىك ئىدارىسى بىلەن كونا ساۋەن بانكىـ
سىنىڭ ئورنى) نى سېتىۋېلىپ مەكتەپ قىلىشقا بەردى. قورۇدا
تەخمىنەن 20 ئېغىزدەك ئۆي بولۇپ، كوچا تەرەپتىكى ئۆيلەر
زامانغا مۇۋاپىق خېلى سۆپەتلىك، چوڭ، يورۇق ئىدى. شۇڭا،
بۇ ئۆيلەر پۈتۈنلەي سىنىپ قىلىندى. غەرب تەرەپتىكى تۆت
ئېغىزلىق ئۆي ئوقۇتقۇچىلار ئۈچۈن ئىشخانا قىلىندى. شىمال
تەرەپتىكى كونا ۋە پاكار ئۆيلەر ئوقۇغۇچىلار ئۈچۈن ياتاق ۋە
ئاشخانا قىلىندى. مەيدانىمۇ خېلى چوڭ بولۇپ، 500 ـ 600
ئوقۇغۇچى بىمالال تىزىلىپ ماڭالايتتى. تۈرلۈك تەنتەربىيە پائاـ
لىيەتلىرىنىمۇ ئېلىپ بېرىشقا قولايلىق ئىدى. مەيدان ئوتتۇردـ



سىغا بايراق خادىسى ئورنىتىلۇپ ئەتىگەن، كەچتە بايراق چىقىرـ
رىپ، بايراق چۈشۈرۈش يولغا قويۇلدى. بۇ مەكتەپ ساۋەن
ناھىيىسى بويىچە بىردىن بىر ياتاقلىق تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ
بولۇپ، تولۇقسىز 1 ـ يىللىقتىن 3 ـ يىللىققىچە تەسىس قىلىنـ
دى. مەكتەپ قارمىقىدا تۆت سىنىپلىق باشلانغۇچ مەكتەپمۇ بار
ئىدى. ئۇ چاغدا ماناستا باشقا ئوتتۇرا مەكتەپ بولمىغانلىقى
ئۈچۈن، بورتۇڭگۇ، ئالاۋسۇن، ساندىخوزا، شىخەنزە، سىدىخوـ
زا، يەنسىخەي قاتارلىق يېزىلاردىن يەنە نۇرغۇن ئوقۇغۇچىلار
كېلىپ ياتاقتا يېتىپ ئوقۇدى.

ئوقۇغۇچىلارنىڭ ۋە سىنىپلارنىڭ كۆپىيىشىگە ئەگىشىپ
ئوقۇتقۇچىلار سانىمۇ كۆپەيدى. بۇرۇنقى ساۋۇت ئەپەندى، سەلىـ
مە ئاۋستاي، سائادەتخان، تىللاخان ئاۋستاي، كادىرقان، قاپاس
ۋە دىن دەرسى بېرىدىغان توختى موللام قاتارلىق ئوقۇتقۇچىلاردىن
باشقا، ئىسمائىل ياسىن، تۇرسۇن ئەزىز، ئەخمەت مەخمۇدى،
ياقۇپ موللاق، سىدىق ئەپەندى، زورىخان، خەلچەم يۈسۈپ قاتارـ
لىق ئوقۇتقۇچىلار كەلدى. كېيىنكى يىللاردا غۇلجىدىن كامىلـ
جان، بايقۇت قاتارلىق ئىلى سىفەننى پۈتتۈرگەن ئوقۇتقۇچىلار
كەلدى. چۆچەكتىن كەشىپ دېگەن تاتار مۇئەللىم، تۆرەقان،
ئورازقان، قىزىرقان، گۈلەندەم قاتارلىق قازاق مۇئەللىملەر،
ئابلا ئەپەندى، ساجىدە ئاپپاي قاتارلىق ئۆزبېك مۇئەللىملەر كەلـ
دى (بەزى مۇئەللىملەر باشقا مەكتەپلەرگە، بەزىلىرى ئىدارە،
جەمئىيەتلەرگە يۆتكەلدى).

ئۇ چاغلاردا ئەدەبىيات، سىياسەت، تارىخ، جۇغراپىيە، بوتاـ
نىكا، ئالگېبرا، گېئومېتىرىيە، خىمىيە قاتارلىق ئاساسىي پەنـ
لەر ئۆتۈلەتتى. شۇ يىللىرى خەلق ھۆكۈمىتىمۇ مەكتەپلەرگە
ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلەتتى. بەزى دەرسلەرنىڭ مۇئەللىملىرى كەمـ
چىل بولۇپ قالغان ۋاقىتتا، ھاكىم ئىدارىسىدە ئىشلەيدىغان
كادىرلاردىن مەدى، ھەبىبۇللا قاتارلىق بىر قەدەر سەۋىيىسى بار

كىشىلەرنى ھەپتىسىگە نەچچە سائەتتىن دەرس ئۆتۈشكە ئورۇنلاش-
تۇرغانىدى. ئاۋستاي (ئايال مۇئەللىم) لار ئاغرىپ قالسا، يۇقى-
رى سىنىپ ئوقۇغۇچىلىرى باشلانغۇچ سىنىپلارغا دەرس بېرىدى-
غان ئىشلارمۇ بار ئىدى. يېڭى ئازاد بولغان ۋاقىت بولغاچقا،
ئوقۇش يېشى ئانچە چەكلىنىپ كەتمەيتتى. تورمۇشقا چىققان قىز-
لار، ئۆيلەنگەن يىگىتلەرمۇ مەكتەپكە كىرىپ ئوقۇيتتى. شۇڭا
5 - 6 - سىنىپلاردا 18 - 19 ياشلارغا كىرگەن باللارمۇ بار
ئىدى. بۇنداق چوڭ ئوقۇغۇچىلار باشلانغۇچ سىنىپلارنى بىمالال
باشقۇرۇپ كېتەلەيتتى. مۇئەللىم يېتەرلىك بولمىغانلىقى ئۈ-
چۈن، ئالگېبرا، فىزىكا، خىمىيە قاتارلىق دەرسلەرنى بىرلا
مۇئەللىم بېرەتتى.

ئۇ چاغدا ئېغىزچە ئىمتىھان ئاساس قىلىناتتى. ھەر بىر
باغاقچىغا ئۈچتىن سوئال يېزىلىپ، ئۈستەل ئۈستىگە دۈم قىلىپ
قويۇلاتتى. بىر قېتىمدا ئۈچتىن ئوقۇغۇچى چىقىپ، خالىغان
بىلەتتىن بىردىن ئالاتتى. ئەگەر جاۋاب بېرەلمەيدىغان سوئال
چىقىپ قالسا، باشقا بىلەت ئېلىشقا بولاتتى. بىراق ئازراق نومۇر
تارتىلاتتى. سوئالنى ئېلىپ بەش مىنۇت ئويلانغاندىن كېيىن،
بىر بىرلەپ ئىمتىھان كومىسسىيەسى ئالدىغا كېلىپ، بىلەتنى
سوئال سورىغۇچىغا بېرەتتى. كومىسسىيە سوئال سورايتتى. ئو-
قۇغۇچى جاۋاب بېرەتتى. جاۋابى مۇجمەل بولۇپ قالسا، قوشۇمـ-
چە سوئال سورايتتى. ئېغىزچە ئىمتىھاندا بىر قىسىم ئوقۇغۇچى-
لارنىڭ نەتىجىسى ياخشى بولمىسا، يازما ئىمتىھان ئېلىناتتى.

1951 - 1952 - يىللىرى جەمئىيەتتە ئىجتىمائىي پائالىيەت-
لەر كۆپىيىپ كەتتى. ئوقۇتقۇچىلار كۈندۈزلىرى مەكتەپتە دەرس
ئۆتسە، كېچىلىرى ساۋاتسىزلارنى تۈگىتىش كۇرسلىرىنى ئې-
چىپ، نەچچە سىنىپ ئەر - ئايال، ياش - قېرى ھەر مىللەت
خەلق ئاممىسىنى ئوقۇتۇپ، ساۋاتلاندۇرۇشقا توغرا كەلدى. كۇر-
سانتلارنىڭ قىزغىنلىقى ئۈستۈن، كەيپىياتى يۇقىرى، تىرىشچان-



لىقى زور ئىدى. 1951 - يىلى ئامېرىكا جاھانگىرلىكىگە قارشى
تۇرۇپ، چاۋشيەنگە ياردەم بېرىش ھەرىكىتى باشلاندى. ئوقۇتقۇ-
چىلار ئاممىغا تەشۋىق قىلىش، كوچىلارغا شوئار يېزىپ چاپلاش
بىلەن شۇغۇللاندى. ئوقۇغۇچىلار بولسا كەڭ كۆلەملىك ئىئانە
توپلاش ھەرىكىتىنى قانات يايدۇرۇپ، پايپاق، تاماكا خالتىسى،
قول ياغلىق، كىيىم - كېچەك، پۇل قاتارلىق ماددىي بۇيۇملارنى
يىغىپ يۇقىرىغا يوللىدى. 20 نەچچە پېدائىي ئەسكەرنى كۆكسىگە
گۈل تاقاپ، داغدۇغۇلۇق بىلەن ئالدىنقى سەپكە ئۇزىتىپ قويدى.
1951 - يىلى 6 - ئاينىڭ 26 - كۈنى شىنجاڭ گېزىتى «ئاممىنى
تولۇق ھەرىكەتلەندۈرۈپ ئىجارە كېمەيتىش، زومىگەرلەرگە قار-
شى تۇرۇش ھەرىكىتىنى قانات يايدۇرايلى» دېگەن تېمىدا باش
ماقالە ئېلان قىلدى. 8 - ئايدا پۈتۈن ئۆلكە بويىچە 13 مىڭدىن
ئارتۇق كادىر ھەرقايسى خىزمەت ئورۇنلىرىغا يۆرۈپ كەتتى.
پۈتۈن شىنجاڭغا ئوخشاش ساۋەن ناھىيىسىدىمۇ داغدۇغۇلۇق ئى-
جارە كېمەيتىش ھەرىكىتى باشلىنىپ كەتتى. 1951 - يىلى 12
- ئاينىڭ 4 - كۈنى ئۆلكىلىك مائارىپ نازارىتى شىنجاڭنىڭ ھەر
قايسى جايلىرىدىكى مائارىپ ئورۇنلىرىدىن مائارىپ خىزمىتىدە
ئىجارە كېمەيتىش، زومىگەرلەرگە قارشى تۇرۇشنى ئىزچىللاش-
تۇرۇش سىنىپ تەربىيىسى ئېلىپ بېرىشنى تەلەپ قىلدى. ناھى-
يىمىزنىڭ دائىرىسى كەڭ، كادىرلار سانى چەكلىك بولغانلىقى
ئۈچۈن، يۇقىرى سىنىپتىن تۆرسۇنەم پالتا، زورەم نۇراخۇن
قاتارلىق ئوقۇغۇچىلارنى تاللاپ ئىجارە كېمەيتىش ھەرىكىتىگە
قاتناشتۇردى ھەمدە بۇ ھەركەتكە ئۇلاپلا 1952 - يىلى يەر ئىسلا-
ھاتى ھەرىكىتىگە قاتناشتى.

ئاشۇ يىللاردا ئوقۇتقۇچىلار جەمئىيەتتە خۇددى لاۋۇلداپ
يېنىپ تۇرغان بىر پارچە ئوت ئىدى. جەمئىيەتتە قايسى بىر يېڭى
ھەرىكەت باشلانسا، شۇ ئىشقا ئۆزىنى ئاتاتتى. ئۇلار مەكتەپتە
ئوقۇتقۇچى، جەمئىيەتتە تەشۋىقاتچى، ئامما ئىچىدە باشلامچى ئى-

دى. پۇل - ھوقۇق دېگەنلەر بىلەن قىلچە ھېسابلاشمايتتى. ھازىرقىدەك ئوقۇغۇچىلارغا دەرس تەكرارلاپ بەرسە، سائەتتىگە پۇل ئالىدىغان، ئىمتىھانغا كىرسە، كومىسسىيە پۇلى ئالىدىغان، ئىمتىھان قەغىزىگە «قەغەز پۇلى» يىغىدىغان، خۇلاسىدە زىياپەت يەيدىغان ئىشلار يوق ئىدى.

ئازادلىقنىڭ ئالدى - كەينىدىكى بىر مەزگىل رەخت قىس بولۇپ كەتتى. ئۇ چاغلاردا ئاياللار چوقۇم ئۇزۇن كۆينەك كىيمەسە بولمايتتى. گۈللۈك رەخلەر تېپىلماي ئاياللار قىينىلىپ قالدى. مۇشۇ ئەھۋالنى كۆزدە تۇتۇپ ئاۋستايلار باشلامچى بولۇپ، ئاق ماتاغا گۈل بېسىپ كۆينەك كىيدى. سەرگازلاردا يوپكا كىيدى. بۇنى كۆرگەن جەمئىيەتتىكىلەر «ئاپپايلار كەيگەن يەردە بىز كىيسەك ئەلۋەتتە بولغۇدەك» دەپ، ھەممىسى ماتا كۆينەك كېيىشنى ئادەت قىلدى. شۇنىڭ بىلەن قىيىنچىلىق مەزگىلى ئۆتۈپ كەتتى، بۇ ئىش ئاما ئىچىدە ياخشى تەسىر قالدۇردى.

سەنئەت - جەمئىيەتنى كۈيلەيدىغان، جەمئىيەت ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان، خەلقنىڭ مەنىۋى تۇرمۇشىنى بېيىتىپ، خەلق ئاممىسىغا ئىستېتىك روھ، مەنىۋى ئوزۇق بېرىدىغان جانلىق تەشۋىقات ۋاستىسى بولغانلىقى ئۈچۈن، سەنئەت ئارقىلىق جەمئىيەتتىكى نادانلىق، خۇراپاتلىق، ساۋاتسىزلىق، كونىلىق، مۇتەئەسسىپلىك ئىدىيىلىرىنى قامچىلاش مەقسىتىدە، مارىپچىلار ھەرىكەتكە كېلىپ، ھاكىملارنىڭ قوللاپ - قۇۋۋەتلىشى، كادىرلارنىڭ ماسلىشىشى، خەلقنىڭ ياردىمى بىلەن جەمئىيەتتىكى ھەۋەسكارلاردىن قادىر موللا، غاپپار سەيپۇلڭ، ئاغچىخان، ئايشەمخان، زۇبەيدە خانىم؛ ئوقۇتقۇچى، كادىرلاردىن ياقۇپ موللاق، سەلىمە ئاۋستاي، مامۇت ئەپەندى، ئابلا دوختۇر؛ خەلق سازەندىلىرىدىن داڭلىق غىجەكچى سايىم غىجەك، دۇتتارچى نىياز ساتىراش، تەمبۇرچى ئىسلام ئاخۇن قاتارلىقلار ۋە باشقا بىر قانچە ھەۋەسكارلارنىڭ ئىشتىراكى بىلەن سەنئەت ئۆمىكى



قۇرۇلۇپ، «غېرىپ - سەنەم»، «باي بىلەن مالاي»، «يېتىملەر يېشى»، «غۇنچەم»، «قالىڭ مال» (قازاقچە)، ئەزەربەيجاننىڭ «ئارشىن مال - ئالان» قاتارلىق سەھنە ئەسەرلىرىنى ئويناپ چىقىپ، خەلقنىڭ كونا جەمئىيەتتە بولغان غەزەپ - نەپرىتى، يېڭى جەمئىيەتكە، ئازادلىققا، كومپارتىيەگە بولغان تەشەككۈرىنى قوزغىدى.

1953 - يىلى ساۋەن ناھىيىسىدە 1 - قېتىم پىئونېرلار ئەترىتى تەشكىل قىلىنىپ، ھاكىملارنىڭ ئىشتىراكى بىلەن داغدۇغىلىق چوڭ يىغىن ئېچىلىپ، 15 ئوقۇغۇچى بويىنىغا قىزىل گالىستۇكنى تاقاپ پىئونېرلار تەشكىلىگە كىردى. بۇنىڭدىن بۇرۇن پىئونېر، پىئونېرلار تەشكىلاتى دېگەنلەرنى بىلمەيتتۇق.

1954 - يىلى 1 - قېتىم ساۋەن ناھىيىلىك تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلار ئۈرۈمچىدىكى ھەرقايسى ئالىي مەكتەپلەرگە قوبۇل قىلىنىپ، خۇشال - خورام يۈرۈپ كەتتى. شۇنىڭدىن باشلاپ ھەر يىلى 1 سىنىپ ئوقۇغۇچى مەكتەپ پۈتتۈرۈپ، يۇقىرى مەكتەپلەرگە مېڭىپ تۇردى.

كېيىنكى چاغلاردا، ئەينى چاغدىكى «ئىجتىھات مەكتەپ»نى پۈتتۈرۈپ، ئالىي مەكتەپلەردە ئوقۇپ خىزمەتكە چىققانلاردىن رايىس چۆكەن ساۋەن ناھىيىسىگە باش ھاكىم، ئابلىز ھاسىل ساۋەن ناھىيىسىگە مۇئاۋىن ھاكىم، مەمەت نەمەت غۇلجا ناھىيىسىگە ھاكىم بولدى. مەمتىمىن ئالىم، ئابابەكرى ئاۋۇت، غاپپار نەمەت، غۇجىرابىل تۇردى، غوپۇرجان ساۋۇت، ئاخمان توختار، رايىئەبەك، تەلئەت ئەمەت، خەلچەم يۇسۇپ قاتارلىقلار ناھىيىنىڭ پېشقەدەم ئوقۇتقۇچىلىرىدىن بولۇپ قالدى. ئوسمانجان ساۋۇت ھەممىگە تونۇشلۇق تالانتلىق شائىر. ئابدۇرېھىم مۇسا ساۋەن ناھىيىلىك سوتنىڭ سوراقچىسى، ئابلا كەنجى، مامۇت سوپى، ئابدۇراخمان تۇردى، مەمەت باقى قاتارلىقلار سىياسىي قانۇن تارماقلىرىنىڭ غوللۇق كادىرلىرىدىن بولۇپ ئىشلىمەكتە. تۇرار

باي قاتارلىق كان ئىنستىتۇتى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلار كۆكتوقاي ۋە باشقا كان رايونلىرىدا دىرېكتور ياكى مەسئۇل ۋەزىپىلەردە بولماقتا. يەنە نۇرغۇن ئوقۇغۇچىلار نېفىت تېخنىكومى، سانائەت قاتناش مەكتىپى، شىنجاڭ ئىنستىتۇتى، كان ئىنستىتۇتى، غەربىي شىمال مىللەتلەر ئىنستىتۇتى ۋە مەركىزىي مىللەتلەر ئىنستىتۇتى قاتارلىق ئالىي مەكتەپلەرنى پۈتتۈرۈپ، شىنجاڭنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدا مۇھىم خىزمەتلەردە بولماقتا. ھازىر ناھىيىمىزدە باشلانغۇچ، ئوتتۇرا مەكتەپتىن 85 ى، ئوتتۇرا دەرىجىلىك كەسپىي مەكتەپتىن بىرى، بالىلار باغچىسىدىن توققۇزى بار بولۇپ، ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنى 2000 دىن ئېشىپ كەتتى.

مەن بۇ مەكتەپتە 1948 - يىلىدىن 1956 - يىلىغىچە ئوقۇغان ۋە 1956 - يىلىدىن 1988 - يىلىغىچە ئىشلىگەنلىكىم ئۈچۈن، بىلىدىغانلىرىمنى ئەسلەپ يازدىم. بىلمەيدىغانلىرىمنى ئابلىز مۇدىر، خەلچىخان قاتارلىقلاردىن سوراپ، بۇ ئەسلىمىنى يېزىپ چىقتىم. مېنى سانلىق مەلۇمات ۋە ماتېرىياللار بىلەن تەمىنلىگەن پېشقەدەم يولداشلارغا رەھمەت ئېيتىمەن.

(ئاپتور: ساۋەن ناھىيە كونا ساۋەن ئوتتۇرا مەكتەپتىن)

جاۋابكار مۇھەررىر: جۈرئەت ئابلىمىت



# زۇلمەت ئىچىدە ئۆتكەن كۈنلەر

ئابباس قۇربان

سىياسىي كېڭەشنىڭ تەكلىپ ۋە رىغبەتلەندۈرۈشى نەتىجىسىدە 70 يېشىمدا قولۇمغا قەلەم ئېلىپ، بېسىپ ئۆتكەن ئىزلىرىمدىن ئەۋلادلارغا بىرەر ئەستىلىك قالدۇرماقچى بولۇپ، ئۆتمۈش كەچۈرمىشلىرىمنى تۇغۇلغان ۋاقتىمدىن باشلاپ يازماقچى بولدۇم. ئۇ كۈنلەردە يۇرتىمىز ئاسمىنى قاراڭغۇ زۇلمەت ئىلكىدە بولغاچقا، مەزكۇر ئەسلىمەمگە «زۇلمەت ئىچىدە ئۆتكەن كۈنلەر» دېگەن ماۋزۇنى تاللاپ ئىستىبداتلىق، ئادالەتسىزلىك ۋە تەڭسىزلىك دەۋران سۈرگەن ئەشۇ مۇدھىش قاباھەتلىك ئۆتمۈشنى سۆكمەكچى بولدۇم. مېنىڭ ئۆسمۈرلۈك چاغلىرىم بىلەن ياشلىق دەۋرىم ناھىيىمىز مائارىپىنىڭ تارىخى بىلەن باغلىنىپ كەتكەچكە، ئۇنىڭدا يەنە يېڭىشەھەر ناھىيىسىنىڭ مائارىپ تارىخىمۇ تەبىئىي ھالدا ئەسلەپ ئۆتۈلدى.

مەزكۇر ئەسلىمە مېنىڭ ئۆز كەچۈرمىشلىرىم بولغاچقا، ئۆزۈم ئۈستىدە توختالغان جايلار كۆپرەك بولدى. ئەسلىمە ئىچىدىكى مەلۇم ۋەقە، مەلۇم ئىشتا ئازدۇر - كۆپتۇر رولۇم ۋە تۆھپەم بولغان بولسا، شۇ ۋەقە، شۇ ئىشنى يېزىشتا ئۇنىڭدىن ئاتلاپ ئۆتۈپ كېتەلمىدىم، چۈنكى ئەسلىمە دېگەندە ھەر كىم ئۆز سەرگۈزەشتىسىنى سەممىيلىك بىلەن يېزىشى، راستچىل بولۇشى لازىم، دەپ قارايمەن. شۇ سەۋەبتىن بەزى ۋەقە، بەزى ئىشلار بىلەن مۇناسىۋەتلىك شەخسلەرنىڭ تۆھپىلىرىمۇ، بەزى شەخسلەرنىڭ سەلبىي تەرەپلىرىمۇ ئەينەن يېزىلدى.

بۇ ئەسلىمە ئۆتمۈشتىن قالدۇرغان يازما خاتىرەم بولمىغاچقا، ئەسلەش جەريانىدا مەيدانغا كەلدى. ئۇنىڭدىكى مۇتلەق كۆپ ۋەقەلەر ئۆزۈمنىڭ بىۋاسىتە كەچۈرمىشلىرىم بولغاچقا، كونكرېت ۋاقىتلارنى (يىل، ئاي، كۈنلەرنى) ھېسابقا ئالمىغاندا ئېسىمدىن كۆتۈرلۈپ كەتمىگەندى. قالغانلىرى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرگەن ۋە ئۆز قولىقىم بىلەن ئاڭلىغان ئەھۋاللاردۇر. بەزى دەرگۇمان بولغان ۋەقە ۋە ئىشلارنى ئۇنىڭغا ئالاقىدار ۋە ئۇلاردىن خەۋەردار تەڭتۇش سەبداشلىرىم بىلەن بىللە ئەسلىدىم. مەن شۇ سەبداشلىرىمغا رەھمەت ئېيتىمەن. شۇنداقتىمۇ مەزكۇر ئەسلىمەدە يېزىلغان ۋەقە ۋە ئىشلار ناھايىتى ئۇزاقتا قالغان بولغاچقا، بەزى سەۋەنلىكلەر بولۇشى تەبىئىي، كۆپچىلىكنىڭ تۈزىتىپ كېتىشىنى سورايمەن.

1993 - يىل 11 - سېنتەبىر

## ئۆسمۈرلۈك چاغلىرىم

مەن 1923 - يىلى يېڭىشەھەر ناھىيە خانئېرىق يېزىسىدىكى دايەك دېگەن يۇرتتا دېھقان ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلدىم. مېنىڭ بالىلىق ۋە ئۆسمۈرلۈك چاغلىرىمنىڭ ھەممىسى كىندىك قېنىم تۆكۈلگەن شۇ يۇرتۇمدا ئۆتتى. مەن ئەقلىمگە كەلسەم، دايەكتە تەخمىنەن 60 تەك ئائىلە بولۇپ، ئاساسەن دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللانغاندىن سىرت، 16 ئائىلە ھاپكارلىق، 10 ئائىلە تۆمۈرچىلىك، تۆت ئائىلە رەۋەندىچىلىك، تۆت ئائىلە مۇزدۇزلۇق، ئىككى ئائىلە كىگىزچىلىك، ئىككى ئائىلە جۇۋازچىلىق، ئىككى ئائىلە سودىگەرچىلىك بىلەن قوشۇمچە شۇغۇللىنىدىكەن. بۇلارنىڭ ئىچىدە «موللام» ئاتالغان توققۇز كىشى بولسىمۇ، خەت يازالايدىغانلىرىدىن بىرسىمۇ يوق ئىكەن. يۇرتىمىزدىن كىمكى



سالام خەت ياكى ھۆججەت، توختام يازدۇرماقچى بولسا خانئېرىق بازىرىغا بېرىپ قازىخانا ئالدىدىكى خەتچىلەرگە يازدۇراتتىكەن.

مەن يەتتە ياشقا كىرگەن يىلى دادام قولۇمدىن يېتىلەپ ئاپىرىپ، مېنى سولتان موللام دېگەن خەلپىتىمگە تۇتۇپ بەردى. سولتان موللام ئۆز قورۇسىدا ئىپتىدائىي دىنىي مەكتەپ ئاچقان مەرىپەتسۆيەر كىشى ئىدى. بۇ مەھەللىۋى مەكتەپ دايەكتىكى بىردىن بىر بىلىم يۇرتى بولۇپ، يەتتە ياشتىن 12 ياشقىچە بولغان قىز - ئوغۇللار ئارىلاش ئوقۇيتتۇق. مەن مەكتەپكە بارغان 1 - كۈنى سولتان موللام ماڭا: «ئەئۇزۇ بىللاھى مىنەش شەيتانىر رەجىم، بىسمىللاھىر رەھمانىر رەھىم» دىن ساۋاق بەردى. شۇنداق قىلىپ ئۇ مېنىڭ دىلىمنى ئىلىم نۇرى بىلەن يورۇتقان تۇنجى ئۇستاز بولۇپ قالدى. بىزنىڭ دەرسخانىمىز بەزىدە سولتان موللامنىڭ ھويلىسىدىكى سۇپا، بەزىدە تالادىكى سۇپا بولاتتى. ياز ئايلىرى ۋە قىشنىڭ قاتتىق سوغۇق چاغلىرىدا ئاساسەن ئوقۇتمايتتى. قار، يامغۇر ياغقان كۈنلىرىمۇ بىر، ئىككى كۈن كەلمەيتتۇق. بەزى بالىلار ھەتتا ھەپتە 10 كۈن كەلمەي قويسىمۇ چاقىرتقۇزمايتتى. ھەر كۈنى ئەتىگەن چېيىمىزنى ئىچىپ مەكتەپكە ماڭىدىغان چاغدا، ئانىمىز چۈشلۈك نېنىمىزنى تەييارلاپ بېرەتتى. چۈشتە ھەممىمىز نېنىمىزنى خەلپىتىمنىڭ ئالدىغا ئېلىپ باراتتۇق. خەلپىتىم نانىنىڭ 4 تىن 1 قىسمىنى ئېلىپ قېلىپ «نان خورىكى» قىلاتتى، بىزمۇ ئۇنىڭغا كۆنۈك ئىدۇق، نانىنى خەلپىتىمنىڭ ئالدىغا ئاپارماي تۇرۇپ ھەرگىز يېمەيتتۇق. قىش كۈنلىرى ئەتىگەندە بىر تالدىن يىرىندا ئوتۇن ئېلىپ كېلەتتۇق. خەلپىتىم ھويلىسىنىڭ ئوتتۇرىسىغا گۈلخان سېلىپ بېرەتتى. بىز بىر - بىرىمىزنى ئىتتىرىشىپ، قىستىلىشىپ چۆرىدەپ ئولتۇرۇپ، پۇت - قولىمىزنى قاقلاپ ئىسسىناتتۇق. ھەر پەيشەنبە كۈنى قائىدە بويىچە خەلپىتىمگە «پەيشەنبىلىك» ئېلىپ كېلەتتۇق. بايراق كىشلەرنىڭ بالىلىرى ئىككى

پۇللۇق تىيىندىن بىرنى، كۆپۈنچە باللار بىر ـ ئىككى داچەن ئېلىپ كېلەتتۇق. بەزى يۇقسۇل كىشىلەرنىڭ باللىرى «پەيشەنبىلىك» بىرەلمىگەچكە، ساۋاقداشلىرىدىن ئىزا تارتىپ مەكتەپكە كېلەلمەي، ئۆزلىكىدىن ئوقۇشتىن توختاپ قالاتتى. بەزى باللارنىڭ ئاتا ـ ئانىسى رامىزان، ھېيت ـ بايرام كۈنلىرى خەلپىتىمنى ئالاھىيتەن چايغا چىللاپ ئالدىدا پۇل ياكى رەخت قويۇپ دۇئا ئالاتتى. ھەر كۈنى چۈشتىن كېيىن مەكتەپتىن «ئازاد» قىلىدىغان چاغدا خەلپىتىم ئوقۇغۇچىلارنى «خەندەك» تۇۋلىتاتتى. خەندەك تۇۋلاش «ئەئوزى»نى ئوپچى ئۈنلۈك ئوقۇشتىن باشلىنىپ خەلپىتىم بىلەن ئوقۇغۇچىلار ئوتتۇرىسىدا ئېلىپ بېرىلىدىغان «ئاناڭلارنى خاپا قىلمايسىلەر، خوش! ؛ ئىتقا چالما ئاتمايسىلەر، خوش! ؛ زىرائەتنى دەسسىمەيسىلەر، خوش! خەقنىڭ غورىسىنى ئالمايسىلەر، خوش! بىر ـ بىرىڭلار بىلەن ئۇرۇشمايسىلەر، خوش» دېگەنلەرنى ئۈنلۈك تۇۋلاش بىلەن ئاياقلىشاتتى.

ساۋاق «ئەئۇزى» دىن باشلاپ بەش پەرھىز يەتتە كەلىمەنى يېرىم يىل ئوقۇدۇق، مەكتەپكە بىر كۈن كېلىپ بىر كۈن كەلمەي كۈن ئاشۇرىدىغان باللار ئۈچۈن، بۇلارنى ئۆگىنىش ئۈچۈن بىر يىل كېتەتتى. مەن يېرىم يىل ئوقۇغانىدىم. كېيىن ئەرەبچە 24 ھەرپنى تونۇشنى ئۆگەندۇق. ھەر بىرىمىز ياغاچتىن قول تاختىسى ياساتتىپ ئېلىپ كېلەتتۇق، موللام قازان كۈيىسىنى قىرىپ ھۆل لاتىغا مىلاپ سىيا قىلىپ، ھەپتىدە ياكى ئىككى ھەپتىدە بىر قېتىم تاختىمىزغا تۆت، بەش ھەرپ يېزىپ بېرەتتى. بىز ئۇنى يادىلايتتۇق. ئەمما يېزىپ قول كۆندۈرۈش مەشىقى قىلمايتتۇق. خەت يازغىنىمىزنى كۆرۈپ قالسا موللام خاپا بولۇپ قولىمىزغا چىۋىق بىلەن ساۋايتتى ۋە «كويدۇرگە چىقىدۇ»، دەپ قورقۇتاتتى. كېيىن بىلسەم سۇلتان موللامنىڭ ئوقۇتۇش ئۇسۇلى نادانلىق ۋە قاششاقلىق ھۆكۈم سۈرگەن ئاشۇ



دەۋرىدە ھەممە يېزىلاردا ئاساسەن قېلىپلىشىپ قالغان بىر خىل قالاق ئۇسۇل ئىكەن.

سۇلتان موللامنىڭ قولىدا ئىككى، ئۈچ يىل ئوقۇغاندىن كېيىن، دادام مېنى بوياقچىغىلىدىكى نىياز موللام ئاچقان مەكتەپكە بەردى. نىياز موللام خەت تونۇش بىلەنلا چەكلىنىپ قالماي، يېزىشنىمۇ بىلىشنى تەشەببۇس قىلىدىكەن. ئۇ كىشى بىزگە 24 ھەرپنى ئوقۇش ۋە يېزىشنى ئوبدان ئۆگىتىپ «قائىدە باغداد»نى پىششىق ئۆگەتكەنىدى. نىياز موللامنىڭ بىلىمى يۇقىرى، ئوقۇتۇش ئۇسۇلى ئىلغار بولغاچقا، تېزلا خەت ساۋاتىمىز چىقىپ قالغانىدى. شۇ چاغدىكى ساۋاقداشلىرىمدىن سۇلايمان سابىت، مۇھەممەت توختى، توختى ئابىت، يۇنۇس يۇسۇپ، ھۇسيىن كىچىكلەرنىڭ خەت ساۋاتىمۇ نىياز موللامنىڭ قولىدا چىققانىدى. كېيىن خانئېرىقتا پەننىي مەكتەپلەر ئېچىلدى، مەن 1937 ـ يىلىدىن 1939 ـ يىلىغىچە پەننىي مەكتەپتە ئوقۇپ، 1939 ـ يىلى خانئېرىق شۆبە ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسى ئاچقان ئالتە ئايلىق مۇئەللىملەر كورسىغا قوبۇل قىلىندىم. كۇرستا خانئېرىق شۆبە ئۇيۇشما تەكلىپ قىلىپ كەلگەن ئاتۇشلۇق مەشھۇر مۇئەللىملەردىن پازىل قۇربان ھاجى باشلىق ئۈچ نەپەر مۇئەللىم دەرس ئۆتتى. مەن كۇرسنى ئەلا نەتىجە بىلەن تاماملاپ شۇ يىلى مائارىپ سېپىگە قېتىلىپ، ئىلگىر ئاخىرى بولۇپ ماجا، نوغۇت، پاختىلىق، يېڭى قۇچچى، دۈشەنبە بازار مەكتەپلىرىدە ئوقۇتۇش خىزمىتى بىلەن شۇغۇللاندىم. مەن مائارىپ سېپىگە قېتىلىپلا ماجا مەكتەپكە تەقسىم قىلىندىم. شۇچاغدا مېنىڭ تۇنجى ماائاشىم ئۈچۈن بىر تاغار بۇغداي بېرىلگەنىدى. بۇغداينى ئېشەككە ئارتىپ ئۆيگە ئېلىپ كېتىدىغان چاغدا تاغارنىڭ بىر تەرىپىنى كۆتۈرەلمىدىم. شۇ يەردە قاراپ تۇرغان رەھمەتلىك ئۆمەر خوجا كۈلۈپ كېتىپ، يەنە بىر ئادەمنى چاقىرىپ كېلىپ، تاغارنى ئېشەككە ئارتتۇرۇپ ئۇلارنىڭ بىرىگە: «ئۆيگىچە بىللە بېرىپ بۇغداينى

چۈشۈرۈپ بېرىپ كېلىڭلار»، دەپ بۇيرۇغىنى ھېلىمۇ ئېسىمدە.
مېنىڭ 1949 - يىلىدىن بۇرۇنقى ھاياتىم ئاساسەن ئانا
يۇرتۇمدا ئوقۇش، ئوقۇتۇش بىلەن ئۆتتى. شۇڭا گېزى كېلىپ
قالغاچقا، يۇرتىمىز مائارىپىنىڭ تارىخىنى قىسقىچە ئەسلەپ ئۆتەي-
مەن.

## ناھىيىمىزنىڭ 1935 - يىلىدىن بۇرۇنقى مائارىپ ئەھۋالى

ئەينى زامان شىنجاڭ تەختىدە دەۋران سۈرگەن ئىستىبدات
ياڭ زېڭشىن، جىن شۇرېنلار ئۆزلىرىنىڭ زۇلمەتلىك ھۆكۈمرا-
نلىقىنى ئۇزاق مۇددەت ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن، بىزنى نادانلىقتا،
قاششاقلىقتا، كۆزى ئوچۇق كورلۇقتا قالدۇرۇش مەقسەت قىلىن-
غان تۇرلۇك سىياسەتلەرنى يولغا قويغاچقا، 1935 - يىلدىن
بۇرۇنقى ناھىيىمىز مائارىپىدىن ئېغىز ئېچىش مۇمكىن ئەمەس
ئىدى. ئەينى زاماندا پەننىي مەكتەپ ھېسابلىنىدىغان مەكتەپلەر-
دىن شەھەر ئىچىدە بىر خەنزۇچە مەكتەپ (شۆتاڭ) بىلەن ھازىر-
قى چاي - چارۋا مەھسۇلاتلىرى شىركىتىنىڭ ئورنىدىكى «پەرەڭ-
نىڭ جايى» دەپ ئاتىلىدىغان قورۇدىكى شۋېتسىيىلىكلەر ئاچقان
بىر سىنىپلىق مەكتەپنى ھېسابقا ئالمىغاندا، يېڭىشەھەر ناھىيە-
سىدە بىرمۇ پەننىي مەكتەپ يوق ئىدى.
ھېلىقى «شۆتاڭ»نى ناھىيە يامۇلى ئاچقان بولۇپ، خىرا-
جەتلىرى ھۆكۈمەت تەرىپىدىن بېرىلەتتى. ئۇنىڭ ئوقۇغۇچىلىرى
خەنزۇ ئوقۇغۇچىلار ئىدى. ئازساندا مىللىي ئوقۇغۇچىلارمۇ بار
بولۇپ، ئۇلارنى بەگ - بوجاڭلار ئۇلارنىڭ ئاتا - ئانىسىنىڭ
ئالۋان - ياساقلىرىنى كۆتۈرۈۋېتىش ھېسابىغا مەكتەپكە تۇتۇپ
بەرگەنلەر ئىدى. بۇ مەكتەپنىڭ تەلىم - تەربىيە نىشانى ھۆكۈمە-
رانلار ئۈچۈن سادىق غالچا تەربىيىلەش بولغاچقا، خەلق ئۆز



بالىلىرىنى ئۇنىڭغا بەرمەيتتى. شۇ مەكتەپتە ئوقۇيدىغانلار
ئاساسەن خەنزۇ ئوقۇغۇچىلار بولۇپ، ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلار ناھايى-
تى ئاز ساندا ئىدى. ئوقۇيدىغان دەرسلىكلەر خەنزۇ تىلى، ئىن-
گلىز تىلى ۋە خرىستىيان دىنى تەلىماتلىرى ئىدى. بۇ مەكتەپ-
تە يەنە دوختۇرخانىمۇ ئېچىلغان بولۇپ، ھەقسىز كېسەل كۆرۈ-
لەتتى. مەزكۇر مەكتەپنىڭ تەلىم - تەربىيە مەقسىدى شۇجايدا
خرىستىيان دىنىنى تارقىتىش بولغاچقا، كەڭ ئامما ئۇنىڭدىنمۇ
بالىلىرىنى قاچۇراتتى. شۇڭلاشقا 1935 - يىلىدىن بۇرۇنقى
يېڭىشەھەر ناھىيىسىنىڭ مىللىي مائارىپى باشلانغۇچ ۋە ئوتتۇرا
دەرىجىلىك دىنىي مائارىپ بىلەن چەكلىنىپ قالغانىدى.
مېنىڭ يۇرتۇم خانئېرىقنى مىسالغا ئالساق، ئەينى چاغدا
خانئېرىقنىڭ كەنتلىرىنىڭ ھەممىسىدە ئىپتىدائىي دىنىي مەكتەپ-
لەر بار ئىدى. بازار ئىچىدىكى ئۆتەڭ بازىرىدا بىر مەدرىسە
بولۇپ، مۆمىن داموللام دەرس بېرەتتى. قومۇشئېرىقتا بىر
مەدرىسە بولۇپ، يولدىشاخۇن خەلپىتىم دەرس بېرەتتى. باشقا
يېزىلاردىمۇ شۇنىڭغا ئوخشاش مەدرىسىلەر بار ئىدى. تازغۇن
كىرەملىدە بىر مەدرىسە، پاپچان، ھاراپلاردىمۇ بىردىن مەدرىسە
بار ئىدى. يامانيارنىڭ بايتوقايدا ئاخۇن ھاجىنىڭ ئىشىك ئالدىدا
بىر مەدرىسە بولغان، ياندۇما چوكولۇقتا ئۇرايىم لۈزۈڭ دىگەن
كىشىنىڭ ئىقتىسادىي ياردىمى بىلەن بىر مەدرىسە ئېچىلىپ،
ئاۋۇتاخۇن داموللام دەرس ئۆتكەنىكەن. ئومۇمەن ئېيتقاندا ئەينى
يىللاردا يېڭىشەھەر ناھىيىسىدە ئوتتۇرا دەرىجىلىك مەدرىسىلەر
ئونغا يەتكەن، تالىپلارنىڭ بىر قىسمى يېتىپ ئوقۇغان، كۆپ
قىسمى قاتناپ ئوقۇپ دېھقانچىلىقتىن ئايرىلمىغان، يىغىم -
تېرىم پەيتلىرىدە ئائىلىسىنىڭ دېھقانچىلىقىغا، تۈرلۈك ھاشار،
مەدىكارچىلىققا قاتناشقان. چۈنكى ئاشۇ يىللاردا يۇرتىمىزنىڭ
ئېرىقچىلىق ئۇسۇلى بىر قەدەر قالاق، سۇغۇرۇش سېستىمىسى
يۇرۇشلەشمىگەن، سۇ قىس، خەلق ئامىسىنىڭ شىللىسىدىكى

زۇلۇم ئېغىر، ئالۋان - سېلىق كۆپ، مەھسۇلات تۆۋەن بولغاچ-
قا، دېھقانلارنىڭ ماددىي تۇرمۇشى كاپالەتسىز ئىدى. شۇڭا خەلق-
نىڭ مەنىۋى ھاياتىمۇ كاپالەتسىز ئىدى. ئەينى يىللاردا خانئې-
رىق، قومۇشئېرىق، يەكشەنبە بازار يېزىلىرىنىڭ سۇيى ئاق
ئۆستەڭدىن كېلەتتى، ئاق ئۆستەڭگە گەز دەرياسىدىن سۇ ئېلىنە-
دىغان بولۇپ، ئۆستەڭنىڭ بېشى باغچى يېزىسىنىڭ يۇقىرىقى
قىسمىدا ئىدى. ئۆستەڭنىڭ ئېقىنى ئەگرى - بوگرى، مۇساپە-
سى ئۇزۇن بولغاچقا، سۇ سىڭىپ كېتەتتى ۋە داۋاملىق قۇم
بېسىپ كېتىدىغان بولغاچقا، ھاشىرى كۆپ ئىدى. ئاق ئۆستەڭ
خانئېرىق بازار ئىچىگە تەخمىنەن بىر يېرىم كىلومېتىر كېلىدى-
غان يېقىنلا يەردىن ئېقىپ ئۆتكەچكە، خانئېرىق بازىرىنى ئىككى
قېتىم سۇ بېسىۋالغانىدى. ئېسىمدە قېلىشىچە بىر قېتىملىقى
1934 - يىلى بولسا كېرەك. جوۋادىكى ياقۇۋاخۇن دېگەن كىشى-
نىڭ سارىيىدىكى بوغداي ئۇنلىرى سۇدا قالغانىدى. ئۆستەڭ
ھاشىرى كۆپ بولسىمۇ يەنە دائىم، «پاقىلىقتىن يار كېتىپتۇ»
، «يىلانلىق چۇشۇرگىدىن يار كىتىپتۇ»، «يوپۇرغا ئېغىزىدىن
يار كېتىپتۇ»، «سېرىقئاتادىن يار كېتىپتۇ» دېگەندەك خەۋەرلەر
كېلىپ تۇراتتى شۇنىڭ بىلەن جاپاكەش خەلق ئۆستەڭ ھاشىرىغا
ھەيدىلەتتى. شۇ چاغلاردا ئاڭلىغان بەزى گەپلەردىن قارىغاندا
قىسمەن ئاچكۆز خىيانەتكار مىراپلار سۇنى خەلققە سېتىۋېتىپ
بولغاندىن كېيىن ئۆستەڭنى قەستەن يار ئالدۇرۇۋېتىپ، يۇرتتى-
كى قۇرغاقچىلىقنى يارغا دۆڭگەپ قويىدىغان ئەھۋاللارمۇ بولغان.
ھۆكۈمەت خادىملىرىنىڭ چىرىكلىكى، ئىقتىدارسىزلىقى، خەلق
ئاممىسىنىڭ بىر پادا قويغا ئوخشاش يۇۋاش - يۇمشاقلىقى ئۇلار-
نىڭ زىممىسىگە نۇرغۇن قانۇنى باج سېلىقلاردىن سىرت، يەنە
نۇرغۇن يەرلىك ئالۋان - سېلىقلارنىڭ يۈكلىنىپ قېلىشىغا سە-
ۋەبچى بولغان ئىدى. ئېسىمدە قېلىشىچە شۇ چاغلاردا يەرلىك
ئالۋان - سېلىقلاردىن ئات پۇلى، تاقا پۇلى، ئات جابدۇق پۇلى،



تۆگە كىرا پۇلى، قوناق پۇلى، بىدە - سامان پۇلى، ئوتان پۇلى،
لەڭ تەي پۇلى، پىيما پۇلى، قازان - قاسقان پۇلى (بۇلار
چېرىكلەر ئۈچۈن يىغىلاتتى)، يامۇلغا مەدىكار پۇلى، تاغ مەدىكار
پۇلى، يامۇلنىڭ تەمىرات پۇلى، دوتەي يامۇلنىڭ چىقىم پۇلى،
چۇشكۈن پۇلى، چاجاڭ پۇلى، پوتەي ياسىغان پۇل، يامۇل ئاتقان
پو پۇلى، يامۇلغا سۇقتۇرغان ئىشكەل پۇلى، گۆش پۇلى، تۇخۇم
پۇلى، توخو - تۇشقان پۇلى........ دېگەندەكلەر بار ئىدى.
يۇقىرىقىلار تۈپەيلىدىن خەلق ئاممىسى نامراتلىق ۋە مۇشەققەت
ئىچىدە كۈن كەچۈرەتتى، كۆپ ساندىكى دېھقان پەرزەنتلىرى
ئوقۇش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولالمايتتى. مەدرىسىلەردىكى ئۆ-
لۈك، دوگما ئوقۇتۇش ئۇسۇلى تۈپەيلىدىن تالىپلارغا ئىلىمنىڭ
يۇقۇشى ئاستا بولغاچقا، ئوتتۇرا دەرىجىلىك ئىلىم تەھسىل قى-
لىش ئۈچۈن نەچچە يىل كېتەتتى. كۆپچىلىك تالىپلارنىڭ ئائىلە
ئەھۋالى بۇنىڭغا يار بېرەلمەيتتى، شۇڭا ئۇلار ئاخىرىغىچە ئوقۇ-
يالماي يېرىم يولدا توختاپ قالاتتى. بۇلاردىن باشقا بەزى ئانچە
- مۇنچە ئىپتىدائىي دىنى ساۋاتقا ئىگە ھەتتا، ساۋاتسىز كىشى-
لەرمۇ ئۆزلىرىنىڭ نەسەپ ۋە ھەسەپ ئۈستۈنلىكىگە[1] تايىنىپ
تۇرلۇك مۇھىم دىنى ۋە ھۆكۈمەت ۋەزىپىلىرىنى ئىگىلەپ ئالىدى-
غان ئەھۋاللارمۇ بولۇپ تۇرغاچقا، كىشىلەرنىڭ ئوقۇش قىز-
غىنلىقى مەلۇم تەسىرگە ئۇچرايتتى. مىسال ئالساق 1941 -
1942 - يىللىرى يېڭىشەھەر ناھىيىسىگە ھاكىم بولغان خەن
دېگەن كىشى قەشقەر شەھىرىدىن ئوبۇلقاسىم ئاخۇنۇم ئىسىملىك
بىر ئۆزبېك دىنى ئالىم كىشىنى ئالايتەن تەكلىپ قىلىپ چىقىپ،
يېڭىشەھەر تەۋەسىدىكى 50 نەچچە نەپەر قازى، ئەلەم، مۇپتى
دېگەنلەرنى يىغىپ شەرىئەت ئىلمىدىن ئىمتىھان ئالغان (شۇ
چاغلاردا خانئېرىقتىلا قازى، ئەلەم مۇپتى بولۇپ ۋەزىپە ئۆتەۋات-

[1] ھەسەپ - شۆھرەت

قان كىشى سەككىز ئىكەن) . ئىمتىھاندىن ئۆتەلمىگەنلەرنىڭ
ۋەزىپىسىنى ئېلىپ تاشلاپ مۇھۇرلىرىنى چاققان، بۇ ۋەقە هازىر-
غىچە كونا كىشىلەرنىڭ ئاغزىدا «قازىلارنىڭ مۇھۇرىنى چاققان
يىلى» دەپ ھېكايە قىلىنىدۇ. چىرىكلىك، پارىخورلۇق ئەدەپ
كەتكەن بولغاچقا، 1945 - يىلى يەنى ئىمتىھاندىن ئۆتەلمىگەن
قازىلارنىڭ مۇھۇرلىرى چېقىپ تاشلىنىپ تۆت يىلدىن كېيىنمۇ،
ياندۇمىنىڭ قازىلىقىغا بىر ساۋاتسىز كىشى تەيىنلەنگەن. ئۇ ئەرز
- شىكايەتلەرنى كۆرگەندە، پەتىۋا - ھۆكۈملەرگە موھۇر باسقاندا
باشقا كىشىگە ئوقۇتۇپ ئاڭلاپ موھۇر باسقانىكەن، بۇ گەرچە
قىسمەن ئەھۋال بولسىمۇ، ئەمما ئۆتمۈش زامان ئۈچۈن بىر
كىنايە ئىدى.
شۇ زاماندا دىنى ئىلىمدىن يۇقىرى مەلۇماتلىق بولاي دېگەن
كىشى ئاۋۋال ئائىلە شارائىتى يار بەرسە قەشقەر، يەركەن، خو-
تەنلەرگە ھەتتا بوخارا، ھىندىستان، مىسىرلارغا بېرىپ، 8 -
10 يىل مۇساپىرچىلىقنىڭ دەردىنى تارتىپ ئوقۇشقا مەجبۇر
ئىدى. ھۆكۈمەت ئۇلارغا ئىقتىسادىي ياردەم ۋە زۆرۈر بولغان
قولايلىق شارائىتلارنى يارىتىپ بېرىش ئورنىغا ھە دېسە يوق
يەردىن پۇتاق چىقىرىپ تۇرغاچقا، ئۇنىڭغا مۇيەسسەر بولالايدىغان-
لار بەك ئاز بولاتتى.

## ناھىيىمىزدە يېڭىچە مەكتەپلەرنىڭ بارلىققا كېلىشى

1931 - يىلى خوجانىياز ھاجى باشچىلىقىدا كۆتۈرۈلگەن
قۇمۇل دېھقانلار قوزغىلىڭى ئاخىرى 1933 - يىلى 12 - ئاپرېلدا
جىن شۇرېننى تەختتىن ئۆلاتتى. پۈرسەتنى غەنىمەت بىلگەن
جاللات شېڭ شىسەي توپىلاڭدىن توغاچ ئوغرىلاپ تەختكە چىقىۋال-
دى. ئەمما ئۇنىڭ ھاكىمىيىتى ئەينى چاغدا تېخى مۇستەھكەم



ئەمەس ئىدى. چۈنكى تەڭرى تېغىنىڭ جەنۇبىدىكى تۇرپان، قارا-
شەھەر، كورلا، ئاقسۇ، قەشقەر، خوتەن ۋىلايەتلىرى يەرلىك
قوزغىلاڭچىلارنىڭ قولىدا ئىدى. بۇ جايلاردا ئۆز ھاكىمىيىتىنى
تىكلەش ئۈچۈن، قوزغىلاڭچىلارنى قولغا كەلتۈرۈش زۆرۈرلىكى-
نى ھېس قىلغان ھىيلىگەر شېڭ شىسەي سىياسى نەيرەڭۋازلىق
قىلىپ، قوزغىلاڭچىلارغا ۋاقتىنچە يول قويۇش ھىيلىسىنى قول-
لىنىپ، سوۋېت كونسۇلىنى سالاچى قىلىپ قوزغىلاڭ رەھبىرى
خوجانىياز ھاجى بىلەن ئىتتىپاق تۈزدى ۋە ئۇنى ئۆلكىنىڭ مۇئا-
ۋىن رەئىسلىكىگە تەيىنلەپ ئۇرۇمچىدە، مەھمۇت سىجاڭنى قەش-
قەر گارنىزونىنىڭ مۇئاۋىن قوماندانلىقىغا تەيىنلەپ، بىر دېۋىزى-
يە مىللىي ئەسكەر بىلەن قەشقەردە تۇرغۇزۇپ، قوزغىلاڭ رەھ-
بەرلىرى ۋە خەلقىنىڭ كۈچلۈك تەلىپى، ۋەزىيەتنىڭ تەقەززاسى،
سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ياردىمىدە دېموكراتىيىنى، ھۆرلۈك - با-
راۋەرلىكنى، مىللىي مەدەنىيەت ۋە مائارىپنى يولغا قويۇشقا پايدى-
لىق سىياسەتلەرنى تۈزدى. 1934 - يىلى 8 - ئاينىڭ 5 - كۈنى
ئۈرۈمچىدە ئۆلكىلىك ئۇيغۇر ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى قۇرۇلدى.
شۇ يىلى قىشتا قەشقەردە مەھمۇت سىجاڭنىڭ قوللىشى بىلەن
ۋىلايەتلىك ئۇيغۇر ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى قۇرۇلۇپ، ئابدىكېرىم-
خان مەخسۇم تۇنجى مۇدىر بولدى. ياندۇرقى يىلى يېڭىشەھەر
ناھىيىسىدە ۋىلايەتلىك ئۇيغۇر ئۇيۇشما قارمىقىدا تۆت شۆبە ئۇ-
يۇشما قۇرۇلدى. ئۇلار:
ياندۇما شۆبە ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسى. ئۇنىڭ باشقۇرۇش دائىرى-
سى ياندۇما، يامانيار، ئارامباغ، ئاچۇق، سەككىز تاش بولغان.
ياندۇمىلىق ئىسمايىل بەگ ھاجى بۇ ئۇيۇشمىنىڭ تۇنجى مۇدىرى
بولغان. مەزكۇر ئۇيۇشمىغا ئىلگىرى - كېيىن مۇدىر بولغانلار
ئىسمايىل بەگ ھاجى (ياندۇمىلىق) ، ئەمەتھاجى (قەشقەر شە-
ھەرلىك) ، مەھەممەتنىياز مەخسۇم (بارىن توقايلىق) ، مەھەم-
مەت ئىمىن ئەلى خەلپىتىم (يېڭىشەھەر كونا بازارلىق) ، ھە-

سەن ئاخۇن (قەشقەر قوغانلىق)، ئىبراھىم قارى (بارىنلىق)، مۇسا ھاجى (يامانيارلىق).

خانئېرىق شۆبە ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسى. ئۇنىڭ باشقۇرۇش دائىرىسى خانئېرىق، قۇمۇشئېرىق، تاغارچى، چاقار، شەرەك بولغان، خانئېرىق چاقارلىق تۆمۈر ئاخۇن تۇنجى مۇدىر بولغان. مەزكۇر ئۇيۇشمىغا ئىلگىرى - كېيىن مۇدىر بولغانلار تۆمۈر ئاخۇن (چاقارلىق)، مۇھەممەت غوجى (قەشقەر شەھەرلىك)، ھەبىبۇللا (قەشقەر شەھەرلىك)، سابىر پازىل ھاجى (ئاستىن ئاتۇشلۇق)، ئابباس ئىسمايىل (خانئېرىق ئوقادلىق)، سەيدىن خوجا (خانئېرىق ماجالىق)، ئابلا قازى، ئابباس قۇربان (دايەكلىك).

تازغۇن شۆبە ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسى. ئۇنىڭ باشقۇرۇش دائىرىسى تازغۇن، باغچى، يېڭىئېرىق، قىچچى بولغان. تازغۇنلۇق ئەمەت بەگ ھاجى تۇنجى مۇدىر بولغان. مەزكۇر ئۇيۇشمىغا ئىلگىرى - ئاخىر مۇدىر بولغانلار ئەمەت بەگ ھاجى، مامۇت ئاخۇن، ئەيسا نورۇز، ئابدۇسەمەت رەھىم، ھەسەن ئاخۇن.

ياپچان شۆبە ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسى. باشقۇرۇش دائىرىسى بەش ياپچان، ئەرمىدۇن، ئارال، يېڭىئاۋات، ھاراپ يېزىلىرى بولغان. ياپچانلىق ئابدۇرېشىت خەلپە تۇنجى مۇدىر بولغان. مەزكۇر ئۇيۇشمىغا ئىلگىر - ئاخىر مۇدىر بولغانلار ئابدۇرېشىت خەلپە، غوپۇر قازى (مۇنلۇقلۇق)، ئەيسا ئەمەت (توققۇزاقلىق)، ئابدۇراخمات توختاجى (ياپچانلىق)، ھەسەن ئەمەت (ياپچانلىق)، ئابدۇرەھىم ھاشىم.

شۆبە ئۇيۇشمىلار قۇرۇلۇپلا ۋىلايەتلىك ئۇيغۇر ئاقارتىش ئۇيۇشمىسىغا ئوخشاش ئەۋقاپ ۋە ئۆشرە - زاكاتلارنى ئۇيۇشما ئىختىيارىغا ئۆتكۈزۈۋېلىپ، مەكتەپ قۇرۇلۇشى ۋە مۇئەللىملەر مائاشى ئۈچۈن سەرپ قىلدى. قۇربانلىق قوي - كالىلارنىڭ تېرىلىرىمۇ ئاممىنىڭ ئىختىيارلىقى بىلەن ئۇيۇشمىلارغا تاپشۇ-



رۇلدى. قەشقەر ۋىلايىتىدە مەرىپەتپەرۋەر زات مەھمۇت سىجاڭنىڭ تەشەببۇسى بىلەن پۇلى بارلار پۇل، كۈچى بارلار كۈچ چىقىرىپ مەكتەپ سېلىش دولقۇنى قوزغۇلۇپ، يۇرت - يۇرتلاردا يېڭىچە پەننىي مەكتەپلەر بەس - بەستە سېلىندى. قىسقا مۇددەتلىك كۇرسلار ئېچىلىپ مۇئەللىملەر تەربىيىلەندى. مەھمۇت سىجاڭ قەشقەر مائارىپىغا جان كۆيدۈرۈپ نۇرغۇن مەكتەپ قۇرۇلۇشلىرىنىڭ ئىش باشلاش مۇراسىمىغا شەخسەن ئۆزى قاتنىشىپ، باشلامچى بولغانلارنى تەقدىرلەپ، ھەر ساھە ئاممىسىنى بولۇپمۇ پۇلى بار، يەر - سۇيى بار بايلارنى، ھوقۇقى بار ئەمەلدارلارنى، بىلىمى بار ئۆلىما - ئالىملارنى مائارىپقا، ئەۋلادلارغا كۆپرەك كۆڭۈل بۆلۈشكە چاقىردى. 1935 - يىلى يېڭىشەھەردىكى بارىن مەكتىپىنىڭ قۇرۇلۇشىغا ئىش باشلاش مۇراسىمىغا شەخسەن ئۆزى قاتناشتى. مانا مۇشۇنداق ۋەزىيەت ئاستىدا ناھىيىمىزنىڭ مىللى مائارىپى 1935 - يىلى يوقلۇقتىن بارلىققا كەلدى. شۇ يىلى خانئېرىق شۆبە ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسىنىڭ مۇدىرى تۆمۈر ئاخۇننىڭ باشلامچىلىقىدا خانئېرىق بازىرىدا ئالتە سىنىپلىق بىر مەكتەپ سېلىندى. سۇلايمان خوجا ئۆزىنىڭ ئىشىك ئالدىغا ئۈچ سىنىپلىق بىر مەكتەپ سالدى. ئۆمەر خوجا ماجادا بىر مەكتەپ سالدى. ياندۇمىدا ئىسمايىل بەگ ھاجىنىڭ باشلامچىلىقىدا بازار ئىچىدە ئالتە سىنىپلىق بىر مەكتەپ سېلىندى. بايتوقاي، پىلاللاردا مۇسا ھاجى قاتارلىقلارنىڭ باشلامچىلىقىدا سەككىز سىنىپلىق مەكتەپ سېلىندى. تازغۇن بازار ئىچىدە ئەمەت ھاجىنىڭ باشلامچىلىقىدا بىر مەكتەپ سېلىندى. ياپچان بازار ئىچىدە ئابدۇرېشىت خەلپە باشچىلىقىدا ئالتە سىنىپلىق بىر مەكتەپ سېلىندى. ئەرمىدۇندا شەيخ ھاجى (مىرخالىدىن ھاجى) ئۆز ئۆيىنىڭ ئالدىغا سەككىز سىنىپلىق بىر مەكتەپ سالدى. قىچچىدا تالىپ قازى، بارىندا ئابلىزخان، توقايدا مۇھەممەت نىياز مەخسۇم، ئاربىغدا ئابدۇرېشىت ئەلەم، توغچىدا

ئىمىن ئەلەم، سىرىلىمىدا مۇسا ھاجى، باغچىدا قوزى بەگ، قازىدا
ئىسلام قازى........ قاتارلىق مەرىپەتپەرۋەر زاتلارنىڭ باش بولۇ-
شى نەتىجىسىدە، قىسقا مۇددەت ئىچىدىلا سىنىپلىرى يورۇق ۋە
ئازادە ئولتۇرىدىغان پارتىلىرى بار بولغان يېڭى مەكتەپلەر بارلىق-
قا كەلدى. ناھىيىمىز ئىچىدە بولسا ھازىرقى بالىلار يەسلىسى
ئورنىدا بىر مەكتەپ سېلىنىپ، ئاراباغلىق مەقسۇت بەگ مۇدىر
بولدى (بۇ مەكتەپ 1937 ـ يىلى يازدىكى «ئاق دوپپىلىق
يېغىلىقى» دا ۋەيران بولۇپ كەتتى). بۇ يېڭىچە مەكتەپلەردە
ئاساسلىقى پەننىي دەرسلەر ئۆتۈلدى. قوشۇمچە دىنى دەرسلەرمۇ
ئۆتۈلۈپ ئوقۇغۇچىلار ئەقەللى دىنى بىلىمگە ئىگە قىلىندى.
مەكتەپلەر ۋە ئوقۇغۇچىلار سانىنىڭ كۈنسايىن ئاۋۇشى نەتى-
جىسىدە، ئوقۇتقۇچىلار يېتىشمەي قالغاچقا، 1935 ـ يىلىدىن
باشلاپ ۋىلايەتلىك ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسى قەشقەردە قىسقا مۇددەتلىك
مۇئەللىملەر كۇرسلىرىنى ئېچىپ، ئىمتىھان ئارقىلىق ئەسلىدە
دىنى مەكتەپتە ئوقۇپ ساۋاتى چىققان ياشلاردىن تاللاپ قوبۇل
قىلىپ مۇئەللىملەر يېتىشتۈردى. خانئېرىقتىن مۇھەممەت ئە-
زىم، ئابباس ئىسمايىل، ھاسىت ئەمەت، داۋۇت چوكاق، توختى
ئابىت، ھۈسەيىن كىچىك، مۇھەممەت توختى، ئابباس تىللا،
ھامۇت ھەسەنلەر 1936 ـ يىلى شۇ كۇرستا ئوقۇپ چىققانىدى.
كۇرسنىڭ ياتاق، تاماق، دەپتەر ـ قەلەم ۋە باشقا خىراجەتلىرى-
نىڭ ھەممىسى ۋىلايەتلىك ئۇيۇشمىدىن تەمىن ئېتىلگەن. ئۇلار-
نىڭ ئوقۇش پۈتتۈرۈش مۇراسىمىگە مەھمۇت سىجاڭ شەخسەن
ئۆزى قاتنىشىپ سۆز قىلغان ھەم ھەممەيلەنگە ئوخشاش رەختتىن
ئوخشاش پاسۇندا شىم ـ چاپان، تۇرپانچە مەنۇ گۇللۇك دوپپا
كەيدۈرۈپ ناھايىتى داغدۇغىلىق ئۇزۇتۇپ قويغانىدى.
1936 ـ يىل شىڭ شىسەينىڭ «ئالتە بۈيۈك سىياسەت»
نى ئوتتۇرىغا قويۇشى مىللىي مائارىپ تەرەققىياتىنى تېخىمۇ تېز-
لەتتى. 1937 ـ يىلىغا بارغاندا خانئېرىقتىلا دۈشەنبە بازار مەك-



تەپ، (ئالتە سىنىپ)، ھاجا مەكتەپ (ئۈچ سىنىپ)، بۇياقچى-
غىل مەكتەپ (ئىككى سىنىپ)، ئارا نوغۇت مەكتەپ (ئىككى
سىنىپ)، تاكانىسىڭلىق مەكتەپ (بىر سىنىپ)، چوڭ تاغارچى
مەكتەپ (ئىككى سىنىپ)، چاقىلىق مەكتەپ (بىر سىنىپ)،
يېڭى تام مەكتەپ (ئىككى سىنىپ)، ئارا پايناپ مەكتەپ (بىر
سىنىپ)، چاقا مەكتەپ (ئىككى سىنىپ)، ھالال مەكتەپ
(ئىككى سىنىپ)، موداي مەكتەپ (بىر سىنىپ)، تۆۋەنئېرىق
مەكتەپ (بىر سىنىپ)، قارادۆڭ مەكتەپ (بىر سىنىپ)،
بېھىشتام مەكتەپ (ئىككى سىنىپ)، يارقىشلاق مەكتەپ (ئىك-
كى سىنىپ)، يېڭى قۇچچى مەكتەپ (بىر سىنىپ)، پاختىلىق
مەكتەپ (ئىككى سىنىپ)، سېرىق ئاتام مەكتەپ (بىر سىنىپ
)، بورىچى مەكتەپ (بىر سىنىپ) بولۇپ جەمئىي 34 سىنىپلىق
21 مەكتەپ بارلىققا كەلدى.

## مىللىي مائارىپ گۈلزارىنىڭ جۇدۇن ـ چاپقۇنغا ئۇچرىشى

جاللات شىڭ شىسەينىڭ زىيانكەشلىكى تۈپەيلىدىن قەشقەر
دىيارىدا جان سىغدۇرالمىغان مەھمۇت سىجاڭ 1937 ـ يىلى يازدا
ھىندىستانغا چىقىپ كەتتى. بۇنىڭ بىلەن تازا گۈللەپ ياشناۋاتقان
قەشقەر مىللىي مائارىپى ئۆزىنىڭ كۆيۈمچان باغۋىنىدىن ئايرىلىپ
قالدى. بۇنى ئاز دەپ شىڭ شىسەينىڭ بۇيرۇقى بىلەن قەشقەردە
مىللىي مائارىپ تۆھپىكارلىرىدىن قۇتلۇق ھاجىم شەۋقى، مەم-
تىلى ئەپەندىم تەۋپىق، يۇسۇپ ئەپەندىم زىيائى ۋە تۇرسۇن ئەپەن-
دى قاتارلىق مەشھۇر مائارىپچىلار، ئاتاقلىق زىيالىيلار، مەرى-
پەتپەرۋەر ئىلغار مۆتىۋەر دىنى زاتلار، ئىنقىلابچى ياشلار تۇتقۇن
قىلىندى. «ئۆرۈك ـ ئۆرۈكنى كۆرۈپ ئالا بوپتۇ» دېگەندەك
جايلاردىمۇ ساقچى ئورۇنلىرى قاراپ تۇرمىدى. قەشقەردە باش

كۆتۈرگەن جۇدۇن ــ چاپقۇن ھايت ــ ھۇيت دېگۈچىلا جاي ــ
جايلارغا كېڭەيدى. يوقلۇقتىن بارلىققا كېلىپ ئۆسۈپ يېتىلىش
دەۋرىدە تۇرۇۋاتقان يۇمران مىللىي مائارىپ گۈلزارى ئۇششۇك
سوققان گۈل ــ گىياھتەك شۇمشىرەپ قالدى. بەزى ئۇيۇشمىلار
رەھبەرسىز، بەزى مەكتەپلەر مۇئەللىمسىز قالدى. خانئېرىق
شۆبە ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسىنىڭ مۇدىرى تۆمۈر ئاخۇن بىر كېچىسى
ئۆيىدىن تۇتۇپ كېتىلگەنچە تۈرمىدىن قايتىپ چىقماي، ئىز ــ
دېرەكسىز يوقۇلۇپ كەتتى. سۇلايمان خوجا تۇتقۇن قىلىنىپ
قەشقەر تۈرمىسىگە تاشلاندى. ئەمما، ئۇ كىشى تۈرمىدە كېسەل
بولۇپ قالغاچقا، ئىنىسى ياقۇپ ھاجى ئاكىسىنىڭ ئورنىدا گۆرە-
تەن بولۇپ تۈرمىدە يېتىپ تۇرۇش شەرتى بىلەن كېپىللىككە
چىقىرىلدى. سۇلايمان خوجا خانئېرىقتا ھۆرمەتكە سازاۋەر بولغان
مۆتىۋەر، مەرىپەتپەرۋەر زات ئىدى. بۇرۇن ئۇ ئۆز ئۆيىدە سەك-
كىز ھوجرىلىق مەدرىسە ئېچىپ قەشقەردىن مۇدەررىس تەكلىپ
قىلىپ بالا ئوقۇتقان ئىدى. ئۇ يەنە 1935 ــ يىلى خانئېرىقتا
ھەممىدىن بۇرۇن ئىشىك ئالدىغا ئۈچ سىنىپلىق بىر مەكتەپ
سېلىپ پەننى بىلىملەرنى ئوقۇتۇشنى يولغا قويغان زات ئىدى.
كېپىللىككە چىققاندىن كېيىن ھىندىستانغا چىقىپ كەتتى. ئىنى-
سى ياقۇپ ھاجى تۈرمىدە بولسا بىگۇناھ ئۆلۈپ كەتتى. شۇ
يىللىرى يەنە يامانيار، پىلال مەكتىپىنىڭ مۇدىرى ھاجى مەخسۇر
مەھەممەت تۇتقۇن قىلىندى. شۇ مەكتەپنىڭ مۇئەللىمى مۇسا
ياقۇپ تۈرمىگە كىرىپ كەتكەنچە چىقالماي، ئىز ــ دېرەكسىز
يوقۇلۇپ كەتتى. بۇلاردا گۇناھ بار دېيىلسە ئۇلارنىڭ گۇناھى
پەقەت مىللىي مائارىپ ئۈچۈن ھەق سۆزلەرنى قىلغان، تېگىش-
لىك خىزمەتلەرنى ئىشلىگەن، جاھالەت قاراڭغۇسىغا بىلىم مەش-
ئىلىنى ياققانلا گۇناھى بار ئىدى. شۇ قېتىمقى جۇدۇن ــ چاپقۇن-
نىڭ زەربىسىگە يالغۇز خانئېرىق، يامانيارلار ئۇچراپ قالماس-
تىن، ناھىيىمىزنىڭ جەمى يېزىلىرى ئازدۇر ــ كۆپتۇر ئۇچرى-



دى. نەتىجىدە بەزى مەكتەپلەر مۇئەللىمسىز قېلىپ ئۆزلىكىدىن
تاقىلىپ قالدى. مەھمۇت سىجاڭنىڭ چەت ئەلگە چىقىپ كېتىشى
بىلەن پۇرسەت كۈتۈپ كەلگەن بەزى قارا نىيەت دىنى مۇتەئەس-
سىپ كۈچلەر ئەۋقاپ كىرىملىرىنى قايتىدىن قولغا كىرگۈزۈۋې-
لىپ، ئۇيۇشمىلارنىڭ نورمال كىرىم مەنبەسىنى كېمەيتىۋەتتى.
شۇنىڭ بىلەن ئوقۇتقۇچىلار نەچچە ئايلاپ مائاش تەمىناتسىز قال-
دى.

1941 ــ يىل گىتلېر گېرمانىيىسىنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىغا
تاجاۋۇز قىلىشى نەتىجىسىدە، ستالىندىن يۈز ئۆرۈگەن شىڭ
شىسەي ئۆزىنىڭ ھەقىقىي قىياپىتىنى تولۇق ئاشكارىلاپ، سوۋېت
مۇتەخەسسىسلىرى، مەسلىھەتچىلىرىنى قوغلاپ چىقىرىپ، يەن-
ئەندىن كەلگەن كوممۇنىستلارنى قولغا ئېلىش بىلەن بىرگە،
1935 ــ، 1936 ــ، 1937 ــ يىللىرى تاشكەنت ئوتتۇرا ئاسىيا
دارىلمۇئەللىمىنىدە ئوقۇپ كەلگەن ۋە ئۆزىمىزدە ئوقۇپ يېتىشىپ
چىققان ۋەتەنپەرۋەر زىيالىيلارنى ۋە ھەر ساھە ئىلغار زاتلارنى
تۈرلۈك بەدناملار بىلەن تۇتقۇن قىلدى. تۈرمىلەردە قىيىندى،
ئەڭ قەبىھ ۋاستىلار بىلەن ئۆلتۈردى. ئۇلارنىڭ مال ــ مۈلۈك-
لىرىنى مۇسادىر قىلىپ، ئائىلە تاۋابىئاتلىرىنى ياقا يۇرتلارغا
سۈرگۈن قىلىپ تۈرمۈشتا خورلىدى. قەشقەر ۋىلايىتىدە نەچچە
يۈزلەپ، نەچچە مىڭلاپ زىيالىي، ۋەتەنپەرۋەر، مەرىپەتپەرۋەر
دىنى زاتلار ۋە ئاق قارىنى بىلىپ قالغان ھۈنەرۋەن كاسىپلار
تۈرمىلەرگە تاشلاندى، سېپىل تاملىرى ئاستىغا تىرىك كۆمۈل-
دى، ئۆزلىرىگە كولاتقان ئورىلارغا تاشلىنىپ ئاھاك بىلەن كۆ-
مۈپ تاشلاندى. سوۋېت ئىتتىپاقىدا بېسىلغان دەرسلىكلەر مەج-
بۇرى يىغىۋېلىنىپ كۆيدۈرۈلۈش بىلەن، ئەكسىيەتچى مەزمۇندى-
كى دەرسلىكلەر ئۇنىڭ ئورنىغا دەسسىتىلدى. ئوقۇغان، ئوق-
قان، ئىلىم ــ مەرىپەت دېگەن كىشىلەرنىڭ بېشىغا كەلگەن بۇ
قىسمەتلەرنى كۆرگەن خەلق ئاممىسى «ئوقۇغان ــ ئوقىغانلارنىڭ

كۈنى شۇ بولسا» دەپ باللىرنى مەكتەپتىن چىقىرىۋالدى. ئۇ-
رۇق - تۇغقانلىرىنىڭكىدە يوشۇرۇپ باقتى. بۇ ئەھۋال تاكى شىڭ
شىسەي ھىيلىگەرلىك بىلەن يۇتۇپ - يالماپ، زورلۇق بىلەن
بۇلاپ - تالاپ توپلىغان ھەددى ھېسابسىز ئالتۇن كۈمۈش
دەپى - دۇنيالارنى ئېلىپ، 1944 - يىلى 8 - ئايدا ئىچكىرىگە
تىكىۋەتكىچە داۋاملاشتى.

## گومىنداڭ دەۋرىدىكى مىللىي مائارىپ

شىڭ شىسەينىڭ ئورنىغا ۋۇجوڭشىن رەئىس بولۇپ كەلدى.
شۇنىڭدىن باشلاپ شىنجاڭدا گومىنداڭ دەۋرى باشلاندى. ۋۇجوڭ-
شىن بىلەن شىڭ شىسەي گەرچە بىر جاڭگالنىڭ بۆرىلىرى، بىر
پىلەكنىڭ خەمەكلىرى بولسىمۇ، ئەمما ھەر قانداق بىر يېڭى
ھۆكۈمران خەلق رايىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن ھامان چىراي-
لىق گەپلەرنى قىلىشقا، ئانچە - مۇنچە ياخشى ئىشلارنى قىلىشقا
توغرا كەلگەچكە، شىڭ دەۋرىدە تۈرمىگە تاشلانغان سىياسى مەھ-
بۇسلارنى ئازاد قىلدى، بەزى دېموكراتىك خەلقچىل سىياسەتلەر-
نى يولغا قويدى. شۇ يىلى ناھىيىمىزدە ناھىيىلىك ئۇيغۇر ئاقار-
تىش ئۇيۇشمىسى قۇرۇلۇپ (ئورنى ھازىرقى ناھىيىلىك باللار
يەسلىسىنىڭ ئورنىدا ئىدى)، ئۇيۇشمىلار باشقۇرۇشىدىكى مەك-
تەپلەرگە بولغان يېتەكچىلىك بىر قەدەر كۈچەيتىلدى. ئابدۇۋا-
يىت ئەلەم ئۇيۇشمىنىڭ تۇنجى مۇدىرى بولدى. ئەينى چاغدىكى
مەكتەپلەر «خۇيلى مەكتەپ» يەنى ئۇيۇشما باشقۇرۇشىدىكى مەك-
تەپ ۋە «شەنلى مەكتەپ» يەنى ناھىيىلىك ھۆكۈمەت باشقۇرۇشى-
دىكى مەكتەپ دەپ ئاتىلاتتى. «شەنلى مەكتەپ» لەرنىڭ راسخوتى
چىقىملىرى بىلەن مۇئەللىملەرنىڭ مائاشى ھۆكۈمەت تەرىپىدىن،
ئۇيۇشما باشقۇرۇشىدىكى مەكتەپلەرنىڭ راسخوت چىقىملىرى بە-
لەن مۇئەللىملەرنىڭ مائاشى ئۇيۇشما تەرىپىدىن يەنى ئۇيۇشمى-



نىڭ ئەۋقاپ، ئۆشرە - زاكات كىرىمىدىن بېرىلەتتى. ناھىيىلىك
ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسى قۇرۇلغان چاغدا خەنزۇ مەكتەپ بىلەن دەرۋازا
ئالدى مەكتەپ (بەش سىنىپلىق) شەنلى مەكتەپ ئىدى. 1947
- يىلى ئەتىيازغا بارغاندا خانئېرىق بازار مەكتەپ، قېچىچى
مەكتەپ، سىرىلما مەكتەپلەرمۇ شەنلى مەكتەپ قاتارىغا ئۆتتى.
ۋۇجوڭشىننىڭ دېموكراتىك سىياسەتلىرى قاتارىدا ناھىيە-
لەردە كېڭەش (سەنيىخۇي) قۇرۇش، يېزىلاردا يېزىلىق مەھكى-
مە (شاڭ گۇڭسۇ) قۇرۇپ زىيالىيلار ۋەكىللىرىنىمۇ ھاكىمىيەت-
كە قاتناشتۇرۇش ئارقىلىق خەلق ئاممىسىنى قولغا كەلتۈرۈش
سىياسىتىمۇ يولغا قويۇلدى. ئۇنىڭ بۇ سىياسىتىنىڭ ماھىيىتى-
نى 1945 - يىلى يېڭىشەھەرگە ھاكىم بولۇپ كەلگەن خۇاڭ
جۇۋنىڭ ئىش - پائالىيەتلىرىدىن بىلىۋېلىش مۇمكىن.
خۇاڭ جۇۋنىڭ ئەسلى ئىسمى تۇراپ بەگ، مىللىتى ئۇي-
غۇر، يۇرتى يەكەن بولۇپ، ئۈرۈمچى شۆتاڭلىرىدا ئوقۇپ ئەمەل-
دار بولۇپ شىڭ دەۋرىدە تۈرمىگە چۈشۈپ قالغان. ۋۇجوڭشىن
رەئىس بولۇپ كەلگەندىن كېيىن، تۈرمىدىن چىقىرىلىپ يېڭىشە-
ھەر ناھىيىسىگە ھاكىملىققا ئەۋەتىلگەن (شۇ چاغدا يېڭىشەھەر
بارىنلىق ماموت ھەسەن دېگەن كىشى مۇئاۋىن ھاكىملىققا تەيىن-
لىنىپ ئۈزۈن ئۆتمەي، پەيزىۋات ناھىيىسىگە يۆتكىۋېتىلگە-
نىدى). خۇاڭ جۇۋ يېڭىشەھەرگە ھاكىم بولۇپ كېلىپلا ھەر
ساھەنى تۈرلۈك ئۇسۇللار بىلەن ئۆزىگە تارتىش تاكتىكىسىنى
قوللاندى. مەسىلەن: دىنى ساھەنى پات - پات زىياپەتكە چىللاپ
خەتمە ئوقۇتۇپ، قۇرئان تەپسىر قىلدۇرۇپ تون يېپىش، بەزىلە-
رىگە ھەتتا ئات تەقدىم قىلىش بىلەن ھۆكۈمەتكە مايىل قىلماقچى
(بۇ چىقىملار خەلق ئۈستىدىكى سېلىقلارنىڭ ئاشۇرۇلۇشى بىلەن
ھەسسىلەپ تۆلىتىۋېلىناتتى) بولدى. مائارىپ ساھەسىنى بولسا
مائارىپچىلار ۋەكىللىرىنى ھاكىمىيەت ئىشلىرىغا قاتناشتۇرۇش
ئارقىلىق قولغا كەلتۈرمەكچى بولدى. گومىنداڭنىڭ بۇنچىلىك

قىلىپ كېتىشىدە سەۋەب بار ئىدى. چۈنكى بۇ چاغ ئىلىدا پارتلە-
غان ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى ئۈچ ۋىلايەتنى تولۇق ئازاد قىلىپ
بولغان، ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت باشقا ۋىلايەتلەرگە يۈرۈش قىلىش
تەييارلىقىنى كۆرۈۋاتقان، جەنۇبتىكى خەلق ئاممىسىنىڭ قەلبى
ئىلغارلىققا، ئىنقىلابقا تەلپۈنىۋاتقان چاغلار ئىدى.

1945 - يىلىنىڭ 10 -، 11 - ئاي كۈنلىرى ئىدى. ھاكىم
خۇاڭ جىۋۇ مۇھەممەتنىياز مەخسۇم قاتارلىق بىر قانچە كىشى
بىلەن خانئېرىققا بېرىپ، بۇرۇنقى خانئېرىق بەگلىكىنى 2 يېزىغا
يەنى خانئېرىق شىمالى بەشىنچى شاڭ بىلەن خانئېرىق جەنۇبىي
ئالتىنچى شاڭغا (قومۇشئېرىق) بۆلدى. مەن خانئېرىق بازار
مەكتىپىنىڭ مۇدىرى ئىدىم. بىر جۈمە كۈنى خانئېرىق بازىرىدى-
كى چوڭ مەسچىتتە جۈمە ئوقۇلۇپ بولغاندىن كېيىن، خۇاڭ
جىۋۇ جامائەتكە يىغىن ئېچىپ خانئېرىق جەنۇبىي ئالتىنچى شاڭ
(بۈگۈنكى قومۇشئېرىق يېزىسى) قۇرۇلغانلىقىنى، خانئېرىقنىڭ
شاڭجاڭلىقىغا ئىمىن ئەلەم، مۇئاۋىن شاڭجاڭلىقىغا خانئېرىقنىڭ
بۇرۇنقى بېگى ئوسمان بەگ، ئابباس قۇربان بەلگىلەنگەنلىكىنى
جاكارلىدى. مېنىڭ مەمۇرىي ۋەزىپەم ئۈستىدە توختۇلۇپ: «ئاب-
باس قۇربانىنىڭ ۋەزىپىسى خانئېرىق مائارىپىغا مەسئۇل بولۇش،
شاڭگۇڭسونىڭ باشقا خىزمەتلىرىگە ياردەملىشىش بىلەن خەلققە
چېچىلىدىغان ئالۋان - سېلىقلار ئۈستىدىن نازارەت قىلىش،
مەكتەپ مۇدىرلىقىنى قوشۇمچە ئۆتەۋېرىدۇ، پىكرىڭلار بارمۇ؟
» دېدى. جامائەت بىردەك چاۋاك چېلىپ قوشۇلغانلىقىنى بىل-
دۈردى. شۇنىڭ بىلەن مەن خانئېرىقنىڭ مۇئاۋىن بېگى بولۇپ
قالدىم. (ھۆكۈمەت شاڭجاڭ دەپ ئاتىسىمۇ، خەلق ئاممىسى
يەنىلا ئادەتلىنىپ قالغان تىلى بويىچە «بەگ» دەپ ئاتىغاندى)
. شۇ قېتىمقى يېزىلاردىكى ھاكىمىيەت قۇرۇلۇشىدا ياندۇما شۆبە
ئۇيغۇر ئويۇشما مۇدىرى ئىبراھىم قارىم، ياپچان بازار مەكتەپ
مۇدىرى سوپۇرگە ئىمىن، تازغۇن شۆبە ئۇيغۇر ئويۇشما مۇدىرى



ئابدۇسەمەت رەھىملەرمۇ ماڭا ئوخشاش شۇ جايلارنىڭ مۇئاۋىن
بەگلىرى بولغانىدى. ھۆكۈمەتنىڭ بىزگە قانداق مەقسەت مۇددى-
ئالار بىلەن ھاكىمىيەت تۇتقۇزغىنىدىن قەتئىينەزەر، بىزنىڭ ھا-
كىمىيەت ئىشىغا ئارىلىشىشىمىزنىڭ شىڭ دەۋرىدە خازان بولغان
مائارىپ گۈللىرىنى قايتا ياشارتىش ئىشىدا ئازدۇر - كۆپتۇر
پايدىسى تەگدى.

شۇ كۈنلەرنىڭ بىرىدە ھاكىم خۇاڭ جىۋۇ بىزنى (مائارىپ-
چىلاردىن بەگ بولغانلارنى) ناھىيىگە چاقىرتىپ مەخسۇس يىغىن
ئېچىپ، بىرىنچىدىن جايلارنىڭ مائارىپ خىزمىتىنى ياخشى تۇ-
تۇپ، نورمال ئوقۇ - ئوقۇتۇشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش، مەكتەپكە
كەلمىگەن ئوقۇغۇچىلارغا ھەيدەكچىلىك قىلىش ئۈچۈن بوجاڭ،
جاجاڭ دېگەنلەرگە مەمۇرىي بۇيرۇق چۈشۈرۈش؛ ئىككىنچىدىن
خەلق زىممىسىگە زىيادە ئالۋان - سېلىق يۈكلەشكە يول قويماس-
لىق، مەسىلىلەرنى ۋاقتىدا ئۇنىڭغا مەلۇم قىلىش توغرىسىدا
بۇيرۇق بەردى. بۇ يىغىننىڭ روھى ناھايىتى ئىجابى بولغاچقا،
بىز بۇندىن كېيىن خەلق ياخشى كۈنلەرگە ئېرىشىدىغان ئوخشاي-
دۇ، دەپ قارىدۇق. لېكىن كېيىنكى ئەمەلىيەت بۇنىڭ بىر
سىياسىي ئالدامچىلىق ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىدى. مەن ئەينى
چاغدا ماڭا بېرىلگەن چەكلىك ھوقۇقتىن پايدىلىنىپ يۈشۈرۈنۈپ
يۈرگەن ئوقۇغۇچىلارنى قايتۇرۇپ كېلىش، ئوقۇتقۇچىلىقتىن
رايى يېنىپ كەتكەنلەرگە خىزمەت ئىشلەپ خىزمەتكە جەلپ قى-
لىش، مەكتەپلەرنىڭ شارائىتىنى ياخشىلاش، ئوقۇتقۇچىلارنىڭ
مائاش تەمىناتىنى ۋاقتىدا بەرگۈزۈش قاتارلىق خىزمەتلەرنى ئىش-
لەپ، ئوقۇ - ئوقۇتۇش ئىشلىرىنى ئەسلىگە كەلتۈرگەندىن
سىرت، خەلق ئۈستىدىكى ئالۋان - سېلىقلارنى كېمەيتىشكە
تىرىشتىم، شۇ چاغلاردا خانئېرىق خەلقىنىڭ زىممىسىگە يۈكلەن-
گەن سېلىقلارنىڭ ئېغىرلىقىغا قارىتا ئاممىنىڭ پىكرى كۆپ،
نارازىلىقى كۈچلۈك ئىدى. بۇ سېلىقلارنىڭ چوڭ بېشى غەللە-

پاراق بولغاچقا، مەن ئالدى بىلەن غەللە - پاراقنى تەكشۈرۈپ
چىقىشىمىز لازىم دەپ قاراپ، خانئېرىق خەلقىنىڭ پىكىر تەلەپ-
لىرىنى خۇاڭجىۋۇغا يەتكۈزۈپ، ناھىيىلىك ھۆكۈمەتنىڭ كۆتەك
دەپتىرىنى كۆچۈرۈپ چىقىشىمىزغا ۋە كۆتەكتىكى ساننى ئاساس
قىلىپ تۇرۇپ، ئارتۇق چېچىلغان غەللە - پاراقنى دېھقانلارنىڭ
زېمىنىدىن كۆتۈرۈۋېتىشىمىزگە رۇخسەت قىلىشنى تەلەپ قىل-
دىم. ئۇ بۇ تەلەپكە قوشۇلۇپ كۆتەك دەپتەرنى ئۇيغۇرچىغا تەرجى-
مە قىلىپ ئوقۇپ بېرىشكە قېچىچىلىق مەھەممەت بەگنى ئورۇن-
لاشتۇرۇپ بەردى. مەھەممەت بەگكە تۆت سەر كۈمۈش چاي پۇلى
بېرىپ (تۆت سەر كۈمۈشكە بىر تاغار بۇغداي ئۈنى كېلەتتى)
، خانئېرىقتىن مۇئەللىم ئوبۇل ھامىتنى (مەرھۇم 1954 -
يىلدىن كېيىن ناھىيىلىك مەدەنىيەت يۇرتىغا گۇەنجاڭ بولغان-
دى) دەپتەرگە ئېلىشقا ئورۇنلاشتۇردۇم. بۇ ئەھۋالدىن خەۋەر
تاپقان خانئېرىق خەلقى بۇنىڭدىن كۆپ خوشال بولدى ۋە چوڭ
ئۈمىد كۈتتى. بىزمۇ بۇ ئىشقا ناھايىتى قىزغىنلىق بىلەن تۇتۇش
قىلدۇق. شۇنىڭ بىلەن مەھەممەت بەگ كەنت، ئائىلە بويىچە
تەرجىمە قىلىپ بەرگەننى، ئوبۇل ھامىت ئۇدۇللۇق دەپتەرگە
يېزىپ تەخمىنەن 1946 - يىلى 2 - 3 - ئاي كۈنلىرى بىر
ئاي ئىچىدىلا بۇ ئىشنى تاماملاپ، چوڭ ئۈچ دەپتەرنى تولدۇردى.
بىز كۆتەك دەپتەردىكى غەللە - پاراق بىلەن ئەمەلىيەتتە
خانئېرىق خەلقىگە چېچىلىپ كېلىۋاتقان غەللە - پاراق ئوتتۇرى-
سىدا خېلىلا چوڭ پەرق بارلىقىنى بايقاپ، ھەممە ئائىلىنى ئۆز-
لىرىنىڭ كۆتەكتىكى غەللە - پاراق ۋەزىپىسىدىن خەۋەردار قىلى-
شىمىز لازىم ئىكەن، دەپ قاراپ، ھەممە ئائىلە تۆلەشكە تېگىش-
لىك غەللە - باراق ۋەزىپىسىنى ئائىلە بويىچە ئايرىم - ئايرىم
كۆچۈرۈپ كەنتلەر بويىچە رەتلەپ چىقىشقا ئادەم ئورۇنلاشتۇر-
دۇم. بۇ بىر ھەققانى ئىش تازا ياخشى كېتىۋاتقان، خەلق ئاممى-
سى بۇ ئىشىمىزدىن زور ئۈمىد بىلەن بىزگە تىكىلگەن



كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئىمىن ئەلەم، ئوسمان بەگ باشچىلىقىدىكى
60 - 70 دەك بەگ ۋە ئۇلارنىڭ گوپپاڭچىلىرى بازار مەكتەپكە
ئوسسۇپ كىرىپ، بىزنىڭ ئىشىمىزغا قارىتا نارازىلىقىنى بىلدۈ-
رۈپ ئېگىز - پەس توۋلاپ مەكتەپ تەرتىپىنى بۇزدى. ئاخىرى
بىز مەكتەپ ئالدىدىكى مامۇت ئەلەمنىڭ ھويلىسىغا چىقىپ يىغىن
ئېچىپ كېڭەشمەكچى بولدۇق. لېكىن، ئۇ يەردىمۇ تىركىشىپ
قېلىپ بىرلىككە كېلەلمىگەندىن كېيىن، ئاخىرى ئۇلار «ھازىر-
چە كۆتەكنى ئۆمەر خوجا خالىس ساقلاپ تۇرسۇن، كېيىن كېڭە-
شىپ بىر تەرەپ قىلايلى»، دەپ تۇرۇۋالدى. ئۆمەر خوجا خانئې-
رىقتا ناھايىتى ئابرويلۇق زات بولغاچقا، جىمى دەپتەرنى ئۇ
كىشىگە تاپشۇرۇپ بەردىم. 1946 - يىلىنىڭ 4 -، 5 - ئاي
كۈنلىرى ئىدى. بىر كۈنى خۇاڭ جىۋۇ ئىمىن باينى خانئېرىقتا
ئەۋەتىپ مېنى چاقىرتىپتۇ. كەلسەم خۇاڭ جىۋۇ قىزىرىپ -
تاتىرىپ قاتتىق قىراق تەلەپپۇزدا: «بۇندىن كېيىن شاڭنىڭ ئىشىغا
ئارىلاشماي، مەكتەپ ئىشى بىلەن بولۇڭ»، دېدى. شۇندىن
كېيىن يېزىلىق مەھكىمىنىڭ مەمۇرىي ئىشلىرىغا ئارىلاشماي،
ئۆز مەكتىپىمنىڭ خىزمىتى بىلەنلا بولدۇم. بۇنىڭدىن ھەممىدىن
بەك خوشال بولغان كىشى رەھمەتلىك دادام بولدى. مېنى مۇئا-
ۋىن بەگلىككە تەيىنلىگەندە دادام ئاڭلاپ: «ئاپلا، مەنسەپ دېگەن
ھەلەپ سوۋۇتتى ئىدى»، دەپ قالغانىتى.
ناھىيىمىزدىكى ماڭا ئوخشاش مۇئاۋىن بەگ بولغان باشقا
مائارىپچىلارنىڭ تەقدىرىمۇ ئاساسەن ماڭا ئوخشاش بولدى. ئۇلار-
مۇ ئۆزۈنغا قالماي مەھكىمە خىزمىتىدىن يىراقلاشتۇرۇلدى.
ئەمەلى ئېلىپ تاشلاندى. شۇنداق قىلىپ بىزنىڭ دېھقانلار ئۈس-
تىگە ئارتۇق يۈكلىنىپ قالغان غەللە - پاراقنى ئېلىپ تاشلاش،
شۇڭ دەۋرىدە ۋەيران قىلىنغان مائارىپ گۈلزارىنى ئەسلىگە كەل-
تۈرۈش يولىدا كۆرسەتكەن تىرىشچانلىقىمىز بىكار كەتتى.

# بىتىم دەۋرىدىكى مىللىي مائارىپ

1946 - يىلى 6 - ئايدا گومىنداڭ ھۆكۈمىتى بىلەن ئۈچ ۋىلايەت ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتى ئوتتۇرىسىدا 11 ماددىلىق تىنچلىق بىتىمى ئىمزالىنىپ، ئەخمەتجان ئەپەندى ئۆلكىگە مۇئاۋىن رەئىس، ئابدۇكېرىمخان مەخسۇم قەشقەرگە ۋالىي، قاسىمجان قەمبىرى مۇئاۋىن ۋالىي بولدى. بىتىمنىڭ ئىمزالىنىشى بىلەن قەشقەردە مائارىپچىلار، دېموكراتىك كۈچلەر باش كۆتۈرۈپ ئىنقىلابىي تەشۋىقاتلار جانلىنىپ كەتتى. بولۇپمۇ قەشقەر نوبېشى مەكتەپتە چىقىرىلىدىغان «مۇئەللىم» گېزىتى بىتىم روھىنى، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ غەلىبىسى ۋە ئۇنىڭ ئەھمىيىتى قاتارلىقلارنى تەشۋىق قىلىش، خەلق ئاممىسىغا ئۆزلىرىنىڭ دېموكراتىك ھوقۇقىنى، ئىنسانىي قەدىر - قىممىتىنى تونۇتۇش، زۇلۇمغا، زورلۇققا، چىرىكلىككە قارشى كۆرەشكە چاقىرىش جەھەتتە ناھايىتى كاتتا رول ئوينىدى. بۇ چاغدا قەشقەر جۈملىدىن ناھىيىمىز يېڭىشەھەرنىڭ مائارىپى بۆلەكچە جانلىنىپ كەتتى. زالىملارنىڭ دەستىدىن چوڭراق بىرنى تىنالمىغان خانئېرىق خەلقى خۇۋاڭ جىۋۇنىڭ پارىخورلۇق، خىيانەتچىلىك قىلمىشلىرىنى پاش قىلىپ، ۋالىي ئابدۇكېرىمخان مەخسۇمغا خەت سۇندى. شۇ كۈنلەردە خانئېرىقتىكى ياش ئوقۇتقۇچىلاردىن بىر قانچىمىز بىر كۈنى ئۆز ئارا پاراڭلىشىپ ئولتۇرۇپ گەپتىن گەپ چىقىپ مەخپىي بىر ئىنقىلابىي تەشكىلات قۇرماقچى بولدۇق. شۇ چاغلاردا خانئېرىق ئوقۇتقۇچىلىرى ھەپتىدە بىر قېتىم بازار مەكتەپكە يىغىلىپ ئۆگىنىش قىلاتتى. بىر كۈنى ئۆگىنىش ئاياغلاشقاندىن كېيىن ئالدىن دېيىشىۋالغىنىمىز بويىچە مەن، تۇرسۇن خۇدايار (خانئېرىق بازار مەكتىپىنىڭ ئىلمىي مۇدىرى)، مۇھەممەت نامان (خانئېرىق شۆبە ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسىنىڭ كاتىپى)، مەھەممەت توختى (قۇمۇشئېرىق مەكتەپنىڭ مۇدىرى)، قاسىم مەمەت (چا-



قار مەكتەپنىڭ مۇدىرى)، قاسىم ناسىر (قۇمۇشئېرىق مەكتىپىنىڭ مۇئەللىمى)، مۇسا ھاپىز (خانىرىق شۆبە ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسىنىڭ مالىيە كادىرى)، ئەزىز قاسىم، تەۋەككۈل ئېلى (مۇئەللىم) قاتارلىق توققۇز كىشى بىردىن - ئىككىدىن بولۇپ، ھاجا مەكتەپ تەرەپكە يۈرۈپ كەتتۇق (بۇنداق مەخپىي يىغىن ئۆچۈن شۇ چاغدا ئۇ يەردىن بۆلەك بىخەتەر، تىنچ جاي يوق ئىدى). نامازشام ۋاقتىدا نىشانغا يېتىپ بېرىپ، ھاجا مەكتەپ ئالدىدىكى سۇلايمان خوجىنىڭ چوڭ قورۇسىدا يىغىن ئاچتۇق. سۇلايمان خوجىنىڭ قورۇسى نەچچە يىلنىڭ ئالدىدا جاللات شېڭ شىسەي تەرىپىدىن «خائىنلار مۈلكى» قاتارىدا مۇسادىرە قىلىنغاندىن تارتىپ بوش بولۇپ، دەرۋازا تۈۋىدىكى بىر ئۆيدە جۇۋازچى بىر ئادەم ئىشىكنى سىرتقا ئېچىپ ئولتۇرغان، قالغان ئۆيلەرنىڭ ھەممىسى بوش قالغانىدى. بىز دەرۋازىدىن تاشقىرقى ھويلىغا كىرىپ ئۆگزىگە چىقىپ، ئاندىن ئىچكىركى ھويلىغا چۈشۈپ ئىشىكى ئوچۇق بىر ئۆينى تاپتۇق، ئارىمىزدىن بىرەيلەن مازدا پىلىك ئىشىپ تاۋاقتا سېلىپ، ھېلىقى جۇۋازچىدىن ياغ قۇيغۇزۇپ كىردى. چىراق يورۇتتۇق. يىغىندا ھەممىمىزنىڭ پىكرى بىر يەردىن چىقىپ تەشكىلاتنى رەسمىي قۇرۇپ چىقتۇق. ئۇنىڭ نامىنى «زۇلۇمغا قارشى» دەپ ئاتىدۇق. مەن (ئاباس قۇربان) تەشكىلاتنىڭ مەسئۇللىقىغا، تۇرسۇن خۇدايار تەشۋىقات - تەرغىبات خىزمىتىگە، مۇھەممەت توختى تەشكىلات خىزمىتىگە، مۇھەممەت نامان كاتىبات خىزمىتىگە سايلاندۇق (بۇلارمۇ ماڭا ئوخشاش پىنسىيىدە ياشىماقتا). تەشكىلاتىمىزنىڭ ۋەزىپىسى خەلق ئاممىسىغا بىتىم روھىنى تەشۋىق قىلىش ئارقىلىق ئۆزلىرىنىڭ دېموكراتىيە ھوقۇقىنى تونۇتۇش، ئىنقىلابىي ئېڭىنى ئۆستۈرۈش، 3 ۋىلايەت ئىنقىلابىنى ۋە ئۇنىڭ غەلىبىسىنى تەشۋىق قىلىش (چۈنكى گومىنداڭچىلار بۇنداق خەۋەرلەرنى قاتتىق قامال قىلىپ، خەلق ئاممىسىدىن مەخپىي تۇتقان ۋە بۇرمىلىغانىدى)

، خەلق ئاممىسىنىڭ دېموكراتىيە ئېڭىنى، مائارىپ قىزغىنلىقىنى ئۆستۈرۈش، خۇاڭ جۇڭدەك ئىككى يۈزلىمىچى گومىنداڭچىلارغا ۋە ئۇلارنىڭ يان تايىغى بولغان مۇتەئەسسىپ كۈچلەرگە قارشى كۈرەش قىلىش بولدى. تەشۋىقات جەھەتتە خانئېرىقنىڭ دۈشەنبە بازار كۈنى، يېڭى قۇچچىنىڭ پەيشەنبە بازار كۈنلىرى، بىر بۆلۈك ئوقۇتقۇچى، ئوقۇغۇچىلارنى ساز، داقا - دۇمباق بىلەن بازارغا چىقىپ تەشۋىق قىلىشقا تەشكىللىمەكچى، ئىلغار دىنىي زاتلار بىلەن يۇرت مۆتىۋەرلىرىنىڭ قوللاپ - قۇۋۋەتلىشىنى قولغا كەلتۈرۈش بىلەن، ئۇلارنىمۇ ئاممىغا سۆز قىلىپ بېرىشكە تەكلىپ قىلماقچى بولدۇق. يەنە ئوقۇتقۇچىلارغا ھەپتىدە بىر قېتىم ئائىلە سۆھبىتى نامى بىلەن تەشۋىق قىلىش ۋەزىپىسى تاپشۇرماقچى بولدۇق. بۇ تەشكىلاتقا كېيىنچە توختى مۇللا (ئازادلىقتىن كېيىن قەشقەر شەھەرلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەشنىڭ دائىمىي ھەيئەت ئەزاسى، مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ ئەزاسى، ئاپتونوم رايونلۇق سودا - سانائەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ مۇدىرى، مەملىكەتلىك سودا - سانائەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ ئىجرائىيە ئەزاسى بولغان) قاتناشتى.

تەشۋىقات - تەرغىبات ئىشلىرىنىڭ كۈچەيتىلىشى نەتىجىسىدە، خانئېرىق ۋە قومۇشئېرىق خەلقى ئويغاندى. يۇقىرىغا قايتا - قايتا ئەرز - شىكايەتلەرنى يازدى. بىر بۆلۈك ئامما يېڭىشەھەرگە كېلىپ دەڭ سارايلاردا يېتىپ، ھۆكۈمەتكە تەلەپ قويدى. ۋالىي مەھكىمىسى، ۋىلايەتلىك ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسى يېڭىشەھەرگە تەكشۈرۈش ئۆمىكى چىقاردى. ۋالىي مەھكىمىسىنىڭ تەكشۈرۈش ئۆمىكى ھاكىم خۇاڭ جۇڭنىڭ پارىخورلۇق، خىيانەتچىلىك قىلمىشلىرىنى تەكشۈردى. ۋىلايەتلىك ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسىدىن چىققان يۈسۈپ ئاخۇن خەلپىتىم، مۇھەممەت سەئىدىن باشلىق تۆت كىشى خانئېرىق، ياپچان شۆبە ئۇيۇشمىلىرى بىلەن



ناھىيىلىك ئۇيۇشمىنىڭ كىرىم - چىقىملىرىنى مۇپەتتىش قىلىپ تۆلىتىلىشكە تېگىشلىك نەرسىلەرنى ۋاقتىدا تۆلىتىپ بىر تەرەپ قىلدى. قەشقەر گېزىتىدە ناھىيىلىك ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسىدىكى ئايرىم شەخسلەرنىڭ خىيانەتچىلىك قىلمىشلىرى ئېلان قىلىنىپ تەنقىدلەندى. كېيىنچە خۇاڭ جۇڭنىڭ ئەمەلى ئېلىپ تاشلىنىپ، خانئېرىقلىق تىلىۋالدى ئېلى مۇۋەققەت ھاكىم بولدى. ئوقۇ - ئوقۇتۇش ئىشلىرىدا روشەن ياخشىلىنىش بولۇپ، بالىلارنى مەكتەپكە يىتقىلى بارغان ئوقۇتقۇچىلارنى ئىزۇرۇپ قويىدىغان، تىل - دەشنام بېرىدىغان، بالىلىرىنى يوشۇرۇپ قويۇپ مەكتەپتىن قاچۇرىدىغان ئەھۋاللار خېلى تۈزىتىلىپ، خانئېرىق مائارىپى يەنە بىر قېتىم جانلىنىپ كەتتى. بۇ چاغدا ناھىيىمىزنىڭ مائارىپ ئىشلىرىدىمۇ خانئېرىقتىكىگە ئوخشاش ياخشى ۋەزىيەت بارلىققا كەلگەنتى.

1946 - يىلى 8 - ، 9 - ئاينىڭ بىر كۈنى، گومىنداڭنىڭ قەشقەردە تۇرۇشلۇق قىسىملىرىنىڭ قوماندانى ياڭ دالياڭ پىكاپ بىلەن خانئېرىققا كېلىپ، خانئېرىق 5 - ، 6 - شاڭدىكى بەگ، بوجاڭ، جاجاڭ، گەيجاڭ، قازى - قوززان، مۇپتى - ئەلەملەر ۋە مائارىپچىلاردىن تەخمىنەن 500 دەك ئادەمنى چاقىرىپ كېلىپ، خانئېرىق پەيچۇسونىڭ يېنىدىكى مامۇتاخۇن باينىڭ ئۆيىنىڭ ئالدىدىكى سەينادا يىغىن ئاچتى. يىغىنغا مەن، ئابباس ئىسمايىل، تۇرسۇن خۇدايار، ھەسەن خۇدابەردى، مۇھەممەت ئامان قاتارلىقلارمۇ قاتناشتۇق. يىغىندا ياڭدالياڭ ھاكاۋۇرلۇق بىلەن ئۇزۇن نۇتۇق سۆزلىدى. ئۇنىڭ سۆزىنىڭ مەزمۇنى گومىنداڭنىڭ ئۆچمەسلىكىنى ۋە ھەربىي كۈچىنى كۆككە كۆتۈرۈش، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنى قارىلاش، گومىنداڭغا سادىق غالچىلارنى ماختاش، ئاممىغا قارىتا يوشۇرۇن تەھدىت يۈرگۈزۈپ يۈرىكىگە قورقۇنچ سېلىش ئاساسىدا بولدى. ئۇنىڭ گومىنداڭنىڭ ئەسكىرى كۈچىنى ماختىغاندا قىلغان: «بىز - پۈتكۈل قەشقەرنى

سەككىز سائەتتە، يېڭىشەھەرنى ئىككى سائەتتە تۇپتۇز قىلىۋېتەلەيمىز، ئىلى ئوغرىلىرى خۇددى بىز بۆرگە، بۆرگە دېگەن سەكرەپ - سەكرەپ ئىزىغا چۈشىدۇ. ئۇنى تۇتۇپ قولىمىزدا ئۇۋۇلىشىۋەتسەك شۇئان تۈگىشىدۇ»، دېگەن سۆزلىرى ھېلىغىچە ئېسىمدە.

ياڭ دالياڭ شۇ كۈنى خانئېرىق پەيچوسودا قونۇپ قالدى. بىزنىڭ «زۇلۇمغا قارشى» تەشكىلاتىنىڭ ئەزالىرىدىن شۇ ئاخشىمى بارلاردىن مەن، توختى موللام، مۇھەممەت نامان، قاسىم مۇھەممەت قاتارلىقلار قاسىم مۇھەممەتنىڭ بازار ئىچىدىكى ئۆيىگە يىغىلىپ، «يوقالسۇن گومىنداڭ»، «يوقالسۇن ياڭ دالياڭ!» «ياشىسۇن خەلق ئىنقىلابى!» دېگەن مەزمۇنلاردا خېلى جىق شوئار يازدۇق، بۇ ھەركىتىمىزگە ۋىلايەتلىك ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسىدىن خانئېرىققا خىزمەتكە كەلگەن نەسىردىناخۇن، غوپۇر ئاخۇن دېگەن كىشىلەر ۋە خانئېرىقلىق ئۆمەر ياقۇپ قاتناشقانىدى. شوئارلار يېزىلىپ بولغاندىن كېيىن، بىز ئۈچ گۇرۇپپىغا بۆلۈنۈپ شوئار چاپلايدىغان كوچا، دوقمۇشلارنى تەقسىملىدۇق. 1 - گۇرۇپپىنىڭ شوئار چاپلاش رايونى خانئېرىق پەيچوسونىڭ ئالدىدىن تارتىپ تۆمۈرچى كوچىسىغا قەدەر بولدى. 2 - گۇرۇپپىنىڭ شوئار چاپلاش رايونى باجخانا ئالدىدىن تارتىپ توخۇم بازىرىغىچە بولغان چوڭ كوچا بولدى. 3 - گۇرۇپپىنىڭ شوئار چاپلاش رايونى تاۋاقچى بازىرىدىن جۇۋاغىچە بولغان جايلار ۋە يېزىلىق مەھكىمىنىڭ ئالدى بولدى. توختى موللام بىلەن ئۆمەر ياقۇپ بىر گۇرۇپپىدا بولۇپ، توختى موللام «يوقالسۇن ياڭ دالياڭ!» دېگەن شوئارنى پەيچوسو ئالدىدا توختىتىپ قويۇلغان ياڭ دالياڭنىڭ ماشىنىسىغا چاپلىغان، ئۇلار شوئارنى چاپلاپ بولۇپ ياتىدىغان چاغدا ماشىنا ساقلاش ئۈچۈن قويۇلغان قاراۋۇل سۇلتان بەگ تۇيۇپ قالغان، سۇلتان بەگ خانئېرىق پەيچوسونىڭ ساقچىسى بولۇپ، خانئېرىقلىق ياقۇپ ھاتتا دەيدىغان قول ئىلكىدە-



دە بار ئادەمنىڭ بالىسى ئىدى. ئۇ توختى موللامنى كۆرۈپ تونۇپلا قالغان. چۈنكى، ئۇلار بىرىنچىدىن بىر يۇرتلۇق، ئىككىنچىدىن ئىنقىلابقا ماھىل ياش بولغاچقا، سۈرەن سالماي توختى موللامنى قويۇۋەتكەن. ئەتىسى ياڭ دالياڭ ۋە ئۇنىڭ ھەمرالىرى ماشىنىغا چاپلانغان شوئارنى كۆرگەن. ياڭ دالياڭ پۇتلىرىنى يەرگە ئۇرۇپ چېچىلىپ، سوجاڭ يى دامىڭ (يېڭى ئۆستەڭ ئاۋاتلىق ئۇيغۇر، ئىسمى ئىمىن)غا كايىغان، يى دامىڭ سۇلتان بەگنى تەستەك، مۇشت، پەشۋا بىلەن سوراق قىلىپ، «ھېچكىمنى كۆرمىدىم»، دېگەن جاۋابتىن باشقا گەپ ئالالماي ساقچىلىقتىن بوشىتىۋەتكەنىدى.

1946 - يىلى 10 - ئايدا، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ سايلام خىزمەت گۇرۇپپىسىنىڭ مەسئۇللىرىدىن بۇرھان ئەپەندى بىلەن سەيپىدىن ئەپەندى قەشقەرگە يېتىپ كېلىپ، سايلام تەشۋىقاتى ۋە سايلامغا نازارەت قىلىش خىزمىتىگە مەسئۇل بولدى. ناھىيىمىزنىڭ سايلىمى شۇ يىلىنىڭ ئاخىرىدا ئۆتكۈزۈلگەن بولۇپ، ئۇنىڭغا سەيپىدىن ئەپەندىم بىۋاستە يېتەكچىلىك قىلغانىدى. سايلامدىن بۇرۇن سايلام ھەيئىتى تەشكىل قىلىنىپ مۇھەممەت ئىمىن خەلپىتىم ھەيئەت مۇدىرى بولدى. سايلام نىزامنامىلىرىنى تەشۋىق قىلىش، ۋەكىل تۇرغۇزۇش ۋە باشقا تەييارلىق خىزمەتلەر ئاياغلاشقاندىن كېيىن، 170 نەپەر ۋەكىلنىڭ (مەنمۇ ۋەكىل ئىدىم) بېلەت تاشلىشى بىلەن مۇۋەققەت ھاكىم تىلىۋالدى ئېلى ھاكىم، ئوپاللىق سىدىق مۇسايوف مۇئاۋىن ھاكىملىققا سايلاندى. بېلەت تاشلاش ئۇسۇلى جەھەتتە ھەر بىر ۋەكىلگە بىر قىزىل چوكا، بىر كۆك چوكا تارقىتىپ بېرىلگەنىدى. بولىدۇ دېگەنگە قىزىل چوكا، بولمايدۇ دېگەنگە كۆك چوكا كۆتۈرگەندۇق، بۇ سايلام يېڭىشەھەر تارىخىدىكى تۇنجى دېموكراتىك سايلام بولدى. سايلامدا يەنە ناھىيىلىك كېڭەشنىڭ ئەزالىرى بىلەن كېڭەش باشلىقى سايلاندى. سايلانغان كېڭەش ئەزالىرى 17 نەپەر

بولۇپ ئۇلاردىن ئېسىمدە قالغانلىرى:

(1) ئابدۇرېشىت ئەلەم (بارىن ئاربىاغلىق)، (2) مۇھەممەت ئىمىن خەلپىتىم (يېڭىشەھەر كونا بازاردىن)، (3) ئابدۇرەھىم قازى (يېڭىشەھەر كونا بازاردىن)، (4) سۇلايمان قازى (قۇمۇشئېرىق قۇچچىدىن)، (5) ئۆمەر خوجا (خانئېرىق ماجادىن)، (6) ئەخمەت خۇيجاڭ (قۇمۇشئېرىق تۆۋەنكى ئۇندىن)، (7) مامۇتخان ھاجى (تازغۇن كىرەملىدىن)، (8) ھەسەن مۇدىر (تازغۇن كىرەملىدىن)، (9) ئابدۇرەھىم قاسىم (ناھىيىلىك ھۆكۈمەتتىن)، (10) سىدىق بەگ (ناھىيىلىك ھۆكۈمەتتىن)، (11) ئابباس قۇربان (خانئېرىق بازار مەكتەپتىن).

كېڭەش ئەزالىرى ناھىيىمىزنىڭ ھەر جاي، ھەر ساھەلىرىدىن سايلانغان بولۇپ، مەن مائارىپچىلار ۋەكىلى بولۇپ سايلانغانىدىم. ناھىيىمىزدىكى نامدار دىنى زات، ئىلغار مۆتىۋەر ئابدۇرېشىت ئەلەم كېڭەش باشلىقى بولدى. سايلامدا يەنە ئابدۇرېشىت ئەلەم، ئەخمەت خۇيجاڭ، سىدىق مۇسايۇف، تۇردى ئابدۇرەھىم قاتارلىق تۆت كىشى ئۆلكىلىك قۇرۇلتاينىڭ ۋەكىللىكىگە سايلاندى. ئۇلار يۇقىرىنىڭ ئۇقتۇرۇشى بويىچە 1947 - يىلى 4 - ئايدا ئۈرۈمچىگە يېتىپ بارغان بولسىمۇ، دېموكراتىيىدىن ئۆلگۈدەك قورقىدىغان گومىنداڭچىلارنىڭ قىيىنچىلىق تۇغدۇرۇشى، بۇزغۇنچىلىق قىلىشى تۈپەيلىدىن قۇرۇلتاي ۋاقتىدا ئېچىلمىدى. ئۇلار ئۈرۈمچىدە نەچچە ئاي ساقلاپ ئاخىرى ئەخمەتجان ئەپەندىمگە ئەگىشىپ غۇلجىغا كېتىپ تاكى 1950 - يىلىغا قەدەر ئۈچ ۋىلايەت تەرەپتە ئىنقىلابى خىزمەت بىلەن شۇغۇللاندى. ئابدۇرېشىت ئەلەم كېيىن ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ ئەزاسى بولدى. قالغانلارمۇ مۇناسىپ رەھبىرى خىزمەتكە قويۇلدى.

يېڭىشەھەر ناھىيىسىدە دېموكراتىك سايلام ئارقىلىق مەرىپەتپەرۋەر، ئىلغار زاتلارنىڭ ھاكىملىققا، كېڭەش باشلىقلىققا ۋە



باشقا مۇھىم خىزمەتكە تەيىنلىنىشى، يېڭىشەھەر مائارىپى ئۈچۈن كۈتمىگەن ياخشى ۋەزىيەت ئېلىپ كەلدى. ئۇلار مائارىپنى ھەر جەھەتتىن پائال قوللاپ، مائارىپ تەرەققىياتىغا، مائارىپچىلارنىڭ قەت كۆتۈرۈشىگە پايدىلىق چارە - تەدبىرلەرنى تۈزۈپ چىقتى. مەكتەپلەرنىڭ نۇرغۇن قىيىنچىلىقلىرى ھەل قىلىندى، شۆبە ئۇيۇشمىلارنىڭ كىرىملىرى ئېشىپ، مۇئەللىملەرنىڭ مائاشى ۋاقتىدا بېرىلىدىغان بولدى. جەمئىيەتتە مائارىپنى سۆيىدىغان، ئوقۇتقۇچىلارنى ھۆرمەت قىلىدىغان، بالىلارنى ئۆزلۈكىدىن مەكتەپكە بېرىدىغان قىزغىنلىق قايتىدىن ئەسلىگە كېلىشكە باشلىدى. خانئېرىق بازار مەكتىپىنىڭ 30 - يىللاردا ياسىلىپ تاملىرى زەيلەپ شورىداپ كەتكەن ئالتە سىنىپلىق قۇرۇلۇشى ئورنىدا تىلىۋالدى شەنجاڭ، سىدىق مۇسايۇف، ئابدۇرېشىت ئەلەم قاتارلىق يۇرت كاتتىلىرىنىڭ قوللىشى، ئۇيۇشمىنىڭ بىر قىسىم مەبلەغ چىقىرىشى، بىزنىڭ خانئېرىق خەلقىدىن بىر قىسىم مەبلەغ جۇغلىشىمىز نەتىجىسىدە، ئۇلى پىششىق قىشلىق، ئاستى تاختايلىق، دېرىزىلىرى ئەينەكلىك يورۇق ۋە ئازادە سەككىز سىنىپلىق مەكتەپ قەد كۆتەردى. پارتا ئورۇندۇقلارنىمۇ يېڭىدىن ياساتتۇق. ھۆكۈمەت ۋە خەلق مەكتەپ قۇرۇلۇشىنى شۇ قەدەر قوللىغان ئىدىكى، قۇرۇلۇشقا قانچىلىك ياغاچ لازىم بولسا ئۇنى پاچچىدىكى توغراقلىقتىن كېسىپ كېلىپ ئىشلەتكەنىدۇق. بۇنىڭغا ھېچكىمنىڭ قورسىقى ئاغرىمىغان، بەلكى خۇش بولغانىدى.

## مىللىي مائارىپنىڭ 2 - قېتىم جۇدۇنغا ئۇچرىشى

3 ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ كۈچلۈك بېسىمى ئاستىدا شىنجاڭدا خەلقچىل دېموكراتىك سىياسەت يولغا قويۇلۇپ، خەلق ئاممىسىغا

سايلاش - سايلىنىش ھوقۇقى بېرىشكە ۋەدە قىلغان گومىنداڭ ۋەدىسىدە تۇرماي 1947 - يىلى 5 - ئايدا مەسئۇت سەبىرىنى شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ رەئىسلىكىگە تەيىنلىدى. بۇ ئەھۋال ئۈچ ۋىلايەت تەرەپنى نارازى قىلىپلا قالماي، بەلكى دېموكراتىك ھوقۇقى دەپسەندە قىلىنغان بارلىق شىنجاڭ خەلقىنىمۇ نارازى قىلدى. شۇنىڭ بىلەن جايلاردا يىغىلىش، نامايىشلار ئۆتكۈزۈلۈپ، مەسئۇت سەبىرىنىڭ رەئىس بولۇشىغا قارشى تۇرۇپ ئۆلكە رەئىسىنى سايلام ئارقىلىق ۋۇجۇتقا كەلتۈرۈشنى تەلەپ قىلىش دولقۇنى بىردىنلا قوزغىلىپ كەتتى. مۇشۇنداق بىر سىياسى ۋەزىيەتتە بىزنىڭ «زۇلۇمغا قارشى» تەشكىلاتىمىز 5 - ئاينىڭ ئاخىرلىرى خانئېرىقنىڭ بىر دۈشەنبە بازار كۈنى 5000 كىشىلىك نامايىش ئۇيۇشتۇردۇق. نامايىشقا خانئېرىقنىڭ نامدار زاتلىرىدىن مامۇت ئەلەم (خانئېرىق بازار ئىچىدىن)، تاھىر قازى ئاخۇنۇم (تاغارچىدىن)، سۇلايمان قازى ئاخۇنۇم، غاپپار ھاجىم، قۇربان قازى ھاجىم (قۇمۇشئېرىقتىن)، سەدىن ئەلەم، ئۆمەر خوجا (ماجادىن)، كاملخان خوجا (شەرەكتىن)، ئىمىن ئەلەم (پايناپتىن) لەر قاتناشتى.

نامايىشچىلار ئالدى بىلەن بازار مەكتەپ سەيناسى، مەكتەپ ئالدىغا توپلاندى. پاتمىغانلار پايناپ ئېرىقنىڭ بويىدىكى يولغا يىغىلدى. ئۇ يەردە قىسقا يىغىلىش ئۆتكۈزگەندىن كېيىن پىلاكات ۋە بايراقلارنى كۆتۈرۈپ، ئالتىدىن قاتار بولۇپ سازچىلار ۋە دۇمباقچىلارنىڭ يول باشلىشىدا «مەسئۇتنىڭ رەئىسلىكىنى تونۇمايمىز!»، «خەلق ھوقۇقى جارى قىلىنسۇن!»، «يوقالسۇن جاڭ جېجوڭ!»، «يوقالسۇن گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى!»، «ياشىسۇن ئەخمەت ئەپەندىم!» دېگەن شوئارلارنى توۋلاپ كوچا ئارىلاپ نامايىش قىلدۇق ۋە دوقمۇشلاردا توختاپ تەشۋىقات ئېلىپ باردۇق. خانئېرىقتىكى نامايىش ناھايىتى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئۆتتى. بىز ئەتىسى يېڭىشەھەردە نامايىش قىلماقچى بولدۇق ۋە



خانئېرىقتىكى نامايىشقا قاتنىشىپ بىزنى قوللىغان مۆتىۋەرلەر بىلەن مەسلىھەتلىشىپ، ئۇلارنىڭمۇ قوللىشىنى قولغا كەلتۈردۇق. شۇنداق قىلىپ ئەتىسى سەيشەنبە كۈنى ئوقۇتقۇچىلار ۋە چوڭ - سىنىپ ئوقۇغۇچىلىرى ھەمدە ئامما ۋەكىللىرى ناھىيىگە كېلىپ نامايىش قىلىش قارارىغا كەلدۇق. قارار بويىچە ئەتىسى ئەتىگەندە مەكتەپلەر ۋە ئامما ۋەكىللىرى ئۆز تەۋەلىرى بويىچە تەشكىللىنىپ ئايرىم - ئايرىم يولغا چىقماقچى، يېڭىشەھەرگە يېتىپ كەلگەندە ئۇچرىشىپ توپلانماقچى بولدۇق. ئەتىسى خانئېرىق بازار مەكتەپ بىلەن بىر قانچە مەكتەپلەر ھەممىدىن بۇرۇن يولغا چىقىپ كەتتۇق. بىزنىڭ بەزىمىز ئاتلىق، بەزىمىز ئېشەكلىك، بەزىمىز ھارۋىلىق، بەزىمىز پىيادە ئىدۇق. بىز پېشىن ۋاقتى بىلەن يايلاققا يېتىپ كەلگىنىمىزدە ئالدىمىزدىن تىلىۋالدى شەنجاڭ، مەمتىمىن خەلپىتىم، ناھىيىلىك ساقچى ئىدارىسىنىڭ باشلىقى ھېلىم بەگ، ناھىيىلىك ھۆكۈمەت خادىملىرىدىن ئابدۇرېھىم قاسىم، سىدىق بەگ ۋە ساقچى باتۇر قەمبەر باشلىق ئىككى - ئۈچ ساقچى بولۇپ ئوندەك ئادەم پوچتىلىق، ئاتلىق چىقىپ قالدى. تىلىۋالدى شەنجاڭ ئايىغىغا كۆز يەتمەيدىغان، ئۇستى - بېشى توپا - توزان، روھى تېتىك نامايىشچىلار توپىنى كۆرۈپ ھاياجان ئىچىدە سەل جىددىيلىشىپ قالغاندەك قىلدى ۋە بىزگە قاراپ: «ئۇكىلىرىم - بالىلىرىم، بۈگۈن ئارقىمىزغا يانايلى، ئەتە خانئېرىقتا مۇھىم يىغىن بار، يىغىننى ئاڭلاپ ئاندىن كېلەيلى»، دېدى. بىز: «شەھەرگە ئاز قالدۇق، مەجلىسنى نامايىشنى تۈگىتىپ كەلگەندىن كېيىن ئاچساق ياكى مۇشۇ يەردىلا ئاچساق»، دەپ تۇرىۋالدۇق. تىلىۋالدى شەنجاڭ: «بىز ئاچىدىغان يىغىن بەك مۇھىم ۋە جىددى، خانئېرىق خەلقىنىڭ ھەممىسى ئاڭلىمىسا بولمايدۇ، شۇڭا مېنىڭ گېپىمنى ئاڭلاپ كەينىڭلارغا يېنىڭلار»، دېدى. تىلىۋالدى شەنجاڭ ئۆزىمىز ئىشىنىپ سايلىغان ھاكىم بولغاچقا گېپىنى ئاڭلىمىساقمۇ

بولمايتتى. شۇنداق قىلىپ بىز كەينىمىزگە ياندۇق. خانئېرىقتا يىغىنلاشقاندا تىلىۋالدى شەنجاڭ ماڭا ئاستا: «ئەتە مەجلىسمۇ ئاچمايمىز، يېڭىشەھەردىكى ھەربىي تەرەپنىڭ پەيلى بەك يامان بولغاچقا، سىلەرنى توسۇپ ياندۇرۇش ئۈچۈن چىققانتۇق»، دېدى. ئۇقساق يېڭىشەھەردىكى جەنۇبىي شىنجاڭ گارنىزونىنىڭ قوماندانى تىلىۋالدى شەنجاڭ بىلەن ھېلىم بەگنى قوماندانلىق شتابىغا چاقىرتىپ: «ئاڭلىسام خانئېرىقلىق مۇلتەك ئەپەندىلەر ئاممىنى كۈشكۈرتۈپ نامايىش قىلىمىز، دەپ كېلىۋېتىپتۇ. سىلەر ئالدىغا بېرىپ ياندۇرۇڭلار، ئەگەر گەپ ئاڭلىماي كېلىۋەرسە ئۆز ئۇۋالى ئۆزىگە»، دەپ تەرىنى تۈرۈپ بۇيرۇق قىلغان ۋە ئەسكەرلەرنى سېپىلگە چىقىرىپ مۇھاپىزەتنى كۈچەيتكەندىن سىرت، يۈزدەك ئەسكەر چىقىرىپ ناچۇقتا بۆكتۈرمىدە تۇرۇشقا بۇيرۇق قىلغان. تىلىۋالدى شەنجاڭلار نامايىشچى ئاممىنىڭ ماياتىدىن ئەنسىرەپ ئالدىمىزنى توسقان. شۇنداق قىلىپ خانئېرىق خەلقىنىڭ دېموكراتىيە ۋە ھوقۇق تەلەپ قىلىشتىن ئىبارەت ھەققانى ھەرىكىتى ھەربىي تەرەپنىڭ قوراللىق تەھدىت سېلىشى بىلەن بۆشكىدە ئۇجۇقتۇرۇلدى. شۇ ئىش ئۆتۈپ ئۇزۇن ئۆتمەي، ئىككى يۈزلىمە گومىنداڭچىلار جاللاتلىق قىلىچىنى يالىڭاچلاپ شىنجاڭ بويىچە ۋەتەنپەرۋەر زىيالىيلارنى، ئىلغار زاتلارنى، ئىنقىلابچى ياشلارنى تەقىپ قىلدى، تۇتقۇن قىلدى، كالتەكچى لۈكچەكلەر ئارقىلىق ئۇرغۇزدى ۋە ئۆلتۈردى. نەتىجىدە ئۆلكىمىزنىڭ جۈملىدىن ناھىيىمىزنىڭ مائارىپ گۈلزارى 2 - قېتىملىق قابىھەتلىك جۇدۇن - چاپقۇنغا ئۇچراپ، يەنە بىر قېتىم ۋەيران بولدى.

قەشقەردە ۋالىي ئابدۇكېرىمخان مەخسۇم ھەربىيلەر تەرىپىدىن ئۆز قورۇسىدا نەزەربەنت قىلىندى. قاسىمجان قەمبىرى، ياقۇپ ھاجىم، دارىلمۇئەللىمىن مۇدىرى نىزامىدىن، تۇرغۇن ئالماس قاتارلىق مەشھۇر زىيالىيلار، ئىنقىلابچىلار يېڭىشە-



ھەردىكى ھەربىي تۈرمىگە تاشلاندى. بۇلاردىن باشقا نۇرغۇن مائارىپچىلار ئۇرۇپ زەخىملەندۈرۈلدى، تۈرمىگە تاشلاندى. بەزىلىرى قېچىپ ئۆزىنى دالدىغا ئېلىشقا مەجبۇر بولدى.

يېڭىشەھەردە تىلىۋالدى شەنجاڭ ناھىيىلىك ھۆكۈمەت قورۇسىدا نەزەربەنت قىلىنىپ، ئامغا تارتىۋېلىندى. مۇھەممەت ئىمىن خەلپىتىم ناھىيىلىك ھۆكۈمەت تۈرمىسىگە، ئابدۇرەھىم قاسىم، سىدىق بەگلەر ھەربىي تۈرمىگە تاشلىنىپ 2 - 3 ئاي قامالدى.

خانئېرىقتا توقسۇن ئەپەندىم، سۇلايمان قازى، توختى موللام، تۇرسۇن خۇدايار، مامۇت ساۋۇت، ئوبۇلقاسىم دوختۇر، كەمسەن باي ۋە مەن مانئېرىق پەيچۇسو تەرىپىدىن تۇتقۇن قىلىندۇق. مەن ناھىيىلىك ساقچى ئىدارىسىنىڭ تۈرمىسىگە يوللاپ بېرىلدىم، قالغانلار خانئېرىق پەيچۇسودا قاتتىق قىيىن - قىستاقتا ئېلىنىپ ئۇرۇلدى. ئالدى خېلى كۈنلەرگىچە، كەينى بىر كېچە - كۈندۈز سولاقتا ياتتى. داۋۇت چوڭنى كالتەكچىلەر يېڭىشەھەردىن تۇتۇۋېلىپ، كونا بازاردىكى توخۇ بازىرىدا ئۇرۇپ چالا ئۆلۈك قىلىپ تاشلىۋەتكەن، پەيچۇسونىڭ كالتەكچىلىرى توقسۇن ئەپەندىنى ئۇرۇپ چالا ئۆلۈك قىلىپ، خانئېرىق بازار مەكتىپىنىڭ كەينىدىكى مامۇتاخۇن باينىڭ قوناقلىقىغا تاشلىۋەتكەن. شۇ كۈنلەردە مەنمۇ ئۇلارغا ئوخشاش تۇتقۇندا تۇرۇۋاتقىنىم ئۈچۈن، توقسۇن ئەپەندىنىڭ كېيىن نېمە بولغانلىقىنى بىلەلمىدىم. تا ھازىرغىچە ئۇ كىشىنى ھېچيەردە ئۇچرىتالمىدىم. توقسۇن ئەپەندىم 1936 - يىلى تاشكەنتكە بېرىپ ئوقۇغان زىيالىيلىرىمىزدىن ئىدى، مەن ۋە تۇرسۇن خۇدايارنىڭ تۇتقۇن قىلىنىشىمىز بىلەن تەشكىلاتىمىزنىڭ ئەزالىرى مەكتەپنى تاشلاپ قېچىپ، يىراق - يېقىندىكى ئۇرۇق - تۇغقان، ئەل - ئاغىنىلىرىنىڭ ئىچىدىكى ئىشەنچلىك دەپ قارالغانلارنىڭ ئۆيلىرىگە يوشۇرۇنغان. بۇلارلا ئەمەس بەلكى نۇرغۇن مۇئەللىملەر شۇ قاچ -

قاچتا مەكتەپنى تاشلاپ قېچىپ، ئۆز جانلىرىنى دالدىغا ئالغان.
بۇ قېتىمقى قاچ - قاچ بىلەن ئۇر - ئۇر يالغۇز ناھىيە ۋە
خانئېرىقتىلا يۈز بېرىپ قالماي، بەلكى ناھىيىمىزنىڭ باشقا يېزى-
لىرىدىمۇ بولۇپ ئۆتتى. بىرلا مىسال، شۇ قېتىمقى تۇتقۇندا
ياپچان بازار مەكتىپىنىڭ مۇدىرى بوۋاق تىللامۇ تۇتۇلغان بولۇپ،
ساقچىلار ئۇنى ياپچاندىن تاغارغا سولاپ ناھىيىگە ئېلىپ كېلىپ،
ساقچى ئىدارىسىنىڭ تۈرمىسىگە تاشلىغان.

شۇ قېتىمقى تۇتقۇندا ناھىيىمىز مائارىپىنىڭ ۋە مائارىپچىلا-
رىنىڭ بېشىغا كەلگەن تەتۈر قىسمەتلەردىن تەپسىلىرەك مەلۇمات
بېرىش ئۈچۈن، گېزى كېلىپ قالغاچقا ئۆز سەرگۈزەشتلىرىمدىن
ئازراق مىسال كەلتۈرىمەن.

1947- يىلى 7- ئاي مەزگىلى، بىر كۈنى خانئېرىق شۆبە
ئۇيغۇر ئۇيۇشما مۇدىرى سەدىن ئەلەم: «ئەتە ئىككىمىز ناھىيە-
لىك ئۇيۇشمىغا بىر بېرىپ كېلەيلى»، دېدى. شۇ كۈنلەردە
ناھىيىلىك ئۇيغۇر ئۇيۇشما ئارقىلىق ھەل قىلىدىغان بەزى ئىشلار
يىغىلىپ قالغان بولغاچقا، مەنمۇ دەرھال ماقۇل بولدۇم ۋە ئەتى-
سى ئىككىمىز ئاتلىق يولغا چىقتۇق. بۇ چاغدا جاھان تېخى
تىنچلىق ئىدى. يولدا كىتتۇۋېتىپ قەشقەر دارىلمۇئەللىمىندە ئو-
قۇغان يامانيارلىق ئوقۇغۇچىلارغا ئۇچراپ، ئۇلاردىن كېچە قەش-
قەردە ھەربىي ھالەت بولۇپ ساقچىلارنىڭ دارىلمۇئەللىمىندە ئوق
چىقىرىپ ئادەم تۇتقانلىقىنى، شۇ پاتپاراقچىلىقتا ئۇلارنىڭ كېچە-
لەپ مەكتەپتىن قېچىپ چىققانلىقىنى ئۇقتۇق. «ئەمدى قانداق
قىلىمىز؟» دېسەم، سەدىن ئەلەم: «ئاۋۋال ئەمەتخان مەخسۇم-
نىڭ ئۆيىگە بېرىپ ئەھۋالنى ئۇقۇپ باقايلى»، دېدى. ئەمەتخان
مەخسۇم ۋالىي-ئابدۇكېرىمخان مەخسۇمنىڭ ئىنىسى، سەدىن خو-
جىنىڭ ئۆگەي دادىسى ئىكەن. شۇ گەپ بىلەن بىز ناچۇق يولىدىن
چەتنەپ ئاراباغ تەرەپكە مېڭىپ غەجەك يولى بىلەن قىزىل دەريا-
سىدىن ئۆتۈپ دۆلەتباغ يولى بىلەن ئەمەتخان مەخسۇمنىڭ ئۆيىگە



باردۇق. بېرىپ كۆردۇقكى دەرۋازا يېپىق، دەرۋازا ئالدى ۋە ئۆي
ئەتراپىدا قوراللىق ئەسكەرلەر تۇرۇپتۇ، بۇ ئەھۋالنى يىراقتىن
كۆرۈپلا ھەر ئىككىمىزنىڭ چىرايى ئۆڭدى - دە، دەرھال ئاتنىڭ
بېشىنى بۇراپ سەدىن ئەلەمنىڭ چومبۇستىكى تۇغقىنى ئەمەتئا-
خۇنۇمنىڭ ئۆيىگە بېرىپ، 4 - 5 كۈن تۇردۇق. شۇ جەرياندا
قەشقەر ۋە يېڭىشەھەردە يۇقىرىدا بايان قىلىنغان تۇتقۇن قىلىش
ئەھۋالىنىڭ بولغانلىقىنى ئۇقتۇق. بەشىنچى كۈنى سەدىن ئەلەم
بىلەن ئىككىمىز خانئېرىققا كەتمەكچى بولۇپ ئوزاپ چىقىپ،
يېڭىشەھەر ناھىيىلىك ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسىغا كىرىپ كېتەيلى دې-
يىشىپ، يېڭىشەھەرگە كېلىپ ئۇيۇشما ئالدىغا كەلسەك دەرۋازا
ئوچۇق تۇرۇپتۇ، بىز ئىچكىرى كىرىپ ئاتنى باغلاپ قويۇپ
قارىساق ئىشخانىلاردا ئادەم يوق، شۇ ئارىلىقتا سەدىن ئەلەم:
«جەنۇبىي شىنجاڭ گارنىزونى سىياسىي بۆلۈمىدە مامۇت ھاجىم
دەيدىغان بىر تۇغقۇنۇم بار، بېرىپ كۆرۈشۈپ كېلەي»، دەپ
چىقىپ كەتتى. تەخمىنەن 20 - 30 مىنۇت ئۆتكەندىن كېيىن
گەيجاڭ قاسىم ئىمىن بىلەن يەنە بىر ناتونۇش ئادەم كىرىپ:
«سىلىنى ئىسلام پەيجاڭ چاقىرىۋاتىدۇ»، دېدى. بۇ گەپنى
ئاڭلاپ يۈرۈكىم قارتتىدە قىلىپ قالدى. ئىسلام پەيجاڭ دېگەن
3 ۋىلايەت ئىنقىلابى تاشقۇرغان، تاشمىلىق، ئوپال، ئويتاغ قاتار-
لىق جايلاردا تاغ ئىنقىلابى قوزغىغاندا گومىنداڭغا ئەسكەر بولۇپ
پەيجاڭ بولغان، كېيىن ھەربىدىن بوشاپ گارنىزون سىياسىي
بۆلۈمىدە جوجاڭ بولۇپ ئىشلەيدىغان يېزنىسى جوچوجاڭ (جوچو-
جاڭ دېگەن ئىسلام پەيجاڭنىڭ ئاچىسى جۇتەتەيىنىڭ ئېرى) دېگەن-
نىڭ ھوقۇقىغا تايىنىپ، يېڭىشەھەرگە جىڭجاڭ بولغان؛ تىلى-
ۋالدى ھاكىم يېڭىشەھەرگە مۇۋەققەت ھاكىم بولۇپ كونا شەھەر-
دىن پوچتا بىلەن چىققاندا يېڭىشەھەر كوچىلىرىدا لۈكچەكلەرنى
كۆشكۈرتۈپ شاپاق ئاتقۇزغان؛ لۈكچەك، سالپا - ساياق كىشى-
لەردىن كالتەكچىلەر گۇرۇھى تەشكىللەپ ئىلغار كىشىلەرگە

يوشۇرۇن زىيانكەشلىك قىلىدىغان بىر قاۋان توڭگۇز ئىدى. مەن: «سەل تۇرۇپ چىقاي»، دېسەم ئۇلار بىلىكىمدىن تۇتۇپ: «بولمايدۇ، ھازىر چىقسىلا»، دەپ دەرۋازا تەرەپكە تارتىۋاتقاندا ئۆيۈشمىنىڭ مالىيە كادىرى ھاشىم ئىمىن كىرىپ قېلىپ: «ۋاي ئۇنداق قىلماڭلار، سەل تۇرۇپ چىقسا بولمامدۇ!» دېسىمۇ پەرۋا قىلمىدى. شۇ ئەسنادا بىز ئۆيۈشمىنىڭ ئالدىغا چىقىپ بولدۇق. شۇنىڭ بىلەن مەن بولغۇلۇق بولدى، ئەمدى بېشىمغا كەلگەننى كۆرەي دېگەن خىيال بىلەن: «سۆرىمەڭلا، ئۆزۈم ماڭاي»، دەپ ئۇلارنىڭ ئالدىغا چۈشۈپ ماڭدىم، ئۇلار مېنى دەرۋازا ئالدىدىكى بىر ئۆيگە باشلاپ كىردى. ئۇ يەردە ئىسلام پەيجاڭ يوق بولۇپ ئۇنىڭ ياردەمچىسى كالتەكچى سەمەت بەنجاڭ بار ئىكەن. ئۇ مەندىن: «سەن ئەخمەتجان قاسىمىنىڭ مەجلىسىگە قاتناشقانمۇ؟» دېگەن بىر سوئالنىلا سورىدى، مەن «ھەئە» دەپ جاۋاب بەردىم.

بۇ ئىش ئەسلى مۇنداق ئىدى:

1947 ـ يىلى 4 ـ، 5 ـ ئايلاردا ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەت رەئىس جاڭ جىجۇڭ، مۇئاۋىن رەئىس ئەخمەتجان ئەپەندى ۋە مەسئۇت سەبىرى، ئەيسا بەگ ئەپەندىلەر ئالايىتەن ئۈرۈمچىدىن قەشقەرگە كېلىپ ۋالىي مەھكىمە زالىدا سۆھبەت يىغىنلىرى ئېچىپ، ھەر ساھە ئاممىسىنىڭ پىكىر ـ تەلەپلىرىنى ئاڭلىغانىدى. يىغىن قاتناشقۇچىلىرى قەشقەردىكى گومىنداڭ ھەربىيلىرىنىڭ ۋە گومىنداڭچى ئۇنسۇرلارنىڭ تۈرلۈك ئۇسۇللار بىلەن بىتىمگە بۇزغۇنچىلىق قىلغانلىقى، خەلق ئاممىسىنىڭ دېموكراتىيە ھوقۇقىنى دەپسەندە قىلغانلىقى، پايلاقچىلار، جاسۇسلار، كالتەكچىلەر ئارقىلىق ئىنقىلابچىلارغا يوشۇرۇن زىيانكەشلىك قىلغانلىقى، ھەربىيلەرنىڭ ئاياللارنى دەپسەندە قىلغانلىقى، گومىنداڭنىڭ مىللىي كەمسىتىش، دىنى كەمسىتىش ۋە ئاز سانلىق مىللەتلەرنى ئادانلىقتا تۇتۇش سىياسىتىنىڭ ھېلىھەم دا-



ۋاملىشىۋاتقانلىقى قاتارلىق مەسىلىلەرنى دادىللىق بىلەن پاش قىلىپ، يۈرەكلىك ئوتتۇرىغا قويۇپ، رەئىس جاڭ جىجۇڭ ئەپەندىنى ئوسال ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويغانتۇق. مۇشۇ يىغىنغا شىپىگىرافتا بېسىلىپ ئەخمەت ئەپەندى ئىمزا قويغان تەكلىپ باغىقى بويىچە يېڭىشەھەردىن تىلىۋالدى شەنجاڭ، مەھەممەت ئىمىن خەلپىتىم، ئابدۇرېشىت ئەلەم ۋە مەن قاتارلىق كىشىلەر قاتناشقانىدۇق.

مەن «ھەئە» دەپ جاۋاب بەرگەندىن كېيىن مېنى چاقىرىپ كەلگەن ھېلىقى ئىككى كىشى مېنى ئۇ يەردىن ئېلىپ چىقىپ، ئۇدۇل كونا بازار تەرەپكە ئېلىپ ماڭدى. بىز ئۈچىمىز مەلۇم ئارىلىق تاشلاپ مېڭىپ ھازىرقى بارىن يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ ئائىلىكلەر قورۇسىنىڭ ئالدىغا بارغاندا، كونا بازار تەرەپتىن بىر توپ ئادەم كېلىپ قالدى. بۇلار يېڭىشەھەردىكى نامدار شەخسلەر بولۇپ سەپەر بەگنىڭ ئۆيىدە مېھمان بولۇپ يانغانىكەن. بۇلار ئىچىدە مەن تونۇيدىغان سەپەر بەگ، مۇھەممەت نىياز مەخسۇم باشلىق بىر مۇنچە كىشىدىن باشقا خانىېرىقتىنلا ئۆمەر خوجا، مامۇت ئەلەم، قۇربام قازاھاجىم، تاھىر قازى ئاخۇنۇم باشلىق ئون نەچچە ئادەم بار ئىكەن. ئۆمەر خوجا مېنى كۆرۈپلا ئالدىمغا كېلىپ كۆرۈشۈپ: «قاچان كەلگەن، نەگە چىقتىڭلا»، دەپ سورىدى. شۇ ئەسنادا خانىېرىقتىن كەلگەن مۆتىۋەرلەرنىڭ ھەممىسى يېنىمىزغا ئولاشتى. مەن ھېلىقى ئىككى گەيجاڭنى ئىما قىلىپ: «ئاۋۇلار مۇشۇ تەرەپكە ھەيدەپ كەلدى»، دېدىم. ئۇلار ۋەزىيەتتىن خەۋەردار كىشىلەر بولغاچقا، دەرھال ئىشنىڭ تېگىگە يېتىپ «جۇرسىلە» دەپ كەينىمگە ياندۇرۇپ ئارقىسىغا ئېلىپ ماڭدى. ھېلىقى ئىككىسى گەپ ـ سۆز قىلالماي تۇرۇپ قالدى. مەن خۇداغا شۈكرى، دەپ ئۇلار بىلەن مېڭىپ ئەينى چاغدىكى قەشقەر رگارنىزۇنى سىياسى بۆلۈمىگە باردىم (سىياسى بۆلۈمنىڭ ئورنى بۈگۈنكى جەنۇبىي شىنجاڭ ھەربىي رايونىنىڭ ئالدىغا

توغرا كېلىدۇ) . ئۇ يەردە مېنىڭ خەتەردىن قۇتۇلۇپ قېلىشىمغا سەۋەب بولغان ھېلىقى بىر توپ ئادەم – يېڭىشەھەردىكى ھەر ساھەنىڭ مۆتىۋەرلىرى ۋە چوڭ – كىچىك يۇرت ئاتىلىرى سىياسى بۆلۈم باشلىقلىرىغا سىياسى بۆلۈمنىڭ مۇددىئاسى، بەزى غالچىلارنىڭ باش بولۇشى نەتىجىسىدە تەييارلانغان، ئاخىرىغا نۇرغۇن كىشىلەر ئۆز ئىرادىسىگە خىلاپ ھالدا كۆزىنى يۇمۇپ مۆھۈر باسقان، ئىمزا قويغان خەتنى تۇتتى. خەت جاڭ جېشىگە يېزىلغان بولۇپ ئاۋۋال جاڭ جېشىگە سالام ۋە مەدھىيىلەر ياغدۇرۇلغان، ئاندىن مەسئۇت ئەپەندىنىڭ رەئىسلىكىنى قوللاپ قۇۋۋەتلەيمىز، ئىلى ئوغرىلىرىغا ئەگەشمەيمىز، دېگەندەك ئەينى چاغدىكى شىنجاڭ ۋەزىيىتىدىكى چوڭ – مەسىلىلەرگە بولغان قاراشلىرى، ئىرادىلىرى ئىزھار قىلىنغان. مۇشۇ خەتنى تۇتۇش، سىياسى بۆلۈم رەھبەرلىرى رەھمەت، ھەشقاللا قىلىپ قوبۇل قىلىش ۋە رەسمىيەت يۈزىسىدىن سۆز قىلىپ يەل بېرىش پۇرسىتىدىن پايدىلىنىپ تۇيتىن سوغۇرۇلۇپ چىقىپ شەھەر سىرتىغا ئامان – ئىسەن چىقىۋالدىم – دە، ئۇدۇل خانئېرىققا ماڭدىم. سەپەر بەگنىڭ ھېلىقى خەتكە ئىمزا قويغىلى ۋە تەقدىم قىلغىلى ناھىيەگە چاقىرىلغانلارنى كونا بازاردىكى ئۆيىگە مېھمان قىلغانلىقى تۇپەيلىدىن، يولدا ئۇلارغا ئۇچراپ قالمىغان بولسام ھاياتىمنىڭ نېمە بولۇپ كېتىشىنى قىياس قىلىپ بولمايتتى. چۈنكى، خانئېرىقلىق زىيالىي ياش داۋۇت چوڭنى كالتەكچىلەر يېڭىشەھەردە تۇتۇۋېلىپ دەل ئاشۇ كونا بازاردىكى توخۇ بازىرىدا ئۇرۇپ چالا ئۆلۈك قىلىپ تاشلىۋەتكەنىدى.

مەن ئۇدۇل خانئېرىق تەۋەسىگە كېلىپ ئەھۋالنى ئۇقۇپ بېقىش ئۈچۈن مۇئەللىم ياسىن پالتۇنىڭ ئۆيىگە كەلدىم. ۋەزىيەت يەنىلا جىددىي بولغاچقا، ئۇ مېنى پاۋاندىكى بىر تۇغقىنىنىڭ ئۆيىگە ئاپىرىپ يوشۇردى. ئۇ يەردە بىر نەچچە كۈن يوشۇرۇنۇپ يېتىپ، خەۋپ – خەتەر ئۆتۈپ كەتكەندۇ، دەپ خىيال قىلىپ



گۆدەكلىك بىلەن دۈشەنبە بازارغا كېلىپ ئۆيدىكىلەر بىلەن كۆرۈشتۈم ۋە مەكتەپكە چىقتىم. مېنىڭ يېتىپ كەلگەنلىكىمنى لېكىن خەۋپ – خەتەرنىڭ ئۆتۈپ كەتمىگەنلىكىنى چۈشەنگەن دۈشەنبە بازار ئىچىدىكى ئابرۇيلۇق ۋە ئاق كۆڭۈل ھەم ماڭا كۆيۈنىدىغان كىشىلەردىن توختى ئاشپەز، ئابدۇكېرىم چوڭ، ياسىن چوڭ، ساۋۇر چوقۇر، ئابلا مەخسۇم، دۇكاندار يۈسۈپ ئاخۇن، رەھىم ئاخۇن، ئەمەت مەزىناخۇنۇم، مامۇتكام دولان، مامۇت دىسەك، مامۇتەك لەڭپۇڭچى، قۇناخۇن قاتارلىق ئوتتۇز نەچچە ئادەم مەكتەپكە كىرىپ مەندىن ھاردۇق سورىدى ۋە مېنى يى دامىڭدىن تىلىۋېلىش ئۈچۈن يىغىلغانلىقىنى ئېيتتى. مەنمۇ ئۇلارغا بويسۇنۇپ پەيچۇسوغا كىردۇق. سوجاڭ يى دامىڭ، شۇڭەن ئابدۇقادىر بۇرۇت ئىچكىرىدىن چىقىپ بىزنى ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلدى. بىز پەيچۇسو ھويلىسىدىكى پېشايۋانغا ئولتۇردۇق. رەھمەتلىك توختى ئاشپەز ئورنىدىن تۇرۇپ يى دامىڭغا قول باغلاپ تۇرۇپ: «سوجاڭ ئەپەندىم، ئابباس قۇربان ياش، گۆدەكلىك قىلىپ ئالدىلىرىدىن توغرا ئۆتۈپ قالغان بولسا ئەپۇ قىلسىلا، گۇناھى بولسا بىز تىلىۋالايلى، بۇندىن كېيىن سادىر قىلماسلىققا بىز كېپىل» ، دەپ يېلىندى. يى دامىڭ بۇ گەپنى ئاڭلاپ: «ئۇنداق بولسا، ھازىر مۇئەللىملەر قېچىپ يۇشۇرۇنۇپ يۈرۈپتۇ، دېھقانلارنىڭ خامىنى تەييار بوپتۇ، بۈگۈن جۈمەدە كۆپچىلىككە ئۇقتۇرسۇن، ئەتىدىن باشلاپ مۇئەللىملەر تولۇق مەكتەپكە كەلسۇن» ، دېدى. توختى ئۇستام باشلىق كۆپچىلىك يى دامىڭغا رەھمەت ئېيتىپ ماڭدى. مەن شۆبە ئۇيۇشمىغا كىرىپ كاتىپ مۇھەممەت نامانغا مەكتەپلەرگە ئۇقتۇرۇش يېزىشنى ئورۇنلاشتۇردۇم. چۈنكى ئۇ چاغلاردا دېھقانلارنىڭ خامىنى تەييار بولغاندا دىۋان بەگلەر يۇرتمۇ-يۇرت كېزىپ يۈرۈپ خەت كېسىپ ئۆشرە يىغاتتى. لېكىن بۇ ئىشلارغا ئۇلار يېتىشىپ كېتەلمەيتتى. شۇڭا مەكتەپلەردىن ئوقۇتقۇچىلارنى ئاجرىتىپ ياردەملەش-

تۇرەتتۇق. مەن ئۇقتۇرۇش يېزىپ ماڭدۇرۇۋېتىشنى تاپىلاپ
ئۆيۈمگە يېنىپ چىقىپ ھەر بىر سائەتتىن كېيىن سىرتقا چىقسام،
ئۆيۈمنىڭ ئالدىدا ۋە ئارقىسىدا پايلاقچى تۇرۇپتۇ. بۇ ئەھۋالغا
قاراپ يى دامىكىنىڭ تېخى نىيىتىدىن يانمىغانلىقىنى بىلدىم - دە،
ئۇيۇشمىغا باردىم. مۇھەممەت ئامان ئۇقتۇرۇشنى يېزىپ بولغان
ئىكەن. مەن ئۇقـ-
ۋە پاختىلىق مەكتىپىنىڭكىنى ماڭدۇرۇپ بولغانىكەن. مەن ئۇقـ-
تۇرۇشنى ماڭدۇرماسلىقنى ئېيتتىم ھەم جۇمەدىمۇ كۆپچىلىككە
گەپ - سۆز قىلماي جامائەت بىلەن يېنىپ چىقتىم - دە،
پايلاقچىلارنىڭ كۆزىنى غەپلەت قىلىپ قېچىپ كېتىشنىڭ كويىغا
چۈشتۈم. لېكىن پايلاقچىلار كەينىمدە ئەگىشىپ يۈرگەچكە پەقەت
ئامال بولمىدى. ناماز ئەسىر ۋاقتى بىلەن پەيچۇسو ساقچىسى
داۋۇت قارى مەكتەپكە كىرىپ: «سىلىنى جۇجاڭ چاقىرىدۇ»،
دېدى. بۇ مېنى قولغا ئالغانلىقنىڭ يەنە بىر خىل ئۇقتۇرۇشى
ئىدى. مەن پەيچۇسو ھويلىسىغا كىرىشىمگە يى دامىڭ ئىشخانى-
دىن يۈگۈرۈپ چىقىپ «باغلا!» دەپ ۋاقىرىدى. ياپچانلىق بىر
ساقچى بىر تال قارا ئاغامچا بىلەن قولۇمنى باغلاپ، پۇتۇمغا
ئىشكەل سېلىپ تۈرمىگە سولىدى. ناماز شام بولغاندا رەھمەتلىك
مامۇتاخۇن باي بىر كاسا قوغۇن بىلەن بىر توقاچ كىرگۈزۈپتۇ،
كېرىم ياۋاش دېگەن ساقچى قولۇمنى يېشىۋەتتى، غىزالىنىپ
بولغاندىن كېيىن يەنە باغلاپ قويدى. پەيچۇسو مامۇتاخۇن باينىڭ
قورۇسى بىلەن قوشنا ئىدى. مېنى تۇتقان شۇ ئاخشىمى تۈرسۇن
خۇدايار، مامۇت ساۋۇت، ئوبۇلقاسىم دوختۇر قاتارلىقلارنىمۇ
تۇتۇپتۇ، توختى موللامنى ھارايقا ساقچى ئەۋەتىپ تۇتۇپ كەپتۇ.
شۇ ئاخشام كەچ سائەت 9 - 10 لاردا بىر ساقچى مېنى
يى دامىكىنىڭ ئىشخانىسىغا ئېلىپ كىردى. مەن ئىشخانىغا كىرە
- كىرمەيلا تاياق ئاستىدا قالدىم. قارىسام چاقارلىق ساقچى
مامۇت قارى چىراغ تۇتۇپ تۇرۇپتۇ، يى دامىڭ، ئابدىقادىر بۇ-
رۇت، داۋۇت قارى ئۈچىنىڭ قولىدا كالتەك، بۇ ئۈچى مېنى



ھارغىچە ئۇردىمۇ ياكى قولىدىكى كالتەك سۇنۇپ كېتىپ توختاپ
قالدىمۇ بىلمىدىم، ھوشۇمدىن كېتىپتىمەن. بىر چاغدا بىرەيلەن-
نىڭ ئۇستۇمگە ئۆزىنى تاشلاپ: «ۋاي سوجاڭ، مەن تىلىۋالاي!
»، دېگىنى قولۇقىمغا كىردى. كۆزۈمنى ئاچسام باتۇر چوڭ
ئىكەن. باتۇر چوڭ يېڭى قۇچچىلىق بولۇپ، شۇ يەرنىڭ گەيجىڭى
ئىدى، مەن 1942 - يىلى 19 - 20 ياش ۋاقىتلىرىمدا قۇچچى
بۆلۈمچى مەكتەپتە بىر يىل ئىشلىگەنىدىم. ئۇ كىشى بىلەن شۇ
چاغلاردا سالام - سائەت قىلىشقانتۇق. باتۇر چوڭ شۇنىڭ
يۈز - خاتىرىسىدىن مېنى تاياقتىن قۇتۇلدۇرۇپ قالدى. ئەمما،
ئۇ چاغدا ئۇستىخانلىرىم ئاللاقاچان غۇچ - غۇچ بولۇپ كەتكەن
بولۇپ، بەختىمگە يارىشا بېشىملا جاراھەتلىنىشتىن ساقلىنىپ
قالغانتى.

شۇ كېچىسى مەن مامۇت دىسەكىنىڭ مەپىسىدە داۋۇت قارى
باشلىق 2 ساقچىنىڭ مۇھاپىزىتىدە ناھىيىلىك ساقچى ئىدارىسىغا
ئېلىپ كېلىنىپ تۈرمىگە تاشلاندىم، ئەتىسى ئاش ۋاقتى بىلەن
ئىسلام پەيجاڭ باشلىق 3 - 4 كىشى تۈرمىگە كېلىپ مېنى ياتقان
جايىمدىن سۆرەپ چىقتى ۋە ئەھۋالىمنى كۆرۈپ: «بۇنىڭ ئىشى
تۈگىشىپتۇ»، دېيىشىپ يەنە تۈرمىگە سۆرەپ ئەكىرىپ تاشلاپ
قويۇپ چىقىپ كېتىشتى. ئەتىسى ساقچىلار مېنى سۆرەپ ئېلىپ
چىقىپ سوراق قىلىشتى. سوراقچىلاردىن مۇھەممەت دۇساجاڭ،
ئەي جاۋىن دېگەنلەر بار ئىكەن. مەن ئورۇندۇقتا ئولتۇرالمىدىم،
ئاغزىم گەپكە كەلمىدى، سۆرەپ ئەپچىقىپ يەنە قاراڭغۇ تۈرمىگە
تاشلىدى. كۈندىن - كۈنگە ھالىم يامانلىشىپ تاماقتىن قېلىپ
ئاجىزلاپ كېتىپتىمەن. بۇ ھالىمغا ئىچىنغان بىر بەنجاڭ باشلىق-
لارغا: «بەش كۈن بولدى تاماقتىن قالدى، ھالى يامان، ئۆلۈپ
قالسا مەن مەسئۇل ئەمەس»، دەپتۇ (بۇنى مەن ساقىيىپ چىققاندى-
دىن كېيىن ئۇ ئۆزى دەپ بەرگەنىدى. ئۇ ئۇيغۇرچىنى ئوبدان
سۆزلەيتتى). شۇنىڭدىن كېيىن مېنى دوختۇرغا كۆرسەتمەكچى

بولۇپ، تۇرۇپ دېگەن ساقچىنى قوشۇپ ھارۋا بىلەن كېرەمباغقا ئېلىپ باردى. كېرەمباغدا ھاشىم ھاجى دېگەن بىر دوختۇر تەكشۈرۈپ كۆرۈپ: «ھەي ئىست، ھەي ئىست، ئادەم بالىسىنىمۇ مۇشۇنداق ئۇرامدۇ»، دەپ ھەسرەتلەندى ۋە بىر ئۆي ئاجرىتىپ كېچە - كۈندۈز كۆيىنىپ داۋالىدى، ساقچى تۇرۇپمۇ كېچە - كۈندۈز يېنىمدىن ئايرىلماي ماڭا خىزمەت قىلدى ۋە مېنى باقتى. شۇ چاغدىكى ئەھۋالىمدا مېنىڭ ئىچكى ئەزالىرىمنىڭ قانداق بولۇپ كەتكەنلىكىنى بىلمەيمەن، بىراق قول - پۇتلىرىم كۆپتەك ئىششىپ كەتكەن بولۇپ، ئىشتان - چاپىنىمنى سالدۇرالماي يىرتىپ تاشلىغانلىقى ئېسىمدە.

دوختۇرنىڭ بىر ئاي كۆيۈنۈپ داۋالىشى بىلەن تاماققا كىرىشىپ تامنى تۇتۇپ ماڭغۇدەك بولغاندا، مېنى يەنە تۈرمىگە ياندۇرۇپ چىقتى. شۇ چاغدا مەن تۈرمىدىن سالامەت چىقسام دوختۇر ھاشىم ھاجىنى يوقلاپ رەھمەت ئېيتىمەن، دەپ ئويلىغانىدىم. ئەمما، مەن تۈرمىدىن چىقىپ ئۇ كىشىنى ئىزدەشكە ئىمكان تاپقاندا ئۇ ئاللا بۇرۇن يەكەن دوختۇرخانىسىغا يۆتكىلىپ كېتىپتۇ. شۇڭا ھازىرغىچە دىدارلىشالمىدىم، لېكىن ئۇ كىشىنى ھۆرمەت بىلەن ئەسلەپ تۇردۇم.

دوختۇرخانىدىن چىقىپ تۈرمىدە بەش ئايچە ياتتىم. مېنىڭ ئىز - دېرىكىمنى ئېلىش ئۈچۈن ئاتا - ئانام رەھمىتى كونا بازاردىكى مۇسا موللامنىڭ ئۆيىگە ۋاقىتلىق كۆچۈپ كەپتۇ. تۈرمىدە بارلىقىمنى ئۇققاندىن كېيىن خانئېرىق كاتتىلىرىغا يىغلاپ ھال ئېيتقاندا، رەھمەتلىك ئۆمەر خوجا، تاھىر قازى ئاخۇنۇم، مۆمىن داموللاملار باش بولۇپ كېپىلنامە يېزىپ، مۆھۈر بېسىپ، ناھىيىلىك ساقچى ئىدارىسىدىن مېنى قويۇۋېتىشنى تەلەپ قىپتۇ. دەل شۇ كۈنلەردە خانئېرىقتا ياخشى نىيەتلىك كىشىلەر ئاتا - ئانامغا: «ئابباس قۇرباننى مەخپىي ئۆلتۈرۈۋېتىپتۇ دېگەن گەپ بار، شەھەرگە بېرىپ بېقىشسىلا»، دەپتۇ. شۇنىڭ



بىلەن رەھمەتلىك ئاتا - ئانام بىلەن ئايالىم گۈلسۈنخان قۇچاقتىكى ئوغلۇم ئابلەتنى كۆتۈرۈپ يىغلاپ يېڭىشەھەرگە كېلىپ خانئېرىقلىق بارات چوڭنىڭ دېڭىگە چۈشۈپ ئەھۋالنى ئۇنىڭغا دەپتۇ. بارات چوڭنىڭ يول كۆرسىتىشى بىلەن ئانام سەپەر بەگگە (سەپەر بەگ ئۇ چاغدا مۇئاۋىن ھاكىم ئىدى) دېگەندە، سەپەر بەگ: «ئۇنداق قىلسا بولمايدۇ. ئۇلارنىڭ يۇقىرىدا تىزىمى بار، كېيىن ئابدۇكېرىمخان مەخسۇم سورۇشتە قىلسا نېمە دەيسىز»، دەپ ئىسلام پەيجاڭنى تاپتۇرۇپ كېلىپ: «ئابباس قۇرباننى قويۇۋېتىڭلار»، دېگەندە ئىسلام پەنجاڭ: «ماقۇل ئەتە جۇجاڭغا (ھېلىم بەگكە دىمەكچى) دەپ قويۇۋېتەي»، دېگەندە، سەپەر بەگ «ھېلىم بەگكە ئۆزۈم دەيمەن، بۈگۈنلا قويۇۋېتىڭلار»، دەپتۇ. مېنى مەخپىي ئۆلتۈرۈشنى ھېلىم بەگ ئاللا قاچان ئىسلام پەيجاڭلارغا ئورۇنلاشتۇرۇپ بولغانىكەن (1950 - يىلىدىكى ئەكسىلئىنقىلابچىلارنى تازىلاش ھەرىكىتىدە بۇ ئىشنىڭ راستلىقى ئىسپاتلانغان).

شۇنداق قىلىپ مېنى ئىسلام پەيجاڭ شۇ كۈنى تۈرمىدىن قويۇۋەتتى. تۈرمىدىن چىقىشتىن بۇرۇن: «بۇندىن كېيىن ھۆكۈمەتكە قارشى ھەركەت قىلمايمەن. تىنچ پۇقرادارچىلىق قىلىمەن»، دەيدىغان ھۆججەت يازدۇرۇۋالدى. مەن تۈرمىدىن چىققاندا دادام، ئانام مېنى ئاران تونۇدى. چۈنكى چاچلىرىم ئۆسۈپ يەلكەمگە چۈشكەن، بەدىنىم ئىششىپ، يۈزلىرىم ئاقىرىپ تونۇغۇسىز دەرىجىگە يەتكەن ئىكەنمەن، شۇ چاغدا بىلەكلىرىم شۇنداق ئىششىق ئىكەنكى دادامنىڭ ئۇزۇن چاپىنىنىڭ يېڭى پاتمىغاچقا يېپىنچاقلاپ ئىككەيلەن ئىككى قولتۇقۇمدىن يۆلەپ ماڭغانىدى. بىز شۇ ماڭغانچە چاچاڭدىكى تۇغقىنىمىز قوزىكامنىڭ ئۆيىگە باردۇق. بارىنلىق بىر نەۋرە ئىنىم ھەسەن داۋۇت ئۆزىنىڭ توپاق ھارۋىسىنى قوشۇپ كەلدى. بىز شۇ زامان يولغا چىقىپ ئودۇل دايەككە كەتتۇق (سەپەر بەگنىڭ مېنى قويۇۋەتكەن، ئۆزىنىڭ

توپاق هارۋىسى بىلەن بىزنى خانىشبىرىققا ئاپىرىپ قويغان بۇ ۋەقەلەرنى ھەسەن داۋۇت هازىرغىچە ئەسلەيدۇ).

ھەسەن داۋۇت بىزنى ساق - سالامەت دايەككە ئەپكىلىپ قويۇپ خوشلۇشۇپ يېڭىشەھەرگە يېنىپ كەتتى. مەن ئىككى كۈن سىرتقا چىقماي ياتتىم. ئۈچۈنچى كۈنى تاھارەت سۇندۇرۇش ئۈچۈن سىرتقا چىقىشىمغا ئىسمايىل گەيجاڭ دېگەن كىشى خۇددى ئاسماندىن چۈشكەندەكلا يېنىمدىلا پەيدا بولۇپ: «سىلىنى سوجاڭ چاقىرىدۇ»، دەپ چاپلىشىپ تۇرۇۋېلىۋالدى. ھەر قانچە يالۋۇرساقمۇ بولمىدى. بېشىمغا يەنە كۈن چۈشتى.

ئىسمايىل گەيجاڭنىڭ قولىدىن قۇتۇلۇشقا كۆزىمىز يەتمىگەچكە، ئاخىرى بويسۇنماي بولمىدى. مەن تېخى ئەسلىمگە كەلمىگەن بولغاچقا، ئىشەككە مىنىپ ماڭدىم. رەھمەتلىك دادام، ئانام، ئاكام سەيدىن ئاخۇن، تاغام غوجاخۇن، دادامنىڭ تاغىسى ئىسمايىل ئاخۇن، ئوغلى سۇلايمان ئىسمايىللار يىغا - زارە بىلەن كەينىمىزدىن ماڭدى. دۈشەنبە بازارغا كىرىپ مۆمىن داموللامنىڭ ئۆيىنىڭ ئالدىغا كەلگەندە «داموللامغا بىر ئېغىز گېپىم بار ئىدى، كىرىپ كۆرۈشۈپ چىقاي»، دەپ تۇرۇۋالسام ئىسمايىل گەيجاڭ ئۇنىمىدى. دادام: «بالام كىرىپ چىقسۇن، بىز مۇشۇ يەردە تۇرۇپ تۇرايلى، بىز بار ئەمەسمۇ»، دېگەندىن كېيىن تەسلىكتە ماقۇل بولدى. مەن ھويلىغا كىرسەم داموللامنىڭ چوڭ ئوغلى مەخسۇم ئۆزى يالغۇز ئىكەن. مېنى كۆرۈپ ئورنىدىن تۇرۇپ: «ۋاي قاچان كەلگەن»، دېدى، مەن: «داموللام بارمۇ؟ مېنى يەنە تۇتۇپ كەلدى»، دېسەم، مەخسۇم: «دادام ماجادىكى مەتنىياز قاسساپنىڭ ئۆلۈم نامىزىغا كەتكەنتى، دەرۋازىنى زەنجىرلەپ قويماي، سىلە ئاتخانىنىڭ تېمى بىلەن ئۆگزىگە چىقىپ قېچىپ كەتسىلە. تۈنۈگۈن ئاڭلىسام ئىسلام پەيجاڭ خانىشبىرىققا كەپتۇ»، دېدى. شۇنىڭ بىلەن قېچىپ چاچاپ، بازار جەمى، تەسەك دېگەن يۇرتلارنى كېزىپ تۇغقىنىمىز ئانىخاننىڭ ئۆيىگە بېرىپ



بوشۇرۇندۇم. ئىسمايىل گەيجاڭ دەرۋازا تېشىدا يېرىم سائەتتەك تۇرۇپ، مەن چىقمىغاندىن كېيىن دەرۋازىنى قېقىپ تۇۋلاپتۇ، تۇۋلاۋەرگەندىن كېيىن مەخسۇم چىقىپ: «نىمە دەيسەن؟ ئابباس قۇربان نەۋاغ چىقىپ كەتتىغۇ»، دەپتۇ. مەخسۇمغا گەپ قىلالمىغان ئىسمايىل گەيجاڭ دادامىلارنى ھەيدەپ پەيچۇسوغا ئېلىپ بېرىپتۇ. يى دامىلىڭ بىردەم ھەيۋە قىلىپ ئۇلارغا تەھدىت سېلىپ قويۇپ قالغانلارنى كەتكۈزۈۋېتىپ، دادامنى ئېلىپ قېلىپ ئۇرۇپ تۈرمىگە سولاپتۇ. شۇچاغدا تۈرمىدە سۇلايمان قازى ئاخۇنۇممۇ بار ئىكەن. دادام سەككىز كۈن ياتقاندىن كېيىن يۇرتىمىزنىڭ بوجېكى كېپىل بولۇپ «بىر ھەپتە ئىچىدە بالامنى تېپىپ بېرىمەن»، دەيدىغانغا دادامدىن ھۆججەت ئېلىپ بېرىپ تۈرمىدىن بوشۇتۇپتۇ.

دادام بوشۇنۇپ چىققاندىن كېيىن، بىز مەسلىھەتلىشىپ دادام، ئانام، ئايالىم گۈسۈنخان، قۇچاقتىكى ئوغلۇم ئابلەت، ئىنىم ئۆمەر ئاخۇنلار بىر كېچىدە ئانا يۇرتىمىز خانىشبىرىقنى تاشلاپ چىقىپ مەكىت ناھىيىسىگە بېرىپ، ئۇرۇق - تۇغقانلار پاناھىدا جان ساقلاشقا مەجبۇر بولدۇق. شۇنىڭ بىلەن مەن سەككىز يىللىق، ئايالىم گۈسۈنخان تۆت يىللىق (1944 - يىلى قەشقەر دارىلمۇئەللىمىنى پۈتتۈرۈپ ئوقۇتقۇچى بولغانىدى) ئوقۇتقۇچىلىق ھاياتىمىز بىلەن خوشلاشتۇق.

(ئاپتور: قەشقەر يېڭىشەھەر ناھىيىسىدىن)

جاۋابكار مۇھەررىر: دىلدار ئېزىز

# تۇرپان ئاستانىدە يېڭى مائارىپنىڭ بارلىققا كېلىشى ۋە تەرەققىياتى

مەھمۇت ئىلياس

ئاستانە يېزىسى تۇرپان بازىرىنىڭ 30 كىلومېتىر شەرقىي تەرىپىگە، يالقۇنتاغنىڭ 5 كىلومېتىر جەنۇبىغا جايلاشقان بولۇپ، يېزىنىڭ شەرقىي تەرىپى ئىدىقۇت خارابىسىگە تۇتىشىدۇ. يېزا ئاھالىسى ئاساسەن ئۇيغۇرلار بولۇپ، 1950 يىلىنىڭ ھارپىسىدا يېزىدا 1000 ئائىلىلىك 5500 نوپۇس بولغان. ئازادلىقتىن ئىلگىرى ئاستانە يېزىسى ئەتراپتىكى قوشنا يېزىلاردىن پەرقلىق ھالدا بىر مەمۇرىي بىرلىك جىڭ (بازار) ھېسابلىناتتى؛ ئاھالە ئاساسەن دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللىناتتى.

كەڭ مەنىدىكى مائارىپ، يەنى ھەر خىل تەلىم - تەربىيە ۋە مەدرىسىدە ئوقۇتۇش ئىشلىرىنىڭ ئاستانىدە قايسى ۋاقىتلاردىن تارتىپ بارلىققا كەلگەنلىكى ھەققىدە بىر نەرسە دېيىش قىيىن، ئەمما ئاستانىنىڭ يېڭى مائارىپ ئىشلىرىنى 1910 - يىللىرىدىن كېيىن باشلانغان، دەپ قاراشقا بولىدۇ.

ئەينى يىللاردىكى يېزا بايلىرىدىن بولغان مۇھىتىلار جەمەتىنىڭ ئىككىنچى ئوغلى مەقسۇت مۇھىتى 1910 - يىللىرىدىن باشلاپ تىجارەت ئىشى بىلەن رۇسىيىنىڭ شەمەي، قازان شەھەرلىرىگە بارىدۇ. ئۇ يەرلەردە يەرلىك زىيالىيلار بىلەن تونۇشىدۇ؛ ئۇلارنىڭ مەسلىھەت ۋە ئىلھام بېرىشى ئارقىسىدا ئۇ ئۆز يۇرتىدا مەكتەپ ئېچىپ، ئاقارتىش ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللىنىش قارارىغا كېلىدۇ. 1913 - يىلى مەقسۇت مۇھىتى قازانلىق تاتار



زىيالىي ھەيدەر ئەپەندى سايرانىنى تەكلىپ قىلىپ ئەدە بىر ئېلىپ كېلىدۇ ۋە تېزدىن ئۇتۇش قىلىپ بىر سىنىپلىق مەكتەپ ئاچىدۇ. بۇ مەكتەپ «مەكتەبى مەقسۇدىيە» دەپ ئاتالغان بولۇپ، ئۇنى شەرقىي شىنجاڭ تەۋەسىدىكى ئۇيغۇر تىلىدا ئوقۇتىلىدىغان تۇنجى يېڭى مەكتەپ دەپ قاراشقا بولىدۇ. بۇ مەكتەپتە ئاستانە، قارىغوجىلىق ئوقۇغۇچىلاردىن باشقا، تۇرپان بازىرى، ئۈرۈمچى، گۇچۇڭ، پىچان، لۈكچۈن قاتارلىق جايلاردىن كەلگەن ئوقۇغۇچىلارمۇ تەلىم ئالىدۇ. ئۇلار ئۈچ يىل ئوقۇپ، 1917 - يىلى بىرىنچى تۈركۈم بولۇپ ئوقۇش پۈتتۈرىدۇ.

بۇ ئۈچ يىل مەزگىلىدە مەقسۇت مۇھىتى ۋە ھەيدەر ئەپەندى يەرلىك مۇتەئەسسىپ كۈچلەرنىڭ كۈچلۈك قارشىلىقىغا ئۇچرايدۇ. بولۇپمۇ ھەيدەر ئەپەندى ئۇلارنىڭ «جەدىت» نامى بىلەن قىلغان تۆھمەت، ھاقارەتلىرىگە چىداپ، زور غەيرەت بىلەن مەكتەپتە ئىزچىل تىرىشچانلىق كۆرسىتىدۇ. مەكتەپتە ئانا تىلى، ھېساب، جۇغراپىيە، تارىخ، تەبىئەت، ئەسىر سائادەت ( مۇھەممەت پەيغەمبەرنىڭ تەرجىمىھالى )، تەنتەربىيە، ناخشا قاتارلىق دەرسلەر ئۆتۈلىدۇ. مەكتەپتە ئابدۇرۇسۇل قەييۇمى، دۇگامەت خۇدىيارى، قۇربان سەئىدى، ئابدۇللا پەرسا، ئابباس نەجىبى قاتارلىق 40 نەپەر ئوقۇغۇچى تەلىم ئالىدۇ.

1917 - يىلى ئۆكتەبىر ئىنقىلابى غەلىبە قازانغاندىن كېيىن، مەقسۇت مۇھىتى روسىيىدە بولغان چاغلىرىدا تىجارەت ۋە زىيارەت ئىشلىرى بىلەن موسكۋاغىچە بېرىپ، ئۇ يەرلەردە يەنە بىر قىسىم زىيالىيلار بىلەن تونۇشىدۇ. بۇ ۋاقىت موسكۋا ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئوقۇۋاتقان بىر تۈركۈم قازانلىق ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئوقۇش پۈتتۈرۈش مەزگىلى بولۇپ، مەقسۇت مۇھىتى ئۇلارغا شىنجاڭغا بېرىپ ئوقۇتقۇچىلىق قىلىش تەكلىپىنى قويىدۇ. ئۇلاردىن مۇھىببۇللا ھۇببۇلى، ئەلى ئىبراھىم، ھېسام باۋىن، شاھى شەرەپ، يەھىيى ۋە گۈلەندەمدىن ئىبارەت ئالتە نەپەر

زىيالىي ئۆزلىرىنى مەلۇم قىلىپ، مەقسۇت مۇھىتىنىڭ خىراجى-
تى بىلەن شىنجاڭغا كېلىدۇ. مەقسۇت مۇھىتى ئۇلاردىن ئۈچ
كىشىنى ئۈرۈمچى، گۇچۇڭ، چۆچەكلەرگە بىردىن ئورۇنلاشتۇر-
غاندىن باشقا، ئەلى ئىبراھىمنى تورپان بازىرىغا، مۇھىببۇللا
بىلەن گۈلەندەمنى ئاستانىگە ئورۇنلاشتۇرۇپ، 2 ـ قېتىملىق
مەقسۇدىيە مەكتىپىنى تەشكىل قىلىدۇ. مەقسۇت مۇھىتى مۇ-
ھىببۇللا ئەپەندى بىلەن گۈلەندەم ئاۋىستاينىڭ تۇرمۇشىغا ئالاھىدە
كۆڭۈل بۆلۈپ، ياخشى تۇرمۇش خىراجىتى بىلەن تەمىنلەيدۇ.
ئىككىسىنىڭ نىكاھ تويىنى ئۆتكۈزۈپ بېرىش بىلەن بىللە، ئۇ-
لارغا يەنە ئۆز ھويلىسىدا مەخسۇس ھوجرا ئۆي جابدۇپ بېرىدۇ.
مەقسۇت مۇھىتى شۇ قېتىم يەنە ئاستانىدە بىر قىزلار سىنى-
پى تەشكىل قىلىشقا تىرىشىپ كۆرگەن بولسىمۇ، ئەمما ئەمەلگە
ئاشمىغان، يەرلىك خەلق قىزلىرىنى مەكتەپكە بېرىشنى خالىمى-
غان. نەتىجىدە گۈلەندەم ئاۋىستاي كىچىك ھوجرىدا مۇھىتىلار
جەمەتىنىڭ قىز ۋە كېلىنلىرىنىلا ئوقۇتۇش بىلەن چەكلەنگەن.
2 ـ قېتىملىق مەقسۇدىيە مەكتىپىنىڭ ئوقۇغۇچىلىرى ئو-
قۇتقۇچىغا ھەر ئايدا بىر سەردىن كۈمۈش تەڭگە پۇل تۆلەپ
تۇرغان. مەكتەپكە كېرەكلىك باشقا خىراجەتلەرگە مەقسۇت مۇ-
ھىتى ئۆز يېنىدىن چىقىم قىلغان. مۇھىببۇللا ئەپەندى 1921
ـ يىلى كېسەل سەۋەبى بىلەن ئاستانىدە ۋاپات بولىدۇ (قەبرىسى
ھازىرمۇ ئاستانە ئەلپەتتاخان غوجام چوڭ قەبرىستانلىقىدا)، گۈ-
لەندەم ئاۋىستاي ئوغلى پاتىخ بىلەن تۇل قالغاندىن كېيىن يەنە
بىر مەزگىل ئىشلەپ، 1922 ـ يىلى ئۈرۈمچى ئارقىلىق چۆچەك-
كە كېتىدۇ، چۆچەككە بارغاندىن كېيىن ئۇ يەردە تاكى 1955
ـ يىلغىچە ئوقۇتقۇچىلىق قىلىدۇ.
مۇھىببۇللا ئەپەندىنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن، 1923 ـ يىلى
مەقسۇت مۇھىتىنىڭ ئاكىسى مۇسۇل ھاجى ئۈرۈمچىدە تۇرۇۋات-
قان مەقسۇدىيە مەكتىپىنىڭ تۇنجى قارار ئوقۇغۇچىسى ئاستانى-



لىق ئاباس نەجىبىنى تەكلىپ قىلىپ ئەكىلىپ، ئاستانىدە بىر
سىنىپلىق مەكتەپ ئاچىدۇ؛ ئىككى يىلدىن كېيىن بۇ مەكتەپ
تارقىلىپ كېتىدۇ.
30 ـ يىللار ئاستانىدە مائارىپ ئىشلىرى كۆلەملىشىش
يۈزلىنىشىنى ئالغان يىللار بولغان ئىدى.
1931 ـ يىلى مەقسۇت مۇھىتىنىڭ تەشەببۇسى بىلەن،
تۇنجى قارار مەقسۇدىيە مەكتىپىنىڭ ئوقۇغۇچىلىرىدىن بولغان
يەرلىك كىشىلەردىن ئابدۇرۇسۇل قەييۇمى، دۇگامەت خۇدىيار-
لارنىڭ ئوقۇتقۇچىلىقىدا ئاستانىدە بىر سىنىپلىق مەكتەپ ئېچى-
لىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئاستانىدە سىرتتىن ئوقۇتقۇچى تەكلىپ
قىلىش تارىخىغا خاتىمە بېرىلىدۇ. بۇ مەكتەپتە ئوقۇپ ئازادلىق-
تىن كېيىن شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى ئورۇنلىرىدا مۇھىم خىزمەت-
لەرنى ئۆتىگەن ئوقۇغۇچىلىرىدىن: ئەيسا نىياز، ئابلىمىت مۇھى-
تى، ئابدۇراخمان مۇھىتى، قادىر ھەسەن قاتارلىقلار بار.
1931 ـ يىلى مەقسۇت مۇھىتى ئوغلى ئەنۋەر بىلەن قېيىن-
ئىسى قاسىم پەرسانى تۆگە كارۋىنىغا قوشۇپ تيەنجىنگە ئوقۇشقا
ماڭغۇزىدۇ. بۇ ئىككەيلەننى بىلىم ئېلىش ئۈچۈن ئاستانىدىن
تۇنجى بولۇپ چوڭ شەھەرلەرگە ماڭغان كىشىلەر دەپ ھېسابلاشقا
بولىدۇ. بەختكە قارشى ئۇلار تيەنجىنگە يېتىپ بارالمايدۇ؛ لەن-
جۇغا يېتىپ بارغاندا ماجۇڭيىڭ ئۇلارنى سارايدىن تېپىپ ئۆزى-
نىڭ شىنجاڭغا چىقىش سەپىرىدە قۇمۇلغا قايتۇرۇپ كېلىدۇ ۋە
خۇجىنىياز ھاجىغا تاپشۇرۇپ بېرىدۇ.
1932 ـ يىلى ئاستانىدە دېھقانلار قوزغىلىڭى كۆتۈرۈلگەن-
دە، مەقسۇدىيە مەكتىپىنىڭ ئاخىرقى قارار (1931 ـ يىللىق)
ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ئاساسىي قىسمى مەھمۇت مۇھىتىغا ئەگىشىپ
قەشقەرگە كېتىدۇ. 34 ـ يىلى بۇلاردىن 20 نەپەر ئوقۇغۇچى
تاشكەنتتىكى ئوتتۇرا ئاسىيا دارىلفۇنۇنى ۋە باشقا مەكتەپلەرگە
ئوقۇشقا بارىدۇ.

ئاپرېل ئۆزگىرىشىدىن كېيىن، 1934 - يىلى مەھمۇت
مۇھىتىنىڭ تەشەببۇسى بىلەن ئاستانىدا قايتىدىن بىر سىنىپلىق
مەكتەپ تەشكىل قىلىنىدۇ، ئوقۇتقۇچىلىقنى دۇگامەت خۇدىيا-
رى ئۈستىگە ئالىدۇ. بۇ چاغدا مەقسۇت مۇھىتى ۋاپات بولغان،
مەھمۇت مۇھىتى بىلەن مۇسۇل ھاجىلار قەشقەردە تۇرۇۋاتقان
بولغاچقا، مەكتەپ خىراجىتىنى ۋە ئوقۇتقۇچىنىڭ مائاشىنى مۇ-
ھىتىلارنىڭ ئىگىلىك باشقۇرغۇچىسى ئابدۇللا پەرسا (مەقسۇت
مۇھىتىنىڭ قېينىنىسى) تەمىنلەپ تۇرىدۇ. شۇ چاغدا يەنە ئاستا-
نىدا ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسى تەرىپىدىن 1935 - يىلى تەشكىل قىلىن-
غان بىر سىنىپلىق مەكتەپ بار ئىدى. 1935 - يىلىنىڭ ئاخىرى
1936- يىلىنىڭ بېشىدىن باشلاپ دۇگامەت ئەپەندىنىڭ سىنىپى
ئۇيغۇر ئۇيۇشمىغا ئۆتكۈزۈلۈپ بېرىلىدۇ. شۇنىڭدىن باشلاپ ئاس-
تانىدا ئومۇمىيۈزلۈك يىللىق ئوقۇش تۈزۈمى يولغا قويۇلىدۇ. 6
يىللىق تۈزۈمدە 1 - سىنىپتىن 4 - سىنىپقىچە «ئىپتىدائىي
سىنىپ»، 5 -، 6 - سىنىپلار «رۇشتى سىنىپ» دەپ ئاتىلاتتى.
بۇ چاغدا ئېمىرخوجا، تۇرسۇن ۋاھىدى قاتارلىق بىر قىسىم
ئوقۇتقۇچىلار يېڭىدىن سەپكە قوشۇلىدۇ.

1934 - يىلى ئاستانىدە بەش قىشلاق بىۋاسىتە تارماق ئۇي-
غۇر ئۇيۇشمىسى قۇرۇلۇپ، مائارىپ ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتى
ئۈچۈن ياخشى ئاساس ھازىرلىنىدۇ. ئالتە يىللىق مەكتەپنىڭ
سىنىپ سانى تەدرىجىي كۆپىيىپ بارىدۇ. بۇنىڭغا ئەگىشىپ
1936 - يىلى ئاستانىدە ئىككى سىنىپلىق تۇنجى قىزلار مەكتىپى
تەشكىل قىلىنىپ، بۇ رايوندا قىزلارنىڭ مەكتەپتە ئوقۇماسلىق
تارىخىغا خاتىمە بېرىلىدۇ. قىزلار مەكتىپىنىڭ ئورنى ئابدۇرۇ-
سۇل قەييۇمنىڭ قورۇسىدا بولۇپ، ئۇلارغا گۇلەندەم ئاۋىستاي-
نىڭ ئوقۇغۇچىلىرىدىن بولغان مەقسۇت مۇھىتىنىڭ قىزى پاتەم-
خان، ئابدۇرۇسۇل قەييۇمنىڭ ئايالى ئايشەمخانلار ئوقۇتقۇچى
بولىدۇ، ئوقۇغۇچىسى 60 نەپەرگە يېتىدۇ.



مائارىپ ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ ئاستانىدە
جۈملىدىن، تۇرپان تەۋەسىدە ئوقۇتقۇچى يېتىشمەسلىك جىددىي
مەسىلە بولۇپ قالىدۇ. 1937 - يىلى تۇرپان ناھىيىلىك ئۇيغۇر
مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسىنىڭ يېتەكچىلىكىدە، ئاستانە بىۋا-
سىتە تارماق ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسىنىڭ باشقۇرۇشى بىلەن، ئاستانىدا
قىسقا مۇددەتلىك ئوقۇتقۇچى يېتىشتۈرۈش كۇرسى ئېچىلىدۇ.
كۇرسقا تۇرپان، پىچان، توقسۇن ناھىيىلىرىدىن بولۇپ جەمئىي
50 نەپەر ئوقۇغۇچى قاتنىشىدۇ. كۇرس ئوقۇتقۇچىلىقىنى دۇگا-
مەت خۇدىيارى، ئابدۇرۇسۇل قەييۇمى، ئابدۇرېھىم توختىنىياز
ئەپەندىلەر ئۈستىگە ئالىدۇ. كۇرس خىراجىتى ۋە ئوقۇغۇچىلار-
نىڭ راسخوتىنى ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسى تەمىنلەيدۇ. كۇرس تاماملىن-
غاندا كۇرسانتلار ئۈچ ناھىيىگە تەقسىملىنىپ ئوقۇتقۇچىلىق قى-
لىدۇ.

ئوقۇتقۇچى مەسىلىسى ھەل قىلىنغاندىن كېيىن، ئاستانە
تارماق ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسى بەش قىشلاق تەۋەسىدە تارقاق ھالدا
مەكتەپ تەشكىل قىلىدۇ. سىنىپ سانى تەدرىجىي كۆپىيىپ 32
سىنىپقا يېتىدۇ. مەكتەپلەرنىڭ خىراجىتى ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسى
تەرىپىدىن بېرىلىدۇ. شۇ چاغدا ئوقۇتقۇچىلارنىڭ مائاشى ئۈچۈن
ھەر ئايدا ئىككى، ئۈچ كۈرە بۇغداي ۋە مەلۇم مىقداردا نەق پۇل
بېرىلگەن.

1935 - يىلى خۇجىنىياز ھاجى (ئۆلكە مۇئاۋىن رەئىسى)
نىڭ تەشەببۇسى بىلەن، ئاستانىدا بىر خەنزۇچە ئوقۇتۇش سىنىپى
ئېچىلىدۇ. ئوقۇتقۇچىسى پىچان تۇيۇقلۇق ساۋۇت شاڭيۈرى بو-
لىدۇ. كىشىلەر بۇ ئادەمنى «ساۋۇت لوسى» دەپ ئاتايتتى. ئۇ
تۇيۇقتا ئۆيلۈك بولۇپ تۇرۇپ قالغان شاڭ فاملىلىك گۆرۈكەش
خەنزۇ كىشىنىڭ ئوغلى بولۇپ، ئاپىسى تۇيۇقلۇق ئۇيغۇر ئايال
ئىكەن. خەنزۇچە ئوقۇتۇش سىنىپىنىڭ خىراجىتىنى بىر يىلغىچە
خوجىنىياز ھاجى ئۆز يېنىدىن تەمىنلەپ تۇرىدۇ، كېيىن ھۆكۈ-

مەت تەمىناتىغا ئۆتىدۇ. 1939 - يىلىغا كەلگەندە خەنزۇچە ئوقۇتۇش توختىتىلىپ، ئۇيغۇر تىلىدا دەرس ئۆتۈلىدىغان سىنىپقا قوشۇۋېتىلىدۇ.

1936 - يىلىدىن كېيىن ئاستانىدە شەخسلەرنىڭ مەكتەپ ئېچىش ئىشى ئاخىرلىشىدۇ.

ئۇيغۇر ئۇيۇشما قارمىقىدىكى مەكتەپتە ئوقۇغان تۇنجى قارار ئوقۇغۇچىلار 1940 - يىلى ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن كېيىن، بىر تۈركۈمى ئۈرۈمچىگە ئوقۇشقا ماڭىدۇ. بۇ مەكتەپتە ئوقۇغان يېشى چوڭراق ئوقۇغۇچىلار 40 - يىلدىن بۇرۇنلا ئۈرۈمچىدىكى تېخنىكوم، دارىلمۇئەللىمىن قاتارلىق ھەرقايسى مەكتەپلەرگە بېرىپ ئوقۇغانىدى. شۇ چاغدا ئوقۇغانلار: ئابلىمىت شېرىپى، رەجەپ توختى، كارامەت ئىسلام، ئەيسا يۈسۈپ، يۈسۈپ ئىلياس قاتارلىقلار ئىدى.

35 - يىلىدىن كېيىن ئېچىلغان سىنىپلاردا ئاساسەن قازان ۋە ئۇفالاردا بېسىلغان پەننىي ۋە دىننىي كىتابلار دەرسلىك قىلىپ ئىشلىتىلگەن بولۇپ، دەرس تۈرلىرى: تىل - ئەدەبىيات، ئىلىم ھال (دىن دەرسى)، ھېساب، جۇغراپىيە، تەبىئەت، ناباتات (بوتانىكا)، تارىخ، ئەسىرسائادەت، ئەششىپائىيە (ئەرەپ تىلى دەرسى)، تەنتەربىيە، ناخشا ۋە رەسىم قاتارلىق ئىدى. مەكتەپلەردە يىللىق ئىمتىھان ئاتا - ئانىلارنىڭ قاتنىشىشى بىلەن ئېغىزچە ئۆتكۈزۈلەتتى، يېزا موتىۋەرلىرى قاتناشقان ئوچۇق سورۇندا ئوقۇغۇچىلار چەك تارتىپ، چەكتىكى سوئاللارغا ئوقۇتقۇچى ۋە ئاتا - ئانىلارنىڭ ئالدىدا جاۋاب بېرەتتى. نەتىجىسى ياخشى ئوقۇغۇچىلارغا ئۇيۇشما مۇكاپات بۇيۇملىرى تارقىتىپ بەرگەندىن باشقا، يەنە سودىگەر، بايلارمۇ ئۇلارغا سوۋغا تەقدىم قىلاتتى. ئىمتىھان مەزگىلىدە ئاتا - ئانىلار ئوقۇتقۇچىلارغا ئۆزلىرىنىڭ ئىقتىسادىي ئەھۋالىغا ئاساسەن، ھەر خىل كىيىملىك رەختلەرنى سوۋغا قىلاتتى.



1937 - يىلىغىچە تەشكىل قىلىنغان مەكتەپ ئۆيلىرى ئاساسەن شەخسلەرنىڭ قورۇلىرىدا بولۇپ، مەقسۇت مۇھىتىنىڭ قورۇسى يېنىدا كۆپ ھۇجرىلىق مۇكەممەل بىر مەدرىسە مەكتىپىنىڭ ئۆيلىرى بار ئىدى. بۇ مەكتەپنى تاشكەنتتىن شىنجاڭغا كېلىپ تىجارەت ئىشى بىلەن بېيىغان مەرىپەتپەرۋەر زات مەنسۇرجان باي 1922 - يىللىرى سالدۇرغان بولسىمۇ، مەدرىسە مەكتەپ بىلەن مەسچىت بىر تۇتاش ھالدا بىر قورشاۋ تامنىڭ ئىچىدە بولغانلىقتىن، ئوقۇتۇش ئىشلىرى ئۇچۇن ئىشلىتىلمەي كەلگەندى. ئۇنىڭدىن باشقا بۇ مەدرىسىدە مەيدان بولمىغاچقا، ئوقۇغۇچىلارنىڭ مەدەنىي پائالىيەتلەر بىلەن شۇغۇللىنىش ئىمكانىيىتى يوق ئىدى. 1937 - يىلى ئاستانە ساقچى ئىدارىسىنىڭ باشلىقى، قوشۇمچە ئۇيۇشما رەئىسى ھەسەن ئەلىيۇفنىڭ تەشەببۇسى بىلەن، ئاستانىدە (ھازىرقى مەركىزىي باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ ئورنىدا) سەككىز سىنىپلىق مونتىزىم مەكتەپ بەرپا قىلىندى. مەكتەپ ئۆيلىرى ۋە سىنىپلارنى سېلىشتا بىر باي بىر سىنىپ قۇرۇپ بېرىش چارىسى قوللىنىلغان. مەكتەپ پۈتكەندىن كېيىن ئاستانىدە مۇنتىزىم مەكتەپ تۈزۈمى شەكىللەنگەن. شۇ چاغدا قۇرۇلغان بۇ مەكتەپ ۋە ئۇنىڭ بارلىق ئۆي ئەسلىھەلىرى تاكى 1982 - يىلىغىچە، سىنىپ تاملىرىغا دەز كەتكەنگە قەدەر ئىزچىل ئىشلىتىپ كېلىنگەن (1982 - 1984 - يىللىرى مەكتەپ خىشتىن قايتا سېلىندى) ئىدى.

40 - يىللارنىڭ باشلىرى مائارىپ ئىشلىرى كەڭ كۆلەمدە روناق تاپقان يىللار بولغان، ئوقۇغۇچى سانى بارغانچە كۆپەيگەن ئىدى. ئوقۇتقۇچىلار مەكتەپتە كۈندۈزى ئۆسمۈرلەرنى تەربىيىلىسە، كەچلىكى چوڭلارنىڭ ساۋاتىنى چىقىراتتى. مەكتەپ قورۇسى ئوقۇغۇچىلار ۋە چوڭلارنىڭ ھەر خىل تەنتەربىيە پائالىيەتلىرى ئۆتكۈزىدىغان مەركىزىي سورۇن بولۇپ قالغانىدى (مەكتەپ قورۇسى ئىچىدە مۇقىم ۋاسكېتبول جازىسى ۋە تورنىك قاتارلىق

تەنتەربىيە ئەسلىھەلىرى بار ئىدى) . بۇ مەكتەپتە يەنە ئەپچىل سېلىنغان بىر تىياتىر سەھنىسى بولۇپ، بۇ سەھنە ئۆزىنىڭ گىرىمخانە ۋە سىنىپ ئۆيلىرى بىلەن قورشالغان ھالدا ئۈستى ئوچۇق كۇلۇب شەكلىنى ئالغانىدى. بۇ سەھنىدە ئوقۇتقۇچىلار ۋە ئۇيۇشما خادىملىرىدىن تەشكىللەنگەن سانائىنەپىسە ھەر خىل كونسېرت، كومېدىيە، درامىلارنى ئويناپ تۇراتتى. بۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسى مەسئۇل بولۇپ تەشكىللەيتتى. مائارىپ ۋە مەدەنىي مەشغۇلات چىقىملىرىنى ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسى خەلقتىن ئۆشرە - زاكات يىغىش، ئىئانە توپلاش، قوربانلىق قويىنىڭ ئۈچەي، تېرىلىرىنى يىغىش قاتارلىقلار ئارقىلىق ھەل قىلغانىدى.

ئەينى يىللاردا، مەكتەپكە ئىشلىتىدىغان بورىنى تاغدىن سىڭىرتاش (قات - قات كېلىدىغان سۇزۇك پارقىراق تاغ جىنىسى) ئەكېلىپ، ئوقۇتقۇچىلار ئۆزلىرى قول سېلىپ ياسايتتى. ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئوقۇش قوراللىرى سامان قەغەز، تاشتاختا، قېرىنداش قەلەملەردىن ئىبارەت ئىدى.

مەدەنىيەت - ئاقارتىش ئىشلىرىنىڭ تەرەققىيات ئېھتىياجى تۈپەيلىدىن، ئاستانىدە كۇلۇب سېلىشقا توغرا كەلگەچكە، ئاستانە ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسى مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلارنىڭ تەستىقى بىلەن كۇلۇب سېلىش ئۈچۈن، مەكتەپكە ئارا تام بولغان ئاستانە مەركىزىي مەدرىسىنىڭ چەتتىكى كونا ئۆيلىرىنى چېقىشقا كىرىشىدۇ، ئەمما، تۇرپان ناھىيىلىك ساقچى ئىدارىسىنىڭ باشلىقى گو × × نىڭ قۇترىتىشى بىلەن، ئاستانىدىكى بىر نەچچە كىشى ئاستانە ئاخۇنىنىڭ مۆھۈرىنى باستۇرۇپ يۇقىرىغا ئەرز سۇنىدۇ. نەتىجىدە، شېڭ شىسەينىڭ كۆرسەتمىسى بىلەن گوجۇيجاڭ 1940 - يىلى ئاۋغۇستتا ئۇيۇشما رەئىسى ھەسەن ئېلىيوف، باش كاتىپ ئابدۇلېتىپ باقى، مەدەنىيەت - مائارىپ بۆلۈم باشلىقى قاسىم ھابىللارنى قولغا ئېلىپ، ئۇلارنى تۈرمىدە يوقىتىدۇ.



ئاستانىدە شۇ چاغدا ئەسلىدىكى قىزلار سىنىپى ئاساسىدا قۇرۇلغان بىر مۇنتىزىم قىزلار مەكتىپى بار ئىدى. بۇ مەكتەپكە 1944 - يىلى ئۈرۈمچىدىن ئەخلىمە، مۇنەۋۋەر، مۇبارەك ئىسىملىك ئوقۇتقۇچىلار كېلىپ، قىز ئوقۇغۇچىلارغا رەشىدىيە ئىشلەش، كەشتە بېسىش، توقۇش ۋە تىككۈچىلىك قاتارلىق قول ئىشلىرىنى ئۆگەتكەن. قول ئىشى ئۆگىتىش ۋە ئوقۇتۇش ئىشلىرىغا يەنە شۇ چاغلاردا ئاستانىدە تۇرۇۋاتقان رەشىدە خانىم (بۇرھان شەھىدىنىڭ ئايالى) مۇ يېقىندىن ياردەمدە بولغان.

1944 - يىلى ۋۇجۇڭشىن تەختىكە چىققاندىن كېيىن، بازار باھاسى قالايمىقانلىشىپ پۇل پاخاللىقى گەۋدىلىنىپ چىقىدۇ. خىيانەتچىلىك كۆچىيىپ، ئوقۇتقۇچىلار ئۆز مائاشى بىلەن تۇرمۇش كەچۈرەلمەيدىغان ھالغا چۈشۈپ قالىدۇ. مەسىلەن، ل. مۇتەللىپنىڭ ئۈرۈمچى دارىلمۇئەللىمىندىكى ساۋاقدىشى، بىتىم يىللىرى يەكەن گارنىزونىنىڭ قوماندانى جۇفاڭگاڭ تەرىپىدىن قەتلى قىلىنغان زىيالىي ئەنۋەر يۈسۈپ ئەينى چاغدا ئاستانىدە ئوقۇتقۇچى ۋە مەكتەپ مۇدىرى بولۇپ ئىشلىگەنىدى. ئۇ، ئەتىگەندە مەكتەپتە دەرس ئۆتسە، چۈشتىن كېيىن تويلاردا ناغرا چېلىپ، كاۋاپ سېتىپ، ئاخشىمىسى بۆز توقۇپ تەستە كۈنىنى ئالغانىدى. نەتىجىدە مائارىپ ئىشلىرىمۇ چېكىنىشكە باشلايدۇ.

ۋۇ جۇڭشىن دەۋرىدىكى پۇل پاخاللىقى مەسئۇت سەبىرى رەئىس بولغان چاغلاردىمۇ داۋام قىلىدۇ. ئوقۇتقۇچىلار بىر نەچچە ئايدا بىر قېتىم مائاش ئالالىغان. ئاستانە مەكتەپىنىڭ كاسسىرى ئادۇرازاق نىياز ناھىيىلىك ھۆكۈمەتكە توققۇز نەپەر ئوقۇتقۇچىنىڭ ئۈچ ئايلىق مائاشىنى ئالغىلى بېرىپ، بانكىدىن پۇل ئالغاندىن كېيىن، پۇلنى كۆتۈرەلمەي مەپە كىرا قىلىپ تۇرپان بازىرى يېڭى شەھەردىن كونا شەھەرگە ئېلىپ كەلگەن، كىرا ھەققىنى تۆلەپ بولغاندىن كېيىن ئاشقان پۇلغا خورجۇننىڭ بىر تەرىپىگە سوپۇن، يەنە بىر تەرىپىگە فىنتوزا ئېلىپ كېلىپ ئوقۇتقۇچىلارغا تارقى-

تىپ بەرگەن. مەكتەپ ئىشچىسى تاشپولاتنىڭ ئۈچ ئايلىق مائا-
شى بولغان 30 مىليون دوللار پۇلغا ئاران بىر بولاق سەرەڭگە
كەلگەن. ئوقۇتقۇچى سابىتقا بىر ئايلىق مائاشى ئۈچۈن بىر
سۈكەن (ئېشەككە ئارتىلىدىغان قوش سىۋەت) پۇل كەلگەن بول-
سىمۇ، بۇ پۇلغا بىر سۈكەن كۆمۈر كەلمىگەن؛ كۆمۈرچىگە بىر
سۈگەن پۇلنى بەرگەندە كۆمۈرچى پۇلنى ئالماي كۆمۈرىنى قايتۇ-
رۇۋالغان.

1949 - يىلى ئازادلىق هارپىسىدا ئاستانىدە ئوغۇللار ۋە
قىزلار مەكتەپلىرىنىڭ ھەر بىرىدە يەتتە دىن سىنىپ بولۇپ،
ئوقۇغۇچىلار سانى ئايرىم - ئايرىم 290، 270 نەپەرگە يەتكەنىـ
دى. 1952 - يىلىغا كەلگەندە قىز - ئوغۇللار بىر مەكتەپتە
ئوقۇش يولغا قويۇلۇپ، ئاستان مەركىزىي مەكتەپ دەپ ئاتالدى.

**قوشۇمچە:**

ئايرىم كىشىلەرنىڭ مەلۇمات بېرىشىچە، ئەڭ دەسلەپ 1911
- يىلى ھۆكۈمەت تەرەپ ئاستانىدە خەنزۇ تىلىدا ئوقۇيدىغان بىر
سىنىپلىق مەكتەپ تەشكىل قىلىنغانىكەن. ئېيتىلىشىچە بۇ مەك-
تەپ «شۆتاڭ» دەپ ئاتىلىپ ھەر بىر مەھەللىدىن بىردىن بالا
مەجبۇرىي ئوقۇغۇچىلىققا قوبۇل قىلىنغان؛ ئوقۇتقۇچىسى مەشىق
(مەڭلىك شەيخ) ئاكا دېگەن كىشى بولغان. ئوقۇغۇچىلارنىڭ
كىيىم - كېچەكلىرى پۈتۈنلەي خەنزۇچە پوسۇندا بولۇپ، ئۇلارغا
پۆپۈكلۈك قارا دوپپا، ئۇزۇن قارا چاپان كىيدۈرۈلگەن؛ بىر تال
ئۇزۇن چاچ قويدۇرغان. مەكتەپ توڭچى (تەرجىمان) يېتىشتۈ-
رۈشنى مەقسەت قىلغان. بۇ مەكتەپتە كېرەمشاھ تۇڭچى، ئابدۇل
بوساق، ھوشۇر پۇچۇق، روزى شەيخ، مۇخپۇل خەلىپە قاتارلىق
40 نەپەر ئوقۇغۇچى ئىككى يىل ئوقۇپ ئۆزلۈكىدىن تارقىلىپ
كەتكەن (بەزى پېشقەدەملەر كېيىن بۇ مەكتەپنى تۇرپان بازىرىغا
يۆتكەپ كەتكەن، دېيىشىدۇ).



بۇ ماقالىنى يېزىشتا پېشقەدەم مائارىپچى ئۇستازىم مۇقىيىت
شېرىپى مېنى ئاساسىي ماتېرىياللار بىلەن تەمىنلىدى. مۇقىيىت
شېرىپى 1939 - يىلىدىن بېرى ئىزچىل ھالدا ئاستانىدە ئۇيغۇر
ئويۇشمىسى ۋە مەكتەپلەردە مەدەنىيەت - مائارىپ ئىشلىرى بىلەن
تاكى 1983 - يىلىغىچە شۇغۇللانغان 10 نەچچە يىل ئاستانە
مەكتەپنىڭ مۇدىرى بولغان.

(ئاپتور: ئۈرۈمچى تەجرىبە ئوتتۇرا مەكتەپتىن)
جاۋابكار مۇھەررىرلىرى:
**ئابدۇرېھىم مۇھەممەت جۇرئەت ئابلىمىت.**

# تارباغاتاي نەسىللىك قويىنىڭ كېلىپ چىقىشى ھەققىدە

باقەم ئۆمەرۇف

ھەر قانداق بىر مال ـ چارۋىچىلىق ئىگىلىكىنى قۇرۇش
ئۈچۈن، شۇ ئىگىلىككە قولايلىق شەرت ـ شارائىت ھازىرلىنىد-
شى، يەنى ئالدى بىلەن قىشلاق، كۆكلەم، كۈزلەم يايلاقلىق
ئورۇنلار بولۇشى، ئۇنىڭغا قوشۇمچە قىشلىق يەم ـ خەشەك
ئىشلەپچىقىرىدىغان دېھقانچىلىق مەيدانلىرىنى قۇرۇش ۋە مەيدان-
لارنى سۇ بىلەن تەمىنلەش ئۈچۈن، سۇ مەنبەلىرىنى ئېچىش
لازىم. چارۋىچىلىق كوپلىگەن تەرەپلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغانلىقى
ئۈچۈن، چارۋا تۈرىگە قاراپ ئورۇن تاللىنىدۇ. مەسىلەن: ئات
يېتىشتۈرۈش ئۈچۈن مۇۋاپىق بولغان ئورۇننىڭ قويچىلىق ۋە
كالىچىلىق ئۈچۈن مۇۋاپىق كېلىشى ناتايىن. شۇنىڭ ئۈچۈن
ھەرخىل چارۋا مالنىڭ ئالاھىدىلىكلىرىگە قاراپ ئورۇن تاللاپ،
ئۇنى مۇۋاپىق يەرلەشتۈرگەندە ئۇنىڭ تەرەققىيات يۈكسىلىشىنى،
يېڭى نەسىلنىڭ كېلىپ چىقىشىنى قولغا كەلتۈرگىلى بولىدۇ.
ئىلى كۈنەس ئاق قوي خوجىلىقى ۋە مۇڭغۇلكۈرە ئات فېرمىسى
تەلەپكە ئۇيغۇن ئورۇنلاشتۇرۇلغان خوجىلىقلارغا كىرىدۇ.

چۆچەك قوي خوجىلىقى يۇقىرىقى تەلەپكە قارىماي تەۋەككۇل-
چىلىك بىلەن پىلانسىز قۇرۇلغانلىقى ئۈچۈن، باشتىن ئاخىر
تۈرلۈك ئەگرى توقايلىقلارنى بېشىدىن ئۆتكۈزدى. بۇ ماللارنى
1938 ـ يىلىدىن 1955 ـ يىلىغىچە مىتىزاتسىيە يولى بىلەن
كۆپەيتىپ، پارتىزان شەكلىدە كۆكلەم، كۈزلەم، يايلاق، قىش-



لاقلارنى ئىزلەپ، توغرا كەلگەن ئورۇنلارغا ماللارنى بۆلۈپ
ئورۇنلاشتۇرۇپ، ئىش ئېلىپ بارغان. ماللارنىڭ سانى يىلدىن
ـ يىلغا كۆپەيگەنسېرى تېخىمۇ قىيىنچىلىقلارغا يولۇقۇپ، ماللار
تۈرلۈك چىقىملارغا ئۇچراش بىلەن خىزمەتنى دېگەندەك ئالغا
باستۇرالماي، تېخنىكا ئىشلەپچىقىرىش جەھەتتىمۇ توراقلىقتا
يۈزلۈنۈپ، خىزمەت ئۈنۈمى كۆزگە كۆرۈلمىگەنىدى.

1955 ـ يىلىنىڭ ئاخىرى بۇ خوجىلىققا مەن زاۋ تېخنىك
بولۇپ كېلىپ، ئەھۋال بىلەن تونۇشۇپ چىققاندىن كېيىن،
1956 ـ يىلىنىڭ باشلىرىدىن باشلاپ بۇ مىتىس قويلارنى تاللاش
يولى بىلەن جەمئىي 11.018 تۇياق قوينىڭ ھەممىسىنى بانىتد-
روفكا قىلىپ (بانىتىروفكا ـ ئەسلى لاتىنچىدىن كەلگەن سۆز
بولۇپ bonitas ياخشى سۈپەت مەنىسىدە)، بىر ـ بىرلەپ سىنىپ-
لارغا ئايرىپ چىقتىم. شۇنىڭ بىلەن بىرگە بۇ قويلارنىڭ «تىپ»
شەكىللىرىنى بىر قېلىپقا باراۋەرلەشتۈرۈپ، تەكشۈرۈپ، بۇلارنى
لىنىيەلەرگە بولۇپ چىقىپ، فىلىم، ژۇرناللار ئارقىلىق نەسىل-
چىلىك ئىشلىرىغا ئاساس سېلىپ ئىلمىي چارۋىچىلىق ئىشىغا
كىرىشتىم.

## تارباغاتاي قوي خوجىلىقىنىڭ ئورنى ۋە دائىرىسى

قوي خوجىلىقىنىڭ باش ئىدارىسى چۆچەك شەھەر ئىچىگە
جايلاشقان بولۇپ، خوجىلىقنىڭ 1 ـ بىرىگادىسى چۆچەك شەھىرد-
دىن 42 كىلومېتىر يىراقلىقتىكى مۇيۇنتالغا ئورۇنلاشتۇرۇل-
غان. چۆچەك ناھىيىسىگە قاراشلىق بۇ يەردە 14 قورۇ قوي
قىشلايتتى، يەنە بۇ بىرگادىغا قاراشلىق لوخۇيجاڭ زايىمكىسى بار
بولۇپ، شەھەردىن 60 كىلومېتىر يىراقلىقتا تۇراتتى. بۇ جايدا
سەككىز قورۇ قوي، بىر قورۇ سىيىر قىشلايتتى. بۇندىن باشقا،

مۆيۈنتالدىن 140 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان يايلاقتا 24 قورۇ قوي، ئىككى قورۇ سىيىر، بىر قورۇ يىلقا يايلايتتى. 1-بىرگادىنىڭ كۆكلەم ۋە كۈزلەم ئورۇنلىرى ئومۇمەن يېتىشمەيتتى.

2-جايىر بىرگادىسى: بۇ بىرگادىنىڭ قىشلاۋلىق ئورنى تولى ناھىيىسىگە قاراشلىق يىگىرمە سۇ دېگەن پونكىتتا بولۇپ، بۇ يەر چۆچەك شەھىرىدىن 220 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان ئىدى. بۇ بىرگادىنىڭ مال-چارۋىلىرىغا ئايرىم بەلگە بېرىلگەن بولۇپ، بۇ يەردە 26 قورۇ قوي قىشلايتتى. يەنە بۇ بىرگادىغا تەۋە ئالتە قورۇ قوي مايلىق قىشلاقىغا جايلاشتۇرۇلغانىدى، بۇ يەر چۆچەك شەھىرىدىن 200 كىلومېتىر يىراقلىقتا ئىدى. مەزكۇر قويلارنىڭ كۆكلەملىك، كۈزلەملىك ئورنى شەھەردىن 75 كىلومېتىر يىراقلىقتىكى كوكسۇ دېگەن جايدا ئىدى. يايلايدىغان ئورنى بولسا ئورخۇچاردا بولۇپ، بۇ يەر كۆكسۇدىن 80 كىلومېتىر يىراقلىقتا ئىدى. دېمەك، ماللارنىڭ قىشلاق، كۈزلەك ۋە يايلاقلىرى يۇقىرىقىدەك ئورۇنلاشتۇرۇلغانىدى.

## چارۋىچىلىق خوجىلىقىنىڭ يەم-خەشەك تەمىناتى

ماللارنىڭ ئوزۇق-تۈلۈك، يەم-خەشەكلىرىنى ئىشلەپچىقىرىش ۋە تەمىنلەش ئۈچۈن، دۆربىلجىن ناھىيىسىنىڭ «شىدىلان» دېگەن تاغ ئېتىكىگە جايلاشقان كۆلىمى 5984 مو (تەخمىنەن 400 گېكتار) كېلىدىغان يەرنى تېرىلغۇ مەيدان قىلىپ، بۇ يەرلەرگە تۈرلۈك زىرائەتلەر تېرىلدى. بۇ يەر چۆچەك شەھىرىدىن 70 كىلومېتىر يىراقلىقتا ئىدى. چۆچەك قوي خوجىلىقىنىڭ بىرگادىلار ئورنى تارقاق بولۇپ، باشقۇرۇش جەھەتلەردىمۇ قولايسىزلىقلار كۆپ ئىدى. شۇڭا قويلارنىڭ قىشلىق قوزىلاش



ئورنى ئۈچۈن ئايرىم مال قورۇلىرى سېلىنمىغان، ئالاھىدە قۇرۇلۇشلارمۇ قىلىنمىغانىدى.

## تارباغاتاي نەسىللىك ئاق قويىنىڭ كېلىپ چىقىشى

1939-يىلى چۆچەك لوڭمۇچاڭ قارمىقىدا 433 باش مېتىس قوي بار ئىدى. بۇ قويلار سوۋېت ئىتتىپاقىدىن ئالدۇرۇلغان رامبولىيە قوشقارلىرىدىن كېلىپ چىققان يەرلىك مېتىس قويلار ئىدى. شۇ يىلى چىغالتايدىن 93 تۇياق مېتىس قوي، ئابولغازى ئاقساقالدىن 200 تۇياق مېتىس قوي بىلەن 140 تۇياق مېتىس قوزا «كامپوسكا ۋايىت» قىلىپ بىر گەۋدە بولۇپ قوشۇلغان، بۇ مېتىس قويلارمۇ رامبولىيە قوشقىرىنىڭ ئەۋلادلىرىدىن ئىدى. دېمەك، 1939-يىلى لوڭمۇچاڭ قارمىقىدىكى بارلىق مېتىس قويلارنىڭ سانى 866 تۇياققا يەتكەن. 1952-يىلى قىرقىمىغا قاتناشقان تارباغاتاي مېتىس قويلىرىنىڭ سانى 2276 تۇياق بولغان.

1952-يىلى تارباغاتاي خوجىلىقى سۇيدۇڭ سار بولاق قوي خوجىلىقى ئارقىلىق، كۇنەس نەسىللىك ساغلىقىدىن 2798 تۇياق ۋە 1628 تۇياق بولۇپ جەمئىي 4526 تۇياق ئالدۇرغان، يەنە بۇنىڭ بىلەن بىرگە ئىلى كۇنەس ئاق قوي قوشقىرىدىن 65 تۇياق، ئالتاي نەسىللىك قوشقىرىدىن 35 تۇياق جەمئىي 100 تۇياق قوشقار ئالدۇرۇلغان بولۇپ، تارباغاتاي نەسىللىك چارۋىچىلىق خوجىلىقىدىكى مېتىس قويلارنىڭ سانى 6802 تۇياققا يەتكەن.

تارباغاتاي نەسىللىك قويىنىڭ نەسىللىنىش جەريانى 1-نۆۋەتتە تارباغاتاي ئۆزىنىڭ مېتىس قويلىرى، يەرلىك ساغلىقلار بىلەن رامبولىيە قوشقارلىرىنى چېتىشتۇرۇپ مېتىسلاشتۇرۇلغان

بولسىمۇ، كېيىنرەك ئىلى كۆنەس ئاق قوي ساغلىقلىرى بىلەن ئۇنىڭ قوشقارلىرى بىرگە ئالدۇرۇلۇپ، ئۇنىڭغا قوشۇمچە ئالتاي نەسىللىك چارۋىسىنىڭ قوشقارلىرى بىلەن بول قويلار ئاچىرىلغان (چېتىشتۇرۇلغان). دېمەك، تارباغاتاي قويىنىڭ كېلىپ چىقىشىدا ئاساسەن كۆپ تېپلىك رول ئوينىغان رامبولىيە قوشقارلىرى بولۇپ، كۆنەس قويىنىڭ كېلىپ چىقىشىغا ياندىشىپ ئالتاي نەسىللىك قوشقارلىرى ئارلاشمىسىمۇ ئاخىرقى نەتىجىدە يەنىلا كۆنەس نەسىللىك ئاق قوي خوجىلىقىدىن قوشقارلارنى ئالدۇرۇپ، تارباغاتاي قويىنى ۋۇجۇتقا كەلتۈرگەن. شۇڭا مەن تارباغاتاي نەسىللىك قويىنىڭ تېپىنى كۆنەس ئاق «تېپىگە» ئاساسلىنىپ، تارباغاتاي ئاق قوي «تېپىنى» ئوخشاش بەلگىلەپ چىققانىدىم.

شۇنىڭ ئۈچۈن 1957 - يىلى مەن كۆنەس ئاق قويىدىن 10 تۇياق 1 - كلاسلىق قوشقارلارنى تاللاپ ئەكېلىپ، شۇ يىلى چۆچەكنىڭ ئاق قوي 1 - 2 - كلاسلىق ساغلىقلىرى بىلەن چېتىشتۇرۇپ (ئۇرۇقلاندۇرۇپ) چىقتىم ۋە ئەڭ ياخشى نەتىجىلەرنى كەلتۈرۈپ چىقاردىم. نەسىللىك تۈرنى يېتىلدۈرۈش ئۈچۈن، ئىلمىي ئۇسۇل بىلەن ئىزچىل ئىشلەپ ۋە يەرلەشتۈرۈش تەلەپ قىلىندى. ئەنە شۇنداق ئىشلەش ئارقىلىق پۈتۈن قويلار 1962 - يىلىغىچە كۆنەس ئاق قوي تىپىگە مايىل بولدى.

تارباغاتاي نەسىللىك قويىمۇ تېۋىت، يايلىدىن پايدىلىنىپ تاغ - دالا شارائىتىغا كۆندۈرۈپ كېلىنگەن مېتىس قويلار بولغانلىقتىن، ھەر قانداق قار - بورانلىق تاغ شارائىتىغا چىدامىلىق، ھەركەتچان، پۇختا بولۇپ كۆندۈرۈلگەن قويلار ئىدى.

نەسىللىك قويىنىڭ مۇكەممەللىشى ئۈچۈن، 1956 - يىلدىن باشلاپ رەسمىي زاۋ تېخنىكا ئاساسىدا خوجىلىق رەتكە سېلىندى. ئومۇمىي قويغا باتىروفكا يۈرگۈزۈپ خىللاش، تاللاش، پارلاش قاتارلىق تېخنىكا ئىشلار يولغا قويۇلۇپ، قويلارنى كىلاسلارغا



(سىنىپلارغا) ئاجرىتىپ، ھەر بىر كىلاسلارغا لايىق قوشقارلارنى ئايرىپ چىقىپ، قورۇلار بويىچە ئايرىم باتىروفكا ژۇرنىلى، قىرقىم ژۇرنىلى (يوڭنى ئارلاشتۇرۇپ ئەتمەسلىك ئۈچۈن)، سۈنئىي ئۇرۇقلاندۇرۇش ژۇرنىلى، قوزىلاش ژۇرنىلى قاتارلىقلارنى ئايرىم - ئايرىم تۇتۇپ، تېخنىكا قائىدىلەرنى تۇرغۇزۇپ ئالدۇق ۋە خۇلاسە چىقىرىشنىڭ ئاساسىنى قۇردۇق. شۇنىڭدەك ھەر بىر يوقۇملۇق كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش، داۋالاش ئىشلىرىنى يولغا قويۇش بىلەن بىر قاتاردا، قىشلىق قوي تۆللەش قورۇلىرىنى تەييارلاپ، ئۇنىڭ تېگىشلىك ۋە يېتەرلىك يەم - خەشەك، چۆپ تەييارلاش ئىشلىرىنى پىلانلاپ، تەدرىجىي ھالدا مال نەسلىنى ياخشىلاشقا كىرىشىپ كەتتۇق.

ئىشلار بىر قەدەر يۈرۈشكەن بولسىمۇ، ئەمما بىرىگادىنىڭ تارقاقلىقى ۋە كادىرلارنىڭ يېتىشمەسلىكى تۈپەيلىدىن، تارقاقلىقنى رەتلەش، كادىرلارنى تولۇقلاش ئۈچۈن، ياش مالچىلارنى تەربىيىلەش، زاۋ تېخنىكا ۋە مال - دوختۇرلۇق بويىچە رەتكە تۇرغۇزۇش قاتارلىق ئىشلار بىلەن بولۇپ ئىككى يىل ئۆتۈپ كەتتى.

بىز بىرىگادىنىڭ تېخنىك خىزمەتچىلىرىنى ھەر - بىر بىرىگادا ۋە ھەر بىر قورۇلاردىن تاللاپ ئېلىپ تەربىيىلەپ، زاۋ تېخنىكلارنى يېتىشتۈرۈپ، تېخنىك خىزمەتلىرىنى ئىشلەشنى يولغا قويدۇق. بۇنىڭ نەتىجىسى ياخشى بولدى. شۇنداق قىلىپ 1955 - يىلدىن 1958 - يىلغا قەدەر بولغان ئۈچ يىل ئىچىدە بۇ قويلار خىللىنىپ، تاللىنىپ، پارلىنىپ، كىلاس لىنىيەلەرگە بۆلۈنۈپ، گۆش ۋە يۇڭنى ئاساس قىلغان مەخسۇس ئالاھىدىلىككە ئىگە «بىر تىپ» - تارباغاتاي نەسىللىك قويىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىشنىڭ ئاساسىنى نىشانلاپ ئالالىدۇق.

1958 -، 1959 - يىللىرى باتىروفكا خىزمىتى ئارقىلىق بادبور (تاللاش)، ئادبور (چىقىرىش)، پارلاشلار بىلەن يۇڭ ۋە

گۆشكە ئايرىم - ئايرىم مەخسۇس «تىپ» قويلارنى بەلگىلەپ ئېلىپ، بىر شەكىل، بىر سۈپەتلىك تارباغاتاي نەسىللىك قويىنىڭ قېنىنى توختۇتۇپ، بۇ قويىنى بىر پۈتۈن ئالاھىدىلىككە ئىگە نەسىللىك قوي دېيىشكە ئاساس سالالىدۇق. بىز بۇنى تارباغاتاي يېڭى نەسىللىك قويىنىڭ ئومۇمى مەھسۇلاتچانلىق ۋە ئۆسۈم مەھسۇلاتچانلىقى بىلەن كۆرسىتىپ بېرەلەيمىز. چۈنكى مۇنداق ئاساسلارنى يارىتىپ چىقتۇق: 1) كىلاسلىق ساغلىقلارنى ئالساق، 1959 - يىللىق ماتېرىيالدا كۆرسىتىلىشىچە، بىر ياشلىق ساغلىقنىڭ تىرىك ئېغىرلىقى 50 كىلوگرام، يۇڭ بېرىشى 5.5 كىلوگرام؛ ئىككى ياشلىق ساغلىقلارنىڭ تىرىك ئېغىرلىقى 65 كىلوگرام يۇڭ بېرىشى 6.5 كىلوگرام: ئۈچ ياشلىقلارنىڭ تىرىك ئېغىرلىقى بولسا 70 كىلوگرام، يۇڭ بېرىشى 7.5 كىلوگرام بولدى. 2) بىرىنچى كىلاسلىق قوشقارلارنىڭ مەھسۇلاتچانلىقى: بىر ياشلىق قوشقارنىڭ تىرىك ئېغىرلىقى 70 كىلوگرام، يۇڭ بېرىشى 8.5 كىلوگرام، ئىككى ياشلىق قوشقارنىڭ تىرىك ئېغىرلىقى 98 كىلوگرام، يۇڭ بېرىشى 11 كىلوگرام، ئۈچ ياشلىقلىرىنىڭ تىرىك ئېغىرلىقى 120 كىلوگرام، يۇڭ بېرىشى 14 كىلوگرام بولدى.

زاۋ تېخنىكا قائىدىسى بويىچە ئالغاندا، نەسىلچىلىك ئىشلىرى ئۈچۈن، يۇقىرى مەھسۇلاتچانلىقنى ئەركەك ماللاردىن تەلەپ قىلىمىز. سەۋەبى بىر مەۋسۇمدە بىر قوشقار بىلەن بىر نەچچە مىڭ ساغلىقنى سۈنئىي ئۇرۇقلاندۇرۇپ، ئۇنىڭدىن بىر نەچچە مىڭ ياخشى، تەلەپكە ئۇيغۇن قوزا ئالغىلى بولىدۇ.

چارۋا - ماللارنىڭ بىئولوگىيىلىك ھاياتى ۋە تەرەققىياتى ئۈچۈن، يەرنىڭ جۇغراپىيىلىك مۇھىتى بىلەن يەر ئاستى مەدەنى بايلىقلىرى ۋە قاتلاملىرى ناھايىتى چوڭ تەسىر كۆرسىتىدۇ. قاتناش ترانسپورت مۇناسىۋەتلىرى ئۇنىڭغا ۋاستىلىك تەسىر كۆرسىتىدۇ. زاۋ تېخنىكىدا تۈرلۈك ھايۋان ۋە ئۆسۈملۈكلەرنىڭ



تۈرلىرىگە مۇناسىۋەتلىك رەۋىشتە، ھەر بىر كىلاسلىق چارۋا - ماللارغا خاس بولغان شەرت - شارائىت ئورۇنلىرى بەلگىلىنىپ ئېلىنىشى لازىم. شۇڭا ئاق خوجىلىقى ئۈچۈن ئىلى كۈنەس دەرياسىنىڭ كۈنگەي تەرىپى تاللىنىپ ئېلىنغانىدى، مۇڭغۇلكۈرە ئات زاۋۇتى ئۈچۈن بولسا تېكەس تاغ ئېتىكى ۋە خونىغاي جىلغا ئېغىزى تاللانغانىدى. تارباغاتاي ۋىلايىتىمۇ مال، چارۋىچىلىق ئۈچۈن قولايلىق جاي بولغانلىقى ئۈچۈن، بۇ رايوندا ئىككى ئورۇندا سېير فېرمىسى ھەم ئىككى ئورۇندا قوي فېرمىسى بارلىققا كەلگەن. بۇلار تارباغاتاي نەسىللىك قوي فېرمىسى بىلەن تارباغاتاي ئۆي يايلاۋ تاۋارنى قوي فېرمىسىدۇر.

ھەر قانداق يېزائىگىلىكى ۋە سانائەت ئىشلەپچىقىرىشى ئۈچۈن، شۇنداقلا ھەر قانداق بىر خوجىلىق ئىشلىرىنىڭ راۋاج تېپىشى ئۈچۈن، يەرلىك شەرت - شارائىتتىن تاشقىرى، شۇ ئىشنى ئىشلەيدىغان ھەم شۇ ئىشنىڭ ئەھلى بولغان ئادەملەرنىڭ بولۇشى زۆرۈر. مۇنداق ئونىۋېرسال تېخنىكلارنى يېتىشتۈرۈش، تاللاش، تەربىيىلەش تولىمۇ مۇھىم. مۇنداق خاس خادىملار ئىلمىي تېخنىكا بىلىملىرىگە ئىگە بولۇشتىن سىرت، خوجىلىق باشقۇرۇش، مالىيە، سودا، ئالاقە ئىشلىرىنى قىلالايدىغان، تەشكىلاتچانلىق رولىنى ئوينىيالايدىغان ماھىر، چەۋەر خادىملاردىن بولۇشى لازىم.

يەنە بىر مۇھىم تەرىپى، خوجىلىقتا رەھبەرلىك قىلغۇچى خادىم ھەر تەرەپلىمە تالانت ئىگىسى بولغاندىلا ئاندىن ھەر بىر چارۋىچىلىق فېرمىسىنىڭ تەرەققىياتى تېز ئالغا باسالايدۇ. تارباغاتاي نەسىللىك قويچىلىقىنىڭ تەرەققىياتى زاۋ تېخنىكا قائىدىسى بويىچە ئىزچىل ئىشلەپ كەلگەنلىكىنىڭ نەتىجىسىدىن كېلىپ چىققان. خوجىلۇقنىڭ نۇقتىلىق ئىشلىرىنى مەن ئۆزۈم قول سېلىپ ئىشلىدىم. دېمەك، يۇقىرىدا بىز كۆرۈپ ئۆتكەن تارباغاتاي نەسىللىك قويىنىڭ 1939 - يىلدىن 1952 - يىلغا قەدەر

مىتزاتسىيەلىشىپ كېلىشى كونەس ئاق قويىنىڭ مىتزاتسىيەلىشىپ كېلىشىگە ئوخشاش، رامبولىيە قوشقارلىرى بىلەن يەرلىك قويلارنى چېتىشتۇرۇپ مىتىسلاشتۇرۇلغان ھەم ئۇنىڭ تەرەققىي ئېتىشىگە ئەگىشىپ، 1952 ـ يىلى ساربولاق قوي خوجىلىقى ئارقىلىق 4526 تۇياق كونەس ئاق قوي ساغلىقى بىلەن 65 تۇياق كونەس ئاق قوي قوشقارلىرى ئالدۇرۇلۇپ، بۇلار ئارقىلىق تارباغاتاي مىتىس قويلىرىنىڭ سانى كۆپىيىپ؛ ئاشۇ 65 تۇياق قوشقار ئارقىلىق سۈپىتى ياخشىلىنىشقا باشلانغان.

1957 ـ يىلى چارۋىچىلىق نازارىتىنىڭ تەستىقى بىلەن مەن 1 ـ كىلاسلىق 10 تۇياق قوشقارنى كونەس ئاق قويىدىن تاللاپ ئېلىپ كېلىپ، بۇلار ئارقىلىق لىنىيەلىك ئۇستۇرۇش بىلەن ساغلىقلارنى قاچۇرۇپ ئۈچ يىل پايدىلاندىم.

دېمەك، كونەس ئاق قويىنىڭ ئەۋلاد كىلوچانلىقى ئۇنىڭ قېنى ۋە تېپى جەھەتتىن تارباغاتاي نەسىللىك قويى بىلەن چەكلىنىپ قالمايدۇ، بەلكى ساربولاق قوي فېرمىسى بىلەن سومبۇل قوي فېرمىلىرى ئاساسىدا ئۇلار ۋۇجۇتقا كەلگەندۇر.

1953 ـ يىلدىن باشلاپ كونەس ئاق قوي قوشقارلىرىدىن نەسىل ئېلىش مەقسىتىدە پۈتۈن شىنجاڭ بويىلاپ، ھەتتە ئىچكىرى ئۆلكىلىرىگىمۇ ھەر يىلى ياش قوشقارلار كىلاسلار بويىچە سېتىلىپ تۇرۇشقا باشلىدى.

تارباغاتاي نەسىللىك قوي خوجىلىقى بولسا، 1957 ـ يىلدىن باشلاپ نەسىللىك ياش قوشقارلارنى ئىچكىرى ئۆلكىلەرگە كىلاسلار بويىچە سېتىشقا باشلىغانىدى.

ھەر قانداق زامانىۋى بىر يېڭى نەسىللىك مال ۋۇجۇتقا كېلىدىكەن، ئەلۋەتتە ئۇنىڭ ھەر تەرەپلىمە ئالاھىدىلىكلىرى ئېتىبارغا ئېلىنىدۇ. 1 ـ زامانىۋى تەرەققىياتقا خاس مەھسۇلدارچانلىققا ئىگە بولۇشى. 2 ـ يەرلىك شەرت ـ شارائىتلارغا خاس بولغان خۇسۇسىيەتلىرى بولۇشى. 3 ـ ئۇنىڭ ھاياتلىق كۈچىنىڭ



مۇستەھكەم بولۇشى. 4 ـ مەھسۇلدارچانلىقىنىڭ سۈپىتى خەلقئارا سۈپەت مەھسۇلدارچانلىق ئۆلچەم بىرلىكىگە باراۋەر بولۇشىدۇر.

يۇقىرىقى شەرتلەر كونەس ئاق قويى بىلەن تارباغاتاي ئاق قويىنىڭ تەبىئي كېلىپ چىقىش خۇسۇسىيەتلىرىنىڭ ئاساسىنى تەشكىل قىلىدۇ.

ھوسۇلدارچانلىقتا قويىنىڭ تىرىك ئېغىرلىقىغا نىسبەتەن ھەر 10 كىلوگرام ئېغىرلىقىدىن بىر كىلوگرام يۇڭ بېرىشلىگىدە بايقىلىدۇ. ئەگەر بېقىش، كۈتۈش، ئاسراش ياخشى بولسىلا يۇڭىنىڭ ئىنچىكىلىكى 60 ـ 64 مىللى مىكرون بولۇشى بىلەن يۇڭىنىڭ ژىرا پوتى ھەم يېتەرلىك يۇڭ ئۇزۇنلىقى ئورتا ھېساب بىلەن 7 ـ 8 سانتىمېتىرنى تەشكىل قىلىدۇ.

### يەرلىك شەرت ـ شارائىتلارغا خاس بولغان خۇسۇسىيەتلەر

بۇ قويلار ئۆزىنىڭ كونا ئەجدادى بولغان يەرلىك قويلاردەك سوغ ۋە ئىسسىق شارائىتلارغا چىدامىلىق، قىش كۈنلىرى قار ئاستىدىكى چۆپ ـ ئوتلارنى تېپىپ يېيىشكە قابىل، ئاچ ـ توق قېلىشقا چىدامىلىق خۇسۇسىيەتلىرى ساقلانغان. دېمەك، مەيلى كونەس ئاق قويى بولسۇن، مەيلى تارباغاتاي ئاق قويى بولسۇن، خىللاش، تاللاش، پارلاشلار ئارقىلىق ۋۇجۇتقا كەلگەن. بۇنداق تاللىنىپ ۋۇجۇتقا كەلگەن پارودىلارنىڭ پونتامىتى مەھكەم بولۇپ، ئۇنىڭ ھاياتلىق كۈچى مۇستەھكەم بولىدۇ. ھەر قانداق كونا نەسىل بىلەن چېتىشتۇرغاندا يېڭىلمەي 50% قان بېرەلەيدۇ. ھوسۇلدارچانلىقىنىڭ سۈپىتى خەلقئارا سۈپەت مەھسۇلدارچانلىق ئىدىنتسىيەسىگە باراۋەر بولۇشى ھەققىدە سۆزلىگەندە، 64 مىللى مىكرون قوي يۇڭىنىڭ مىقتىلىق كۈچى 64 مىللى مىكرون تۆمۈر بېسىمىنىڭ مىقتىلىق كۈچى بىلەن باراۋەر بولۇشى كېرەك. بىز ئەنە شۇ يۇڭىنىڭ تۆمۈر بېسىمى بىلەن تەڭ بولغان مىقتىلىقىنى ئۆلچىگىنىمىزدە كونەس قوي يۇڭىنىڭ مىقتىلىقى تۆمۈر بېسىم مىقتىلىقى بىلەن باراۋەر چىققانىدى.

دېمەك، يۇقىرىقى ئاساسلارغا بىنائەن ۋۇجۇتقا كەلگەن كۆ-
نەس ئاق قويى بىلەن تارباغاتاي ئىنچىكە يۇڭلۇق ئاق قويى قان
جەھەتتىن، «تىپ» جەھەتتىن بىر خىل خۇسۇسىيەتلىك بولۇپ،
كېلىپ چىققان بىر پارودا قويلاردۇر.

(ئاپتور: شۇ مەزگىلدىكى باش زاۋ تېخنىك)
جاۋابكار مۇھەررىر: جۇرئەت ئابلىمىت



دى ۋە قىسقا
كۆرسنى
ەك.

# خەلقىمىزنىڭ سۆيۈملۈك پەرزەنتى ئابلىز مۇھەممەدىنى ئەسلەيمەن

**جاپپار ئەمەت**

1993 - يىلى 12 - ئاينىڭ 26 - كۈنى، شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىنىڭ ماۋزېدۇڭ تۇغۇلغانلىقىنىڭ 100 يىللىقىنى خاتىرىلەش مۇناسىۋىتى بىلەن ئويۇشتۇرغان تېلېۋىزىيە پروگراممىسىدا، مەن ئوتتۇرا بويلۇق، كۆزلىرى چوغدەك يېنىپ تۇرغان بىر ئۇيغۇر يىگىتنىڭ جۇڭگو خەلقىنىڭ قەدىردان داھىيسى ماۋزېدۇڭغا بەقەسەم تون بىلەن بادام دوپپا كىيگۈزۈۋاتقان كۆرۈنۈشنى يەنە بىر قېتىم كۆرۈپ قالدىم. بۇ، 1950 - يىلى دۆلەت بايرىمى مەزگىلىدە پايتەخت بېيجىڭدا بولۇپ ئۆتكەن ئىشلار ئىدى.

گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ ئاسارىتىدىن ئەمدىلا ئازاد بولۇپ خۇشاللىق تەنتەنىسىگە چۆمگەن شىنجاڭ خەلقى، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى ۋە خەلق ھۆكۈمىتىگە بولغان چوڭقۇر مىننەتدارلىقىنى ئىزھار قىلىش ئۈچۈن، ھەر مىللەت ئىلغارلىرى ۋە مۆتىۋەرلىرىدىن تەركىپ تاپقان شىنجاڭ ۋەكىللەر ئۆمىكىنى تەشكىل قىلىپ بېيجىڭغا ئەۋەتكەن ۋە شىنجاڭدىن بارغان سەنئەت ئۆمىكى خەلق سارىيىدا ئۇيغۇر ناخشا، ئۇسسۇللىرىنى كۆرسەتكەنىدى. رەئىس ماۋزېدۇڭغا تون ۋە دوپپا كىيگۈزۈۋاتقان يىگىت ۋەكىللەر ئۆمىكىنىڭ باشلىقى، شىنجاڭ خەلقىنىڭ سۆيۈملۈك ئوغلى ئابلىز مۇھەممەدى ئىدى. مەن مۇشۇ كۆرۈنۈشتىن تارتقان فوتو سۈرەتنى ئۇنىڭ ئائىلىسىدە بىر قانچە قېتىم كۆرگەنىدىم.

بۈگۈن مەن تېلېۋىزور ئېكرانىدا ئابلىز مۇھەممەدنىڭ رەسىم ماۋزېدۇڭغا تون كىيدۈرۈۋاتقان كۆرۈنۈشىنى قايتا كۆرۈپ، ئۇنىڭ پۈتۈن ئۆمرىنى خەلقنىڭ بەخت - سائادىتى ئۈچۈن بېغىشلىغان، پۈتۈن ئۆمرىدە ھەقىقەت ۋە ئادالەتتە چىڭ تۇرۇپ، ئاقكۆڭۈل، پاك ۋىجدان بىلەن ياشىغان ئوبرازىنى كۆز ئالدىمغا كەلتۈرۈپ، ئۇنى چوڭقۇر سېغىنىش ئىچىدە ئەسلىدىم.

## زۇلمەت ئىچىدە ئۆتكەن ياشلىق

زۇلمەت ئىچىدە قىيناقتا ئۆتكەن،
ياشلىقىڭىزنىڭ تەگدىن تولىسى.
تاگدىن كېيىنمۇ تارتىنمىڭىز يەنە،
قالغاندەك ئۇنىڭ قازا چالىسى.

ئاتاقلىق شائىرىمىز تېيىپجان ئېلىيوفنىڭ ئابلىز مۇھەممەدنىڭ ۋاپاتى مۇناسىۋىتى بىلەن 1988 - يىلى 5 - ئاينىڭ 25 - كۈنى يازغان بۇ مەرسىيەسى، خەلقنىڭ سادىق پەرزەنتى ئابلىز مۇھەممەدنىڭ قاراڭغۇ زۇلمەت ئىچىدە ئۆتكەن ياشلىق باھارىنى بىزگە سۈرەتلەپ بېرىدۇ.

ئابلىز مۇھەممەد 1921 - يىلى 4 - ئاينىڭ 25 - كۈنى سۈيدۇڭ (ھازىرقى قورغاس) ناھىيىسىدە بىر خىزمەتچى ئائىلىسىدە تۇغۇلدى. ئۇنىڭ ئاتىسى مۇھەممەد ئىمىن ئوقۇغان، كۆزىنى كۆرگەن، روسىيە تەرىپىدىن سۈيدۇڭدە قۇرۇلغان ئېلېكتر ئىستانسىسىدا بوغالتىر بولۇپ ئىشلەيدىغان ئاڭلىق كىشى ئىدى. ئۇ ئۆز ئوغلىنىڭ كىچىكىدىن تارتىپلا زېرەك، ئەقىللىق بولۇپ ئۆسۈۋاتقانلىقىنى بايقاپ، ئۇنى ئىلىم - بىلىملىك يېڭى ئەۋلاد قىلىپ يېتىشتۈرۈش ئۈچۈن، 1928 - يىلى «نەمۇنە» باشلانغۇچ مەكتىپىگە ئوقۇشقا بەردى. ئۇ باشلانغۇچنى تۈگىتىپ، 1936



- يىلى 6 - ئايغىچە تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقىدى ۋە قىسقا مۇددەتلىك ئوقۇتقۇچىلار كۇرسىغا ئوقۇشقا كىردى. كۇرسنى تۈگەتكەندىن كېيىن بىر مەزگىل ئۆزى ئوقىغان «نەمۇنە» مەكتىپىدە ئوقۇتقۇچى ۋە ئىلمىي مۇدىر بولۇپ ئىشلىدى، قوشۇمچە ئۇيغۇر مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسىدا كاتىپ بولدى. 1939 - يىلى ئۈرۈمچىدىكى ئۆلكىلىك ساقچى كادىرلىرى مەكتىپىگە ئوقۇشقا ئەۋەتىلدى. بۇ چاغدا ساقچى كادىرلار مەكتىپىگە مىللىتارىست شېڭ شىسەينىڭ قول چوماقى ۋە جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسىنىڭ باشلىقى لى يىڭچى مەكتەپ مۇدىرى بولسىمۇ، لېكىن ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ئاساسىي قىسمى ئىنقىلابىي رايون يەنەندىن ئەۋەتىلگەن كومپارتىيە ئەزاسى ۋاڭ شاۋيۇڭ، سوۋېت ئىتتىپاقىدىن كەلگەن ھاشىم ھاجى قاتارلىق ئىلغار كىشىلەر ئىدى. مەكتەپتە ساقچىلىق كەسپىگە دائىر دەرسلەر ئۆتۈلگەندىن تاشقىرى، ئەي سىچى، ماۋدۇن (شېڭ يەنبىڭ) قاتارلىق ماركسىزمچىلار تۈزگەن يېڭى پەلسەپە، سىياسىي ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىيات تارىخى قاتارلىق دەرسلەرمۇ ئوقۇلاتتى. شۇڭا ئابلىز مۇھەممەدى بۇ مەكتەپتە ماركسىزم - لېنىنىزم ئىلمى ھەقىقىتى توغرىسىدا دەسلەپكى چۈشەنچىلەرگە ئىگە بولدى. ئۇ مەكتەپنى ئەلا دەرىجىدە پۈتتۈرۈپ، ئۆلكىلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسىغا تەقسىم قىلىنىپ ئىشقا چۈشتى. بۇ چاغدا شېڭ شىسەي سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن دوست بولۇش، كوممۇنىستىك پارتىيە بىلەن بىرلىشىشتىن ئىبارەت «ئالتە بۈيۈك سىياسەت»نى يولغا قويغان بولۇپ، جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسىغا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ ئەزاسى ۋاڭ زىتەن مۇئاۋىن باشلىق، سوۋېت ئىتتىپاقىدىن كەلگەن ۋاڭ ×× باش كاتىپ ئىدى (6 - بۆلۈمگە ھاشىم ھاجى بۆلۈم باشلىقى ئىدى)، جۈملىدىن سوۋېت ئىتتىپاقىدىن كەلگەن كىشىلەردىن سىيىت ھاجى قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ، قاسىم ئەپەندى ئاقسۇنىڭ، ئەلىزادە خوتەن-

نىڭ جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسىنىڭ باشلىقى ئىدى. جامائەت خەۋپسىزلىكى ئورگانلىرىدا شېڭ شىسەينىڭ قول چومىقى لى يىڭچى گۇرۇھى بىلەن يەنئەن ۋە سوۋېت ئىتتىپاقىدىن كەلگەن ئىلغار گۇرۇھ ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت ناھايىتى ئۆتكۈر ئىدى. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى ئەزالىرىنىڭ تەشەببۇسى بىلەن قۇرۇلغان «شىنجاڭ خەلقىنىڭ جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش ئۇيۇشمىسى» (فەندىخۇي) نىڭ شۆبىسى جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسىدىمۇ بار ئىدى. ئابلىز مۇھەممەدىنىڭ ئۈستىگە ئالغان خىزمىتى ئادەتتىكىچە بولسىمۇ، لېكىن ئۇ «جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش ئۇيۇشمىسى» نىڭ شۆبىسىدە تەشۋىقات ھەيئىتى بولۇپ ئىشلەيتتى. شۇڭا ئۇ جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇشنىڭ ئاۋانگارت جەڭچىلىرىدىن بولۇپ قالغانىدى.

ئەكسىيەتچى كۈچلەرنىڭ بىر ئالاھىدىلىكى «ئېغىزدا چىرايلىق سۆزلەپ، ئەمەلىيەتتە يامان ئىش قىلىش» تىن ئىبارەت. شېڭ شىسەي بىر مەزگىل «كوممۇنىزمچى» دېگەن نىقاب بىلەن ئوتتۇرىغا چىقىپ ئۆز ھاكىمىيىتىنى مۇستەھكەملىۋالغاندىن كېيىن، 1940 - يىلىدىن ئېتىبارەن ئىلغار كىشىلەرگە زىيانكەشلىك قىلىشنى باشلىۋەتكەنىدى. جۈملىدىن شۇ يىلى ئۇ ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئاتاقلىق زىيالىيلىرى ۋە شائىرلىرىدىن ئايۇپ مەنسۇرى، خېلىل ساتتارى، ئابلىز شەرىپى، ئىبراھىم مۇتىئى قاتارلىق كىشىلەرنى قولغا ئالدى. مۇنداق ئاق تېرورلۇق ئابلىز مۇھەممەدىنىڭ ئىدىيىسىدىن ئۆتمىگەچكە، بىر قانچە سورۇنلاردا «ئۇلارنىڭ گۇناھى نېمە؟ نېمە ئۈچۈن قولغا ئېلىنىدۇ؟» دەپ نارازىلىق بىلدۈردى. بۇ ئەھۋال ئىشپىيونلار تەرىپىدىن ئىنكاس قىلىنغاندىن كېيىن، جاللات لى يىڭچى ئۆز قولى بىلەن تەستىق سېلىپ، ئابلىز مۇھەممەدىنى قولغا ئېلىپ تۈرمىگە تاشلىدى. ئۇنىڭ ياشلىق باھارى 1941 - يىلى 2 - ئايدىن 1945 - يىلى 4 - ئايغىچە تۈرمىدە ئۆتتى.



ۋىجدانلىق، ئۈمىدلىك كىشىلەر ئۈچۈن قاراڭغۇ زۇلمەتلىك تۈرمە ئىچىدىمۇ ئالغا ئىلگىرىلەش يولى تېپىلماي قالمايدۇ. ئابلىز مۇھەممەدى شېڭ شىسەينىڭ 2 - تۈرمىسىدە (ھازىرقى تىيانشان رايونلۇق ج خ ئىدارىسىنىڭ ئورنى) ياتقان مەزگىلدە، يەنئەندىن كەلگەن ئاتاقلىق مەدەنىيەت ئەربابى ۋە شىنجاڭ ھازىرقى زامان تىياتىر - سەنئىتىنىڭ ئاساسچىلىرىدىن بىرى بولغان جاۋدەن ئەپەندى بىلەن بىر كامېردا ياتتى. ئۇنى ئۇستاز تۇتۇپ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ ئىنقىلابىي ئىش ئىزلىرى، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى كۆرەشتىكى باتۇرلۇقى ھەققىدە نۇرغۇن تەسىرلىك ھېكايىلەرنى ئاڭلاپ، يېڭى دۇنيا قاراشقا ئىگە بولغاندىن تاشقىرى، جاۋدەندىن خەنزۇ تىل - يېزىقىنى ئۆگەندى. گەرچە تۈرمىدە قەغەز - قەلەم يوق، ژاندارمىلارنىڭ ئايىقى ئۈزۈلمەي تەكشۈرۈپ تۇرغان شارائىتتىمۇ، كۆمۈر ئۇۋاقلىرى ۋە سېغىزنى بور قىلىپ، كامېر پەگاسىنى دوسكا قىلىپ، يوشۇرۇن ھالدا خەنزۇ تىلى ۋە يېزىقىنى ئۆگىنىپ، خەنزۇ تىلىدا ئۆزىنىڭ مەقسەت - مۇددىئاسىنى ئوقتۇرالايدىغان، ئادەتتىكى سۆز جۈملىلەرنى يازالايدىغان بولۇپ قالدى.

1944 - يىلىنىڭ ئاخىرى شېڭ شىسەي شىنجاڭدىن يۆتكىلىپ، ئورنىغا ۋۇجۇڭشىن ئۆلكە رەئىسى بولۇپ كەلدى. ئۇ شىنجاڭدا يېڭىدىن قۇرۇلغان گومىنداڭ پارتىيىسى تەشكىلى ئورگانلىرىنىڭ «ئادالەتلىك» ئىكەنلىكىنى ۋە ئۆزىنىڭ «ئادىل كىشى» ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىش ئۈچۈن، شېڭ شىسەي ۋاقتىدا قولغا ئېلىنغان زور بىر تۈركۈم كىشىلەرنى تۈرمىدىن بوشىتىپ، ھەر قايسى جايلارغا خىزمەتكە تەيىنلەپ ئەۋەتكەن بولسىمۇ، لېكىن ئابلىز مۇھەممەدىنى «كوممۇنىستلارنىڭ تەسىرىگە يولۇققان» كىشىلەر قاتارىدا تۈرمىدە قالدۇردى. لېكىن بۇ جەھەتتە ھېچقانداق دەلىل - ئىسپاتى بولمىغاچقا، ئاخىرى 1945 - يىلى 4 - ئايدا ئۇنى تۈرمىدىن بوشاتقان بولسىمۇ، خىزمەتكە ئورۇنلاش-

تۇرمىدى. ئۇ چاغدا ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى پارتلاپ، غۇلجا - ئۈرۈمچى تاشيولى ئېتىلىپ قالغاچقا، ئابلىز مۇھەممىدى ئۆز يۇرتىغا قايتالمىدى. شۇڭا ئۇ ئۈچ ۋىلايەت تەرەپ بىلەن ئالاقە باغلاش يولىنى ئىزلىدى. ئۇ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ رەھبەرلىرى ئىچىدە سۇيدۇڭدىكى «نەمۇنە» باشلانغۇچ مەكتىپىدە ساۋاقداش بولۇپ بىللە ئوقۇغان، ساقچى كادىرلىرى مەكتىپىدە ئوقۇۋاتقاندا ۋە ج خ ئىدارىسىدا ئىشلەۋاتقاندا داۋاملىق ئۇچرىشىپ، مۇڭدىشىپ تۇرىدىغان قەدىرلىك دوستى ئابدۇكېرىم ئابباسوفنىڭمۇ بارلىقىنى ئاڭلىدى. ئۇ ئاخىرى خوجەخمەت زاكىروفنىڭ ياردىمىدە سوۋېت كونسۇلىستىۋاسى خادىملىرى ئارقىلىق خەت ئەۋەتىپ، ئابدۇكېرىم ئابباسوف بىلەن ئالاقە باغلىدى. ئۇنىڭ تونۇشتۇرۇشى بىلەن ئۈچ ۋىلايەتنىڭ ئۈرۈمچىدىكى يەر ئاستى تەشكىلاتى بىلەن ئالاقە ئورناتتى. بۇ تەشكىلاتنىڭ يېتەكچىلىكىدە، ئۈرۈمچىدە ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ تەشۋىق ۋاراقلىرىنى تارقىتىش، ياشلارنى ئىنقىلابىي روھ بىلەن تەربىيىلەش ئىشلىرىغا كىرىشىپ كەتتى.

## جەنۇبىي شىنجاڭ ياشلىرىنىڭ ئاۋانگارتى

ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى توغرىسىدا سۆز بولغاندا، كۆپلىگەن كىشىلەر ئۈچ ۋىلايەتتە قولىغا قورال ئېلىپ، گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى بىلەن تىغمۇ - تىغ كۆرەش قىلغان باتۇرلارنى ئەسلەيدۇ. ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا زىچ ئەگىشىپ، قومۇل، تۇرپان، قاراشەھەر، ئاقسۇ، قەشقەر، يەكەن، خوتەن ۋىلايەتلىرىدە گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىگە قارشى سىياسىي كۆرەش ئېلىپ بېرىپ، خەلقنى ئويغىتىش، خەلقنى گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىگە قارشى قوزغاش يولىدا جان پىدالىق بىلەن يەر ئاستى خىزمەتلىرىنى ئىشلەپ تۇرمىلەردە ياتقان، گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى



تەرىپىدىن قەتلى قىلىنغان، تىرىك كۆمۈۋېتىلگەن بىر تۈركۈم ئوت يۈرەك كىشىلەرنىڭ بولغانلىقىنى ئانچە ئەسلىمەيدۇ، ھەتتا ئۇلار ھازىرغىچە ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا قاتناشقانلار قاتارىدىن، جۈملىدىن ئىنقىلابىي قۇربانلار تىزىملىكىدىن ئورۇنمۇ ئالغىنى يوق.

ئابلىز مۇھەممىدىمۇ ئۈچ ۋىلايەتتىكى قوراللىق كۆرەشنى ئۇيۇشتۇرۇشقا بىۋاسىتە قاتنىشالمىغان بولسىمۇ، ئەمما جەنۇبىي شىنجاڭدا سىياسىي كۆرەشنىڭ ئالدىنقى قاتارىدا تۇرۇپ، خەلقنى ئويغىتىش، تەربىيىلەش، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ جەنۇبىي شىنجاڭدىكى تەسىرىنى كېڭەيتىش يولىدا ھارماي - تالماي سىياسىي ۋە قانۇنىي كۆرەش ئېلىپ بارغان ياشلارنىڭ ئاۋانگارتىدۇر.

1945 - يىلى ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ ئوت - يالقۇنى ماناس دەرياسىغىچە يېتىپ كەلگەن، شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا بىرمۇنچە ئىنقىلابىي تەشكىلاتلار قۇرۇلۇپ، ئۈچ ۋىلايەت بىلەن ئالاقە باغلاشقا تەشنا بولىۋاتقان ۋاقىت ئىدى. بولۇپمۇ قەشقەر ۋىلايىتىدە ئابدۇكېرىمخان مەخسۇم باشچىلىقىدىكى ئىنقىلابىي كۈچلەر بىرلىشىۋاتقان، تاشقورغاندا ئۆز ۋاقتىدا گېنېرال ئىسھاقبېك تەربىيىلەپ ئۆستۈرگەن جەڭچىلەر قوللىرىغا قورال ئېلىپ، قوزغىلاڭ كۆتۈرۈشكە تەييارلىنىۋاتقان ۋاقىت ئىدى. شۇ يىلى 8 - ئايدا ئۈرۈمچىدىكى يەر ئاستى تەشكىلاتى يوقىرىنىڭ يوليورۇقىغا ئاساسەن ئابلىز مۇھەممىدىگە جەنۇبىي شىنجاڭغا بېرىپ، قەشقەردىكى ئىنقىلابىي تەشكىلاتلار ۋە تاشقورغان جەڭچىلىرى بىلەن ئالاقە باغلاپ، قوراللىق قوزغىلاڭنىڭ تەييارلىق ئىشلىرىنى ئىشلەشكە بەلگىلەنگەنلىكىنى ئۇقتۇردى. ئابلىز مۇھەممىدى ئات ھارۋىسى بىلەن يولغا چىقىپ، گومىنداڭچىلارنىڭ باشئەگىم، ئاقسۇ، مارالبېشىدىكى ئاچال قاتارلىق قاتمۇ - قات تەكشۈرۈش پونكىتلىرىدىن ئۇستىلىق بىلەن بۆسۈپ ئۆتۈپ، 9 - ئاينىڭ ئاخىرىدا ئاتۇشقا يېتىپ بېرىپ، ئاتۇشتىكى كونا

تونۇشلىرىدىن ئابلەت زوردۇن (ئازادلىقتىن كېيىن ئاپتونوم
رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى ئىشخانىسىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى بول-
غان)، ئابلەت مەخسۇم (ئۈرۈمچى شەھەرلىك قول سانائەتچى
ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى بولغان)لار بىلەن ئۇچرىشىپ،
ئۇلار ئارقىلىق قەشقەر بىلەن ئالاقە باغلىدى. ئەمما شۇ يىلى 8
- ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ئۈچ ۋىلايەت قوشۇنى مۇزداۋان ئارقىلىق
ئاقسۇغا چۈشۈپ، ئاقسۇ يېڭىشەھەر سېپىلىنى قورشىۋالغان ۋاقىت
بولغاچقا، گومىنداڭچىلار ھەممە تەرەپكە بۇيرۇق تارقىتىپ،
«يات ئادەملەر»نى شەرتسىز قولغا ئېلىشنى ئۇقتۇرغانىدى. ئاب-
لىز مۇھەممىدىنىڭ ئاتۇشقا كەلگەن ۋاقتى دەل مۇشۇنداق پەيتكە
توغرا كەلگەچكە، ئۇ گومىنداڭ دائىرىلىرى تەرىپىدىن قولغا
ئېلىنىپ، قەشقەر ۋىلايەتلىك ساقچى تۈرمىسىگە ئېلىپ كېلىن-
دى. ساقچى دائىرىلىرى ئۇنى سوراق قىلىش جەريانىدا ۋەھشىيانە
قىيىن - قىستاقلارغا ئېلىپ باققان بولسىمۇ، ھېچقانداق يىپ
ئۇچىغا ئىگە بولالمىدى. ئۇنىڭ يانچۇقىدا ئاتۇش ناھىيىلىك مائا-
رىپ ئىدارىسىغا خىزمەتكە ئەۋەتىلگەنلىكى توغرىسىدا ئالاقە بول-
سىمۇ، ساقچى دائىرىلىرى ئۇنى قويۇپ بەرمەي تۈرمىدە ساقلى-
دى.

1946 - يىلى 6 - ئايدا ئۈچ ۋىلايەت بىلەن گومىنداڭ
ئوتتۇرىسىدا 11 ماددىلىق «تىنچلىق بىتىمى» ئىمزالانغاندىن كې-
يىنلا ئۇنى تۈرمىدىن بوشاتتى. چۈنكى، 11 ماددىلىق بىتىمنىڭ
بىر ماددىسى «ھەر ئىككى تەرەپكە مۇناسىۋەتلىك سىياسىي مەھ-
بۇسلارنى تۈرمىدىن شەرتسىز ئازاد قىلىش» ئىدى. شۇ چاغدا
يەنە ئۈچ ۋىلايەتنىڭ تەلىپىگە ئاساسەن، ئابدۇكېرىمخان مەخسۇم
قەشقەرنىڭ ۋالىيسى بولۇپ تەيىنلەنگەنىدى. ئۇنىڭ ياردىمى ئاس-
تىدا ئابلىز مۇھەممىدى ئاۋۋال قەشقەر ۋالىي مەھكىمىسىدە ئاب-
دۇكېرىمخان مەخسۇمنىڭ شەخسىي كاتىپى، كېيىن ۋالىي مەھ-
كىمىسىنىڭ باش كاتىپى بولۇپ ئىشلىدى. شۇندىن كېيىن ئۇ



ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنى ئوچۇق ئاشكارە تەشۋىق قىلىپ، خەلقنى
ئۈچ ۋىلايەتكە ئەگىشىپ، گومىنداڭ دائىرىلىرىنىڭ زوراۋانلىقىغا
قارشى تۇرۇشقا قوزغاپ، قەشقەر ياشلىرى ئىچىدە تونۇلدى.

1946 - يىلى 10 - ئايلاردىن كېيىن تىنچلىق بىتىمىنىڭ
بىر ماددىسى بويىچە «ناھىيە ھاكىملىرى، ناھىيىلىك كېڭەش
ھەيئىتى[1] ئەزالىرى ۋە ئۆلكىلىك كېڭەش ھەيئىتىگە سايلىنىدىغان
ئەزالارنى خەلقنىڭ ئەركىن سايلىمى ئارقىلىق ۋۇجۇتقا كەلتۈ-
رۈش»نى مەركەز قىلغان سايلام خىزمىتى باشلىنىپ كەتتى. بۇ،
ئەمەلىيەتتە ئۈچ ۋىلايەت قوراللىق قوزغىلىڭىدىن كېيىن، 3
ۋىلايەت بىلەن گومىنداڭ ئوتتۇرىسىدىكى كەسكىن سىياسىي كۈ-
رەش ئىدى. كۆرەشنىڭ مەركىزىي نوقتىسى «گومىنداڭچىلارنىڭ
قول - چوماقچىلىرىنى ساقلاپ قېلىش كېرەكمۇ ياكى ئۇلارنى
سايلام ئارقىلىق ئۈزۈل - كېسىل ئاغدۇرۇپ تاشلاپ، خەلقنىڭ
ھەقىقىي ۋەكىللىرىنى تەختكە چىقىرىش كېرەكمۇ؟» دېگەندىن
ئىبارەت ئىدى.

قەشقەرنىڭ سايلام ئىشلىرىغا يېتەكچىلىك ۋە نازارەتچىلىك
قىلىش ئۈچۈن، يېڭى قۇرۇلغان ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەت-
نىڭ ۋەكىلى سۈپىتىدە قەشقەرگە سەيپىدىن ئەزىزى كەلگەن
ئىدى. شۇنىڭدەك ئۇنىڭ بىلەن بىللە قاسىمجان قەمبىرىمۇ قەش-
قەرگە مۇئاۋىن ۋالىي بولۇپ بەلگىلىنىپ كەلگەنىدى. سەيپىدىن
ئەزىزىنىڭ شۇ چاغدىكى ئاشكارە خىزمىتى قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ
سايلام خىزمىتىگە نازارەتچىلىك قىلىپ، سايلامدا خەلقنىڭ غەلى-
بە قازىنىشىنى قولغا كەلتۈرۈش؛ مەخپىي خىزمىتى «خەلقچىل
ئىنقىلابىي پارتىيە» (قىسقارتىلغان ئىسمى خىپ)نىڭ جەنۇبىي
شىنجاڭ بيۇروسىنى قۇرۇشتىن ئىبارەت ئىدى. «خىپ» ئابدۇ-
كېرىم ئابباسوف ۋە سەيپىدىن ئەزىزىنىڭ يېتەكچىلىكىدە بىۋاس-

① ناھىيىلىك كېڭەش ھەيئىتى - ھازىرقى خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىغا تەڭ

ته قۇرۇلغان مەخپىي تەشكىلات بولۇپ، ئۇنىڭ شۇ چاغدىكى ۋەزىپىسى ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ غەلىبىسىنى قوغداپ، 11 ماددىلىق تىنچلىق بىتىمىنىڭ ئىشقا ئاشۇرۇلۇشىغا كاپالەتلىك قىلىش، يەنە بىر قەدەم ئىلگىرىلىگەن هالدا دېموكراتىيە، خەلقچىللىق ۋە هەققانىيەتنى ياقىلاپ، گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىگە قارشى كۈرەش قىلىپ، خەلق ئازادلىق كۈرىشىنىڭ مەملىكەت بويىچە غەلىبە قىلىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئىدى.

سەيپىدىن ئەزىزىنىڭ تەكلىپى بىلەن ئابلىز مۇهەممىدى قەشقەر ۋىلايەتلىك سايلام هەيئىتىنىڭ باش كاتىپى، ۋىلايەتلىك مائارىپ ئىدارىسىنىڭ باشلىقى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۈستىگە ئالدى. ئۇنىڭغا يەنە «خىپ» تەشكىلاتىغا ئەزا توپلاش ۋە ئۇنىڭ تەشكىلىي ئاپپاراتىنى قۇرۇپ چىقىشتىن ئىبارەت ۋەزىپىمۇ تاپشۇرۇلدى. ئابلىز مۇهەممىدى ئەنە شۇنىڭدىن باشلاپ قەشقەر زىيالىيلىرى ۋە ئوقۇتقۇچىلارنى ئاساس قىلغان سايلام تەشۋىقاتى گۇرۇپپىلىرىنى قۇرۇپ، كەڭ خەلق ئاممىسى ئىچىدە ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ شانلىق غەلىبىسى، 11 ماددىلىق تىنچلىق بىتىم، بۇ قېتىمقى سايلام ئارقىلىق خەلقنى قىزغىن سۆيىدىغان، خەلققە قىزغىن غەمخورلۇق قىلىدىغان، هەممە ئىشتا خەلق مەنپەئەتىنى ئەلا بىلىدىغان كىشىلەرنى هاكىمىيەت ئورۇنلىرىغا سايلاش هەققىدە تەشۋىقات ئېلىپ بېرىشقا يېتەكچىلىك قىلدى. ئابلىز مۇهەممىدى يەنە قاسىمجان قەمبىرى، نىزامىدىن ئەپەندى، ئالىم ئاخۇن، بارات ئەپەندى① قاتارلىق كىشىلەردىن تەركىب تاپقان «خىپ» تەشكىلىنى قۇرۇپ چىقتى ۋە «خىپ» نىڭ جەنۇبىي شىنجاڭ بيۇروسىغا سېكرېتار بولۇپ سايلاندى.

شۇندىن كېيىن «خىپ» تەشكىلاتىنىڭ يېتەكچىلىكىدە قەش-

① نىزامىدىن ئەپەندى، ئالىم ئاخۇن، بارات ئەپەندى قاتارلىقلار ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا ماسلىشىپ شىنجاڭدا خىزمەت قىلىش ئۈچۈن سوۋېت ئىتتىپاقى ئارقىلىق قەشقەرگە كىرگۈزۈلگەن ئۇيغۇر زىيالىيلىرى بولۇپ، ئازادلىقتىن كېيىن مۇهىم خىزمەتلەرگە قويۇلغانىدى.



قەر ۋىلايىتىدىكى ئىلغار كۈچلەر زىچ ئىتتىپاقلىشىپ، گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى ۋە ئۇنىڭ قول چوماقچىلىرىنىڭ كونا هاكىمىيەتنى ساقلاپ قېلىش جەهەتتىكى هىيلە - نەيرەڭلىرىگە قارشى كۈرەش قىلىپ، سايلام خىزمىتىدە مۇتلەق ئۈستۈنلۈككە ئىگە بولدى. بۇ، گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ قەشقەر ۋىلايىتىدىكى ئەڭ چوڭ مەغلۇبىيىتى ئىدى. ئەكسىيەتچىلەر ئۆز مەغلۇبىيىتىگە تەن بەرمەيدۇ ۋە تارىخ سەهنىسىدىن ئۆزلىكىدىن چۈشمەيدۇ. شۇڭا گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى بىر تەرەپتىن تىنچلىق بىتىمگە ئوچۇقتىن - ئوچۇق خىلاپلىق قىلىپ، بىرلەشمە هۆكۈمەت ۋاقتىدا گومىنداڭ ۋەكىلى سۈپىتىدە ئۆلكىلىك هۆكۈمەت رەئىسى بولغان جاڭ جىجوڭ ئەپەندىنىڭ ئورنىغا شىنجاڭدا هېچقانداق نام ئاتىقى، تۆهپىسى بولمىغان مەسئۇد سەبىرىنى ئۆلكىلىك هۆكۈمەت رەئىسى قىلىپ ئېلان قىلدى؛ يەنە بىر تەرەپتىن سايلام خىزمىتىدە ئۈستۈنلۈككە ئېرىشكەن ئورۇنلاردا يېڭىدىن سايلانغان خەلق ۋەكىللىرى ۋە هاكىملارنى قولغا ئېلىپ، ئۆز شايكىلىرىنى يۆلەپ تۇرغۇزۇشقا باشلىدى. مۇشۇنداق شارائىتتا، 1947 - يىلى 5 - ئايدا قەشقەردىكى ئىنقىلابىي كۈچلەر «مەسئۇدنىڭ رەئىس بولۇشىغا قارشى تۇرۇش، خەلق سايلىمىنى بۇزۇشقا قارشى تۇرۇش نامايىشى» ئۆتكۈزۈپ، پۈتۈن شىنجاڭنى زىلزىلىگە كەلتۈردى.

بۇ مەزگىلدە ئابلىز مۇهەممىدى باشچىلىقىدىكى «خىپ» تەشكىلاتىنىڭ خوتەنگە بولغان تەسىرىمۇ ناهايىتى چوڭقۇر بولغانىدى. قەشقەر مائارىپ ئىدارىسى نەشر قىلغان «مۇئەللىم» گېزىتى قاتمۇ - قات توسالغۇلارنى بۆسۈپ ئۆتۈپ خوتەنگە بارغاندا، بىز خوتەن مائارىپچىلىرى (مەنمۇ ئۇ چاغدا چايخانا مەكتەپتە ئوقۇتقۇچى ئىدىم) ئۇنى زور قىزىقىش بىلەن ئوقۇپ مەنىۋىي ئوزۇق ئالاتتۇق.

گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى 1947 - يىلى 4 - ئايلاردا

خوتەندە، يەرلىك مۇتەئەسسىپ كۈچلەرنى قۇترىتىپ، «چەت يۇرتلۇقلار خوتەندىن چىقىپ كەتسۇن» دېگەن ئەكسىيەتچى شوئارنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، باشقا ۋىلايەتلەردىن خوتەنگە كېلىپ خىزمەت قىلىۋاتقان ئىلغار ياشلارنى مەجبۇرى ھەيدەشكە باشلىدى. بۇنىڭدىن ئاۋۋالراق (1947 - يىلىنىڭ باشلىرىدا) گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى خوتەن ۋىلايىتىنىڭ سايلام ئىشلىرىغا ئوچۇق - ئاشكارە بۇزغۇنچىلىق قىلىپ، يېڭى سايلانغان ھاكىم ئابدۇقادىر ھەسەننى قولغا ئالدى. خوتەن ناھىيىلىك كېڭەش ھەيئىتىگە باشلىق بولۇپ سايلانغان يۇسۇپ سەئىدى، ئۆلكىلىك كېڭەش ھەيئىتى ئەزالىقىغا سايلانغان ئىمىن ئىسلام قولغا ئېلىنىش ئالدىدا ئەرز - دات قىلىش ئۈچۈن، ئۈرۈمچىگە قاراپ يولغا چىقتى. ئۇلار قەشقەرگە بارغاندا، ئابلىز مۇھەممەدى باشچىلىقىدىكى «خىپ» نىڭ ئىقتىسادىي ياردىمىگە تايىنىپ، ئۈرۈمچىگە بېرىۋالغانىدى. شۇڭا ئاشۇ يىللاردا ئابلىز مۇھەممەدىنىڭ نامى خوتەن ياشلىرى ئىچىدىمۇ مەشھۇر ئىدى.

گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى 1947 - يىلى 7 - ئايدىكى تۇرپان قوزغىلىڭىدىن كېيىن، ئىنقىلابى ئاممىنى كەڭ كۆلەمدە باستۇرۇش ئۈچۈن، «قوراللىق قوزغىلاڭ كۆتىرىش ئەنزىسى» دېگەن بوھتاننى ئويدۇرۇپ چىقىرىپ، جەنۇبىي شىنجاڭ بويىچە زور بىر تۈركۈم ئىنقىلابى روھتىكى كىشىلەرنى ۋە ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا ئەگەشكەنلەرنى قولغا ئالدى. جۈملىدىن قەشقەر ۋىلايىتىدە 1947 - يىلى 7 - ئاينىڭ 21 - كۈنى قاسىمجان قەمبىرى، ئابلىز مۇھەممەدى باشلىق «خىپ» نىڭ ئەزالىرى ۋە ئىلغار كۈچلەردىن 200 دىن ئارتۇق كىشى قولغا ئېلىندى. «خىپ» نىڭ ئەزالىرى گومىنداڭ 42 - جۈنىنىڭ قەشقەر يېڭىشەھەردىكى شتابىنىڭ مەخسۇس تۈرمىسىگە قامالغانىدى. ئۇلار قاتتىق قىيىن - قىستاق ئاستىدىمۇ باتۇرلارچە كۈرەش قىلىپ، «خىپ» نىڭ مەخپىيلىكىنى ساقلاپ قالدى ۋە ئەكسىيەتچىلەرنىڭ «قورال-



لىق قوزغىلاڭ كۆتىرىش ئەنزىسى» دېگەن بىر نىمىسىنى قەتئىي رەت قىلدى. گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ مۇنداق بىر يالغان ئەنزىنى توقۇپ چىقىشتىكى مەقسىتى ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى رەھبەرلىرى بولغان ئەخمەتجان قاسىمى، سەيپىدىن ئەزىزى قاتارلىق يولداشلارنىڭ خىزمەت تەكشۈرۈپ جەنۇبىي شىنجاڭغا بارغانلىقىدىن پايدىلىنىپ، ئۇلارنى «ئاممىنى قوراللىق قوزغىلاڭ كۆتىرىشكە قۇتراتتى» دەپ ئەيىبلەپ، ئۆزىنىڭ تىنچلىق بىتىمىنى بۇزغان جىنايىتىنى ئاقلاش؛ مۇشۇ بىر يالغان دېلونى ئاساس قىلىپ، قولغا ئېلىنغان كىشىلەرگە كەڭ كۆلەمدە زىيانكەشلىك قىلىش ئىدى. لېكىن ئۇلار ئۆزى ياساپ چىققان «قوراللىق قوزغىلاڭ كۆتىرىش ۋەقەسى» دە ئۆزۈل - كېسىل مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن، بىر تۈركۈم كىشىلەرنى تۈرمىدىن بوشۇتۇشقا مەجبۇر بولدى. ئابلىز مۇھەممەدى باشلىق «خىپ» نىڭ ئەزالىرىنى ئۇزۇن مۇددەت تۈرمىدە تۇتۇپ تۇردى.

## شىنجاڭنى تىنچلىق بىلەن ئازاد قىلىش يولىدا

1949 - يىلى خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى غەربىي شىمال رايونىغا قاراپ چاقماق تېزلىكىدە ئىلگىرىلىمەكتە ئىدى. ئىچكى جەھەتتە خەلقنىڭ گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىگە بولغان قارشىلىقى ھەسسىلەپ كۈچىيىپ، غەزەپ - نەپرەت ئوتى شىنجاڭنىڭ ھەممە جايىنى قاپلىغانىدى. گومىنداڭ دائىرىلىرى تاللىۋالغان مەسئۇد قاتارلىق بىر ئوچۇم يالاقچىلار شىنجاڭ ۋەزىيىتىنى تىزگىنلەشكە ئىقتىدارسىز ئىدى. شۇڭا گومىنداڭ دائىرىلىرى خەلقنىڭ غەزىپىنى ئازراق بولسىمۇ پەسەيتىش ئۈچۈن، 1949 - يىلىنىڭ بېشىدا مەسئۇدنى رەئىسلىكتىن قالدۇرۇپ، بورھان شەھىدىنى ئۆلكە رەئىسى قىلىپ بەلگىلىدى. بورھان

ئەپەندىم رەئىسلىك ئورنىغا چىققاندىن كېيىن جۇڭگو ـ سوۋېت
دوستلۇق جەمئىيىتى قۇرۇپ، سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن بولغان
سودا ۋە مەدەنىي ـ ئالاقە ئىشلىرىنى ئەسلىگە كەلتۈردى؛ پۇل
ئىسلاھاتىنى يولغا قويۇپ، قەغەز پۇل ئورنىغا كۈمۈش تەنگە
چىقىرىپ، پۇل پاخاللىقىنى پەسەيتتى؛ دېموكراتىيە ۋە خەلقچىل-
لىقنى تەشەببۇس قىلىپ، خەلقنىڭ سۆز، مەتبۇئات، يىغىلىش
ئۆتكۈزۈش، نامايىش قىلىش ھوقۇقلىرىنى قوغدىدى؛ ھەربىي-
لەرنىڭ يەرلىك ئىشلارغا ئارىلىشىشىنى چەكلىدى. مۇشۇنداق
بىر ۋەزىيەتتە قەشقەردىكى ئابدۇركېرىمخان مەخسۇم باشچىلىقى-
دىكى ئىلغار كۈچلەر ئارقا ـ ئارقىدىن ئەرز يېزىپ، گومىنداڭ
دائىرىلىرىنىڭ ئابلىز مۇھەممىدى قاتارلىق تۈرمىدىكى كىشىلەر-
نى ئازاد قىلىشىنى تەلەپ قىلدى. بورھان شەھىدى قەشقەردە
تۇرۇشلۇق 42 ـ جۈننىڭ قوماندانى جاۋ شىگۇاڭغا ئارقا ـ ئارقى-
دىن تېلېگرامما ۋە خەت ئەۋەتىپ، ئاخىر قاماقتىكىلەرنى ئازاد
قىلىشقا ماقۇل كەلتۈردى. شۇنداق قىلىپ ئابلىز مۇھەممىدى
ۋە ئۇنىڭ سەپداشلىرى 1949 ـ يىلى 5- ئايدا تۈرمىدىن بوشۇتۇ-
لۇپ، ئىلگىرى ـ ئاخىر بولۇپ 8 ـ ئايغىچە ئۈرۈمچىگە قايتۇرۇپ
كېلىندى. شۇ كۈنلەردە شىنجاڭ ھەربىي رايوننىڭ قوماندانى
گېنېرال تاۋسىيۈ ۋە ئۆلكە رەئىسى بورھان شەھىدىلەر جۇڭگو
كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتى ۋە ئۈچ ۋىلايەت
رەھبەرلىرى بىلەن مەخپىي ئالاقە باغلاپ، شىنجاڭنىڭ تىنچلىق
بىلەن ھەقىقەتكە قايتىشى ئۈستىدە سۆھبەت قىلىۋاتاتتى. شۇڭا،
ئۈچ ۋىلايەت رەھبەرلىكى ئابلىز مۇھەممىدى ۋە قاسىمجان قەمبە-
رىلەرنى غۇلجىغا قايتماي ئۈرۈمچىدە قېلىپ، بورھان شەھىدىگە
ھەمكارلىشىشنى بەلگىلىدى. شىنجاڭ تىنچلىق بىلەن ئازاد بو-
لۇشى ھارپىسىدا، گومىنداڭ ئاتلىق 5 ـ كورپۇس قوماندانى ما
چېڭشياڭ، بىرىگادا كوماندىرى يې چېڭ قاتارلىقلار تېخىمۇ غال-
جىرلىشىپ، بانكىنى بۇلاپ ۋە خەلقنى بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلىپ،



چەتئەلگە قېچىش توغرىسىدا داۋراڭ سېلىۋاتاتتى. بورھان شە-
ھىدى ھۆكۈمەت مالىيىسى ۋە خەلقنىڭ مال ـ مۈلكىنى قوغداپ
قېلىش ئۈچۈن، ئابلىز مۇھەممىدىنى ئۆلكىلىك بانكىنىڭ مۇئا-
ۋىن باشلىقى قىلىپ تەيىنلىدى. ئۇ بۇ خىزمەتنى مۇۋاپىقىيەت-
لىك ئورۇندىدى. شۇ مەزگىلدە يەنە ئابلىز مۇھەممىدى ھەقىقەتكە
قايتىش توغرىسىدا نەنسەندە ئېچىلغان سۆھبەت يىغىنلىرىغا قات-
ناشتى. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتى
تەرىپىدىن شىنجاڭغا ئەۋەتىلگەن ۋەكىل يولداش دېڭ لىچۈن
بىلەن بىرلىكتە غۇلجىغا بېرىپ، 3 ۋىلايەت رەھبەرلىرى بىلەن
بولغان سۆھبەتلەرگە قاتناشتى.

شىنجاڭ تىنچلىق بىلەن ئازاد بولغاندىن كېيىن، يولداش
پېڭ دېخۇەي ئۇنىڭ خىزمىتىگە يۇقىرى باھا بېرىپ، «ئۇيغۇر
خەلقىنىڭ مۇنەۋۋەر پەرزەنتى» دېگەنىدى. ئۇ، شىنجاڭ ئۆلكى-
لىك ھۆكۈمەتنىڭ تەشكىلى ئاپپاراتى قۇرۇلغاندا ئۆلكىلىك ھۆ-
كۈمەت ھەيئەت ئەزاسى، قوشۇمچە جامائەت خەۋپسىزلىكى نازارى-
تىنىڭ نازىرى، جامائەت خەۋپسىزلىكى باش شتابىنىڭ دۇيجاڭى،
ئۈرۈمچى ئامانلىق ساقلاش رايوننىڭ قوماندانى قاتارلىق مۇھىم
خىزمەتلەرنى ئۈستىگە ئالدى. 1953 ـ يىلى جۇڭگو كوممۇنىستىك
پارتىيىسىگە ئەزا بولدى. بۇ پارتىيە، خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ئۇ-
نىڭغا بولغان زور ئىشەنچىسى ئىدى.

ئۇ، يېڭى خىزمەت ئورنىدا بىر تەرەپتىن ماركسىزم ـ
لېنىنىزم ئەسەرلىرىنى، پارتىيىنىڭ سىياسىي قانۇن خىزمىتىگە
دائىر سىياسەت ـ فاكچېنلىرىنى تىرىشىپ ئۆگىنىپ، ئۆزىنىڭ
ئىدىيە ۋە كەسپىي سەۋىيىسىنى ئۆستۈردى. جاللات شېڭ شىسەي-
نىڭ چېن تەنچيۇ، ماۋزېمىن قاتارلىق كوممۇنىستلارنى يوشۇ-
رۇن ئۆلتۈرۈشتىكى قول چوماقى لى يىڭچىنى گەنسۇ ـ چىڭخەي
ئەتراپلىرىدا يوشۇرۇنۇۋالغان يېرىدىن ئىز قوغلاپ تۇتۇپ، مەر-
كەزدىكى رەھبەرلەرگە ئۆزى مەلۇم قىلدى. سىياسىي ـ قانۇن

ساھەسىدىكى خىزمەتلەردە پارتىيىنىڭ بىرمۇ يامان ئادەمنى تور-
دىن چۈشۈرۈپ قويماسلىق، بىرمۇ ياخشى ئادەمگە ئۇۋال قىلماس-
لىق، باش جىنايەتچىلەرنى قەتئىي جازالاش، ئەگەشكۈچىلەرگە
كەڭچىلىك قىلىش، ئىقرار قىلغانلارغا كەڭ بولۇش، جاھىللىق
قىلغانلارغا قەتئىي بولۇش، دوست دۈشمەن ئوتتۇرىسىدىكى زىددى-
يەت بىلەن خەلق ئىچىدىكى زىددىيەتلەرنى پەرقلەندۈرۈشكە ماھىر
بولۇش قاتارلىق سىياسەتلىرىنى توغرا ئىجرا قىلىپ، زەربە بې-
رىش دائىرىسىنى كېڭەيتىۋېتىشتەك «سول» خاھىشلارنىڭ ئال-
دىنى ئالدى.

ئۇ نۇرغۇن كونكرېت مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشتا بىرىنچى-
دىن، پارتىيە رەھبەرلىكىگە بويسۇنۇپ، پارتىيە سىياسىتىنى
تۇتقۇ قىلىشتا چىڭ تۇرغان بولسا، ئىككىنچىدىن، ئويلاشقا،
ئىشلەشكە جۈرئەت قىلىپ، مۇستەقىل پىكىر يۈرگۈزۈپ چارە
تەدبىر تېپىپ، خىزمەتلەرنى دادىل ئالغا سۈرۈشتە چىڭ تۇردى.

شۇنداق قىلىپ ئۇنىڭ خىزمەت ئورنى بالداقمۇ - بالداق
ئۆسۈپ، 1954 - يىلى مەملىكەتلىك 1 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇل-
تىيىنىڭ ئەزالىقىغا سايلاندى، ئارقىدىن مەركىزى مىللىي ئىش-
لار كومىتېتىنىڭ ئەزاسى بولدى. 1955 - يىلى ئاپتونوم رايون-
لۇق يۇقىرى سوت مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى، پارتىيە گۇرۇپپى-
سىنىڭ شۇجىسى، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ كان-
دىدات ئەزاسى، ئاپتونوم رايونلۇق ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتې-
تىنىڭ دائىمىي ھەيئەت ئەزاسى، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈ-
مىتىنىڭ ھەيئەت ئەزاسى قاتارلىق مۇھىم ۋەزىپىلەرگە بەلگىلەن-
دى.

## جاپالىق كۈنلەردىمۇ ئۆز سۈپىتىنى ساقلاپ قېلىش

ئوچۇق - ئاشكارا بولۇش، ھىيلە - مىكىر ئىشلەتمەسلىك،



پىكرى بولسا مەجلىستە ئوتتۇرىغا قويۇش، ئارقىدىن غەيۋەت -
شىكايەت قىلماسلىق، پرىنسىپتا چىڭ تۇرۇش - بۇ يولداش
ئابلىز مۇھەممىدنىڭ مۇھىم پەزىلەتلىرىدىن ئىدى.

بىر قېتىم مەركەز رەھبەرلىرىدىن يولداش لى ۋېيخەن كا-
دىرلار مەسىلىسى توغرىسىدا پىكىر ئالغاندا، ئابلىز مۇھەممىدى:
«شىنجاڭغا كادىر ئەۋەتىشتە رەھبىرى تايانچىلاردىن ۋە ھەرساھە-
دىكى مۇتەخەسسىسلەردىن كۆپرەك ئەۋەتىلىشى لازىم، ئادەتتىكى
كادىرلارنى ئۆزىمىزمۇ تەربىيىلەپ كېتەلەيمىز»، دېگەنىدى. بۇ
پىكىرنى يولداش لى ۋېيخەنمۇ توغرا تاپقانىدى.

1954 - يىلى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى قۇرۇلۇش
ھارپىسىدا، ئاپتونوم رايوننىڭ نامىنى قانداق ئاتاش مەسىلىسى
ئۈستىدە تالاش - تارتىش بولدى. بۇ چاغدا ئابلىز مۇھەممىدى
«ئاپتونوم رايوننىڭ نامىنىڭ ئالدىغا ‹ئۇيغۇر› دېگەن نامنى قو-
شۇش كېرەك. ئۇنداق بولمىغاندا ئۇنىڭ مىللىي شەكلىنى ئىپادى-
لەپ بەرگىلى بولمايدۇ»، دېگەنىدى. بۇ پىكىر كۆپچىلىك تەرى-
پىدىنمۇ توغرا تېپىلغان ۋە مەركەزنىڭمۇ ماقۇللىقىدىن ئۆتۈپ،
شىنجاڭنىڭ نامى «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى» دەپ ماقۇل-
لانغانىدى. ئۇ ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى سوت مەھكىمىسىنىڭ
باشلىقى بولۇپ ئىشلىگەندە، شۇ چاغدا سىياسى قانۇن ساھەسىدە
مىللىي كادىرلارنىڭ نىسبىتى ئاز بولۇۋاتقانلىقىنى نەزەردە تۇ-
تۇپ: «سوت مەھكىمىلىرىدە مىللى كادىرلارنىڭ نىسبىتى 50%
ئەتراپىدا بولۇشى كېرەك»، دەپ يوليورۇق بەردى.

مەلۇم بىر خەنزۇ رەھبىرى كادىرنى خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ
ۋەكىلى قىلىپ سايلىماقچى بولغاندا، ئابلىز مۇھەممىدى ئۇنىڭ
پرىنسىپال خاتالىقلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ: «شەرتى توشمايدۇ»
دېگەن ۋە ھەقىقەتەن شۇنداق مەسىلىلەر مەۋجۇت بولغاچقا سايلى-
نىشتىن قېپقالغانىدى.

ئۇ يەنە بېكىتىلگەن ئەنزىلەرنى تەستىقلاشتا، ھەقىقەتەن ئۇ-

ۋال قىلىنغان ئەنزىلەرنى تۈزىتىشتە چىڭ تۇراتتى، خەلق ئىچى-
دىكى زىددىيەتكە ياتىدىغان ئەنزىلەرنى دوست - دۈشمەن ئوتتۇرى-
سىدىكى زىددىيەت قاتارىدا ھەل قىلىشقا يول قويمايتتى.
ئەپسۇسكى، 1958 - يىلىدىكى ئىستىل تۈزىتىش ۋە يەرلىك
مىللەتچىلىككە قارشى تۇرۇش ھەرىكىتىدە، بۇ پىكىرلەرنىڭ
ھەممىسى پارتىيە، سوتسىيالىزمغا ھۇجۇم قىلىش، يەرلىك مىل-
لەتچىلىك مەيدانىدا جاھىللىق بىلەن چىڭ تۇرۇش دەپ پاش
قىلىندى ۋە تەنقىد قىلىندى. كونكرېت قىلىپ ئېيتقاندا، ئۇنىڭ
ئاپتونوم رايوننىڭ نامى توغرىسىدىكى پىكرى «مۇستەقىللىق دە-
ۋاسى» دەپ بۇرمىلاندى، يولداش لى ۋېيخەنگە بەرگەن پىكرى
ۋە مىللىي كادىرلارنىڭ نىسبىتى توغرىسىدىكى يولىيورۇقى «مىل-
لىيلەشتۈرۈشنى باھانە قىلىپ، خەنزۇ كادىرلارنى چەتكە قې-
قىش» دەپ ئاتالغان بولسا، ھېلىقى خەنزۇ رەھبىرى كادىر
ھەققىدىكى پىكرى «رەھبەرلىككە قارشى تۇرۇش» دەپ قارال-
دى. ئەنزىلەرنى تەستىقلاشقا تۇتقان پوزىتسىيىسى «پرولېتارىيات
دىكتاتورىسىنى ئاجىزلاشتۇرۇش، تۆت خىل ئۇنسۇرلارنى قانىتى
ئاستىغا ئېلىش» دەپ ئاتالدى. شۇنىڭ بىلەن 1959 - يىلى
ئۇنىڭغا «يەرلىك مىللەتچى» قالپىقى كەيگۈزۈلۈپ، يۇقىرى سوت
مەھكىمىسىنىڭ باشلىقلىقى، پارتىيە گورۇپپىسىنىڭ شۇجىلى-
قى، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ كاندىدات ئەزالىقى قاتارلىق
ۋەزىپىلىرى ئېلىپ تاشلىنىپ، تەنلۈك پولات زاۋۇتىغا ئەمگەك
بىلەن چېنىقىشقا چۈشۈرۈلدى. ئۇنىڭ ئەمگەكتىكى پوزىتسىيىسى
ئىزچىل ياخشى بولغاچقا، 1959 - يىلىنىڭ ئاخىرلىرى خوتەن
ۋالىي مەھكىمىسىنىڭ مۇئاۋىن ۋالىيلىقىغا تەيىنلىنىپ، خوتەنگە
ئەۋەتىلدى.
مەن 1961 - يىلى شىنجاڭ گېزىتى ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمى-
دىن «تارىخى ئېنىق ئەمەس» دېگەن باھانە بىلەن تۆۋەنگە چۈشۈ-
رۈلۈپ خوتەنگە باردىم ھەم ۋالىي مەھكىمە مەدەنىي - مائارىپ



بۆلۈمدە ئىشلىدىم. بۇ چاغدا ئابلىز مۇھەممىدى ئاتاقتا «مۇئا-
ۋىن ۋالىي»، «مالىيە - سودا خىزمىتىگە مەسئۇل» دەپ ئاتال-
سىمۇ، لېكىن كۆپ چاغلاردا يېزا خىزمىتىگە ئەۋەتىلىپ، يېزى-
لاردا ئىشلەيتتى. ئۇنىڭ ئېغىر قان بېسىمى ۋە ئاشقازان كېسىلى
بولسىمۇ، جامائەت ئاشخانىسىدا دېھقانلار بىلەن بىللە زاغرا يەپ،
ئۇماچ ئىچىشكە كۆنۈكلۈك ئىدى. لېكىن، ئۇ شۇ چاغلاردا
ناھايىتى روھلۇق، جانلىق ئىدى، دېھقانلار بىلەن بولغان مۇناسى-
ۋىتى ناھايىتى قويۇق ئىدى. بەزىدە بىز ئىككى دەردمەن بىر
بولۇپ، ئانچە - مۇنچە پاراڭلىشىپمۇ قالاتتۇق. شۇنداق چاغلاردا
ئۇ ماڭا يېزىلاردا دېھقانلارنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسىنىڭ تولىمۇ
ناچارلىقى، بىر كۈنلۈك دارامەت بەزى ئىشلەپچىقىرىش دۇيلىرىدە
بىر مو چەنگىمۇ يەتمەيدىغانلىقىنى، دېھقانلارنىڭ كۈنلۈك ئىش
ۋاقتىنىڭ 10 - 12 سائەتتىن يۇقىرى ئىكەنلىكى، كۈن بويى
ئاچ قورساق ئىشلەيدىغانلىقى، يىل بويى ئەمگەك قىلىپ ئاق
ئاشلىق ئىشلەپچىقارسىمۇ، لېكىن يەيدىغىنىنىڭ 70%ى، بەزى
جايلاردا 90%ى قارا ئاشلىق ئىكەنلىكىنى سۆزلەپ بېرەتتى. بىر
كۈنى ئۇ گۈرەن تومۇرلىرى ئېسىلگەن ھالدا: «ھەي ئۇكا،
بىلەمسىز، بىر توخۇمنىڭ باھاسى ئىككى مو چەن، ئەمما بىر
دېھقاننىڭ كۈنلۈك دارامىتى بىر موچەنگىمۇ يەتمەيدۇ!» دېگەنى-
دى. مەن ئۇنىڭ بۇ سۆزلىرىدىن، ئۇنىڭ دېھقانلارغا بولغان
ھېسداشلىقىنىڭ قانچىلىك چوڭقۇر ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدىم.
1964 - يىلغا كەلگەندە، ئۇنىڭغا يەنە «كۈرەش ئوتى»
تۇتاشتى. بۇنىڭ سەۋەبى: شۇ يىلى يەرلىك پارتكوم كېڭەيتىلگەن
يىغىنىدا «چوڭ ياخشى ۋەزىيەت» ھەققىدە مۇھاكىمە بولۇپ، بىر
قىسىم كىشىلەر «دۆلەتنىڭ چوڭ ياخشى ۋەزىيىتىگە ئوخشاشلا،
خوتەن ۋىلايىتىنىڭ ۋەزىيىتىمۇ چوڭ ياخشى!» دېگەن. ئەمما
ئابلىز مۇھەممىدى بۇ پىكىرگە قوشۇلماي، «خوتەن ۋىلايىتىنىڭ
ۋەزىيىتى چوڭ ياخشى ئەمەس، ئاساسەن ياخشى» دەپ ئوتتۇرىغا

قويۇپ، يېزىلاردا كورگەن پاكىتلار ئارقىلىق بۇ نوقتىنى ئىسپاتلىغان. بۇ ئەھۋال «يەرلىك مىللەتچى ئۇنسۇرنىڭ چوڭ ياخشى ۋەزىيەتنى بۇزمىلاپ، سوتسىيالىزمنى خۇنۇكلەشتۇرۇشى» دەپ ئاتالدى.

ئۇ يەنە، شۇ يىلى ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم تەرىپىدىن ئەۋەتىلگەن ئىلگىرى كۆرۈلگەن چارىگە قارىتا پىكىر ئېلىش جەدۋىلىگە ئۆزىنىڭ نارازى بولغان تەرەپلىرىنى يازغانلىقى ئۈچۈن، «جىنايىتىگە ئەنزە ئاغدۇردى» دەپ قارالدى، شۇ سەۋەبلىك ئۇ پارتىيە ئىچىدە كۈرەش - پىپەنگە سېلىنىپ، «نوقتىدا تۇرۇپ ئىشلەش» دېگەن باھانە بىلەن «باھار گۈلى گۇڭشېسى» (ھازىرقى باغچا يېزىسى) نىڭ بىر دادۈيىگە چۈشۈرۈۋېتىلگەنىدى.

1966 - يىلى ئاتالمىش «پرولېتارىيات مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» باشلاندى. ئابلىز مۇھەممەدى ھەرىكەتنىڭ بېشىدىلا تارتىپ چىقىرىلىپ كۈرەش، پىپەن قىلىندى.

1968 - يىلى ئاتالمىش «قىزىل قوغدىغۇچىلار» تەرىپىدىن بالا - چاقىسى بىلەن قوشۇپ، ئۆز ئۆيىدىن ھەيدەپ چىقىرىلىپ، ئۇنىڭ ئۆيى ئەلەم كۆرشى كاتتىۋاشلىرىنىڭ ئىشخانىسى قىلىندى. ھازىرمۇ يادىمدا بار ئۇ ئۆز ئۆيىدىن قوغلاپ چىقىرىلغاندىن كېيىن، ئۇنىڭغا ۋالىي مەھكىمىسىنىڭ بىر كونا ئامبىرى كۆرسىتىپ بېرىلدى. بۇ ئامبار ئاممىۋى ھاجەتخانىنىڭ يېنىدا بولۇپ، تاملىرى چاك كېتىپ، ئۈستى بۇسۇلۇپ چۈشكەچكە، ۋالىي مەھكىمىسىنىڭ بوزۇلغان ئۈستەل - ئورۇندۇق، ياغاچ - تاشلىرىنى قويۇدىغان، ئايلاپ ئىشىكى ئېچىلمايدىغان، تورۇستا ئۆمۈچۈكلەر تور تارتقان، پەستە چاشقانلار ئۇۋا سالغان، توك سىملىرى كېسىپ تاشلانغان بىر خارابە ئىدى. گەرچە ئۇنىڭ ئورنى 100 كۋادرات مېتىر ئەتراپىدا بولسىمۇ، پۇت قويغۇدەك بوش يەر يوق ئىدى. بۇ «ئۆي» ئابلىز مۇھەممەدكە كۆرسىتىپ بېرىلگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئىچىدىكى ئەسكى - تۈسكىلەرنى بىر



چەتكە دۆۋىلەپ، بىر بۇرجىكىنى كونا گىلەم - كىگىزلەر بىلەن توسۇپ، ئابلىز مۇھەممەدى ۋە ئۇنىڭ بالا - چاقىلىرى «ماكان» تۇتقانىدى.

ئابلىز مۇھەممەدى ئەنە شۇنداق كۈنلەردىمۇ قىلچە روھسىزلانمىدى. بىر كۈنى مەن ئۇنىڭ ھېلىقى «ماكانى»غا يوقلاپ كىردىم. ئۆزۈمنى تۇتالماي: «ئابلىزكا، بىر ۋالىينىڭ كۆرگەن كۈنى شۇمۇ؟!» دېگەنىدىم.

ئاۋۋال ئۇنىڭ قوشۇما قاشلىرى تۈرۈلدى، كېيىن بىردىنلا ماڭا كۈلۈمسىرەپ قاراپ:

— سىز شائىرغۇ! ئابدۇللا توقاينىڭ «يالتىراپ يۇلتۇز يانادۇر تۈن قارا بولغان سايىن» دېگەن مىسرالىرى يادىڭىزدا بارمۇ؟ بۇ كۈنلەرمۇ ئۆتۈپ كېتىدۇ، ماركسىزم - لېنىنىزم ھەقىقەتنى چوقۇم غەلىبە قىلىدۇ. بىز يەنە ياشايمىز، كۈلىمىز، ئىشلەيمىز! — دېدى ئۇ.

ئۇنىڭ بۇ مەردانە سۆزى قەلبىمدە ئۈمىد ئۇچقۇنلىرىنى ياندۇردى، «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ»نىڭ ھامان يوقىلىدىغانلىقىغا بولغان ئىشەنچىم تېخىمۇ كۈچەيدى.

## ھەقىقەت قايتا نۇر چاچتى

قارا بۇلۇت كۈن نۇرىنى مەڭگۈ توسۇپ قالالمىغاندەك «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» 10 نەچچە يىل ئالەمنى مالىمان قىلغان بولسىمۇ، ئاخىر ئۇلار ھەقىقىي كوممۇنىزمچىلار تەرىپىدىن ئۈزۈل - كېسىل تارمار قىلىندى. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى 11 - نۆۋەتلىك 3 - ئومۇمىي يىغىنى پارتىيىنىڭ بىر قانچە 10 يىللىق ئىنقىلابىي تەجرىبىلىرىنى يەكۈنلەپ، ئۇنىڭ شانلىق نەتىجىلىرىنى مۇقىملاشتۇرۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا، پارتىيە ئىچىدە يۈز بەرگەن ئوڭ ۋە «سول» لۇشيەنلەرنىڭ يامان ئاقىۋەتلىرى-

ـنىمۇ دادىل ئېچىپ تاشلىدى. ئەنە شۇنىڭ بىرى 1957 - يىلدىكى
ئىستىل تۈزىتىش ۋە 1966 - يىلدىن كېيىنكى «مەدەنىيەت
ئىنقىلابى» دا يۈز بەرگەن ئېغىشلارنى تۈزىتىش، ئۆۋال قىلىنغان
ئەنزىلەرنى ئاقلاش مەسىلىسى ئىدى.

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى خەلق سوت مەھ-
كىمىسى پارتىيە گۇرۇپپىسى 3 - ئومۇمىي يىغىن روھىنى دادىل-
لىق بىلەن ئىزچىللاشتۇرۇپ، 1977 - يىلى 7 - ئاينىڭ 28
- كۈنى مەخسۇس ھۆججەت تارقىتىپ، يولداش ئابلىز مۇھەممە-
دنىڭ 1959 - يىلى «ئىستىل تۈزىتىشتە كۆرۈلگەن چارە تۇغرا
بولمىغان» دەپ خۇلاسە قىلىنىدى ۋە ئۇنىڭغا يۈكلەنگەن 10 نەچچە
ماددىلىق «ئەيىبلەش» بىكار قىلىنىدى.

ئەنە شۇنىڭدىن باشلاپ، ئابلىز مۇھەممەدنىڭ مەسىلىسى
(ئۇزۇل - كېسىل) ھەل بولۇپ، پارتىيە سىياستى ئۇنىڭ
قەلبىنى يورۇتتى.

شۇندىن كېيىن ئۇ ئاپتونوم رايونلۇق سىياسى مەسلىھەت
كېڭەشنىڭ دائىمىي ھەيئەت ئەزاسى، باش كاتىپ، سىياسى
كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، پارتىيە گورۇپپىسىنىڭ مۇئاۋىن
شۇجىسى، ئاپتونوم رايونلۇق 6 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى
دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى، پارتىيە گۇرۇپپىسىنىڭ
ئەزاسى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۈستىگە ئېلىپ، جان پىدالىق
بىلەن ئىشلەپ، يېڭى تۆھپە يارىتىشقا كىرىشىپ كەتتى. بولۇپمۇ
ئۇنىڭ شۇ كۈنلەردە ئۆز نەپسىگە قىلچە چوغ تارتماسلىق، پاك
ۋە دىيانەتلىك بولۇشتەك ئېسىل خىسلىتى - ئۇنىڭ ھەقىقىي
كوممۇنىزم جەڭچىسى ئىكەنلىكىدىن ئىبارەت ئالىيجاناپ پەزىلە-
تىنى تېخىمۇ ئىسپاتلاپ بەردى.



## شان - شەرەپكە تولغان ئۆمۈر دەپتىرى

جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ مۇنەۋۋەر ئەزاسى،
ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ياخشى كادىرى، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ سۆيۈم-
لۈك پەرزەنتى ئابلىز مۇھەممەدى يۈرەك كېسىلى بىلەن داۋالاش
ئۈنۈم بەرمەي، 1988 - يىل 5 - ئاينىڭ 25 - كۈنى 67 يېشىدا
ئۈرۈمچىدە ۋاپات بولدى.

5 - ئاينىڭ 26 - كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي مەسلى-
ھەت كېڭەشنىڭ زالى قايغۇلۇق سۈكۈتكە چۆمگەنىدى. ئۇنىڭ
ياپيېشىل قارىغاي ۋە ئارچىلارغا ئورالغان جەسىتى ئۈستىگە جۇڭ-
گو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ قىزىل بايرىقى يېپىلغانىدى.
ئۇ گويا «دۇنيادا ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا تېگىشلىك تالاي ئارزۇلىرىم
بار ئىدى!» دېگەندەك كۆزى يۇمۇلمىغان ھالدا ۋىدالاشقۇچىلارغا
قاراپ ياتاتتى. زال ئىچى گۈلچەمبىرەك ۋە تەزىيەنامىلەر بىلەن
تولغانىدى. ئۇنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرىنىڭ كۆزلىرى مونچاق -
مونچاق ياشقا تولغان بولۇپ، ماتەم يىغىسى ۋىدالاشقۇچىلارنىڭ
دىللىرىنى تىترىتەتتى. تەزىيەنامىلەر قاتارىغا ئېسىلغان شائىر
مۇھەممەت رەھىمنىڭ «ئەلۋىدا، ئابلىز مۇھەممەدى!» ناملىق
مەرسىيە شېئىرىدىكى مۇنۇ مىسرالار بۈگۈنكى ماتەم مۇراسىمى-
نىڭ قايغۇ - ئەلەملىك كەيپىياتىنى ئەكس ئەتتۈرگەنىدى.

گۈل ئارا جىمجىت يېتىپسىز خۇددى شېرىن ئۇيقۇدا،
يۈزلىگەن گۈلچەمبىرەك ئەتراپىڭىزدا قايغۇدا.
ھەممە كۆز تۆكمەكتە ياش ئۆچكەچكە نۇرلۇق كۆزىڭىز،
ئۆچمىگەن ئەمەسمىدى زەي تۇرمىدە، قاراڭغۇدا.
ھەر يۈرەك ئىڭرايدۇ ئاستا مۇڭلىنىپ، غەمكىن تېپىپ،
بىر ئېسىل گوتلۇق يۈرەكتىن مەڭگۇ بولدۇق دەپ جۇدا!

ماتەم مۇزىكىسى ساداسى ئىچىدە ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە، ھۆكۈمەت، ئارمىيە رەھبەرلىرى، سىياسىي كېڭەش ۋە ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۇەنى رەھبەرلىرى، ئۇنىڭ ھايات ۋاقتىدىكى دوستلىرى ۋە سەپداشلىرى ئۇنىڭ جەسىتى ئالدىدىن بىر - بىرلەپ ئۆتۈپ ۋىدالاشتى.

سىياسىي كېڭەش زالىغا مەركەز ۋە ئاپتونوم رايون رەھبەرلىرى، ھەرقايسى ئىدارە - ئورگانلار ئەۋەتكەن گۈلچەمبىرەكلەر قويۇلغانىدى. بۈگۈنكى خوشلىشىش، ۋىدالىشىشقا قاتناشقان مىڭدىن ئارتۇق كىشىنىڭ ھەممىسى قايغۇ ماتەمگە چۆمگەنىدى. چۈشتىن كېيىن مەرھۇمنىڭ نامىزى ئوقۇلۇپ، جەسىتى ئۇلانبايدىكى ئىنقىلابىي قۇربانلار قەبرىستانلىقىغا دەپنە قىلىندى.

ۋىدالىشىشتىكى بۇ كۆرۈنۈشلەر كىشىلەرگە «ئۆلۈمى ئەمەس، تويى بولدى» دېگەن ماقالىنى ئەسلىتەتتى ۋە مەرھۇمنىڭ پارتىيە، خەلق ئىچىدىكى يۈكسەك ئابرۇيى ۋە ئىناۋىتىنى ئەكس ئەتتۈرەتتى.

مەن ۋىدالىشىش يىغىنىدا «ئابلىز مۇھەممەدنىڭ ھاياتىغا باھا» ناملىق تەزىيەنامە، ئابلىز مۇھەممەدى ۋاپاتىدىن كېيىن سەيپىدىن ئەزىزى ئەۋەتكەن گۇۋاھلىق خېتىدىن، بىر قىسىم شائىرلارنىڭ يازغان مەرسىيە شېئىرلىرىدىن ئۇنىڭ ئۆمۈر دەپتىرىنىڭ شان - شەرەپكە تولغانلىقىنى تېخىمۇ چوڭقۇر ھېس قىلدىم.

يولداش سەيپىدىن ئەزىزى مۇنۇلارنى يازغانىدى: «يولداش ئابلىز مۇھەممەدى ئۆمرىدە ئىنقىلاب ئۈچۈن، خەلق ئۈچۈن كۆيۈنگەن جاپالىق خىزمەتلەرنى قىلغان. بولۇپمۇ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى ۋاقتىدا قەشقەردە تۇرۇپ، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ رەھبەرلىكىدە گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىگە قارشى ھارماي - تالماي كۈرەش قىلغان. ئۇ، ئۈچ ۋىلايەتتە مەخپىي قۇرۇلۇپ، كېيىن يەتتە ۋىلايەتكە تارالغان «خەلق ئىنقىلابىي پارتىيە» سىنىڭ



قەشقەر شۆبىسى سېكرېتارى بولغان، كېيىن گومىنداڭنىڭ تۈرمىسىدە شىنجاڭ ئازاد بولغانغا قەدەر ئېغىر ئازاپتا قامىلىپ ياتقان. ئازادلىقتىن كېيىنكى خىزمەتلىرى تەشكىلگە ۋە كۆپچىلىككە مەلۇم.

1988 - يىلى 8 - ئاينىڭ 9 - كۈنى ئۈرۈمچى، سەيپىدىن ئەزىزى»

«ئابلىز مۇھەممەدنىڭ ھاياتىغا باھا» دا تۆۋەندىكىلەر ئالاھىدە كۆرسىتىلگەنىدى: «ئابلىز مۇھەممەدى ياش ۋاقتىدىن باشلاپلا جاھانگىرلىككە قارشى بىرلەشمە ئۇيۇشمىنىڭ خىزمەتلىرىگە ئاكتىپ قاتناشقان ۋە رەھبەرلىك قىلغان، جاھانگىرلىككە، فېئودالىزمغا قارشى ئىلغار ئىدىيىنى تەشۋىق قىلغان. گومىنداڭنىڭ ئەكسىيەتچى ھۆكۈمرانلىقىنى ئاغدۇرۇش يولىدا كۈرەشلەرگە ئاكتىپ قاتنىشىپ، ئىلگىرى - ئاخىر بولۇپ ئۈچ قېتىم تۈرمىدە ياتقان. دۈشمەننىڭ قىستاپ ئىقرار قىلدۇرۇش، ۋەھشىيلەرچە قىيناش جەريانىدىكى ئازاپلىرىغا بەرداشلىق بېرىپ، قەتئىي تىز پۈكمەي، بىر مۇنەۋۋەر ئىنقىلابىي ياشنىڭ ئالىيجاناپ پەزىلىتىنى ئىپادىلىگەن. شىنجاڭ ئازاد بولۇش ھارپىسىدا جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ شىنجاڭغا كېلىشىنى كۈتۈۋېلىشنىڭ ئالدىنقى قاتارىدا تۇرۇپ، شىنجاڭنى تىنچلىق بىلەن ئازاد قىلىش خىزمىتىگە قاتناشقان.

يولداش ئابلىز مۇھەممەدى ئىنقىلابقا قاتناشقان بىر قانچە 10 يىلدىن بۇيان شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئازادلىق ئىشلىرى، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ تىنچ - ئىتتىپاقلىقى، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك ماددىي مەدەنىيەت ۋە مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى ئۈچۈن، شىنجاڭنى ئېچىش ۋە گۈللەندۈرۈش، شىنجاڭنى قوغداش ئىشلىرى ئۈچۈن پۈتۈن كۈچى بىلەن ھارماي - تالماي ئىشلەپ، ئاكتىپ تۆھپە قوشۇپ، پارتىيە ۋە خەلقنىڭ ئىشەنچىسىگە ئېرىشكەنىدى.

يولداش ئابلىز مۇھەممەدى پارتىيە تەربىيىسىدە ئۆسۈپ يېتىلگەن مۇنەۋۋەر ئازسانلىق مىللەت رەھبىرىي كادىرى، ئۇ شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقى ئارىسىدا يۇقىرى ئابرويغا ئىگە ئىدى. ئۇنىڭ ھاياتى كوممۇنىزم غايىسى ئۈچۈن ئۆمۈرۋايەت كۈرەش قىلغان ھايات. ئۇ ۋەتەننى، خەلقنى، سوتسىيالىزمنى چەكسىز قىزغىن سۆيۈپ، ھەر مىللەت خەلقى ئۈچۈن جان - دىل بىلەن خىزمەت قىلغانىدى. ئۇ پارتىيىگە سەمىمىي، سادىق بولۇپ، بارلىقىنى پىرولېتارىيات ئىنقىلابى ئىشلىرى ئۈچۈن بېغىشلىغان. ئۇ پارتىيىنىڭ 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيانقى لۇشيەن، فاڭجېن، سىياسەتلىرىنى قەتئىي ھىمايە قىلدى، تۆت ئاساسىي پرىنسىپتا چىڭ تۇردى، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى بىلەن ئىدىيە، سىياسىي جەھەتتە بىردەك بولۇپ، پارتىيىنىڭ رەھبەرلىكىگە بويسۇندى، ئۇ ئاساسىي قانۇن ۋە قانۇنلارنى قەتئىي قوغداپ، ئۇنىڭغا قاتتىق ئەمەل قىلىپ، قەتئىي قانۇن بويىچە ئىش كۆرۈپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك دېموكراتىيە ۋە قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشىنى ئاكتىپ ئىلگىرى سۈردى. ئۇنىڭ خىزمەت ئىستىلى توغرا، ئوچۇق - ئاشكارە، كەمتەر ۋە ئېھتىياتچان بولۇپ، پارتىيە ئەزاسىدا بولۇشقا تېگىشلىك ئېسىل خىسلەتنى ساقلاپ، ھەر مىللەت كادىرلىرى ۋە خەلق ئاممىسى ئارىسىدا ئۇنتۇلغۇسىز تەسىر قالدۇردى.

يولداش ئابلىز مۇھەممەدىنىڭ ۋاپاتى پارتىيىمىز ئۈچۈن، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقى ئۈچۈن چوڭ يوقىتىش. بىز قايغۇنى كۈچكە ئايلاندۇرۇپ، ئۇنىڭ ياخشى ئىدىيە، ياخشى پەزىلەت، ياخشى ئىستىلىنى ئۆگىنىشىمىز لازىم».

مانا بۇلار ئابلىز مۇھەممەدىنىڭ ھاياتىغا بېرىلگەن ھەقىقىي باھا، ئۇنىڭ ئۆمۈر تارىخىنىڭ يەكۈنى ئىدى.

خەلقىمىزنىڭ سادىق پەرزەنتى ئابلىز مۇھەممەدىنىڭ روھى



خۇددى ئۇلامباي قەۋرىستانلىقىدا قىشمۇ ياز كۆكلەپ تۇرىدىغان قارىغاي - ئارچىلاردەك خەلقىمىزنىڭ قەلبىدە مەڭگۈ ياشايدۇ. بۇ نوقتىنى شائىرلىرىمىزنىڭ ئۇنىڭ ۋاپاتىغا تەزىيە بىلدۈرۈپ يازغان مەرسىيىلىرىدىنمۇ كۆرگىلى بولىدۇ.

تۈن چېغى چولپان دېدىم سىزنى گۈدەكلىك چاغدا مەن،
سىزنى زور چىنار چۈشەندىم تاغدىكى گۈلباغدا مەن.
ئۆتتى نۇر، ۋىجدان ۋە كەمتەرلىككە سىيما ئۆمرىڭىز،
ئايرىلىپ قالدىم بۈگۈن كۆيگەن ياغاچتەك داغدا مەن.

ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىن: «ئابلىز مۇھەممەدى ئاكامغا قايغۇلۇق تەزىيە» شېئىرىدىن.

شائىرلارنىڭ تەزىيە شېئىرلىرىدىن تاللاپ ئېلىنغان بۇ مىسرالارمۇ پۈتۈن ئۆمرىدە ئۆز خەلقىنىڭ قايغۇسىنى يەپ، خەلق كۈلسە كۈلۈپ، يىغلىسا يىغلاپ ئۆتكەن، خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىشنى ئۆمۈرلۈك بۇرچى ھېسابلاپ كەلگەن بىر ۋەتەنپەرۋەرنىڭ شەنىگە ئوقۇلغان ھۆرمەت ناخشىسى ئىدى.

ئۇلۇغ تەڭرىم ئابلىز مۇھەممەدىنىڭ ياتقان ئورنىنى جەننەتتە قىلغاي.

(ئاپتور: ش ئۇ ئا ر ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىدىن)

جاۋابكار مۇھەررىر: **ئابلىز مۇھەممەت سايرامى**

# 17 - ئەسىردە تۇرپان ۋادىسىدا باش كۆتۈرگەن ئىمىن خوجا ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادلىرى

سەدۇللا تاھىرى

## 1

1644 - يىلى تۇرپان ۋاڭى ئابدۇل ئەخمەت جۇڭغارلارنىڭ خالىغانچە بوزەك قىلىشى ۋە دەپسەندە قىلىشىغا چىدىماي، كۆپ مىقداردا قىممەتلىك سوۋغا - سالاملارنى تەييارلاپ چىڭ سۇلالىسىغا ئەلچىلەر ئەۋەتىپ، جۇڭغارلارنىڭ قىلمىش - ئەتمىشىنى بايان قىلىپ، ئۆزىنىڭ جۇڭغارلارغا ئەمەس، چىڭ سۇلالىسىغا قارام بولىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. چىڭ سۇلالىسى ئەلچىلەرنى قارشى ئېلىپ، سوۋغىلىرىنى قوبۇل قىلدى ۋە ئۇلارغا ياخشى مۇئامىلە قىلىپ، مەمنۇنىيەت بىلەن قايتۇردى. ئارىدىن ئانچە ئۇزۇن ئۆتمەي، بۇ ئىشلاردىن خەۋەر تاپقان جۇڭغارلار 1651 - يىلى تۇرپان ۋادىسى ۋە قۇمۇلغا قوشۇن تارتىپ، خەلقنى قاتتىق سورۇقچۇلۇققا سېلىپ، بۇ جايلارنى بېسىپ ئالدى.

قۇمۇل خەلقى مۇھەممەت شاھ غازىبەكنىڭ يېتەكچىلىكىدە قوزغىلىپ، جۇڭغارلارغا زەربە بېرىپ، ئۇلارنىڭ ئىسكەنجىسىدىن قۇتۇلۇشقا مۇۋەپپەق بولدى.

1653 - يىلى جۇڭغارلارنىڭ ھۆكۈمرانى باتۇر قۇنتەيجى ئۆلۈپ، ئورنىغا ئوغلى سىنگى دەسسىدى. ئۇمۇ قۇمۇل - تۇرپان رايونلىرىغا بولغان ھۇجۇملىرىنى زادىلا توختاتمىدى.

1654 - يىلى سىنگى ئۆلۈپ ئۇنىڭ ئورنىغا غالدان ئولتۇر-



دى.

1677 - يىلىغا كەلگەندە غالدان 30.000 ئەسكىرىي كۈچ بىلەن قايتۇرما ھۇجۇم قىلىپ، قۇمۇل، تۇرپان ۋادىلىرىنى قايتىدىن بېسىۋالدى. شۇندىن باشلاپ قۇمۇل ۋە تۇرپان رايونىدا جۇڭغارلارغا قارشى كۆپ قېتىم قوزغىلاڭلار يۈز بەرگەن بولسىمۇ، ھەممىسى مەغلۇبىيەت بىلەن ئاخىرلاشتى.

دەل مۇشۇنداق تارىخىي شارائىتتا، ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ ئەشەددىي دۈشمەنلىرىدىن بىرى بولغان ھىدايىتۇللا (ئاپئاق) خوجا (تۆۋەندە ئاپپاق خوجا دەپ ئېلىنىدۇ) تارىخ سەھنىسىگە چىقتى. ئۇ، 1626 - يىلى قۇمۇلدا ئۆزىنى مۇھەممەت پەيغەمبەرنىڭ ئەۋلادى «سەئىد» دەپ ئاتىۋالغان مۇھەممەت يۈسۈپ مازارى دېگەن ئىشان ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. ئۇنىڭ ئۇنۋانى ھەزرىتى مازار پاشا، يەنە بىر ئۇنۋانى ھەزرىتى پايزۇل ئەنۋەر ئىدى. ئۇ قەشقەر بەشكىرەم قارا ساقال كىچىك مەھەللىسىدىن بولۇپ، ھىندىستانغا بېرىپ ئوقۇغان، كېيىن قۇمۇلغا بېرىپ، ئۆلۈما مىرسەئىد جېلىل قەشقىرى دېگەن كىشىنىڭ قىزى زۇلەيخا بېگىمگە ئۆيلەنگەن. ئۇزۇن ئۆتمەي ئاپئاق خوجا دۇنياغا كەلگەن. ئاپئاق غوجا دادىسى ۋە ئانىسىنىڭ تەربىيىسىدە چوڭ بولۇپ، ئىشانلىقنى ئۆزلەشتۈرگەن. كېيىن مۇھەممەت شاھ غازى تارخانبەگ تەرىپىدىن قۇمۇلدىن قوغلىنىپ قەشقەر بەشكىرەمگە بېرىپ ئورۇنلاشقان ھەمدە شۇ يەردە دىنىي پائالىيەت بىلەن شۇغۇللانغان. ئۇزۇن ئۆتمەي ھاكىمىيەتنى ئاغدۇرۇش سۈيقەستى بىلەن شۇغۇللانغانلىقتىن، سەئىدىيە خانلىقىنىڭ ئاخىرقى خانى ئىسمائىل خان ئۇنى چېگرىدىن قوغلاپ چىقارغان.

ئاپئاق خوجا ئۇنىڭغا تەن بەرمەي، ئۆزىگە ھامىي ئىزدەپ كەشمىر ئارقىلىق تىبەتكە بېرىپ، شۇ چاغدىكى تىبەتنىڭ دىنىي ھۆكۈمرانى دالاي V ۋە يەرلىك ھۆكۈمرانلارنىڭ ئايىغى ئاستىغا ئۆزىنى ئېتىپ، سۇلتان ئىسمائىل خان ئۈستىدىن ئەرز ئېي-

تىپ، ئۆزىنىڭ بۇ يەرگە كېلىشتىكى مەقسەت مۇددىئالىرىنى
ئوتتۇرىغا قويغان. دالاي ۷ ئۇنىڭ ھالىغا يېتىپ، شىنجاڭدىكى
جۇڭغار ھۆكۈمرانى غالدان سېرىنغا بىر پارچە مەكتۇپ يېزىپ
ئاپئاق خوجىنىڭ تەلىپى بويىچە ئىش كۆرۈشنى ئېيتقان. ئۇ
چاغدا غالدان ئالتاينى، ئۇنىڭ ئاكىسى مىڭگىرسېۋان ئاراپدان
بورتالانى ئىشغال قىلىپ تۇرغان ۋاقىتلار ئىدى. ئاپئاق خوجا
دالاينىڭ يارلىقىنى ئېلىپ كۆكنۇر (چىڭخەي) ـ گەنسۇ يولى
ئارقىلىق ئالتاي تەرەپكە ئۆتۈپ، غالدان سېرىنغا دالاي لامانىڭ
مەكتۇپىنى تاپشۇرغان.

غالدان سېرىن ئاپئاق خوجىنىڭ مۇددىئاسىنى ئەمەلگە ئاشۇ-
رۇش ئۈچۈن، 10 مىڭ چېرىك بىلەن تاللانغان قوماندانلارنى
ئاجرىتىپ ئىسمائىل خان ئۈستىگە ئەۋەتتى. بۇ چاغ 1678 ـ
يىلى بولۇپ، بۇ قېتىم جەنۇبىي شىنجاڭدا 80 مىڭ ئادەمنىڭ
كاللىسىنى ئېلىش بەدىلىگە سەئىدىيە خانلىقىنىڭ ئاخىرقى خانى
ئىسمائىل خان ھاكىمىيىتىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاپ، ئاپئاق خوجى-
نى خانلىق تەختىگە ئولتۇرغۇزدى. ئۇنىڭ چوڭ ئوغلى يەھيانى
بولسا قەشقەرگە خان قىلدى. شۇنىڭ بىلەن 1514 ـ يىلدىن
1678 ـ يىلغىچە داۋام قىلغان يەكەن سەئىدىيە خانلىقى ئاياغلاش-
تى. ئاپئاق خوجا تەختكە چىققاندىن كېيىن، ئۆزىنى «ئاپئاق
خوجا» دەپ جاكالىدى ۋە كەڭ كۆلەمدە ئۆچ ئېلىش بىلەن شۇ-
غۇللاندى. ئۇ، سەئىدىيە خانلىقى دەۋرىدە يېتىلگەن، خانلىقنى
قوللىغان مەشھۇر ئالىملار، ئەدىبلەر، تارىخچىلار، تەرجىمانلار،
مەرىپەتپەرۋەر زاتلارنى قەشقەر ھېيتگاھ ئالدى، يەكەن، خوتەن-
لەردە دارغا ئېسىپ ئۆلتۈرۈپ، پۈتكۈل ئىلمىي، ئەدەبىي، تارىخ
كىتابلارنى كۆيدۈرۈپ، «شەرىئەت مۇھەممەت ئەلەيھىسسالامنىڭ
ھۆكۈمى، تەرىقەت بولسا ئاللانىڭ ھۆكۈمى» دېگەن ئەقىدىنى
ئوتتۇرىغا چىقىرىپ، ئېتىقادچى سوپىلار بىلەن شەرىئەت ئوتتۇ-
رىسىدا كەسكىن زىددىيەت پەيدا قىلىپ، ئىسلام دىنىنىڭ قائىدە



ئۇسۇللىرىنى ئۆزگەرتىپ، ئۆزىگە قارشى چىققانلارنى يوشۇرۇن
ئۆلتۈرگۈزۈپ، جاھاننى داد ـ پەرياد نالىزارغا تولدۇردى. ئۇ،
جۇڭغارلارغا تايىنىپ، قەشقەر، يەكەندىن ئۆلىما، ئالىم ۋە تالىپ-
لاردىن بولۇپ 2000 ئادەمنى ئېلىغا سۈرگۈن قىلدى. 1000
ئادەمنى چەرچەنگە سۈرگۈن قىلىپ، ئەرلەرنى ئاياللاردىن، بالى-
لارنى ئاتىلاردىن ئايرىدى. تەرىقەتچىلىكنى قانات يايدۇرۇشقا كى-
رىشىپ، مۇھىم جايلارغا خانىقا (سوپىلارنىڭ پائالىيەت ئورۇن-
لىرى) سالدۇردى؛ يەكەندە «ئالتۇن مازار»، قەشقەردە «خان
خوجا ئوردىسى»، تۇرپاندا «ئەسھابۇلكەب» قاتارلىق تەسىرى
چوڭ ئۈچ سۇپىلىق سۇلىكى تەسىس قىلدى. نەتىجىدە، بىر
قىسىم مۇتەئەسسىپ، جاھىل كۈچلەر ئۇنىڭ ئەتراپىغا ئۇيۇشۇپ
ئۇنىڭ ھاكىمىيىتى ئۈچۈن ئۇل سالدى. ئاپئاق خوجا شۇ چاغدا
تۇرپاندىكى «ئەسھابۇلكەب» سۇلىكىنىڭ باشلىقلىقىغا تۇرپاننىڭ
دىنىي ھۆكۈمرانى بولغان سۇپى دېگەن ئادەمنى بەلگىلىدى. بۇ
ئارقىلىق تۇرپاننىڭ بويىنىغا بىر قارا سىرتماق سالدى.

سۇپى ياشانغاندىن كېيىن نەۋرىسى ئىمىن غوجىنى ئۆزىنىڭ
ئىشلىرىنى داۋام ئەتكۈزۈشكە بەلگىلىدى. شۇنىڭ بىلەن ئىمىن
خوجا دادىسىنىڭ ئىشىغا ۋارىسلىق قىلىپ تۇرپان ۋادىسىدا سو-
پىزملىق تەسەۋۋۇپ ـ تەشۋىقاتىنى كۈچەيتىشكە باشلىدى. ئۇ،
كۆپ ئۆتمەي سوپىزملىق تەسىرىنى پىچان ۋە تۇرپانغىچە كېڭەيت-
تى. ئىمىن خوجا ئۆز تەسىرىنىڭ كېڭىيىشى، ئەتراپىغا توپلان-
غان كۈچلەرنىڭ كۆپىيىشى بىلەن ھاكىمىيەتنى تارتىۋېلىش كو-
يىغا چۈشتى.

شۇ چاغلاردا تۇرپان ۋادىسىدا ئابدۇل ئەخمەت خاننىڭ ئەۋلاد-
لىرىدىن بىرى بولغان كەرپىش دېگەن ئادەم خانلىق تەختىدە
ئولتۇراتتى. كەرپىش ئاق كۆڭۈل، تۈز نىيەت، ئوۋغا ئامراق
ئادەم بولغانلىقتىن، ئۆزىگە يېقىنلاپ كېلىۋاتقان سۇيىقەستنى بىل-
مەي، بىر كۈنى ئادەتتىكىدەك مۇلازىملىرىنى باشلاپ ئوۋغا چى-

قىپ كەتكەن پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، ئەمىن خوجا كەرپىش خانىنىڭ ئايالى بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ (كەرپىشنىڭ ئايالى ئەمىن خوجا بىلەن تۇغقان ئىدى)، ئوردىدا ئۆزگىرىش قىلىپ، ھاكىمىيەتنى ئۆز چاڭگىلىغا ئېلىۋالدى. شۇندىن باشلاپ ئەمىن خوجا تارىخ سەھنىسىگە چىقىپ، بىر قاتار تىلغا ئېلىپ ئۆتكىدەك ئىشلارنى قىلىپ ئالەمدىن ئۆتتى.

## 2

ئەمىن خوجا ھاكىمىيەتنى قولغا كىرگۈزۈپ ئۇزۇن ئۆتمەي (1720 - يىلى)، چىڭ سۇلالىسى ئالانانىڭ قوماندانلىقىدا شىنجاڭغا قوشۇن ئەۋەتىپ، شىنجاڭنى جۇڭغارلار ھۆكۈمرانلىقىدىن ئازاد قىلماقچى بولدى.

چىڭ سۇلالىسى قوشۇنى قومۇلدىن ئۆتۈپ تۇرپانغا يېتىپ كەلگەندە، ئەمىن خوجا سوۋغا - سالاملار بىلەن ئالدىغا چىقىپ، جۇڭغارلار ھامىيلىقىدىن ۋاز كېچىپ، چىڭ سۇلالىسىغا تەسلىم بولۇدىغانلىقىنى بىلدۈردى ھەم ئۇلارنى قىزغىن كۈتۈۋالدى. شۇنىڭ بىلەن چىڭ سۇلالىسى ئەمىن خوجىغا «گۇڭ» لۇق مەنسىپىنى بېرىپ، ئۇنى يەنىلا ئۆز ئورنىغا ئولتۇرغۇزدى. بۇ چاغدا توقسۇن يەنىلا جۇڭغارلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدا بولغانلىقى ئۈچۈن، بۇ جاي ئىككى تەرەپنىڭ ئۇرۇش ئوتى ئىچىدە قالدى. چىڭ سۇلالىسى بىلەن جۇڭغارلار توقسۇندىن ئىبارەت بۇ مەيداندا ئۈزۈلدۈرمەي بەش يىل ئۇرۇشۇپ تىركەشتى. ھەر ئىككى تەرەپ ئۇزاق مۇددەتلىك ئۇرۇش جەريانىدا ئاجىزلاپ، ھالسىراپ كەتكەنلىكتىن، بىر - بىرىنى يېڭەلمەي، ئاخىرقى ھېسابتا ئۇرۇش توختىتىش كېلىشىمى ئىمزالىدى. شۇنىڭ بىلەن 1725 - يىلى ئۇرۇش توختىدى. چىڭ سۇلالىسى 1732 - يىلغىچە ئىلگىرى - ئاخىر بولۇپ پۈتكۈل ئەسكىرى كۈچىنى ئىچكىرىگە قايتۇرۇپ



كەتتى.

بۇ چاغدا، ئەمىن خوجا ئۆزىنىڭ ئىككى تاشنىڭ ئاستىدا قالغانلىقىنى ھېس قىلىپ، تۇرپان ۋادىسىدا داۋاملىق تۇرىۋەرسە ئاقىۋەت جۇڭغارلارنىڭ ئۆچ ئېلىشىغا ئۇچرايدىغانلىقىنى، ئۇنىڭدىن كۆرە يۇرتىنى تاشلاپ چىڭ سۇلالىسى ئارمىيىسى بىلەن ئىچكىرىگە كېتىش قارارىغا كېلىدۇ. ئۇ ئۆزىنىڭ ئارزۇ ۋە قارارىنى چىڭ سۇلالىسىغا بىلدۈرگەندىن كېيىن چىڭ سۇلالىسى ئۇنى قىيىن ئەھۋالدىن قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن، بىرىنچى قېتىمدا 650 ئائىلىنى ئىچكىرىگە كۆچۈرۈپ، ئۇلارنى گەنسۇنىڭ سۇجۇ ۋىلايىتىگە تەۋە جىن تاسى ۋە گەنجۇغا تەۋە ۋېلۇبار قاتارلىق جايلارغا ئورۇنلاشتۇردى.

ئىككىنچى قېتىمدا، ئەمىن خوجا ئۆزى باش بولۇپ 8013 ئادەمنى كۆچۈرۈپ گۇاجۇغا باردى. چىڭ سۇلالىسى ئۇلارنى شۇ يەرگە ئورۇنلاشتۇردى.

چىڭ سۇلالىسى كۆچمەنلەرگە كۆز قۇلاق بولۇش، باشقۇرۇش ئۈچۈن، جاڭ، جىڭ قاتارلىق ئەمەلدارلارنى بەلگىلىدى. قىسقىسى، شۇ قېتىملىق چوڭ كۆچۈشتىن كېيىن تۇرپان ۋادىسىدىكى كەڭ بوستانلىقلار تەبىئىي جاڭگاللىقلارغا، ئولتۇراق مەھەللىلەر خاراپلىشىپ ھوقۇشنىڭ ماكانىغا ئايلىنىپ كەتكەن.

ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىگە ئۆچمەس تۆھپىلەرنى قوشقان تۇرپان ئۇيغۇرلىرى ئەنە شۇنداق جۇدالىق، سەرسانلىق كۈنلەرگە قالدى. بۇ يەرلەر شۇندىن باشلاپ جۇڭغارلارنىڭ يازلىقى چارۋا باقىدىغان، قىشلىقى تۆل ئالىدىغان تەبىئىي يايلاقلىرىغا ئايلىنىپ كەتتى.

جۇڭغارلار ئۆز ھامىيلىقىدا قالغان بۇ جايلارنى (توقسۇن، تۇرپان، پىچان، لوپنۇر) تارخانبەگ مەڭلىكنىڭ باشقۇرۇشىغا تاپشۇردى. ئانچە ئۇزۇن ئۆتمەي، ئەمىن خوجا تارخانبەگ مەڭلىككە خەت يېزىپ ئۇنى ئىچكىرىگە كېلىشكە تەكلىپ قىلدى.

تارخانبەگ مەھەللىك ئىمىن خوجىنىڭ بۇ تەكلىپىنى قوبۇل قىلمىدى. شۇنداق بولسىمۇ، ئۇ بۇ يەردە قالغان ئىمىن خوجىغا تەۋە بولغان ئادەملەردىن 400 كىشىنى ئىچكىرىگە بېرىشقا رۇخسەت قىلدى. ئارقىدىن ئۇنىڭ ئىنىسى ئېلى نەزەر ئۆزىنىڭ قول ئاستىدىكى 1000 نەپەر ئادەمنى باشلاپ ئىچكىرىگە قېچىپ باردى. چىڭ سۇلالىسى ئۇلارنى گۇاجۇغا ئورۇنلاشتۇردى.

## 3

1754 - يىلىغا كەلگەندە، چىڭ سۇلالىسى ئۇزاق، پۇختا تەييارلىق قىلىپ، قايتىدىن جۇڭغارلار ئۈستىگە يۈرۈش قىلماقچى بولدى. مۇشۇ پۇرسەتتە ئىمىن خوجا دەرھال قول ئاستىدىكى مۇرتلىرىنى ھەرىكەتلەندۈرۈپ چىڭ سۇلالىسى قوشۇنى قارىمىقىدا ئۇيغۇر قوشۇنى تەشكىللىدى. چىڭ سۇلالىسى قوشۇنى شىنجاڭغا يۈرۈش قىلغاندا ئۇمۇ قول ئاستىدىكى قوشۇنىنى باشلاپ تۇرپان ۋادىسىغا يېتىپ كېلىپ، دارخانبەگ مەھەللىككە تاقابىل تۇردى. تارخانبەگ مەھەللىكمۇ بوش كەلمەي قاتتىق ئىركىشىپ ئۇرۇش قىلدى. ھەر ئىككى تەرەپ بىر - بىرىگە قىلچە رەھىم شەپقەت قىلىشمىدى. ئاخىرقىچە بەرداشلىق بېرەلمىگەن دارخانبەگ مەھەللىك بىر قىسىم ئەسكىرىي كۈچىنىڭ قوغدىشى ئاستىدا شەھەر ئىچىگە كىرىپ بېكىنىۋالدى. بۇ شەھەرنىڭ دائىرىسى كەڭ، سېپىلى پۇختا بولۇپ، ئۇنى كىشىلەر «شەھىرى ئېزىم» دەپ ئاتىشاتتى. تارخانبەگ مەھەللىكنىڭ يەنە بىر بۆلۈك ئەسكىرى كىچىلىك قاراڭغۇدىن پايدىلىنىپ، لوپنۇرنىڭ تىكەنلىك تەرەپكە قاراپ قاچتى ۋە ئۇ يەردىكى خىلۋەت جاڭگاللىقلارغا يوشۇرۇنۇپ پاناھلاندى. (ھازىر بۇ يەر «دورال» دەپ ئاتىلىدۇ. ئەسلى مەنىسى تورالغۇ)، ئىمىن خوجا دارخانبەگ مەھەللىكنى شەھەر ئىچىگە قورشىۋالغاندىن كېيىن، ئۇنى سۈلھى بىلەن تەسلىم



بولۇشقا دەۋەت قىلىسىمۇ، ئۇ قارشىلىق بىلدۈرۈپ تەسلىم بولمىدى. نەتىجىدە ئىمىن خوجا شەھەرنىڭ شەرقى قىسمى بىلەن ئېقىۋاتقان توقسۇن دەرياسىنىڭ سۈيىنى شەھەرگە قويۇپ شەھەرنى سۇغا باستۇرۇپ، ① تارخانبەگ مەھەللىكنى تۇتۇپ، ئۇنىڭ كاللىسىنى ئالدى. ئۇنىڭ ئوغلى ئاق خوجىنى چىڭ سۇلالىسىغا تەقدىم قىلىپ خىزمەت كۆرسەتكەنلىكىنى بىلدۈردى. شۇنىڭ بىلەن دەريادەك قانلارنىڭ ئېقىشى، نۇرغۇن باشلارنىڭ كېسىلىشى بەدىلىگە، پۈتكۈل تۇرپان ۋادىسىنىڭ تەقدىرى ئاخىرقى ھېسابتا ئىمىن خوجىنىڭ قولىغا ئۆتتى.

بۇ قېتىمقى ئۇرۇشتا ئىمىن خوجىنىڭ كۆرسەتكەن پىدار-كارلىقى چىڭ سۇلالىسىنى كۆپ خۇرسەن قىلدى. نەتىجىدە چىڭ سۇلالىسى تۇرپان، توقسۇن، پىچان قاتارلىق جايلارنى ئۇنىڭ ۋاقىتلىق باشقۇرۇپ تۇرۇشىغا ھاۋالە قىلدى.

## 4

مىلادى 1758 - يىلى، چىڭ سۇلالىسى يارخاشاننى جاڭجۈن، ئىمىن خوجا، خانىڭئانى مەسلىھەتچى ئامبال، شۇندىئا، ئەيلوڭئا ۋە قومۇلدىكى يۈسۈپ خوجىنى ئاغلاقچى ئامبال قىلىپ، 10 مىڭدىن ئارتۇق ئەسكىرىي كۈچىنى كۇچالىق ئودايى خوجىنىڭ باشلامچىلىقىدا جەنۇبىي شىنجاڭنى بويسۇندۇرۇشقا ئەۋەتتى. بۇ چاغدا جەنۇبىي شىنجاڭدا قاراتاغلىقلاردىن ئىسھاق ۋەلىيۇللا خوجا ئەۋلادلىرىدىن جاھان خوجا ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقانىدى. ئىسھاق خوجىنىڭ ئەۋلادلىرى بىلەن ئاپئاق غوجا ئەۋلادلىرى ئوتتۇرىسىدا كەسكىن ئاداۋەتلەر بولۇپ، بۇ ئىككى گورۇھ بىر - بىرى بىلەن چىقىشالماي، ئاپئاق خوجىنىڭ ئەۋلادلىرى ئىلىغا چىقىپ كەتكەنىدى. شۇنداق بولسىمۇ، جەنۇبىي شىنجاڭ خەلقى ئىككى قۇتۇپقا بۆلۈنۈپ، بەزىلىرى ئىسھاق خوجىنىڭ ئەۋلادلىرىغا، بەزىلىرى

ئاپئاق خوجىنىڭ ئەۋلادلىرىغا ئەگىشىپ ئىككى خىل مۇرىت بولۇپ شەكىللەنگەنىدى.

چىڭ سۇلالىسى ئارمىيىسى بۇ جايلاردا ئۇزۇنغا سوزۇلغان قانلىق ئۇرۇشلارنى قىلىپ، ئاقسۇ، ئۇچتۇرپان، قەشقەر، يەكەن ۋە خوتەن قاتارلىق جايلارنى قولغا كىرگۈزدى. 1756 - يىلى 12 - ئاينىڭ 6 - كۈنى يەنى روزى ھېيت كۈنى ئىسھاق خوجا ئەۋلادلىرىدىن بولغان ئەڭ ئاخىرقى ھۆكۈمرانى جاھان خوجىنىڭ كاللىسىنى ئېلىپ ئۇرۇشنى تاماملىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇزۇنغا سوزۇلغان قانلىق ئۇرۇش ئاياقلاشتى.

چىڭ سۇلالىسى ئىمىن خوجا بىلەن يۇسۇپنىڭ بۇ قېتىمقى قانلىق جەڭلەردە كۆرسەتكەن پىداكارلىق تۆھپىسىگە قاراپ، مال - دۇنيا ۋە خالىغان ھۈنەرۋەن قۇللارنى ئەسىر قىلىپ، تۇرپان، قۇمۇللارغا ئېلىپ كېتىشكە يول قويدى ② ھەمدە يۇسۇپنى قۇمۇلغا، ئىمىن خوجىنى تۇرپانغا ۋاڭ قىلدى. ئىمىن خوجىغا «جاساق فۇگوگۇڭ»، «گۇسەن بەيسى»، «دولوبەيلى»، «جىڭ گۇڭ» قاتارلىق مەنسەپ - ئۇنۋانلارنى تەقدىم قىلدى.

بۇ قېتىمقى ئۇرۇش تامام بولغاندىن كېيىن، چىڭ سۇلالىسى مۇلكىي قەشقەرىيە بىلەن ئىلى ۋادىسىدا 40 مىڭدىن ئۇشۇق ئەسكىرىي كۈچنى تۇرغۇزدى. نوپۇسى زور دەرىجىدە كېمىيىپ، ئىگىلىكى ۋەيران بولغان، تۇرمۇشى ناچار، ئالۋان - سېلىقى ئېغىر پۇقرالار ئۈچۈن، ھۆكۈمەتنىڭ شۇنچە كۆپ ئەسكىرىنى بېقىپ كېتىش مۇمكىن ئەمەس ئىدى. شۇڭا چىڭ سۇلالىسى نوپۇسنى تولۇقلاپ، ئىگىلىك تىكلەش ۋە ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىش ئۈچۈن، جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ بەزى جايلىرىدىن ئالتە مىڭ تۈتۈن، تۇرپاندىن 10 مىڭ تۈتۈن نوپۇسنى ئىلىغا يۆتكىدى.

ئىمىن خوجىنىڭ چوڭ ئوغلى مۇسانى ئىلىغا كۆچۈرگەن كۆچمەنلەرگە باش قىلىپ بەلگىلىدى (1760 - 1767 - يىللىرى) . ③ كۆچمەنلەر ئىلى ۋادىسىغا ئورۇنلىشىپ بولغاندىن



كېيىن، بۇ يەردە ئىلى ھاكىمبەگلىكى تەسىس قىلىپ، مۇسانى بەگلىككە بەلگىلىدى. ئۇ، غۇلجا ناھىيىسىنىڭ بالتوقاي يېزىسىدا سېپىل سوقتۇرۇپ، بەگلىك ئورنىنى مۇقىملىدى. ئىمىن خوجىنىڭ ئىككىنچى ئوغلى سۇلايماننى تۇرپانغا «گۇڭ» قىلىپ تەيىنلىدى. سۇلايمان گۇڭ بولغاندىن كېيىن، ئاتىسى ئىمىن خوجىنىڭ چىڭ سۇلالىسى ھاكىمىيىتى ئالدىدا كۆرسەتكەن بۈيۈك خىزمەتلىرىنى خاتىرىلەش يۈزىسىدىن، تۇرپاننىڭ شەرقى تەرىپىدە ئېگىزلىكى 37 مېتىر كېلىدىغان بىر خاتىرە مۇنارە ياساتقۇزدى. مۇنارنى ياساش ئۈچۈن، خەزىنىدىن 7000 سەر كۈمۈش سەرىپ قىلدى. مۇنار قۇرۇلۇشى 1776 - يىلى باشلىنىپ، 1777 - يىلى پۈتتى. مۇنار ئىچىدە تاش ئابىدە تۇرغۇزۇلدى. مۇنار كۆك گۈللۈك خىشلاردىن قوپۇرۇلغان بولۇپ، 10 نەچچە خىل نەقىش چىقىرىلغان. ئۇنىڭدا ئاساسەن ئۇيغۇر خەلقىنىڭ قەدىمقى مىمارچىلىق مىللىي ئەنئەنىسى روشەن گەۋدىلەنگەن. مۇنارنىڭ ئىچكى قىسمىدا بۇرما شەكىللىك پەلەمپەي بولۇپ (ھەر بىر پەلەمپەيگە ئۈجمە ياغىچىدىن تاختاي قويۇلغان)، مۇنار ئۈستىگە چىققىلى بولىدۇ.

ئەينى چاغدا، قۇمۇلدىكى يۇسۇپ خوجىمۇ مۇنارنىڭ كۆركەم ياسالغانلىقىغا ھېرىسمەن بولۇپ، ئۇمۇ قۇمۇل دىيارىغا شۇ خىلدىكى مۇنارنى ياساتقۇزماقچى بولىدۇ ھەمدە تۇرپاندىكى سۇلايمانغا مۇنار ياسىغۇچى ئۇستىنى قۇمۇلغا ئەۋەتىپ بېرىشنى ئۆتۈنگەندە، سۇلايمان: «مۇنار پۈتكەندە ئەۋەتىپ بېرىمەن»، دەپ جاۋاب قايتۇرۇپ، مۇنداق خاتىرە مۇنارنىڭ تۇرپاندىن باشقا جايدا قەد كۆتۈرۈپ تۇرۇشىغا يول قويماسلىق ئۈچۈن، مۇنار ياسىغۇچى ئۇستا (قەشقەردىن ئېلىپ كەلگەن ئۇستا ئىدى) نى ئۆلتۈرۈپ كۆزدىن يوق قىلدى.

مۇنار پۈتۈپ 3 - يىلى (1779 - يىلى) ئىمىن خوجا 83 يېشىدا تۇرپاندا ۋاپات بولدى. شۇنىڭدىن باشلاپ تۇرپان ۋادىسى

سۇلايماننىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدا تېخىمۇ خاراپلىشىشقا قاراپ
يۈزلەندى. سۇلايمان زالىملىقتا ئۇچىغا چىقىپ، بىگۇناھ خەلقنى
دەھشەتلىك ئەزدى، قىينىدى، ئۆلتۈردى. كۆزىگە چىرايلىق
كۆرۈنگەن ھەر قانداق قىز - چوكاننى خوتۇن قىلىپ، خەلقنى
داد - پەرياد قاقشاتتى. ئۇ خەلقنىڭ ئاھۇ زارىغا پىسەنت قىلماي،
ئۆزىنىڭ فېئوداللىق ئىگىلىكىنى مۇستەھكەملەش ئۈچۈن، قول-
دىن كەلگەن بارلىق رەزىللىكلەرنى قىلىشقا باشلىدى. خەلق
ئۇنىڭ زۇلۇمى دەستىگە چىدىماي:

سۇلايماندەك ئەر بارمۇ؟
قوم بىلەن سوققان شە بارمۇ؟
سۇلايماننى كۆرگەندە،
بۇ تەنلەردە جان بارمۇ؟

دەپ قوشاقلارنى توقۇشتى.

سۇلايماننىڭ ۋەھشىيلىكى ھەددىدىن ئېشىپ، ئاخىرقى
چەككە يەتكەنلىكتىن، چىڭ سۇلالىسى ئۇنى تەنقىد قىلغان بولسى-
مۇ، ئۇ قىلمىشىنى ئۆزگەرمىدى. شۇنىڭ بىلەن چىڭ سۇلالىسى
ئۇنى بەگلىكتىن قالدۇردى. ئۇنىڭ قول ئاستىدىكى قۇللارنى
ئازاد قىلىپ، ئۇنىڭغا قاراشلىق 14 مىڭ 700 مو تېرىلغۇ يەر
ۋە چارۋىلىرىنى بىردەك مۇسادىرە قىلدى. ④ 1759 - يىلى
چىڭ سۇلالىسى شىنجاڭدىكى بارلىق توپىلاڭلارنى تىنجىتىپ،
يۇرت ئەمىنلىككە قەدەم قويغاندىن كېيىن، تۇرپان ۋادىسىدا،
جۇملىدىن پىچان، تۇرپان ، لۈكچۈن، سىڭگىم، قاراغوجا ۋە
توقسۇن قاتارلىق جايلاردا ئالتە مەمۇرىي ئورگان تەسىس قىلىپ
بۇ يەرلەرنى ۋاستىلىك باشقۇرۇپ كەلگەنىدى. ئۇزۇن ئۆتمەي،
چىڭ سۇلالىسى بۇنداق باشقۇرغاندا يەرلىك بەگلەر ھەددىدىن
ئېشىپ خەلقنى خالىغانچە ئېزىپ ھالسىزلىتىدىغانلىقىنى تونۇپ



يەتتى. يەرلىك فېئوداللارنىڭ بۇنداق سۇيىئىستېمال ھوقۇقىنى
بىكار قىلىش بىلەن ئۇلارنى چەكلەش ئۈچۈن، سۇلايمانغا ئوخ-
شاش بىشەم بەگلەرنىڭ سۇيىئىستېمال ھوقۇقىنى بىكار قىلىپ
تاشلىدى. شۇنىڭدىن كېيىن، ھاكىمىيەت تۈزۈلمىسىدە قايتا
ئىسلاھات ئېلىپ باردى. تۇرپان ۋادىسىدىكى پۈتكۈل ئاھالە،
ئېقىن سۇ، يەرلەرنى تىزىملاپ، قايتىدىن يەتتە مەمۇرىي كەنتكە
ئايرىدى ۋە بارلىق يەر، سۇنى مەمۇرىي كەنتلەرگە ئۆتكۈزۈپ،
بۇ يەرلەرنى ھۆكۈمەت بىۋاسىتە باشقۇردى. يەرلىك ئاھالىلەرگە
بولسا، كارىز سۇلىرى، جىلغا سۇلىرى بىلەن تېرىلىدىغان يەر-
لەر، پارچە - پۇرات قومساڭغۇ تېتىر، ئۇنۇمسىز شورلۇقلار،
سازلىقلارنى بۆلۈپ بەردى. چارۋىدارلار ئۈچۈن، تەڭرىتاغنىڭ
جەنۇبىدىن تارتىپ شىمالى قىسمىدىكى بوش قالغان يايلاقلار،
جۇملىدىن ئۈرۈمچى ئەتراپىدىكى پۈتكۈل يايلاق، مىچۈەن، ساد-
جى، فۇكاڭ، جىمسار قاتارلىق جايلارنىڭ ئوتلاق دائىرىلىرىنى
بەلگىلەپ كۆرسىتىپ بەردى. نەتىجىدە، ئۇنۇمسىز يەرلەرنىڭ
سېلىقى ۋە ھاشارنىڭ ئېغىرلىقىغا بەرداشلىق بېرەلمىگەن كىشلەر
بىر - بىرلەپ يۇرتنى تاشلاپ، تەرەپ - تەرەپلەرگە سەرسان -
سەرگەردان بولۇپ چىقىپ كېتىشكە مەجبۇر بولدى.

5

1780 - يىلى خاقانىي چىن پىچاندىكى خان ئامبالنى تۇرپان
ئاغلاقچى ئامبىلىغا ئۆزگەرتتى، بۇ، ئەمەلىيەتتە ھەربىي - مەمۇ-
رىي ھوقۇق يۈرگۈزىدىغان ھوقۇقلۇق ئورگان بولدى. بۇ ئورگان
ئۈرۈمچىدە يېڭىدىن تەسىس قىلىنغان دۇتۇڭ مەھكىمىسىگە تەۋە
قىلىندى. شۇنىڭ بىلەن ئاغلاقچى ئامبىلى سۇلايماننىڭ قولىدىن
مۇسادىرە قىلغان يەرلەر ۋە باشقا يەرلەرنى ھۆكۈمەت قارىمىقىغا
ئۆتكۈزۈپ، تۆۋەندىكى يەتتە مەمۇرىي كەنتكە تەقسىم قىلىپ،

توقسۇن دەريا ئېقىنى تۆۋەنكى قىسمىدە «نىڭشياگۇڭشاڭ» (بۇ نىڭشيادىن يۆتكەپ كەلگەن خەنزۇ - خۇيزۇ لەشكەرلىرىنى ئاساس قىلغان گۇڭشاڭ)، قوۋۇرغا سۇيى تۆۋەنكى قىسمىدا «يەمشى گۇڭشاڭ» (يەمشى - ئاشلىق ئىشلەپچىقارغۇچى دېگەن مەنىدە)، يانغۇلۇق سۇيى تۆۋەنكى قىسمىدا «ئەنجان گۇڭشاڭ»، يەر ئاغزى تۆۋەنكى قىسمىدا «لامپۇ گۇڭشاڭ»، قورۇقتا سۇيى تۆۋەنكى قىسمىدا «قىزىلتۇر گۇڭشاڭ»، سىڭگىم ئېغىزى سۇيى تۆۋەنكى قىسمىدا «ئاۋات گۇڭشاڭ»، سىڭگىم سۇيىدە «پەيزىئاۋات گۇڭشاڭ»لار تەسىس قىلدى.

يۇقىرىقى گۇڭشاڭ (ھۆكۈمەت پېرىسى)لارنى ئىدارە قىلىپ باشقۇرۇش ئۈچۈن، ئىچكىرىدىن 700 يېشىل توغلۇق (مەخسۇس دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدىغان) خەنزۇ - خۇيزۇلاردىن تەركىب تاپقان ئەسكىرىي كۆچنى يۆتكەپ چىقىپ، بۇ يەرلەرگە ئورۇنلاشتۇردى. بۇلارنىڭ ئۈستىدىن نازارەت قىلىش ئۈچۈن، 500 ئاتلىق ساپ مانجۇلاردىن تەركىب تاپقان قىسىمنى تۇرغۇزۇپ، ھۆكۈمرانلىق سىستېمىسىنى يولغا قويدى. مانا شۇنداق چارە - تەدبىرلەر ئارقىلىق، تۇرپان ۋادىسىنىڭ تارىختىن بۇيان داۋام ئېتىپ كەلگەن فېئوداللىق ئىگىلىك تۈزۈلمىسى تۈپتىن ئۆزگىرىش ھاسىل قىلدى.

## خۇلاسە

ئىمىن خوجا ھاكىمىيەت بېشىغا چىقىپ، 1720 - يىلى چىڭ سۇلالىسىغا تەسلىم بولدى. چىڭ سۇلالىسى بىلەن جۇڭغارلار بەش يىل ئۇرۇشۇپ، كېيىن ئۇرۇش توختىتىش كېلىشىمى ئىمزالىغاندا، ئۇ ئۆز ساداقىتىنى بىلدۈرۈپ، چىڭ سۇلالىسى ئەسكىرى كۆچلىرى كەينىدىن ئىچكىرىگە كۆچۈپ باردى. چىڭ سۇلالىسى شىنجاڭغا قايتا يۈرۈش قىلغاندا، ئۇ قول ئاستىدىكى



ئادەملەرنى تەشكىللەپ چىڭ سۇلالىسى قارىمىقىدا ئەسكىرىي قوشۇن تەييارلىدى ۋە تۇرپان ۋادىسىغا قايتا چىقىپ تارخانبەگ مەڭلىك خوجىنىڭ قولىدىكى ھاكىمىيەتنى تارتىۋېلىپ، ئۇزۇن ئۆتمەي، چىڭ سۇلالىسىنىڭ جەنۇبىي شىنجاڭدىكى چوڭ - كىچىك خوجىلارنىڭ ھاكىمىيىتىنى تارتىۋېلىشىدا زور تۆھپىلەرنى قوشتى. ئۇنىڭ ئەنە شۇنداق ئۆچمەس تۆھپىلىرى بەدىلىگە چىڭ سۇلالىسى ئۇنىڭ ئىمتىياز ئېھتىياجىغا كەڭ يول قويدى. ئۇنى ئۆزلىرىنىڭ ھىممىتىدىن تېخىمۇ زور بەھرىمەن قىلىش ۋە ئىشەنچىگە ئىگە قىلىش ئۈچۈن، ئۇنۋان - مەنسەپلەر تەقدىم ئەتتى. ئوغۇللىرىغا ئەمەل ۋە ھوقۇق ئاتا قىلدى. جۈملىدىن ئۇنىڭ تارىختىن بۇيان داۋام ئېتىپ كەلگەن فېئوداللىق يەر مۈلۈكچىلىك قائىدە - نىزاملىرىغا تەگمىدى. شۇ جۈملىدىن ئۇنىڭ يەر مۈلۈكچىلىك ۋە خانلىق ھوقۇقى فېئوداللىق سۇيۇرغاللىق شەكلىدە داۋام ئېتىپ كېلىۋەردى.

چىڭ سۇلالىسى ئۈچۈن ئېيتقاندا يات مىللەتلەر ئۈچۈن بۇنداق كەڭ قوللۇق سىياسەت يۈرگۈزۈش، پەقەت بىر ئىستراتېگىيىدىن ئىبارەت ئىدى. چۈنكى، ئەينى چاغدا جۇڭغارلارغا سادىق بولۇپ، ئۇلارنىڭ دۆمبىقىنى چالغان، بېشىغا كۈن چۈشكەندە ئۇلاردىن يۈز ئۆرىگەن مۇنداق ئادەمدىن ھەرگىز ياخشىلىق كۈتۈش مۇمكىن ئەمەس ئىدى. شۇڭا، ئۇنىڭ بەزى ھوقۇق دائىرىسىنى قەدەممۇ - قەدەم تارايتىشقا باشلىدى. جۈملىدىن چىڭ سۇلالىسى تۈزۈلمە ئىسلاھاتى ئېلىپ بېرىش ئۇسۇلىنى قوللىنىپ، ئىمىن خوجا مەنپەئەتلىنىپ كەلگەن يەرلەرنى «ھۆكۈمەت ھېسابىدا بېرىلىدىغان مائاش تەمىناتى» دائىرىسىگە كىرگۈزدى. كېيىنچە بۇ يەرلەرنى «تەمىنات يېرى» دەپ ئاتاپ قانۇنلاشتۇردى. بۇ تېخى ئىشنىڭ باشلىنىشى ئىدى. دېمەك، كۆرۈنۈشتە بەگلىككە ۋارىسلىق قىلىش كونا قائىدە - تۈزۈم بىكار قىلىنمىغاندەك قىلسىمۇ، ئەمەلىيەتتە بەگلەرگە دەرىجە بېكىتىپ، ئۇلار-

نىڭ چەكسىز ھوقۇقىنى چەكلىك دائىرىگە كىرگۈزۈپ قانۇنلاشتۇردى.

لېكىن، بۇنداق ئۇسۇلمۇ بەگلەر ئۈچۈن يەنە باشقا خىل يوچۇق ئېچىپ بەردى. ئۇلار يوچۇقلاردىن پايدىلىنىپ، خەلققە تېخىمۇ زۇلۇم سالدى. ئۇلارنىڭ ئۇستىدىكى ئېكسپىلاتاتسىيىسىنى تېخىمۇ ئاشۇرۇۋەتتى. ئۇلار ئۆزلىرى ئېرىشكەن ھوقۇق دائىرىسىدىن ھالقىپ ئۆزلىرىگە تەۋە قۇللارنى كۆپەيتىپ، ھۆكۈمەت بىلەن ئۇزەڭگە سوقۇشتۇرغۇدەك دەرىجىگە يەتتى.

دېھقانلار بىلەن يەر ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت، يەر ئىجارە فورماتسىيىسى يەنىلا مەجبۇرى ئەمگەك، يەر ئىجارىسى بولۇپ قىلىنىۋەردى. بۇ ھال چىڭ سۇلالىسى «تەمىنات يەرلىرى» تۈزۈمىنى بىكار قىلغانغا قەدەر داۋام ئەتتى. مۇشۇ تارىخىي جەرياندا دېھقانلارنىڭ سۈپىتى قىسمەن ئۆزگەردى. ئىلگىرىكى ئومۇمىي قۇللار بەگلىككە قاراشلىق قوللارغا، قالغان بىر قىسمى يەر ئوتاقچىلىرىغا ئۆزگىرىشكە باشلىدى. يەر ئىجارە فورماتسىيىسىمۇ ئىلگىرىكى مەجبۇرى يەر ئىجارىسى ئاساس قىلىنىشتىن ناتۇرال يەر ئىجارىسى ئاساسىغا ئۆزگۈرۈشكە باشلىدى. شۇنىڭ بىلەن بىر قىسىم دېھقانلار بىر قەدەر ئەركىنلىككە ئېرىشىپ، ئىمىن خوجىنىڭ فېئودال كىرىپسنويلۇق ئىسكەنجىسىدىن ئازاد بولۇشقا قاراپ قەدەم قويدى.

بىزگە مەلۇم، ئىمىن خوجا ھاكىمىيەت ئۇستىگە چىقىپ ئورۇن ئەگرى - توقاي يوللارنى بېسىپ ئۆتكەن بولسىمۇ، ئاخىرقى ھېسابتا ئۇ ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادلىرى ئېرىشكەنلىرى، ئۇلار ئارزۇ قىلغانلىرىنىڭ 1/1000 گە توغرا كەلمىدى، خالاس.

دەۋر تەرەققىياتى ئۇلارنىڭ خام خىياللىرىنى شامالدەك ئۇچۇرۇپ كەتتى.



# ئىزاھات

① كېيىنچە بۇ خارابىلىق ئاستىدا قالغان سانسىز ئادەملەرنىڭ جەسەتلىرىگە قاراپ، بۇ يەر «ئاق زەرەت» دەپ ئاتالغان، ھازىر مۇشۇ نام بىلەن مەشھۇر.

② چىڭ سۇلالىسى ئۈچۈن خىزمەت كۆرسەتكەن بۇ ئىككى فېئودال جەنۇبىي شىنجاڭدىن ئېلىپ كەلگەن قۇللارنىڭ بىر بۆلۈكىنى توقسۇن ۋادىسىنىڭ ھازىرقى «ئەرپىچىمە» دەپ ئاتىلىدىغان جايىغا ئېلىپ كىلىپ، ئۇلارنى پىچىپ (ئاغۇات قىلىپ)، فىزىئولوگىيە جەھەتتە كەمتۈك، ئەۋلاد قالدۇرۇش ئىقتىدارى يوق، سۆزلىيەلەيدىغان، ئەمگەك قىلىدىغان ھايۋانلارغا ئايلاندۇرۇپ، ئۆز ئىگىلىكلىرىدە ئەمگەككە سالغان.

③ مۇسا 1767 - يىلى كېسەلگە گىرىپتار بولۇپ ئۆلدى. ئورنىغا 25 ياشلىق ئوغلى ئەۋرەڭزىپ بەگ بولۇپ ئولتۇردى. ئۇ، چىڭ سۇلالىسىنىڭ يولىيورۇقى بويىچە ئوردىنى ئىلى شەھىرى ئىچىگە يۆتكىدى. ئارىدىن 10 يىل ئۆتكەندىن كېيىن بەگلىكنى ئوغلى مەلىكىزاتقا ئۆتۈندى. مەلىكىزات 20 يىل بەگ بولۇپ، 1791 - يىلى بەگلىكنى ئوغلى خوشنىزاتقا ئۆتكۈزۈپ بەردى. ئۇ 20 يىل بەگ بولدى. 1817 - يىلىغا كەلگەندە، ئۇ بەگلىكنى ئوغلى خانزاتقا ئۆتۈندى. خانزات بولسا تاكى 1860 - يىلىغىچە 43 يىل ھۆكۈمرانلىق قىلدى. بۇ چاغدا ئىلىدا دېھقانلار قوزغىلىڭى پارتلىدى. خانزات مۇشۇ ۋەزىيەتتە خانلىقنى ئوغلى مەزەمزاتقا ئۆتۈندى. ئۇ يەتتە يىل ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەندىن كېيىن، ئىلى سۇلتانلىقى قۇرۇلۇپ، ئىمىن خوجا ئەۋلادى ھاكىمىيەت ئۇستىدىن سىقىپ چىقىرىلدى.

چار پادىشاھ چىڭ سۇلالىسى بىلەن بىرلىشىپ 1871 - يىلى ئىلى سۇلتانلىقىنى ئاغدۇرۇپ تاشلىدى. ئىلى چار پادىشاھنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاستىغا ئۆتتى. بۇ چاغدا قايتىدىن بەگلىك تۈزۈم

ئورنىتىلىپ، 10 يىل ئۆتكەندىن كېيىن 1882 - يىلى ئىمىن خوجا نەسلىدىن بولغان ئىلىيار ھاكىمبەگ بولدى. شۇ چاغدا ئۇ ئەمدىلا 17 ياشتا ئىدى. شۇڭا ئۇنى كىشىلەر «بوۋاق ھاكىم بەگ» دەپ ئاتاشقان. ئۇنىڭ بەگلىكى 1891 - يىلغىچە داۋام ئەتتى. ئىمىن خوجا ئەۋلادلىرىنىڭ ئىلىدىكى ھۆكۈمرانلىقى شۇنىڭ بىلەن ئاخىرلاشتى.

① گەرچە ئىمىن خوجا تۇرپان رايونىنىڭ ئالىي ھۆكۈمرانى بولسىمۇ، چىڭ سۇلالىسى 1762 - يىلى (چيەنلۇڭنىڭ 27 - يىلى) ئىلى جاڭجۇن مەھكىمىسىنى تەسىس قىلىپ، ئۇنى شىنجاڭغا ھۆكۈمرانلىق قىلىدىغان ئالىي ئەمىر قىلىپ بېكىتتى. بۇ ئورگان ھەربىي - مەمۇرى باشقۇرۇش ھۆكۈمرۇنلىقىنى يولغا قويدى. بۇ ئورگاننىڭ ئاستىدا «مەسلىھەتچى ئامبال»، «خان ئامبال»، «ئاغلاقچى ئامبىلى» تەسىس قىلىندى. جۈملىدىن تۇرپان رايونىدا «خان ئامبال» ئورگىنى تەسىس قىلىندى. چىڭ سۇلالىسى ئەنە شۇنداق ئورگانلارنى تەسىس قىلىپ، شىنجاڭغا بىۋاستە ھۆكۈمرانلىق قىلىشنى يولغا قويغاندىن باشلاپ، تۇرپان ۋادىسىدىكى خەلقلەر ئىمىن خوجا زۇلۇمى ۋە ئېكسپلاتاتسىيىسىگە ئۇچراشتىن تاشقىرى، يەرلىك ھاكىمىيەتنى تۇتۇپ تۇرغان چىڭ سۇلالىسى ئامباللىرىنىڭ ئالۋان - سېلىق ۋە باج خىراجلىرىنى ئۇستىگە ئالغاندى.

بۇ ئىككى ئېكسپلاتاتسىيە سىرتمىقى خەلقنىڭ ئازاب ئوقۇبەت ۋە كۈلپىتىنى تېخىمۇ چەكتىن ئاشۇرۇۋەتتى. نەتىجىدە خەلقلەر ئىمىن خوجا ھاكىمىيىتىگە چىش تىرنىقى بىلەن ئۆچ بولۇپلا قالماي، چىڭ سۇلالىسى ئامباللىرىغىمۇ چەكسىز غەزەب نەپرەت ياغدۇردى.

چىڭ سۇلالىسى خەلقنىڭ غەزەپ نەپرىتىنى پەسەيتىش، ئاسايىشلىق ۋەزىيەت شەكىللەندۇرۇش مەقسىتىدە سۇلايماننى تەختتىن چۈشەردى.



قوشۇمچە پايدىلانغان ماتېرىياللار:

«شىنجاڭنىڭ قىسقىچە تارىخى»، 1 - قىسىم.
«تارىخى ئەمىنىيە».
«تارىخى ھەمىدىيە».
«ئۇيغۇر تارىخى»، 1 - قىسىم، 2 - كىتاب.
«قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى ئىلمىي ژۇرنىلى»، 1981 - يىلى 3 - سان.
«شىنجاڭ شېلوي»، «جەنۇبىي يول خەرىتىلىك تەزكىرىسى».
«تۇرپان گېزىتى»، 1988 - يىلى 23 - سىنتەبىردىكى سانى.
«شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى»، ئۇيغۇرچە، 1982 - يىل قوشۇمچە 5 - سان.
«قۇمۇل تارىخ ماتېرىياللىرى»، 1 - كىتابى.

(ئاپتور: توقسۇن ناھىيىلىك سىياسىي كېڭەشتىن)
جاۋابكار مۇھەررىر: تۇرغۇن ئۆمەر

# تىنچلىق بىتىمى ئىمزالىنىشتىن ئىلگىرى گۇمىدا بولۇپ ئۆتكەن بەزى ۋەقەلەر

## ھوشۇرمەت بارات

1937 - يىلى پۈتۈن شىنجاڭ شېڭ شىسەينىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا ئۆتكەندىن كېيىن، ناھىيىمىز گۇمىدىمۇ شىنجاڭنىڭ باشقا جايلىرىغا ئوخشاشلا بۇرۇنقى ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرى، ۋەجدارلار، ئابرۇيلۇق كىشىلەر ۋە دىنىي ئۆلىمالارنى تازىلاش - باستۇرۇش ئېلىپ بېرىلدى. شېڭ شىسەي تەختكە چىقىپ ئۇزۇن ئۆتمەيلا، جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش، سوۋېت بىلەن دوست بولۇش، مىللەتلەر باراۋەر بولۇش، پاك دىيانەتلىك بولۇش، تىنچلىقنى ساقلاش، شىنجاڭنى تەمىرە قىلىشتىن ئىبارەت «6 بۈيۈك سىياسەت» نى ئوتتۇرىغا قويدى. شۇنىڭدىن باشلاپ «12 - ئاپرېل» خاتىرە كۈنى ۋە باشقا چوڭ - كىچىك يىغىنلاردا شېڭ شىسەينىڭ چوڭايتىلغان سۈرىتى ئېسىلىپ، يىغىن قاتناشچىلىرى ئالدى بىلەن ئۇنىڭ سۈرىتىگە ئېھتىرام بىلدۈرگەندىن كېيىن، ئاندىن يىغىن باشلىنىدىغان بولدى. ئۇيغۇر، خەنزۇ مەدەنىيەت ئاقارتىش ئۇيۇشمىلىرى قۇرۇلدى. ئۇيغۇر ئۇيۇشما مۇسۇلمانلارنىڭ ھەر يىلى يوقسۇللارغا بېرىشى پەرھىز قىلىنغان ئۆشرە - زاكات (ئاشلىق ۋە ياغلىقداندىن 10 دىن بىرنى، كىچىك چارۋىدىن 10 دىن بىرنى) نى يىغىۋېلىپ، شەھەر، يېزىلاردىكى ئوقۇش يېشىدىكى بالىلارنى ئارقا - ئارقىدىن قۇرۇلۇۋاتقان مەكتەپ قوينىغا كىرگۈزۈپ، مائارىپ ئىشلىرىنى روناق تاپقۇزدى. تىلغا ئېلىشقا ئەرزىيدىغىنى شۇكى، شۇ مەزگىللەردە ھەر يىلى



«12 - ئاپرېل» بايرىمىدا پۈتۈن ناھىيە بويىچە بارلىق باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ ئوقۇتقۇچى ۋە ئوقۇغۇچىلىرى ناھىيىگە يىغىلىپ بايرام پائالىيەتلىرىگە قاتناشتۇرۇلاتتى، پۇقرالاردىنمۇ ھەممە جايدىن ۋەكىل ئەۋەتىلەتتى.

1940 - يىللىرى شېڭ شىسەي ھۆكۈمىتىنىڭ بۇيرۇقى بىلەن، ئۈرۈمچىدىن نىيەگىچە بولغان ئارىلىقتا چوڭ تاشيول ياساش دولقۇنى باشلىنىپ كەتتى. ناھىيىمىزدىمۇ ھەرقايسى يېزا - قىشلاقلارغا تاشيول ياساش ئالۋىنى سېلىنىپ، گۇما خەلقى قاغىلىق ناھىيىسىنىڭ چېگرىسىدىن باشلاپ قارىقاش ناھىيىسىنىڭ چېگرىسىگىچە بولغان ئۇزۇن مۇساپىلىق تاشيولنى 1948 - يىلغىچە ياساپ پۈتتۈرۈپ چىققان. ئۇنىڭدىن ئىلگىرى گۇمىدا تاشيول يوق ئىدى. باشقا جايلارغا قاتنايدىغان كارۋانلار، سودىگەرلەر ۋە يولۇچىلارنىڭ ھەممىسى خان يول (كونا ئەنئەنىۋى توپىلاڭ يول) — چولاقنىڭ سېيى ئارقىلىق قاتنايتتى. بۇ ۋاقىتلاردا شېڭ شىسەي سوۋېت ئىتتىپاقىغا تايىنىپ شىنجاڭنى مۇستەقىل باشقۇرۇپ كەلگەن بولسىمۇ، 1941 - يىلى گېتلېر گېرمانىيىسى سوۋېت ئىتتىپاقىغا تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلىپ موسكۋا دەرۋازىسىغا يېتىپ بارغاندا، شېڭ شىسەي قورقۇپ كېتىپ، دەرھال نەنجىڭ گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنىڭ قوينىغا ئۆزىنى ئاتتى. شۇندىن كېيىن، گومىنداڭ ئەمەلدارلىرى شىنجاڭغا ئارقا - ئارقىدىن كېلىشكە باشلىدى. نەتىجىدە، شىنجاڭدا گومىنداڭ پىرقىسى (ئۇ ۋاقىتتا پارتىيە دېگەن سۆزنى پىرقە دەپ ئاتايتتى) نىڭ ھەر دەرىجىلىك تەشكىلاتلىرى قۇرۇلۇشقا باشلىدى. 1943 - يىلى ئۈرۈمچىدىكى گومىنداڭنىڭ شىنجاڭ ئۆلكىلىك پىرقىسىدىن زىبىر مۆمىن، كەبىر ئەخمەت (ئاتۇشلۇق) دېگەن ئىككى ئادەم گومىنداڭنىڭ گۇما ناھىيىلىك پىرقىسىنىڭ خىزمىتىنى ئىشلەشكە كەلدى. شۇنىڭدىن ئىتىبارەن گۇمىدا گومىنداڭغا ئەزا قوبۇل قىلىش باشلىنىپ، 43 - 44 - يىللىرى تازا ئەۋجىگە

چىقتى. ئەزا قوبۇل قىلىش ئۇمۇملى غەلىتە بولۇپ، شەھەر ۋە يېزىلاردا يېڭىراق كىيىنىپ بازارغا بارغان كىشىلەرنى بەگ ۋە يۇز بېشىلار كۆرۈپ قالسىلا، ئۇ كىشىنى تۇيۇقسىزلا رايونلۇق ھۆكۈمەت ئىشخانىسىغا چاقىرتىپ، گەپ سورىماستىنلا ئالدى بىلەن ئانكىتىنى تولدۇرغۇزۇپ، چوڭ بارمىقىنى ئانكىتقا باستۇرۇپ بولۇپ ئاندىن: «سىز گومىنداڭ پىرقىسىگە ئەزا بولدىڭىز»، دەپ ئۇقتۇرۇپ قوياتتى. ئىدارىلەردىمۇ داۋاملىق مۇشۇنداق ئەھۋال بولۇپ تۇراتتى. بىر مەزگىلدىن كېيىن گومىنداڭ پىرقىسىدىن ئەزالىق كىنىشكىسىنى بىرەتتى. شۇنداق قىلىپ گومىنداڭ ئەزالىرى كۆپەيگەندىن كېيىن، يېزا، رايونلاردا رايونلۇق پىرقە؛ مەكتەپلەردە رايونلۇق تارماق پىرقە تەشكىلاتلىرى تەدرىجى قۇرۇلدى. 1944 - يىلى ئۈچ ۋىلايەت مىللىي ئىنقىلابى پارتلاپ، 1945 - يىلى ئۈچ ۋىلايەت مىللىي ئارمىيىسىنىڭ بىر بۆلەك قوشۇنى كاچۇڭ، كۆكيار تاغلىرى ئارقىلىق قاغىلىق ناھىيىسىگە تۇيۇقسىز كېلىپ، گومىنداڭنىڭ قاغىلىق ناھىيىسىدىكى ھەربىي ۋە ساقچىلىرىنى ئەجەللىك زەربىگە ئۇچراتتى، مەغلۇپ بولغان قوشۇنلار ئاتلىق گۇمىغا قېچىپ كەلدى. شۇنىڭ بىلەن گۇمىدا قاچ - قاچ بولۇپ (بىر تەرەپتىن سوقۇشتا مەغلۇپ بولۇپ قېچىپ كەلگەن ھەربىي قوشۇننىڭ مال - مۈلۈكنى بۇلاڭ - تالاڭ قىلىشى، يەنە بىر تەرەپتىن مىللىي ئارمىيە مۇبادا گۇمىغا كېلىپ قالسا باش كېتىپ قىلىشتىن قورقۇپ) ، گومىنداڭنىڭ گۇمىدىكى ساقچى ۋە مەمۇرىي خادىملىرى خىزمەتنى تاشلاپ، تارقىلىپ يېزا كەنتلەرگە يوشۇرۇنۇپ، مىللىي ئارمىيەنىڭ قاغىلىققا چۈشكەن قوشۇنىنىڭ كەتكەنلىك خەۋىرىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، ئاندىن ئۆز ئورنىغا قايتىپ خىزمىتىنى داۋاملاشتۇردى.

1945 - يىلى ناھىيىدە ھۆكۈمەت ۋە ساقچى ئىدارىلىرى مەسئۇل بولۇپ، تۇنجى قېتىم نوپۇس تىزىملاش، ئائىلە ئىشىك-



لىرىگە نومۇر تاختىسى قاداش ئىشلىرىنى ئېلىپ بېرىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، باۋجا سىستېمىسىنى تۇرغۇزۇش ۋە پۇقرالىق قەسەم ئېلىش ئىشلىرىنى ئېلىپ باردى. ئىدارە جەمئىيەتلەردىن كادىر ئاجرىتىپ، ناھىيە بويىچە ھەممە رايونلارغا خىزمەت گۇرۇپپىسى ئەۋەتىپ، تەشۋىق ۋەرەقچىسى (مەزمۇنى: كوممۇنىستلار كەلسە دىننى بۇزىدۇ، مەسچىت، خانىقالارنى چاقىدۇ، ناماز ئوقۇغىلى قويمايدۇ، ئاياللارغا ئىشتان كەيگۈزمەيدۇ، شۇڭا ئۇلار كېلىپ قالسا يول باشلىمايمىز، پۇلىنى خەجلىمەيمىز، ئۇلارغا ئاشلىق سېتىپ بەرمەيمىز، دېگەنگە ئوخشاش سۆز ئىبارىلەر ئىدى) نى ئالدى بىلەن رايونلارنىڭ باشلىقلىرىغا يەتكۈزگەن، ئاندىن رايون باشلىقلىرىنىڭ ھەمراھلىقىدا كەنتمۇ كەنت يۈرۈپ، پۇقرالارنى بىر جايغا يىغىپ، خىزمەت گۇرۇپپىسىنىڭ باشلىقى تەشۋىق ۋەرەقچىسىنى ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن، كەنت بويىچە ئائىلە ۋە ئائىلە ئەزالىرىنى جەدۋەلگە تىزىملاپ، 10 ئائىلىنى بىر جاقىلىپ، ئۇنىڭغا بىر جاجاڭ بېكىتىپ، 100 ئائىلىنى بىر باۋ قىلىپ، ئۇنىڭغا بىر باۋجاڭ بېكىتىپ، تىزىملانغان جەدۋەلگە (تەشۋىق ۋەرەقچىسىمۇ بىرگە) ھەر بىر ئادەم ئۆزىنىڭ قولىنى بېسىپ قەسەميات قىلغان.

1946 - يىلى ئۆرۈمچىدە گومىنداڭ ۋەكىللىرى بىلەن ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى ھۆكۈمىتى ۋەكىللىرى سۆھبەت ئۆتكۈزۈپ، 11 ماددىلىق تىنچلىق بىتىمى ئىمزالىدى.

بىتىمنىڭ روھىغا ئاساسەن، 1946 - يىلنىڭ كېيىنكى يېرىم يىلىدا، پۈتۈن شىنجاڭ بويىچە ئالتە ئاي تۈرلۈك باج سېلىق (غەللىلەردىن باشقا) ئېلىش توختىتىلدى. 1946 - يىل 3 - ئايدا گۇما ناھىيىلىك ھۆكۈمەتتە «غەللە - پاراق بۆلۈمى» كۆپەيتىپ تەسىس قىلىنىپ، ناھىيىلىك باج ئىدارىسىدىن لىيۇ شۇخەن (ئەينى ۋاقىتتىكى باج ئىدارىسىنىڭ باشلىقى) باشلىق 11 خىزمەتچىنى غەللە - پاراق بۆلۈمىگە يۆتكەپ، لىيۇ شۇخەن

بۆلۇم باشلىقى، قالغانلىرى بۆلۇم ئەزاسى بولدى. ناھىيىلىك باج
ئىدارىسىنىڭ قالغان خىزمەتچىلىرى ئائىلىسىگە قايتۇرۇۋېتىل-
دى.

1946 - يىلى كۈزدە خەلق قۇرۇلتايلىرى ئېچىلىپ، پۈتۈن
شىنجاڭ بويىچە ھاكىم، ۋالىي ۋە كېڭەش (سەنيىخۇي) باشلىق-
لىرىنى سايلاش پائالىيىتى ئېلىپ بېرىلدى. بۇ ۋاقىتتا ئۆلكە-
لىك ھۆكۈمەتتىن ھەر بىر ۋىلايەتكە بىردىن كىشىنى سايلامغا
نازارەت قىلىشقا ئەۋەتتى. خوتەن ۋىلايىتىگە مۇھەممەت ئىمىن
بۇغرا مەسئۇل بولۇپ كەلگەن بولۇپ، ئۇ ناھىيىمىزگە يېتىپ
كەلگەندىن كېيىن ئابدۇغىنى ئاخۇن داموللام، ئىسمائىل قارى
ھاجىم، ئابدۇللا داموللام (بۇلار ئازادلىقتىن كېيىن قازا قىلىپ
كەتكەن)، ئىمىن ئەخمىدى (ئەينى ۋاقىتتىكى گومىنداڭ مۇئا-
ۋىن ھاكىمى) قاتارلىق بىر تۈركۈم كىشىلەردىن تەركىب تاپقان
ناھىيىلىك سايلام ھەيئىتى قۇرۇپ، ئىدارە ئورۇنلاردىن ئادەم
ئاجرىتىلىپ تەشۋىقات گۇرۇپپىلىرى قۇرۇپ، رايونلارغا ئەۋەتىپ
تەشۋىق قىلىش ئارقىلىق ۋەكىل سايلاپ چىقىش نەتىجىسىدە،
ناھىيىمىز تارىخىدىكى تۇنجى «خەلق قۇرۇلتىيى» ئېچىلدى. بۇ
قۇرۇلتايدا ئىمىن ئەخمىدى ھاكىملىققا، مەمەت ھاجىم تېۋىپ
(كۆكتېرەكلىك، كېيىن چەت ئەلگە كەتكەن) مۇئاۋىن ھاكىم-
لىققا، ئابدۇغىنى ئاخۇن داموللام كېڭەشنىڭ (سەنيىخۇينىڭ)
باشلىقلىقىغا سايلاندى. سايلام ئاخىرلاشقاندىن كېيىن مۇھەممەت
ئىمىن بوغرا گۇمىدىن خوتەنگە كەتتى. لېكىن، ئەسلىدە ئۆلكە-
لىك ھۆكۈمەت تەيىنلەپ ئەۋەتكەن جاڭ يۇفىڭ (50 - يىلى
خوتەندە باستۇرۇلغان) ناھىيىلىك ھۆكۈمەتنىڭ تامغىسىنى يېڭى
سايلانغان ھاكىمغا ئۆتكۈزۈپ بەرمەي، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ
بۇيرۇقىنى كۈتۈپ خىزمىتىنى داۋاملاشتۇرۇپ تۇرغان. جاڭ
يۇفىڭ قوشۇمچە گومىنداڭ گۇما پىرقىسىنىڭ شۇجىجاڭى ئىدى.
كېيىن ناھىيىلىك ھۆكۈمەتنىڭ باش كاتىپلىقىغا يۆتكەلگەن غەللە



- پاراق بۆلۇم باشلىقى ليۇ شۇخەننى ناھىيىلىك پىرقىنىڭ شۇ-
جىجاڭلىقىغا يۆتكەپ، ئۆزى بولسا ھاكىملىقتا تۇرىۋەرگەن.

1947 - يىل 3 - ئايدا، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ ئەينى
ۋاقىتتىكى باشلىقلىرى خوتەنگە كېلىدىغان خەۋەر كەلگەندىن
كېيىن، ئەينى ۋاقىتتىكى ھاكىم جاڭ يۇفىڭ خوتەنگە ئاتلىنىپ
ماڭىدۇ. بىر نەچچە كۈندىن كېيىن ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ باش-
لىقلىرىدىن جاڭ جىجۇڭ، ئەخمەتجان قاسىمى، مەسئۇت، ئەيسا-
بەگ قاتارلىق كىشىلەر بىر قارا ماشىنىغا ئولتۇرۇپ گۇمىغا
كېلىپ، ئەينى ۋاقىتتىكى ناھىيىلىك ھۆكۈمەت (ھازىرقى گىلەم
كارخانىسىنىڭ ئورنىدا ئىدى) بىر كېچە قونۇپ، ئەتىسى ئەتىد-
گەندە خوتەنگە كېتىدۇ. بىر نەچچە كۈندىن كېيىن جاڭ يۇفىڭ
خوتەندىن گۇمىغا قايتىپ چىقىدۇ. ئۇزۇن ئۆتمەيلا، ئابدۇمىجىت
ئەلەم، ئىسمائىل چوماق، ئەخمەت بەگ ھاجى (ئىجارە كىمەي-
تىشتە موكۇيلىدا كۆرەشتە ئۆلدى)، ياڭ دەيچىڭ قاتارلىق 100
دىن ئارتۇق ئادەم سايلامغا نارازىلىق بىلدۈرۈش نامايىشى ئۆتكۈ-
زۈپ، ناھىيىلىك ھۆكۈمەت دەرۋازىسى ئالدىغا كەلگەندە «يوقال-
سۇن ئىمىن ئەخمىدى» دەپ شوئار توۋلىغاندىن كېيىن، ئىمىن
ئەخمىدى قورقۇپ كېتىپ شۇ كۈنىلا خىزمىتىنى تاشلاپ ئائىلى-
سىدىكىلەر بىلەن گۇمىدىن قېچىپ كەتكەن. بۇ نامايىشچىلار
كوچا ئايلىنىپ، شوئار توۋلاپ ئەنجان كوچىسىغا بارغاندا، سودى-
گەر قۇربان نىياز ئاخۇننى تۇتۇۋېلىپ: «بالاڭ مامۇت قۇربان نى-
يازنى تېپىپ بەر» (مامۇت قۇربان نىياز گۇما بازار شەنلى
مەكتەپتە ئوقۇتقۇچى ئىدى)، دەپ ئۇنى شۇ مەيداندىلا ئۇرۇپ
ئۆلتۈرۈۋەتكەنىدى. 1947 - يىلى يازدا ناھىيىدە سايلام ھەيئىتى
قايتا قۇرۇلۇپ، ۋەكىللەرنى يېڭىدىن سايلاپ چىقىپ، 2 -
قېتىملىق خەلق قۇرۇلتىيى ئېچىپ، ليۇشۇخەن (1977 - يىلى
خوتەندە ئۆلگەن) ھاكىملىققا، مامۇت مەخسۇم (تۈرمىدە ئۆلۈپ
كەتكەن) نى مۇئاۋىن ھاكىملىققا، ئابدۇمىجىت ئەلەمنى ناھىيى-
لىك كېڭەشنىڭ باشلىقىغا سايلانغان. گومىنداڭ گۇما پىرقىسى-

شۆجىجاڭ (مەتسدىق بەدەل) جاڭ دا نىڭ تەشكىلات كادىرى بولغان. ئىسمائىل چوماق ئۆزى ساۋاتسىز ئادەم بولسىمۇ، نامايىشتا باش كۆتۈرۈپ غەلىبە قىلغاندىن كېيىن، ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسىنىڭ رەئىسلىكىگە تەيىنلەنگەن. ئەخمەت بەگ ھاجى ساۋاتسىزلىقىنىڭ رەئىسلىكىگە تەيىنلەنگەن. ئەخمەت بەگ ھاجى ساۋاتسىز بولسىمۇ نامايىشتا خىزمەت كۆرسەتكەنلىكى ئۈچۈن، ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسىنىڭ تەپتىش ھەيئەت مۇدىرلىقىغا تەيىنلەنگەن. 1947 - يىلى ئىسمائىل قارى ھاجىم، ئابدۇغېنى ئاخۇن داموللام، ئابدۇرازاق مەستىلى قاتارلىق 40 دىن ئارتۇق ئادەمنى «ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابچىلىرى بىلەن ئالاقىسى» بار دەپ گۇمان قىلىپ، ئىلگىرى - كېيىن قولغا ئېلىپ، ناھىيىلىك ساقچىنىڭ تۈرمىسىگە قاماپ (بۇ ۋاقىتتا ناھىيىدە ئىككى تۈرمە بولۇپ، بىرسى ناھىيىلىك ھۆكۈمەت قارمىقىدىكى بوسا يامۇل دەپ ئاتىلاتتى، بۇنىڭغا جىنايى ئىشلار جىنايەتچىلىرىنى قامايتتى؛ يەنە بىرى ناھىيىلىك ساقچى تۈرمىسى بولۇپ، بۇنىڭغا سىياسىي جىنايەتچىلەرنى قامايتتى)، ھاكىم ليۇشۇخەن، چېگرا ساقلاش ئەترىتىنىڭ باشلىقى خې گۇشاڭ كېڭەش باشلىقى ئابدۇمىجىت ئەلەم، ساقچى ئىدارىسىنىڭ باشلىقى ئىلى بەگ قاتارلىقلاردىن تەركىب تاپقان سوت تەشكىللەپ، بۇ ئادەملەرنى تۈرلۈك قىيناش ۋاستىلىرىنى قوللىنىپ سوت قىلغان. سوتتا ئىقرار قىلمىغانلارنى قىيناپ ھاقارەتلەشتىن تاشقىرى، گاگزىغا بېسىپ قىيىن - قىستاققا ئالغان. ئەمەلىيەتتە بۇ ئادەملەر بىگۇناھ بولغانلىقتىن، يالغاندىن ئىقرار قىلغىلى ئۇنىماي يېرىم يىلدىن كېيىن ئاخىرى گەپ سۆزسىز تۈرمىدىن قويۇپ بېرىلدى.

بۇ مەزگىللەردە پۇل پاخاللىشىپ، مال باھاسى كۈندىن - كۈنگە ئۆرلەپ باردى. كىشىلەر بۈگۈن 10 سەرگە بىر نەرسە ساتقان بولسا، ئەتىسى 20 سەرگە چىقتى. مۇشۇنداق بولغانلىقتىن شەھەر ۋە يېزىلاردىكى سودا - سېتىق، ئېلىم - سېتىم ئىشلىرىنىڭ ھەممىسى دېگىدەك ئاشلىققا سودا قىلىنىدىغان بولدى. مەيلى ئۆي ۋاقى، يەر زېمىن، چارۋا مال سودىسى بولسۇن



ياكى گەزمال ۋە باشقا ماللار بولسۇن ھەممىسىنى ئاشلىققا سودىلىشاتتى. چۈنكى، مال باھاسى ئۆرلىسە، ئاشلىقنىڭ باھاسىمۇ ئۆرلەپ ماڭغانلىقتىن، كىشىلەر پۇلدىن خاتىرجەم بولالماي ساتىدىغان نەرسىنى ئاشلىققا ساتاتتى. ھۆكۈمەت خىزمەتچىلىرىنىڭ ئىش ھەققى ئاي ئاخىرىدا تارقىتىلاتتى. بىر خىزمەتچىنىڭ 1 ئايلىق ئىش ھەققى بىر نەچچە مىليون يۈەن (ساناپ بولماقمۇ تەس ئىدى) بولسىمۇ، ئەمما پۇلنىڭ ئاي بېشىدىكى قىممىتى ئاي ئاخىرىدا بىر نەچچە ھەسسە تۆۋەنلەپ كېتىپ، بىر خىزمەتچى ئاي ئاخىرىدا ئالغان بىر ئايلىق ئىش ھەققىگە بازاردا بىر ياكى ئىككى گىردە نان سېتىۋالالايتتى. ھۆكۈمەت خىزمەتچىلىرى ئايدا ھۆكۈمەتتىن بىر نوپۇسقا بىر دۇ (ئۈچ چارەك) بېرىلىدىغان بۇغدايدىن باشقا كىرىمى بولمىغانلىقتىن، تۈرلۈك يامان ئىشلارنى قىلىشقا مەجبۇر بولاتتى. شۇندىن باشلاپ جەمئىيەت تېخىمۇ چىرىكلىشىشكە قاراپ يۈزلەندى. مېھمان چاقىرىپ پارە بېرىش ۋە پارە ئېلىش، سوۋغا تەقدىم قىلىش ئادەتتىكى ئىش بولۇپ قالدى. مەسىلەن: ھۆكۈمەت خىزمەتچىلىرى ئارىسىدا مېھمان چاقىرىپ بەزمە قىلىش، ئەپيۇن، نەشە چېكىش، قىمار ئويناش، پارە ئېلىش، زىناخورلۇق قاتارلىق يامان ئىشلارنىڭ ھەممىسى بولۇپ تۇرغان بولسىمۇ، بۇنىڭ ھېچقانداق سۈرۈشتىسى بولمايتتى.

ھاكىم ليۇشۇخەن خەنزۇ ھەربىي ئەمەلدارلار بىلەن كېچىلىرى تاڭ يورۇغىچە ئۆز ئۆيىدە تاۋكا قوروپ، شىشخالدا قىمار ئوينايتتى. بىر قىسىم ئۇيغۇر ئەمەلدارلار ۋە خىزمەتچىلەر خەنزۇ ئەمەلدارلارنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرى بىلەن پەي قەغەزدە قىمار ئوينايتتى ۋە بەزىلىرى باشقا قىمارۋازلار بىلەن ھوشۇقتا قىمار ئوينايتتى.

جەمئىيەتتە يۇقىرىقىدەك ئىشلار بولغانلىقتىن، بەزى بايلارنىڭ ئەمەلدار بولغۇسى كەلسە ئەمەلدارلارغا پارە بېرىپلا ئەمەلدار بولالايتتى. مەسىلەن، باشلەنگەر يېزىسى ئۆيتوغراقلىق تۆنىياز

بەگ ئەسلى چولاقنىڭ لەڭگەچىسى بولۇپ، پۇل تاپقانلىقتىن پۇلغا ئەمەل سېتىۋېلىپ 1948 - يىلى پىشنا رايونىنىڭ مۇئاۋىن بەگلىك ۋەزىپىسىگە تەيىنلەنگەن. يەنە باشلەنگەرلىك رازىق شىيخى دېگەن كىشىمۇ مۇشۇ يول بىلەن پىشنىغا بەگ بولغان. موكۇيلىلىق مەمەت بەگ ياپىلاقمۇ مېھمان چاقىرىش يولى بىلەن مۇجىغا بەگ بولغانىدى.

1948 - يىلىنىڭ بېشىدا ناھىيىدىن دۆلەت خەلق قۇرۇلتىيىغا ۋەكىل نامزاتى سايلاش پائالىيىتى ئېلىپ بېرىلىپ، ھەر بىر يېزىغا ناھىيىدىن خىزمەت گۇرۇپپىسى ئەۋەتىپ تەشۋىق قىلىپ، ئاخىرىدا ناھىيىدە كېڭەش باشلىقى ۋە ھاكىملارنىڭ كۆرسىتىشى بىلەن ئەينى ۋاقىتتىكى مۇجى مەركىزى باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ مۇدىرى تۇنىياز چاۋار ناھىيىمىزنىڭ دۆلەت خەلق قۇرۇلتىيىغا قاتنىشىدىغان ۋەكىلى قىلىپ ئەۋەتىلدى. ئۇ قايتىپ كېلىشتە كېڭەش باشلىقى ۋە ھاكىملارغا سوۋغا ئېلىپ كەلگەنلىكتىن، مۇجى مەركىزي باشلانغۇچ مەكتىپىنىڭ مۇدىرلىقىدىن ناھىيىلىك مىن جاۋگەن (خەلق ئاقارتىش يۇرتى) نىڭ باشلىقىغا تەيىنلىنىپ، خىزمەت دەرىجىسى مۇئاۋىن ھاكىم دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلۈپ، ئالاھىدە ئەتىۋارلىنىپ ئىشلىتىلگەنىدى.

(ئاپتور: گۇما ناھىيىلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ ئەزاسى)

جاۋابكار مۇھەررىر: تۇرغۇن ئۆمەر



# ئۆتمۈشتىن خاتىرىلەر

## ھېمىت رەھىم

ئەسلىمە يېزىش بىزدە قەدىمدىن تارتىپ تارىخىي ئەسلىمىلەرنى يازغان بەزى ئەجدادلىرىمىزنى ھېسابقا ئالمىغاندا، ھەتتا ئائىلە تەزكىرىلىرىنى يېزىشمۇ ئوقۇمۇشلۇق ئايرىم شەخسلەرگە خاس ئىش بولۇپ كەلگەن. شۇڭا تارىخىي ۋەقەلەرنىڭ ئىشتىراكچىلىرى ياكى ۋەقەلەرنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن كىشىلەر ئارىمىزدىن غايىپ بولغاندىن كېيىنلا ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن، شۇ ۋەقەلەر باشقىچە تەسەۋۋۇر قىلىنىپ كەلدى ياكى كۆپچىلىك جامائەت ئۇ ۋەقەلەرنى ئاستا - ئاستا ئۇنتۇپ، ئەۋلادلىرىغا ئەينەن سۆزلەپ بېرەلمىدى. شۇ ۋەجىدىن قانچىلىك بىلسەك، شۇنچىلىك ئەينەن يېزىپ قويساڭ، بىر تارىخىي دەۋر ئۆتكەندىن كېيىن، سېنىڭ يازغانلىرىڭ قىممەتلىك گۇۋا ماتېرىيالى بولۇپ قالىدۇ، دېگەننى ھېس قىلىپ، ئۆز بېشىمدىن ئۆتكەن، بىلگەن ئىشلارنى يېزىپ قوياي دېگەن ئويغا كەلدىم. بىراق كۆڭۈلدىكىدەك يازالماسلىقىم تۇرغان گەپ، لېكىن يەنىلا يېزىپ چىقتىم. نامۇۋاپىق جايلىرى بولسا يولداشلارنىڭ تۈزىتىشى ۋە تولۇقلىشىنى سورايمەن.

1992 - يىل 2 - ئاينىڭ 11 - كۈنى

## 30 - يىللاردا . . .

30 - يىللارنى يۇرتىمىزدا ئاجايىپ مۇرەككەپ ۋەقەلەر بو-

لۇپ ئۆتكەن بىر تارىخىي دەۋر دېيىشكە بولىدۇ. شۇ چاغلار مېنىڭ بالىلىق چاغلىرىم بولۇپ، 1933 - يىلى چۆچەك شەھەرىدە بولۇپ ئۆتكەن ئىشلارنىڭ تەسىرى ھېلىمۇ يادىمدا. بولۇپمۇ بىزنىڭ ئائىلىمىز شۇ چاغدىكى قوزغىلاڭ ۋەقەلىرىگە بىۋاسىتە چېتىشلىق بولغاچقا، بەزى ئىشلارنى ئەينى چاغدا ئائىلىمىز بىلەن بىللە باشتىن كەچۈرۈشكە توغرا كەلگەن.

1933 - يىلى چۆچەكتە سودىگەر ھاشىم شائىزۇڭ، ئابلىكىم ئاخۇنلار قوزغىغان قوزغىلاڭ ئەنە شۇنىڭ جۈملىسىدۇر. ئۇرۇش مەزگىلىدە ئائىلىمىزنىڭ ھېلى ئۇنداق، ھېلى مۇنداق كىشىلەر تەرىپىدىن ۋەيران قىلىنىۋېتىلىشى مەندە ئاجايىپ قورقۇنۇشلۇق تەسىرات قالدۇرغانىدى. كېيىن بۇ ۋەقەلەرنى 1969 - يىلى ئالتايدىكى تاغام ئابدۇكېرىم تاشبايوۋ تەپسىلىي سۆزلەپ بەردى.

تەخمىنەن 1920 - يىلى دادام ئابدۇرېھىم ئاكىسى ئابلىكىم ۋە ئىنىسى ئابدۇقېيۇملار بىلەن بىرلىكتە كوچا ناھىيىسىدىن چۆچەككە چىقىپ سودىگەرچىلىك بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. ئۇلاردىن ئابلىكىم ھەممىدىن ئاۋۋال 20 - يىللاردا ھازىرقى قازاقىستاننىڭ شەمەي (سىمىپلاتىنسكى) دېگەن شەھىرىگە كېيىن قازان ۋە موسكۋا ئەتراپلىرىغا بېرىپ تىجارەت قىلىدۇ. شۇڭا ياۋروپا مەدەنىيىتىنىڭ تەسىرىگە ئۇچراپ ئىدىيىسىدە ئۆزگىرىش ھاسىل قىلىدۇ. قازاندا تۇرغان مەزگىلىدە تاتارچە بېسىلغان ئابدۇللا توقاينىڭ شېئىرلىرىنى يېنىدىن ئايرىماي ئوقۇيدۇ. ئۆزىمۇ بەزى شېئىرلارنى يېزىپ باقىدۇ (بۇنداق كىتابلار ياكى قولىيازمىلار 40 - يىللارغىچە ئائىلىمىزدە ساقلانغانىدى. كېيىن يېپىلمىدى. ئەينى ۋاقىتتا قول يازمىلارنى كۆرگەن كىشىلەر ھازىرمۇ ھايات). مەدەنىيەتلىك تۇرمۇشقا قىزىققان تاغىمىز شۇ يەردە نەسىمە ئىسىملىك بىر نوغاي قىزىغا ئۆيلىنىپ، چۆچەككە قايتىپ كېلىدۇ. ئۇ ھەمىشە ئۆز مىللىتىنىڭ نادانلىق - جاھالەت ئىچىدە



تۇرۇۋاتقانلىقىدىن قاتتىق ئېچىنىپ، يۇرتىدىكى دوست ئاغىنىلىرىغا خەت يازىدۇ ۋە مىللەتنى نادانلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن بىر يول تېپىشنى ئويلايدۇ. كوچادا 20 - 30 - يىللاردا ئۆتكەن مەرىپەتپەرۋەر زات ئابلىمىت مەخسۇم قاتارلىق كىشىلەر بىلەن دائىم ئالاقىلىشىپ يېڭىچە مەكتەپ ئېچىشنى تەشەببۇس قىلىدۇ (بۇ ئىشلارنى مەخسۇمنىڭ تۇغقانلىرى سۆزلەپ بەرگەن، مەخسۇم شېڭ شىسەينىڭ تۈرمىسىدە كۆپ يىللار ئازاب تارتىپ تۈرمىدىن چىقىپلا ئۆلۈپ كەتكەن). كوچادىكى كىچىك دادىسى ھېلىم ھاجىم دېگەن كىشىمۇ تەسىرلىنىپ، ھامۇت ھاجىم قاتارلىق ئىلغار زاتلارنىڭ يېڭىچە مەكتەپ ئېچىش تەشەببۇسلىرىنى قوللايدۇ ۋە جاھىل، خۇراپات باي- ئاخۇنلارنىڭ يېڭىلىققا قارشى پائالىيەتلىرىنى ئەيىبلەيدۇ ھەم ئۇلار بىلەن يۈزمۇ - يۈز تاكاللىشىدۇ. بىراق، ئەينى ۋاقىتتىكى ئىستىبدات ھاكىمىيەت مەدەنىيەتسىزلىكنى، دىنىي - خۇراپاتنى قوللىغانلىقتىن، ئابلىكىم ئاخۇنلارنىڭ تىرىشچانلىقى كۆڭۈلدىكىدەك نەتىجىگە ئېرىشەلمەيدۇ. شۇڭا ئۇ باشقىچە يول تۇتىدۇ. ئىنقىلاب - توغرا يول دېگەن ئويغا كېلىدۇ. ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تەرەققىيات ئىنقىلابنىڭ نەتىجىسى ئىكەنلىكىگە ئىشىنىدۇ. شۇڭا ئابلىكىم ئاخۇن 1930 - يىلدىن باشلاپ، قوراللىق قوزغىلاڭ كۆتۈرۈش ئارقىلىق زالىم ھاكىمىيەتنى ئاغدۇرۇش يولىغا ماڭىدۇ. ئۇ شۇ يىللىرى شەمەيدىن قايتىپ كېلىپلا قورال - ياراق يىغىشقا كىرىشىدۇ. چۆچەكتە ھاكىمىيەت بېشىدا تۇرغان شىتەي ۋە باشقىلارغا بىلىندۈرمەي چېرىك (ئەسكەر) ۋە كىچىك ئوفىتسېرلارنى پۇلغا قىزىقتۇرۇپ، ئۇلاردىن مىلتىق ۋە ئوق سېتىۋالىدۇ. تاغام ئابدۇكېرىم مۇشۇ ھەقتە توختىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «بىز ئابلىكىم ئاخۇننىڭ يىققان ئوق ۋە مىلتىقلىرىنى ئىككى قازاق كىشى بىلەن بىرلىكتە چۆچەكنىڭ شىمالىدىكى تارباغاتاي تېغىنىڭ باشقىلار ئوڭايلىقچە تاپالمايدىغان بىر ئۆڭكۈرىگە تىقىپ تاكى 1933 - يىلى «تۇنگان

يىغىلىقى، بولغانغا قەدەر ساقلىنىدۇق».

دېمەك مۇشۇ سەۋەبلەر بىلەن ئابلىكىم ئاخۇننىڭ شەخسىي مۈلكى كۆپ خوراپ كېتىدۇ. شۇڭا ئەينى ۋاقىتتا سوۋېت ئىتتىپاقىغا توختام بويىچە ئۆتكۈزىدىغان تېرىك ماللىرىنى كېچىكتۈرىدۇ، ھەمدە تەخمىنەن 10 مىڭ تۇياق قويغا قەرزدار بولۇپ قالىدۇ. بۇ قەرزلەرنى دادام 1938 - يىلى چۆچەكتىكى يەر زېمىنلىرىنى سېتىپ قايتۇرغان.

1931 - يىلىغا كەلگەندە، قۇمۇلدا خوجانىياز ھاجىمنىڭ قوزغىلىڭى پارتلايدۇ. جيۇچۈەن دېگەن يەردىن چىققان ماجۇڭيىڭنىڭ قوشۇنلىرى خوجانىياز ھاجىغا ياردەم بېرىمىز، دېگەن بانا بىلەن قۇمۇل تەۋەسىگە كىرىدۇ. بۇ قېتىمقى دېھقانلار قوزغىلىڭى پۈتۈن شىنجاڭ دائىرىسىگە كېڭىيىدۇ. 1933 - يىل 9 - ئايلاردا ماجۇڭيىڭنىڭ بىر قىسىم ئەسكەرلىرى ماخېيىڭ دېگەن كوماندىرنىڭ باشچىلىقىدا چۆچەككە كېلىدۇ. بۇ دەل ئابلىكىم ئاخۇنلار كۆتۈرۈلۈشكە تەييارلىنىۋاتقان پەيت ئىدى. «ئىسلام ئېچىش» بايرىقىنى كۆتۈرۈۋالغان ماجۇڭيىڭ ئەسكەرلىرى مۇسۇلمانلارنى، بولۇپمۇ خۇيزۇلارنى ئۆزىگە جەلپ قىلىپ ئەسكەرلىرىنى كۆپەيتىدۇ. ئۇلار چۆچەككە يېتىپ بېرىشى بىلەن ئابلىكىم ئاخۇن ھاشىم شىياڭزۇڭلارنىڭ قوزغىلىڭى پارتلاپ، بىر نەچچە يۈز كىشىلىك قوشۇن بىلەن چۆچەك سېپىلىنى قورشىۋالىدۇ. سېپىل دەرۋازىسىغا ئوت قويۇپ، سېپىل ئىچىدىكى جىڭ شۇرېننىڭ ئەمەلدارلىرىنى ساراسىمىغا چۈشۈرۈپ قويىدۇ. مۇشۇ ۋاقىتتا ئۈرۈمچىدە ھاكىمىيەتنى قولغا ئالغان شېڭ شىسەي سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ياردىمىگە ئىگە بولىدۇ. خوجانىياز ھاجىمۇ شېڭ بىلەن بىرلىشىدۇ. ۋەزىيەتتە چوڭ بۇرۇلۇش بولىدۇ. شېڭ شىسەي ئۈرۈمچىدىكى سوۋېت ھاكىمىيىتى دەۋرىدە قېچىپ چىققان چار پادىشاھقا سادىق ئاق ئورۇسلارنى چۆچەككە ماخېيىڭ قوشۇنلىرى ۋە يەرلىك قوزغىلاڭچىلارنى باستۇرۇشقا ئەۋەتىدۇ.



رۇس ئەسكەرلىرى ماشىنىلار بىلەن چۆچەككە يېتىپ بېرىپ، شۇ كۈنىلا قوزغىلاڭچىلار بىلەن تۇتۇشۇپ قالىدۇ. رۇس ئەسكەرلىرىنى كۆرگەن ماخېيىڭنىڭ تەشكىللىك قوشۇنى ئۇرۇشتىن ۋاز كېچىپ، باشقا يول بىلەن شىخو تەرەپكە قاچىدۇ. يەرلىك قوزغىلاڭچىلار رۇسلار بىلەن ئۇرۇشۇپ كۆرگەن بولسىمۇ، بەرداشلىق بېرەلمەيدۇ.

تاغام ئابدۇكېرىم ئەسلەپ مۇنداق دەيدۇ: «بىز رۇس ئەسكەرلىرىنىڭ كېلىۋاتقان يولىغا قاراپ يوشۇرۇنۇپ ياتتۇق. لېكىن بىزنىڭ قورال يارىقىمىز ئاز ئىدى. رۇس ئەسكەرلىرى ماشىنىلاردىن سەكرەپ چۈشۈپلا سەپ بولۇپ بىز تەرەپكە قاراپ ھوجۇمغا ئۆتتى. بىز بىر نەچچە سائەت ئېتىشىپ ياتتۇق، ئاخىر ئاۋۋال ماخېيىڭ ئەسكەرلىرى ئۆزلىرىنى دالدىغا ئېلىپ پىتىراشقا باشلىدى. ئوت كۈچى دەھشەتلىك بولدى. رۇسلارنىڭ ياردەمچى قوشۇنى بار، دەپ ئويلىدۇق. ئاخىر بىزمۇ تەرەپ - تەرەپكە پىتىراپ كەتتۇق. ھاشىم شاڭزۇڭ، ئابلىكىم، ئابدۇقېيۇم ئاكا - ئۇكىلار ۋە باشقا قوزغىلاڭغا باش بولغانلار قوبۇقسار ئارقىلىق جىمىنەي تەرەپكە قاراپ يول ئالدۇق. چۈنكى ئالتايدا ماجۇڭيىڭنىڭ قوشۇنى بار ئىدى».

ئۇرۇش بولغان كۈنى بىزنىڭ چۆچەك شەھىرى يېڭى مەھەللىدىكى ئۆيىمىزگە رۇس ئەسكەرلىرى، خۋاڭخۇزا (سېرىق ساقاللىقلار) دەيدىغان خەنزۇ ئەسكەرلەر كەينى - كەينىدىن كىرىپ ساندۇقلارنى ئاقتۇرغانلىقى ھىلىمۇ كۆز ئالدىمدا تۇرىدۇ.

رۇس ئەسكەرلەر قوزغىلاڭنى باستۇرغان ۋە ماخېيىڭنىڭ ئەسكەرلىرىنى قوغلىۋەتكەندىن كېيىن، قوزغىلاڭنى قوللىغان، ياردەم بەرگەن كىشىلەرنى رەھىمسىزلىك بىلەن ئۆلتۈردى. كېيىن بىلىشىمچە، بىزنىڭ مەھەللىدىكى ھەسەنباي (پالتابايوف)، روزەمباي، ئەنسەر باي دېگەن بىگۇناھ كىشىلەرنى «توپىلاڭنى قوللىغان»، دېگەن بانا بىلەن ئۆلتۈرۈۋەتكەن. يەنە بىزنىڭ مە-

ھەللىدىكى مەشھۇر دىنى زات ئابلىز داموللامنىمۇ شۇلار ئۆلتۈ-
رۈۋەتكەن. تاغام ئابدۇكېرىمنىڭ ئېيتىشىچە، ھاشىم شائىزۇڭ
ۋە ئابلىكىم ئاخۇن، ئابدۇقېيۇم ئاكا ـ ئۇكىلار ۋە ئۇلار بىلەن
بىرلىكتە قاچقان ماجۇڭيىڭ ئەسكەرلىرى (ئۇلارنىڭ باشلىقى
يەرلىك مالۇ، ماچىڭ دېگەن كىشىلەر بولۇپ، ماخېيىڭ قوشۇنىغا
ماناستا پىدائى بولۇپ قوشۇلغانىكەن) ئالتاينىڭ ساۋۇر دېگەن
تېغىدىكى سىلىم باقى دېگەننىڭ يايلىقىغا بارىدۇ، سىلىم باقى
دېگەن كىشىمۇ ئۇلارغا ھېسداش بولۇپ، شېڭ شىسەيگە قارشى
ئىكەن. ئۇلار ئۇ يەردە كۆچ توپلاپ (ئاساسەن قازاق چارۋىچىلار-
نى توپلاپ) ئالتايدىكى ماجۇڭيىڭ قوشۇنلىرى بىلەن بىرلىشىپ
شېڭ شىسەيگە داۋاملىق قارشى تۇرماقچى بولىدۇ. بىراق سوۋېت
ئىتتىپاقى چۆچەكنىڭ بەختى دېگەن ئېغىزىدىن ئۇرغۇن مۇنتىزىم
ئەسكەرلىرىنى جۇڭگو ھەربىيلىرىنىڭ كىيىمىنى كىيگۈزۈپ،
شېڭ شىسەيگە ياردەمگە ئەۋەتىپ ماجۇڭيىڭ ئەسكەرلىرىنى ۋە
قوزغىلاڭ كۆتۈرگەن يەرلىك خەلقنى تىنچلاندۇرماقچى بولىدۇ.
شۇ ۋەجىدىن ماجۇڭيىڭنىڭ ئالتايدىكى ۋە چۆچەكتىن قايتقان
ئەسكەرلىرى بىراقلا جەنۇبىي شىنجاڭ تەرەپكە چېكىنىشكە مەج-
بۇر بولىدۇ. ئەمدىلا ھاكىمىيەت بېشىغا چىققان شېڭ شىسەي
يەرلىك خەلق بىلەن قانلىق جەڭ قىلىشقا پېتىنالماي، سىياسىي
كۆرەشكە، يەنى ئالداپ تۈگىتىشكە كىرىشىدۇ. ئەينى ۋاقىتتا
ئۈرۈمچىدىن ئالتاي تەرەپكە «تىنچلىق ئەلچىلىرى»نى ئەۋەتىدۇ.
خەلققە يالغان ۋەدە بېرىپ، بەزى چاپارمەنلەرنى قازاق خەلقى
ئىچىگە ۋە قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ پىتىراپ كەتكەن، ئۇيۇشۇش ئېھ-
تىمالى بولغان كىشىلەر ئارىسىغا ئەۋەتىپ، مەيلى كىم بولسۇن
قورال ـ ياراقلىرىنى تاشلاپ ـ ئەل بولسا، ئەسلا سۈرۈشتۈرمەي-
دىغانلىقىنى ئېيتىدۇ. تاغام ئابدۇكېرىم ئەسلەپ مۇنداق دەيدۇ:
«ئابلىكىم ئاخۇنلار تاغدىكى ۋاقىتتا بۇرھان شەھىدى شېڭ شى-
سەينىڭ ئەلچىسى سۈپىتىدە ئالتاي تەرەپكە كېلىپ، «يېڭى ھۆ-



كۈمەت» نىڭ سىياسىتىنى تەشۋىق قىلغان. ئالتايلىق مۇنەۋۋەر
باي قاتارلىق كىشىلەرنى ئابلىكىم ئاخۇن، ھاشىم شائىزۇڭلارنىڭ
يېنىغا ئەۋەتىپ، قورالنى تاپشۇرۇپ تەسلىم بولسىلا ھايات يولى
بېرىمىز. ئۆيلىرىگە قايتىشقا رۇخسەت قىلىمىز، شېڭ شىسەي
بۇنىڭدىن كېيىن ھېچنېمىنى سۈرۈشتۈرمەيدۇ، دەپ ۋەدە بەر-
گەن. بۇ گەپ بىلەن ھاشىم شائىزۇڭ ۋە ئۇنىڭ ئۆمەر ئاخۇن
دېگەن ھەمراھلىرى تەسلىم بولۇپ ئالتايغا كەتكەن، ئابلىكىم ئا-
خۇن شېڭ شىسەيگە ئىشەنگىلى بولمايدۇ. مەن تەسلىم بولماي-
مەن، دەپ ئىنىسى ۋە بىر نەچچە خۇيزۇ ئەسكەرلىرىگە باش
بولۇپ كېلىۋاتقان ماچىڭ، مالۇ دېگەنلەر بىلەن بىرلىكتە چىڭ-
گىل ئارقىلىق چىڭخەي تەرەپكە ئۆتۈپ، ئاندىن چەت ئەلگە چى-
قىپ كەتمەكچى بولغان. شۇڭا شەرقىي ساۋۇر تېغىغا قاراپ يول
ئالغان. ئابلىكىم ئاخۇن ئاكا ـ ئۇكىلار ساددا ـ ئاقكۆڭۈل،
سەمىمىي ئادەملەر بولغانلىقى ئۈچۈن، ماچىڭ دېگەن ئەبلەخلەر-
نىڭ قۇرئان تۇتۇپ بەرگەن ۋەدىسىگە ئىشىنىپ، ئۇلار بىلەن
بىرلىكتە سەپەرگە چىققان. سەپەرداشلار بىر ـ ئىككى كۈن
بىرلىكتە ماڭغاندىن كېيىن، چىڭگىلگە يېقىن بەيتىك تېغىغا
يېتىپ بارغاندا، كېچىسى ماچىڭ، مالۇلار ئۆز ئەسكەرلىرى
بىلەن مەسلىھەتلىشىپ، ئۇيقۇلۇقتا ياتقان ئابلىكىم ئاكا ـ ئۇكى-
لارغا تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلىپ، ئۇلارنى ئېتىپ تاشلىغاندىن
كېيىن، ئۇلارنىڭ نەرسە ـ كېرەكلىرىنى، ئوق ـ دورىلىرىنى
بۇلاپ چىڭخەي تەرەپكە تىكىۋەتكەن. ماچىڭلارغا ئالدىنىپ قالغان
بۇ مەرھۇملارنىڭ جەسىتى شۇ يەردە قالغان. كېيىن شۇ يەردىكى
قازاق قېرىنداشلار ئۇلارنىڭ جەسىتىنى خالىس دەپنە قىلىپ
قويغان. كېيىن بۇ قەۋرىلەرنى ئىزدەپ تاپالمىدۇق. بۇ كۈندىكى
ۋەقە كېچىسى يۈز بەرگەچكە، ئابلىكىم ئاخۇننىڭ بىر مۇھاپىزەت-
چىسى (جىمىنەيلىك قازاق كىشى) خۇيزۇ ئەسكەرلەر بۇلاڭ ـ
تالاڭغا چۈشۈپ كەتكەندە ئاستا قېچىپ كەتكەن. مېنىڭ يادىمدا

قىلىشچە، ئەتىسى ئۇ مۇھاپىزەتچى جىمىنەيگە كېلىپ، دادامغا ھەممە ئەھۋالنى يىغلاپ تۇرۇپ ئېيتقانىدى».

شۇنداق قىلىپ، شېڭ شىسەي ئەلچىلىرىنىڭ نەسىھەتلىرىگە پىسەنت قىلماي، ئۆز يولىنى تاللىۋالغان بۇ تاغىلىرىمىنىڭ ھاياتى ئەنە شۇنداق ئاخىرلاشتى. ھالبۇكى، شېڭغا تەسلىم بولغان ھاشىم شاكىزۇلىڭ باشلىق بىر تۈركۈم ئۇيغۇر، قازاق ئاقساقاللىرىنىڭ، ھەتتا بۇرھان، شەرىپقان قاتارلىق ئەرباپلارنىڭ ھالىمۇ كېيىن ياخشى بولمىدى. ئەينى زاماندا شىنجاڭغا ئىككى قېتىم چىقىپ نۇرغۇن پاراكەندىچىلىك پەيدا قىلغان ماجۇڭيىڭ ھەر ھالدا قورال تاشلاپ شېڭ شىسەيگە تەسلىم بولۇشنىڭ ئاقىۋىتىنى ئالدىن مۆلچەرلىيەلىگەن. ئۇ شۇ چاغدا ئالتاينىڭ ۋەزىيىتىنى تىزگىنلەپ تۇرغان قازاق ئاقساقاللىرىغا يازغان خېتىدە، شېڭنىڭ ئەۋەتكەن ئەلچىلىرىگە ئالدىنىشقا بولمايدىغانلىقىنى، شېڭ شىسەي قانداق قىلىپ بولمىسۇن ئۆزىگە قارشى چىققان ئادەملەردىن ئىنتىقام ئالىدىغانلىقىنى ئېيتقان (بۇ خەت بۇرھاننىڭ ئەسلىمىسىدە بار). دېگەندەك بۇرھاننىڭ نەسىھىتى بويىچە قورال تاشلاپ تەسلىم بولغان ھاشىم شاكىزۇلىڭ قاتارلىقلار بىر مەزگىل خاتىرجەم ئۆز ئىشى بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. بەزىلىرى ئۇششاق ئەمەلدارلاردىن بولۇپ قالىدۇ. شېڭ شىسەي ئۆز ھاكىمىيىتىنى مۇستەھكەملىۋالغان، بولۇپمۇ «ئالتە سىياسەت» نى يولغا قويۇپ، كىشىلەر رايىنى ئازراق بولسىمۇ ئۆزىگە قارىتىۋالغاندىن كېيىن، بۇ كىشىلەرنى بىر - بىردىن قولغا ئېلىپ يوقاتتى. ھەتتا ئۆزىگە قوشۇلۇپ، ماجۇڭيىڭلارغا قارشى كۆرەش قىلغان «مۇئاۋىن رەئىس» لىككە ئولتۇرغان خوجانىياز ھاجىنى، شەرىپقان، بۇرھانلارنى قولغا ئالدى، بەزىلىرىنى يوقاتتى.

دېمەك، 30 - يىللاردا چۆچەكتە يۈز بەرگەن قوزغىلاڭ ۋەقەلىرى ئېچىنىشلىق ئاقىۋەتلەر بىلەن ئاخىرلاشتى. بىراق بىر ئەۋلاد كىشىلەر شۇ يىللاردىكى كۆرەشلەرنىڭ ئېچىنىشلىق ساۋاق-



لىرىنى ئۆز ئەۋلادلىرىغا سۆزلەپ بېرەلمەي ئارمىزدىن غايىب بولدى. بۇنى شاھىد بولۇش سۈپىتىمىز بىلەن ئەمدى سۆزلەۋاتىمىز.

## مەن 4 - تۈرمىدە

مەن شېڭ شىسەينىڭ ئۈرۈمچىدىكى بىر نەچچە تۈرمىسىنى بىلەتتىم. چۈنكى، دادام ئابدۇرېھىم 1938 - يىلى كۈز كۈنلىرىدىن باشلاپ تۈرمىدە بولغاچقا، ئۇنىڭ قايسى تۈرمىدە ئىكەنلىكىنى بىلەلمەي، ھەممە تۈرمىلەرگە بېرىپ سۈرۈشتە قىلىپ كۆرگەنىدىم، ئۈرۈمچى شەھىرى بويىچە 2 - تۈرمە (ھازىرقى ئۈرۈمچى تىيانشان رايونلۇق جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسى) ۋە 4 - تۈرمە (ھازىرقى «1 - ئاۋغۇست» سودا سارىيىنىڭ ئارقىسى ۋە شىمالىي تەرىپىدە) ئاممىغا ئايان بولغان مەشھۇر تۈرمىلەر ئىدى

يەنە كاتولىك چىركاۋسى (ئۈرۈمچى ھاكچى دەرۋازىسىغا يېقىن جايدا بولۇپ، كۈندە نەچچە قېتىم داڭ ئۇراتتى. بىراق كىشىلەر كىرمەيتتى. پوپلار ئۇششاق بالىلارغا كەمپۈت قاتارلىق ئۇششاق - چۈششەك نەرسىلەرنى بېرىپ قوياتتى) مۇ بىر تۈرمە ئىدى. «شىخابا» دىكى ھۆكۈمەت مۇنچىسىنىڭ يېنىدىكى بۇرۇنقى سوپۇن زاۋۇتىمۇ گۇناھكارلار بولۇپ، ئۇمۇ قايسىبىر تۈرمىگە قارايتتى. مۇشۇنداق چوڭ كىچىك تۈرمىلەرنىڭ دەرۋازىسىغا تالاي قېتىم بېرىپ، دوقۇرۇپ ياكى مۇشۇ جايلاردا ئويناپ دادامنى كۆرۈپ قالارمەنمىكىن، دەپ خىيال قىلاتتىم. بىراق كۆرەلمىگەنىدىم. قانداقتۇر ئويلىمىغان يەردىن 1944 - يىلى كەچكۈزدە ئۆزۈم 4 - تۈرمىگە كىرىپ قالدىم. بۇ يىللىرى 2 - دۇنيا ئۇرۇشىدا سوۋېت ئىتتىپاقى غەلىبە قىلىۋاتقان، نېمىسلار ھە دەپ چېكىنىۋاتقان ۋاقىت ئىدى. بۇنداق پەيتتە دۇنيادا

مىللىي ئازادلىق كۈرەشلىرىنىڭ ئەۋج ئېلىشى تەبىئىي ئىدى
(بىزنىڭ شىنجاڭدىمۇ ئىنقىلاب ئۇچقۇنلىرى كۆرۈنۈشكە باشلىغا-
نىدى) . شىنجاڭغا يېڭى كەلگەن ھۆكۈمران ۋۇجۇڭشىن گومىن-
داڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ ۋەكىلى بولۇپ، خۇددى شېڭ شىسەي-
نىڭ خاتالىقلىرىنى تۈزۈتىۋاتقان كىشىدەك قىياپەتكە كىرىۋې-
لىپ، بىر تەرەپتىن تۈرمىدىكى بەزى «گۇناھكار» لارنى قويۇۋې-
تىپ، ھەتتا بەزىلىرىگە خىزمەت، مەنسەپ بېرىپ جايلاغا يولغا
سېلىپ، ئۆزىنىڭ ئادىل پادىشاھ ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىشكە ئۇ-
رۇنسا، يەنە بىر تەرەپتىن ئازادلىققا ئىنتىلگەن كىشىلەرنى قولغا
ئېلىپ، يېڭى ئىنقىلاب ئۇچقۇنلىرىنىڭ لاۋۇلداپ دەھشەتلىك
ئوتقا ئايلىنىپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئالماقچى بولۇۋاتاتتى. شۇ
يىلى 8 - ئايدا نىلقا ناھىيىسىدە غىنى، ئەكبەر، فاتىخ قاتارلىق-
لارنىڭ باشچىلىقىدا گومىنداڭغا قارشى قوراللىق قوزغىلاڭ كۆ-
تۈرۈلدى. مېنىڭ تۈرمىگە كىرگەن ۋاقتىم دەل مۇشۇ ۋاقىت
ئىدى.

مەن بۇ كۈنلەردە دادامدىن قالغان كىچىك دۇكاندا (ئۈرۈم-
چى سەنشىخاڭزىدا) تىجارەت قىلىۋاتاتتىم. بىر كۈنى كەچقۇرۇن
تويۇقسىز ئىككى ساقچى كېلىپ: «دۇكىنىڭىزنى تاقاڭ - دە بىز
بىلەن مېڭىڭ» ، دېدى. مەن ھودۇقۇپ ھەر ھالدا ئىشنىڭ يامان
تەرىپىنى كۆپرەك ئويلاپ، يۇۋاشلىق بىلەن كوچىغا چىقىپ:
«قايسى تەرەپكە ماڭىمىز؟» دەپ سورىدىم. ئىككى ساقچى شەھەر
ئىچى تەرەپنى كۆرسىتىپ، بىرسى ئالدىمدا بىرسى كەينىمدە
ماڭدى. شەھەر ئىچىدىكى ئۈرۈمچى شەھەرلىك ساقچىنىڭ كى-
چىك ئەگمە دەرۋازىسىدىن كىرىپ كېتىۋاتقان چېغىمدىلا، ئۆ-
زۈمنىڭ بىر سىياسىي جىنايەتچىگە ئايلىنىپ قالغانلىقىمنى ھېس
قىلدىم. قاراڭغۇ چۈشكەندە بىر سوغۇق ئۆيدە ھېلىقى ساقچىلار-
دىن بىرسى مېنى كۆزىتىپ يېنىمدا ئولتۇردى. مەنمۇ توڭلاپ
كېتىۋاتقان پۇتۇمنى يەرگە ئۇرۇپ قويۇپ، سوراقنى تاقەتسىزلىك



بىلەن كۈتۈپ ئولتۇردۇم. بىر ھازادىن كېيىن ئىچكىرىكى ئۆي-
دىن بىر ساقچى چىقىپ ئىسمىمنى چاقىرىپ، مېنى بىر ئۆيگە
ئەكىرىپ قويدى. بۇ ئۆي ئىسسىق بولغاچقا، ئولتۇرۇۋېرىپ
ئاستا - ئاستا ئۇخلاپ قالدىم. كېيىن چۆچۈپ ئويغىنىپ قارا
كىيىملىك ساقچى ئوفىتسېرىنىڭ غەزەپلىك كۆزلىرىنىڭ ماڭا
تىكىلىۋاتقانلىقىنى بايقىدىم. بىر ئاتكىتقا قول قويغاندىن كېيىن
مېنى ئۈچ ساقچى يالاپ ماڭدى. مېڭىۋاتقان يولىمىزدىن ئۆزۈم-
نىڭ 4 - تۈرمىگە كېتىۋاتقانلىقىمنى بىلىپ بولدۇم. «مەن نېمە
خاتالىق ئۆتكۈزگەندىمەن» ، دېگەن ئويغا ھېچقانداق لايىق جاۋاب
تاپالمىدىم، ئاخىر 4 - تۈرمىنىڭ ئىچىگە كىرىپ، بىر ئاددىي
تىزىملاش ئورنىدا ئۆزۈمنى يەنە تىزىملىتىپ، ھېلىقى ساقچىلار
ئېلىپ كەلگەن «دېلو» بىلەن شۇ ئۆيدە قالدىم. ئەمدى مېنى
باشقا ئادەملەر يەنە ئېلىپ ماڭدى. «ئەمدى تۈرمىگە كىرىمەن»
، دەپ ئويلىدىم. دېگەندەك ئىچكىرىكى ئۆيلەرنىڭ بىرسىنىڭ
تۆمۈر زەنجىرلىك ئىشىكى ئېچىلىپ، قاراڭغۇ ئۆينىڭ ئىچىگە
ئىتتىرىۋېتىلدىم. قاراڭغۇ بولغاچقا بىر نەرسىلەرگە پۇتلىشىپ
سەنتۈرۈلۈپ بېرىپ، بىر بەنچاڭ (كات) نىڭ قىرىغا سوقۇلۇپ
ئولتۇرۇپ قالدىم. ئۇزۇن قالماي تاڭ يورىغاندەك بولدى. ئەترا-
پىمدىكى ئادەملەرنى، ئۆينىڭ ھەممە تەرەپلىرىنى كۆزىتىپ چىق-
تىم. تۈرمىداشلىرىم ماڭا قاراپ ھىجىيىشىپ قوياتتى، «بۇ
قىزىق تۈرمىكەن» ، دېدىم ئۆز - ئۆزۈمگە. ھېچكىم بىلەن
ھېچكىمنىڭ كارى يوق، بىرەر كىشى ماڭا ھېسداشلىق قىلىپ
قانداق ئەھۋالىڭ دەپمۇ قويمىدى. ئەتراپىمدىكى كىشىلەر ھەر
مىللەتتىن بولۇپ، ئۇيغۇر، مۇڭغۇل، روس، خەنزۇلار ئىدى.
ئۇلارنىڭ تەققى - تۇرقىدىن، ياش قۇرامى، كەسپى، بىر -
بىرىدىن پەرقلىنەتتى. ھەممە تەبىقىنىڭ كىشىلىرى تېپىلىدىغان-
دەك تۇراتتى. مېنىڭ مەخسۇس ئورنۇم بولمىغاچقا، يەردە زوڭ-
زىيىپ ئولتۇرۇشلا ماڭا بىر خىل ئارام بولدى. دەل مۇشۇنداق

پەيتتە كاتتىنىڭ ئاستىدىن ئىككى ياش بالا ئۆمىلەپ چىقىپ مېنىڭ قېشىمغا كەلدى. ماڭا يېقىنلاشقان بۇ ئىككى كىشىنىڭ ئۈمىدسىز كۆزلىرىدىن، پاخپىيىپ كەتكەن چاشلىرىدىن، مەينەت كىيىملىرىدىن دەسلەپتە ھەقىقەتەن يىرگەندىم. بىراق ئۆزۈمنىڭ ھالىمۇ چاغلىق بولۇۋاتقانلىقتىن، ئۇلارغا ئەدەب بىلەن قاراپ ئۇلارنىڭ سۆزلىشىنى كۈتتۈم. ئۇلاردىن بىرسى مەندىن ھال سوراپ: «ئۇ يەردە كەچكىچە ئولتۇرۇۋېرىسىڭىزمۇ ھېچكىمنىڭ كارى يوق، شۇڭا بۇياققا كېلىپ، دەم ئېلىڭ»، دېگەندەك سۆزلەر بىلەن مېنى كاتتىنىڭ ئاستىغا ئەكىرىپ كەتتى. كېيىن كات ئاستىدىن چىقىپ قارىغۇدەك بولسام، ئىچكىرىكى - تاشقىرىقى 2 ئېغىز ئۆيدە خېلى كۆپ كىشى ياتىدىكەن . بۇرۇن كەلگەنلىرى ياكى نوچىلىرى كاتتىنىڭ ئۈستىدە رەسمىي يوتقان سېلىپ ياتىدىكەن، بەزىلىرى ئامالسىز كاتتىنىڭ ئاستىغا كىرىپ پانالىنىدىكەن، شۇڭا بۇنىڭغا ئەجەپلىنىشنىڭ ھاجىتى يوق ئىدى. مەن بۇ ئۆيدە كىشىلەرنىڭ قىمار ئويناۋاتقانلىقىنى، كىتاب ئوقۇۋاتقانلىقىنى، خىلمۇ خىل كىشىلەرنىڭ ۋەزىيەت ئۈستىدە پاراڭلىشىۋاتقانلىقىنى بايقىدىم. مۇھىمى، بۇ ئۆينىڭ بىر بۇلۇڭىدا مېنىڭ يېقىن بىر ئادىمىم چىقىپ قالدى. ئۇ كىشى 80 ياشلاردىن ئاشقان زايسانلىق قازاق موللا ئابدۇراخمان ھاجى ئىدى. ئۇ بىچارە بوۋاي مېنىڭ ئۆگەي ئاپامنىڭ دادىسى بولۇپ، بۇرچىن ناھىيىسىدىن ئۈرۈمچىگە تېخى يېقىندىلا كېلىپ بىزنىڭ ئۆيگە چۈشكەنىدى. شۇنچە يىراق يەردىن ئۈرۈمچىگە دادامنىڭ تۇپىراق بېشىغا بېرىپ، قۇرئان ئوقۇش ئۈچۈن كەلگەنلىكىنى بىلەتتىم. ئۇ ئۈرۈمچىگە كەلگەندىن كېيىن، ساقچى ئورۇنلىرى قولغا ئالغانىدى.

مەن ئۇ كىشى بىلەن سالاملىشىپ كۆرۈشتۈم. ئۇ بۇ يەرگە كىرىپ قالغانلىقىمدىن قاتتىق قايغۇردى ۋە ماڭا سەۋرى قىلىش توغرىسىدا نەسىھەت قىلدى.



ئابدۇراخمان ھاجى بايىسىق ياش چاغلىرىدا ئوقۇشقا بېرىلىپ، مىسىرنىڭ قاھىرە شەھىرىدىكى ئەھرام ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئىلىم تەھسىل قىلىپ، قايتىپ كەلگەندىن كېيىن قازاق ئېلىدە داڭلىق داموللا بولۇپ قالغان. ئۇ قۇرئاننى قازاق تىلىغا تەرجىمە قىلغان بىرىنچى كىشى بولۇشى مۇمكىن. ئۇنىڭ كېيىن ئېيتىشىچە، ئۇ تەرجىمە قىلىپ تاماملىغان قۇرئاننىڭ تەرجىمە ئورگىنالىنى 1944 - يىلى ليۇبىندى (ئېھتىمال تۈرمىدىكى سوراقتا بۇ ئادەمنىڭ قۇرئاننى تەرجىمە قىلغانلىقىنى بىلگەن بولسا كېرەك) ئېلىۋالغان. بىراق ليۇبىندى دېگەن بۇ ئەبلەخ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىدا غۇلجا شەھىرىدە پارتىزانلار تەرىپىدىن ئېتىپ ئۆلتۈرۈلگەچكە، تەرجىمە ئورگىنالىنىڭ نەدە قالغانلىقىنى كىشىلەر بىلەلمىگەن. 1946 - يىلى ئابدۇراخمان ھاجىنىڭ ئوغلى مەھەممەت قارى ھاجى دادىسىدىن قۇرئان تەپسىر قىلىشنى ئۆگىنىپ قۇرئاننى باشقىدىن تەرجىمە قىلىشقا كىرىشكەن بولسىمۇ، تۈرلۈك سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن بۇ ئىشنى باشقا ئېلىپ چىقالمىغان.

1944 - يىلى ئابدۇراخمان ھاجى دۆربىلجىندىن ئۈرۈمچىگە كەلگەن كۈنى ما لياڭجۇن ئاخۇننى سۈرۈشتە قىلدى. مەن ئەتىسى بۇ ھاجىنى سەنشى مەسچىتىگە ئېلىپ بېرىپ، مالياڭجۇن ئاخۇن بىلەن كۆرۈشتۈرگەنىدىم. ئۇلار بىر - بىرسى بىلەن قول ئېلىشىپ كۆرۈشۈپ، ئەرەپ تىلىدا ئۇزۇن سۆزلەشتى. قايتىپ كەلگەندىن كېيىن قانداق كېلىپ خۇيزۇ ئاخۇن بىلەن سۆزلىشىپ كەتكەنلىكىنى سورىسام، ھاجىم ماڭا: «ئۇ مېنىڭ مىسىردىكى ساۋاقدىشىم» دېگەنىدى.

شۇنداق قىلىپ مەن تۈرمىداشلىرىم بىلەن ئاستا ئاستا تونۇش كىشىلەردەك بولۇپ كەتتىم. مېنىڭ ئىككى دوستۇمنىڭ بىرسىنىڭ ئىسمى يولۋاس ئىدى، يەنە بىرسىنىڭ ئىسمى يادىمدا قالماپتۇ. يولۋاس قۇمۇللۇق ياش بالا ئىدى. ئۇ كۆپ ئازاب چەككەنلىكىنى ئېيتاتتى. يەنە بىرەيلەن ئۆزىنىڭ بىر كىچىك

زىيالىي ئىكەنلىكىنى، تۈرمىدە ياتقىلى 5 ـ 6 يىل بولغانلىقىنى، ھازىرغىچە تۈرمىگە كىرىش سەۋەبىنى ـ جىنايىتىنى ئېنىق بىلمەيدىغانلىقىنى، تۈرمىدىن ـ تۈرمىگە ئالمىشىپ، مۇشۇ 4 ـ تۈرمىگە كېلىپ قالغانلىقىغا 1 يىل بولۇپ قالغانلىقىنى ئېيتىپ بەردى. ئۇ پات ـ پات سىرتقا ئاشخانىغا ياردەملىشىش ئۈچۈن چىقاتتى. شۇڭا ئۇ بىزگە ۋەزىيەتتىن سۆزلەپ تۇراتتى. مەخپىي ھالدا بەزى يېمەكلىكلەرنى، كىچىك قۇتىلاردا ھاراق ئېلىپ كىرەتتى. شۇڭا ئۇ قەدىرلىك دوستۇمغا ئايلانغانىدى. بىر كۈنى سىرتقا «ھاۋالىنىش» ئۈچۈن چىققان ۋاقتىمىزدا، ئۇ ماڭا قورۇنىڭ جەنۇب تەرىپىدىكى خەنزۇ پاسونىدا سېلىنغان روجەكلىك بىر ئۆينى كۆرسىتىپ: «بۇ ئۆيدە غېنى ياتقان»، دېدى. ئۇ يەنە: «غېنى مۇشۇ ئۆيدىن چىقىپ، (ئۆيگە تۇتۇشۇپ دېگەندەك تۇرغان سېپىلنى كۆرسىتىپ)، مۇشۇ سېپىلدىن ئارتىلىپ چۈشۈپ قېچىپ كەتكەن»، دېدى. مەن سېپىلغا قارىغاندەك بولسام، سېپىل ئۈستىدە سىم توساق ۋە ئۇياقتىن ـ بۇياققا مېڭىپ يۈرگەن بىر ئەسكەر كۆرۈندى. مەن ھەيرانلىق ئىچىدە ئۇنىڭغا: «ئۇ شۇنچە ئېگىز يەردىن قانداقمۇ قاچقاندۇ؟» دەپ سورىدىم. ئۇ ماڭا پىچىرلاپ: «ئارتۇق سۆزلىمە ئەمدى»، دەپ جىم بولدى، مەنمۇ ۋاقىت توشۇپ قالغاچقا، سېپىلغا يەنە ـ يەنە قاراپ قويۇپ، كامېرغا كىرىپ كەتتىم. كامېرغا كىرگەندىن كېيىن، ئۇ ماڭا: «غېنى شۇنچە يامان ئىدى. ئۇنى ھېلىقى ئۆيگە يالغۇز سولاپ قويغانىكەن. ئۇ ئاخىر بىر ئامال قىلىپ سېپىل تەرەپتىن بىر تۆشۈك ئېچىپ كېچىسى پەم بىلەن چىقىپ كەتكەن»، دېدى. دەرۋەقە 4 ـ تۈرمىنىڭ ئۆز ۋاقتىدىكى سېپىلى كوچىغا تۇتىشاتتى، سېپىل ئۈستىدىن سىيرىلىپ چۈشسىلا، ھازىرقى مەيداننىڭ ئورنىدىكى نۇرغۇن مۆرەككەپ كوچىلاردىن تېزلا غايىب بولۇپ كېتىش مۇمكىن ئىدى. غېنى باتۇر تۈرمىدىن قاچقان پېتى غۇلجىغا بېرىپ، ئاندىن ئىلىغا ۋە شۇ ئەتراپتىكى دوستلىرىنى



تېپىپ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ پارتلىشىدا مۇھىم رول ئوينىغان.

مېنىڭ 40 ـ 50 كۈنلۈك تۈرمە ھاياتىم ئەينى ۋاقىتتىكى شىنجاڭنىڭ ھاكىمدارى ۋۇجۇڭشىن دېگەن ئەبلەخنىڭ ھەقىقىي بەشىرىسىنى بىلىۋېلىشىمغا كۆپ ياردەم بەرگەنىدى. تۈرمىدىكى كىشىلەر ھەقىقەتەنمۇ بىگۇناھ ئىدى. بەزىلىرى شېڭ شىسەينىڭ دەۋرىدىن قالغان كىشىلەر بولسىمۇ، كۆپچىلىكى ھاكىمىيەتكە قارشى گۇمانلىق كىشىلەر، دەپ قارىلىپ قامالغانلىقى ئېنىق ئىدى. كامېردا ياتقانلار ئارىسىدا مۇئەللىملەر، دوختۇرلار، ئوقۇغۇچىلار، سودىگەرلەر، چارۋىچىلارمۇ بار ئىدى. ئىككى نەپەر گۇڭچۈلۈق روس ئوقۇغۇچى ئوۋ ـ ئوۋلاپ تۇرغان يېرىدىن ئۈچ ۋىلايەت ئەسكىرى بولۇش مۇمكىن دېگەن گۇمان بىلەن تۇتۇپ كېلىنگەنىدى، مېنىڭ ئەھۋالىممۇ خۇددى شۇنداق بولۇپ، بىر تەرەپتىن ھېلىقى ئابدۇراخمان ھاجى ئۈچ ۋىلايەتنىڭ ئىشپىيونى دەپ قارالغاچقا، مەندىنمۇ گۇمان قىلغان، يەنە بىر تەرەپتىن گومىنداڭغا قارشى تەشۋىق ۋەرەقىلىرى مېنىڭ دۇكىنىمدىن چىقىپ قالغانمىش (ھالبۇكى مەن مۇنداق نەرسىنى كۆرۈپ باقمىغانىدىم)، پۇقراچە كىيىنگەن بۇ ساقچىلار خەبەردار قىياپىتىدە تەكشۈرۈپ كېلىپ، دۇكان ئىچىدىن شۇنداق بىر قەغەزنى تاپقانمىش. . . مەن بۇ ئەھۋاللاردىن مېنى چاقىرتىپ سوراق قىلغان قاسىم ھاجى (مارۇلۇڭ) دېگەن كىشى: «سىز ياش ئىكەنسىز، ھېچقانداق ئىشقا ئارىلاشماڭ»، دېگەن مەزمۇندا نەسىھەت قىلغاندا ۋە ئابدۇراخمان ھاجى توغرۇلۇق سورىغاندا ئاندىن چۈشەنگەنىدىم.

دېمەك ۋۇجۇڭشىن دېگەن ئەبلەخ جاللات شېڭ شىسەينىڭ زۇلمى دەستىدىن ھالى قالمىغان ئاددىي خەلقنى ئالداپ، «سىلەرگە ئەركىنلىك بېرىمىز، دىنى ئېتىقاد ئەركىنلىكى ۋە باشقا ئىجتىمائىي ئەركىنلىكلەر ئۆزۈڭلەرنىڭ قولىدا بولىدۇ. ناھەق سولانغانلار تۈرمىدىن بوشىتىلىدۇ، خىزمەت بېرىلىدۇ»، دەپ

ئۇلارنى بىپەرۋا ھالغا چۈشۈرۈپ قويۇشقا ئۇرۇنغان بولسا، يەنە
بىر تەرەپتىن شىنجاڭدا كۆتۈرۈلۈش ئالدىدا تۇرغان مىللىي ئازاد-
لىق ھەرىكىتىنى بوشۇكىدىلا تۇنجۇقتۇرۇۋېتىش ئۈچۈن، سىيا-
سىي جەھەتتىن ئاق - قارىنى پەرق ئېتەلمىگەن كىشىلەرنى ھەر
خىل گۇمانى جىنايەتلەر بىلەن تۈرمىلەرگە تاشلاپ، تۈرمىلەرنى
توشقۇزۇۋەتكەن، «كونا جىنايەتچىلەر» ئورنىغا «يېڭى جىنايەتچى-
لەر» قوشۇلغانىدى.

بۇنداق ئەھۋالدا شىنجاڭدا مىللىي زۇلۇم ئاستىدا قالغان
خەلقنىڭ گومىنداڭ ھۆكۈمرانلىرىغا قارشى قوزغىلىشى تەبىئىي
ئىدى. كۆپ ئۆتمەي ئىلقا ناھىيىسىدە ئىنقىلاب ئۇچقۇنى يالقۇن-
جاپ، تېزلا ئىلى، چۆچەك، ئالتاي ۋىلايەتلىرىگە، تۇرپان ئويى-
مانلىقى ۋە جەنۇبىي شىنجاڭدىكى تاشقورغان، قاغىلىق قاتارلىق
جايلارغا كېڭىيىپ، 1944 - يىل 11 - ئايدا غۇلجىدا شەرقىي
تۈركىستان ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتى قۇرۇلدى. خەلق ھاكىمىيىتى-
نىڭ دۇنياغا كېلىشى بىلەن، ئۇنىڭ 30 مىڭ كىشىلىك مۇنتىزىم
ئارمىيىسى ۋۇجۇتقا كەلدى. بۇ قۇدرەتلىك ئارمىيە گومىنداڭ
قىسىملىرىنى جىڭ، شىخو قاتارلىق جايلاردا مەغلۇپ قىلىپ،
ماناس دەرياسى بويلىرىغىچە قوغلاپ كەلدى. 1945 - يىلى كۈزدە
مۇزداۋان ئارقىلىق ئاقسۇ كوناشەھەرگە كىرگەن ئۈچ ۋىلايەت
قىسىملىرى گومىنداڭ قىسىملىرىنىڭ بېلىگە پالتا چېپىپ، شى-
مال بىلەن جەنۇبنىڭ ئالاقىسىنى قىيىن ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ
قويدى.

## 1945 - يىلى ئاقسۇدا

1945 - يىلى ياز كۈنلىرىنىڭ بىرىدە، ئاقسۇ يېڭىشەھەر-
دە، بولۇپمۇ سېپىلنىڭ سىرتىدىكى كوچىلاردا دېھقان بازىرى
قىزىپ كەتكەنىدى. قوغۇن، تاۋۇز، ئۈزۈم، شاپتۇل ۋە باشقا



مېۋە، كۆكتات ۋە ئۇششاق قول ھۈنەر بۇيۇملىرىنى دېھقانلار
يەرگە تۆكۈپ خېرىدار چاقىراتتى. يولنىڭ تارلىقىغا قارىماي
كوچىنىڭ ئىككى قاسنىقىدا دېھقانلار قىسىلىشىپ يۈرۈپ مال
ساتاتتى ياكى ئالىدىغان نەرسىلىرىنى ئىزدەپ يۈرەتتى. ئەنە شۇ
تار يولدا يار - يار ھارۋىلار، ئېشەك، ئاتلىق كىشىلەر ھېچنەر-
سىگە پىسەنت قىلمىغاندەك، خالىغان كوچىلىرىغا كىرىپ كېتىۋ-
ۋېرەتتى. مەنمۇ تېخى تۇنۇگۈنلا بۇ شەھەرگە كېلىپ، قىزىق
بازارنى ئارىلاپ يۈرەتتىم. تۇيۇقسىزلا بىر تەرەپتىن توپ - توپ
كىشىلەر، ئوقۇغۇچى ۋە خىزمەتچى قىياپىتىدىكى خادىملار چى-
قىپ قوللىرىدا كىچىك بايراقچىلارنى كۆتۈرۈشۈپ، باشقۇرغۇچى-
لارنىڭ قوماندانلىقىدا ئۈنلۈك شوئار توۋلاشقا باشلىدى. ھەتتا
دېھقانلار تويىمۇ بايراقچىلارنى كۆتۈرۈشۈپ شوئار توۋلىشاتتى.
«ياپون جاھانگىرلىكىنى يوقىتايلى!»، «ياپونىيە تەسلىم بولدى»
دېگەندەك شوئارلارمۇ ۋە گومىنداڭ ھاكىمىيىتىگە مەدھىيە ئوقۇ-
لىدىغان شوئارلارمۇ بار ئىدى. ئەينى ۋاقىتتا دۇنيا ۋەزىيىتىدىن
ئاز - تولا خەۋەردار بولۇپ يۈرىدىغان مەندەك بىر ياش زىيالىي-
نىڭ، بۇ ئىشنىڭ مەزمۇنىدىن دەرھال خەۋەردار بولۇشىم تەبى-
ئىي ئەھۋال ئىدى. دېمەك، ياپون شەرتسىز تەسلىم بولغانلىقى
ئۈچۈن، ھۆكۈمەت خەلقنى تەشكىللەپ بۇ ئالەمشۇمۇل غەلىبىگە
تەنتەنە قىلىشىۋاتاتتى. دۇنيا بويىچە ئېمىس فاشىستلىرى ۋە
ياپونىيە تۈگىشىپ ئىلغار كۈچلەر غەلىبە قىلىۋاتاتتى. . . مەن
مۇشۇلارنى ئويلاپ ئېگىز - پەس توپىلاڭ يوللاردىن ئۆتۈپ،
چۈشكە ئۆيۈمگە قايتىپ كەلدىم.

ئەتىسى مەن كوچىلارنى ئارىلاپ يۈرۈپ بەزى تونۇشلارنى
ئۇچراتتىم. ئۇلار ماڭا مۇشۇنداق يامان پەيتتە نېمە ئۈچۈن بۇ
شەھەرگە كېلىپ قالغانلىقىمنى سوراشتى، مەن خۇسۇسىي ئىش
بىلەن كەلگەنلىكىمنى ئېيتتىم. كۈتۈلمىگەندە، شۇ چاغلاردا بىز-
گە ئۆلكىلىك دارىلمۇئەللىمىندە مۇئەللىم بولغان تارىخچى ئاب-

دۇللا داۋۇتوۋ يولۇقۇپ قالدى. ئۇ كىشى مېنىڭ قولۇمدىن
تۇتقان پېتى يېڭىشەھەر سېپىلى تۈۋىدىكى كىچىك بىر ئاشخانىغا
باشلاپ كىردى. بىز هاراق ئىچكەچ ۋەزىيەت توغرىلىق پاراڭلاش-
تۇق. كېيىن داۋۇتوۋ ئەتراپىغا قاراپ قويۇپ: «قالغان گەپنى
ئۆيدە قىلىشايلى» ، دەپ مېنى يېڭىشەھەر سېپىلىنىڭ سىرتىدى-
كى بىر باشلانغۇچ مەكتەپتىكى ئۆيىگە باشلاپ باردى. بۇ بىر
ئېغىزلىق ئاددىي جاهازلانغان ئۆي بولۇپ، ئۆيدە هېچكىم يوق
ئىدى. داۋۇتوفنىڭ دېيىشىچە ئۇ گومىنداڭچىلار تەرىپىدىن چەتكە
قېقىلغان بولۇپ، مۇشۇ كىچىككىنە بىر باشلانغۇچ مەكتەپتە
مۇئەللىم بولۇپ، تورمۇشىنى تولۇق قامدىيالماي، بالا - چاقىلى-
رىنى ئۆز يۇرتى بايغا ئەۋەتىۋەتكەن. لېكىن ئۆزىنىڭ كېتىشىگە
يول قويۇلمىغان. لۇتپۇللا مۇتەللىپ، مەۋلانجان ۋە باشقا بىر
مۇنچە زىيالىلار قولغا ئېلىنىپ كەتكەنلىكتىن، داۋۇتوۋ ھەممە-
دىن بىزار بولۇپ، هېچكىمگە ئارىلاشماي يالغۇز يۈرىدىغان بو-
لۇپ قالغان ئىكەن. ئۇ: «مەن يەنە قانچە كۈن ياشايدىغانلىقىنى
بىلمەيمەن، ئېهتىمال مەنمۇ غايىب بولۇشۇم مۇمكىن» ، دېدى.
ئۇ يەنە مېنىڭ بۇ نىجىس شەهەردىن تېزرەك كېتىشىمنى تەۋسىيە
قىلدى. مەن هېكىم نۇر قاتارلىق ئىشپىيونلارنىڭ ياش ئىنقىلاب-
چىلىرىمىزنىڭ بېشىغا چىققانلىقىنى ئۇقتۇم. مەن شۇ كۈندىن
كېيىن داۋۇتوفنى كۆرمىدىم. بىر نەچچە كۈندىن كېيىن ۋەزىيەت-
تە يەنە چوڭ ئۆزگىرىش بولدى. ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ
شىددەتلىك بورانلىرى گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ قورغان -
بارگاهلىرىنى ئۇڭتەي - توڭتەي قىلىۋەتتى.

يەنە بىر نەچچە كۈن ئۆتكەندىن كېيىن، يەنى 1945 - يىل
8 - ئاينىڭ ×× - كۈنى، ئېهتىمال يەكشەنبە كۈنى بولسا
كېرەك، مەن يېڭىشەھەرنىڭ كونىشەهەرگە ماڭىدىغان بىر كوچى-
سىدا بىر قوغۇنچىنىڭ دۇكىنىدا ئولتۇراتتىم. كۈتۈلمىگەندە
كونىشەهەر تەرەپتىن كېلىۋاتقان ئاتلىقلارنىڭ گۈپۈر - توپۇرلىرى



ئاڭلىنىشقا باشلىدى. ھەممە ئادەم شۇ تەرەپكە قارايتتى. بىر دەملا
ئىش ئايدىڭلاشتى. بۇ تەرتىپسىز ئاتلىقلار گومىنداڭنىڭ ئەسكەر-
لىرى بولۇپ، بەزىلىرى پېشانىلىرىنى، بەزىلىرى قوللىرىنى
داكىدا تېڭىۋالغان، بەزىلىرىنىڭ بېشىدا شەپكىسىمۇ يوق، بەزى-
لىرى ئىگەرنىڭ ئالدىغا ئادەملەرنى غانجۇلىغىۋالغانىدى. ئۇلار
يارىدار ياكى ئۆلۈك بولۇشى مۇمكىن، شۇڭا قوللىرى ساڭگىلا-
پ، ئاجايىپ سەت قىياپەتتە كېلىۋاتاتتى. ئۇلارنىڭ خېلى يىراق
يەردىن قېچىپ كېلىۋاتقانلىقى ئاتلىرىنىڭ قارا تەرگە چۆمگەنلى-
كىدىن بىلىنىپ تۇراتتى. . . ئەهۋال مەلۇم بولدى، بىر نەچچە
كۈن بۇرۇنلا 3 ۋىلايەت قىسىملىرى قارا داۋان دېگەن جايدىن
ئۆتۈپ، مۇز داۋان دەرياسى بويىدىكى مۇھىم ئىستراتېگىيىلىك
جاي «قورغان» دېگەن ئىستېهكامنى قورشاپ، ئۇ جاينى ساقلاۋات-
قان گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنى يوقاتقان. ئۇنىڭدىن بۇرۇن
ئاقسۇدىكى گومىنداڭ ئەسكەرلىرى ئۇلارغا ياردەم بېرىش ئۈچۈن
ئالدىغا بارغان، كۇچادىنمۇ گومىنداڭ قىسىملىرى ياردەمگە بار-
غان بولسىمۇ، لېكىن، ئۈچ ۋىلايەت قىسىملىرى (ئاساسەن سوپا-
خۇن قىسىملىرى) قورغاننى ئېلىپ، تۆز ئاۋات دېگەن يەرگىچە
ئالدىغا چىقىپ ئۇلارغا زەربە بەرگەن. هېلىقى كونىشەهەردىن
يېڭىشەهەرگە قېچىپ كېلىۋاتقان گومىنداڭ قىسىملىرى قورغانغا
يېتىپ بارمايلا زەربىگە ئۇچراپ قېچىپ كېلىۋاتقانلار ئىكەن. بۇ
ۋەقە پۈتكۈل جەمئىيەتكە قاتتىق تەسىر قىلدى. كىشىلەر ئۇرۇش
ۋەهىمىسىدىن ئۇركۇپ تەرەپ - تەرەپكە كېتىشتى. هەتتا، مەن
چۈشكەن ئۆينىڭ ئىگىسىمۇ قورۇسىنى ماڭا تاشلاپ يېزىغا كېتىپ
قالدى.

بىر نەچچە كۈنلۈك جىم - جىمتلىقتىن كېيىن، بىر كېچى-
دە يېڭىشەهەر سېپىلىنى قورشىۋالغان سوپاخۇن قىسمى بىلەن
سېپىل ئىچىدىكى گومىنداڭچىلار ئارىسىدا قاتتىق جەڭ بولدى.
كېچىسى ئۆگزىگە چىقىپ قارىسام پۈتكۈل سېپىلنىڭ ئۈستىدە

ئوت ياناتتى، سېپىل تەرەپتىن ئېتىلغان زەمبىرەك ئوقلىرى ئوت
بولۇپ ئۇچۇپ ئۆتەتتى. كېيىن مەلۇم بولدىكى سېپىل ئۈستىدى-
كى ئوت ياققا چىلاپ سىمغا ئورالغان پاختىنىڭ كۆيۈۋاتقان يالقۇ-
نى بولۇپ، گومىنداڭچىلار ئۈچ ۋىلايەت قىسىملىرىنىڭ سېپىلغا
يامىشىپ چىقىشى ئېھتىمالىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن، قوللاش-
غان ئۇسۇلى ئىكەن. ھەممە تەرەپ يورۇپ كەتكەچكە قارشى
تەرەپنىڭ ھەرىكىتىنى بىر قەدەر ئېنىق كۆرگىلى بولاتتى.
مەن ئۆگزىدىن پەسكە چۈشۈپ ئىشكىنىڭ ئالدىغا چىقماقچى
بولدۇم. يوچۇقتىن قارىسام بىزنىڭ ئىشىك ئالدىدا ئۈچ ۋىلايەت
قىسىملىرىنىڭ بىر مىناميوت گۇرۇپپىسى ھەدەپ سېپىلنىڭ
ئىچىگە قارىتىپ مىناميوتتىن توپ ئېتىۋاتاتتى. تۇيۇقسىز چى-
قىپ كۆرۈشۈش بەزى كۆڭۈلسىز ئىشلارغا سەۋەب بولۇشى
مۇمكىن ئىدى. شۇڭا چىققۇم كەلسىمۇ چىقمىدىم. ئۇلار تاڭ
ئاتقۇچە توپ ئېتىپ، سەھەردە كېتىشتى.
مەن ئۈچ ۋىلايەت قىسىملىرى ئىگىلەپ تۇرغان ئاقسۇ كونى-
شەھەرگە كىرىپ كەتمەكچى بولۇپ، تام ياقىلاپ مېڭىپ ئاندا
ساندا ئېتىلغان ئوقلارغا پىسەنت قىلماي، يېڭىشەھەر سېپىلى
كۆرەلمەيدىغان شالىلىقلارنى ئارىلاپ كونىشەھەرگە يېقىنلاشتىم.
زىرائەت ياقىلىرىدىكى دەرەخلىك ئارىسىدىن بويىنىغا بەش ئاتار
مىلتىق ئاسقان ئىككى ياش دېھقان «توختا» دەپ ۋارقىراپ يې-
نىمغا كەلدى. مەن شۇ چاققىچە بىرەر ئۇيغۇر پۇقرانىڭ بەش
ئاتار مىلتىقنى تۇتۇپ، ھاكىمىيەتنى قوغداش يۈزىسىدىن كىشى-
لەرنى تەكشۈرگەنلىكىنى كۆرمىگەنىدىم. ھەقىقەتەنمۇ بۇ ئىككى
ياش پىدائىينى كۆرۈپ بەكمۇ سۆيۈنۈپ ھاياجانلىنىپ كەتتىم.
مەن پەقەتلا: «سىلەرگە قوشۇلۇش ئۈچۈن يېڭىشەھەردىن قېچىپ
چىقتىم»، دېيەلىدىم. ئۇلار مېنى قويۇۋەتتى، لېكىن ئارقامدىن
قاراپ ـ قاراپ قالدى... دېمەك كونىشەھەر پۈتۈنلەي ئازاد
بولغانىدى. شەھەرگە كىرسەم كىشىلەر خۇشال ـ خۇرام ئۆز



ئوقەتلىرىنى قىلىشىۋاتاتتى. سودىگەرلەرنىڭ دۇكانلىرى ئوچۇق
ئىدى، «شەرقىي تۈركىستان» قەغەز پۇلى بازاردا خەشلىنىۋاتات-
تى. باشقا ھەر خىل كۆمۈش پۇللارمۇ خەشلىنىۋاتاتتى. لېكىن
گومىنداڭنىڭ قەغەز پۇلى كۆرۈنمەيتتى. مەن كونىشەھەردە بۇ-
رۇن تونۇشقان بىر تۇغقىنىمىزنىڭ ئۆيىگە چۈشتۇم. ئۇ كىشى
كىچىك ھۈنەرۋەن ۋە دېھقان بولغانلىقى ئۈچۈن كەمبەغەل ئىدى.
مەن شۇ يەردە بىر نەچچە ۋاقىت تۇرۇپ، ئاندىن غۇلجا تەرەپكە
كەتمەكچى بولغانىدىم. بىراق ئازراق ۋاقىتتىن كېيىن، بىر
كۈنى سەھەردە گومىنداڭ قىسىملىرى تۇيۇقسىز كونىشەھەرگە
باستۇرۇپ كىردى. ھەممە ياقنى پىلىموت ۋە مىلتىقتىن ئېتىل-
غان ئوق ئاۋازلىرى قاپلاپ كەتتى. مەن چۈشكەن قورا كونىشە-
ھەرنىڭ يېڭىشەھەرگە ماڭىدىغان چوڭ يولىنىڭ ياقىسىدا بولغاچ-
قا، تولىمۇ ئەنسىزلىك ئىچىدە قالدۇق. بىزنىڭ دەرۋازا ئالدىدا
«ئات ـ ئات» دېگەن ئاۋازلار چىقىشقا باشلىدى. مەن دەرھال
ئۆزۈمنى دالدىغا ئالدىم. ئۆي ئىچىگە پىلىموتتىن ئېتىلغان ئوق-
لار پاراسلاپ كىرگىلى تۇردى. بۇ ئۆينىڭ تاملىرى سۇگەتتىن
توقۇپ ياسالغان قورما تام بولغاچقا، ئوق بىمالال ئۆتۈپ كېتىۋې-
رەتتى. مەن چاڭ توزاڭ ئىچىدە يەرگە يېتىۋالدىم. ئانچە ئۆتمەيلا
«ھۇررا» دېگەن غەلىبە سادالىرى ئاڭلىنىشقا باشلىدى. ئىشىكى-
مىزنىڭ ئالدى جىم بولدى. كېيىن مەلۇم بولۇشىچە، باستۇرۇپ
كىرگەن گومىنداڭچىلار مېنى «ئوغرىلار» دەپ بىلىپ ئۆيگە
باستۇرۇپ كىرەلمەي، سىرتتىن ئۆي ئىچىگە ئوق ئاتقانىكەن.
ئۆيگە كىرىشكە جۈرئەت قىلالماي تۇرغاندا، ئارقىسىدىن سوپا-
خوننىڭ ئاتلىق ئەسكەرلىرى قوغلاپ كېلىپ قېلىپ، گومىنداڭ-
چىلار ئامالسىز قېچىپ كەتكەن. مەن تالاغا چىقسام قوشنىلار:
«ۋاي ساق ئىكەنسىز، ھېلىقى گومىنداڭچىلار مۇشۇ ئۆيدە ئوغرى
بار ئىكەن، دېيىشىپ ئۆيگە قارىتىپ ئوق ئاتقانىدى»، دېيىشتى
(گومىنداڭچىلار ئۈچ ۋىلايەت ئەسكەرلىرىنى «ئوغرىلار»، «ئال-

تە ئوغرى» دەپ تۆھمەت قىلىشاتتى).

كېيىن گومىنداڭچىلار ئۈچ ۋىلايەت قىسىملىرى تەرىپىدىن قورشاپ ئېلىندى. ئۈچ ۋىلايەت قىسىملىرى ئاقسۇ سېپىلىنىڭ قەشقەر يولىدىكى قىزىل كۆۋرۈك دېگەن جايىنى بازا قىلىپ، گومىنداڭنىڭ جەنۇبقا قېچىش يولىنى توسۇۋالغانىدى. شۇڭا بىر مەزگىل جىم - جىتلىق بولغانىدەك كۆرۈنسىمۇ يەنىلا چوڭ - كىچىك جەڭلەر بولۇپ تۇردى. مۇشۇ جەڭلەر ئىچىدە گومىنداڭ ئاقسۇ سېپىلىگە قورشاپ ئېلىنغۇچە بولغان ئارىلىقتا، بىر قېتىم يار ئۈستىدە بىر كىچە - كۈندۈز قاتتىق جەڭ بولغانىدى. مېنىڭ بىلىشىمچە، گومىنداڭچىلار كونىشەھەردىكى سوپاخۇن قىسىملىرىنى بىراقلا يوقىتىش غەرىزىدە تاكتىكىلىق جەڭ قىلماقچى بولغان. سوپاخۇن قىسىملىرى دەرھال شەھەرنى تاشلاپ يار ئۈستىگە چىقىۋالغان. گومىنداڭنىڭ ئۇيغۇر قىسىملىرى سەپىنىڭ ئالدىدا تەسلىم بولغان قىياپەتتە مىلتىقلىرىنى تەتۈر تۇتۇپ ئۇزۇن چاپانلارنى كىيىشىپ ئالغا قاراپ كېلىۋەرگەن، ئۈچ ۋىلايەت قىسىملىرى دۈشمەننىڭ ھىيلىسىنى دەرھال بايقىيالمىغان. لېكىن سوپاخۇن ئۆزىنىڭ ئالدىنىپ قېلىۋاتقانلىقىنى بىلىپ، «بۇ ھىيلە ئالدانمايلى» ، دېگەندە، ئابباسوفلار: «ياق ئۇلار پۇقرالار ئىكەن، بىزگە قوشۇلۇشى مۇمكىن ئوق چىقارماڭلار» ، دەپ دۈشمەننىڭ ھىيلىسىنى تارمار قىلىشقا قوشۇلمىغان. دېگەندەك، ھېلىقى مىللىيچە ياسىنىۋالغانلار شۇ يەردىكى زاراتگاھلىققا كەلگەن ھامان ئۈچ ۋىلايەت قىسىملىرى تەرەپكە قارىتىپ شىددەتلىك ئوت ئېچىپ، بىغەم قاراپ تۇرغان ئەسكەرلىرىمىزنى زىيانغا ئۇچراتقان. ئارقىسىدىن يەنە نۇرغۇن گومىنداڭ قىسىملىرى ھوجۇمغا ئۆتۈپ، ئۈچ ۋىلايەت قىسىملىرىنى چېكىنىشكە مەجبۇر قىلغان. لېكىن بىزنىڭ قىسىملىرىمىز دۈشمەننى يانداپ ئۆتۈپ يېڭىشەھەر تەرەپكە بېرىپ، ئاخىر يېڭىشەھەر سېپىلىنى ئومۇميۈزلۈك قورشىۋالغان. بۇ چاغدا سوپاخۇننىڭ قىسىملىرى



غۇلجىدىن كەلگەن ئىككى ئىسكادرون مۇڭغۇل ئەسكەر ۋە يەرلىك پىدائىيلار بىلەن قوشۇلۇپ خېلى كۆپىيىپ قالغانىدى.

يار ئۈستىدىكى مۇشۇ جەڭگە قاتنىشىپ يارىدار بولغان بىر ئەسكەر غۇلجىغا بېرىپ يارىسىنى ساقايتقاندىن كېيىن، تەخمىنەن 9 - ، 10 - ئايلاردا ئاقسۇدىكى ئۆز قىسمىغا يەنە قايتىپ كەلگەن. ئۇ داۋاندىن ئۆتۈپ جامىغا كەلگەندە، سوپاخۇننىڭ قىسىملىرى بۇيرۇق بويىچە غۇلجىغا كېتىشكەنىدى. ئاز بىر قىسمى گومىنداڭنىڭ ئالدىنى توسۇپ، مۇز داۋان ئارقىلىق غۇلجىغا چېكىنىۋاتقان ئاساسىي قىسىم، يارىدارلارنى ۋە نۇرغۇن خەلقنى قوغداپ، گومىنداڭچىلار بىلەن چېكىنگۈچىلەرنىڭ ئارىلىقىنى يىراقلاشتۇرماقچى بولغانىدى.

مەن شۇ كۈنلەردە ئاقسۇ كونىشەھەردىن قىسىملار بىلەن بىللە چېكىنىپ جامىغا كەلگەنىدىم. جامىدا يۈسۈپ باقى ئىسىملىك بىر كۆچالىق مۇئەللىمنىڭ ئۆيىدە يېتىپ، ئەتىسى ئەتىگەندە تۆز ئاۋاتقا قاراپ يولغا چىقماقچى بولغانىدىم. يېرىم كېچىدە تۇيۇقسىز ئىشىك قاتتىق ئۇرۇلۇپ سىرتتىن بىر نەچچە كىشى ئۆيگە كىرىپ كەلدى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە ھېلىقى مەن دېگەن غۇلجىدىن ئىككىنچى قېتىم فرونتقا كەلگەن يىگىت بار ئىدى (ئىسمىنى يادىمدىن چىقىرىپ قويدۇم). ئۇ ھەممە ئۇرۇش ئەھۋالىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ئىنتايىن ئۆكۈنگەن ھالدا: «ۋاي ئىست، مەن مەقسىتىمگە يېتەلمىدىم» ، دېدى...

بىز ئۇنىڭدىن نېمە ئۈچۈن ئېست دەيدىغانلىقىنى سورىدۇق. ئۇ ئۆز كەچۈرمىشلىرىنى سۆزلەشكە باشلىدى: «يار ئۈستىدىكى جەڭدە مەن گومىنداڭنىڭ بىر نەچچە ئەسكىرىنى زاراتلىقتا كۆرۈپ قىلىپ، شۇلارنى جايلىۋېتىش ئۈچۈن ئۇلار تۇرغان يەرگە تۇيۇقسىز باردىم. ئىككى گومىنداڭ ئەسكىرى شەپىمىزنى بىلىپ قىلىپ تىكىۋەتتى. لېكىن ياشراق بىر ئۇيغۇر ئەسكەر نېمە قىلارىنى بىلمەي ماڭا تەسلىم بولماقچى بولۇپ، قولىدىكى

مىلتىقنى پەسكە قاراتتى. مەن ھېلىقى ئەبلەخنى ئېتىۋېتەي دەپ،
قارىسام ياشلا بىر ئۇيغۇر يىگىتى ئىكەن، ئىچىم ئاغرىپ ئاتمىدىم
ۋە «قاچ» دەپ ۋاقىرىدىم. ئۇ قېچىپ بېرىپ بىر قەۋرىنىڭ
ئارقىسىغا ئۆتۈپلا ۋاپاسىزلىق قىلىپ ماڭا ئوت ئاچتى. مەن
شۇندىن كېيىنكى ئەھۋالنى بىلمەيمەن، بىر ھازادىن كېيىن
بولسا كېرەك، كىشىلەر مېنى يۆلەپ تۇرغۇزۇپ ئېلىپ ماڭغاندا،
ئاندىن ھوشۇمغا كەلدىم. مەن كۆكسۈمدىن چىقىۋاتقان قاننى
كۆرۈپ، قاتتىق پۇشايمەن ئىچىدە: «ياخشىلىققا يامانلىق خەپ
توختاپتۇر»، دەۋەتتىم. مەن ئىچىم ئاغرىپ ئۇ ئەبلەخنى ئاتمى-
سام، ئۇ مېنى ئېتىۋەتكەنىدى. ئارىدىن كۆپ ئۆتمەي مېنى مۇز
داۋان ئارقىلىق غۇلجا شەھىرىدىكى بىر دوختۇرخانىغا ئېلىپ
بېرىپ داۋالىدى، تەقدىر بىلەن ھېلىقى ۋاپاسىز شۇمتەك ئاتقان
ئوق مېنىڭ ئىككى ئۆپكە قانىتىمنىڭ ئوتتۇرىسىدىن ئۆتۈپ كەت-
كەن، باشقا ئەزالىرىم ساق ئىدى. ھەممە كىشى ھەيران قىلىش-
تى. مەن كۆپ ئۆتمەي دوختۇرخانىدىن چىقىپ، ئالدىنقى سەپكە
بېرىشنى تەلەپ قىلدىم. رۇخسەت ئېلىپ بۇ ئىككى دوستۇم
بىلەن مۇز داۋاندىن ئۆتۈپ، بۈگۈن بۇ يەردە سىزلەر بىلەن
كۆرۈشۈپ قالدىم. ئەسلىدە مەن يەنە جەڭگە قاتنىشىپ ھېلىقى
ۋاپاسىز ئەبلەختىن بىر ئامال قىلىپ ئۆچ-ئۆمنى ئالاي دېگەنىدىم.
ئەمدى نېسىپ بولمىدى، مېنىڭ ئاچچىق ساۋىقىم شۇكى، دۈش-
مەنگە ۋاپا قىلماسلىق كېرەك! دۈشمەن مەيلى چوڭ - كىچىك
بولسۇن، ھامان دۈشمەن ئىكەن، ئۇنى قەتئىي يوقىتىش كېرەك»
. بىز سۆزلىشىپ، دۈشمەنگە رەھىم قىلماسلىق ئۈستىدە توختى-
لىپ، سوپاخۇن ۋە ئۇنىڭ ئەسكەرلىرىنىڭ دۈشمەننى رەھىمسىز
بىلەن قىرغانلىقىنى ماختاشتۇق.

سوپاخۇن ئەينى يىللاردا مەشھۇر قوماندان ئىدى . كىشىلەر
ئۇنى ياش چېغىدىلا ئەسكەر بولۇپ چىنىققان ئۇستا مەرگەن
دېيىشەتتى. ئۇ ئەسلىدە گومىنداڭنىڭ ئوفىتسېرى بولسىمۇ،



بالدۇر ئويغىنىپ، مايتاغدا تۇرۇشلۇق ئۆز قىسمىدىكى (ئېھتى-
مال بىر ئىسكادرون بولسا كېرەك) ئەسكەرلىرىنى باشلاپ غۇل-
جىغا بېرىپ، مىللىي ئارمىيە سېپىگە قوشۇلغان. ئۇ ئاقسۇغا
چۈشكەندە تېخى «كاپىتان» ئىدى، كېيىن پود پولكوۋنىك ئۇنۋا-
نى بېرىلگەن، ئۇ قەھرىمان قورقماس جەڭچى ئىدى. شۇ چاغدىكى
ئاتلىق يۈرۈشلىرى، فورمىلىرىغا قاراپ، مەن ئۇنى ئۆكتەبىر
ئىنقىلابىنىڭ قەھرىمانى، كازاك چاپايوفقا ئوخشىتاتتىم، بىزدىن-
مۇ چاپايوف چىقتى، دەپ پەخىرلىنەتتىم. ئەمەلىيەتتە، چاپايوف-
تەك ئۇرۇشتا ھەمىشە غالىب بولىدىغانلاردىن ئىدى.

مەن باشتا دەپ ئۆتكەن قورغان ئۇرۇشىدىكى پەملىكى،
جاسارەتلىكى، ماھىرلىقى بۇ نۇقتىنى ئىسپاتلايدۇ. شۇ چاغدىكى
ئاڭلىغانلىرىمنى كېيىن يەنە بىر ئەسلىمىدىكى بايانلارغا سېلىش-
تۇرسام ئوخشاش چىقتى. ئەينى ۋاقىتتىكى ئاباسوفنىڭ بىر
كانۋايى (ئىسمى ئېھتىمال ئابلىكىم) نىڭ قورغاندىكى ناچال-
نىك شتابتا ھېكايە قىلىپ ئېيتىپ بېرىشىچە، قورغاننى ئېلىش
ئانچە ئاسانغا چۈشمىگەن. سوپاخۇن قورغاننى ئېلىش ۋە ئۇ يەرد-
كى دۈشمەن (تەخمىنەن 400) لەرنى تولۇق يوقىتىشنى پەم-
لەپ، بىر قىسىم ئەسكەرلىرىنى دۈشمەننىڭ قېچىش يولىغا مۆك-
تۈرمە قىلىپ قويغان. ئۆزى تاغنىڭ ئۈستىگە چىقىپ قورغاننىڭ
ھەممە يېرىنى كۆرۈپ تۇرۇپ جەڭ قىلغان. دېمەك، سوپاخۇن
ھەر بىر مىدىرلىغان دۈشمەننى ئېتىپ تۇرغان، ئۇنىڭ يېنىدىكى
ئىككى ئەسكەر سوپاخۇنغا ئوق سېلىپ ئاران ئۈلگۈرگەن. كېيىن
قورغانغا مىناميوت ئېتىپ دۈشمەننى قالايمىقان قېچىشقا مەجبۇر
قىلغان. دۈشمەن ئاقسۇ تەرەپكە قاچقاندا مۆكتۈرمە ھالەتتە ياتقان
قىسىملىرىمىز دەرھال ئوت ئېچىپ، نۇرغۇن دۈشمەننى ئەسىر
ئالغان بىر قىسىم گومىنداڭ ئەسكەرلىرى (مىللىي بولغانلىق-
تىن) سوپاخۇن قىسىملىرىغا قوشۇلۇپ كەتكەن.

ئەينى ۋاقىتتا شۇ ئۇرۇشقا قاتناشقان ئاباسوفنىڭ كانۋاي-

لىرى ۋە باشقا ئەسكەرلىرى ناچالنىك شتاپتا شۇ چاغدىكى قېيىن
ئەھۋالنى سۆزلەپ بېرىشچە، گومىنداڭچىلار قورغان ئىچىگە بىر
پوتەي سېلىۋالغان (بۇ پوتەي كېيىنكى كۈنلەرگىچە بار ئىدى)
، شۇ پوتەيدىن ئېتىلغان پىلىمۇت ئوقى سوپاخۇنلارنى ئالغا
ماڭدۇرمىغان شۇنداق پەيتتە، سوپاخۇن بۇ پىلىموتچىنىڭ تېخـ
ىنكىسىغا ھەيران قىلىپ ئۇنىڭ ئېتىش تېخنىكىسىنى كۆزىـ
تىپ، ئاخىر ئۆزى ئۇنىڭغا قارىتىپ ئوق ئېتىشقا باشلىغان.
سوپاخۇن ئۇستا مەرگەن بولغاچقا، پىلىموت تاختىسى ئارقىسىدا
خاتىرجەم ئوق ئۈزۈۋاتقان ھېلىقى ئەبلەخنىڭ پوتەي تۆشۈكى
ئىچىدىكى ھېچبىر كۆرۈنمەيدىغان باش قىسمىنى مۆلچەرلەپ بىر
نەچچە پاي ئوق ئاتقان، ئاخىر بىر ئوق ئۇنىڭ ئاغزىغا تېگىپ
ئىڭىكى ساڭگىلاپ قالغان. ئاندىن پىلىموت توختىغان بۇ بىردەمـ
لىك جىمجىتلىقتىن پايدىلانغان قىسمىلىرىمىز دەرھال سېپىل
ئىچىگە ھوجۇم قىلىپ باستۇرۇپ كىرگەن.

سوپاخۇن ھېلىقى گومىنداڭچى مەرگەننى كۆرەي، دەپ پوـ
تەينىڭ ئىچىگە كىرىپ، ئۇنى سۆرەپ چىققان، قارىسا بىر قازاق
ئەسكەر ئىكەن. ئۇ قازاق ئەسكەر سوپاخۇنغا مېنى ئاتمىساڭلار!
دەپ نالە قىلغان بولسىمۇ، سوپاخۇن ئۆزى ئېتىۋەتكەن، چۈنكى
ئۇ قىسمىلىرىمىزغا نۇرغۇن ئاۋارىچىلىق تېپىپ بەرگەن دۈشمەن
ئىدى.

بىزنىڭ جامدىكى سۆھبىتىمىزدە پەقەت سوپاخۇننىڭ دۈشـ
مەنگە رەھىم قىلمايدىغان، ھەربىي ئىنتىزامغا قاتتىق ئەمەل قىـ
لىدىغان ئىشلىرىمۇ سۆزلىنىپ، ئەتىسى ھەممىمىز ئۆز يولىمىزـ
غا راۋان بولدۇق. كېيىن مەن قورغانغا يېتىپ بارغاندىن كېـ
يىن، قاسىمجان قەمبىرىنىڭ تونۇشتۇرۇشى بىلەن ناچالنىك
شتاپتا تۇردۇم. مۇشۇ چاغدا سوپاخۇننىڭ قەتئىيلىكىنى ئۆز
كۆزۈم بىلەن كۆرۈشكە مۇيەسسەر بولدۇم.

قورغان سېپىلىنىڭ ئىچى كىچىككىنە دېھقانچىلىق مەھەللىـ



سى ئىدى. دېھقانلار تاغ خەلقىگە ئوخشاش تۇرمۇش كەچۈرەتتى.
چارۋىچىلىقنى قوشۇمچە كەسىپ قاتارىدا كۆرەتتى. بىر كۈنى
شتابتا (ئەمەلىيەت بىر دېھقاننىڭ ئۆيى) چۈشلۈك تاماققا ئولتۇرـ
ماق سىرتتىن بىر نەچچە كىشىنىڭ ۋاراڭ ـ چۇرۇڭلىرى ئاڭلاندـ
ى. بىرسى قاسىمجان ئاكىنى چاقىردى، مەنمۇ بىللە قورۇغا
چىقتىم. بىر دېھقان ئۆزىنىڭ بىر ئېتىنى سوپاخۇن قوشۇنىدىكى
بىر ئەسكەرنىڭ بۇلاپ كەتكەنلىكىنى، ئۆزىنىڭ ئاتسىز قالغانلىـ
قىنى. . . يەنە نىمىلەرنىدۇر دەپ شىكايەت قىلدى. قاسىمجان
ئاكا دەرھال بىر كانىۋاينى سوپاخۇننى چاقىرتىشقا ئەۋەتتى.
سوپاخۇن ئالدىراپ يېتىپ كەلدى. سالاملاشقاندىن كېيىن، قاـ
سىمجان ئاكا: «گومىنداڭچىلار بىزنى ‹ئوغرى› دەۋاتىدۇ.
سىزنىڭ ئەسكىرىڭىز پۇقرانىڭ ئېتىنى بۇلاپ كەتكەن. بۇ دېھقان
ئېتىنى دەپ قورغانغىچە بىللە كەلگەن. ئەمدى قانداق قىلىسىز؟
»، دېدى. سوپاخۇن غەزەپ بىلەن: «ئەگەر ئەھۋال راست شۇنـ
داق بولسا، مەن ئۇ ئەبلەخنى . . . »، دەپ ماۋزۇرىنى تۇتقان
پېتى ئېتىنى مىنىپ چىقىپ كەتتى. ئۇنىڭ ئارقىسىدىن نۇرغۇن
كىشىلەر كېتىشتى. مەن سىرتقا چىقىپ قاراپ تۇردۇم. كېيىنـ
رەك ئوق ئاۋازى ئاڭلاندى. مەلۇم بولدىكى، سوپاخۇننىڭ ھېلىـ
قى ئەسكىرى قورغان ئۇرۇشىدا ئەسىرگە چۈشكەن گومىنداڭ
مىللىي ئەسكىرى بولۇپ ئىسمى ئابدۇللا ئىكەن، ئۇ بىر قىزنى
ئاقسۇ كونىشەھەردىن خوتۇن قىلىشقا ئېلىپ ماڭغاندا، ئات تاپالـ
ماي ھېلىقى دېھقاننىڭ ئېتىنى يولدا تارتىۋالغان (ئۇ دېھقانمۇ
خوتۇن باللىرى بىلەن غۇلجىغا ماڭغانلاردىن ئىكەن). دېھقان
قورغانغا كېلىپ ئېتىنى قايتا ـ قايتا سورىسىمۇ بەرمىگەن. شۇڭا
شتابقا ئەرز قىلغان. سوپاخۇن بۇ ئابدۇللا دېگەن ئەبلەخنىڭ
يۈۋاشلىق بىلەن ئۆزگىرىپ ياخشى بىر مىللىي ئەسكەر بولۇشقا
تىرىشماستىن، گومىنداڭنىڭ بۇلاڭچىلىق ئادىتىنى تاشلىماي،
ئۈچ ۋىلايەت قىسىملىرىنىڭ نامىنى بۇلغىغانلىقى ئۈچۈن، دەرـ

ھال كۆچمە ھەربىي سوت ئارقىلىق ئۇنىڭغا ئۆلۈم جازاسى بەرگەن. مەن، ئەينى ۋاقىتتا سوپاخۇننىڭ ھېلىقى سۆزلەردىن كېيىنكى غەزەپلىك ئەلپازىغا قاراپ، ئۇ دەرھال ئېتىۋېتەرمىكىن، دەپ ئويلىغانىدىم. ئۇرۇش ۋاقتىدا كىشىلەر خېلى - خېلى ئىشلارنى ئويلاپ ئولتۇرمايدىكەن. مەنمۇ ئۇ ئىشنى قايتا سۈرۈشتۈرۈپ يۈرمىدىم. پەقەت 1984 - يىلى ھۆرمەتلىك قوماندان سوپاخۇن بىلەن خاڭجۇغا كېتىۋېتىپ تونۇشلۇق بېرىشكەندىن كېيىن، يار ئۈستىدىكى جەڭ ئەھۋالىنى سۆزلىگەندىلا، ئات بولغۇچىنىڭ تەقدىرى ئېسىمگە كەلدى. دېمەك ھېلىقى يالغۇز ئوق ئېھتىمال ئابدۇللانىڭ جېنىنى ئالغان ئوق بولسا كېرەك.

دېمەك، دۈشمەن بولىدىكەن، ئۇنىڭ كىم بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئۇنى يوقىتىش زۆرۈر. بۇ، ئەينى ۋاقىتتىكى مىللىي ئارمىيە قىسىملىرىمىزنىڭ ياخشى ئەنئەنىسى ئىدى.

## سەپەر يولىدا

1945 - يىل 10 - ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرى ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى ھۆكۈمىتىنىڭ بۇيرۇقى بويىچە، نەچچە ئاي بۇرۇنلا غۇلجىدىن داۋان ئاتلاپ ئاقسۇغا چۈشكەن قاسىمجان قەمبىرى، ئا. ئابباسوفلار باشچىلىقىدىكى سوپاخۇن قىسىملىرى 150 كىشىدىن كۆپىيىپ، بىر نەچچە 1000 ئادەمگە يەتكەن بولسىمۇ، ئۆزىنىڭ قۇدرەتلىك كۈچىنى نامايان قىلىپ پۈتكۈل ئالتە شەھەرنى تولۇق ئازاد قىلىشقا ئۈلگۈرەلمەي، يوقىرىنىڭ «ئۇرۇشنى توختىتىپ، سۆھبەت ئارقىلىق تىنچ ھەل قىلىش» توغرىسىدىكى يېڭى قارارىغا ئاساسەن، يەنە كەلگەن يولى - مۇز داۋان ئارقىلىق غۇلجىغا قايتىپ كەلدى. ئاساسىي قىسىم ۋە پارتىزانلار مۇز داۋاننىڭ ياز كۈنلىرىمۇ تۇمان، قار - مۇز قاپلاپ تۇرىدىغان تار، تېيىلغاق يوللىرىدىن ئۆتۈپ، شاتى، تېكەس ئارقىلىق غۇلجا



تەۋەسىدە ئورۇنلاشتۇرۇلغان جايلىرىغا كېتىپ بولغانىدى. مەنمۇ گەرچە شۇ قوشۇننىڭ ناچالنىك شتاب تەركىبىدە قاسىمجان ئاكا ۋە ئابباسوفلار بىلەن بىللە غۇلجىغا قايتىپ كەلگەن بولساممۇ، ئاساسىي قوشۇننىڭ قەيەرلەرگە تارقىلىپ كەتكەنلىكىنى بىلەلمىدىم. ئۆزۈم يالغۇز قاسىمجان ئاكىنىڭ ئاكىسى غازى ئاقساقالنىڭ قورۇسىدىكى چوڭ بىر ئۆيدە مىلتىقىمنى بېشىمغا قويۇپ، بۇيرۇقنى كۈتۈپ يېتىۋەردىم. چۈنكى غۇلجىغا چىقىپ، ئۇدۇل شۇ قورۇغا (قاسىمجان ئاكا بىلەن بىللە) چۈشكەنىدۇق.

ھالبۇكى، 2 - دۇنيا ئۇرۇشى ئاخىرلاشقان بۇ كۈنلەردە ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ يولى قانلىق ئۇرۇش قىلىشتىن سۆھبەت يولىغا ماڭغاچقا، خۇددى جاھان تىنجىپ كەتكەندەك، ھەر كىم ئۆز ئىشى بىلەن بەنت ئىدى. ئەڭ مۇھىم مەسىلە شۇكى، رەھىمجان سابىر ھاجى، ئوبۇلخەيرى تۆرە، ئەخمەتجان قاسىمى باشچىلىقىدىكى ئۈچ ۋىلايەت سۆھبەت ۋەكىللىرى ئۈرۈمچىگە يورۇپ كەتكەن بولۇپ، ئۇلارنىڭ خەۋىرىنى ئېلىشقا ھەممە ئادەم كۆڭۈل بۆلەتتى. . .

بىر كۈنى، قاسىمجان ئاكا (بۇ كىشى بىلەن مېنىڭ تۇققاندىچىلىقىم بار ئىدى، شۇڭا مەن بۇ ئۆيدە تۇرۇۋاتاتتىم) ئۆز ئۆيىدىن چىقىپ، ئالدىراش كېتىۋاتقاندا، مەن ئۆزۈم توغرۇلۇق سورىدىم. ئۇ ماڭا: «ئەمدى مىلتىقنى تاپشۇرۇپ بېرىپ، چوڭچەككە بېرىپ دەم ئېلىپ كەلگىن، ئاندىن خىزمىتىڭنى ئويلىشىمىز، ھازىرچە ھەربىي تەمىنات ئال»، دېدى. ماڭا بۇ سۆز ياققان بولسىمۇ، جىڭ بازىرى ئەتراپىدا بولۇۋاتقان ئۇرۇش قانداق بولىدىكىن دېگەن ئوي بىلەن «ماقۇل» دېگەن بولساممۇ، ھەقىقىي ئەھۋالنى بىلگىم كەلدى. ئەمما بىلەلمىدىم. . .

ئەتىسى، دەرۋەقە، ئىشىك ئالدىغا بىر ماشىنا كېلىپ توختىدى. بىر ھەربىي كىشى مېنى ئىزدىگەنلىكى ئۈچۈن، دەرھال ماشىنا تۈۋىگە بېرىۋىدىم. مىلتىقىمنى تاپشۇرۇۋېلىپ، ماڭا بىر

ھەربىي تەمىنات خېتى، بىر قۇر قىشلىق ھەربىيچە كىيىم، پىما بەردى - دە «كەلگەندە كۆرۈشەرمىز» ، دېدى. ئاندىن ماشىنىنىڭ ئۈستىنى كۆرسەتتى. مەن كىيىنىپ بولۇپ ماشىنىغا چىقتىم. ماشىنا ئۈستىدە لىقمۇ - لىق كۆن - خۇرۇم بار ئىدى، سەپەرداشلىرىمدىن جاۋاب سادا چىقمىغان بولسىمۇ، ماشىنا ئۈستىدە ئىككى جۇۋا تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ خاتىرجەم بولۇپ قالدىم. ماشىنا قوزغالدى. . . مەن جىڭ ئۇرۇشى قانداق بولغاندۇ، دەپ ئويلاپ كەبىنكە ئىچىگە قاراپ: «جىڭ ئۇرۇشى تۈگىدىمۇ» ، دەپ ۋاقىرىدىم. ماشىنىنىڭ باشلىقى ئابدۇرېھىم سوغۇق دېگەن كىشى: «ھە. . . قاتناش باشلاندى» ، دەپ جاۋاب بەرگەندەك قىلدى.

تەلكىنىڭ داۋىنى قىش كۈنى خەتەرلىك ئىدى. بىراق بۇ يەرگە كېلىپ ھەيران قالدىم. تەلكىنىڭ ئىچىدە توپ - توپ گومىنداڭ ئەسكەرلىرى ئۇزۇن پاختىلىق چاپانلىرىنى سۆرەپ، قولاقچىلىرىنى چۈكۈرۈپ كىيىپ، ئۇزۇن ياغاچ كۈرەكلەر بىلەن يولنى تازىلاۋاتاتتى. ئۇلار شۇنداق مۇلايىم قىياپەتتە تەرگە پېتىپ ئىشلەۋاتاتتى، باشلىرىدىن ھور كۆتۈرۈلۈپ تۇراتتى. ئۇلارغا نازارەت قىلىۋاتقان غالىب ئۈچ ۋىلايەت جەڭچىلىرى ئاپتوماتلارنى كۆتۈرۈشۈپ، بۇ ئەسىرلەرگە ئاندا - ساندا ۋارقىراپ قوياتتى.

مەن جەڭچىلىرىمىزدىن جىڭ ئۇرۇشى توغرۇلۇق سورىسام، ئۇلار كۈلۈپ تۇرۇپ: «بۇ ئەسىرلەرنى شۇ تەرەپتىن ئەكەلدۇق» ، دېدى. دېمەك، جىڭدىكى ئۇرۇشتىمۇ بىز غەلىبە قىلغان، گومىنداڭنىڭ بىر نەچچە 1000 ئەسكىرى زامانىۋى قۇراللار بىلەن بىزنىڭ قىسىملىرىمىزغا تەڭ كېلەلمەي مەغلۇپ بولغان. شۇڭا قىسىملىرىمىز دۈشمەننى سۈرۈپ شىخودىن ئۆتۈپ، ماناس دەرياسى بويىغىچە بارغان.

ماشىنىمىز تەلكىنىڭ داۋانلىرىدىن ئۆتۈپ كەچ كىرەي دېگەندە جىڭغا يېقىنلاشتى. ئەتراپتىكى دۆڭلۈكلەردە قۇم بارىخان-



لىرى ئارىسىدا گومىنداڭنىڭ ھەر خىل پوتەيلىرى جىم جىتلىق - زاۋاللىق ئىچىدە ۋەيران بولغان ھالەتتە كۆرۈنۈپ تۇراتتى. بۇ كۆرۈنۈشلەردىن كىشىلەر بىر قاراپلا بۇ يەردە يېقىندىلا قاتتىق ئۇرۇش بولغانلىقىنى بىلىۋالالايتتى. جىڭ بازىرى ئۇ چاغدا ھازىرقىدەك ئاۋات شەھەر بولمىغاچقا، بولۇپمۇ ئۇرۇش ۋەيرانچىلىقى تۈپەيلىدىن بازار ئەتراپى قاقاسلىقتا ئايلىنىپ قالغاندەك كۆرۈنەتتى. ماشىنىمىز بازار چېتىدىكى بىر تاشيول ئۆچاستىكىسىنىڭ ئالدىدا توختىدى. ئۆچاستىكىنىڭ دىجۇرنىسى قېشىمىزغا كېلىپ ياتىدىغان جاي بارلىقىنى ئېيتتى. ماشىنىمىز ئۆچاستىكىغا كىرگىچە مەن ئەتراپنى كۆرمەكچى بولۇپ، ماشىنىدىن چۈشۈۋالدىم. ئۆچاستىكىنىڭ ئالدى تەرىپىدە قۇم بارىخانلىرى ۋە قۇم كۆچۈشتىن مۇداپىئە كۆرۈپ ياسالغان قومۇش قاشالار قۇمغا كۆمۈلۈپ كېتەي دەپ قالغانىدى. يول ياقىسىدىكى دەرەخلەر يوپۇرماقسىز، جىم جىتلىق ئىچىدە بۇ ئەتراپ ئاجايىپ سۈرلۈك كۆرۈنەتتى. قۇم بېسىپ كەتكەن بىر ئېرىق ئىچىدە، قۇم ئارىلىرىدا مەغلۇپ بولۇپ جېنىدىن ئايرىلغان بىر نەچچە گومىنداڭ ئەسكىرىنىڭ ئۆلۈكى سوزايلىنىپ ياتاتتى. ئوڭدا ياتقان بىر جەسەت دىققىتىمنى تارتتى. يېقىن بېرىپ قارىسام، ئۇ ئوتقا قاقلانغان بىر قانچە جىڭمومىنى يىپقا تەسبىھدەك ئۆتكۈزۈپ بوينىغا ئېسىۋالغانىكەن. ئامال قانچە يېيىشكىمۇ ئۈلگۈرمەي جان بېرىپتۇ. بەزىلىرىنىڭ ئېسىۋالغان سومكىلىرىمۇ تۇراتتى. بۇ مەنزىرىدىن ئۇرۇشنىڭ يېقىندىلا بولغانلىقى بىلىنىپ تۇراتتى. ئەمەلىيەتتە ئۇرۇش بولغىلى بىر نەچچە كۈنلا بولغانىكەن. زاۋال ۋاقتى بولغاچقا، مەن دەرھال ئۆچاستىكىغا قايتىپ كۆرگەنلىرىمنى سەپداشلىرىمغا ئېيتىپ بەردىم. ھاياجىنىمنى باسالماي: «ياش - ياش باللار ئىكەن، نىمىشقىمۇ كەلگەندۇ» ، دېدىم. قالغانلارمۇ بېرىپ كۆرۈپ دەرھال مېڭىش قارارىغا كەلدى.

دىجورنى بىزگە: «تېخى يېقىندىلا ئۇرۇش توختاپ، بىر

قىسىم گومىنداڭچىلار قېچىپ كەتتى، ئەسىرگە چۈشكەنلىرىمۇ بار. بىزمۇ مۇكۇۋالغان جايلىرىمىزدىن بۇ يەرگە كېلىپ قىسىملىرىمىزنىڭ ئۆلۈكلەر ئارىسىدىن قورال - ياراقلارنى يىغىۋاتقانلىقىنى كۆردۇق. لېكىن بىر قىسىم ئۆلۈكلەرنى كۆمىدىغان ئادەم يوق، ھازىرغىچە تۇرۇۋاتىدۇ»، دېدى. بۇ ۋەھىمىلىك جايدىن يۇرۇپ كەتتۇق...

جىڭ - شىخو ئۇرۇشىنى ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ ھەل قىلغۇچ ئۇرۇشلىرىدىن بىرى دېيىشكە بولىدۇ. ئەگەر يەنە ئۇرۇش بولسا، تېخىمۇ زور كۆلەمدە ئۇرۇش بولغان بولاتتى. ئەمما 10 - ئاينىڭ ئوتتۇرلىرى ئۈچ ۋىلايەت ھۆكۈمىتى گومىنداڭ مەركىزىي ھۆكۈمىتى بىلەن تېچلىق سۆھبىتى ئۆتكۈزۈش، ئۇرۇشنى ھەممە فرونت بويىچە توختىتىش توغرىسىدا بۇيرۇق چۈشۈرۈپ، ئاقسۇ ۋە شىخو، جىڭ ئەتراپىدا ئۇرۇش ئومۇميۈزلۈك توختىغانىدى. 1946 - يىل 6 - ئايدا، ئۈچ ۋىلايەت تەرەپ بىلەن گومىنداڭ تەرەپ 11 ماددىلىق بىتىم ئىمزالىدى.

(ئاپتور: «شىنجاڭ گېزىتى» ئىدارىسىدىن)

جاۋابكار مۇھەررىر: جۈرئەت ئابلىمىت



# شىنجاڭنىڭ يېقىنقى ۋە ھازىرقى زامان تارىخىدىكى تەبىئىي ئاپەتلەر خاتىرىسى

1786 - يىل 6 - ئاينىڭ 19 - كۈنىدىن 22 - كۈنىگىچە، قەشقەر، ئۇچتۇرپانلاردا يەر تەۋرىدى. ئاپەت ئەھۋالى ئېنىق بولمىدى.

1786 - يىل 11 - ئاينىڭ 21 - كۈنىدىن 12 - ئاينىڭ 29 - كۈنىگىچە، قەشقەردە ۋابا كېسىلى تارقىلىپ 240 تۇياق ئات ئۆلدى.

1787 - يىل گۈچۈڭ، مورى، بارىكۆل قاتارلىق جايلاردا تارىختا ئاز كۆرۈلىدىغان قىراۋ چۈشۈش ئاپىتى يۈز بېرىپ، مەھسۇلات ئېغىر دەرىجىدە كەملەپ كەتتى، نۇرغۇن خەلق جان بېقىش ئۈچۈن سىرتقا چىقىپ كېتىشتى.

1788 - يىل 3 - ئايدا، تاغدىن كەلكۈن كېلىپ ئۈرۈمچى قەلئەسىنىڭ جەنۇبىدىكى پۇقرالارنىڭ 500 ئېغىز ئۆيىنى سۇ بېسىپ كەتتى. دۇتۇڭ شاڭ ئەن ئاپەتكە ئۇچرىغان ئاھالىلەرنىڭ ئۆي سېلىۋېلىشىغا ياردەم بېرىش ئۈچۈن، كەلكۈن بېسىپ كەتكەن ھەر بىر ئېغىز ئۆيگە بىر سەردىن كۈمۈش قۇتقۇزۇش بەردى.

1790 - يىل 8 - ئاينىڭ 15 - كۈنى، ئۈرۈمچى دەرياسىغا كەلكۈن كېلىپ مانجۇ يىڭىنىڭ تۈگمىنىنى ۋە ئۆي - جاي، زاپاس ئاشلىقلىرىنى سۇ بېسىپ كەتتى.

1813 - يىل 4 - ئاينىڭ 20 - كۈنى، قەشقەردە قۇرغاقچىلىق ئاپىتىگە ئۇچرىغان ئاھالىگە قەرز ھېسابىدا ئۇرۇقلۇق تارقى-

تىلدى.

1842 - يىل 7 - ئاينىڭ 11 - كۈنى، باركۆلدە ئەتىگەندە تۇيۇقسىز يەر تەۋرىدى. مانجۇ بازىرى بىلەن خەنزۇ بازىرىدىكى مۆلكى ئەمەلدارلار، ئەمەلدارلار تۇرۇشلۇق مەھكىمە ۋە ھەربىي ئىسكىلات جايلاشقان ئورۇنلاردىمۇ يەر تەۋرىدى. شەھەردىكى ئۆي - ئىمارەتلەرنىڭ ھەممىسى ئۆرۈلۈپ چۈشتى. سودىگەرلەر، پۇقرالارنىڭ ئۆي - ئىمارەتلىرىمۇ ئۆرۈلۈپ كەتتى ياكى قىڭغىيىپ قالدى. ھەربىيلەر، پۇقرالار، ئەر، ئاياللارنىڭ ھەممىسى ئوچۇقچىلىقتا چېدىر تىكىپ، ۋاقىتلىق تۇرالغۇ قىلدى. شۇ كۈنى بىر كېچە قاتتىق يامغۇر ياغدى. ئۇدا بىر نەچچە كۈن ئارىلاپ يەر تەۋرەپ تۇردى. يەر تەۋرەشتە بېسىلىپ ئۆلگەنلەر، زەخىملەنگەنلەر نەچچە 10 كىشىگە يەتتى. باركۆلنىڭ خەنزۇ بازىرىدا 23 نەپەر ئەر، ئايال تام بېسىۋېلىپ ئۆلدى. 13 كىشى زەخىملەندى، پۇقرالارنىڭ 5 مىڭ 463 ئېغىز ئۆيى يەر تەرۋەشتە ئۆرۈلۈپ چۈشتى.

شۇ كۈنى، قۇمۇلدا ئەتىگەندە قاتتىق يەر تەۋرىدى، پۇقرالارنىڭ ئۆي - ئىمارەتلىرى ئۆرۈلدى ياكى قىڭغىيىپ قالدى، نۇرغۇن ئادەم زەخىملەندى.

1851 - يىل 5 - ئايدا، غۇلجا شەھىرىدە قاتتىق يامغۇر ياغقانلىقى، نۇرغۇن قار سۇلىرى ئېقىپ كىرگەنلىكى، تاغدىن كەلكۈن كەلگەنلىكى تۈپەيلىدىن شەھەرنىڭ شەرقىدىكى ئۆستەڭدىن يار ئېلىپ كېتىپ، كۆۋرۈكلەرنى ئېقىتىپ كەتتى، ئېتىزلار سۇ ئاستىدا قالدى.

1859 - يىل كۈزدە، قاتتىق يامغۇر ياغقانلىقى، تاغدىن كەلكۈن كەلگەنلىكى تۈپەيلىدىن كۇرە شەھىرىنىڭ سىرتىدىكى ئىلى دەرياسىدىن يار ئېلىپ كېتىپ خۇ چېڭ دامبىسىنى بۇزۇۋەتتى.

1875 - يىل ئەتىيازدا، باركۆلدە يەر تەۋرىدى، ھاۋا كېلە-



ماتىدا نورمالسىزلىق كۆرۈلدى.

1877 - يىل تۇرپان، ئۈرۈمچى، سانجى، ماناسلاردا چېكەتكە ئاپىتى يۈز بەردى.

1878 - يىل 4 - ئاينىڭ 5 - كۈنى، تۇرپان رايونىدا 10 نەچچە يىلدىن بۇيان كۆرۈلۈپ باقمىغان قاتتىق يامغۇر، نەچچە 10 يىلدىن بۇيان كۆرۈلۈپ باقمىغان قاتتىق مۆلدۈر ياغدى.

1880 - يىل 8 - ئاينىڭ 14 - كۈنى، شىخونىڭ جەنۇبىي باش كوچىسىغا ئوت كەتتى، 73 سودا دۇكىنى كۆيۈپ كەتتى.

1882 - يىل 2 - ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا، ئۈرۈمچى قاتارلىق جايلاردا يەر تەۋرىدى.

1882 - يىل 3 - ئاينىڭ 16 - كۈنى، ئۈرۈمچىدە يەر تەۋرىدى. ئۈرۈمچىنىڭ دۇتۇڭى گۇتاڭ يەر تەۋرەش ئەھۋالىنى خان ئوردىسىغا دوكلات قىلىپ ئەنگە ئالدۇردى.

1882 - يىل يازدا، تاغدىكى قارلار ئېرىپ ئۈرۈمچىدىكى داشىگو دەرياسىنىڭ سۈيى كۆپىيىپ كەتتى، ئۇنىڭ ئۈستىگە يامغۇر يېغىپ تۇرغاچقا، سۇ بەك ئۇلغىيىپ ئۈرۈمچى ناھىيىسىدىكى گۇڭشىڭ ئۆستىڭىنىڭ باش، ئوتتۇرا، ئاياغ ئېقىنىدىن سۇ تېشىپ كەتتى.

1884 - يىلى (گۇاڭشۈينىڭ 10 - يىلى) شىنجاڭ رەسمىي ئۆلكە بولۇپ قۇرۇلدى. چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى ليۇ جىنتاڭنى شىنجاڭ ئۆلكىسىگە تۇنجى قېتىملىق شۈنفۇ (سەييارە سىلاۋچى) لىققا تەيىنلىدى. ليۇ جىنتاڭ 1889 - يىلغىچە ھاكىمىيەت بېشىدا تۇردى. ليۇجىنتاڭ ھاكىمىيەت بېشىدا تۇرغان بۇ مەزگىلدە، باشقا چوڭ ۋەقەلەردىن، شىنجاڭدا يەر ئۆلچەش ئېلىپ بېرىلدى. ئاساسلىق ئۈرۈمچى، ئاقسۇ، قەشقەر 3 ۋىلايەتتە يەر ئۆلچەپ جەمئىي 11 مىليون 480 مىڭ مۇ تېرىلغۇ يەر بارلىقىنى ئېنىقلىدى. بەگلىك تۈزۈمىنى رەسمىي ئەمەلدىن قالدۇردى. «شىنجاڭ بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش نىزامنامىسى» يولغا

قويۇلدى. چار روسىيە ئىلىمىزنىڭ پامىر رايونىغا يوشۇرۇنچە ئەسكەر كىرگۈزدى. 1889 ـ يىلى ليۇ جىنتاڭ رۇخسەت سوراپ ئىچكىرىگە قايتىپ كەتتى.

1885 ـ يىل 4 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنىدىن باشلاپ، چەرچەن ئەتراپلىرىدا ئۈدا بىر ھەپتە بوران چىقتى.

△ شۇ يىلى يەنە، كۈيتۈندە يەر تەۋرەپ بەزى ئۆيلەر ئۆرۈلدى، بەزىلىرى يېرىلىپ كەتتى.

1886 ـ يىل 2 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى گۈچۈڭ، ئۈرۈمچى، سانجى، فۇكاڭ، قۇتۇبى قاتارلىق جايلار قۇرغاقچىلىق ئاپىتىگە ئۇچرىغانلىقى ئۈچۈن، ئېلىنىدىغان غەللە پاراق كېمەيتىلدى ياكى كەچۈرۈم قىلىندى. گۈچۈڭ ناھىيىسىگە ئەتىيازلىق ئاپەتتىن قۇتقۇزۇش ياردىمى بېرىلدى.

1886 ـ يىلى، قەشقەردە ۋابا كېسىلى تارقالدى. چار روسىيە ۋابا كېسىلىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ يەتتە سۇ رايونىغا ۋە پەرغانە رايونىغا تارقىلىپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن، زېراندىل («قەشقەر ۋە تەڭرىتاغ تىزمىلىرىدىكى تاغ ئېغىزلىرى» دېگەن كىتابنى يازغان) نى قەشقەرگە تەدبىر قوللىنىشقا ئەۋەتتى.

1887 ـ يىلى، ماناستا ئەتىيازدا قىراۋ ئۇششۇك ئاپىتى، يازدا سۇ ئاپىتى، قىشتا ئۇششۇك ئاپىتى يۈز بەردى.

1887 ـ يىل 6 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى، ئاقسۇ كونىشەھەردە قاتتىق يامغۇر يېغىپ 7 ـ كۈنى توختىدى. يامغۇر سۈيىدە ئېرىق ـ ئۆستەڭلەر تېشىپ، زىرائەتلەر سۇ ئاستىدا قالدى، ئۆي ـ ئىمارەتلەر ئۆرۈلۈپ چۈشتى.

△ شۇ كۈنى يەنە، ئۇچتۇرپاندا قاتتىق بوران چىقتى، 7 ـ كۈنى قاتتىق يامغۇر ياغدى، زىرائەتلەرنى سۇ بېسىپ كەتتى، بەزى ئۆيلەر ئۆرۈلۈپ چۈشتى.

7 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى، بايدا ئۈدا يامغۇر يېغىپ كەلكۈن



كەلدى، زىرائەتلەر سۇ ئاستىدا قالدى، ئۆي ـ ئىمارەتلەر ئۆرۈلۈپ چۈشتى. ئارقىدىن مۆلدۈر يېغىپ خېلى ئېغىر زىيان كەلتۈردى.

9 ـ كۈنى، ئىلىدا ئىككى قېتىم يېنىك يەر تەۋرىدى.

8 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى، كۆز كىرگەندىن كېيىن بارىكۆلدە چاشقان ئاپىتى ئېغىرلاشتى، شۇ كۈنى قار يېغىپ كېتىپ زىرائەتلەر ئۇششۇپ كەتتى.

27 ـ، 29 ـ كۈنلىرى، ماناستا قار يېغىپ كېتىپ زىرائەتلەر ئۇششۇپ كەتتى.

8 ـ ئاينىڭ ئاخىرى 9 ـ ئاينىڭ باشلىرىدا، جىمىسار ئەتراپلىرىدا ئۇششۇك چۈشۈپ زىرائەتلەرنى ئۇششۇتۇۋەتتى.

△ يەنە شۇ ئايدا شىخودا ئۇششۇك چۈشۈپ زىرائەتلەرنىڭ يېرىمى ئۇششۇپ كەتتى.

1888 ـ يىلى، ماناستا قۇرغاقچىلىق ئاپىتى، چاشقان ئاپىتى، مۆلدۈر ئاپىتى يۈز بەردى.

1889 ـ يىلى (گۇاڭشۈينىڭ 14 ـ يىلى) ليۇجىنتاڭ رۇخسەت سوراپ ئىچكىرىگە قايتقاندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئورنىغا مەمۇرى ۋالىي ۋېي گۇاڭتاۋ مۇۋەققەت شۇنفۇ (سايىيارە سىلاۋچى) لىققا تەيىنلەندى. ئۇ 1891 ـ يىلغىچە ھاكىمىيەت بېشىدا تۇردى. ۋېي گۇاڭتاۋ ھاكىمىيەت بېشىدا تۇرغان مەزگىلدە، باشقا چوڭ ۋەقەلەردىن، ئەنگلىيە ھەربىي ئەمەلدارى يان. خاسپان پامىر رايونىمىزغا سوقۇنۇپ كىردى.

1889 ـ يىل 7 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى، ئىلىدىكى توققۇز كۆرەدە يەر تەۋرىدى، چېگرا قاراۋۇلخانىلىرىنىڭ 30 نەچچە ئېغىز ئۆيى، 122 گەز ئۇزۇنلۇقتىكى تېمى ئۆرۈلۈپ كەتتى. شۇ كۈنى ئالما ـ ئاتا، سەمەرقەنتتىمۇ يەر تەۋرىدى. ئىلىدا 100 نەچچە يىلدىن بۇيان بۇنداق قاتتىق يەر تەۋرىمىگەنىدى.

9 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى، ئىلىنىڭ سۈيدۈڭ قاتارلىق

جايلىرىدا يەر تەۋرىدى.

1891 ـ يىلى (گۇاڭشۈينىڭ 21 ـ يىلى) چىڭ ھۆكۈمىتى شەنشى ۋالىيسى تاۋمۇنى شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ شۇنفۇ (سەييارە سىلاۋچى) لىقىغا تەيىنلەندى، ئۇ 1895 ـ يىلىغىچە ھاكىمىيەت بېشىدا تۇردى. تاۋمۇ ھاكىمىيەت بېشىدا تۇرغان مەزگىلدە، باشقا چوڭ ۋەقەلەردىن، چار روسىيە ھەربىي ئەمەلدارى يانوۋ ئىككى قېتىم پامىر رايونىغا ئەسكەر باشلاپ كىرىپ چيەنلۇڭ خان دەۋرى- دە ئورنىتىلغان خاتىرە تاشنى ئوغرىلاپ كەتتى، جۇڭگو قاراۋۇل- خانىسىنى بېسىۋالدى. جۇڭگو ـ روسىيە پامىردا چېگرا ئايرىش سۆھبىتى ئېلىپ باردى. شيۈتسىيىلىڭ ئېكسپېدىتسىيىچى سى- ۋېن. ھېدىن تۇنجى قېتىم شىنجاڭغا كېلىپ تەكشۈرۈش ئېلىپ باردى. روسىيە بىلەن ئەنگلىيە ئۆزئارا ھۆججەت ئالماشتۇرۇپ، جۇڭگو ھۆكۈمىتىگە تۇيدۇرماي پامىرنى ئۆزلىرىچە بۆلۈشىۋال- دى. چارروسىيىنىڭ تۇرپاندا تۇرۇشلۇق كونسۇلخانىسى ئۈرۈم- چىگە كۆچۈرۈلۈپ، باش كونسۇلخانا دەپ ئاتالدى.

1891 ـ يىل 2 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى، ئاپەتكە ئۇچرىغان يەكەن، قاغىلىق ئىككى ناھىيىدىن ئېلىنغان غەللە ـ پاراق ئازايتىلدى.

8 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى، ۋېي گۇاڭتاۋ ئاقسۇ كونىشەھەردە سۇ ئاپىتى، مۆلدۈر ئاپىتى يۈز بەردى، بارىكۆل ئاپەتكە ئۇچرى- دى، دەپ مەلۇمات يوللىدى.

1892 ـ يىل 5 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى، ئاقسۇدا يەر تەۋرىدى، يەر غەربتىن شەرققە تەۋرىدى.

7 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى، ئىلىدا قاتتىق يەر تەۋرىدى، يەر تەۋرەش تۆت سېكۇنت داۋاملاشتى، يەر شىمالغا قاراپ تەۋرىدى. شىخودا يەر غەربتىن شىمالغا قاراپ تەۋرىدى.

9 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى، سەييارە سىلاۋچى تاۋمۇ تۇرپان قاتارلىق ئايماق، ناھىيىلەرنىڭ سۇ ئاپىتىگە، مۆلدۈر ئاپىتىگە،



ئۇششۇك ئاپىتىگە، قۇرغاقچىلىق ئاپىتىگە ئۇچرىغانلىق ئەھۋالى- نى مەلۇم قىلدى.

12 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى، تاۋمۇ يەكەن دەرياسىنىڭ سۈيى تېشىپ كېتىپ خەلقنىڭ 140 ئېغىز ئۆيى سۇ ئاستىدا قالغانلىقى ۋە 3 مىڭ 900 نەچچە مو ئېتىزنى سۇ بېسىپ كەتكەنلىكى توغرىسىدا مەلۇمات يوللىدى.

1893 ـ يىل 12 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى، كۇچا ناھىيە بازىرىنىڭ غەربىي جەنۇبىي قىسمىدا 6.75 بال يەر تەۋرىدى.

12 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى، ئاقسۇدا 6.50 بال يەر تەۋرى- دى. يەر تەۋرىگەندە ئەتراپنى غەيرى ئاۋاز قاپلىغان بولۇپ ئۆي ـ ئىمارەتلەرنىڭ يېرىمىدىن كۆپرەكى ئۆرۈلۈپ چۈشتى؛ ئۆل- گەن، يارىلانغان ئادەم ۋە چارۋىلارنىڭ سانى خېلى كۆپ بولدى، قۇرام تاشلار غۇلاپ چۈشۈپ، تۇز جىلغا ياكى يادائلىقتا ئايلىنىپ يەردىن بۇلدۇقلاپ سۇ چىقىپ كەتتى.

1893 ـ يىل 1 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى، ئۇششۇك ئاپىتىگە، مۆلدۈر ئاپىتىگە، سۇ ئاپىتىگە، قۇرغاقچىلىق ئاپىتىگە ئۇچرىغان تۇرپان، بارىكۆل، ئۈرۈمچى، گۇچۇڭ، فۇكاڭ، يەكەن، قاغى- لىق يەتتە ئايماق، ناھىيىلەردىن ئالىدىغان غەللە ـ پاراق، ئوت ـ چۆپ سېلىقى ئازايتىلدى.

12 ـ ئاينىڭ 17 ـ، 27 ـ كۈنلىرى، كۇچادا ئۇدا يەر تەۋرىدى، شەھەر ئىچىدىكى ئۆي ـ ئىمارەتلەر ئۆرۈلۈپ چۈشتى، نۇرغۇن ئادەم ئۆلدى ۋە زەخىملەندى. جەمئىي 553 ئېغىز ئۆي ئۆرۈلۈپ چۈشتى، توققۇز ئەر ـ ئايال ئۆلدى، 33 كىشى زەخمى- لەندى.

1894 ـ يىل 1 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى، سۇ ئاپىتىگە ئۇچرىغان كۇچا، يەكەن، گۇچۇڭدىن ئېلىنىدىغان يەرلىك غەللە ـ پاراق ئازايتىلدى، ئۇرۇقلۇق ئۆتنە بېرىلدى.

△ يەنە شۇ يىلى، ئۈرۈمچىدىكى يۇڭفىڭ شەرقىي ئۆستىڭە-

نىڭ دامبىسىنىڭ 320 گەز ئۇزۇنلۇقتىكى يېرىنى يار ئېلىپ كەتتى، داشىگودا سۇ تېشىپ كەتتى. گۇڭشىڭ ئۆستىڭى، تەيىپىڭ ئۆستىڭىدىنمۇ سۇ تېشىپ كەتتى.

1895 - يىلى 7 - ئاينىڭ 5 - كۈنى، قەشقەر كونىشەھەردە ئىككى قېتىم يەر تەۋرىدى. بىرىنچى قېتىم 20 سېكۇنت تەۋرىدى، ئىككىنچى قېتىم ئاجىزراق تەۋرىدى، ئېغىر زىيان بولمىدى.

△ يەنە شۇ كۈنى، تاشقورغاندىمۇ يەر تەۋرىدى.

1895 - يىلى (گۇاڭشۈينىڭ 21 - يىلى) شىنجاڭنىڭ مەمۇرى ۋالىيسى رويىڭچى ئۈستورۇلۇپ تاۋمۇنىڭ ئورنىغا شۇنفۇ (سەييارە سالاۋچى) بولدى. ئۇ 1902 - يىلغىچە ھاكىمىيەت بېشىدا تۇردى. رويىڭچى ھاكىمىيەت بېشىدا تۇرغان مەزگىلدە، باشقا چولڭ ۋەقەلەردىن، جۇڭگو - روسىيە «غالىبىيەت» بانكىسى ئۈرۈمچى، غۇلجا، قەشقەرلەردە شۆبە بانكا قۇردى. چاررۇسىيەلىك كىلىپېنتىز، كوزلوۋ ۋە شېۋېتسىيىلىك سۋېن. ھېدىن (2 - قېتىم)، ئەنگلىيىلىك ستەيىن ۋە ياپونىيە ئوتانى ئېكسپېدىتسىيە ئەترىتى قاتارلىقلار شىنجاڭغا كېلىپ تەكشۈرۈش، قېزىش ئېلىپ باردى ۋە مەدەنىي يادىكارلىقلارنى ئوغرىلاپ كەتتى. چاررۇسىيە ئەسكەر چىقىرىپ ئىلىغا بېسىپ كىردى. ئىلىدا تېز پۈتتۈرۈش ھەربىي مەكتىپى ۋە ئوفىتسېرلار مەكتىپى قۇرۇلدى. ئۈرۈمچىدە سىياسىي - قانۇن مەكتىپى ۋە ساقچى مەكتىپى قۇرۇلدى.

1896 - يىل 3 - ئاينىڭ 4 - كۈنى، سارىكۆلدە يەر تەۋرەپ قىرغىزلاردىن يەتتە ئەر - ئايال ئۆلدى، ئۈچ كىشى زەخىملەندى، بىر ئەسكەر ئۆلدى، 42 ئېغىز ئۆي ئۆرۈلۈپ چۈشتى،

6 - ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا، ئۈرۈمچىنىڭ شىمالىدىكى يېزىلىرىدا چېكەتكە ئاپىتى يۈز بېرىپ، بۇغدايلارنى زىيانغا ئۇچرات-



تى.

7 - ئاينىڭ 6 - كۈنى، قەشقەر يېڭىشەھەرنىڭ خانئېرىق قاتارلىق يېزا - كەنتلىرىدە بوران - چاپقۇن، مۆلدۈر ئاپىتى يۈز بەردى، كۆزلۈك زىرائەتلەر زىيانغا ئۇچرىدى. 12 مىڭ 350 مو 9 پۇڭ 7 لى يەردىكى زىرائەت ئاپەتكە ئۇچرىدى. 1274 ئائىلە زىيانغا ئۇچرىدى، 63 ئېغىز ئۆي ئۆرۈلۈپ چۈشتى، بىر ئۇيغۇر ئايال، 125 كالا، 25 ئات، 179 ئېشەك ئۆلدى.

11 - ئاينىڭ 1 - كۈنى، قەشقەر كونىشەھەردە يەر تەۋرەپ، شەھەر، يېزىلاردا 73 ئېغىز ئۆي ئۆرۈلۈپ چۈشتى، يەتتە ئەر - ئايال ئۆلدى، بەش كىشى زەخىملەندى.

11 - ئاينىڭ 25 - كۈنى، ئۈرۈمچى چېكەتكە ۋە مۆلدۈر ئاپىتىگە ئۇچرىدى. رۇ يۇڭچى چىڭ سۇلالىسى ئوردىسىدىن ياردەم تەلەپ قىلدى.

1897 - يىلى 7 - ئاينىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا، قۇتۇبىدىكى فاڭساۋخۇ، سىگجياچۇي قاتارلىق جايلار تويۇقسىز چېكەتكە ئاپىتىگە ئۇچراپ، 9 مىڭ 279 مو يەردىكى زىرائەت زىيانغا ئۇچرىدى. 7 - ئاينىڭ 17 - كۈنى، چېكەتكىلەر ماناس ناھىيىسىنىڭ شەرقىي جەنۇبىدىكى يېزىلارغا ئۇچۇپ كىرىپ، 2 مىڭ 82 مو 2 پۇڭ 5 لى يەردىكى زىرائەتكە زىيان سالدى.

8 - ئاينىڭ 7 - كۈنى، قەشقەرنىڭ لوڭكو ئۆستىڭىدە سۇ تېشىپ كېتىپ كۆۋرۈكنى بۇزۇۋەتتى.

8 - ئاينىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا، ئۇچتۇرپاننىڭ تاغلىق رايونلىرىدا ئۇدا قاتتىق يامغۇر يېغىپ توشقان دەرياسى يار كەتتى. دەريا ياقىسىغا جايلاشقان يېڭىسار، يۇلغۇن قاتارلىق 13 يېزا - كەنىتتىكى 3 مىڭ 131 مو يەردىكى زىرائەتنى سۇ بېسىپ كەتتى، 146 ئېغىز ئۆي ئۆرۈلۈپ چۈشتى.

11 - ئاينىڭ 19 - كۈنى، كېچىدە تاشقورغاننىڭ مىڭتېكە ئەتراپىدا 2 قېتىم يەر تەۋرىدى، ئەتىسى يەنە تەۋرىدى.

1898 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 26 ـ، 27 ـ كۈنلىرى ئىلىنىڭ سايرام جىلغىسىدا قاتتىق قار ياغقاچقا، ئادەم ۋە ئات ـ ئۇلاغلارنىڭ يولى توسۇلۇپ قالدى.

28 ـ كۈنى، ئىلىدىكى كۈرە شەھىرىگە كەلكۈن كېلىپ پۇقرالارنىڭ 606 ئېغىز ئۆيى ئۆرۈلۈپ چۈشتى، 140 ئائىلە ئاپەتكە ئۇچرىدى، بىر ئادەم (ئەر) سۇدا ئۆلدى.

4 ـ ئاينىڭ 16 ـ، 17 ـ كۈنلىرى، تۇرپاندا قارا بوران چىقىپ، غەربىي شىمال يولىدىكى 97 ستولبا، توقسۇندا 44 ستولبا ئۆرۈلۈپ كەتتى.

5 ـ، 6 ـ ئايلاردا، قارا شەھەر، شىخولاردا چېكەتكە ئاپىتى يۈز بەردى.

6 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى، قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسىدە قاتتىق يەر تەۋرىدى، ۋاقتى بىر مىنۇتتىن ئىككى مىنۇتقىچە داۋاملاشتى. 525 ئېغىز ئۆي ئۆرۈلۈپ چۈشتى، 47 ئادەم ئۆلدى، 85 ئادەم زەخىملەندى، 118 كالا، ئېشەك، قوي ئۆلدى. سۇخۇلۇڭ قاراۋۇلخانىسىنىڭ ئۆيلىرىمۇ ئۆرۈلۈپ چۈشتى.

22 ـ كۈنى، قەشقەر كونىشەھەر ناھىيىسىدە يەنە يەر تەۋرىدى، 34 نەپەر ئادەم ئۆلدى.

6 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى، سۇيدۇڭ ناھىيىسىدە كەلكۈن ئاپىتى يۈز بېرىپ 606 ئېغىز ئۆي ئۆرۈلۈپ چۈشتى. 25 ـ، 26 ـ كۈنلىرى، بارىكۆلدە قاتتىق يامغۇر يېغىپ كەلكۈن ئاپىتى يۈز بەردى. 200 نەچچە مو يەردىكى زىرائەت سۇ ئاستىدا قالدى.

8 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى، ئۈرۈمچى ناھىيىسىنىڭ بەنفاڭگو، تۇگۇڭ، ئەرگۇڭ، چىگۇڭ قاتارلىق جايلىرىدا مۆلدۈر يېغىپ، 4 مىڭ 360 مو يەردىكى كۈزلۈك زىرائەت زىيانغا ئۇچرىدى.

9 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى، تۇرپاننىڭ تۇيۇق، مۇرتۇق قاتارلىق جايلىرىدا قاتتىق يامغۇر ياغدى. ئېرىق ـ ئۆستەڭلەردىكى سۇ تېشىپ كېتىپ بىر مىڭ 410 توپ ئۈزۈم تېكىنى ئېقىتىپ



كەتتى. 117 مو يەردىكى زىرائەتنى سۇ بېسىپ كەتتى، 120 ئېغىز ئۆي ئۆرۈلۈپ چۈشتى، بىر ئەركىشى، بىر كالا، 16 ئېشەك ئۆلدى.

10 ـ ئايدا، قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسىدە يەر تەۋرىدى، ئارقىدىن مۆلدۈر ئاپىتى يۈز بەردى.

1899 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى، سۇ ئاپىتىگە، چېكەتكە ئاپىتىگە ئۇچرىغان تۇرپان، ئۈرۈمچى قاتارلىق جايلارغا قۇتقۇزۇش ياردىمى بېرىلدى.

4 ـ ئاينىڭ 22 ـ، 23 ـ كۈنلىرى، قەشقەردە قاتتىق بوران چىقىپ 80 نەچچە ستولبىنى ئۆرىۋەتتى.

7 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى، باي ناھىيىسىنىڭ بەزى جايلىرىدا مۆلدۈر يېغىپ، زىرائەتلەرنى ئېغىر زىيانغا ئۇچراتتى.

7 ـ، 9 ـ ئايلاردا، قەشقەر كونىشەھەر ناھىيىسىگە قاراشلىق ئۈستۈن ئاتۇش، ئاغۇ قاتارلىق جايلاردا سۇ ئاپىتى يۈز بېرىپ، 3392 مو يەردىكى زىرائەت ۋە 254 ئائىلە ئاپەتكە ئۇچرىدى.

△ بايدىكى قۇشتېمى دېگەن جايدا سۇ ئاپىتى يۈز بېرىپ، 13 مىڭ 215 مو يەردىكى زىرائەت زىيانغا ئۇچرىدى. چوڭ، قىزىل قاتارلىق جايلاردا سۇ ئاپىتى ۋە مۆلدۈر ئاپىتى يۈز بېرىپ، 5 مىڭ 277 مو يەردىكى زىرائەت زىيانغا ئۇچرىدى، 33 ئېغىز ئۆي ئۆرۈلۈپ چۈشتى.

1900 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى، كۇچانىڭ بەزى جايلىرىدا كەلكۈن ئاپىتى يۈز بېرىپ، 78 ستولبا ئۆرۈلۈپ چۈشتى.

7 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى، ئاپەتكە ئۇچرىغان قەشقەر كونىشەھەر، باي ئىككى ناھىيىدىن ئېلىنىدىغان باج ـ سېلىق كەچۈرۈم قىلىندى.

△ شۇ يىلى يازدا بارىكۆل، گۇچۇڭ، چۆچەكلەردە قۇرغاق-

چىلىق ئاپىتى، بوران ئاپىتى يۈز بەردى.

1901 - يىلى 2 - ئاينىڭ 14 - كۈنى، ئاپەتكە ئۇچرىغان باركۆل، گۇچۇڭ، چۆچەكتىن ئېلىنىدىغان غەللە - پاراق ئازايتىلدى.

6 - ئاينىڭ 17 -، 18 - كۈنلىرى، كۇچانىڭ تەكلىك قاتارلىق يېزىلىرىغا كەلكۈن كېلىپ ئۆيلەرنى ئېقىتىپ كەتتى، نۇرغۇن زىرائەت زىيانغا ئۇچرىدى.

6 - ئاينىڭ 28 - كۈنى، مارالبېشىغا تەۋە مەكىت ۋە يۇقىرى ئۆتەڭ قاتارلىق جايلاردا مۆلدۈر ئاپىتى يۈز بېرىپ، 15 مىڭ 219 مو يەردىكى زىرائەت زىيانغا ئۇچرىدى.

7 - ئاينىڭ ئوتتۇرلىرىدىن 9 - ئاينىڭ ئالدىنقى يېرىمىغىچە، ماناستىن قۇتۇبىغىچە بولغان جايلاردا چوما كېسىلى تارقىلىپ، 50 نەچچە كۈندە 200 دىن ئارتۇق ئادەم ئۆلدى.

1902 - يىلى، شىنجاڭنىڭ مەمۇرىي ۋالىيسى فەن شاۋسۇ ئۆستۈرۈلۈپ روبىگچېننىڭ ئورنىغا شۇنفۇ (سەييارە سالاۋچى) بولۇپ تەيىنلەندى. ئۇ 1905 - يىلىغىچە ھاكىمىيەت بېشىدا تۇردى. فەن شاۋسۇ ھاكىمىيەت بېشىدا تۇرغان مەزگىلدە، باشقا چوڭ ۋەقەلەردىن، ئىلىدىن روسىيىنىڭ ئالما - ئاتا شەھىرىگە ئوقۇغۇچى ئەۋەتىش باشلاندى. ئامېرىكىلىق كېنچېنتون، گېرمانىيىلىك فون. لىكوك، روسىيىلىك ئوبروچېۋ شىنجاڭغا كېلىپ تەكشۈرۈش ئېلىپ باردى ۋە مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى ئوغرىلاپ كەتتى. ئۈرۈمچىدىكى ئەسلىدىكى بىلىم يۇرتى مەكتەپكە ئۆزگەرتىلىپ، چەت ئەل تىلى دەرسى ئۆتۈلىدىغان بولدى.

1902 - يىلى 5 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن 4 - كۈنىگىچە، ئىلىدىكى سايرام جىلغىسىدا يامغۇر يېغىپ، سۇ تېشىپ كېتىپ ئۈچ كۆۋرۈكنى سۇ ئېقىتىپ كەتتى.

5 - ئاينىڭ كېيىنكى يېرىمىدا، ئىلى تاغلىرىدا ئۇدا يامغۇر يېغىپ كەلكۈن كەلگەچكە، قاش دەرياسىنىڭ سۈيى تېشىپ كەت-



تى.

6 - ئايدا، مارالبېشىدا چېكەتكە ئاپىتى يۈز بەردى.

7 - ئاينىڭ 23 - كۈنى چۈشتىن كېيىن، مارالبېشىدا چوڭ مۆلدۈر يېغىپ، 2 مىڭ مودىن كۆپرەك يەردىكى زىرائەتنى زىيانغا ئۇچراتتى.

8 - ئاينىڭ 22 - كۈنى، چۈشتىن بۇرۇن سائەت 8 ئەتراپىدا قەشقەردە تارىختىن بۇيانقى ئەڭ قاتتىق يەر تەۋرىدى، قاتتىق تەۋرىگەن جايلاردا 10 بالىدىن ئېشىپ كەتتى. يەر تەۋرەش بىر يېرىم مىنۇت داۋاملاشقان بولۇپ، ئۆرۈلگەن ئۆي 10 مىڭ ئېغىزغا، ئۆلگەن ئادەم 1000 غا يەتكەن؛ تاغلار گۈمۈرۈلۈپ، يەرلەر يېرىلغان، ھېيتگاھ جامەسىنىڭ ئىشىكى بۇزۇلغان، ئىككى تەرەپتىكى مۇنارلار ئۆرۈلۈپ چۈشكەن، تاملىرى يېرىلغان. شۇ ئاينىڭ 30 - كۈنى ۋە 9 - ئاينىڭ 3 - كۈنى يەنە يەر تەۋرىگەن، قالدۇق يەر تەۋرەش ئۇدا 2 يىل داۋاملاشقان.

9 - ئاينىڭ 11 - كۈنى، تۇرپاننىڭ ئاقبۇلا دېگەن يېرىدە قاتتىق يامغۇر يېغىپ، كەلكۈن سۈيى نۇرغۇن ستولبىلارنى ئۆرۈۋەتتى، سۇ توققۇز ھارۋىنى ئېقىتىپ كەتتى، 12 ئادەم ئۆلدى.

10 - ئاينىڭ 1 - كۈنى، باركۆلدە مۆلدۈر ئاپىتى يۈز بەردى.

10 - ئاينىڭ 15 - كۈنى چۈشتە، قارا شەھەردە قاتتىق يەر تەۋرىدى.

1903 - يىلى 2 - ئاينىڭ 28 - كۈنى، ئاپەتكە ئۇچرىغان باركۆل ۋە قەشقەر كونىشەھەرنىڭ ئاشلىق، ئوت - چۆپ سېلىقى كەچۈرۈم قىلىندى.

△ ئەتىيازدا، ئۈرۈمچىدە ئۇدا 10 كۈن قاتتىق يەر تەۋرىگەچكە، خىش تاملار يېرىلىپ كەتتى، ئاھالە ئوچۇقچىلىقتا قونۇشقا مەجبۇر بولدى.

8 - ئاينىڭ 16 - كۈنى، بوران، ئۇششۇك ئاپىتىگە ئۇچرى-

غان تۇرپاننىڭ غەللە - پاراق سېلىقى كەچۈرۈم قىلىندى.

11 - ئاينىڭ 26 - كۈنى، ئۈششۈك ئاپىتىگە ئۇچرىغان فۇكاڭ ناھىيىسىنىڭ غەللە - پارىقى كېمەيتىلدى.

△ شۇ يىلى يەنە، ماناس، بارىكۆللەر چېكەتكە، مۆلدۈر ئاپىتىگە ئۇچرىدى.

1904 - يىلى 5 - ئاينىڭ 1 - كۈنى، ئاپەتكە ئۇچرىغان ماناس، بارىكۆل، فۇكاڭ ئۈچ ناھىيىدىن ئېلىنىدىغان غەللە - پاراق كېمەيتىلدى.

1905 - يىلى (گۇاڭشۈينىڭ 31 - يىلى) چىڭ ھۆكۈمىتى ئەنخۈي شۈنفۇسى لەن كۈينى يۆتكەپ كېلىپ شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ شۈنفۇ (سەييارە سىلاۋچى) لىقىغا تەيىنلىدى. ئۇ 1910 - يىلىغىچە ھاكىمىيەت بېشىدا تۇردى. لەن كۈي ھاكىمىيەت بېشىدا تۇرغان مەزگىلدە، باشقا چوڭ ۋەقەلەردىن، جۇڭگو - روسىيە «غالىبىيەت» بانكىسى 20 مىڭ روبلى قەرز پۇل بېرىپ، تۇرغات ئېغىزىدىن قەشقەرگىچە بولغان يولنى ياساتتى. فرانسىيىلىك پېللىئوت، ئەنگلىيىلىك ئاۋرېل ستېيىن، ياپونىيىلىك جىر ۋېچاۋ، روسىيىلىك ئولدېنبورگلار شىنجاڭغا كېلىپ، مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى قېزىپ ئوغرىلاپ كەتتى. ئۈرۈمچىدە قىسقا مۇددەتلىك دارىلمۇئەللىمىن سىنىپى ۋە ئۆلكىلىك ئوتتۇرا مەكتەپ قۇرۇلدى. قۇمۇلدا تورپاق يېغىلىقى بولدى. ئۆلكىلىك ئوقۇش - ئاقارتىش باشقۇرۇش مەھكىمىسى قۇرۇلدى. ئۈرۈمچىدە ۋاڭ گاۋشىڭ قوزغىلىڭى بولدى.

1906 - يىلى 3 - ئاينىڭ 2 - كۈنى، يەكەندە يەر تەۋرىدى.

3 - ئاينىڭ 3 - كۈنى، كۇچادا يەر تەۋرىدى.

4 - ئاينىڭ 16 - كۈنى، ئۆتكەن يىلى ئاپەتكە ئۇچرىغان يېڭىسارنىڭ ئاشلىق، ئوت - چۆپ سېلىقى كەچۈرۈم قىلىندى.

5 - ئاينىڭ 30 - كۈنى، يەكەندىكى كەلكۈن ئاپىتىگە



ئۇچرىغان يەرلەردىن ئېلىنىدىغان غەللە - پاراق كەچۈرۈم قىلىندى.

12 - ئاينىڭ 23 - كۈنى، ئۈرۈمچىدە 15 مىنۇت يەر تەۋرىدى. ماناستا سەككىز بال يەر تەۋرەپ ئاپەت خېلى ئېغىر بولدى. شىمالدا چۆچەك، شىخۇ، جەنۇبتا تۇرپان، قارا شەھەر قاتارلىق جايلارمۇ ئاپەتنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىدى.

1907 - يىلى 6 - ئاينىڭ 2 - كۈنى، تەڭرى تېغى ئەتراپلىرىدا يەر تەۋرىدى. ئۈرۈمچىدە خېلى كۆپ ئۆيلەر ئۆرۈلۈپ كەتتى.

1909 - يىلى 5 - ئاينىڭ 15 - كۈنى، چېكەتكە ۋە سۇ ئاپىتىگە ئۇچرىغان بارىكۆل، يەكەن، فۇكاڭ، جىمىسار قاتارلىق جايلاردىن ئېلىنىدىغان غەللە - پاراق كېمەيتىلدى.

1910 - يىلى (شۈەنتۇڭنىڭ 2 - يىلى) شەندۇڭ ئۆلكىسىنىڭ سەييارە سىلاۋچىسى يۈەن داخۇا يۆتكەپ كېلىنىپ، شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ سەييارە سىلاۋچىسىغا تەيىنلەندى. ئۇ 1912 - يىلىغىچە ھاكىمىيەت بېشىدا تۇردى. يۈەن داخۇا ھاكىمىيەت بېشىدا تۇرغان مەزگىلدە، باشقا چوڭ ۋەقەلەردىن، چاررۇسىيە ئەسكەر چىقىرىپ ئالتايغا تاجاۋۇز قىلدى، قانۇنسىز ھالدا جەنۇبىي شىنجاڭدا روسىيە مۇھاجىرلىرىنى كۆپەيتىشنى جىددىيلەشتۈردى. ليۇ شيەنجۈن ئۈرۈمچىدە قوزغىلاڭ كۆتۈردى. ئىلىدا قوزغىلاڭ كۆتۈرۈلدى ۋە گۇاڭفۇ، ياڭ زەنشۈيلەر باشچىلىقىدا ئىلى ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتى قۇرۇلدى. يۈەن داخۇا ئىلى قوزغىلىڭىنى باستۇرۇش ئۈچۈن ئەسكەر چىقىرىپ مەغلۇب بولدى ۋە كېلىشىم قىلىندى. چاررۇسىيە تاجاۋۇزچىلىرى ئىلى بىلەن قەشقەرگە بېسىپ كىردى. چېرا خەلقلىرىنىڭ چاررۇسىيىگە قارشى كۈرىشى پارتلىدى. تۆمۈر خەلىپە باشچىلىقىدىكى قۇمۇل، تۇرپان خەلقلىرىنىڭ قوزغىلىڭى پارتلىدى. 1912 - يىلى يۈەن داخۇا روخسەت سوراپ ئىچكىرىگە قايتتى.

1911 - يىلى، تەڭرى تېغىنىڭ شىمالىي قىسمىدا يەر تەۋرەپ 450 ئادەم ئۆلدى، بەزى يەرلەر يېرىلىپ كەتتى.

1910 - يىلى 9 - ئاينىڭ 3 - كۈنى، سۇ ئاپىتىگە ئۇچرىغان كۇچا، پىچان ناھىيىلىرىدىن ئېلىنىدىغان غەللە - پاراق كېمەيتىلدى.

1912 - يىلى، شايار ناھىيىسىنىڭ غەربىدىكى ياقا بۇلاق قاتارلىق تۆت كەنت ئۆگەن دەرياسىغا كەلگەن كەلكۈننىڭ زەربىسىگە ئۇچرىدى، 2576 مو يەردىكى زىرائەت سۇ ئاستىدا قالدى.

1912 - يىلى يۈەن داخۇا روخسەت سوراپ ئىچكىرىگە قايتقاندىن كېيىن، بېيجىڭ ھۆكۈمىتى ئۈرۈمچى ۋالىيسى قوشۇمچە مۇپەتتىش ياڭ زېڭشىننى شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ دۇدۇسى (باش مۇپەتتىش) قىلىپ تەيىنلىدى. ئۇ 1928 - يىلغىچە ھاكىمىيەت بېشىدا تۇردى. ياڭ زېڭشىن ھاكىمىيەت بېشىدا تۇرغان مەزگىلدە، باشقا چوڭ ۋەقەلەردىن، ھىيلە نەيرەڭ ئىشلىتىپ قۇمۇل، تۇرپان دېھقانلىرى قوزغىلىڭىنى ئاجىزلاشتۇردى. قوزغىلاڭ داھىيسى تۆمۈر خەلپە ۋە مۇيدىنلەرنى ئالداپ ئۈرۈمچىگە ئېلىپ كېلىپ ئۆلتۈرىۋەتتى. چارروسىيە ئالتايدا قانۇنسىز ھالدا كونسۇلخانا قۇردى، ئالتايدا ئەسكەر تۇرغۇزدى ھەمدە بۇ يەرگە ئاھالە كۆچۈردى. ياڭ زېڭشىن يۈەن شىكەينىڭ پادىشاھ بولۇشىغا قارشى تۇرغانلارنى ئۆلتۈردى. شىنجاڭدا قەغەز پۇل قالايمىقان تارقىتىلىپ، ئۇنىڭ مىقدارى 9 مىليون سەردىن ئاشتى، پۇل پاخاللىشىپ، پۇل مۇئامىلە ئىشلىرى قالايمىقانلاشتى. مەمتىلىخان كۇچادا توپىلاڭ كۆتۈردى.

ئالتاي رايونى شىنجاڭ تەۋەلىكىگە ئايرىلىپ ئالتاي ۋىلايىتى تەسىس قىلىندى. ئاق ئورۇسلار شىنجاڭغا كىرىپ پاراكەندىچىلىك تۇغدۇردى. سوۋېت قىزىل ئارمىيىسى شىنجاڭغا كىرىپ ئاق ئورۇسلارنى يوقاتتى. شىنجاڭ روسچە سىياسىي قانۇن مەكتىپى قۇرۇلدى. سوۋېت ئىتتىپاقى ئۈرۈمچى، ئالتاي، غۇلجا،



چۆچەك، قەشقەرلەردە كونسۇلخانا قۇردى، جۇڭگو شەمەي، زەيسان، ئالما - ئاتا، تاشكەنت ۋە ئەنجان بەش جايدا كونسۇلخانا قۇردى. نەنجىڭ ھۆكۈمىتى ياڭ زېڭشىننى شىنجاڭنىڭ ئۆلكە رەئىسلىكىگە قوشۇمچە چېگرا مۇداپىئە ئىشلىرىنى باشقۇرۇشقا بەلگىلىدى. ئەنگلىيىلىك ستەيىن 3 - قېتىم، گېرمانىيىلىك فون. لىكوك 2 - قېتىم شىنجاڭغا كېلىپ، مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى قېزىپ ئوغرىلاپ كەتتى. ياڭ زېڭشىن قەشقەردە مافۇشىڭ كۈچلىرىنى تازىلىدى. ياڭ زېڭشىن ھۆكۈمرانلىق قىلغان مەزگىلدە، ئۆز يېقىنلىرى ۋە يۇرتلۇقلىرىنى ئىشقا قويۇش، ھەرقايسى مىللەتلەرنى ئۆز ئارا ئىسكەنجىلەش، بېكىنمىچىلىك ۋە خەلقنى نادانلىقتا قالدۇرۇشتىن ئىبارەت قالاق، ئىپتىدائىي سىياسەتنى يۈرگۈزۈپ، شىنجاڭنىڭ تەرەققىياتىنى نەچچە 10 يىل ئارقىغا سۈرۈۋەتتى. 1928 - يىلى 7 - ئاينىڭ 7 - كۈنى، ياڭ زېڭشىن روسچە سىياسىي قانۇن مەكتىپىنىڭ تۇنجى قارار ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ئوقۇش پۈتتۈرۈش مۇراسىمىدىن كېيىن ئۆتكۈزۈلگەن زىياپەتتە ئېتىپ ئۆلتۈرۈلدى، شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ شىنجاڭدىكى 17 يىللىق رەزىل ھۆكۈمرانلىقى ئاياقلاشتى.

1912 - يىلدىن 1917 - يىلغىچە، خوتەن، كېرىيە ۋە لوپ 3 ناھىيىدە بىر خىل يۇقۇملۇق كېسەل تارقالدى. بۇ كېسەل ئالدى بىلەن لوپ ناھىيىسىدىن باشلانغان بولۇپ، كېيىن خوتەن، قەشقەر قاتارلىق جايلارغا تارقالغان. خوتەن، كېرىيە ۋە لوپ ئۈچ ناھىيىدە ئۆلگەن ئادەملەرنىڭ سانى 100 مىڭغا يېقىنلاشقان، لوپ ناھىيىسىدە ئۆلگەن ئادەم سانى 30 مىڭ 200 دىن ئېشىپ كەتكەن، خوتەن ئەتراپلىرىدا ئۆلگەنلەر تېخىمۇ كۆپ بولۇپ، 10 ئائىلىنىڭ توققۇزىدا ئادەم قالمىغان. تېرىلغۇ يەرلەرنى تېرىشقا ئادەم بولمىغاچقا يەرلەر قاقاسلىققا ئايلىنىپ، يەرنىڭ باھاسى چۈشۈپ، يېرىم ھەسسە تۆۋەنلىگەن بولسىمۇ ئالغىلى ئادەم چىقمىغان. يۇقىرىقى ئۆتكۈر خاراكتېرلىك يۇقۇملۇق كېسەلنىڭ

تارقىلىش ئالامەتلىرى توغرىسىدا خاتىرىلىنىشىچە: باش ئاغرىش، قىزىش، ئېغىزى قۇرۇش، تاماق يېگۈسى كەلمەسلىك، چېكىسى ياكى قوۋۇرغىسىدا قاپاقچۇق پەيدا بولۇش، قان قۇسۇش، ئىچى سۈرۈش قاتارلىق ئالامەتلەر كۆرۈلۈپ 2 ـ 3 كۈن ئۆتۈپلا ئۆلۈپ كەتكەن. بىر ئائىلىدە بىرەر ئادەمگە كېسەل تەگسىلا شۇ ئائىلىدىكىلەرنىڭ ھېچقايسىسى ساق قالمىغان. كېسەل تېگىپ ساق قالغۇچىلار بىرەر تۈمەن ئادەم ئارىسىدا ئارانلا بىر نەچچىگە يەتكەن، دېيىلگەن. خوتەن ناھىيىسىنىڭ ئەينى ۋاقىتتىكى ھاكىمى شى ۋېنبىن، كېرىيە ناھىيىسىنىڭ ھاكىمى فىڭ سىجىڭ، لوپ ناھىيىسىنىڭ ھاكىمى گۇيفىن قاتارلىقلار يۇقىرىغا يوللىغان مەلۇماتلىرىدا: بۇ ناھىيىلەردە يۇقۇملۇق كېسەل تۈپەيلىدىن ئۆلۈپ كەتكەن ئادەم ھەر بىر ناھىيىدە كۆپ بولغاندا نەچچە تۈمەنگە، ئاز بولغاندىمۇ 8 ـ 10 مىڭغا يېتىدۇ. ئائىلە بويىچە ئۆلۈپ كەتكەنلەرمۇ بار. داۋالاشقا دوختۇر ئەۋەتىپ بېرىلسە، دېيىلگەن. كېيىن خوتەن، كېرىيە، لوپ ناھىيىلىرىگە ئۆلكە مەركىزىدىن بىردىن ئۈچ دوختۇر كېلىپ داۋالاش ئېلىپ بارغان بولسىمۇ، ئاھالىنىڭ مەدەنىيەت ساپاسى تۆۋەن، ئىلىم ـ پەن تەتقىقات ئىشلىرى قالاق، داۋالاش تولىمۇ ئاجىز بولۇشى، ئۇنىڭ ئۈستىگە شۇ ۋاقىتتىكى چىرىك ياڭ زېڭشىن ھۆكۈمىتىنىڭ تولۇق ئېتىبار بەرمىگەنلىكى قاتارلىق سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن، 1912 ـ يىلى تارقىلىشقا باشلىغان بۇ يۇقۇملۇق كېسەل تەرەپ ـ تەرەپلەرگە تارقىلىپ ئالتە يىلدىن ئارتۇق داۋام قىلىپ، نۇرغۇن ئادەمنىڭ جېنىغا زامىن بولۇپ، ئاخىرى لوپ ناھىيىسىدە ئۆزلىكىدىن تۈگىگەن.

1915 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى، ماناس ناھىيىسىنىڭ داگۇيى دېگەن يېرىدە ماناس دەرياسىنىڭ ئون گەز كەڭلىكتىكى قېشىنى يار ئېلىپ كەتتى. سۇ غەربىتىن شەرققە نەچچە 10 چاقىرىم يىراقلىققا ئېقىپ، 270 نەچچە ستولبىنى ئۆرۈۋەتتى.



7 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى، ساۋەندە دامبىنىڭ 30 گەز كەڭلىكتىكى قېشىنى يار ئېلىپ كەتتى.

7 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى، كېچىسى كورلىنىڭ خامانگو جىلغىسى دېگەن جايىدا قاتتىق يامغۇر يېغىپ، دەريا سۈيى تېشىپ كەتتى. 22 ئائىلە ئاپەتكە ئۇچرىدى، ئۆيلەرنى ۋە ئېتىزلارنى سۇ بېسىپ كەتتى.

7 ـ ئاينىڭ 24 ـ، 26 ـ كۈنلىرى، كۇچانىڭ 16 كەنتى ئۆتكەن دەرياسى سۇ تاشقىنىنىڭ زىيىنىغا ئۇچرىدى.

7 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى، ئاقسۇنىڭ قۇمباش، تۆۋەنكى دولان قاتارلىق كەنتلىرى مۆلدۈر ئاپىتىگە ئۇچرىدى.

11 ـ ئايدا، ماناس دەرياسىدىن يار ئېلىپ كەتتى.

12 ـ ئايدا، كۇچانىڭ 11 كەنتىدە سۇ ئاپىتى يۈز بېرىپ، 144 ئائىلە، 2560 مو يەردىكى زىرائەت زىيانغا ئۇچرىدى.

1916 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ كېيىنكى يېرىمىدا، ئالتايدىكى كىلان دەرياسىغا كەلكۈن كېلىپ ئۈچ كۆۋرۈكنى بۇزۇۋەتتى.

6 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى، جىڭ ناھىيىسىنىڭ بەزى جايلىرىدا چېكەتكە ئاپىتى يۈز بەردى.

△ يەنە شۇ يىلى، ئاقسۇ كونىشەھەرنىڭ شەرقىدىكى يېزىلاردا مۆلدۈر ئاپىتى يۈز بېرىپ، 3168 مو يەردىكى زىرائەت زىيانغا ئۇچرىدى.

△ قۇمۇلنىڭ خەنزۇ شەھىرىدە 543 مو يەردىكى زىرائەت ھاشارات ئاپىتىگە ئۇچرىدى.

△ پىچاننىڭ تۇيۇق يېزىسىدا يەر تەۋرىدى، كۇچانىڭ غەربىدە 5 ـ 6 يەر تەۋرىدى.

1917 ـ يىلى 6 ـ ئايدا، قەشقەر، ئىلى قاتارلىق جايلاردا يۇقۇملۇق كېسەل تارقالدى. خوتەن، كېرىيە، لوپ قاتارلىق جايلاردا ۋابا كېسىلى تارقالدى. ئادەملەر ئارقا ـ ئارقىدىن ئۆلۈپ كەتتى، ئۆلگەنلەر بەزى ناھىيىلەردە نەچچە 10 مىڭغا، بەزى

ناھىيىلەردە ئۇن نەچچە مىڭغا يەتتى. بەزى ئائىلىلەردە پۈتۈن ئائىلە بويىچە ئۆلۈپ كەتتى. كېسەل ئېغىر بولغان خوتەن، كېرىيە، لوپ ناھىيىلىرىگە ئۆلكە مەركىزىدىن ئۈچ دوختۇر ئەۋەتتى.

1918 - يىلى 8 - ئايدا، ئۈرۈمچىدە ۋابا كېسىلى تارقىلىپ 1000 دىن ئارتۇق ئادەم ئۆلدى.

12 - ئاينىڭ 1 - كۈنى، ئاقتۇ ناھىيىسىنىڭ ئۆيتاغ ئەتراپلىرىدا يەر تەۋرىدى.

1919 - يىلى 6 - ئايدا، ئۈرۈمچى دەرياسىغا كەلكۈن كېلىپ ئۆلامبايدىكى 124 مو يەردىكى زىرائەتنى سۇ بېسىپ كەتتى.

1922 - يىلى 7 - ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا، سەنتەي رايونىدا بىر قېتىملىق قورقۇنۇچلۇق چاشقان ئاپىتى يۈز بەردى. يوغىناپ كەتكەن چاشقانلار كۈندۈزى ئادەم تاپالمايدىغان يەرلەرگە يوشۇرۇنۇۋېلىپ، كەچ كىرىشى بىلەنلا توپ - توپ بولۇپ ئېتىزلىقلارغا بېرىپ، مايسىلارنى نابۇت قىلدى. نەچچە 10 مو يەردىكى بۇغداي مايسىلىرىنى خۇددى پىلە قۇرۇتى ئۈژمە غازىڭى يېگەندەك يەپ بىر دەمنىڭ ئارىلىقىدا مايسا غولىنىلا قويۇپ قويدى. چاشقانلار چوڭ بىر پارچە يەردىن ئۆتكەن ۋاقىتتا كۆپلىكىدىن قايسىسىنىڭ چاشقان، قايسىسىنىڭ چالما ئىكەنلىكىنى ئايرىۋالغىلى بولمايتتى. چاشقان ئاپىتىدىن كېيىن دېھقانلارنىڭ يېگىلى ئاشلىقى، كىيگىلى كىيىمى يوق، تۇرمۇشى ناھايىتى قىيىن ئەھۋالدا قالسىمۇ، ھۆكۈمران سىنىپلار ئۇلارنى مو بېشىغا ھېسابلاپ ئاشلىق تاپشۇرۇشقا مەجبۇرلىدى. ئامال تاپقان دېھقانلار يۇرتىنى تاشلاپ باشقا جايلارغا بېرىپ تىرىكچىلىك قىلسا، ئامال قىلالمىغانلىرى ئۆيمۇ - ئۆي تىلەمچىلىك قىلىشقا، دەرەخ قوۋزاقلىرىنى، ئوت - چۆپ يىلتىزلىرىنى، ياۋا كۆكتاتلارنى يەپ جان ساقلاشقا مەجبۇر بولدى. بەزى يۈرەكلىك كىشىلەر چاشقان ئۇۋىلىرىنى قې-



زىپ، چاشقان ئۇۋىلىرىدىكى ئاشلىقنى يىغىپ يېسە، يۈرەكسىز، خۇراپىي كىشىلەر ئامال قىلالمىغانلىقتىن ئاچلىقتىن ئۆلۈپ كەتتى.

1927 - يىلى، قاراشەھەر دەرياسىغا قىيان كېلىپ تاشقىن بولدى.

1928 - يىلى (مىنگونىڭ 17 - يىلى)، فەن ياۋنەن «7 - ئىيول سىياسىي ئۆزگىرىشى»نى قوزغاپ ياڭ زېڭشىن ئېتىپ ئۆلتۈرۈلگەندىن كېيىن، ئىچكى ئىشلار نازىرى جىن شۇرېن فەن ياۋنەننى يوقىتىپ ھاكىمىيەت بېشىغا چىقىپ، شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ رەئىسى بولدى. ئۇ 1933 - يىلغىچە ھاكىمىيەت بېشىدا تۇردى. جىن شۇرېن ھاكىمىيەت بېشىدا تۇرغان مەزگىلدە، باشقا چوڭ ۋەقەلەردىن، قوشۇمچە چېگرا مۇداپىئە دۆبەنلىكىنى ئۈستىگە ئالدى. قۇمۇلدا يەر تۈزۈمى ئىسلاھ قىلىنىپ بەگلىك تۈزۈمى بىكار قىلىندى. قۇمۇل، باركۆل، ئىۋىرغول ئۈچ ناھىيە تەسىس قىلىندى. «شوپۇل ۋەقەسى» يۈز بېرىپ، قۇمۇل دېھقانلار قوزغىلىڭىنىڭ پەردىسى ئېچىلدى. خوتەن دېھقانلار قوزغىلىڭى پارتلىدى. جىن شۇرېن شېڭ شىسەينى «شەرقىي يول باندىتلارنى تازىلاش باش قوماندان» لىقىغا تەيىنلەپ، قۇمۇلغا تۆت يولدىن ھۇجۇم قىلدى. ماجۇڭيىڭ شىنجاڭغا كىردى. شەرقىي شىمال ئارمىيىسى شىنجاڭغا كىردى.

1928 - يىلى 8 - ئايدا، بۈگۈر ناھىيىسىدە چايان دەرياسىنىڭ سۈيى ئۈزۈلۈپ قالغاچقا، 300 مىڭ مودىن ئارتۇق يايلاق قۇرۇپ قۇملىشىپ كەتتى، نۇرغۇن چارۋا - مال ئۆلدى.

1933 - يىلى (مىنگونىڭ 22 - يىلى) 12 - ئاپرېل سىياسىي ئۆزگىرىشى پارتلاپ جىن شۇرېن ھاكىمىيىتى ئاغدۇرۇلدى، شېڭ شىسەي ھاكىمىيەت بېشىغا چىقىپ دۆبەن بولدى. ئۇ 1944 - يىلغىچە ھاكىمىيەت بېشىدا تۇردى. شېڭ شىسەي ھاكىمىيەت بېشىدا تۇرغان مەزگىلدە، باشقا چوڭ ۋەقەلەر، نەز-

جىڭ ھۆكۈمىتى مەسلىھەتچىلەر شتابىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى خۇاڭ مۇسۇڭ شىنجاڭغا ھال سوراشقا كەلدى. شېڭ شىسەي چېن جۇڭ، تاۋ مىڭيۈ، لى شاۋتيەن ئۈچ كىشىنى ئۆلتۈرۈپ، نەنجىڭ ھۆكۈمىتى بىلەن قارشىلاشتى. ليۇ ۋېنلۇڭ ئۆلكە رەئىسى، شېڭ شىسەي دۇبەن، جاڭ پېييۇەن ئىلى بوزيەر ئۆزلەشتۈرۈش ئەلچىسى، قوشۇمچە 8 - شىنىڭ شىجاڭى قىلىپ تەيىنلەندى. «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى» قەشقەردە قۇرۇلدى ۋە گۇمران بولدى. سەككىز ماددىلىق خىتابنامە ئېلان قىلىندى. شىنجاڭ بويىچە 1 - نۆۋەتلىك خەلق ۋەكىللىرى يىغىنى ئېچىلدى. جاھانگىرلىككە قارشى ئۇيۇشما قۇرۇلدى. توققۇز تۈرلۈك ۋەزىپە ئوتتۇرىغا قويۇلدى. شېڭ شىسەي جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش، سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن يېقىن ئۆتۈش، مىللەتلەر باراۋەر بولۇش، پاك - دىيانەتلىك بولۇش، تىنچلىقنى ساقلاش، قۇرۇلۇش ئېلىپ بېرىشتىن ئىبارەت ئالتە بۈيۈك سىياسەتنى ئېلان قىلدى. خوجىنىياز ھاجى ئۆلكىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى بولۇپ ئۈرۈمچىگە كەلدى ۋە شېڭ شىسەي تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلدى. مەخمۇت سىجاڭ قىسىملىرى ۋە ماخۇسەن قىسمى توپىلاڭ كۆتۈردى. شېڭ شىسەي سوۋېت قىزىل ئارمىيىسىنىڭ كۈچى بىلەن شىنجاڭنى تىنچىتتى. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى غەربىي يۈرۈش ئارمىيىسىنىڭ تارماق ئەترىتى شىنجاڭغا كەلدى. شېڭ شىسەي «سۇيىقەستلىك توپىلاڭ ئەنزىسى»نى ئويدۇرۇپ چىقىرىپ، سوۋېت كوممۇنىستلىرىغا ۋە نۇرغۇن سىياسىي رەقىبلىرىگە زەربە بەردى. ياپونغا قارشى تۇرۇپ ۋەتەننى قۇتقۇزۇش ئۇيۇشمىسى قۇرۇلدى، بۇ ئۇيۇشما نۇرغۇن ئىئانە توپلاپ ئالدىنقى سەپكە ئەۋەتتى. جۇڭگو كوممۇنىستلىرى شىنجاڭغا كېلىشكە باشلىدى. سوۋېت قىزىل ئارمىيىسىنىڭ 8 - پولكى قۇمۇلغا ئورۇنلاشتى. ئالتاينىڭ كوكتوقاي رايونىدىكى قازاق چارۋىچىلار قوزغىلاڭ كۆتۈردى. سۇڭ مېيلىڭ شىنجاڭغا كېلىپ



شېڭ شىسەينى ئۆز يېنىغا تارتتى، شۇنىڭ بىلەن شېڭ شىسەي سوۋېت ئىتتىپاقىدىن يۈز ئۆرۈپ گومىنداڭ قوينىغا ئۆزىنى ئاتتى. شىنجاڭدا گومىنداڭ پىرقىسى قۇرۇلدى. دەللىقان شېڭ شىسەي ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى قوزغىلاڭ كۆتۈردى. چېن تەنچيۇ، ماۋ زېمىن، لىن جىلۇ قاتارلىق كوممۇنىستلار شېڭ شىسەينىڭ زىيانكەشلىكىگە ئۇچرىدى. تاشقورغان پارتىزانلار قوزغىلىڭى بولدى. شىنجاڭدا ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىلىرى قۇرۇلدى. شېڭ شىسەي شىنجاڭدا ھەر خىل باھانە بىلەن 100 مىڭدىن ئارتۇق بىگۇناھ ھەر مىللەت خەلقىنى قىردى. 1944 - يىلى 9 - ئايدا، شېڭ شىسەي خىزمىتىدىن قالدۇرۇلۇپ دېھقانچىلىق - ئورمانچىلىق مىنىستىرى بولۇپ چوڭچىڭغا كەتتى؛ شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ شىنجاڭ خەلقى ئۈستىدىن يۈرگۈزگەن 11 يىللىق دەھشەتلىك ھۆكۈمرانلىقى ئاخىرلىشىپ، قالغان ئۆمرىنى تىل - ئاھانەت، قورقۇنچ، قاباھەتلىك چۈش ئىچىدە ئۆتكۈزدى.

1935 - يىلى 9 - ئاينىڭ 20 - كۈنى، قەشقەردە يەر تەۋرەپ ئاھالىلەرگە قىسمەن زىيان يەتكۈزدى.

1937 - يىلى 6 - ئايدا، سانجى، مىچۈەن قاتارلىق جايلاردا تارىختا ئاز كۆرۈلىدىغان چاشقان ئاپىتى يۈز بەردى. مىچۈەندە چاشقان ئاپىتى شىمالدىن جەنۇبقا كېڭەيدى، سانجىدا غەربىي شىمال تەرەپتىن شەرقىي جەنۇب تەرەپكە كېڭەيدى، چاشقانلار مايسىلارنى يەپ دېھقانلارغا ئېغىر زىيان كەلتۈردى.

△ يەنە شۇ يىلى، گۈچۈڭنىڭ دوڭدى دېگەن يېرىدە چاشقان ئاپىتى يۈز بەردى. ئاپەت ئەھۋالى خېلى ئېغىر بولغاچقا، نۇرغۇنلىغان دېھقانلار ساقلاپ قويغان ئۇرۇقلۇق ئاشلىقنى يەپ تۈگەتتى.

1939 - يىلى 6 - ئاينىڭ 22 - كۈنى، قەشقەردە ئۈچ كۈن قاتتىق يامغۇر يېغىپ كەلكۈن ئاپىتى يۈز بەردى.

△ كەلكۈن قەشقەرنىڭ يارباغ دەرۋازىسىنى، تۈمەن دەرياسى كۆۋرۈكىنى بۇزىۋەتتى، نۇرغۇن ئۆيلەر ئۆرۈلۈپ كەتتى.

1942 ـ يىلى، بۈگۈر ناھىيىسىدە قەھەتچىلىك بولۇپ، ئاچ قالغان خەلق توپ ـ توپ بولۇشۇپ ناھىيىلىك ھۆكۈمەتكە كېلىپ قۇتقۇزۇشنى تەلەپ قىلدى. ئاچ قالغان خەلقنىڭ كۆپ قىسمى ئاقسۇ تەرەپلەرگە بېرىپ جان بېقىشقا مەجبۇر بولدى.

1944 ـ يىلى (مىنگونىڭ 33 ـ يىلى)، شېڭ شىسەي خىزمىتىدىن قالدۇرۇلۇپ دېھقانچىلىق ـ ئورمانچىلىق مىنىستىرى بولۇشقا چوڭچىڭغا كەتتى. خىزمىتىنى ۋاقىتىنچە جۇ شاۋلىياڭغا تاپشۇرغاندىن كېيىن، نەنجىڭ ھۆكۈمىتى ۋۇ جۇڭشىننى ئۆلكە رەئىسى قىلىپ ئەۋەتتى، ئۇ 1946 ـ يىلىغىچە ھاكىمىيەت بېشىدا تۇردى. ۋۇ جۇڭشىن ھاكىمىيەت بېشىدا تۇرغان مەزگىلدە، باشقا چوڭ ۋەقەلەردىن، ئىلىدا پارتلىغان ئىنقىلابى قوزغىلاڭ ئۈچ ۋىلايەت دائىرىسىدە غەلىبىگە ئېرىشىپ، ئۈچ ۋىلايەت ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتى قۇرۇلدى. ئارقىدىن ئۈچ ۋىلايەت مىللىي ئارمىيىسى قۇرۇلدى. ئۈچ ۋىلايەت مىللىي ئارمىيىسى ئۈچ سەپ بويىچە گومىنداڭ ھۆكۈمرانلىقىدىكى رايونلارغا ھۇجۇم قىلىپ جەنۇبىي تەرەپتە باينى، ئاقسۇ كونىشەھەرنى ئازاد قىلدى، يېڭى شەھەرگە ھۇجۇم قىلدى. جەنۇبىي شىنجاڭ پارتىزانلىرى تاشقورغان، قاغىلىق پوسكامىنى ئىشغال قىلىپ، قەشقەر، يەكەن قاتارلىق جايلارغا ھۇجۇم قىلدى. شىمالىي سەپتە تارباغاتاي بىلەن ئالتاينى ئازاد قىلدى، ئوتتۇرا سەپتە شىخو بىلەن جىڭنى ئىشغال قىلىپ ماناس دەرياسىغىچە ئىلگىرىلەپ باردى. گومىنداڭ دائىرىلىرى ئۈچ ۋىلايەت ھۆكۈمىتى تەرەپ بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزۈشكە مەجبۇر بولدى.

1944 ـ يىلى، قەشقەر دائىرىسىدە يەر تەۋرىدى، قەشقەر شەھىرىدە 5 بالغا يەتتى.

1945 ـ يىلى 4 ـ ئايدا، ئاتۇش تەرەپتىن كەلكۈن كېلىپ



قەشقەر كونىشەھەر ناھىيىسى بەشكېرەم سەككىز قۇزۇقتا تەۋە كەنتلەردىن 12 ئورۇن، 82 مو بىنام يەر، 284 مو تېرىلغۇ يەر، 189 مو زىغىر، 122 مو بىدە، ئۆرۈك سېلىنمىغان 66 مو يەر، 48 مىڭ 425 تۈپ مېۋىسىز ۋە مېۋىلىك دەرەخ، 18 ئېغىز ئۆي قاتارلىقلارنى ئېقىتىپ كەتتى.

△ يەنە شۇ يىلى، ئالتاي، مورى قاتارلىق جايلاردا تارىختا ئاز كۆرۈلىدىغان قۇرغاقچىلىق ھەمدە ۋابا كېسىلى يۈز بەردى. ئاق تېرەك جىلغىسىدا ئاپەت ئەڭ ئېغىر بولۇپ 19 ئائىلە دېھقان تېرىغان 2500 مودىن ئارتۇق يەردىكى زىرائەتتىن بىر تالمۇ مەھسۇلات ئالالمىدى.

1946 ـ يىلى گومىنداڭ ھۆكۈمىتى تەرەپ بىلەن ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى ھۆكۈمىتى ئوتتۇرىسىدا 11 ماددىلىق تىنچلىق بىتىم ئىمزالانغاندىن كېيىن، دېموكراتىك بىرلەشمە ھۆكۈمەت قۇرۇلۇپ جاڭ جىجۇڭ ئۆلكە رەئىسى (قوشۇمچە)، ئەخمەتجان قاسىمى، بۇرھان شەھىدى مۇئاۋىن رەئىس بولدى. بۇلار 1947 ـ يىلىغىچە ھاكىمىيەت بېشىدا تۇردى. بۇ مەزگىلدە، باشقا چوڭ ۋەقەلەردىن، ئۆلكىنىڭ سىياسىي پروگراممىسى ئېلان قىلىندى. ئوسمان گومىنداڭ قوينىغا ئۆزىنى ئېتىپ، ئۈچ ۋىلايەت ھۆكۈمىتىگە قارشى چىقتى. ئورۇمچىدە ئۈچ ۋىلايەتكە قارشى تۇرۇشنى مەقسەت قىلغان «25 ـ فېۋرال ۋەقەسى» يۈز بەردى. شىنجاڭ بويىچە دېموكراتىك سايلام پائالىيىتى ئېلىپ بېرىلدى. ئۆلكىلىك ئورگانلار تەڭشەلدى.

1946 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى چۈشتىن كېيىن، مورى ناھىيىسىدە تۇيۇقسىز ھاۋا تۇتۇلۇپ ئاسماننى قارا بۇلۇت قاپلىدى. قاش قارايغان مەزگىلدە چاقماق چېقىپ، ھاۋا گۈلدۈرلەپ قاتتىق يامغۇر ياغدى. بۇ يامغۇر ئەتىسى تاڭ سۈزۈلگەنگە قەدەر داۋاملىشىپ شۈيمۇگو جىلغىسىدىن مورى دەرياسىغىچە كەلكۈن كېلىپ، يېرىم كېچىدە سۇنىڭ ئېگىزلىكى ئىككى گەز-

دىن ئېشىپ كەتتى. كەلكۈن تاغ جىلغىسى ئىچىدىكى، ئېتىز
- ئۆستەڭ بويلىرىدىكى كىشىلەرنى ئۆيلىرى، مال - چارۋىلىرى
بىلەن قوشۇپ بىراقلا ئېقىتىپ كەتتى. دەھشەتلىك كەلكۈن سۈيى
مورى دەرياسى، دۆڭچىلىك دەرياسى ۋە شۈيموگو جىلغىسىنىڭ
ئىككى قىرغىقىغا ئۇرۇلۇپ ئىككى قاش ۋە ئوتلاقلار تاشلار بىلەن
قوشۇپ گۈمۈرۈپ چۈشتى. چوڭ تاشلار كەلكۈننىڭ زەربىسى
بىلەن بىر - بىرسىگە سوقۇلۇپ، جىلغا ئىچىدە قورقۇنۇچلۇق
سادا چىقىرىپ كىشىلەرنى دەھشەتلىك ۋەھىمىگە سالدى.
بۇ قېتىمقى كەلكۈن ئىككى كۈن داۋاملاشقان بولۇپ، شۇ
ۋاقىتتىكى ماتېرىيالدا يېزىلىشىچە، ناھىيە بويىچە جەمئىي 142
ئادەم ئۆلگەن (بۇنىڭ ئىچىدە يەتتىسى خەنزۇ، ئالتىسى ئۇيغۇر،
129ى قازاق). شۈيموگو جىلغىسىدا 17. دۆڭچىڭدا 42، مورى
دەريا جىلغىسىدا 83 ئادەم ئۆلگەن، دېيىلگەن. يەنە بىر ماتېرى-
يالدا خاتىرىلىنىشىچە، جەمئىي 222 ئادەم ئۆلگەن، بۇنىڭ
ئىچىدە 76 خەنزۇ، 16 ئۇيغۇر، 130 قازاق بولۇپ شۈيموگو
جىلغىسىدا 37، دۆڭچىڭدا 82، ناھىيە بازىرىدا 103 نەپەر
ئۆلگەن، دېيىلگەن.
1946 - يىلى 11 - ئاينىڭ 10 - كۈنى، سائەت 8دىن 46
مىنۇت 40 سېكۇنت ئۆتكەندە، كەلپىن ناھىيىسىنىڭ شەرقىي
شىمال قىسمىدا 5.5 بال يەر تەۋرىدى.
1947 - يىلى گومىنداڭ ھۆكۈمىتى بىتىمگە خىلاپ ھالدا
بىر تەرەپلىمە قارار ماقۇللاپ، ئۆلكە رەئىسلىكىگە مەسئۇت سەبى-
رىنى تەيىنلىدى. شۇنىڭ بىلەن بىتىم بۇزۇلۇپ بىرلەشمە ھۆكۈ-
مەت پارچىلاندى. مەسئۇت سەبىرى 1949 - يىلىغىچە ھاكىمىيەت
بېشىدا تۇردى. بۇ مەزگىلدە، باشقا چوڭ ۋەقەلەردىن، بەيتىك
ۋەقەسى يۈز بەردى. تۇرپان، پىچان، توقسۇندا قوزغىلاڭ پارتلى-
دى. ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەتتىكى ئۈچ ۋىلايەت ۋەكىللىرى
غۇلجىغا قايتىپ كەتتى. «شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە خەلقچىللىقنى



ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقى» قۇرۇلدى. ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىي
ھۆكۈمىتى ئۈچ ۋىلايەت دائىرىسىدە ئومۇمىيۈزلۈك قۇرۇلۇش ئې-
لىپ بېرىپ، ھەرقايسى ساھەرلەردە زور نەتىجىلەرگە ئېرىشتى.
بولۇپمۇ مەدەنىيەت - مائارىپ ساھەسىدە زور نەتىجىلەرنى قولغا
كەلتۈردى. مەسئۇت كەڭ تۈردە پانتۈركىزىم بىلەن شۇغۇللىنىپ
مەمتىمىن بۇغرا، ئەيسا ئالىپتېكىن قاتارلىقلار بىلەن بىرلىشىپ
شىنجاڭنى ۋەتەن قوينىدىن ئايرىش پائالىيەتلىرىنى ئېلىپ بار-
دى.
1947 - يىلى 8 - ئاينىڭ 24 - كۈنى سائەت 7 دىن 37
مىنۇت 4 سېكۇنت ئۆتكەندە، توقسۇ ناھىيىسىنىڭ غەربىي شىما-
لىي قىسمىدا 6.25 بال يەر تەۋرىدى.
12 - ئاينىڭ 18 - كۈنى سائەت 6 دىن 53 مىنۇت 19
سېكۇنت ئۆتكەندە، ئۈچتۇرپان ناھىيىسىنىڭ غەربىدە 5 بال يەر
تەۋرىدى.
12 - ئاينىڭ 19 - كۈنى سائەت 10 دىن 47 مىنۇت 26
سېكۇنت ئۆتكەندە، باي ناھىيىسى بىلەن تېكەس ناھىيىسى تۇتاش-
قان جايدا 5 بال يەر تەۋرىدى.
12 - ئاينىڭ 19 - كۈنى سائەت 12دىن 37 مىنۇت 45
سېكۇنت ئۆتكەندە، كۇچا ناھىيىسىنىڭ غەربىدە 5 بال يەر تەۋرى-
دى.
1949 - يىلى مەسئۇت سەبىرى ئۆلكە رەئىسلىكىدىن قالدۇ-
رۇلۇپ، بۇرھان شەھىدى ئۆلكە رەئىسلىكىگە تەيىنلەندى. بۇ
مەزگىلدە باشقا چوڭ ۋەقەلەردىن، شىنجاڭدا مەملىكىتىمىز پۇل
تارىخىدا مىسلى كۆرۈلمىگەن يۇقىرى سوممىلىق پۇل - بىرۋارى-
قى 1 مىليارت يۈەنلىك ئۆلكە پۇلى تارقىتىلدى. جۇڭگو كوممۇ-
نىستىك پارتىيىسىنىڭ ئالاقىچىسى دېڭ لىچۈن غۇلجىغا كېلىپ،
شىنجاڭنى تىنچ يول بىلەن ئازاد قىلىش ئىشىنى ئىلگىرى سۈر-
دى. ماۋزېدۇڭ ئەخمەتجان قاسىمى قاتارلىق ئۈچ ۋىلايەت رەھبەر-

لىرىگە خەت يېزىپ: «سىلەرنىڭ ئىنقىلابىي كۈرەشىڭلار پۈتۈن جۇڭگو خەلقىنىڭ دېموكراتىك ئىنقىلابى ھەرىكىتىنىڭ بىر قىسمى»، دەپ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا يۇقىرى باھا بەردى. ئەخمەتجان قاسىمى، ئىسھاقبېك، ئابدۇكېرىم ئابباسوف، دەلىلقان، لوجى قاتارلىق بەش كىشى مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ 1 - نۆۋەتلىك يىغىنىغا كېتىۋاتقاندا، ئايروپىلان ھادىسىگە ئۇچراپ قازا قىلدى. ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ رەئىسى بورھان شەھىدى ۋە ئۆلكىلىك گارنىزون قوماندانى تاۋسىيۆ ھەقىقەتكە قايتىش تېلېگراممىسىنى ئېلان قىلىپ گومىنداڭ ھۆكۈمىتى بىلەن بولغان ئالاقىسىنى ئۈزدى. ئەيسا ئالپتېكىن، مەتتىمىن بۇغرا قاتارلىق مىللىي بۆلگۈنچىلەرنىڭ كاتتىۋاشلىرى چەت ئەلگە قاچتى، شىنجاڭ تىنچ يول بىلەن ئازاد بولدى.

1949 - يىلى 2 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن 8 - ئاينىڭ 4 - كۈنىگىچە، بۇگۇر ناھىيىسى تەۋەسىدە 92 قېتىم يەر تەۋرىدى، يەر تەۋرەش دەرىجىسى 7.25 بالغا يېتىپ 1400 ئېغىز ئۆي ئۆرۈلدى. تۆت ئادەم، 200 تۇياق چارۋا - مال ئۆلدى. تاغ ئىچىدە، دىنار دەرياسىنىڭ بېشىدا بەش ئورۇندا تاغ ئۆرۈلۈپ سۇ توسۇلۇپ قالدى. تارلاق، كۆك سېغىز قاتارلىق جايلاردا 17 ئورۇندا يەر يېرىلىپ، بەزى جايلاردىن سۇ چىقىپ كەتتى.

6 - ئاينىڭ 18 - كۈنى، قەشقەردە قاتتىق يامغۇر ياغقانلىقتىن كەلكۈن كېلىپ كۆپلىگەن ئۆي، زىرائەتلەرنى ئېقىتىپ كەتتى.

9 - ئاينىڭ 29 - كۈنى، بۇگۇر ناھىيىسىنىڭ ئوتتۇرا قىسمىدا 5 بال يەر تەۋرىدى.

5 - ئاينىڭ 25 - كۈنى سائەت 16 دىن 23 مىنۇت 49 سېكۇنت ئۆتكەندە، كۇچا ناھىيىسىدە 6.28 بال يەر تەۋرەپ كۇچا، توقسۇ ئاھالىلىرىنىڭ ئۆي، ئىمارەتلىرى ئۆرۈلۈپ چۈشتى، ئادەم ۋە چارۋىلار ئۆلدى ۋە يارىلاندى. بەزى تەكشۈرۈشلەر-



گە قارىغاندا، مۇتلەق كۆپ ساندىكى ئۆلگەن ئادەملەر يەر تەۋرەشتە ئۆلگەن بولماستىن، بەلكى يەر تەۋرەشتىن كېيىنكى ئاچارچىلىق ۋە تارقىلىشچان كېسەل بىلەن ئۆلۈپ كەتكەن. بۇ ھەقتە بىر كىشى مۇنداق بىر كوبلېت شېئىر يازغان:

ئۆتۈپ كەتتى ئاپەت دېگەندۇق، كېسەل تارقىلىشنى يەنە كىم بىلدى.

كېسەل تارتىپ ئۆلگەندىن ئەندى، تەزىيىگە (يەنە) كىم كەلدى.

1950 - يىلى 1 - ئاينىڭ 28 - كۈنى، ئۈرۈمچىدىكى پۈتۈن شەھەر خەلقى يېقىندا بايقالغان يۇقۇملۇق چېچەك كېسىلىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن، ھەقسىز چېچەك ۋاكسىنىسى سالدۇردى.

3 - ئاينىڭ 4 - كۈنى، شىنخۇا ئاگېنتلىقى بېيجىڭ تېلېگراممىسى: ئۈرۈمچىدە چېچەك بايقالدى، مەركىزىي كومىتېت سەھىيە مىنىستىرلىكى چېچەك ۋاكسىنىسى ئاجراتتى ھەم ئۇنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن كۆرسەتمە بەردى.

4 - ئاينىڭ 6 - كۈنى، ئۈچتۇرپان ناھىيىسىنىڭ شىمالىي قىسمىدا 5 بال يەر تەۋرىدى.

4 - ئاينىڭ 10 - كۈنىدىن 5 - ئاينىڭ 1 - كۈنىگىچە، تۇرپان ناھىيىسىدە بوران ئاپىتى يۈز بەردى، بىر ئادەم ئۆلدى، دېھقانچىلىق زىرائەتلىرى ئاپەتكە ئۇچرىدى؛ قۇدۇق، ئۆستەڭ قاتارلىق سۇ ئىنشائاتلىرى ئوخشىمىغان دەرىجىدە بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىدى.

6 - ئاينىڭ 13 - كۈنى، قارا يامغۇر ۋە مۆلدۈر يېغىپ 9 كارىزنىڭ يولىنى بۇزۇۋەتتى.

6 - ئاينىڭ 26 - كۈنى، ئۆزبېلى تاغ ئېغىزى ئەتراپىدا 5.5 بال يەر تەۋرىدى.

7 - ئاينىڭ 22 - كۈنى، شايار ناھىيىسىدە سۇ ئاپىتى

يۈز بەردى، ئۈچ كەنت، 401 ئائىلە ئاپەتكە ئۇچرىدى، 375 ئېغىز ئۆينى سۇ بېسىپ كەتتى، 5000 مودىن ئارتۇق زىرائەتنى ۋەيران قىلدى.

8 - ئاينىڭ 18 - كۈنى، تاشقورغان ناھىيىسىنىڭ غەربىي جەنۇبىدىكى چېگرا رايونلاردا 5 بال يەر تەۋرىدى.

9 - ئاينىڭ 21 - كۈنى، شىنجاڭ گېزىتى خەۋىرى: قۇتۇبى ناھىيىسىدە ئۇچۇق، ئۆپكە ياللۇغى قاتارلىق يۇقۇملۇق كېسەللىكلەر تارقالدى. 40 نەچچە كۈن ئىچىدە 530 دىن ئارتۇق بالا يۇقۇملۇق كېسەلگە گىرىپتار بولدى، 11 كۈنلۈك جىددىي قۇتقۇزۇش ئارقىلىق 370 بالا ساقايدى، 65 بالا ئۆلدى.

12 - ئاينىڭ 30 - كۈنى، تۇرپان، پىچان 2 ناھىيىنىڭ يېزا - كەنتلىرىدە قىزىلغا ئوخشاش يۇقۇملۇق كېسەل تارقالدى. ئۆلكىلىك سەھىيە باشقارمىسى ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن دوختۇر ئەۋەتتى.

1951 - يىلى 1 - ئاينىڭ 11 - كۈنى، ئۇلۇغچات ناھىيە بازىرىنىڭ غەربىي شىمال قىسمىدا 5 بال يەر تەۋرىدى.

4 - ئاينىڭ 4 - كۈنىدىن 6 - كۈنىگىچە، شىنجاڭ ئاقسىل كېسىلىنىڭ ئالدىنى ئېلىش شۆبىسى تەشكىللىگەن ئالتە گۇرۇپپا ئۈرۈمچى، ئىلى، قارا شەھەر، قۇمۇل، ئالتاي، تارباغاتايدىكى كېسەل تارقىغان ئورۇنلارغا بېرىپ خىزمەتكە كىرىشتى.

4 - ئايدىن 5 - ئايغىچە، ساۋەن، شىخو، دۆربىلجىن قاتارلىق ناھىيىلەردە ئارقا - ئارقىدىن ئورمان ئوت ئاپىتى يۈز بەردى.

5 - ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا، مىچۈەن ناھىيىسىنىڭ شىگوڭ رايونى تۇيۇقسىز چېكەتكە ئاپىتىگە ئۇچراپ، 200 مودىن ئارتۇق يەردىكى بوغداينى زىيانغا ئۇچراتتى.

5 - ئاينىڭ 27 - كۈنى، كېرىيىنىڭ سۇۋاش دېگەن يېرىنىڭ جەنۇبى، كوئېنلون داۋىنىنىڭ غەربىدە يانار تاغ پارتلا-



دى.

5 - ئاينىڭ 30 - كۈنىدىن 6 - ئاينىڭ 1 - كۈنىگىچە، يەكەندە قارا بوران ئاپىتى يۈز بەردى.

4 -، 5 - ئايلاردا تارباغاتاي، ساۋەن، شىخو، ماناس، تۇرپان، ئۈرۈمچى قاتارلىق ناھىيىلەردە يۈز بەرگەن چېكەتكە ئاپىتى 6 - ئاينىڭ 26 - كۈنى ئۇزۇل - كېسىل يوقىتىلدى.

10 - ئاينىڭ 30 - كۈنىدىن 31 - كۈنىگىچە، توققۇزتارا ناھىيىسىنىڭ غەربىي قىسمىدا 5.1 - 5.2 بال يەر تەۋرىدى.

11 - ئاينىڭ 1 - كۈنى، كۈنەس ناھىيىسى بىلەن توققۇز تارا ناھىيىسى تۇتىشىدىغان جايدا 5.2 بال يەر تەۋرىدى.

12 - ئاينىڭ 17 - كۈنى، شىنجاڭ گېزىتى خەۋىرى: ئۈرۈمچى، تارباغاتاي، قۇمۇل، قاراشەھەردىن ئىبارەت تۆت ۋىلايەتتە بۇ يىل چوڭ، كىچىك 71 قېتىم ئوت ئاپىتى يۈز بېرىپ 27 مىڭ 861 مو يەردىكى بىر مىليون 23 مىڭ 507 تۈپ دەرەخنى كۆيدۈرىۋەتتى، ئىقتىسادىي زىيان 2.143 مىليارد 90 مىليون 980 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

1952 - يىلى 4 - ئايدا، مىچۈەن ناھىيىسىنىڭ دوڭگوڭ كەنتىدە چېكەتكە ئاپىتى يۈز بەردى. 5 - ئاينىڭ 20 - كۈنىدىن 6 - ئاينىڭ 19 - كۈنىگىچە 882 نەپەر ئادەم چېكەتكە يوقۇتۇشقا قاتنىشىپ، 448 ئورەك كولاپ 12 مىليوندىن كۆپ چېكەتكىنى كۆيدۈرۈپ، 10 مىڭ مودىن كۆپرەك يەردىكى بۇغداينى قۇتقۇزدۋالدى.

5 - ئاينىڭ 29 - كۈنى، شىنجاڭ گېزىتى خەۋىرى: جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ قاغىلىق، يەكەن، پوسكام، قەشقەر كونا شەھەر، مارالبېشى، كۇچا، باي، ئاۋات ناھىيىلىرىدە زىيانلىق ھاشارات ۋە بوران ئاپىتى يۈز بەردى.

5 - ئاينىڭ 31 - كۈنى، شىنجاڭ گېزىتى خەۋىرى: 22 - بىڭتۈەنگە قاراشلىق ساۋەن، شىخەنزە قاتارلىق بوز يەر ئۆزلەش-

تۇرۇش رايونلىرىدا ئەتىيازلىق تېرىلغۇدىن كېيىن، ئارقا - ئارقىدىن هاشارات ئاپىتى يۈز بەردى.

△ مۇشۇ ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا، جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ هەر قايسى جايلىرىدا هەم تۇرپان قاتارلىق جايلاردا بوران، مۆلدۈر ئاپىتى يۈز بەردى؛ گۇچۇڭ، جىمسار، مورى قاتارلىق جايلاردىكى زىرائەتلەر ئۈششۈككە ئۇچرىدى.

6 - ئاينىڭ 4 - كۈنى، گۇما ناهىيىسىنىڭ ئوتتۇرا قىسمىدىكى تازغۇندا 5.2 بال يەر تەۋرىدى.

6 - ئاينىڭ 7 - كۈنى، شىنجاڭ گېزىتى خەۋىرى: شىنجاڭنىڭ ئىلى، تارباغاتاي، ئالتاي، ئۈرۈمچى، قۇمۇل، قاراشەھەر، ئاقسۇ قاتارلىق يەتتە ۋىلايىتىنىڭ 19 ناهىيىسىدە چېكەتكە ئاپىتى يۈز بەردى؛ بۇنىڭ ئىچىدە ئۈرۈمچى ۋىلايىتىدە خېلى ئېغىر بولۇپ، ۋىلايەتتىكى 12 ناهىيىنىڭ 9دا چېكەتكە ئاپىتىگە ئۇچرىغان ئېتىزلارنىڭ كۆلىمى 354 مىڭ 800 مودىن ئېشىپ كەتتى، 25 مو يەردىكى مايسا زىيانغا ئۇچرىدى.

7 - ئاينىڭ 12 - كۈنى، شىنجاڭ گېزىتى خەۋىرى: 5 - ئاينىڭ 25 - كۈنى، ئۆلكىلىك خەلق هۆكۈمىتى «ئىشلەپچىقىرىشنى چىڭ تۇتۇپ، ئاپەتتىن قۇتقۇزۇش توغرىسىدا جىددىي كۆرسەتمە» چىقارغاندىن كېيىن، چېكەتكە ئاپىتى يۈز بەرگەن جايلاردىكى هەر دەرىجىلىك پارتىيە، هۆكۈمەت رەهبەرلىرى چېكەتكە يوقىتىشنى مەركىزى خىزمەت قاتارىغا كىرگۈزدى؛ هەر قايسى جايلار 27 مىڭ 500 نەپەردىن ئارتۇق كىشىنى هەرىكەتلەندۈرۈپ، 88 مىڭ 598 مو يەردىكى چېكەتكىنى يوقاتتى.

7 - ئاينىڭ 14 - كۈنى، تۇرپان ئويمانلىقىنىڭ تېمپېراتۇرىسى نۆلدىن يۇقىرى 46℃ قا چىقتى.

7 - ئاينىڭ 21 - كۈنى، پەيزىۋات ناهىيىسىنىڭ شېكەركۆل رايونىدا 5 بال يەر تەۋرىدى.

9 - ئاينىڭ 1 - كۈنى، شىنجاڭ گېزىتى خەۋىرى: ياز



كىرگەندىن بۇيان ئالتاي، ئاقسۇ، قەشقەر، خوتەن، يەكەن قاتارلىق ۋىلايەتلەر كەلكۈن ئاپىتىگە ئۇچرىدى، بۇنىڭ ئىچىدە قەشقەر، خوتەن ئىككى ۋىلايەتنىڭ ئاپەتكە ئۇچرىشى هەممىدىن ئېغىر بولدى.

1953 - يىلى 1 - ئاينىڭ 8 - كۈنى، خوتەن ناهىيىسىنىڭ جەنۇبىدا 5 بال يەر تەۋرىدى.

1 - ئاينىڭ 23 - كۈنى، كەلپىن بىلەن مارالبېشىنىڭ تۇتاشقان يېرىدە 5 بال يەر تەۋرىدى.

2 - ئاينىڭ 12 - كۈنى، پەيزىۋات ناهىيىسىنىڭ شىمالىدىكى شېكەركۆل رايونىدا 5.3 بال يەر تەۋرىدى.

3 - ئاينىڭ 13 - كۈنىدىن 5 - ئاينىڭ 12 - كۈنىگىچە، ساۋەن، شىخو، ئالتاي، كۆكتوقاي، مىچۈەن، جىمسار قاتارلىق ناهىيىلەردە ئىلگىرى - كېيىن 34 قېتىم ئورمان ئوت ئاپىتى يۈز بېرىپ 160 مىڭ مودىن ئارتۇق ئورمان ۋە ئوتلاق، 140 مىڭ تۈپتىن ئارتۇق چوڭ، كىچىك دەرەخ كۆيۈپ كېتىپ، بىۋاسىتە ئىقتىسادى زىيان 3 مىليارد 600 مىليون يۈەندىن ئېشىپ كەتتى.

3 - ئاينىڭ 15 - كۈنى، مارالبېشى ناهىيىسىنىڭ غەربىي شىمالىدا 5 بال يەر تەۋرىدى. سەنساكۇ رايونىدا 5.2 بال يەر تەۋرىدى.

3 - ئاينىڭ 26 - كۈنىدىن 28 - كۈنىگىچە، تاشقورغان ناهىيىسىدە ئۈزلۈكسىز قار ياغدى. قارنىڭ قېلىنلىقى بىر چىغا، بەزى جايلاردا ئۈچ چىغا يېتىپ، هەرقايسى رايون ۋە يېزىلارنىڭ چارۋا فېرمىلىرىنى پۈتۈنلەي قار بېسىۋالدى.

3 - ئاينىڭ 29 - كۈنىدىن 30 - كۈنىگىچە، قەشقەر ۋىلايىتىدە ياغقان قارا يامغۇر كېيىن قارغا ئايلىنىپ، زىرائەتلەر ئۈششۈپ كەتتى.

4 - ئاينىڭ 25 - كۈنى، قۇتۇبى ناهىيىسىنىڭ جەنۇبىدا

3.5 بال يەر تەۋرىدى.

4 - ئاينىڭ 26 - كۈنى، ئاتۇش ناھىيىسىنىڭ شەرقىي جەنۇبىدا 5 بال يەر تەۋرىدى.

5 - ئاينىڭ 14 - كۈنى، شىنجاڭ گېزىتى خەۋىرى: تەكشۈرۈلىشىچە، ئۆلكىمىزنىڭ ئاساسىي چېكەتكە رايونى ئۈرۈمچى، قارا شەھەر، ئالتاي، تارباغاتاي، ئىلى، قۇمۇلدىن ئىبارەت 6 ۋىلايەتتىكى چېكەتكە تۇخۇمى بار جايلارنىڭ كۆلىمى تەخمىنەن 486 مىڭ 300 گېكتاردىن ئېشىپ كەتكەن. ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتى شۇ يىلى تەخمىنەن 64 مىڭ گېكتار يەردىكى چېكەتكىنى يوقىتىشنى، بۇنىڭدىن 33 مىڭ گېكتاردىكى چېكەتكىنى ئايرۇپىلان بىلەن، 19 مىڭ گېكتاردىكىنى ئادەم كۈچى ئارقىلىق دورا چېچىش بىلەن، 12 مىڭ گېكتاردىكىنى ئادەم كۈچى بىلەن يوقىتىشنى قارار قىلدى.

5 - ئاينىڭ 21 - كۈنى، ئاتۇش ناھىيىسىنىڭ شەرقىي جەنۇبىدا 3.5 بال يەر تەۋرىدى.

5 - ئاينىڭ 22 - كۈنىدىن 6 - ئاينىڭ 24 - كۈنىگىچە، سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئايرۇپىلان بىلەن چېكەتكە يوقىتىش خادىملىرى 8 ئايرۇپىلان بىلەن ئۈرۈمچى، ساۋەن، شىخو، ماناس، مىچۈەن، خۇشۇت 6 ناھىيىدە جەمئىي 613 مىڭ 560 مو ئېتىز ۋە قۇمۇشلۇق كۆللەردىكى چېكەتكىلەرنى يوقاتتى.

6 - ئاينىڭ 13 - كۈنىدىن 20 - كۈنىگىچە، سۈيدۈڭ، چاپچال، غۇلجا، قورغاس، كۈنەس قاتارلىق ناھىيىلەردە ۋە غۇلجا شەھىرى ئەتراپىدىكى يېزىلاردا بىر نەچچە قېتىم مۆلدۈر ياغدى، مۆلدۈرنىڭ چوڭلۇقى كەپتەر تۇخۇمىدەك بولۇپ 18 مىڭ مودىن ئارتۇق ئېتىزدىكى زىرائەت ئېغىر ئاپەتكە ئۇچرىدى.

6 - ئاينىڭ 27 - كۈنى، شىنجاڭ گېزىتى خەۋىرى: شىمالىي شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا تاغ كەلكۈنى كېلىپ يول ۋە كۆۋرۈكلەرنى بۇزۇپ، قاتناشقا تەسىر يەتكۈزدى.



7 - ئاينىڭ 10 - كۈنى، مارالبېشى ناھىيىسىنىڭ سەنساكو رايونىدا 6. بال ۋە 5.4 بال يەر تەۋرىدى.

7 - ئاينىڭ 14 - كۈنى، ئاقتۇ ناھىيىسىنىڭ قوڭۇر تېغى ئەتراپىدا 5 بال يەر تەۋرىدى.

7 - ئاينىڭ 15 - كۈنىدىن 19 - كۈنىگىچە، مارالبېشى دەرياسىغا چوڭ كەلكۈن كېلىپ قوتلۇق توسمىسىنى بۇزۇۋەتتى ۋە بىر قىسىم ئېتىزلارنى ۋەيران قىلدى.

7 - ئاينىڭ 24 - كۈنى، تۇرپان ئويمانلىقىنىڭ تېمپېراتۇرىسى نۆلدىن يۇقىرى 48°C تىن ئېشىپ كەتتى.

8 - ئاينىڭ 4 - كۈنى، ئۈرۈمچى دەرياسىغا چوڭ كەلكۈن كېلىپ سۇنىڭ ئېقىن مىقدارى سېكۇنتىغا 360 كۇب مېتىرغا يەتتى. بۇ كەلكۈن ئۈرۈمچى شەھەر رايونىدىكى غەربىي چوڭ كۆۋرۈك، جۇڭسەن كۆۋرۈكى، خەلق كۆۋرۈكى ۋە دەريانىڭ ئىككى قىشنىڭ 10 نەچچە يېرىنى بۇزۇۋەتتى؛ خوڭيەنچى سۇ ئامبىرىنىڭ سۇ باشلاش ئۆستىڭىنى ۋە تىنچلىق ئۆستىڭىنىڭ بىر قىسمىنى ۋەيران قىلدى، شەھەر رايونىدىكى ئاھالىلەرنىڭ 620 ئېغىز ئۆيلىرىنى سۇ بېسىپ كەتتى، 323 ئائىلە، تەخمىنەن 1270 تىن ئارتۇق ئادەم ئېغىر ئاپەتكە ئۇچرىدى. 7 - كۈنى كەلكۈن پەسىيىپ، سۇنىڭ ئېقىن مىقدارى سېكۇنتىغا 120 - 130 كۇب مېتىرغىچە ئازايدى.

8 - ئاينىڭ 7 - كۈنى، قوتۇبى ناھىيىسى بىلەن خېجىڭ ناھىيىسى تۇتىشىدىغان جايدا 5.5 بال يەر تەۋرىدى.

8 - ئاينىڭ 10 - كۈنى، يورۇڭقاش دەرياسىغا كەلكۈن كېلىپ، خوتەندىن كېرىيىگە بارىدىغان تاشيولدىكى كۆۋرۈكلەرنى بۇزۇۋەتتى.

8 - ئاينىڭ 12 - كۈنى، شىنجاڭ گېزىتى خەۋىرى: شىمالىي شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى تاشيول ۋە كۆۋرۈكلەرنىڭ كۆپ قىسمىنى كەلكۈن بۇزۇۋەتتى، ئۆلكىلىك قاتناش

نازارىتى جايلاردىكى تاشيول ئاسراش ئۈچاستىكىلىرىغا يول ۋە كۆۋرۈكلەرنى زور كۈچ بىلەن تېز ياساش توغرىسىدا تېلېگرامما ئارقىلىق يوليورۇق بەردى ھەمدە 7 ـ، 8 ـ كۈنلىرى ماناس، گۈچۈڭ قاتارلىق جايلارغا ئۈچ خىزمەت گۇرۇپپىسى ئەۋەتىپ، يول ئەھۋالىنى تەكشۈرۈش، كۆۋرۈك، يوللارنى ياساشقا يېتەك- چىلىك قىلىش، لىنىيىلەردە قاتناشنىڭ ئەسلىگە كېلىشىگە يار- دەملىشىش ئىشلىرىنى ئېلىپ باردى.

8 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنى، قەشقەردىن خوتەنگە بارىدىغان تاشيولدىكى يەكەن دەرياسى كۆۋرۈكىنى سۇ ئېلىپ كەتتى ھەمدە ياغاچ كېمىلەر بىلەن توشۇش يولىغا قويۇلۇپ، قاتناش ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى.

10 ـ ئاينىڭ 31 ـ كۈنى، ئاتۇش ناھىيىسىنىڭ جەنۇبىدا 5.2 بال يەر تەۋرىدى.

11 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنى، تارباغاتاي ۋىلايىتىنىڭ ھەر قايسى ناھىيىلىرىدە تۇيۇقسىز قاتتىق قار ياغدى، قارنىڭ قېلىنلىقى بىر چىدىن ئېشىپ، چارۋىلارنى قىشلاقتا يۆتكەشكە ئېغىر تەسىر يەتكۈزدى. ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتى ئاپەتتىن قۇتقۇزۇش ئۈ- چۈن مەخسۇس پۇل ئاجراتتى.

11 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى، توقسۇن ناھىيىسىنىڭ شىمالىدى- كى قىزىل تاغ ئېغىزىدا 5 بال، قۇتۇبى ناھىيىسىنىڭ جەنۇبىدا 5.7 بال يەر تەۋرىدى.

12 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى، پەيزىۋات ناھىيىسىنىڭ شىمالىدى- كى شېكەركۆل رايونىدا 5.4 بال يەر تەۋرىدى.

12 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنىدىن 6 ـ كۈنىگىچە، تۇرپان ئويمان- لىقىدا ئۇدا 3 كۈن قار ياغدى، قارنىڭ قېلىنلىقى 4 سۈنتىمېتىردىن ئېشىپ كەتتى.

12 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى، تاشقورغان ناھىيىسىنىڭ شەر- قىي شىمال قىسمىدىكى تاغارمىغا يېقىن جايدا 5.3 بال يەر



تەۋرىدى.

△ يەنە شۇ يىلى، شىنجاڭ بويىچە ئىلگىرى ـ كېيىن 127 قېتىم ئورمان ئوت ئاپىتى يۈز بېرىپ، 117 مىڭ 600 مو يەردىكى ئورماننى ۋە 675 مىڭ 500 تۈپتىن ئارتۇق دەرەخنى كۆيدۈرۈۋەتتى.

1954 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى، ئۈلۈغچات ناھىيىسى- نىڭ شەرقىي شىمالى تەرىپىدە 5 بال يەر تەۋرىدى.

2 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى، گۈچۈڭ ناھىيىسىنىڭ شەرقىي شىمالىدىكى بەيتىك تېغىدا 5.7 بال يەر تەۋرىدى.

3 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى، شىنجاڭ گېزىتى خەۋىرى: باھار كىرگەندىن بۇيان ئۆلكىمىزنىڭ كۆپ قىسىم چارۋىچىلىق رايونى ۋە قىسمەن يېرىم دېھقانچىلىق ـ يېرىم چارۋىچىلىق رايونلىرىدا ھاۋا تۇيۇقسىز ئۆزگىرىپ قاتتىق قار ياغدى، مال ـ چارۋىلارنىڭ بىخەتەرلىكى تەھدىتكە ئۇچرىدى.

3 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى، شىنجاڭ گېزىتى خەۋىرى: قەشقەر ۋىلايىتىدە ئۇدا نەچچە قېتىم قاتتىق قار ياغدى، ھەر قېتىم ياغقان قارنىڭ قېلىنلىقى بىر چى ئەتراپىدا بولۇپ، بۇنداق قار بىر نەچچە ئون يىلدىن بۇيان كۆرۈلۈپ باقمىغانىدى.

4 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى، ئۈلۈغچات ناھىيىسىنىڭ جەنۇبى- دىكى ئات فېرمىسىدا 5 بال يەر تەۋرىدى.

4 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنىدىن 5 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنىگىچە، قەشقەردە ئۇدا بوران چىقتى، بوران سۈرئىتى سېكۇنتىغا 18 مېتىرغا يەتتى، تېمپېراتۇرا بىراقلا تۆۋەنلەپ قىراۋ ئۈششۈكى پەيدا بولدى.

5 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنىدىن 7 ـ ئاينىڭ باشلىرىغىچە، ئۆلكىمىزنىڭ 1 مىليون 200 مىڭ مو يېرىدىكى چېكەتكىنى گايىرۋىلان بىلەن يوقىتىش تاماملىنىپ، 900 نەچچە مىڭ مو تېرىلغۇ يەر ۋە چارۋىچىلىق مەيدانى قوغداپ قېلىندى.

10 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى، ئاتۇش ناھىيىسى بىلەن مارالبېشى ناھىيىسى تۇتىشىدىغان يەردە 5.1 بال يەر تەۋرىدى.

1955 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى، مارالبېشى ناھىيىسىنىڭ غەربىي شىمالىي تەرىپىدە 5 بال يەر تەۋرىدى.

4 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنىدىن 14 ـ كۈنىگىچە، شىمالىي شىنجاڭدا ئۇدا قاتتىق قار يېغىپ ئېغىر ئاپەت پەيدا قىلىپ، تۆل ئېلىش، تۆللەرنى ئاسراش ۋە ئەتىيازلىق تېرىلغۇ خىزمىتىگە ئېغىر تەسىر يەتكۈزدى.

4 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنىدىن 20 ـ كۈنىگىچە، ئاقچى ناھىيىسىدە سەككىز كۈن ئۇدا قار ياغدى، نۇقۇل چارۋىچىلىق رايونلىرىدا قارنىڭ قېلىنلىقى ئىككى مېترغا يەتتى.

15 ـ كۈنى، ئۇلۇغچات ناھىيىسىنىڭ جاس رايونىنىڭ شەرقىي شىمالىدا 7 بال يەر تەۋرىدى.

4 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنى، شىخو ناھىيىسىدىكى بولغىنۇ تېغىنىڭ شىمالىي ئېتىكىدە 6.5 بال يەر تەۋرىدى.

△ يەنە شۇ كۈنى، نىلقا ناھىيىسىنىڭ شەرقىي شىمالىدا 5.4 بال يەر تەۋرىدى.

5 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى، پەيزىۋات ناھىيىسىنىڭ شەرقىي شىمالىدا 5 بال يەر تەۋرىدى.

6 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى، ئۇلۇغچات ناھىيىسىنىڭ شەرقىي جەنۇبىدا 5.3 بال يەر تەۋرىدى.

7 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى، شۇ يىلى ئۈرۈمچى، قۇمۇل، تارباغاتايدىن ئىبارەت ئۈچ ۋىلايەت ۋەسانجى ئوبلاستىنىڭ توققۇز ناھىيىسىدە جەمئىي 841 مىڭ 185 مو يەردە ئىككى ئايغا يېقىن ئېلىپ بېرىلغان ئايروپىلان بىلەن چېكەتكە يوقىتىش خىزمىتى ئاياقلىشىپ، 312 مىڭ 825 مۇ ئېتىز ۋە بىر قىسىم ئوتلاق چېكەتكە ئاپىتىدىن ساقلاپ قېلىندى.

7 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى، ئۇلۇغچات ناھىيىسىنىڭ غەربىدە 5 بال يەر تەۋرىدى.



9 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى، ئۇلۇغچات ناھىيىسىنىڭ غەربىدە 5 بال يەر تەۋرىدى.

11 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى، ئۈرۈمچىنىڭ غەربىي جەنۇبىدىكى لۇجۋاڭزىدا 5 بال يەر تەۋرىدى.

1956 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى، گۇما ناھىيىسىنىڭ غەربىي شىمالى قىسمىدا 5.3 بال يەر تەۋرىدى.

1956 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى، شىنجاڭ گېزىتى خەۋىرى: ئالتاي ۋىلايىتىدە تارقالغان ئاقسىل كېسەللى پۈتۈنلەي يوقىتىلدى.

1957 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى، ئاپتونوم رايونلۇق چارۋىچىلىق نازارىتى ھەرقايسى جايلارغا ئاقسىل كېسىلىنى قەتئىي يوقىتىش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش چىقاردى.

5 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى، ئۇچتۇرپان ناھىيە بازىرىنىڭ شەرقىي جەنۇبىدا 5 بال يەر تەۋرىدى.

6 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى، قورغاس، نىلقا قاتارلىق جايلاردا ھەرخىل زىيانداش ھاشاراتلەر يوقىتىلىپ، ئومۇميۈزلۈك مول ھوسۇل ئېلىندى.

1958 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى، ئاپتونوم رايون بويىچە تۆت زىيانداش (چىۋىن، پاشا، چاشقان، قۇچقاچ) نى يوقىتىش قەسەمياد چوڭ يىغىنى ئۈرۈمچىدە ئۆتكۈزۈلدى.

2 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى، 1958 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنىدىن 16 ـ كۈنىگىچە، تولۇقسىز ستاتىستىكىغا ئاساسلانغاندا ئاپتونوم رايونىمىزدىكى 34 ناھىيە، شەھەردە 721 مىڭ 615 چاشقان، 1 مىليون 374 مىڭ 347 قۇشقاچ، 23مىڭ 277 جىڭ چىۋىن يوقىتىلدى، ھاشاراتلەرنىڭ كۆپىيىش مەنبئى بولغان 30.5 تونna ئەخلەت تازىلاندى، 1197 ئورۇندىكى ئازگال تىندۇرۇۋېتىلدى.

6 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنىدىن 18 ـ كۈنىگىچە، شىنجاڭ گېزىتى خەۋىرى: ئېلىمىز يېقىندىن ياساپ مۇۋەپپەقىيەت قازانغان «ئەن 2» تىپلىق ئايروپىلان بارىكۆل ئوتلاقلىرىدا دورا چېچىپ چېكەتكە يوقاتتى، 68 مىڭ مودىن ئارتۇق ئېتىز ۋە ئوتلاقلاردا «666» دورىسىنى چاچتى، چېكەتكىنىڭ ئۆلۈش نىسبىتى 90% كە يەتتى.

6 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنى، كەلپىن ناھىيىسىنىڭ غەربىي شىمالىي قىسمىدا 5.75 بال يەر تەۋرىدى.

8 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنىدىن 12 ـ كۈنىگىچە، كۇچادا ئۇدا ئۈچ كۈن يامغۇر ياغدى، 13 ـ كۈنى چۈشتىن كېيىن سائەت 8 بىلەن 10 ئارىلىقىدا شالدىراڭدىن كەلگەن كەلكۈن سۈيى ئۆرلەپ ئېقىن مىقدارى سېكۇنتىغا 1220 كۇب مېتىرغا يەتتى، كۇچا دەرياسى شامالباغ تارماق ئېقىنىدىكى كەلكۈننىڭ ئېقىن مىقدارى سېكۇنتىغا 320 كۇب مېتىرغا يەتتى، بۇ ئىككى ئېقىندىكى ئۇلۇغ سۇ ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ كۇچا كونىشەھەر سېيىدا قوشۇلۇپ، كەلكۈن سۈيىنىڭ ئېقىن مىقدارى سېكۇنتىغا 1400 كۇب مېتىرغا يەتتى؛ كەلكۈن سۈيى سايدىن تېشىپ ئېقىپ كونىشەھەرنىڭ يېرىمىدىن كۆپرەك يېرىنى بېسىۋالدى، بىر چوڭ كۆۋرۈكنى بۇزۇۋەتتى؛ پۇقرالارنىڭ 8000 ئېغىزدىن ئارتۇق ئۆيى ئۆرۈلۈپ كەتتى، 507 ئادەم ئۆلدى، 3858 ئائىلە، 11000دىن ئارتۇق ئادەم ئاپەتكە ئۇچرىدى. بۇ، شۇ ۋاقىتتىكى 19600 نەپەر بازار ئاھالىسىنىڭ 60% نى ئىگىلەيدۇ. ھەر دەرىجىلىك ئىدارە ـ ئورگانلارمۇ ئېغىر ئاپەتكە ئۇچراپ، پۈتۈن كونىشەھەر چىداپ تۇرغۇسىز ئېچىنىشلىق ھالەتكە چۈشۈپ قالدى. تۆۋەن تەرەپتىكى يېزىلاردا 358 ئائىلە ئاپەتكە ئۇچراپ، 996 ئېغىز ئۆي ئۆرۈلۈپ چۈشتى، ئۈچ ئادەم ئۆلدى، 15 مىڭ 585 مو زىرائەتنى سۇ بېسىپ كەتتى، جەمئىي 10 مىليون يۈەن قىممىتىدە ئىقتىسادىي زىيان بولدى (شۇ ۋاقىتتىكى خەلق پۇلى-



نىڭ قىممىتى ئۆلچەم قىلىنغان). ئاپەتتىن كېيىن مەركەز، ئاپتونوم رايون، ئىشلەپچىقىرىش ـ قۇرۇلۇش بىڭتۇەنى، ۋىلايەتتىكى ھەر دەرىجىلىك پارتىيە، ھۆكۈمەت رەھبەرلىرى كۇچاغا كېلىپ ئاپەتتىن قۇتقۇزۇش خىزمىتىگە ئاتلاندى. 1959 ـ يىلى باھاردا مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ باشلىقى يولداش جۇدې خىزمەت گۇرۇپپىسىنى باشلاپ شەخسەن ئۆزى كۇچاغا كېلىپ، ئاپەتتىن قۇتقۇزۇش ئەھۋالىنى كۆزدىن كەچۈردى.

1959 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى، شىنجاڭ گېزىتى خەۋىرى: نىيە ناھىيىسى ئۈچ يىل جاپالىق كۈرەش قىلىش ئارقىلىق، بوغدايلاردا بولىدىغان قارا كۈيە كېسىلىنى يوقاتتى.

6 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم زىيانداش ھاشارات ئاپىتىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى يوقىتىش توغرىسىدا جىددىي ئۇقتۇرۇش چىقاردى.

6 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى، باي ناھىيىسى بىلەن توقسۇ ناھىيىسى تۇتاشقان جايدا 4.8 بال يەر تەۋرىدى.

10 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى، شىنجاڭ گېزىتى خەۋىرى: ئاپتونوم رايونىمىزدا بەزگەك ۋە كالا ئازار كېسەللىكى ئاساسىي جەھەتتىن يوقىتىلدى.

1960 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى، ئۈرۈمچى شەھىرىدە سەپەرۋەرلىك چوڭ يىغىنى چاقىرىلىپ، «چىۋىن يوقىتىش زەربىدارلىق ئېيى ھەرىكىتى» قانات يايدۇرۇلدى.

1961 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى، ئاقسۇ ناھىيىسىنىڭ غەربىي جەنۇبىدا 4.8 بال يەر تەۋرىدى.

1962 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى، ئاقسۇ ۋىلايىتىدىكى ھەرقايسى ناھىيە دېھقانلىرى قۇرغاقچىلىق، بوران، مۆلدۈر، كېسەللىك، ھاشارات قاتارلىق تەبىئىي ئاپەتلەر ئۈستىدىن غەلىبە قىلىپ، يازلىق ئاشلىقتىن مول ھوسۇل ئالدى.

12 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى، قەشقەر ۋىلايىتى ئېغىر ئاپەتلەر

ئۆستىدىن غەلىبە قىلىپ، ئاشلىق مەھسۇلاتىنى يۇقىرى كۆتۈردى.

1963 - يىلى 6 - ئاينىڭ 4 - كۈنى، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمىتى بىرلەشمە ئۇقتۇرۇش تارقىتىپ، ھەرقايسى جايلاردىن جىددىي ھەرىكەتكە كېلىپ كەلكۈننىڭ ئالدىنى ئېلىش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەشنى تەلەپ قىلدى.

7 - ئاينىڭ 3 - كۈنى، جىمىسارنىڭ ھەرقايسى گۇڭشېلىرى ۋە قۇتۇبىنىڭ ۋېيشىڭ گۇڭشېسى ئاممىنى ھەرىكەتكە كەلتۈرۈپ، زىياندااش ھاشاراتلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىپ ۋە يوقىتىپ، زىرائەتلەرنى قوغداپ قالدى.

8 - ئاينىڭ 29 - كۈنى، شىنجاڭ گېزىتى خەۋىرى: تۇرپان ئارقا - ئارقىدىن يۈز بەرگەن ئاز كۆرۈلىدىغان بوران ئاپىتى ئۈستىدىن غەلىبە قىلىپ، ئىشلەپچىقىرىشنى مۇقىم تەرەققىي قىلدۇردى.

10 - ئاينىڭ 15 - كۈنى، شىنجاڭ گېزىتى خەۋىرى: بۇ يىل 4 - ئايدىن باشلاپ ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھاۋا قاتنىشى ئىدارىسى يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشىنى زور كۈچ بىلەن قوللاپ، كۆپلەپ ئايروپىلان چىقىرىپ دورا چېچىپ، زىيانداش ھاشارەتلەرنى يوقاتتى.

12 - ئاينىڭ 18 - كۈنى، باي ناھىيىسىنىڭ شەرقىي جەنۇبىدا 7.5 بال يەر تەۋرىدى.

1964 - يىلى 6 - ئاينىڭ 5 - كۈنى، چىرىيە، بارىكۆل قاتارلىق جايلاردىكى بەزى ئىشلەپچىقىرىش ئەترەتلىرى ۋە دېھقانچىلىق مەيدانلىرى قۇرغاقچىلىق، يامغۇر، ھاشارات، مۆلدۈر قاتارلىق تەبىئىي ئاپەتلەر ئۈستىدىن غەلىبە قىلدى.

7 - ئاينىڭ 3 - كۈنى، شىنجاڭ گېزىتى خەۋىرى: شىخودا جىددىي چېكەتكە يوقىتىلدى، ئايروپىلان بىلەن دورا چېچىپ 12 مىڭ 950 مو يەردىكى زىرائەتنى ساقلاپ قالدى.



8 - ئاينىڭ 8 - كۈنى، كۇچا ناھىيىسىنىڭ شەرقىي شىمالىدا 4.75 بال يەر تەۋرىدى.

1965 - يىلى 5 - ئاينىڭ 4 - كۈنى، ئۇچتۇرپان ناھىيىسىنىڭ شەرقىي - شىمالىدا 5.8 بال يەر تەۋرىدى.

1965 - يىلى 5 - ئاينىڭ 23 - كۈنى، شىنجاڭ گېزىتى خەۋىرى: بۇ يىل باھاردا ھاۋا قۇرغاق بولۇپ يامغۇر ئاز ياغقانلىقتىن، ئۈرۈمچى ناھىيىسىگە تەۋە بارلىق ئېرىق - ئۆستەڭلەردىكى سۇ ئۆتكەن يىلغا قارىغاندا 30% - 40% ئازىيىپ كەتتى.

1966 - يىلى 5 - ئاينىڭ 12 - كۈنى، ئاقچى ناھىيىسىنىڭ غەربىي جەنۇبىدا 5 بال يەر تەۋرىدى.

7 - ئاينىڭ 17 - كۈنى، ئۇلۇغچات ناھىيىسىنىڭ غەربىي شىمال قىسمىدا 5 بال يەر تەۋرىدى.

8 - ئاينىڭ 14 - كۈنى، ئۆزبېل تاغ ئېغىزىنىڭ غەربىدە 5 بال يەر تەۋرىدى.

10 - ئاينىڭ 14 - كۈنى، ئاچچىق كۆلىنىڭ غەربىدە 6 بال يەر تەۋرىدى.

1967 - يىلى 2 - ئاينىڭ 2 - كۈنى، ئۇلۇغچات ناھىيىسى ئەتراپىدا 5 بال يەر تەۋرىدى.

4 - ئاينىڭ 25 - كۈنى، ئۈرۈمچىنىڭ غەربىي جەنۇبىدا 5 بال يەر تەۋرىدى.

4 - ئاينىڭ 28 - كۈنى، باي ناھىيىسىنىڭ شەرقىي جەنۇبىدا 5 بال يەر تەۋرىدى.

5 - ئاينىڭ 11 - كۈنى، ئۇلۇغچاتنىڭ غەربىدە 6.25 بال يەر تەۋرىدى.

5 - ئاينىڭ 14 - كۈنى، ئۇلۇغچاتنىڭ غەربىدە 5.2 بال يەر تەۋرىدى.

5 - ئاينىڭ 23 - كۈنى، قاراقۇرۇم تاغ ئېغىزىنىڭ شىمالىدا 5 بال يەر تەۋرىدى.

8 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى، ئارشاڭ ناھىيىسىنىڭ غەربىدە 5.3 بال يەر تەۋرىدى.

9 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى، ئاقسۇ كونىشەھەرنىڭ شىمالىدا 5.1 بال يەر تەۋرىدى.

1968 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى، 1967 ـ يىلى باھاردىن ھازىرغىچە شىمالىي شىنجاڭدا ئازادلىقتىن بۇيانقى ۋاقىتى ئەڭ ئۇزۇن بولغان ئېغىر قۇرغاقچىلىق بولدى، قىش كىرگەندىن بۇيان، قار ئاز يېغىپ نۇرغۇن جايلاردا مۇقىم قار يېغىلمىدى؛ ئىلى ۋىلايىتىدىكى ھۆل يېغىن باشقا يىللاردىكى ھۆل يېغىن مىقدارىنىڭ ئوتتۇرىچە مىقدارىغا يېقىنلاشقاندىن سىرت، باشقا جايلارنىڭ ئوتتۇرىچە مىقدارىدىن تۆۋەن بولدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە تېمپېراتۇرا يۇقىرى بولدى.

1969 ـ يىلى 2 ـ ئايدىن 1971 ـ يىلى 6 ـ ئايغىچە، ئۈچتۇرپان ناھىيىسى تەۋەسىدە ئۇدا 16 قېتىم يەر تەۋرىدى، ئېغىر بولغانلىرىنىڭ دەرىجىسى 5.6 بالغا يەتتى.

1969 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى ۋە 15 ـ كۈنى، ئۇلۇغچات ئەتراپىدا ئىككى قېتىم 5.5 بال يەر تەۋرىدى.

1970 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى، شىنجاڭ گېزىتى خەۋىرى: ئالدىنقى يىلدا ئاپتونوم رايونىمىزدا قۇرغاقچىلىق ئېغىر بولدى، 5 ـ، 6 ـ ئايلاردا جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ھەرقايسى دەريا ـ ئېقىنلاردىكى سۇ ئۆتكەن يىلغا قارىغاندا يېرىم ھەسسىدىن 3.2 ھەسسىگىچە ئازىيىپ كەتتى. شىمالىي شىنجاڭدىمۇ سۇ ئادەتتىكى يىللارغا قارىغاندا ئاز بولدى. قۇرغاقچىلىق رايونىنىڭ چوڭ، ۋاقتىنىڭ ئۇزۇن بولۇشى بىلەن، ئازادلىقتىن كېيىن ئاز كۆرۈلىدۇ.

1972 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى، باي ناھىيىسىنىڭ غەربىي قىسمىدا 8.4 بال يەر تەۋرىدى.

1973 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنى، كۇچا ناھىيىسىدە



4.9 بال يەر تەۋرىدى.

1973 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى، باي ناھىيىسىنىڭ شەرقىي جەنۇبىدا 1.5 بال يەر تەۋرىدى.

1976 ـ يىلى 1 ـ ئايدا، كۇچا ناھىيىسىنىڭ شەرقىي شىمال قىسمىدا 5.8 بال يەر تەۋرىدى.

1976 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنىدىن 27 ـ كۈنىگىچە، قىزىلسۇ ئوبلاستىنىڭ ھەممە يېرىدە ئومۇميۈزلۈك قار يېغىپ، كېيىن قاتتىق قارغا ئايلىنىپ ئۇستۇن ئاتۇشتىكى تاغلىق رايونلاردا قارنىڭ قېلىنلىقى 80 سانتىمېتىرغا يەتتى، 6000 تۇياقتىن ئارتۇق مال ـ چارۋا ئۆلدى.

3 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى، باي ناھىيىسىنىڭ شەرقىي جەنۇبىدا 7.4 بال يەر تەۋرىدى.

4 ـ ئايدا، تاشقورغاندىكى جۇڭگو ـ پاكىستان تاشيولى ئۆتىشىدىغان جايدا قار توسۇلۇش يۈز بېرىپ، قارنىڭ قېلىنلىقى ئىككى مېتىردىن ئېشىپ كەتتى، كېلىپ ـ كېتىۋاتقان ماشىنىلار قاتناشنى توختىتىشقا مەجبۇر بولدى.

6 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنىدىن 18 ـ كۈنىگىچە، ئۈچتۇرپان ناھىيىسىدە ئۇدا قار، يامغۇر ياغدى، تاغلىق رايونلىرىدا قار ياغدى، سەككىز ئادەم ئۆلدى، 16 ئادەم يارىلاندى، 96 كەنتنىڭ ئاپەتكە ئۇچرىغان ئېتىزلىقى 47 مىڭ 918 موغا يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە ھوسۇل ئالالمىغان ئېتىزلىقى 35 مىڭ 855 موغا يەتتى. ئۇندىن باشقا، 65 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى تاشيول، 800 ئېغىزدىن ئارتۇق ئۆي ئوخشىمىغان دەرىجىدە ئاپەتكە ئۇچرىدى.

△ يەنە شۇ ئايدا، قىزىلسۇ ئوبلاستىدىكى قاراتىكە تېغىنىڭ شىمالىدا قاتتىق قار يېغىپ، قارنىڭ قېلىنلىقى بىر مېتىرغا يەتتى، 2000 تۇياقتىن ئارتۇق چارۋا توڭلاپ ئۆلدى.

7 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى، ئەنجىخەي رايونى مۆلدۈر ئاپىتىگە ئۇچرىدى، مۆلدۈرنىڭ ئەڭ چوڭى توخۇ تۇخۇمىدەك بار.

8 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى، كۇچادا مۆلدۈر ئاپىتى يۈز بەردى، مۆلدۈرنىڭ چوڭلۇقى ياڭاق چوڭلۇقىدا بار. مۆلدۈرگە قوشۇلۇپ يەنە 8 ـ 10 بال ئەتراپىدا بوران چىقىپ، يامغۇر يېغىپ 80% ئۆيدىن يامغۇر ئۆتۈپ كەتتى، دەل ـ دەرەخ، زىرائەت ۋە چارۋىلار ئېغىر زىيانغا ئۇچرىدى.

8 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى، ئاراتۈرك ناھىيىسىدە كەلكۈن ئاپىتى يۈز بەردى، ناھىيە بويىچە 14 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى تاشيولنى بۇزۇۋەتتى، 40 مىڭ يۈەن ئۆپچۆرىسىدە زىيان بولدى.

1977 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى، توقسۇ ناھىيىسىدىكى «1 ـ ماي» سۇ ئامبىرىدىن يار ئېلىپ كەتتى، يار كەتكەن سۇنىڭ ئېقىن مىقدارى سېكۇنتىغا 150 كۇب مېتىر بولدى، شۇ يەردە تۇرۇشلۇق ئازادلىق ئارمىيە جەڭچىلىرىنىڭ كېچە ـ كۈندۈزلەپ قۇتقۇزۇشى نەتىجىسىدە، يار كەتكەن ئېغىز ئېتىلدى ۋە دامبا قايتا ياسالدى.

1 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى، جەنۇبىي شىنجاڭدىكى كۆكيار نېفىتلىكىدىكى 10 ـ نومۇرلۇق قۇدۇقتىن قاتتىق نېفىت ئېتىلىپ چىقىش ھادىسىسى يۈز بەردى.

3 ـ ئاينىڭ باشلىرىدا، ساۋەندە كەلكۈن ئاپىتى يۈز بەردى، كەلكۈن 17 كۈن داۋاملاشتى، كەلكۈننىڭ ئېقىن مىقدارى سېكۇنتىغا 167 كۇب مېتىر بولۇپ، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ئىشلىرىغا ئېغىر زىيان كەلتۈردى.

5 ـ ئاينىڭ 17 كۈنى، جەنۇبىي شىنجاڭدىكى كۆكيار نېفىتلىكىنىڭ 1 ـ نومۇرلۇق قۇدۇقىدا قاتتىق نېفىت ئېتىلىش ھادىسىسى يۈز بەردى. جەنۇبىي شىنجاڭ ھەربىي رايونى 10 لىيەندۈي ئاجرىتىپ قۇتقۇزۇش ئېلىپ باردى، قۇتقۇزۇش 1 ئايغا سوزۇلدى.

6 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنىدىن 16 ـ كۈنىگىچە، يوپۇرغا ناھىيىسىدە مۆلدۈر ۋە قارا يامغۇر يېغىپ، ناھىيە بويىچە 24



مىڭ 929 مو يەردىكى دېھقانچىلىق زىرائەتلىرىنى زىيانغا ئۇچراتتى. بۇنىڭ ئىچىدە 14 مىڭ 749 مو يەردىكى زىرائەت پۈتۈنلەي ۋەيران بولدى؛ 42 ئېغىز ئۆي، 20 ئېغىل ئۆرۈلۈپ چۈشتى، سەككىز ئادەم يارلاندى، بىر ئادەم ئۆلدى.

6 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى، قاغىلىقنىڭ كۆكياردىن ئۆششار باشقىچە ئارىلىقىدىكى تاغلىق رايوندا ئالاھىدە قارا يامغۇر ياغدى، بۇ 50 يىلدىن بۇيانقى بىر قېتىملىق ئەڭ چوڭ قار يامغۇر بولۇپ تىزناپ، كۆكيار دەريالىرىغا زور كەلكۈن پەيدا قىلدى.

7 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى، بورتالادا مۆلدۈر يېغىپ 175 مىڭ 697 مو يەردىكى زىرائەت ئاپەتكە ئۇچرىدى؛ 1 مىليون 854 مىڭ 820 جىڭ ئاشلىق زىيان بولدى. 60 ـ 70 ئادەم يارىلاندى، 600 تۇياقتىن ئارتۇق چارۋا ئاپەتكە ئۇچرىدى.

7 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى، 84 ـ، 89 ـ، 90 ـ تۈەن مەيدانلىرى مۆلدۈر ئاپىتىگە ئۇچراپ 2 مىليون جىڭ ئاشلىق، 132 مىڭ جىڭ پاختا، 46400 جىڭ ماي ماتېرىيالى زىيانغا ئۇچرىدى.

7 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى. كۇچا ناھىيىسىنىڭ شەرقىي شىمال قىسمىدا 4 .5 بال يەر تەۋرىدى.

8 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى، ئەنجىخەي مۆلدۈر، بوران، يامغۇر ئاپىتىگە ئۇچراپ، 35 ئورۇندىكى 20 مىڭ 288 مو يەردىكى زىرائەت زىيانغا ئۇچرىدى.

8 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنى، ماناستا مۆلدۈر يېغىپ 115 مىڭ 899 مو يەردىكى زىرائەت ئاپەتكە ئۇچراپ، ئىقتىسادىي زىيان 3 مىليون 583 مىڭ 150 يۈەنگە يەتتى.

10 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى، ئۇچتۇرپان ناھىيىسىنىڭ غەربىي جەنۇبىدا 7 .4 بال يەر تەۋرىدى

12 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى، شىكەركۆل ئەتراپىدا 1 .6 بال يەر تەۋرەپ بىۋاسىتە ئىقتىسادىي زىيان 500 مىڭ يۈەندىن ئېشىپ

كەتتى.

1978 - يىلى 2 - ئاينىڭ 6 - كۈنىدىن 11 - كۈنىگىچە، قاغىلىقتا قاتتىق قار يېغىپ قېلىنلىقى بىر مېتىرغا يەتتى، ئوتلاقلار قاردا كۆمۈلۈپ قالغانلىقتىن، چارۋىلار كۆپلەپ ئۆلۈپ كەتتى. تاغلىق رايوندىكى تۆت يېزا، ئىككى مەيداننى ستاتىستىكا قىلغاندا، ھەر خىل چارۋىلاردىن 19 مىڭ 924 تۇياق ئۆلۈپ كەتكەن.

3 - ئاينىڭ 16 كۈنىدىن 22 - كۈنىگىچە، قىزىلسۇ چېگرا رايونى قاتتىق قار ئاپىتىگە ئۇچرىدى. قارنىڭ قېلىنلىقى بىر مېتىردىن ئېشىپ كەتتى، بەزى جايلاردا ئۈچ مېتىرغا يەتتى، 40 مىڭدىن ئارتۇق ئادەم، 500 مىڭدىن ئارتۇق چارۋا قىيىن ئەھۋالدا قالدى. جەنۇبىي شىنجاڭ ھەربىي رايونى رەھبەرلىرى 1 - سەپكە كېلىپ قىزىلسۇ تارماق ھەربىي رايونىدا ئالدىنقى سەپ قوماندانلىق شتابى تەشكىللىدى، كۆپلەپ ئادەم كۈچى، ماشىنا ئەترىتى ئەۋەتىپ ۋە ماددىي ئەشيا ئاجرىتىپ، 3000 كىلومېتىردىن ئارتۇق يول بېسىپ خەتەر ئىچىدىكى ئامما ۋە چارۋىلارنى بىخەتەر يۆتكەپ چىقتى؛ ئاپتونوم رايون تىك ئۇچار ئايروپىلان ئەۋەتىپ ئاپەت بولغان رايونلارغا ھاۋادىن قۇتقۇزۇش بۇيۇمى ۋە ماددى بۇيۇم يەتكۈزۈپ بەردى.

3 - ئاينىڭ 16 كۈنى، قاغىلىق ناھىيىسىدە قاتتىق قار يېغىپ، ناھىيە بويىچە ئۆلگەن چارۋا 70 مىڭ تۇياقتىن ئېشىپ كەتتى.

3 - ئاينىڭ 16 - كۈنىدىن 23 - كۈنىگىچە، ئۇلۇغچات ناھىيىسىنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا ئوتتۇراھال ۋە قاتتىق قار يېغىپ، توققۇز يېزا، ئىككى چارۋىچىلىق مەيدان ئوخشىمىغان دەرىجىدە قار ئاپىتىگە ئۇچرىدى؛ يوللار توسۇلۇپ قاتناش توختىدى، چارۋىلار ۋە چارۋىچىلارنىڭ كىگىز ئۆيلىرى قار ئاستىدا قېلىپ ئېغىر زىيان بولدى.



△ يەنە شۇ ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا، ئاقچى ناھىيىسىدە تارىختا ئاز كۆرۈلىدىغان قاتتىق قار يېغىپ، 12 مىڭدىن ئارتۇق چارۋا ئاپەتكە ئۇچرىدى، ئەتىيازلىق تېرىلغۇ 15 كۈندىن 20 كۈنگىچە كېچىكتى.

4 - ئاينىڭ 12 - كۈنىدىن 15 - كۈنىگىچە، توقسۇن ئەتراپلىرىدا قاتتىق بوران چىقتى، بوران ئەڭ كۈچەيگەن ۋاقىتتا 12 بالغا يەتتى، 9 بالدىن يۇقىرى قاتتىق بوران 50 سائەتكە يېقىن داۋاملاشتى؛ بوران دىئامېتىرى 20 سانتىمېتىر كېلىدىغان دەرەخلەرنى قومۇرۇۋەتتى. بۇغداي، كېۋەز، قوناقلارنى ئۇرۇقى ھەم ئۇغۇتلار بىلەن قوشۇپ ئۇچۇرۇۋېتىپ كەتتى.

5 - ئاينىڭ 24 - كۈنىدىن 25 - كۈنىگىچە، قەشقەر، خوتەنلەردە 10 بال بوران چىقتى، قەشقەردە ئاپەت ئەڭ ئېغىر بولدى، ئۆي، ئېغىللار ئۆرۈلۈپ، ئادەم ۋە چارۋىلار ئۆلۈپ كەتتى؛ 100 مىڭ تۈپتىن ئارتۇق دەرەخ قومۇرۇلۇپ كەتتى، قوناق، كېۋەزلەرنىڭ 50%نى ئۇچۇرۇۋېتىپ كەتتى، بۇغدايلارنى ياتقۇزۇۋەتتى.

5 - ئاينىڭ 25 - كۈنى، تاڭ كېچىدىن ئەتىگەن سائەت 6گىچە قاغىلىق ناھىيىسى 20 يىلدىن بۇيان كۆرۈلۈپ باقمىغان بوران ئاپىتىگە ئۇچرىدى، بوران كۈچى 10 بال ئەتراپىدا بولۇپ پۈتۈن ناھىيىدىكى 522 مىڭ مودىن كۆپ يەردىكى ئاشلىق، پاختىلارنى زىيانغا ئۇچراتتى؛ بۇ ئومۇمىي يەر مەيدانىنىڭ 84.8% نى ئىگىلەيدۇ: 48 ئېغىز ئۆي، ئىككى ئامبار، 49 ئېغىز ئېغىل ئۆرۈلدى، سەككىز ئادەم يارىلاندى، 18 مىڭ تۈپ دەرەخنى قومۇرۇۋەتتى، نېفىت ئايرىش زاۋۇتى 2 - 3 كۈن ئىشتىن توختىدى، ناھىيە بويىچە توك، تېلېفون توختىدى.

△ يەنە شۇ ئاينىڭ ئاخىرىدا، موڭغۇلكۈرەدە قېلىن قار يېغىپ قىچا، ياڭيۇلارنىڭ ھەممىسىنى توڭلىتىۋەتتى.

6 - ئاينىڭ 4 - كۈنى، بورتالانىڭ نەسىللىك ئۇرۇق

يېتىشتۈرۈش مەيدانىدىن تۆەن مەيدانغىچە بولغان شەرقتىن غەرپكىچە ئۇزۇنلۇقى 40 ـ 50 كىلومېتىر، كەڭلىكى ئۈچ كىلومېتىر ئارىلىقتا مۆلدۈر يېغىپ، 138 مىڭ مو يەردىكى زىرائەتنى زىيانغا ئۇچراتتى.

6 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى، كۇچادا 8 بال بوران چىقتى ھەمدە ئۆتكۈنچى يامغۇر ياغدى، ئايرىم جايلاردا مۆلدۈر ياغدى. تاغلىق رايونلاردا ئاپەت خېلى ئېغىر بولۇپ 3000 تۇياق ئەتراپىدا مال ـ چارۋا ئۆلدى، بەزى ئۆيلەر ئۆرۈلدى، يېزا ئىگىلىكىگە ئېغىر زىيان بولدى.

6 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنىدىن 12 ـ كۈنىگىچە، بوغدا كۆلى ئاستىدىكى جىلغىلاردا سۇ ئاپىتى يۈز بېرىپ چارۋىلار زىيانغا ئۇچرىدى، فۇكاڭ ناھىيىسىدىن بوغدا كۆلىگە بارىدىغان يول پۈتۈنلەي بۇزۇۋېتىلدى.

6 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى، خوتەن ۋىلايىتىدە 10 بال بوران چىقتى، يەتتە ناھىيە ئاپەتكە ئۇچراپ يازلىق ئاشلىق مەھسۇلاتى كېمىيىپ كەتتى، كېۋەز ۋە كۈزگە ئاشلىق زىرائىتىنى قايتا تېرىشقا توغرا كەلدى.

6 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنىدىن 10 ـ كۈنىگىچە، توقسۇ ناھىيىسى ئەتراپىدا قاتتىق بوران چىقتى، بوراننىڭ ئەڭ يۇقىرى سۈرئىتى سېكۇنتىغا 29 مېتىر بولدى، بورانغا قوشۇلۇپ يامغۇر يېغىپ، تېمپېراتۇرا تۆۋەنلەپ 34 مىڭ 179 مو بۇغداي، 14 مىڭ 162 مو قوناق، 1000 مو شال، 19 مىڭ 894 مو كېۋەز، 1040 مو مايلىق زىرائەت، 194 مو تاۋۇز ـ قوغۇننى ئۇششۇتىۋەتتى؛ 115 كالا، 890 تۇياق قوي توڭلاپ ئۆلدى، 16 مىڭ 700 كىلومېتىر ئېرىق ـ ئۆستەڭنى تىندۇرىۋەتتى.

6 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى، ئاقسۇ كونىشەھەر ناھىيىسىدە مۆلدۈر ياغدى، مۆلدۈرنىڭ چوڭلۇقى توخۇ تۇخۇمىدەك بولۇپ يەرنىڭ ئۈستىنى 3.3 سانتىمېتىر مۆلدۈر قاپلىدى، مۆلدۈردىن



كېيىن قارا يامغۇر يېغىپ، كەلكۈن كېلىپ ئۆيلەر ئۆرۈلۈپ كەتتى.

△ يەنە شۇ كۈنى، قارا شەھەرنىڭ شىكشىن يېزىسى تارىختا ئاز كۆرۈلىدىغان كەلكۈن ئاپىتىگە ئۇچرىدى، كەلكۈندە 266 ئېغىز ئۆي ئۆرۈلدى، 10 ئات، ئىككى كالا، 1900 دىن ئارتۇق قوي ئۆلدى؛ كۆۋرۈك، تونېل، تومالاردىن 21 نى ئېلىپ كەتتى. 12 كىلومېتىر ئۆستەڭ، 34 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى ئېرىق، 18 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى كەلكۈندىن مۇداپىئەلىنىش توسمىسىنى بۇزىۋەتتى، 18 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى ئورمان بەلۋېغىنى بۇزىۋەتتى؛ 21 مىڭ مو يەردىكى زىرائەتنى ئېقىتىپ كەتتى، 3800 مو يەردىكى زىرائەت زور زىيانغا ئۇچرىدى.

6 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنى، مىچۈەن ناھىيىسىدە قارا يامغۇر ياغقانلىقتىن كەلكۈن ئاپىتى يۈز بەردى، كەلكۈن دەريا ـ ئۆستەڭلەردىن تېشىپ چىقىپ خەلقنىڭ ئۆيلىرىنى ئۆرىۋەتتى.

يەنە شۇ كۈنى، ئاقسۇدا مۆلدۈر يېغىپ بۇغداي، كېۋەز قاتارلىق دېھقانچىلىق زىرائەتلىرىنى ئېغىر زىيانغا ئۇچراتتى.

6 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنىدىن 16 ـ كۈنىگىچە، ئۈچتۇرپان، شايار ئەتراپىدا قارا يامغۇر يېغىپ يول، ئۆيلەرنى بۇزۇۋەتتى، نەچچە 10 مىڭ مو يەردىكى زىرائەت زىيانغا ئۇچرىدى.

6 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى، ئۈچتۇرپان ناھىيىسىنىڭ شىمالىدا 4.7 بال يەر تەۋرىدى.

7 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنى، غۇلجىنىڭ پەنجىم قاتارلىق ئىككى يېزىسىدا كەلكۈن ئاپىتى يۈز بېرىپ كۆۋرۈك، يوللارنى بۇزىۋەتتى، ھەمدە 25 ئېغىز ئۆينى ئۆرىۋەتتى، بىر مىليون 180 مىڭ جىڭ ئاشلىق زىيانغا ئۇچرىدى.

7 ـ ئاينىڭ 30 كۈنى، بۆرچىندا قاتتىق بوران چىقىپ 1 مىليون جىڭ ئاشلىق زىيان بولدى.

9 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى، نىلقا ئورمانچىلىق مەيدانىدا زور

ئوت ئاپىتى يۈز بەردى، بۇ ئوت 40 كۈن كۆيۈپ 15 گېكتار يەردىكى ئورماننى كۆيدۈرۈۋەتتى. قۇرۇقلۇق ئارمىيە 7 - دېۋىزىيىسىنىڭ 21 - پولكى 600 دىن ئارتۇق ئادەم ۋە 40 ماشىنا چىقىرىپ جىددىي قۇتقۇزۇش ئارقىلىق ئوتنى ئۆچۈرۈۋالدى.

1979 - يىلى 3 - ئاينىڭ 29 - كۈنى، كۇچا ناھىيىسىدە 6 بال يەر تەۋرىدى.

1979 - يىلى 4 - ئاينىڭ 3 - كۈنىدىن 10 - كۈنىگىچە، قىزىلسۇ قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستى تەۋەسىدە ئومۇميۈزلۈك قار ياغدى، دېھقانچىلىق رايونلىرىدا 8 بال بوران چىقتى. قار، بوراننىڭ تەسىرى بىلەن پۈتۈن ئوبلاستنىڭ دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىشى ئېغىر زىيانغا ئۇچرىدى.

4 - ئاينىڭ 9 - كۈنىدىن 11 - كۈنىگىچە، قار، بوران شىنجاڭنىڭ شىمالى، شەرقى ۋە جەنۇبىدىكى قىسمەن جايلارغا كۈچلۈك تەسىر كۆرسەتتى. بۇ جايلاردا ئومۇميۈزلۈك ھالدا 8 بالدىن يۇقىرى قاتتىق بوران چىقتى، ئىلى، ئالتاي، قۇمۇل، تۇرپان، توقسۇن، قەشقەر قاتارلىق جايلار ۋە بەزى شامال ئېغىزلىرىغا جايلاشقان جايلاردا بوران كۈچى 15 بالغا يەتتى. نۇرغۇن جايلاردا بوران ئارىلاش قار ياغقانلىقى ئۈچۈن، تېمپېراتۇرا نۆلدىن تۆۋەن 15°C- 16°C قىچە تۆۋەنلىدى. بەزى جايلاردا تېمپېراتۇرا قىسقا مۇددەتلىك نۆلدىن تۆۋەن 30°C ئەتراپىغا چۈشۈپ، 30 يىلدىن بۇيانقى ئوخشاش مەزگىلدىكى ئاز كۆرۈلىدىغان قاتتىق سوغۇق ھاۋارايى پەيدا بولدى. تۇرپان چېگرىسى ئىچىدىكى بىر قىسىم جايلاردىكى تۆمۈر يول بۇزۇلدى، تۇرپان ئىستانسىسىغا يېقىن جايدا زور ئوت ئاپىتى يۈز بەردى. جەنۇبىي ۋە شىمالىي شىنجاڭدىكى بوران زەربىسىگە ئۇچرىغان جايلاردا قاتناش توسۇلۇپ جايلار بىلەن بولغان ئالاقە ئۈزۈلدى، ھەرخىل ئەسۋاب، ئۈسكۈنىلەر بۇزۇلدى. تولۇقسىز ستاتىستىكىغا قارىغاندا، پەقەت قارامايدىلا بىر مىليون 470 مىڭ يۈەن ئىقتىسادى زىيان بولغان.



بۇ قېتىمقى بوران پۈتۈن شىنجاڭنىڭ ھەر تۈرلۈك ئىشلەپچىقىرىشى ۋە خەلقنىڭ ھاياتى، مال - مۈلكىنى ئېغىر زىيانغا ئۇچراتتى.

7 - ئاينىڭ 13 - كۈنى، بەيتىكتە قارا يامغۇر يېغىپ تاغ كەلكۈنى پەيدا قىلدى.

7 - ئاينىڭ 27 - كۈنىدىن 29 - كۈنىگىچە، قاتتىق يامغۇر يېغىپ كەلكۈن كەلگەنلىكى تۈپەيلىدىن، ئۈرۈمچى تۆمۈر يول ئىدارىسىغا قاراشلىق شۈلۈخېدىن ليۇيۈەنگىچە، ئۈچ بولاقتىن تۈز كۆلگىچە بولغان تۆمۈريول بۆلۈكىنىڭ يول تېگى بۇزۇۋېتىلدى ياكى ئولتۇرۇشۇپ كەتتى، تونىل ئېغىزلىرى ئۆرۈلۈپ چۈشتى؛ ئىدارىغا قاراشلىق ئومۇمىي يول لىنىيىسىنىڭ 70 نەچچە يېرى كەلكۈن ئاپىتىگە ئۇچرىدى، بەزى يول تىگىنىڭ 300 - 400 مېتىر ئارىلىقلىرىنى پۈتۈنلەي كەلكۈن ئېقىتىپ كەتتى.

9 - ئاينىڭ 19 - كۈنى، ئۈچتۇرپان ناھىيىسىدە مۆلدۈر ئاپىتى يۈز بېرىپ، 88 مىڭ مو يەردىكى زىرائەت ئاپەتكە ئۇچراپ، 4 مىليون 930 مىڭ جىڭ ئاشلىق زىيان بولدى.

10 - ئاينىڭ 13 - كۈنىدىن 15 - كۈنىگىچە، سىبىرىيىدىن سوغۇق ھاۋا ئېقىمى كىرگەنلىكى ئۈچۈن، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ شىمالىي شىنجاڭ رايونىدا ئوخشىمىغان دەرىجىدە ئۈشۈك يۈز بەردى.

11 - ئاينىڭ 5 - كۈنى، جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ كۆكيار دېگەن يېرىدىكى نېفىتلىكنىڭ 9 - نومۇرلۇق قۇدۇقىدىن نېفىت ئېتىلىش ھادىسىسى يۈز بەردى.

1980 - يىلى 3 - ئاينىڭ 22 - كۈنى، تېمپېراتۇرىنىڭ تۇيۇقسىز ئۆرلىشى بىلەن تاغدىكى مۇز، قارلار كۆپلەپ ئېرىپ، ئۈرۈمچى شەھىرى (ئاساسلىقى شىمالىي شىنخۇا يولى ئەتراپى) 30 يىلدىن بۇيانقى ئەڭ چوڭ ئەتىيازلىق كەلكۈن ئاپىتىگە ئۇچ-

ـرىدى.

5 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى، چۆچەكتە قاتتىق يامغۇر ياغقانلىقى ۋە بوران چىققانلىقى تۈپەيلىدىن، 80% ئۆيدىن يامغۇر ئۆتۈپ كەتتى، بەزى ئۆيلەر ئۆرۈلۈپ چۈشتى.

5 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى، پەيزىۋات سۇ ئېلېكتىر ئىستانسىسى ئەتراپىدا قارا يامغۇر يېغىپ، سۇ ئېلېكتىر ئىستانسىسى ئۆستىڭىنىڭ ئىككى يېرىنى يار ئېلىپ كەتتى، 10 نەچچە مىڭ خەلق ئىشچىلىرىنىڭ جىددىي قۇتقۇزۇشى بىلەن، 11 كۈندىن كېيىن توك بېرىشكە باشلىدى.

△ يەنە شۇ كۈنى، تۇرپاندا قاتتىق بوران چىقىپ كۆزنى يۇمۇپ ئاچقىچە 11 بالغا يەتتى، پۈتۈن ناھىيىدىكى دېھقانچىلىق زىرائەتلىرىنىڭ ئاپەتكە ئۇچرىغان يەر مەيدانى 60 مىڭ موغا يەتتى.

يەنە شۇ ئايدا، قىزىلسۇ قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستىنىڭ بەزى جايلىرى مۆلدۈر ئاپىتىگە ئۇچراپ، 114 مىڭ 530 مو دېھقانچىلىق زىرائىتى زىيانغا ئۇچرىدى، 19 ئادەم يارىلاندى، 413 تۇياق چارۋا ئۆلدى، 87 ئېغىز ئۆي ۋە 14 ئات ئېغىلى ئۆرۈلۈپ كەتتى.

7 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى، شىنجاڭنىڭ كۆپ قىسىم جايلىرىدا $30^{\circ}C$ تىن $42^{\circ}C$ قىچە بولغان يۇقىرى ھاۋا تېمپېراتۇرىسى كۆرۈلدى، بۇنىڭ ئىچىدە تۇرپان ئويمانلىقىنىڭ تېمپېراتۇرىسى $46^{\circ}C$ قا يەتتى.

7 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى، ئاۋات ناھىيىسىدە كۈندۈزى 7 بالدىن يۇقىرى بوران چىقىپ، ناھىيە بويىچە 115 مىڭ 92 مو يەردىكى ھەرخىل دېھقانچىلىق زىرائىتى ئاپەتكە ئۇچرىدى، 11 مىڭ 129 جىڭ زاراڭزا، 881 مىڭ 724 جىڭ مېۋە زىيانغا ئۇچرىدى، 2014 تۈپ دەرەخ سۇنۇپ كەتتى.

8 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى، ئۇلۇغچاتتا 6 بال يەر تەۋرىدى.



9 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈندىن 25 ـ كۈنگىچە، ئالتاي ناھىيىسىنىڭ كۆكسۇ دېھقانچىلىق مەيدانىنىڭ 3 ـ ئەترىتىدە بەزىلەرنىڭ ئوت قويۇشى بىلەن زور ئوت ئاپىتى يۈز بېرىپ، ئىككى يېزا، بىر مەيدانىنىڭ 43 مىڭ 500 مو ئوتلىقى، 11 چارۋا قوتىنى، 13 ئېغىز ئۆي ۋە كۆپ مىقداردىكى يەم ـ خەشەك، قومۇش كۆيۈپ كەتتى، بىۋاسىتە ئىقتىسادىي زىيان 172 مىڭ 900 يۈەنگە يەتتى.

11 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى، قارامايىنىڭ ئورخۇ رايونى بوران ئاپىتىگە ئۇچراپ، ئۈچ جۈپ سېمونت، پولات چىۋىق بىلەن ياسالغان يۇقىرى بېسىملىق ئېلېكتىر سىمى تۈۋرۈكى ئۈزۈلۈپ كەتتى، بوران سەككىز قېتىملىق ئوت ئاپىتىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. بۇنىڭ ئىچىدە تەمىنلەش باشقارمىسىنىڭ كىيىم ـ كېچەك زاۋۇتىنىڭ ئۆيلىرى كۆيۈپ كەتتى، 65 مىڭ يۈەن زىيان بولدى. بوران ئۆي ئۆگزىلىرىنى ئېچىۋەتتى، ئىشىك، دېرىزىلەرنى ئاجرىتىۋەتتى، تورخۇنلارنى ئۆرۈۋەتتى، چېدىر، ئۇسكىنىلەرنى بۇزىۋەتتى، ياغاچ ماتېرىياللىرىنى ئۇچۇرۇپ كەتتى. تولۇقسىز ستاتىستىكىغا قارىغاندا، بىۋاسىتە ئىقتىسادىي زىيان بىر مىليون 284 مىڭ 500 يۈەن بولغان.

1981 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى، شىنجاڭ گېزىتى خەۋىرى: كۈچانىڭ ھاۋا كېلىماتى نورمالسىز بولۇپ، ئۆتكەن يىلى 10 ـ ئايدىن بۇ يىل 1 ـ ئاينىڭ ئوتتۇرلىرىغىچە يامغۇر ياكى قار ياغمىغان، تېمپېراتۇرا باشقا يىللاردىكىگە قارىغاندا $4^{\circ}C$ ـ $6^{\circ}C$ قىچە يۇقىرى بولغان.

2 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى، شىنجاڭ گېزىتى خەۋىرى: ئۆتكەن يىلى شىنجاڭ بويىچە 11 ئوبلاست، ۋىلايەتنىڭ 37 ناھىيىسى قار مۇز، مۆلدۈر، كەلكۈن، قۇرغاقچىلىق، بوران ئاپىتى قاتارلىق تەبىئىي ئاپەتلەرگە ئۇچرىدى.

5 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى، ئۈرۈمچى شەھەر ئەتراپى ئۇدا نەچچە

كۈن 7 بال بوراننىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچرىدى، سەي - كۆكتاتلار ھەممە تۈرلۈك ئەسلىھەلەر زىيانغا ئۇچرىدى.

5 - ئاينىڭ 8 - كۈنى، قاغىلىق ناھىيىسىگە 20 يىلدىن بۇيانقى ئەڭ زور كەلكۈن كەلدى، خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى ۋە شۇ يەردىكى خەلق ئاممىسىنىڭ قۇتقۇزۇشى ئارقىسىدا ئېغىر زىيان كۆرۈلمىدى.

7 - ئاينىڭ 19 - كۈنى، تۇرپاننىڭ يالقۇنتاغ تاغلىق رايونىدا قارا يامغۇر يېغىپ، 400 ئائىلىلىك ئۆي ئۆرۈلۈپ چۈشتى، 10 نەچچە كىلومېتىرلىق ئېرىق، ئۆستەڭ بۇزۇۋېتىلدى، 10 نەچچە مىڭ مو زىرائەتنى سۇ بېسىۋالدى، 20 نەچچە كارىز يولى بۇزۇۋېتىلدى، بىر قىسىم ئادەملەر يارىلاندى. 26 - كۈندىن 30 - كۈنگىچە، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم، خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى، خەلق ھۆكۈمىتى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ئىسمايىل ياسىنوف ئۆمەك باشچىلىقىدىكى بىرلەشمە ھال سوراش ئۆمىكىنى ئەۋەتىپ، ئاپەتكە ئۇچرىغان ئارمىيە، خەلقتىن ھال سورىدى.

8 - ئاينىڭ 22 - كۈنى، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم، خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى، خەلق ھۆكۈمىتى ئاقسۇغا ھال سوراش ئۆمىكى ئەۋەتىپ مۆلدۈر، كەلكۈن ئاپىتىگە ئۇچرىغان 500 دىن ئارتۇق ئىشلەپچىقىرىش ئەترىتى، 10 نەچچە تۈەن - مەيداندىن ھال سورىدى.

1982 - يىلى 5 - ئاينىڭ 8 - كۈنىدىن 9 - كۈنىگىچە، فاڭساۋخۇ دېھقانچىلىق مەيدانى مۆلدۈر ۋە ئۈششۈك ئاپىتىگە ئۇچرىدى، ئاپەتكە ئۇچرىغان يەر مەيدانى 60 مىڭ موغا يەتتى.

6 - ئاينىڭ 13 - كۈنى، شىنجاڭ گېزىتى خەۋىرى: 5 - ئاي كىرگەندىن بۇيان دېھقانچىلىق 8 - دىۋىزىيىسىنىڭ شىيايېدى، موسۇۋەن، ئەنجىخەي قاتارلىق بوز يەر ئېچىش رايونلىرى ئارقا - ئارقىدىن ئۈششۈك، بوران، مۆلدۈر، قۇرغاقچىلىق



ئاپىتىگە ئۇچراپ، 500 مىڭ مو يەردىكى زىرائەت ئوخشىمىغان دەرىجىدە زىيانغا ئۇچرىدى.

6 - ئاينىڭ 28 - كۈنى، جىڭ ناھىيىسى تارىختا ئاز كۆرۈلىدىغان كەلكۈن ئاپىتىگە ئۇچرىدى.

1983 - يىلى 4 - ئاينىڭ 5 - كۈنى سائەت 14تىن 50 مىنۇت، 26 سېكۇنت ئۆتكەندە ئۇلۇغچات ناھىيىسىنىڭ تۆيۈن يېزىسى ئەتراپىدا 6.2 بال يەر تەۋرىدى، تاغلاردىن پارتلىغاندەك ئاۋاز چىقتى، يەرنىڭ تېگىدىن قۇم، سۇ ئېتىلىپ چىقىش ھادىسىسى كۆرۈلدى.

4 - ئاينىڭ 26 - كۈنى چۈشتىن كېيىندىن باشلاپ 27 - كۈنى ئەتىگەنگىچە، تۇرپان، پىچان، توقسۇن ئۈچ ناھىيە 10 - 12 بالغىچە بولغان بوراننىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچرىدى.

4 - ئاينىڭ 27 - كۈنى، شىنجاڭ گېزىتى خەۋىرى: ئۆتكەن يىلى قىش، بۇ يىل ئەتىيازدا ئىلى ئوبلاستىغا قاراشلىق شەھەر، ناھىيىلەر ھەمدە سانجى، ئۈرۈمچى، تۇرپان، بورتالا، قۇمۇل قاتارلىق جايلاردا قار - يامغۇر ئاز بولغانلىقتىن، قۇرغاقچىلىق ئېغىر بولدى.

8 - ئاينىڭ 2 - كۈنى، شىنجاڭ گېزىتى خەۋىرى: 7 - ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن بۇيان شىنجاڭدا قاتتىق ئىسسىق ھاۋا رايى كۆرۈلدى، 7 - ئايدىكى تېمپېراتۇرا باشقا يىللاردىكى ئوتتۇرا ھال تېمپېراتۇرىدىن 13 كۈن ئېشىپ كەتتى. 7 - ئاينىڭ 31 - كۈنى تېمپېراتۇرا 38℃ تىن ئېشىپ كەتتى، پامىر ئېگىزلىكىدىكى قار، مۇزلار ئېرىپ قەشقەر ۋىلايىتىدە كەلكۈن ئاپىتى يۈز بەردى.

8 - ئاينىڭ 23 - كۈنى، توققۇزتارا ناھىيىسىنىڭ ئورمانلىقىدا ئوت ئاپىتى يۈز بەردى.

1984 - يىلى 1 - ئاينىڭ 29 - كۈنى، شىنجاڭ گېزىتى خەۋىرى: بايىنبۇلاقتا ئۇدا قاتتىق قار يېغىپ، ئاققۇ كۆلى بويلى-

رىدا تارىختا ئاز كۆرۈلىدىغان قار ئاپىتى يۈز بەردى، شۇ يەردە تۇرۇشلۇق قىسىملار جىددىي ئاپەتتىن قۇتقۇزۇشقا ئاتلاندى.

2 - ئاينىڭ 16 - كۈنى، ئەتىگەن سائەت 3 تە تۇرپاننىڭ يار سۇ ئامبىرىنىڭ دامبىسى ئۆرۈلۈپ كەتتى، ئامباردا ساقلىنىۋاتقان 3 مىليون 500 مىڭ كۇپ مېتىر سۇ سېكۇنتىغا 200 كۇپ مېتىر تېزلىك بىلەن ئېقىپ، 10 سائەتتىن كۆپرەك ۋاقىتتا ھەممىسى ئېقىپ تۈگىدى؛ تۆۋەن ئېقىمغا ئاپەتكە ئۇچراپ ئېتىز، ئۆي، كارىزلارنى ئېقىتىپ زور زىيانغا ئۇچراتتى.

4 - ئاينىڭ 24 - كۈنىدىن 25 - كۈنىگىچە، ئۈرۈمچى تۆمۈريول ئىدارىسىغا قاراشلىق پۈتۈن تۆمۈريول لىنىيىسى ئاز ئۇچرايدىغان بوراننىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچرىدى، بوراننىڭ يۇقىرى كۈچى 12 بالدىن ئېشىپ كەتتى.

5 - ئاينىڭ 23 - كۈنى، سانجى شەھىرىنىڭ سەنتۇنخې، توتۇنخې دەريالىرىنىڭ يۇقىرى ئېقىمىغا ئاز كۆرۈلىدىغان تاغ كەلكۈنى كەلدى.

6 - ئايدا، ئالتاي ۋىلايىتى كەلكۈن ئاپىتىگە ئۇچراپ دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق، سانائەت ئىشلەپچىقىرىشى ئېغىر زىيانغا ئۇچرىدى.

7 - ئاينىڭ 29 - كۈنى، شىنجاڭ گېزىتى خەۋىرى: ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى ئېغىر سۇ ئاپىتىگە ئۇچرىغان تۇرپان، پىچان، ئالتاي، مورى قاتارلىق جايلارغا بىر مىليون 600 مىڭ يۈەن ئاپەتتىن قۇتقۇزۇش پۇلى ئاجرىتىپ، ئاپەتكە ئۇچرىغان خەلقنىڭ ئائىلىلىرىنى قايتا قۇرۇپ، ئىشلەپچىقىرىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە ياردەم بېرىشنى قارار قىلدى.

12 - ئاينىڭ 21 - كۈنى، ئىلى دەريا جىلغىسى كۈچلۈك سوغۇق ھاۋا ئېقىمىنىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچرىغانلىقتىن، 400 مىڭ تۇياق چارۋا خەتەر ئىچىدە قالدى.

1985 - يىلى 3 - ئاينىڭ 17 - كۈنى، شىنجاڭ گېزىتى



خەۋىرى: ئىلى ۋىلايىتى ئاز كۆرۈلىدىغان قار ئاپىتىگە ئۇچرىدى، 2 - ئاينىڭ ئاخىرىغىچە قار ئاپىتى بىلەن ئۆلگەن چارۋا 7000 تۇياقتىن ئېشىپ كەتتى.

3 - ئاينىڭ 18 - كۈنىدىن 19 - كۈنىگىچە، ئۈچتۇرپان، باي ناھىيىلىرىدە ئۇدا 20 نەچچە سائەت قار يېغىپ، ئازادلىقتىن بۇيانقى ئەڭ چوڭ قار ئاپىتىگە ئۇچرىدى.

8 - ئاينىڭ 23 - كۈنى سائەت 20 دىن 41 مىنۇت 54 سېكۇنت ئۆتكەندە، ئۇلۇغچات ناھىيىسىنىڭ جەنۇبى، قەشقەر يېڭىشەھەر ناھىيىسىنىڭ غەربىي جەنۇب رايونىدا 7.4 بال يەر تەۋرەپ 60 ئادەم ئۆلدى، 100 ئادەم يارىلاندى. 24 - كۈنى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى تېلېگرامما ئارقىلىق ئاپەتكە ئۇچرىغان رايوندىن ھال سورىدى؛ خۇچىلى، تيەن جىيۈن پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى، گوۋۇيۈەنگە ۋاكالىتەن ئاپەتكە ئۇچرىغان رايونغا كېلىپ ھال سورىدى.

9 - ئاينىڭ 12 - كۈنى ئەتىگەن سائەت 4 تىن 45 مىنۇت 58 سېكۇنت ئۆتكەندە، قەشقەر يېڭىشەھەر ناھىيىسىنىڭ ئوپال يېزىسىدىن ئۇلۇغچات ناھىيىسىگىچە بولغان ئارىلىقتا 6.9 بال يەر تەۋرىدى. بۇ ئەتراپتا 8 - ئاينىڭ 23 - كۈنى يەر تەۋرىگەندىن تارتىپ ھازىرغىچە 1400 قېتىم قالدۇق يەر تەۋرىدى، ئۇنىڭ ئىچىدە 4 بالدىن 6 بالغىچە بولغانلىرى 30 نەچچە قېتىم.

12 - ئاينىڭ 14 - كۈنىدىن 16 - كۈنىگىچە، تاشقورغان ناھىيىسىدە ئۇدا قېلىن قار يېغىپ سەككىز يېزا، بىر چارۋىچىلىق مەيدانىدىكى دېھقان چارۋىچىلار ۋە 80 مىڭ تۇياققا يېقىن چارۋا - مال قىيىن ئەھۋالدا قالدى.

1986 - يىلى 3 - ئاينىڭ 15 - كۈنىدىن بۇيان ئاقچى، ئاتۇش ناھىيىلىرىنىڭ چارۋىچىلىق رايونلىرىدا بىر مېتىر قېلىنلىقتا قار يېغىپ، چارۋىچىلىق ئىشلىرىغا ئېغىر ئاپەت كەلتۈردى. بۇ، چارۋىلار تۆللەيدىغان مەزگىل بولغاچقا ئورۇق، ئاجىز

چارۋا ـ مال ۋە تۆللەردىن بولۇپ 13 مىڭ تۇياقتىن ئارتۇق چارۋا ـ مال ئۆلۈپ كەتتى؛ چوڭ ماللاردىنمۇ 14مىڭ 900 تۇياقتىن كۆپرەك ئۆلدى، 70 نەچچە مىڭ تۇياقتىن كۆپرەك چارۋا ـ مال قوتانلاردىن چىقالمىدى. 25 ـ مارت يەنە قاتتىق قار يېغىپ 250 ئادەم ۋە 5485 تۇياق چارۋا قاردا قاپسىلىپ قالدى.

3 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنىدىن 30 ـ كۈنىگىچە، ئۇلۇغچات ناھىيىسىدە كەينى ـ كەينىدىن قاتتىق قار يېغىپ ئاپەت بولدى. 1219 تۇياق چوڭ چارۋا، 3407 تۇياق قوي ئۆلدى؛ 36 مىڭ 898 تۇياق چارۋا ـ مال، 2438 ئادەم قار ئىچىدە قاپسىلىپ قالدى؛ ناھىيىدىن ھەرقايسى يېزىلارغا بارىدىغان تۆت تاشيولىنىڭ ھەممىسى توسۇلۇپ قالدى. توققۇز يېزا، ئىككى بازاردا ئوت ـ چۆپ، يەم ـ خەشەك ۋە ئاشلىق ئۆكسۈپ قالدى، بولۇپمۇ، بايقۇرۇت يېزىسىنىڭ تاغلىق چارۋىچىلىق رايونىدا قار كۆچۈپ، 100 نەچچە تۇياق چارۋا قار ئاستىدا قالدى.

4 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى بېيجىڭ ۋاقتى سائەت 23 تىن 17 مىنۇت ئۆتكەندە، بۇرۇلتوقاي ناھىيىسىنىڭ شىمالىي ۋە كۆكتوقاي ناھىيىسى ئەتراپىدا 4.5 بال يەر تەۋرىدى. يەر تەۋرەش مەركىزىگە 120 كىلومېتىر كېلىدىغان ئالتاي شەھىرىدە يەر تەۋرەشنىڭ روشەن تەسىرى كۆرۈلگەن. دەسلەپتىكى تەكشۈرۈش ئەھۋالىغا قارىغاندا، ئادەم ئۆلۈش، يارىلىنىش ئەھۋالى كۆرۈلمىگەن. كۆكتوقايدىكى بەزى ئۆيلەرگە چاك كەتكەن. 24 ـ كۈنى ئەتىگەن، سائەت 8 دىن 22 مىنۇت ئۆتكەندە يۇقىرىدىكى جايلاردا 2 ـ قېتىم 3.5 بال يەر تەۋرىگەن.

5 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى، شىنجاڭ گېزىتى خەۋىرى: ئۈرۈمچى رايونىدا 1 ـ ئايدىن 4 ـ ئايغىچە 48 قېتىم ئوت ئاپىتى يۈز بېرىپ، 437 مىڭ 584 يۈەن قىممىتىدە ئىقتىسادىي زىيان بولدى. ئەڭ ئېغىر بولغىنى تۇدۇڭخابا ئەينەك بۇيۇملار زاۋۇتىدىكى ئوت ئاپىتى بولۇپ، ئۇنىڭ ئىقتىسادىي زىيىنى 253 مىڭ



يۈەندىن ئاشىدۇ.

5 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنىدىن بۇيان، ئاقسۇ ۋىلايىتى ئۇدا بىر نەچچە كۈن قاتتىق بوران، يامغۇر، مۆلدۈر قاتارلىق تەبىئىي ئاپەتلەرنىڭ ئۇشتۇمتۇت زەربىسىگە ئۇچرىدى. بۇ قېتىمقى ياغقان قاتتىق يامغۇر ئۇچتۇرپان ناھىيىسىدە ئالتە كۆۋرۈكنى ۋەيران قىلىۋەتتى، كېۋەز ئېغىر زىيانغا ئۇچرىدى، دېھقانلارنىڭ ئۆيلىرىدىن يامغۇر ئۆتۈپ كەتتى، چارۋا ـ ماللارمۇ زىيانغا ئۇچرىدى.

5 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى كەچتە، خوتەن ۋىلايىتىدە 8 بالدىن 10 بالغىچە قارا بوران چىقىپ، 7 ناھىيە، 1 شەھەرنىڭ يېزىلىرىنى ئېغىر زىيانغا ئۇچراتتى. 5 بالدىن 6 بالغىچە بولغان بوران ئۈچ كۈن داۋاملاشتى. تولۇقسىز مەلۇماتقا قارىغاندا، بۇ قېتىمقى بوراندا 11 ئادەم ئۆلگەن، 14 ئادەم يوقاپ كەتكەن، 7800 تۇياقتىن ئارتۇق چارۋا ـ مال ئۆلگەن ۋە يوقاپ كەتكەن. بوران 122 مىڭ مو يەردىكى كېۋەز، 30 مىڭ مو يەردىكى بالدۇر پىشقان قوناقنى نابۇت قىلىۋەتكەن، 82 مىڭ مودىن ئارتۇق يەردىكى دان تۇتۇشقا باشلىغان بۇغداي مايسىسىنى ياتقۇزۇۋەتكەن، 130 مىڭ تۈپتىن كۆپرەك دەل ـ دەرەخ، 2000 دىن كۆپ سىم تاناپ تۈۋرۈكنى ئۆرۈۋەتكەن؛ 653 ئېغىز ئۆي، قوتان ئۆرۈلۈپ چۈشكەن، 15 مىڭ 500 مو يەردىكى كۆكتات، مېۋە ـ چىۋىنى زىيانغا ئۇچراتقان. بوران قېقىۋەتكەن ھەر خىل مېۋە ـ چىۋىلەرنىڭ نىسبىتى 60 پىرسەنتتىن يۇقىرى بولغان، 3000 مودىن كۆپرەك يەردىكى ئۈژۈم تاللىرى ۋەيران بولغان. بىر قىسىم تېرىلغۇ يەر، ئېرىق ـ ئۆستەڭلەر كۆمۈلۈپ كەتكەن. كۈچمە قۇم دۆۋىسى بۇ قېتىمقى بوراندا چىرا ناھىيىسىنىڭ چىرا يېزىسىدىكى بوستانلىق تەرەپكە ئالتە مېتىردىن توققۇز مېتىرغىچە ئىچكىرىلەپ كىرگەن؛ لوپ قاتارلىق ناھىيىلەردە 2742 مو تېرىلغۇ يەرنى، نىيە ناھىيىسىدە 15 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى ناھىيە ـ يېزا تاشيولىنى قۇم كۆمۈۋەتكەن.

5 - ئاينىڭ 19 - كۈنىدىن 20 - كۈنىگىچە، قۇمۇل ۋىلايىتى قاتتىق بوران ئاپىتىگە ئۇچراپ، نۇرغۇن ئېتىزلارنى قۇم بېسىۋالغانلىقتىن، بۇ ۋىلايەتنىڭ دېھقانچىلىق، كۆكتاتچىلىق ئىشلىرى ئېغىر زىيانغا ئۇچرىدى.

5 - ئاينىڭ 18 - كۈنىدىن 21 - كۈنىگىچە چىققان قاتتىق بوران ۋە ياغقان يامغۇر ئاقسۇ ۋىلايىتىنىڭ توقاي چارۋىچىلىق مەيدانىدىكى چارۋا ماللارنى ئېغىر زىيانغا ئۇچراتتى.

5 - ئاينىڭ ئوتتۇرلىرىدا، ئاۋات ناھىيىسى تارىختا ئاز كۆرۈلىدىغان بوران، يامغۇر، مۆلدۈر ئاپىتىگە ئۇچراپ 62 ئېغىز ئۆي ئۆرۈلۈپ چۈشتى، 20 نەچچە مىڭ تۇياق قوي ئۆلدى، 3300 مو يەردىكى كېۋەز ئاپەتكە ئۇچرىدى، دېھقان - چارۋىچىلارنىڭ مال - مۈلكى ئېغىر زىيانغا ئۇچرىدى.

6 - ئاينىڭ 13 - كۈنى، تاڭ سەھەردە ئۈرۈمچىدە 5.1 بال يەر تەۋرىدى. بۇ قېتىمقى يەر تەۋرەش سانجى، قۇتۇبى قاتارلىق جايلارغىچە تەسىر كۆرسەتتى. بۇ قېتىمقى يەر تەۋرەشتە ئۆلۈش، يارىلىنىش، ئۆيلەر ئۆرۈلۈش ھادىسىلىرى يۈز بەرمىدى.

6 - ئاينىڭ 16 - كۈنى، شىنجاڭ گېزىتى خەۋىرى: بىر ئايدىن بۇيان ئاقسۇ ۋىلايىتىدە كەينى - كەينىدىن قۇرغاقچىلىق، مۆلدۈر، بوران، يامغۇر، كەلكۈن قاتارلىق تەبىئىي ئاپەتلەر يۈز بېرىپ، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ئىشلىرى ناھايىتى زور زىيانغا ئۇچرىدى.

7 - ئاينىڭ 25 - كۈنىدىن بۇيان، قاراقورۇم تېغىدا ئۇدا سەككىز كۈن قاتتىق يامغۇر يېغىپ زور كەلكۈن پەيدا قىلدى. كەلكۈن تۆت كۆۋرۈكنى، تاشيولنىڭ 30 نەچچە يېرىنى بۇزۇۋەتتى، تاشيولدا قاتناۋاتقان 250 نەچچە ئاپتوموبىل، 400 نەچچە ئادەم (يەنە 6 نەپەر چەت ئەللىك دوست) كەلكۈندە قاپسىلىپ قالدى، بۇ ئەھۋال توققۇز كۈن داۋاملاشتى. بۇ يەرنىڭ ھاۋاسى



شالاڭ بولغاچقا، نۇرغۇن كىشىنىڭ بېشى قېيىپ، قىزىتمىسى ئۆرلەپ كەتتى، 73 كىشى ھوشىدىن كېتىپ ھاياتى خەۋپ ئىچىدە قالدى.

11 - ئاينىڭ 22 - كۈنى، قەشقەر شەھىرىدە بىر كېچە - كۈندۈز قاتتىق قار ياغدى، شەھەر ئەتراپىدا قارنىڭ قېلىنلىقى 40 سانتىمېتىرغا يەتتى.

12 - ئاينىڭ 7 - كۈنى، قوبۇقسار يايلىقىدا تارىختا ئاز كۆرۈلىدىغان قاتتىق شىۋىرغان چىقتى ۋە قېلىن قار ياغدى. دەسلەپكى تەكشۈرۈشكە قارىغاندا، بۇ قېتىمقى ئۇشتۇمتۇت يۈز بەرگەن قاتتىق قار - شىۋىرغاندا چاغانكۆل يېزىسى بىلەن مۆتىگى يېزىسىدىن توققۇز ئادەم ئۆلگەن، ئالتە ئادەم يوقاپ كەتكەن، ئالتە ئادەم ئۈششۈپ قالغان؛ ھەرقايسى يېزىلار ۋە چارۋىچىلىق مەيدانلىرىدا بىر قىسىم چارۋا مال ئۆلگەن ۋە ئۈششۈپ قالغان، بەزىلىرى بوراندا يىتىراپ كەتكەن. قوشتولغاي رايونىدا قاتناش ئۈزۈلۈپ قېلىپ، يول ئۈستىدە 100 دىن ئارتۇق ئاپتوموبىل توختاپ قالغان.

12 - ئاينىڭ 8 - كۈنىدىن ئېتىبارەن، ئۇلانبايدىن داۋانچىڭغىچە بولغان ئارىلىقتا سەككىز بالدىن يۇقىرى بوران چىقىپ قاتتىق شىۋىرغان بولدى. قار تاشيولنى قاپلاپ تۆت كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتا، 1 - 5.5 مېتىرغىچە ئېگىزلىكتە قار توسىقى ھاسىل قىلىپ، ئۈرۈمچى - قەشقەر تاشيولىنى ئېتىۋالدى.

12 - ئايدىن بۇيان، ئاپتونوم رايونىمىزدا ئومۇميۈزلۈك قاتتىق قار ياغدى، شىمالىي شىنجاڭنىڭ تەڭرى تېغى ئەتراپلىرىدا ھۆل - يېغىن ئىلگىرىكى يىللارنىڭ شۇ مەزگىلىدىكىدىن ئېشىپ كەتتى؛ تارباغاتاي ۋىلايىتى، ئالتاي ۋىلايىتى، بورتالا موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستىدا قار - شىۋىرغان ئاپىتى ئېغىر بولدى. مەلۇماتلارغا قارىغاندا، يۇقىرىقى رايونلاردا قار - شىۋىرغان تۈپەيلىدىن 23 ئادەم ئۆلگەن، 31 ئادەم ئۈششۈپ قالغان، 10 مىڭغا

يېقىن چارۋا مال پېتىراپ كەتكەن.

1987 - يىلى 1 - ئاينىڭ 6 - كۈنى ئەتىگەن سائەت 6 دىن 52 مىنۇت 47 سېكۇنت ئۆتكەندە، باي ناھىيىسىدە 5.9 بال يەر تەۋرىدى. يەر تەۋرەش مەركىزى باي ناھىيە بازىرىنىڭ غەربىي شىمالىغا 40 نەچچە كىلومېتىر كېلىدىغان جايدا بولۇپ، باي ناھىيىسىگە كۈچلۈك تەسىر كۆرسەتتى. يەر تەۋرىگەن رايوندىكى بەزى كونا ئۆيلەر ئۆرۈلۈپ كەتتى، ئاز بىر قىسىم ئادەملەر يارىدار بولدى. بۇ قېتىمقى يەر تەۋرەش كۇچا، ئۇچتۇرپان، ئاقسۇ قاتارلىق قوشنا رايونلارغا ئوخشىمىغان دەرىجىدە تەسىر كۆرسەتتى.

1 - ئاينىڭ 24 - كۈنى سائەت 14 تىن 9 مىنۇت 14 سېكۇنت ئۆتكەندە، ئۇچتۇرپان ناھىيىسىدە 4.6 بال يەر تەۋرىدى. يەر تەۋرەش مەركىزى ناھىيە بازىرىنىڭ شەرقىي شىمال تەرىپىدىكى 30 كىلومېتىر جايدا بولۇپ، دەسلەپكى ئىگىلەنگەن ئەھۋالدىن قارىغاندا، يەر تەۋرىگەن رايوندا 20 نەچچە ئېغىز ئۆي ئۆرۈلۈپ چۈشكەن، ئادەم ئۆلۈش، يارىلىنىش ئەھۋالى كۆرۈلمىگەن.

4 - ئاينىڭ 7 - كۈنى، شىنجاڭ گېزىتى خەۋىرى: بۆلتۈر قىش شىمالىي شىنجاڭ رايونى 10 يىلدىن بۇيان كۆرۈلمىگەن ئېغىر قار ئاپىتىگە ئۇچرىدى. نۇرغۇن قىشلاقلارنى قېلىن قار بېسىپ كەتتى، بۆلتۈر كۈز يىغىۋېلىنغان زاپاس ئوت - چۆپنىڭ كۆپ قىسمى تۈگەپ، چارۋا ماللار ئورۇقلاپ كەتتى؛ بەزى جايلاردا ئورۇق، ئاجىز چارۋا مال سانى چارۋا ئومۇمىي سانىنىڭ $\frac{1}{3}$ قىسمىدىن ئېشىپ كەتتى. ھازىر دەل تۆل ئېلىش مەۋسۇمى، نۇرغۇن رايونلارنىڭ ئوتلاقلىرى ھېلىمۇ 20 سانتىمېتىردىن 40 سانتىمېتىرغىچە قېلىنلىقتىكى قار ئاستىدا كۆمۈلۈپ ياتقاچقا، بۇ يىل ئەتىيازلىق تۆل ئېلىش، تۆل يېتىشتۈرۈش



خىزمىتى ئىنتايىن زور قىيىنچىلىققا يولۇقتى.

4 - ئاينىڭ 8 - كۈنى، بورتالا موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستىنىڭ چارۋىچىلىق رايونلىرىدا چارۋا كېسەللى تارقىلىپ نۇرغۇن چارۋىلار ئۆلۈپ كەتتى، ئارشاڭ ناھىيىسىدە كېسەللىك ئەھۋالى ئىنتايىن ئېغىر بولۇپ، يېقىنقى 10 يىلدىن بۇيان 1000 تۇياققا يېقىن چارۋا ئۆلۈپ كەتتى.

4 - ئاينىڭ 28 - كۈنىدىن 5 - ئاينىڭ 2 - كۈنىگىچە، مەكىت ناھىيىسىدە ئۈشتۈمتۇت قاتتىق بوران چىقىپ ۋە يامغۇر، مۆلدۈر يېغىپ، 63 مىڭ مو يەردىكى كېۋەزنى ئېغىر زىيانغا ئۇچراتتى؛ بەزى كېۋەزلىكلەردە مايسىلارنىڭ نابۇت بولۇش نىسبىتى 90% تىن كۆپرەككە يەتتى. 5 - ئاينىڭ 11 - كۈنى، دېھقان - كادىرلارنىڭ ھاردۇقى تېخى چىقماي تۇرۇپ يەنە قاتتىق بوران چىقىپ ۋە يامغۇر، مۆلدۈر يېغىپ، 32 مىڭ مو كېۋەزنى زىيانغا ئۇچراتتى.

4 - ئاينىڭ 30 - كۈنى بېيجىڭ ۋاقتى سائەت 14 تىن 17 مىنۇت ئۆتكەندە، ئۇلۇغچات ناھىيىسىنىڭ غەربىي شىمال رايونىدا 6 بال يەر تەۋرىدى. يەر تەۋرەش ئۇلۇغچات، قەشقەرگە كۈچلۈك تەسىر كۆرسەتتى، ئۇلۇغچاتتا قىسمەن ئۆيلەرگە چاك كەتتى.

5 - ئاينىڭ 8 - كۈنىدىن 11 - كۈنىگىچە، قاغىلىق ناھىيىسىنىڭ كۆكيار، شىخشۇ، چوپان، ئۇششارباش قاتارلىق تاغلىق يېزىلىرىدا قېلىن قار يېغىپ 10 مىڭ تۇياقتىن كۆپرەك چارۋا ئۆلدى. ئاپەت ئېغىر بولغان شىخشۇ يېزىسىدا ئوت - چۆپ 30 سانتىمېتىر قېلىنلىقتىكى قارنىڭ ئاستىدا قالدى. تېمپېراتۇرا نۆلدىن تۆۋەن $10^{\circ}C$ قا چۈشتى، قېلىن قار يوللارنى توسۇۋالغاچقا، يېزا مەركىزى بىلەن كەنتلەرنىڭ ئالاقىسى ئۈزۈلۈپ قالدى.

5 - ئاينىڭ 12 كۈنى، يوپۇرغا ناھىيىسىنىڭ ئاچچىق

يېزىسى بىلەن سىيەك يېزىسىدا ئۆشتۆمتۆت مۆلدۈر يېغىپ، 9000 مودىن ئارتۇق يەردىكى زىرائەت زىيانغا ئۇچرىدى.

6 - ئاينىڭ 4 - كۈنى كەچتە، يېڭىسار ناھىيىسىدە قاتتىق يامغۇر يېغىپ ئۇچا، سۆگەت، ئەگىز، توپلۇق يېزىلىرىغا ئېغىر زىيان يەتكۈزدى. يېڭىدىن ياسالغان غالىبىيەت سۇ سىڭمەس ئۆستىڭىنىڭ 31 يېرىدىن يار ئېلىپ كەتتى، ئاپەت ئېغىر بولغان تۆت يېزا ئىچىدە ئۇچا يېزىسىنىڭ ئەھۋالى ئەڭ ئېغىر بولۇپ، 600 ئېغىزدىن ئارتۇق ئۆي ئۆرۈلۈپ چۈشتى؛ بەزى ئۆيلەر خەۋپ ئىچىدە قالدى، 199 ئائىلىلىك دېھقان ماكانسىز قالدى. 3000 مودىن ئارتۇق يەردىكى زىرائەتلەر ئاپەتكە ئۇچرىدى. ئۇنىڭدىن باشقا يوللار، زاكولار ۋە كۆۋرۈك، سۇغۇچلەرمۇ ۋەيران بولدى، چارۋا - ماللار ھەم ئۆي قۇشلىرىمۇ ئېغىر زىيانغا ئۇچرىدى.

6 - ئاينىڭ 6 - كۈنى، شىنجاڭ گېزىتى خەۋىرى: 5 - ئاينىڭ ئوتتۇرلىرىدىن كېيىن، تېمپېراتۇرا تېز ئۆرلەپ قار - مۇزلار ئېرىدى، جەنۇبىي شىنجاڭدا قۇرغاقچىلىق ئاساسەن ئاياغلاشتى. ئەمما، تارباغاتاي، قىزىلسۇ، شىخەنزە، قەشقەر قاتارلىق جايلاردىكى 29 ناھىيە، شەھەردە قاتتىق يامغۇر يېغىپ ھەرخىل دەرىجىدە كەلكۈن ئاپىتى يۈز بەردى. ماناس دەرياسى، قىزىل دەرياسىنىڭ سۇ مىقدارى قۇرۇلۇشلارنىڭ بىخەتەرلىك ئىقتىدارىدىن زور دەرىجىدە ئېشىپ كەتتى. كەلكۈن چۆچەك شەھىرىدىكى سۇ سىڭمەيدىغان غول ئۆستىڭىنىڭ 900 مېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى قىسمىنى، ئىچىملىك سۇ ئۆستىڭىنىڭ 550 مېتىر قىسمىنى، 5040مو يەردىكى زىرائەتنى ۋەيران قىلدى. سۇ ئىشلىرى نازارىتى قۇرغاقچىلىققا قارشى تۇرۇش - كەلكۈندىن مۇداپىئەلىنىشكە قوماندانلىق قىلىش ئىشخانىسىنىڭ 6 - ئاينىڭ 2 - كۈندىكى مەلۇماتىغا قارىغاندا، ئاپتونوم رايون بويىچە 660 مىڭ مو يەردىكى زىرائەت ئاپەتكە ئۇچرىغان، 17 مىڭ تۇياق چارۋا



ئۆلگەن، 210 كىلومېتىر تاشيول، 220 كىلومېتىر ئېرىق - ئۆستەڭ، 1300 ئېغىز ئۆي ۋەيران بولغان. خەلق پۇلىغا سۇندۇرغاندا 5 مىليون يۈەن قىممىتىدە زىيان بولغان.

6 - ئاينىڭ 9 - كۈندىن 11 - كۈنىگىچە، بايىنغولىن ئاپتونوم ئوبلاستىدا ئوتتۇرا ھال ۋە قاتتىق يامغۇر يېغىپ، پۈتۈن ئوبلاستنىڭ مۇتلەق كۆپ جايلىرى كەلكۈن ئاپىتىگە ئۇچرىدى.

6 - ئاينىڭ 12 - كۈنى، باي ناھىيىسىنىڭ 6 يېزا، 34 كەنتىدە ئۆشتۆمتۆت مۆلدۈر يېغىپ 21 مىنۇت داۋام قىلىپ، 76 مىڭ 298 مو يەردىكى زىرائەتنى زىيانغا ئۇچراتتى، 3800 ئائىلە ئاپەتكە ئۇچرىدى، 19 ئادەم يارىلاندى. بىر مىليون 300 مىڭ مو يەردىكى بۇغداينىڭ 30% نابۇت بولدى. ئارقىدىنلا 6 - ئاينىڭ 17 - كۈندىن باشلاپ ئۇدا بىر ھەپتە قاتتىق يامغۇر يېغىپ، يەنە بەش يېزا، 5000 مودىن ئارتۇق يەردىكى زىرائەت ئېغىر كەلكۈن ئاپىتىگە ئۇچرىدى. ئىككى قېتىملىق ئاپەتتە ناھىيە بويىچە 10 مىڭ مودىن ئارتۇق يەردىكى زىرائەتنىڭ 90%، 20 مىڭ مودىن ئارتۇق يەردىكى زىرائەتنىڭ 30% - 60%تى نابۇت بولدى. 1000 مودىن ئارتۇق يەردىكى مېۋىلىك باغنىڭ مېۋىسىنى مۆلدۈر تۆكۈۋەتتى، يايلاقتا كۆچۈرۈلۋاتقان 1000 قوروغا يېقىن چارۋا - مال قار ئاپىتىگە ئۇچراپ خەۋپ ئىچىدە قالدى.

6 - ئاينىڭ 30 كۈنى چۈشتىن كېيىن، موڭغۇلكۈرە ناھىيە بازىرىنىڭ غەربىي شىمالىدا ئۆشتۆمتۆت قاتتىق يامغۇر يېغىپ، ناھىيە بازىرىنىڭ غەربىي رايونىدىكى بەش قارىغاي جىلغىسىغا شىددەتلىك كەلكۈن كېلىپ ناھىيە بازىرىنىڭ ئاساسلىق كوچىلىرى ۋە يوللارنى كەلكۈن بېسىپ كەتتى، سۇ يۈزى دەرىجە تەكچىسىگە يەتتى؛ كەلكۈن ئىككى كۆۋرۈك ۋە بىر قىسىم ئۆيلەرنى ئۆرۈۋەتتى، بىر ئوقۇغۇچى ۋە بىر مۇنچە چارۋا مالنى ئېقىتىپ كەتتى.

7 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى. شىنجاڭ گېزىتى خەۋىرى: مەكىت
ناھىيىسىدە 5 ـ ئاينىڭ ئاخىرىدا قاتتىق بوران، يامغۇر، مۆل۔
دۈرنىڭ تەھدىتىدىن قۇتۇلغان نەچچە 10 مىڭ مو يەردىكى كېۋەز
يوپۇرماق پىتىنىڭ ئېغىر تەھدىتىگە دۇچ كەلمەكتە، ھازىر ناھى۔
يە تەۋەسىدىكى 180 مىڭ مو يەردىكى كېۋەزنىڭ 80% ھەرخىل
ھاشاراتلەرنىڭ زىيىنىغا ئۇچرىدى.

△ يەنە شۇ كۈنى، شىنجاڭ گېزىتى خەۋىرى: بۇ يىل
ئەتىيازدىن بۇيان، ئۇلۇغچات ناھىيىسىنىڭ تاغلىق ۋە ئېدىرلىق۔
لىرىدا 37 قېتىم قار ۋە كۆپ قېتىم يامغۇر ياغدى. ياغقان
قارنىڭ قېلىنلىقى 15 سانتىمېتىردىن 120 سانتىمېتىرغىچە بول۔
دى. ئېگىز تاغلىق رايونلارنىڭ قار بىلەن قاپلىنىشى تارىختىكى
ھەرقانداق يىللاردىن ئېشىپ كەتتى. 5 ـ ئاينىڭ ئاخىرلىرىدىن
6 ـ ئاينىڭ ئوتتۇرلىرىغىچە كونا ئۇلۇغچات، بۆرە توقاي، جى۔
غىن، ئوقسالور، بايقۇرۇت قاتارلىق يېزىلاردا كەلكۈن ئاپىتى
كەينى ـ كەينىدىن يۈز بەردى.

7 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى سائەت 8دىن 55 مىنۇت ئۆتكەندە،
تاغ گۈمۈرۈلۈپ كېتىپ كۇيتۇڭ دەرياسى ئۇشتۇمتۇت توسىلىپ
قالدى. ئارىدىن 12 مىنۇت ئۆتۈپ، سۇ سېكۇنتىغا 300 كۇپ
مېتىرلىق سۈرئەتتە ئېقىپ، توغان ئېغىزىدىكى سۇ ئۆلچەش
ئەسلىھەلىرىنى ۋەيران قىلىۋەتتى، ئارقىدىنلا تاغنىڭ كەڭ كۆ۔
لەمدە گۈمۈرۈلىشى 3 سائەت 20 مىنۇت داۋاملاشتى؛ كەلكۈن
12 مېتىر ئېگىزلىكتە شىددەتلىك ئېقىپ، سەيلىك توغىنىنىڭ
تاقاق كۆۋرۈكىنى بىسىپ كەتتى. كەلكۈن چۇشۇرگىسى ۋە كەل۔
كۈن يوللىرىنى ۋەيران قىلىۋەتتى، سۇ باشقۇرۇش خادىملىرىنىڭ
12 ئۆيىنى ئېقىتىپ كەتتى. ئىككى سائەتتىن كېيىن كەلكۈن
لاۋلوڭ توغىنىغا قىستاپ كېلىپ، ھەش ـ پەش دېگىچە شەرق
ۋە غەرب تەرەپلەردىكى قاشلارنى ۋەيران قىلىۋەتتى، غول ئۆستەڭ
لاتقىلار بىلەن تىنىپ كەتتى؛ سۇغىرىش رايونىنىڭ سۇ باشلاش



سىستېمىسى پۈتۈنلەي پالەچ ھالغا چۈشۈپ قالدى. 16 ـ كۈنى
سائەت 12 دە كەلكۈن سائىتىگە 100 مىڭ كۇپ مېتىرلىق
سۈرئەت بىلەن كۇيتۇڭ سۇ ئامبىرىغا قۇيۇلدى.

7 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى، قىزىل دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىنى۔
دىكى بىنامدا دەريا قېشى يار ئېلىپ كېتىپ، شېكەركۆل سۇ
ئامبىرى ھەم 100 مىڭ كىشىنىڭ ھاياتى ۋە مال مۈلكىگە تەھدىت
سالدى.

7 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى، ئاز ئۇچرايدىغان كەلكۈن لەنجۇ
ـ شىنجاڭ تۆمۈريولىنىڭ داۋانچىڭ پويىز ئىستانسىسى بەيياڭخې
كۆۋرۈكىنىڭ شەرقىي تەرەپ تۆمۈريول ھۇلىنى ۋە داخېيەن پويىز
ئىستانسىسىنىڭ جەنۇبىي تەرىپىدىكى 17 تۆشۈكلۈك تۆمۈريول
كۆۋرۈكىنىڭ غەربىي تەرىپىدىكى يول ھۇلىنى 72 مېتىر ئۈزۈن۔
لۇقتا بۇزۇپ تاشلاپ، 93 مىڭ كۇپ مېتىر تۇپا ـ تاشنى
ئېقىتىپ كەتكەنلىكتىن، تۆمۈريول ترانسپورتى ئۈزۈلۈپ قېلىپ
ئىچكىرىدىن ئۈرۈمچىگە كېلىدىغان 31 يولۇچىلار پويىزى لەنجۇ
ـ داخېيەن ئوتتۇرلىقىدا توسۇلۇپ قالدى، قۇمۇل، پىچان،
داخېيەندە توختاپ قالغان يولۇچىلار 12 مىڭ كىشىدىن ئاشتى.
ئاپتونوم رايونىمىزدىن ئىچكىرىگە قاتنايدىغان 28 پويىز توختاپ
قالدى، ئىككى تەرەپكە ئۆتىدىغان بىر قانچە يۈك پويىزىمۇ توختاپ
قالدى.

بۇ قېتىمقى كەلكۈن يەنە، داۋانچىڭ دەرياسىنىڭ سول تەرى۔
پىدىكى ئۈرۈمچى ـ قەشقەر تاشيولىنىڭ 12 كىلومېتىر ئۈزۈن۔
لۇقتىكى 11 يېرىنى بۇزۇۋەتكەنلىكتىن قاتناش ئۈزۈلۈپ، ئاپتو۔
موبىللار قامىلىپ قالدى.

△ يەنە شۇ كۈنى چۈشتىن كېيىن سائەت 4 دە، (بېيجىڭ
ۋاقتى) توققۇز جىلغىدىن كەلگەن سېكۇنتىغا 1000 كۇپ مېتىر۔
لىق كەلكۈن تورپان شەھىرىگە تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلىپ، يەتتە
يېزا، ئىككى بازار ئاپەتكە ئۇچرىدى. كەلكۈن 50 نەچچە كىلومې۔

تىر ئۇزۇنلۇقتىكى قاراماي يولىنى، 60 نەچچە كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى غول ئۆستەڭنى، 200 نەچچە ئېغىز ئۆينى، 3000 مودىن ئارتۇق يەردىكى زىرائەتنى، 10 كارىزنى، 10 مىڭ تۈپتىن ئارتۇق دەرەخنى ۋەيران قىلىۋەتتى؛ تۇرپان شەھىرى بىلەن ھەرقايسى يېزىلارنىڭ ئالاقىلىشىش ئىشلىرى ئۈزۈلدى، قاتناش توسۇلۇپ قالدى. ۋىلايەت بويىچە ئاپەتكە ئۇچرىغان تېرىلغۇ يەر 10 مىڭ مودىن كۆپرەككە يېتىشى مۇمكىن. 7 - ئاينىڭ 29 - كۈنى چۈشتىن كېيىن، قۇمۇلدىن بۇ يەرگە كەلگەن تۆمۈر داۋامەت تۇرپان يېزىلىرىدىكى ئاپەتكە قارشى تۇرۇشنىڭ 1 - سېپىگە بېرىپ كادىرلار ۋە ئاممىدىن ھال سورىدى، ئاممىنى ئاپەتكە قارشى تۇرۇپ، مول ھوسۇل ئېلىشقا رىغبەتلەندۈردى.

8 - ئاينىڭ 1 - كۈنى، كېچە سائەت 11 دىن 26 مىنۇت ئۆتكەندىن تارتىپ 8 - ئاينىڭ 2 - كۈنى ئەتىگەن نولدىن ئون مىنۇت ئۆتكەنگە قەدەر، توقسۇن ناھىيىسى 100 يىلدىن بۇيان كۆرۈلۈپ باقمىغان پەۋقۇلئاددە زور مۆلدۈر، يامغۇر ئاپىتىگە ئۇچرىدى. كەپتەر تۇخۇمىدەك چوڭلۇقتىكى مۆلدۈر 16 مىنۇت ياغدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە، قاتتىق يامغۇر يېغىپ ھۆل يېغىن مىقدارى 5. 59 مىللىمېتىرغا يەتتى؛ ناھىيە بويىچە بىر قىسىم كېۋەز، كۆزلۈك ئاشلىق ئاپەتكە ئۇچرىدى. كۆچادا كەلكۈندىن مۇداپىئە كۆرۈش خىزمىتىنى تەكشۈرۈۋاتقان ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ شۇجىسى سۇڭ خەنلياڭ 8 - ئاينىڭ 2 - كۈنى توقسۇنغا كېلىپ ئاپەت ئەھۋالىنى كۆزدىن كەچۈردى، ئاپەت يۈز بەرگەن رايوندىكى خەلقتىن ھال سورىدى.

8 - ئاينىڭ 9 - كۈنى، مورى ناھىيىسىنىڭ ئۇرۇقچىلىق مەيدانىدا ئوت كېتىش ۋەقەسى يۈز بەردى. 8 - ئاينىڭ 12 - ۋە 13 - كۈنلىرى دۆڭچېڭ ۋە ئىنگىن بولاق يېزىلىرىدا ئارقا - ئارقىدىن خامانغا ئوت كېتىش ۋەقەسى يۈز بەردى. تولۇقسىز مەلۇماتلارغا قارىغاندا، بۇ بىر نەچچە قېتىملىق ئوت كېتىش



ۋەقەسىدىن كېلىپ چىققان ئىقتىسادىي زىيان 20 نەچچە مىڭ يۈەنگە يەتكەن.

9 - ئاينىڭ 19 - كۈنى، سەھەر بېيجىڭ ۋاقتى سائەت 6 ئەتراپىدا كۆكتوقاي ناھىيىسىدە 5.8 بال يەر تەۋرىدى. يەر تەۋرەش مەركىزى كۆكتوقاي ناھىيىسىنىڭ شىمالىغا 50 كىلومېتىر كېلىدىغان جايدا بولۇپ، يەر تەۋرىگەندە قاتتىق ئاۋاز چىققان، كۆكتوقاي كان رايونىدا 10نەچچە ئېغىز ئۆيگە چاك كەتكەن، ناھىيە بازىرىدا بىر قانچە ئېغىز ئۆيگە ئوت كەتكەن.

9 - ئاينىڭ 22 - كۈنى، شىنجاڭ گېزىتى خەۋىرى: بۇ يىل كىرگەندىن بۇيان ئاپتونوم رايونىمىزدا كۆپ يىللاردىن بۇيان كۆرۈلۈپ باقمىغان نورمالسىز ھاۋا كېلىماتى كېلىپ چىقتى. بولتۇر قىش بۇ يىل ئەتىيازدا قار ئاپىتى ۋە قۇرغاقچىلىق، كەلكۈن ئاپىتى ئارقا - ئارقىدىن يۈز بېرىپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش ئىشلىرىغا ۋە نەچچە مىليون خەلقنىڭ ھاياتى، مال - مۈلكىنىڭ بىخەتەرلىكىگە ئېغىر تەھدىت سالدى. قىسقىغىنە ۋاقىت ئىچىدە شىنجاڭدىكى 60 نەچچە ناھىيە، شەھەر كەلكۈننىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچرىدى، ئون نەچچە چوڭ ۋە ئوتتۇرا تىپتىكى سۇ ئامبىرى خەۋپلىك ئەھۋالدا قالدى؛ نەچچە 10 دەرياغا كەلكۈن كەلدى. بۇ دائىرىسىنىڭ كەڭلىكى ۋە شىددەتلىكى بىلەن 30 نەچچە يىلدىن بۇيان ئاز كۆرۈلگەن.

9 - ئاينىڭ 25 - كۈنى، شىنجاڭ گېزىتى خەۋىرى: 6 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن 9 - ئاينىڭ 10 - كۈنىگىچە بولغان كەلكۈن مەزگىلىدە، ئاپتونوم رايونىمىزدا جەمئىي 2143 كۆۋرۈك، سۇئۆتكۈزگۈچ، چۈشۈرگە، نو، يەتتە سۇ ئامبىرى، 13 ئۆستەڭ، 29 ئېلېكتر ئىستانسىسى، 1855 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى ئۆستەڭ ۋە 394 كىلومېتىر توغان قاتارلىق سۇ قۇرۇلۇش ئەسلىھەلىرى كەلكۈندە ۋەيران بولۇپ، ئىقتىسادىي زىيان 150

مىليون يۈەنگە يەتتى.

10 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى، چۈشتىن كېيىن مايتاغ ـ كۇچا تاشيولىدىكى تىلەمەت داۋىنىدا قار كۆچۈپ، شىنجاڭ ھەربىي رايونى ئاپتوموبىل مەلۇم تۇەنىنىڭ 9 ـ لىيەنى ۋە يەرلىك ئورۇنلارنىڭ 17 ئاپتوموبىلى ۋە 67 كىشى قاپسىلىپ قالدى.

11 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى، بۈگۈر ناھىيىسىنىڭ يېڭىسار كۆمۈر كېنىدا چوڭ ئوت ئاپىتى يۈز بېرىپ، بىر ئايغا يېقىن داۋاملاشتى، مەلۇماتلارغا ئاساسلانغاندا، ئوت ئاپىتىدە 270 مىڭ توننىدىن كۆپ كۆمۈر زىيانغا ئۇچرىغان.

11 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنىدىن بۇيان، بۆرۈلتوقاي ناھىيىسىدە ئارقا ـ ئارقىدىن قاتتىق قار يېغىپ تېمپېراتۇرا نۆلدىن تۆۋەن 37 گىرادۇسقا چۈشۈپ، چارۋىچىلىققا ئېغىر زىيان يەتكۈزدى. ناھىيە بويىچە 130 مىڭ چارۋا ـ مال قىشلاقتا كۆچۈش جەريانىدا قار شىۋىرغاندا قېلىپ، 2000 تۇياق قوي يوقاپ كەتتى، 700 تۇياق قوي ئۆلدى، 20 نەچچە چارۋىچى زەخىملەندى. شۇ كۈنى، جىمىنەي ناھىيىسىمۇ قاتتىق شىۋىرغان ئاپىتىگە ئۇچراپ 35 چارۋىچى زەخىملەندى، 3000 تۇياقتىن ئارتۇق چارۋا ـ مال زىيانغا ئۇچرىدى.

△ يەنە شۇ كۈنى سەھەردە، قاتتىق قار ـ شىۋىرغان ئاپىتى يۈز بېرىپ ئۈرۈمچى ـ غۇلجا تاشيولىنىڭ كەڭساي بىلەن سەنتەي ئارىلىقىدىكى قىسمى توسۇلۇپ قالدى.

12 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى كەچ سائەت 11 دە يەكەن دەرياسىدىن باشلىنىدىغان مىشا ئۆستىڭىنى تۇيۇقسىز يار ئېلىپ كېتىپ، سۇ يەكەن ناھىيە بازىرىغا بېسىپ كىردى. ناھىيىلىك پاختا ـ كەندىر شىركىتى، باغ زاۋۇتى ۋە ئائىلىلىكلەر قورۇسى سۇدا قالدى. دۆلەتنىڭ بىر قانچە مىليون يۈەنلىك مال مۈلكى ۋە 100 دىن ئارتۇق ھەرمىللەت ئاھالىسىنىڭ ھاياتى ۋە مال ـ مۈلكى تەھدىتكە ئۇچرىدى.



12 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى، شىنجاڭ گېزىتى خەۋىرى: كەينى ـ كەينىدىن كىرگەن سوغۇق ھاۋا ئېقىمىنىڭ تەسىرى تۈپەيلىدىن، ئىلى دەرياسىنىڭ ياماتۇ قىسمى مۇز بىلەن توسۇلۇپ قالدى، ياماتۇ كۆۋرۈكىنىڭ يۇقىرى تۆۋەن ئېقىنىدىكى سۇ ئېگىزلەپ ئىككى قىرغاقتىن ئېلىپ ئېتىزلارنى، جۈملىدىن 36 ئائىلىنىڭ ئۆيىنى بېسىۋالدى؛ 40 نەچچە ئائىلىلىك ئاما كۆچۈشكە مەجبۇر بولدى. غۇلجا، توققۇزتارا ناھىيىلىرى ۋە ياماتۇ كۆۋرۈكى تەھدىتكە ئۇچرىدى.

12 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى، شىنجاڭ گېزىتى خەۋىرى: قىش كىرگەندىن بۇيان ئىلى رايونىدا ئۇدا قار، يامغۇر يېغىپ، توختىماي بوران چىقىپ، تېمپېراتۇرا بىردىنلا تۆۋەنلەپ دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ۋە خەلق تۇرمۇشىغا ئېغىر زىيان يەتكۈزدى. شەھەر، يېزا ئاھالىلىرىنىڭ مۇتلەق كۆپچىلىكىنىڭ ئۆيلىرىدىن يامغۇر ئۆتۈپ كەتتى، بىر قىسىم ئۆيلەر ئۆرۈلۈپ چۈشتى؛ بەزى مەكتەپلەر دەرس توختىتىشقا مەجبۇر بولدى، غۇلجا ناھىيىسىدىلا 600 نەچچە ئائىلىنىڭ ئۆيى ئۆرۈلۈپ چۈشتى. ۋىلايەت بويىچە كۈزگە بۇغداي تېرىش ۋەزىپىسىنىڭ 80% ئورۇندالدى. ئاشلىقنى ئامبارغا كىرگۈزۈشكىمۇ ئېغىر تەسىر يەتتى. ئۈرۈمچى ـ ئىلى تاشيولىنىڭ كەڭساي قىسمىدا قار ـ شىۋىرغان ئېغىر بولۇپ، قاتناش ئۈزۈلۈپ قالدى، 11 ـ ئاينىڭ ئاخىرىغىچە 1000 غا يېقىن ئاپتوموبىل موشۇ يەردە توسۇلۇپ قالدى.

12 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى، چۈشتىن كېيىن سائەت 3.30 دا ئۈرۈمچىدە ئۇشتۇمتۇت يامغۇر ياغدى، مۇز قاتقان يوللار ئەينەكتەك سىيلىق ھەم تېيىلغاق بولغاچقا، چوڭ ـ كىچىك ئابتوموبىللارنىڭ قاتنىشى، كىشىلەرنىڭ يول يۈرۈشى قىيىنلىشىپ كەتتى، بەزى كىشىلەر يېقىلىپ كەتمەسلىك ئۈچۈن پۇتىغا كۆلا باغلىۋېلىشتى؛ سودا دۇكانلىرى ئىشتىن بالدۇر چۈشتى، مەكتەپلەرمۇ ئوقۇغۇچىلارنى بالدۇر قويۇۋەتتى، يامغۇر تۆت سا ـ

ئەتتىن كۆپرەك ياغدى، يول بەك تېيىلغاق بولغاچقا، شەھەر بويىچە نەچچە 10 قېتىم قاتناش ۋەقەسى يۈز بەردى، كوچا ئاپتوبۇسلىرى ئاساسىي جەھەتتىن توختاپ قالدى.

يەنە شۇ كۈنى، ئەتىگەن سائەت 8 دىن 16 مىنۇت ئۆتكەندە ئۈرۈمچى ۋە كورلا قاتارلىق جايلار لوپنۇردىكى ئادەمسىز رايوندا تەۋرىگەن 6.1 بال يەر تەۋرەشنىڭ قاتتىق تەسىرىگە ئۇچرىدى.

12 - ئاينىڭ 26 - كۈنى، شىنجاڭ گېزىتى خەۋىرى: 12 - ئاينىڭ 22 - كۈنىدىن ئىلگىرى ۋە كېيىن شىمالىي شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا قار، يامغۇر يېغىپ دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق، قاتناش - ترانسپورت ۋە خەلقنىڭ مال - مۈلكىگە ئېغىر زىيان يەتكۈزدى. 12 - ئاينىڭ 20 كۈنى كەچتە ئالتاي ۋىلايىتىدە ئوتتۇرا ھال قار ياغدى، 21 كۈنىمۇ يەنە بىر كېچە كۈندۈز قار ياغدى، جىمىنەي ناھىيىسىدە قاتتىق قاردىن كېيىن قاتتىق يامغۇر يېغىپ، تاشيول ترانسپورتى ئۈزۈلۈپ قالدى. قىشلاقلارنى مۇز قاپلاپ كەتكەنلىكتىن، چارۋا ماللارنىڭ ئوتلىشى قىيىن بولدى.

1988 - يىلى 1 - ئاينىڭ 2 - كۈنى، شىنجاڭ گېزىتى خەۋىرى: بۆلتۈر 11 - ئاينىڭ ئاخىرلىرىدا ئالتاي يايلاقلىرىدا قاتتىق سوغۇق بولۇپ بىر نەچچە يۈز چارۋىچى ئۈششۈپ قالدى، 10 نەچچە چارۋىچى ئېغىر يارىلاندى.

1 - ئاينىڭ 6 - كۈنى، بېيجىڭ ۋاقتى سائەت 23 تىن 31 مىنۇت ئۆتكەندە، ئۇلۇغچات ناھىيىسى تەۋەسىدە 5.3 بال يەر تەۋرىدى، يەر تەۋرەش مەركىزىدىن 68 كىلومېتىر يىراقلىقتىكى قەشقەر شەھىرىدە ئۆي - ئىمارەتلەر سىلكىنىپ، ئىشىك دېرىزىلەر جالاقلاپ كەتتى.

1 - ئاينىڭ 12 - كۈنى، ئۈرۈمچى - ئىلى تاشيولىنىڭ سەنتەي قىسمىدا قاتتىق شىۋىرغان بولۇپ قاتناش ئۈزۈلۈپ قالدى. قاتناش ئۈزۈلۈپ قالغان ئارىلىقتىكى قارنىڭ قېلىنلىقى بىر



مېتىرغا يەتتى؛ 50 ئاپتوموبىل، 200 نەچچە يولۇچى بۇ يەردە قاپسىلىپ قالدى.

2 - ئاينىڭ 5 - كۈنى، شىنجاڭ گېزىتى خەۋىرى: ئۆتكەن يىلى 10 - ئاينىڭ باشلىرىدا قورغاس ناھىيىسىدە ئۇدا يامغۇر ياغدى، 11 - ئاينىڭ ئاخىرىدا ئۇشتۇمتۇت قاتتىق سوغۇق بولدى، 12 - ئايدا بىر ھەپتىگىچە يامغۇر يېغىپ دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ئىشلىرىغا ۋە خەلقنىڭ تۇرمۇشىغا ئېغىر قىيىنچىلىق كەلتۈردى.

2 - ئاينىڭ 12 - كۈنى، شىنجاڭ گېزىتى خەۋىرى: تارباغاتاي ۋىلايىتىدە بۆلتۈر 12 - ئاينىڭ ئوتتۇرلىرىدىن بۇيان شىۋىرغان ئاپىتى كۆپ يۈز بېرىپ، ئاساسلىق قىشلاقلاردا قارنىڭ قېلىنلىقى 40 - 50 سانتىمېتىرغا يەتتى، 1309 قىشلاقتىكى 580 مىڭ تۇياق چارۋا - ماللارنىڭ ئوت تېپىپ يېيىشى تەسكە چۈشتى، بەزى ئۆيلەر ئۆرۈلۈپ چۈشتى.

2 - ئاينىڭ 19 - كۈنىدىن 22 - كۈنىگىچە، قاغىلىق ناھىيىسىنىڭ كۆكيار، زوڭلاڭ، ئۇششارباش قاتارلىق تاغلىق رايونلىرىدا 45 سانتىمېتىر ئەتراپىدا قېلىن قار يېغىپ، 123 مىڭ تۇياقتىن ئارتۇق چارۋا - مال خەۋپ ئاستىدا قالدى.

3 - ئاينىڭ 10 كۈنى، شىنجاڭ گېزىتى خەۋىرى: بۆلتۈردىن بۇيان ئىلى ۋىلايىتىدىكى سەككىز ناھىيە بىر شەھەردە قار ئىلگىرىكى يىللاردىن كۆپ ياغدى. 2 - ئاينىڭ ئاخىرىدا ئېلىنغان مەلۇماتقا قارىغاندا، ۋىلايەت بويىچە 4 مىليون 160 مىڭ تۇياق چارۋا - مالدىن 46 مىڭ 114 تۇياق چارۋا مال ئۆلگەن.

3 - ئاينىڭ 13 - كۈنى چۈشتىن كېيىن، تەڭرى تېغىنىڭ شىمالىدا قار ئېرىپ تاغدىن تۇيۇقسىز كەلكۈن كەلدى. كەلكۈن ئۈرۈمچى - ئىلى تاشيولىنىڭ ئۈرۈمچىدىن 64 كىلومېتىر يىراقلىقتىكى خوڭگوچاۋ كۆۋرۈكىنىڭ غەربىي قىسمىنى 12 مېتىر كەڭلىكتە ئېقىتىپ كەتتى، لىق يۈك بېسىلغان بىر ئاپتوموبىلنى-

مۇ كەلكۈن ئېقىتىپ كەتتى.

بۈگۈنكى كەلكۈن يەنە شىمالىي شىنجاڭ تۆمۈريولىنىڭ دافېڭ دېگەن يېرىدىن قۇتۇبىغىچە ۋە جۇڭخۇ دېھقانچىلىق مەيدانىدىن قۇتۇبىغىچە بولغان ئىككى ئورۇندىكى ھۆلنى 6 - 10 مېتىر ئۇزۇنلۇقتا بۇزىۋەتتى.

3 - ئاينىڭ 27 - كۈنى، سائەت 4 تىن 58 مىنۇت ئۆتكەندە، ئاقتۇ ناھىيىسىنىڭ غەربىي جەنۇبىدا 5.5 بال يەر تەۋرىدى.

4 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن 6 - ئاينىڭ 8 - كۈنىگىچە، توقسۇ، شايار ئىككى ناھىيىدە يەتتە قېتىم بوران، يامغۇر ۋە مۆلدۈر ئاپىتى يۈز بەردى. توقسۇ ناھىيىسىدە ئاپەتكە ئۇچرىغان يەر كۆلىمى 34 مىڭ موغا، پۈتۈنلەي نابۇت بولغان زىرائەت 17 مىڭ موغا يەتتى، شايار ناھىيىسىدە ئاپەتكە ئۇچرىغان زىرائەت كۆلىمى 189 مىڭ موغا يەتتى. 1077 تۇياق چوڭ - كىچىك چارۋا مال زىيانغا ئۇچرىدى، 38 ئېغىز ئۆي ئۆرۈلۈپ چۈشتى.

5 - ئاينىڭ 5 - كۈنى كەچتە، خوتەن ۋىلايىتىنىڭ شەرقىدىكى ئۈچ ناھىيىدە ۋە خوتەن شەھىرى ئەتراپى رايونلىرىدا تارىختا ئاز كۆرۈلىدىغان قاتتىق بوران چىقتى ۋە يامغۇر ياغدى. بەزى جايلاردا ئۇدا 17 سائەت يامغۇر يېغىپ يامغۇر مىقدارى 43.4 مىللىمېتىرغا، شامال كۈچى 8 بالغا يەتتى. بۇ قېتىمقى بوران، يامغۇر ئاپىتىدە چىرا، نىيە، خوتەن ناھىيىلىرىنىڭ زىرائەت ۋە چارۋا ماللىرى ناھايىتى ئېغىر زىيانغا ئۇچرىدى.

5 - ئاينىڭ 5 - كۈنىدىن 10 - كۈنىگىچە، كۇچا، شايار، ئۇچتۇرپان، ئاۋات، ئاقسۇ، كونىشەھەر ۋە ئاقسۇ شەھىرىدىكى نەچچە 10 يېزا (مەيدان) دا ئىلگىرى - ئاخىر مۆلدۈر يېغىپ. 217 مىڭ مو يەردىكى زىرائەت ئاپەتكە ئۇچرىدى؛ 94 مىڭ مو كېۋەزنىڭ 30% پۈتۈنلەي نابۇت بولدى، شايار ناھىيىسىدىلا 118 مىڭ مو يەردىكى زىرائەت ئاپەتكە ئۇچرىدى.



5 - ئاينىڭ 10 كۈنىدىن 11 - كۈنىگىچە، بايىنغولىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستىدا ئىككى قېتىم ئومۇميۈزلۈك قاتتىق يامغۇر ياغدى. لوپنۇر ناھىيىسىدە يامغۇر مىقدارى 77.9 مىللىمېتىرغا، قارا شەھەر ئويمانلىقىدىكى تۆت ناھىيىدە 38.6 مىللىمېتىرغا يەتتى؛ لوپنۇر، خوشۇت، چەرچەن قاتارلىق ناھىيىلەردىمۇ مۆلدۈر ياغدى. مۆلدۈر دانچىسىنىڭ چوڭلۇقى يەتتە مىللىمېتىرغا، مۆلدۈرنىڭ قېلىنلىقى 10 مىللىمېتىرغا يېتىپ، ئاپتونوم ئوبلاستتىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ تۇرمۇشى ۋە دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىقىغا ئېغىر زىيان كەلتۈردى. تولۇقسىز مەلۇماتلارغا قارىغاندا، ئوبلاست بويىچە 856 مىڭ 600 مو يەردىكى ھەرخىل زىرائەت ئاپەتكە ئۇچرىغان، 373 مىڭ 400 مو تېرىلغۇ يەر ئېغىر ئاپەتكە ئۇچرىغان. نۇرغۇن يېزىلاردا دېھقانلارنىڭ ئۆيلىرىدىن يامغۇر ئۆتۈپ كەتكەن، 819 ئېغىز ئۆي ئۆرۈلۈپ چۈشكەن، 110 نەچچە كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى ئاساسلىق تاشيول ئېغىر دەرىجىدە بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىغان؛ 33 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى ناھىيە، يېزا يولى بۇزۇلغان. ئوبلاست بويىچە بىۋاسىتە ئىقتىسادىي زىيان 4 مىليون 730 نەچچە مىڭ يۈەندىن ئېشىپ كەتكەن. يامغۇردىن كېيىن يەرنىڭ تېمپېراتۇرىسى تۆۋەن بولغانلىقتىن، 140 مىڭ مو كۆممىقۇناق ۋە ياغلىقدان زىرائەتلىرىنى تېرىشقا مۇمكىن بولمىغان.

5 - ئاينىڭ 25 - كۈنى، كەچتە، قەشقەر ۋىلايىتىدىكى مەكىت، كونىشەھەر، يەكەن، يېڭىشەھەر ناھىيىلىرىنىڭ 30 نەچچە يېزا - بازار، مەيدانلىرىدا مۆلدۈر يېغىپ، شۇ جايدىكى خەلققە ۋە دېھقانچىلىققا ئېغىر زىيان يەتكۈزدى. بۇ قېتىمقى مۆلدۈر ئاپىتىنىڭ كۆلىمى زور، بۇزغۇنچىلىقى، زىيىنى ئېغىر بولۇپ قەشقەر ۋىلايىتى تارىخىدا ئاز كۆرۈلىدۇ. بۇ قېتىمقى مۆلدۈر ئاپىتى نۇقتىلىق مەكىت ناھىيىسىدە يۈز بېرىپ، مۆلدۈر بۇ ناھىيىدە بەش مىنۇت ياغدى. مۆلدۈرنىڭ چوڭلۇقى قاقىتەك،

ئەڭ چوڭى تۇخۇمدەك بولۇپ. ياغقان مۆلدۈرنىڭ قېلىنلىقى بەش سانتىمېتىرگە يەتتى. مۆلدۈر بۇغداي باشاقلىرىنى پۈتۈنلەي ئۇۋۇۋەتتى، كېۋەزلەرنى يالىڭاچلاپ قويدى، سۇلياۋ يوپۇقلارنى تىشىۋەتتى، دەرەخ شاخلىرىنىمۇ سۇندۇرۇۋەتتى؛ دېھقانلارنىڭ بىر قىسىم ئۆي، ئېغىل - قوتانلىرى ئۆرۈلۈپ چۈشتى، بىر قىسىم چارۋا ماللىرى ئۆلدى.

5 - ئاينىڭ 26 - كۈنى، بېيجىڭ ۋاقتى ئەتىگەن سائەت 3.30 مىنۇت ئۆتكەندە، كورلىدا 5.2 بال يەر تەۋرىدى.

6 - ئاينىڭ 1 - كۈنى، ئاقسۇ كونىشەھەر ناھىيىسىنىڭ تۇمشۇق يېزا بازىرىدا ئاپتوموبىل ئۆرۈلۈپ كېتىش ۋەقەسى يۈز بېرىپ، ئالتە ئادەم ئۆلدى، 11 ئادەم يارىلاندى، 50 مىڭ يۈەندىن كۆپ ئىقتىسادىي زىيان بولدى.

7 - ئاينىڭ 22 - كۈنى، كەچ سائەت 6 دىن باشلاپ تولى ناھىيىسىدە 3 سائەتچە قاتتىق يامغۇر ياغدى. سائەت 7 ئەتراپىدا تاغدىن چۈشكەن قىيان ناھىيە ئىچىگە شىددەت بىلەن بېسىپ كىرىپ، ناھىيە بازىرىدىكى ئاھالىنىڭ بىر قىسىم ئۆيلىرىنى ئۆرۈۋەتتى. يەنە بىر تۈركۈمى ھەرخىل دەرىجىدە بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىدى، يەككە تىجارەتچىلەرنىڭ كوچا ياقىلىرىدىكى دۇكانلىرىنى قويماي ئېقىتىپ كەتتى؛ قاتناش توختاپ قالدى، بىر ئادەم ئۆلدى، سەككىز ئادەم ئىزدىرەكسىز يوقاپ كەتتى.

7 - ئاينىڭ 28 - كۈنى، شىنجاڭ گېزىتى خەۋىرى: 4 - ئايدىن 6 - ئاينىڭ باشلىرىغىچە، توقسۇ ناھىيىسى ئۇدا يەتتە قېتىم مۆلدۈر، يامغۇر، بوران ئاپىتىگە ئۇچرىدى، ھاۋا رايىدىكى بۇنداق نورمالسىزلىق كېۋەز كۆك پىتىنىڭ يامراپ كېتىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىپ، ناھىيىدىكى 75 مىڭ مو كېۋەزنىڭ 60 نەچچە مىڭ موسى 7 - ئاينىڭ ئوتتۇرلىرىغىچە ئوخشاش بولمىغان دەرىجىدە زىيانغا ئۇچرىدى.

8 - ئاينىڭ 13 - كۈنى، بېيجىڭ ۋاقتى سائەت 3تىن 58 مىنۇت 31 سېكۇنت ئۆتكەندە، ئۇلۇغچات ناھىيىسىنىڭ غەربىي



جەنۇبى قىسمىدا 5.5 بال يەر تەۋرىدى، قەشقەر، ئاتۇشلاردا ئۇنىڭ تەسىرى سېزىلدى.

12 - ئاينىڭ 2 - كۈنى، شىنجاڭ گېزىتى خەۋىرى: بۇيىل 1 - ئايدىن 10 ئايغىچە، ئاپتونوم رايونىمىزدا 718 قېتىم ئوت ئاپىتى يۈز بېرىپ 4 مىليون 219 مىڭ 373 يۈەنگە يېقىن ئىقتىسادىي زىيان بولدى. 68 قېتىم چوڭ ئوت ئاپىتى يۈز بېرىپ 33 ئادەم ئۆلدى، 32 ئادەم يارىلاندى.

1989 - يىلى 1 - ئاينىڭ 16 - كۈنى، شىنجاڭ گېزىتى خەۋىرى: خوشۇت ناھىيىسىنىڭ بورتو چارۋىچىلىق فېرمىسىنىڭ 1 - شۆبە فېرمىسىدا ئۆتكەن يىل 11 - ئاينىڭ 7 - كۈنى يايلاقتا ئوت كېتىپ ئۈچ ئادەم ئۆلگەن، ئىككى ئادەم يارىلانغان، نۇرغۇن چارۋا، 67 مىڭ مو يەردىكى ئوت - چۆپ كۆيۈپ كېتىپ 345 مىڭ يۈەندىن ئارتۇق ئىقتىسادىي زىيان بولغان. يەنە، ئۆتكەن يىل 11 - ئاينىڭ 29 - كۈنى بورتالا شەھىرىدىكى بىر ئاشلىق ئىسكىلاتىدا ئوت ئاپىتى يۈز بېرىپ، 40 توندىن ئارتۇق ئاشلىق كۆيۈپ كەتكەن.

2 - ئاينىڭ 18 - كۈنى، شىنجاڭ گېزىتى خەۋىرى: بۇ يىل 1 - ئاينىڭ 4 - كۈنىدىن 20 - كۈنىگىچە، ئاپتونوم رايونىمىزدا ئۇدا 6 قېتىم زور ئوت ئاپىتى يۈز بەرگەن، بىۋاستە ئىقتىسادىي زىيان 385 مىڭ يۈەندىن كۆپرەككە يەتكەن، بۇ، بۇلتۇر 12 - ئايدىن كېيىن كۆتۈرۈلگەن يەنە بىر زور ئوت ئاپىتىنىڭ پەللىسى.

3 - ئاينىڭ 11 - كۈنى، چۈشتىن بۇرۇن سائەت 10 دىن 40 مىنۇت ئۆتكەندە، كورلىدا پەۋقۇلئاددە قاتناش ۋەقەسى يۈز بېرىپ ئىككى ئادەم ئۆلگەن، تۆت ئادەم ئېغىر يارىلانغان، بىۋاستە ئىقتىسادىي زىيان 50 مىڭ يۈەنگە يەتكەن.

(داۋامى كېيىنكى ساندا)

تۇرغۇن ئۆمەر تەييارلىغان

جاۋابكار مۇھەررىر: ئابلىز مۇھەممەت سايرامى

# شىنجاڭنىڭ هازىرقى زامان تارىخىدىكى چوڭ ۋەقەلەر خاتىرىسى

## 1957 - يىل

### 1 - ئاي

1 - كۈنى، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ رەئىسى سەيپىدىن ئەزىزى يېڭى يىللىق تەبرىك سۆزى ئېلان قىلدى.

△ ئۈرۈمچى - بېيجىڭ يېڭى هاۋا يولى لېنىيىسى سىناق تەرىقىسىدە ئېچىلىپ، مۇۋەپپەقىيەت قازىنىلدى.

4 - كۈنى، ئىچكى موڭغۇل ئاپتونوم رايونىنىڭ ئېكىسكۇرسىيە ئۆمىكى ئىلىدا ئېكىسكۇرسىيە ۋە زىيارەتتە بولغاندىن كېيىن، بورتالا موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستىغا باردى.

5 - كۈنى، «شىنجاڭ گېزىتى» خەۋىرى: ئاپتونوم رايونىمىزدىكى 300 دىن ئارتۇق چوڭ، كىچىك سانائەت كارخانىلىرى بەش يىللىق پىلاندىكى مەهسۇلات قىممىتى يارىتىش پىلانىنى مۇددەتتىن بىر يىل بۇرۇن ئورۇنلاپ بولدى.

△ خوتەن ۋىلايىتى جازالاش ۋە كەڭچىلىك قىلىش ئۆزئارا بىرلەشتۈرۈلگەن سىياسەتكە ئاساسەن، خوتەن رايونىدىكى توپىلاڭغا قاتناشقان بىر تۈركۈم ئەكسىلئىنقىلابچىلارنى قاتتىق بىر تەرەپ قىلدى.

6 - كۈنى، قىرغىزچە «قىزىلسۇ گېزىتى» نىڭ تۇنجى سانى نەشر قىلىندى.



△ ۋاڭ ئېنماۋ ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ ئورگان كادىرلىرىنى سەپەرۋەر قىلىش دوكلاتىدا: «خەنزۇ كادىرلار چوقۇم ئۇيغۇر تىل - يېزىقىنى ئۆگىنىشى كېرەك»، دەپ كۆرسەتتى.

15 - كۈنى، «شىنجاڭ گېزىتى» خەۋىرى: پامىر پونكىتى بارلىققا كەلدى.

△ ئاپتونوم رايونلۇق خەلق تىياتىرخانىسى قۇرۇلدى.

△ چەرچەن - چاقىلىق تاشيولى ياسىلىپ قاتناش باشلاندى.

16 - كۈنى «شىنجاڭ گېزىتى» خەۋىرى: مەركىزى يېزا ئىگىلىك - بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش مىنىستىرلىكى ئاپتونوم رايونىمىزغا 50 دانە تىراكتور ئاجرىتىپ بەردى.

19 - كۈنى، ئىچكى موڭغۇل ئېكىسكۇرسىيە ئۆمىكى ئۈرۈمچىدىن ئايرىلىپ ئىچكىرىگە قايتتى.

23 - كۈنى، «شىنجاڭ گېزىتى» خەۋىرى: ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ئورگانلارنى ئىخچاملاش، قوشۇۋېتىش، شتاتنى قىسقارتىش ئارقىلىق، ئورگان خادىملىرىنىڭ $\frac{1}{3}$ قىسمىنى قىسقارتتى، ئورگانلارنىڭ خىزمەت راسخودى 15% - 20% گىچە تېجەپ قېلىندى.

25 - كۈنى، ئاپتونوم رايونلۇق مەهسۇلاتنى ئاشۇرۇش، تېجەش هەرىكىتى هەيئىتى قۇرۇلدى.

27 - كۈنى، ئاپتونوم رايونلۇق چارۋىچىلىق نازارىتى هەر قايسى جايلارنىڭ چارۋىلاردا بولىدىغان ئاقسىل كېسىلىنى قەتئىي يوقىتىش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش چىقاردى.

△ ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم مەهسۇلاتنى ئاشۇرۇش، تېجەش سەپەرۋەرلىك چوڭ يىغىنى چاقىردى، شۇجى زېڭ دې 1000 دىن ئارتۇق كىشىگە سەپەرۋەرلىك دوكلادى بەردى.

28 - كۈنى، «شىنجاڭ گېزىتى» خەۋىرى: خوتەن يېپەك زاۋۇتىنى كېڭەيتىش قۇرۇلۇشى پۈتۈپ ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىش-

تى، زاۋۇتنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى كېڭەيتىلىشتىن بۇرۇنقىغا قارىغاندا بىر ھەسسە ئۆستى.

## 2 ـ ئاي

1 ـ كۈنى، قىزىلسۇ قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستلىق خەلق قۇرۇلتىيى بۇ يىلدىن باشلاپ قىرغىز يېڭى يېزىقىنى رەسمىي ئىشلىتىشنى قارار قىلدى.

△ «شىنجاڭ گېزىتى» خەۋىرى: شىنجاڭدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ جەمئىيەت، تارىخ ئەھۋالىنى تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى خوتەن ۋىلايىتىدە ئۇيغۇرلارنىڭ جەمئىيەت، تارىخ ئەھۋالىنى تەكشۈرۈپ نۇرغۇنلىغان قىممەتلىك ماتېرىياللارنى بايقىدى.

6 ـ كۈنى، «شىنجاڭ گېزىتى» خەۋىرى: ئۈرۈمچى كان ئىشلىرى مەكتىپىنىڭ تۇنجى نۆۋەتلىك ئوقۇغۇچىلىرى ئوقۇش پۈتتۈردى.

13 ـ كۈنى، ئاپتونوم رايونلۇق تۇنجى نۆۋەتلىك ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر ئىشتىن سىرتقى ئەدەبىيات ـ سەنئەت يىغىنى ئېچىلدى.

15 ـ كۈنى، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق كومىتېتى 19 ـ سانلىق مەمۇرىيەت يىغىنى ئۆتكۈزۈپ، ئوتتۇرا تېخنىكوم مەكتەپلىرىنى تەرتىپكە سېلىش، قوشۇۋېتىش ۋە ئورگان گېزىت ـ ژۇرناللىرىنى ئىخچاملاشنى قارار قىلدى.

△ «شىنجاڭ گېزىتى» خەۋىرى: ئاپتونوم رايونلۇق جۇڭگو ـ سوۋېت دوستلۇق جەمئىيىتى جۇڭگو ـ سوۋېت دوستلۇق، ئىتتىپاقداشلىق، ئۆز ئارا ياردەم بېرىش ئەھدىنامىسى ئىمزالانغانلىقىنىڭ يەتتە يىللىقىنى تەبرىكلەش يۈزىسىدىن تۈنۈگۈن كەچتە خەلق تىياتىرىدا بىرلەشمە كۆڭۈل ئېچىش كېچىلىكى ئۆتكۈزۈپ، سوۋېتلىك دوستلارنى كۈتۈۋالدى.



16 ـ كۈنى، شىنجاڭ ھەربىي رايوننىڭ تۇنجى نۆۋەتلىك ئاكتىپلار چوڭ يىغىنى ئۈرۈمچى شەھىرىدە ئېچىلدى.

17 ـ كۈنى، «شىنجاڭ گېزىتى» خەۋىرى: ئاپتونوم رايون بويىچە 76.5% دېھقان ئائىلىسى ئالىي يېزا ئىگىلىك كوپېراتىپىغا قاتناشتى.

21 ـ كۈنى، ئاپتونوم رايون بويىچە تۇنجى نۆۋەتلىك ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر ئىشتىن سىرتقى ئەدەبىيات ـ سەنئەت نومۇر كۆرسىتىش يىغىنى ئاياقلاشتى. جەمئىي 179 نومۇر ئورۇنلاندى، بۇنىڭ ئىچىدە مىللىيچە 116 نومۇر بولۇپ، ئۇنىڭ 53 ى مۇكاپاتقا ئېرىشتى.

12 ـ كۈندىن 22 ـ كۈنگىچە، ئاپتونوم رايون 6 ـ نۆۋەتلىك دېھقانچىلىق ـ چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىش يىغىنى چاقىردى، ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ياڭ خېتىڭ يىغىندا «1956 ـ يىللىق دېھقانچىلىق ـ چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىشنىڭ ئاساسىي خۇلاسىسى ھەمدە 1957 ـ يىللىق پىلان ۋەزىپىسى» توغرىسىدا دوكلات بەردى.

24 ـ كۈنى، قاراشەھەردە تۇنجى ئېلېكتر ئىستانسىسى قۇرۇلدى.

△ ئاپتونوم رايونلۇق ساۋاتسىزلىقنى تۈگىتىش جەمئىيىتىنىڭ تەييارلىق ھەيئىتى قۇرۇلدى.

## 3 ـ ئاي

2 ـ كۈنى، «شىنجاڭ گېزىتى» خەۋىرى: ئىشلەپچىقىرىش بېڭتۈەنى مەھسۇلاتنى ئاشۇرۇش، تېجەش ھەرىكىتىدە ئورگانلارنى ئىخچاملاپ، ئاساسىي قاتلامنى تولۇقلىغاندىن كېيىن، 3000 غا يېقىن كادىر كورسانت ئىشلەپچىقىرىش ئورنىغا قايتىپ كەلدى.

3 - كۈنى، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق كومىتېتى خەنزۇ كادىرلار يەرلىك مىللەتلەرنىڭ تىل - يېزىقىنى ئۆگىنىشنى ئىلگىرى سۈرۈش ۋە كۆپەيتىشى، يەرلىك مىللەتلەر خەنزۇ تىل - يېزىقىنى ئۆگىنىشنى كۈچەيتىش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش چىقاردى.

6 - كۈنىدىن 11 - كۈنىگىچە، «شىنجاڭ گېزىتى» خەۋىرى: ئاپتونوم رايونىمىزدا مۇڭغۇل تىلى ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى چاقىرىلىپ، مۇڭغۇل ئەدەبىي تىلىنى يولغا قويۇش بېكىتىلدى.

20 - كۈنى، «شىنجاڭ گېزىتى» خەۋىرى: ئاپتونوم رايونىمىزدا خەلق پۇل ئامانىتى 100 مىليون يۈەنگە يەتتى.

26 - كۈنى، «شىنجاڭ گېزىتى» خەۋىرى: ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر مىللەت يازغۇچىلىرىنىڭ ئەسەرلىرى تۇنجى قېتىم يەككە تاللانما كىتاب قىلىپ نەشر قىلىندى.

△ «شىنجاڭ گېزىتى» خەۋىرى: ئازادلىقتىن بۇرۇن چىڭخەيگە كۆچۈشكە مەجبۇرلانغان بىر تۈركۈم قازاق دېھقان، چارۋىچى ھۆكۈمەتنىڭ ياردىمى بىلەن ماشىنىغا ئولتۇرۇپ شىنجاڭغا قايتىپ كەلدى.

27 - كۈنى، مۇئاۋىن رەئىس شىڭ لەنتىڭ ئاپتونوم رايونلۇق سودا - سانائەت ساھەسىنىڭ 2 - نۆۋەتلىك ۋەكىللەر قۇرۇلتىيىدا «خۇسۇسى سودا - سانائەتكە سوتسىيالىستىك ئۆزگەرتىش ئېلىپ بېرىش خىزمىتىگە دائىر بىر نەچچە مەسىلە» دېگەن تېمىدا دوكلات بەردى.

29 - كۈنى، «شىنجاڭ گېزىتى» خەۋىرى: چىڭخەيىنىڭ دېلىڭخادىن شىنجاڭنىڭ چاقىلىقىغىچە بارىدىغان يېڭى تۆمۈريول لېنىيىسىنى بۆلەكلەر بويىچە دەسلەپكى ئۆلچەش باشلاندى.

30 - كۈنى، «شىنجاڭ گېزىتى» خەۋىرى: ئىلى دېھقانچىلىق تەجرىبە پونكىتى يازغا بۇغدايىنىڭ ئەلا سورتى «ئىلى 1 -



نومۇر»نى يېتىشتۈرۈپ چىقىپ، غۇلجا قاتارلىق جايلاردا نوقتىلىق كېڭەيتىشكە باشلىدى.

## 4 - ئاي

16 - كۈنى، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنى كۆزدىن كەچۈرۈشكە كېلىدىغان بورھان شەھىدى قاتارلىق مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىللىرى ئۈرۈمچىگە يېتىپ كەلدى.

20 - كۈنى، سوۋېت ئىتتىپاقى نېفىت سانائىتى مىنىستىرلىكىنىڭ ۋەكىللەر ئۆمىكى ئۈرۈمچىدىن ئايرىلىپ يۇمىنگە ماڭدى.

△ ئاپتونوم رايونلۇق تۇنجى نۆۋەتلىك خەلق ۋەكىللەر قۇرۇلتىيىنىڭ 4 - قېتىملىق يىغىنىدا، بورھان شەھىدى ماۋ جۇشىنىڭ خەلق ئارىسىدىكى زىددىيەتنى توغرا بىر تەرەپ قىلىش مەسىلىسى توغرىسىدىكى سۆزىنى يەتكۈزدى.

24 - كۈنى، قارامايدا بىر قۇدۇقتىن كۆپ مىقداردىكى تەبىئىي گاز ئېتىلىپ چىقتى.

△ ئېلېكتر سانائىتى مىنىستىرلىكى شىنجاڭ سۇ ئېلېكتر باشقارمىسىنىڭ 4 ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈش ئەترىتى دالا خىزمىتىگە ئاتلاندى، ھەممە شىنجاڭدىكى ھەرقايسى ئاساسلىق دەريا - ئېقىنلارنىڭ يوشۇرۇن سۇ كۈچى مىقدارىنى ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈردى.

26 - كۈنى، «شىنجاڭ گېزىتى» خەۋىرى: ئۈرۈمچى نەنشەندە رايون دەرىجىلىك 1 - چارۋا مال دوختۇرلۇق پونكىتى قۇرۇلدى.

## 5 - ئاي

3 - كۈنى، ئۈرۈمچى شەھىرىدىكى ئەدەبىيات، دراما، مۇزد-

كا، ئۇسسۇل، گۈزەل - سەنئەت ساھەسىدىكى 40 تىن ئارتۇق كىشى ماۋجۇشىنىڭ دوكلاتى توغرىسىدا سۆھبەت ئېلىپ بېرىپ، «ھەممە گۈللەر تەكشى ئېچىلىش، ھەممە ئېقىملار بەس - بەستە سايراش» فاڭجېنى توغرىسىدىكى تونۇشى ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ بۇ فاڭجېننى ئىجرا قىلىشتا ساقلانغان مەسىلىلەر توغرىسىدا نۇرغۇن پىكىر - تەكلىپلەرنى بەردى.

7 - كۈنى، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ يوليورۇقىنى ئىزچىل ئىجرا قىلىش ئۈچۈن، پۈتۈن پارتىيە تېزلىكتە ئىستىل تۈزىتىش ھەرىكىتىنى قانات يايدۇرۇش توغرىسىدا قارار چىقاردى.

△ «شىنجاڭ گېزىتى» خەۋىرى: شىنجاڭ جەمئىيەت تارىخى تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى 2 - باسقۇچلۇق خىزمىتىنى باشلىدى. كۆپ قىسىم تەكشۈرۈش خادىملىرى ئۈرۈمچىدىن ئايرىلىپ خوتەن ۋىلايىتىگە قاراشلىق قارىقاش ناھىيىسى ۋە تاشقورغان تاجىك ئاپتونوم ناھىيىسىگە خىزمەتكە ئاتلاندى.

8 - كۈنى، «شىنجاڭ گېزىتى» خەۋىرى: ئاپتونوم رايون جىنسىي كېسەللىكنىڭ ئالدىنى ئېلىش - داۋالاش ئىككى تارماق ئەترىتىنى تارباغاتاي، ئالتاي ۋىلايەتلىرىگە خىزمەتكە ئەۋەتتى.

21 - كۈنى، ئىشلەپچىقىرىش قۇرۇلۇش بىڭتۇەنى پارتكومى ئىستىل تۈزىتىشنى ئورۇنلاشتۇردى.

△ ئاپتونوم رايونلۇق خەلق كومىتېتى ئۇقتۇرۇش چىقىرىپ، ئېچكىرىگە پاختا رەختلىك پوسۇلكا ئەۋەتىشنى توختىتىشنى قارار قىلدى.

22 - كۈنى، جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتى شىنجاڭ شۆبە جەمئىيىتىنىڭ قۇرۇلۇش يىغىنىغا قاتنىشىشقا تەكلىپ قىلىنغان سوۋېت ئىتتىپاقى يازغۇچىلار ۋەكىللەر ئۆمىكى ئۈرۈمچىگە يېتىپ كەلدى.

24 - كۈنى، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ كېڭەيتىلگەن



يىغىنى ئېچىلدى. ئىستىل تۈزىتىشنى قانات يايدۇرۇشقا تەييارلىق قىلىش ئۈچۈن، يىغىن بيۇروكراتلىق، مەزھەپچىلىك سۇبيېكتىۋىزملىقنى قەتئىي يېڭىشتە زور غەيرىتى، قىزغىنلىقى ۋە ئىشەنچىسىنى ئىپادىلىدى.

26 - كۈنى، سەيپىدىن ئەزىزى «ھەممە گۈللەر ئېچىلسۇن، ھەممە ئېقىملار سايرىسۇن» دېگەن سەرلەۋھىلىك ماقالىسىنى ئېلان قىلدى.

30 - كۈنى، شۇجى سەيپىدىن ئەزىزى ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومغا ۋاكالىتەن، پارتىيىسىز زاتلاردىن يۈرەكلىك بىلەن پىكىر بېرىپ، پارتىيىنىڭ ئىستىل تۈزىتىشىگە ياردەم بېرىشىنى تەلەپ قىلدى. ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم بىر قاتار سۆھبەت يىغىنلىرىنى چاقىرىپ كەڭ پىكىر ئالدى.

31 - كۈنى، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ئىستىل تۈزىتىش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسىنىڭ تۇنجى قېتىملىق يىغىنى، ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك ئورگان ۋە پارتىيە تەشكىلاتلىرىنىڭ ئىستىل تۈزىتىش ھەرىكىتىگە دەرھال ئاتلىنىشىنى تەلەپ قىلدى.

## 6 - ئاي

1 - كۈنى، «شىنجاڭ گېزىتى» خەۋىرى: ئاپتونوم رايونىمىزدا پىئونېرلار تەشكىلاتى بىر يىلدىن بۇيان زور تەرەققىياتلارغا ئېرىشتى. ھەر مىللەت پىئونېرلىرى 120 مىڭ نەپەرگە يەتتى.

△ ئاپتونوم رايونلۇق يازغۇچىلار ۋەكىللىرى يىغىنى ئېچىلدى. جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ شىنجاڭ شۆبە جەمئىيىتى قۇرۇلدى.

5 - كۈنى، سوۋېت ئىتتىپاقى يازغۇچىلار ۋەكىللەر ئۆمىكى

شىنجاڭدىن ئايرىلىپ بېيجىڭغا يۈرۈپ كەتتى.

7 - كۈنى، ۋاڭ ئېنماۋ ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومغا ۋاكالىتەن پارتىيىسىز زاتلارنىڭ تەنقىد پىكىر بېرىشىنى قارشى ئالدى. ھەممە بۇنىڭ پارتىيىنىڭ ئىستىل تۈزىتىشىگە چوڭ ياردىمى بار دەپ قارىدى.

9 - كۈنى، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق كومىتېتى ئىستىل تۈزىتىش ھەرىكىتىنى قانات يايدۇرۇش توغرىسىدىكى يوليورۇقنى ئوتتۇرىغا قويدى.

12 - كۈنى، ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك ئورگانلار ۋە ئالىي تېخنىكوم مەكتەپلىرىدە ئومۇميۈزلۈك ھالدا ئىستىل تۈزىتىش ئۆگىنىشى باشلاندى.

14 - كۈنى، ئەدەبىيات - سەنئەت ساھەسىدىكى پارتىيىسىز زاتلارنىڭ سۆھبەت يىغىنلىرى ئېچىلىشقا باشلىدى.

15 - كۈنى، «شىنجاڭ گېزىتى» خەۋىرى: شىنجاڭ ھەربىي رايونىنىڭ ئۈرۈمچىدە تۇرۇشلۇق ئوفىتسېر - ئەسكەرلىرى ئەكسىيەتچىل سۆزلەرگە رەددىيە بەردى. مەيداننى مۇستەھكەملەپ، سوتسىيالىزم قوغداشقا ئىرادە باغلىدى.

21 - كۈنى، شۇجى سەيپىدىن ئەزىزى شىنجاڭ ئىنىستىتۇتىنىڭ ئوقۇتقۇچى، ئوقۇغۇچىلىرىنى مەيداننى مۇستەھكەملەپ، تونۇشىنى توغرىلاپ، خاتا سۆزلەرنى تەنقىدلەش ۋە ئۇنىڭغا رەددىيە بېرىشكە رىغبەتلەندۈردى.

22 - كۈنى، قاراماي كان رايونىدا جۇڭگو - سوۋېت دوستلۇق خاتىرە سارىيى ياسالدى.

29 - كۈنى، قورغاس، ئىلقا قاتارلىق جايلاردا پۈتۈن كۈچ بىلەن چېكەتكە يوقىتىلىپ، ھەر خىل ھاشارات كېسەللىكى ئۈستىدىن غەلىبە قىلىپ، ئومۇميۈزلۈك مول ھوسۇل ئېلىشنى قولغا كەلتۈردى.



## 7 - ئاي

2 - كۈنى، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق كومىتېتى جىددىي ئۇقتۇرۇش چىقىرىپ، ھەرقايسى جايلارنىڭ سۇ مەنبەلىرىنى ئېچىش، سۇنى تېجەپ ئىشلىتىش، قۇرغاقچىلىق ئۈستىدىن غەلىبە قىلىشنى چاقىرىق قىلدى.

5 - كۈنى، پاكىستان پارلامېنت ۋەكىللەر ئۆمىكى تۈنۈگۈن ئۈرۈمچىگە يېتىپ كەلدى.

6 - كۈنى، كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقى ئۈرۈمچى شەھەرلىك ۋەكىللەر ئۆمىكى ئالما - ئاتاغا بېرىپ زىيارەتتە بولدى.

8 - كۈنى، ئۈرۈمچىدىكى مۇسۇلمانلار قۇربان ھېيت بايرىمىنى خۇشال - خورام ئۆتكۈزدى. نۇرغۇن كىشىلەر ئايروپىلان بىلەن ئۈرۈمچى مەنزىرىسىنى تاماشا قىلدى.

9 - كۈنى، پاكىستان پارلامېنت ۋەكىللەر ئۆمىكى ئايروپىلان بىلەن بېيجىڭغا يۈرۈپ كەتتى.

10. كۈنى، ھىندونېزىيە پارلامېنت ئەزالىرىدىن 15 كىشى ئۈرۈمچىگە يېتىپ كەلدى.

12 - كۈنى، ھىندونېزىيە پارلامېنت ئەزالىرى ئايروپىلان بىلەن بېيجىڭغا يۈرۈپ كەتتى.

13 - كۈنى، «شىنجاڭ گېزىتى» خەۋىرى: شىنجاڭنى توغرا كېسىپ ئۆتىدىغان ئېلىمىز بويىچە ئەڭ ئۇزۇن ئىچكى قۇرۇقلۇق دەرياسى - تارىم دەرياسىنى ئۇنىۋېرسال چارلاپ تەكشۈرۈش خىزمىتى باشلاندى.

15 - كۈنى، گۈزەل سەنئەت، دراما، ئۇسسۇل ۋە مۇزىكا جەمئىيەتلىرى شىنجاڭ شۆبە جەمئىيىتىنىڭ تەييارلىق ھەيئىتى قۇرۇلدى.

△ ئۈرۈمچىدە ئۇلاغ ترانسپورت شىركىتى قۇرۇلدى.

24 - كۈنى، بۇ يىل 19 نەپەر داغۇر تولۇقسىز ئوتتۇرا

مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى ئوقۇش پۈتتۈردى. چۆچەك ئوتتۇرا مەكتىپى ئۇلار ئۈچۈن ئوقۇش پۈتتۈرۈش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈپ بەردى.

△ شاڭجياڭ شاۋ خۇا ئۈرۈمچىگە كېلىپ ماۋ جۇشىغا ۋاكالىتەن شىنجاڭ ھەربىي رايونىغا قاراشلىق خىزمەت كۆرسەتكەن خادىملارغا ئوردېن بەردى.

25 - كۈنى، باش سىياسىي بۆلۈمنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى شاڭجياڭ شاۋخۇا ماۋجۇشىغا ۋاكالىتەن جۇڭگو خەلق ئىنقىلابىي ئۇرۇش دەۋرىدە شىنجاڭدا خىزمەت كۆرسەتكەن خادىملىرىغا ئوردېن بەردى. ئوردېن بېرىش مۇراسىمى ئۈرۈمچىدە ئۆتكۈزۈلدى. جۇڭجياڭ ۋاڭ ئېنماۋ قاتارلىق 286 نەپەر كىشى شەرەپ بىلەن ئوردېنغا ئېرىشتى.

26 - كۈنى، رەئىس سەيپىدىن ئەزىزى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق كومىتېتىنىڭ كېڭەيتىلگەن يىغىنىدا، 1 - نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ 4 - قېتىملىق يىغىنىنىڭ روھىنى يەتكۈزۈش دوكلاتى بەردى.

△ ئۈرۈمچى شەھىرىگە ئېقىپ كىرگەن كىشىلەردىن 5600 نەپىرى يۇرتىغا قايتىپ ئىشلەپچىقىرىش بىلەن شۇغۇللىنىشقا سەپەرۋەر قىلىندى.

## 8 - ئاي

3 - كۈنى، «شىنجاڭ گېزىتى»: «ئوڭچىللىققا قارشى كۆرەشنى چوقۇم ئەستايىدىل ئېلىپ بېرىش كېرەك»، دېگەن تېمىدا باش ماقالە ئېلان قىلدى.

8 - كۈنى، سانجى خۇيزۇ ئاپتونوم ئوبلاستىدا ئىككى ئوتتۇرا مەكتەپ قۇرۇلدى، باشلانغۇچ مەكتەپلەردە 70 تىن ئارتۇق سىنىپ كۆپەيتىلدى.



11 - كۈنى، «شىنجاڭ گېزىتى» خەۋىرى: قەشقەر ۋىلايىتىدە 30 يېزىدا يازلىق ئاشلىق سېتىۋېلىش سىناق قىلىندى، دېھقانلار يېڭى ئاشلىق سېتىۋېلىش چارىسىنى قىزغىن قارشى ئالدى. كۆپ قىسىم يېزىلار ئاشلىق سېتىپ بېرىش ۋەزىپىسىنى ئورۇنلىدى ياكى ئاشۇرۇپ ئورۇنلىدى.

13 - كۈنى، ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەش 1 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ 4 - قېتىملىق يىغىنى 10 كۈن ئېچىلىپ، 13 - كۈنى يېپىلدى. ۋاڭ ئېنماۋ ئوڭچىلارغا قارشى تۇرۇش كۈرىشىنى قانات يايدۇرۇش مەسىلىسى ئۈستىدە مۇھىم سۆز قىلدى.

16 - كۈنى، «شىنجاڭ گېزىتى» خەۋىرى: ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك ئورۇنلاردىكى 2000 دىن ئارتۇق كادىر يېزىغا چۈشۈش ھارپىسىدا، شۇجى ۋاڭ ئېنماۋ يېزىلاردىكى ئۈچ چوڭ ۋەزىپە توغرىسىدا توختىلىپ مۇنداق دېدى: ھازىر ئاشلىق خىزمىتى ۋەزىپىسىنى تاماملاشنى مەركەز قىلىشنى دېھقانچىلىق ئىشلەپچىقىرىش خىزمىتى بىلەن بىرلەشتۈرۈش ۋە ھەمكارلىق كوپېراتىپلىرىدا جىددىي ھەل قىلىشقا ئېھتىياجلىق مۇھىم مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش كېرەك.

21 - كۈنى، «شىنجاڭ گېزىتى» خەۋىرى: ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۇەنى بۇغداي ئىشلەپچىقىرىشتا مول ھوسۇل ئالدى.

23 - كۈنى، قەشقەر ۋىلايەتلىك تۇبېركۇليوز ساناتورىيىسى قۇرۇلدى.

26 - كۈنى، ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى قۇرۇلدى.

28 - كۈنى، سوۋېت ئىتتىپاقى يەرلىك كېسەللىكلەرنى تەكشۈرۈش ئۆمىكى ئۈرۈمچىگە يېتىپ كەلدى.

## 9 - ئاي

1 - كۈنى، ئاپتونوم رايونلۇق سانائەت، قاتناش، قۇرۇلۇش مەكتىپى قۇرۇلدى.

4 - كۈنى، ئىتتىپاق مەركىزىي كومىتېتىنىڭ شۇجىسى خۇ ياۋباڭ ئالما - ئاتا ئارقىلىق ئۈرۈمچىگە كەلدى ھەمدە ئۈرۈمچى شەھىرىدىكى ئىتتىپاق ئەزالىرىغا ۋە ياشلارغا بىرلەشمە كۆڭۈل ئېچىش بايرىمىنىڭ ئەھۋالىنى يەتكۈزدى.

△ «شىنجاڭ گېزىتى» خەۋىرى: ئۇيغۇر، قازاق، موڭغۇل، شىبە، ئۆزبېك قاتارلىق مىللەتلەرنىڭ يېڭى يېزىقى 9 - ئايدىن باشلاپ نوقتىلىق يولغا قويۇلىدۇ.

5 - كۈنى، ئۈرۈمچى شەھىرىدىكى سودا - سانائەت ساھەسى بويىچە ئىستىمال تۈزىتىش باشلاندى.

△ قارامايدىكى 222 - نومۇرلۇق قۇدۇقتىن كۆپ مىقداردا نېفىت چىقتى.

△ ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۈەننىڭ تۇنجى نۆۋەتلىك ئىتتىپاق قۇرۇلتىيى ئېچىلدى، خۇ ياۋباڭ ئىتتىپاق ئەزالىرى ۋە ياشلارنىڭ چېگرا رايوننى تىرىشىپ قۇرۇپ، شىنجاڭ خەلقى ۋە پۈتۈن مەملىكەت خەلقى ئۈچۈن تېخىمۇ كۆپ بايلىق يارىتىشقا تىرىشىشى كېرەكلىكىنى بىلدۈردى.

11 - كۈنى، «شىنجاڭ گېزىتى» خەۋىرى: ئۈرۈمچى شەھىرىدىكى ھەر مىللەت خەلقى ئاشلىق بىلەن چەكلىك مىقداردا تەمىنلەش چارىسىنى قىزغىن ھىمايە قىلدى.

13 - كۈنى، «شىنجاڭ گېزىتى» خەۋىرى: شىنجاڭ ھەربىي رايوننىڭ ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۈەنى كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقى تەرەققىي قىلىپ قۇدرەتلىك قوشۇنغا ئايلاندى، يېقىنقى ئۈچ يىلدىن بۇيان 2000 دىن ئارتۇق كىشى خىزمەت كۆرسەتتى، 1300 نەپەر كىشى پارتىيىگە كىردى.



19 - كۈنى، «شىنجاڭ گېزىتى» خەۋىرى: نى يىنچۇ جان پىدالىق بىلەن ئېرتىش دەرياسىدىن ئۆتۈپ سوۋېت ئايال مۇتەخەسسىسنى مۇھاپىزەت قىلىپ دوختۇرغا ئاپىرىپ، سوۋېت ئىتتىپاقى «شەرەپ» ئوردىنىغا ئېرىشتى. باش كونسۇل كازانىسكى تونۇگۇن ئالىي سوۋېت رىياسەتلىك ھەيئىتىگە ۋاكالىتەن ئوردېن تەقدىم قىلدى.

22 - كۈنى، «شىنجاڭ گېزىتى» خەۋىرى: تارىم دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىمىدىكى سۇ، تۇپراق بايلىقىنى تەكشۈرۈش خىزمىتى غەربتىن شەرققە تېزلىكتە قانات يايدى.

24 - كۈنى، «ئالما - ئاتا - لەنجۇ» ناملىق چوڭ تىپتىكى رەڭلىك فىلىمنى سۈرەتكە ئېلىش ئۈچۈن، جۇڭگو - سوۋېت كىنو ئەترىتى شىنجاڭدا خىزمىتىنى باشلىدى.

△ سوۋېت ئىتتىپاقى كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقى قازاقىستان جۇمھۇرىيەتلىك ۋەكىللەر ئۆمىكى ئۈرۈمچىگە كېلىپ ئېكىسكۇرسىيە ۋە زىيارەتتە بولدى.

27 - كۈنى، ئۈرۈمچى شەھىرىدىكى ھەر مىللەت ئىتتىپاق ئەزالىرى ۋە ياشلار يىغىلىش ئۆتكۈزۈپ، قازاقىستان ياشلار ئىتتىپاقى ۋەكىللەر ئۆمىكىنى قارشى ئالدى.

28 - كۈنى، ئۈرۈمچىدە ئاپتوماتىك تېلېفون ئېچىۋېتىلدى.

△ ھىندىستاننىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىدا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىسى ئۈرۈمچىگە يېتىپ كەلدى.

△ ئاپتونوم رايونلۇق جامائەت خەۋپسىزلىكى ئورۇنلىرى شىنجاڭ رەڭلىك مېتال شىركىتىنىڭ ئالتاي كان رايونىدا ئەكسىلئىنقىلابىي تەشكىلات «جۇڭگو مىللەتلىرى بىرلەشمە پارتىيىسى»نى پاش قىلىپ قولغا چۈشۈردى. ئاساسلىق جىنايەتچى ۋاڭ جىنفېڭ قاتارلىقلار قانۇن بويىچە قولغا ئېلىندى.

29 - كۈنى، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە، ھۆكۈمەت رەھبەرلىرى قازاقىستان ياشلار ئىتتىپاقى ۋەكىللەر ئۆمىكىنى قوبۇل

قىلدى.

## 10 - ئاي

1 - كۈنى، ئىشلەپچىقىرىش قۇرۇلۇش بىڭتۇەنى بەش يىللىق پىلانىنى تاماملىدى.

△ «شىنجاڭ گېزىتى» خەۋىرى: ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشىنىڭ تەرەققىياتى تېز، مەھسۇلاتى ئومۇميۈزلۈك يۇقىرى بولۇپ، پاختا، قوناق، قىچا ئىشلەپچىقىرىشتا مەملىكەت بويىچە ئەڭ يۇقىرى مەھسۇلات رېكورتىنى ياراتتى.

△ «شىنجاڭ گېزىتى» خەۋىرى: ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ چارۋىچىلىقىدا چوڭ تەرەققىيات بولدى، شىنجاڭ بويىچە ھەر خىل چارۋا 1949 - يىلدىكى 12 مىليون تۇياقتىن 21 مىليون تۇياققا كۆپەيدى.

△ ئىلى گېزىتىنىڭ خەنزۇچىسى نەشر قىلىندى.

3 - كۈنى، «شىنجاڭ گېزىتى» خەۋىرى: ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئورمانچىلىق قۇرۇلۇشىدا بەش يىللىق پىلان ئاشۇرۇپ ئورۇنلىنىپ، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىشىنىڭ تەرەققىياتىغا كاپالەتلىك قىلىپ، سانائەت قۇرۇلۇشىنىڭ ئېھتىياجىنى قاندۇردى.

4 - كۈنى، «شىنجاڭ گېزىتى» خەۋىرى: ھىندونېزىيىنىڭ سابىق مۇئاۋىن زۇڭتۇڭى دوكتور خادا تۇنۇگۈن بېيجىڭدىن ئۈرۈمچىگە يېتىپ كەلدى.

△ «شىنجاڭ گېزىتى» خەۋىرى: ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ 1 - بەش يىللىق پىلان مەزگىلىدە ئامانەت قويغان پۇلى 100 مىليون يۈەندىن ئاشتى.

5 - كۈنى، قازاقىستان ياشلار ئىتتىپاق ۋەكىللەر ئۆمىكى



ئۈرۈمچىدىن ئايرىلىپ غۇلجا ئارقىلىق دۆلىتىگە قايتتى.

6 - كۈنى، شىنجاڭ - شىزاڭ تاشيولىدا ئومۇمىي لېنىيە بويىچە ماشىنا قاتنىدى. بۇ يولنىڭ ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 1179 كىلومېتىر، دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 5500 مېتىر بولۇپ، قاراقۇرۇم تېغى ۋە شىزاڭ ئېگىزلىكىنى بېسىپ ئۆتىدۇ.

10 - كۈنى، ئاپتونوم رايون ۋە ئۈرۈمچى شەھىرىدىكى ھەر قايسى ئورگان - ئورۇنلار نورمىلىق ئاشلىق بىلەن تەمىنلەش چارىسىنى پائال ئىزچىللاشتۇرۇپ، پارتىيىنىڭ ئاشلىق تېجەش چاقىرىقىغا قىزغىن ئاۋاز قوشتى.

11 - كۈنى، ئەكسىلئىنقىلابچىلارنى ئۇزۇل - كېسىل تازىلاش، جىنايى ئىشلار جىنايەتچىلىرىگە قاتتىق زەربە بېرىش كۆرگەزمىسى بۈگۈن ئېچىلدى.

12 - كۈنى، قەشقەر ۋىلايىتىدىكى شەھەر - بازارلاردا ئاشلىقنى نورمىلىق تەمىنلەش يولغا قويۇلدى.

18 - كۈنى، «شىنجاڭ گېزىتى» خەۋىرى: پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ شىنجاڭدىكى ئۇنىۋېرسال تەكشۈرۈش ئەترىتى سوۋېت مۇتەخەسسىسلىرىنىڭ ھەمكارلىقىدا، بۇ يىلقى تەكشۈرۈش ۋەزىپىسىنى تاماملىدى.

22 - كۈنى، مىسىر ياشلار ۋەكىللەر ئۆمىكى ئۈرۈمچىگە كېلىپ زىيارەتتە بولدى.

23 - كۈنى، جۇڭگو - سوۋېت بىرلەشمە خىزمەت گۇرۇپپىسى ئالاتاۋ ئېغىزىدا مۇھاكىمە يىغىن ئۆتكۈزۈپ، لەنجۇ - ئۈرۈمچى - ئاقدوقا تۆمۈر يولىنىڭ رېلىسىنى تۇتاشتۇرۇش مەسىلىسىنى مۇزاكىرە قىلدى.

24 - كۈنى، مىسىر ياشلار ۋەكىللەر ئۆمىكى ئۈرۈمچىدىن ئايرىلدى.

27 - كۈنى، جۇڭگو - سوۋېت كىنو ئەترىتى تۇرپانغا بېرىپ ئىدىقۇت خانلىقى خارابىلىقىنى سۈرەتكە ئالدى.

## 11 ـ ئاي

1 ـ كۈنى، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئۈرۈمچىدە تۇرۇشلۇق يېڭىدىن تەيىنلەنگەن باش كونسۇلى ئۈرۈمچىگە يېتىپ كەلدى.

△ «شىنجاڭ گېزىتى» خەۋىرى: سوۋېت مۇتەخەسسىسلىرى شىنجاڭغا ياردەملىشىپ سۇ ئېقىملىرىنى پىلانلاش ئېلىپ باردى.

2 ـ كۈنى، مۇڭغۇلچە ئەدەبىيات ـ سەنئەت ژۇرنىلى «چولپان» نەشر قىلىندى.

△ شىنجاڭ نېفىت باشقۇرۇش ئىدارىسىدىكى سوۋېت مۇتەخەسسىسلىرى ئىككى يىل ئىچىدە 2000 دىن ئارتۇق قىممەتلىك تەكلىپ بېرىپ، بۇرغىلاپ تەكشۈرۈش ۋە ئىشلەپچىقىرىشتىكى نۇرغۇن ئاچقۇچلۇق مەسىلىلەرنى ھەل قىلدى.

3 ـ كۈنى، لەنجۇ ـ شىنجاڭ تۆمۈريولى شيادۇڭغىچە كەلدى.

5 ـ كۈنى، ئافغانىستان پادىشاھلىقىنىڭ ئاخبارات ۋەكىللەر ئۆمىكى ئۈرۈمچىگە كېلىپ ئېكسكۇرسىيە ۋە زىيارەتتە بولدى.

6 ـ كۈنى، بورھان شەھىدى «ماركسىزم، لېنىنىزم مىللىي سىياسىتىنىڭ غەلىبىسى» ناملىق ماقالىسىنى ئېلان قىلدى.

8 ـ كۈنى، ئاپتونوم رايون ھەممە ئۈرۈمچى شەھىرىدىكى ھەر مىللەت، ھەر ساھە ئاممىسى يىغىلىپ ئۆكتەبىر ئىنقىلابىنىڭ 40 يىللىقىنى خاتىرىلىدى.

9 ـ كۈنى، زېڭ دې ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومغا ۋاكالىتەن ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى قۇرۇلتىيىدا تەبرىك سۆزى سۆزلەپ، بارلىق ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنى سوتسىيالىستىك ئىشلەپچىقىرىش قۇرۇلۇشى دولقۇنىنى كۆتۈرۈشكە چاقىرىق قىلدى.

10 ـ كۈنى، ئاپتونوم رايونلۇق 4 ـ نۆۋەتلىك چارۋىچىلىق



رايونى خىزمەت يىغىنى ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ چارۋىچىلىقىغا داۋاملىق سوتسىيالىستىك ئۆزگەرتىش ئېلىپ بېرىشنى بېكىتتى.

11 ـ كۈنى، ئاپتونوم رايونلۇق سودا ـ سانائەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ ئىجرائىيە ھەيئىتى كېڭەيتىلگەن يىغىن ئاچتى، يىغىن سودا ـ سانائەتچىلەرنى ئىستىل تۈزىتىش ھەرىكىتى ۋە ئوڭچىلارغا قارشى تۇرۇش كۈرىشىنى قانات يايدۇرۇشقا سەپەرۋەر قىلدى.

13 ـ كۈنى، «شىنجاڭ گېزىتى» خەۋىرى: كۆنچى دەرياسىنىڭ لاي تازىلاش قۇرۇلۇشى باشلىنىپ تۆۋەن ئېقىمىدىكى نەچچە 100 مىڭ مو ئاق يەر مۇنبەت ئېتىزلىققا ئايلاندى.

△ «شىنجاڭ گېزىتى» خەۋىرى: ئۈرۈمچى شەھەرلىك جامائەت خەۋپسىزلىك ئىدارىسى بىر تۈركۈم ئەكسىلئىنقىلابچى ۋە جىنايى ئىشلار جىنايەتچىلىرىنى قولغا ئالدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، جەمئىيەتكە خەۋپ يەتكۈزگەن ئۇنسۇرلارنى يىغىپ ئەمگەك بىلەن تەربىيىلەش ئېلىپ باردى.

△ ئاپتونوم رايونلۇق 2 ـ نۆۋەتلىك ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى ئەزالىرىنىڭ ۋەكىللەر يىغىنى يېپىلدى. يىغىن ئاپتونوم رايونلۇق ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى بىرلەشمىسىنىڭ 2 ـ نۆۋەتلىك ئىجرائىيە ھەيئىتىنى سايلاپ چىقتى، چى گو رەئىسلىككە سايلاندى.

14 ـ كۈنى، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق كومىتېتى ئاپتونوم رايونىمىزدىكى يېزىلاردا سوتسىيالىستىك تەربىيە ھەرىكىتى ۋە چوڭ ئىشلەپچىقىرىش ھەرىكىتىنى قانات يايدۇرۇش توغرىسىدىكى كۆرسەتمىسىنى چىقاردى.

16 ـ كۈنى، «شىنجاڭ گېزىتى» خەۋىرى: ئىلى ئوبلاستى ھەمكارلىق كوپېراتىپلىرىنىڭ كۈچىگە تايىنىپ، چوڭ ـ كىچىك ئەسلىھە قۇرۇلۇشلىرىدىن 111 تۇردىن ئارتۇقنى رېمونت قىلدى.

17 ـ كۈنى، شىخەنزىدە يىلدا 24 مىڭ 600 توننا مەھسۇلات

ئىشلەپچىقىرالايدىغان كەمپۈت زاۋۇتى قۇرۇلۇشقا باشلىدى.

20 - كۈنى، چېن تەنچيۇ قاتارلىق ئىنقىلابىي قۇربانلارنى ئۆلتۈرگەن قاتىل لوجىكۈي، لۇبىخلىنلارغا ئايرىم - ئايرىم ھالدا لياۋنىڭ ۋە لەنجۇلاردا ئۆلۈم جازاسى بېرىلدى.

22 - كۈنى، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق كومىتېتى ئۇقتۇرۇش چىقىرىپ، ھەرقايسى جايلارنىڭ تەڭگە پۇل ۋە 10 سوملۇق پۇلنىڭ تارقىتىلىش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەشنى تەلەپ قىلدى.

28 - كۈنى، «شىنجاڭ گېزىتى» خەۋىرى: ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك ئورگانلار دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرىنىڭ ئىشلەپچىقىرىشىنى كۈچەيتىش ئۈچۈن، يەنە 500 دىن ئارتۇق كادىر ئاجرىتىپ تۆۋەنگە چۈشۈردى.

△ «شىنجاڭ گېزىتى» خەۋىرى: تارىختا ئاشلىق كەمچىل بولغان مەكىت، مارالبېشى ئىككى ناھىيە بۇ يىل ئاشلىقتا ئۆز - ئۆزىنى پۈتۈنلەي تەمىنلىيەلەيدىغان بولدى.

△ ئاپتونوم رايونلۇق ئادۋوكاتلار جەمئىيىتى رەسمىي قۇرۇلدى.

29 - كۈنى، ھەر مىللەت، ھەر ساھە ئېكىسكۇرسىيە ئۆمىكى 10 ئۆلكە، بىر ئاپتونوم رايوننى ئېكىسكۇرسىيە قىلىپ ئۈرۈمچىگە قايتىپ كەلدى.

30 - كۈنى، «شىنجاڭ گېزىتى» خەۋىرى: خوتەن رايونىدا قۇرۇلغان سۇ قۇرۇلۇش ئەسلىھەلىرى 63 تۈرگە كۆپەيدى.

△ ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ 98% يېزىلىرىدا پوچتا يوللىرى بارلىققا كەلدى، تېلېفون سىم يوللىرى تاغ، يېزىلارغا ئۈزلۈكسىز سوزۇلۇپ، شىنجاڭ بويىچە 400 دىن ئارتۇق رايونغا تېلېفون ئۇلاندى.

شۇ ئايدا، ساۋەندە ئەنجىخەي سۇ ئامبىرى قۇرۇلدى، تەڭرى تېغىنىڭ قار سۈيىدىن پايدىلىنىپ 200 مىڭ مو يەرنى سۇغۇرغىلى بولىدۇ.



## 12- ئاي

1 - كۈنى، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق كومىتېتى قارار ماقۇللاپ، شىنجاڭ رايونىدىكى مائاشقا قوشۇلىدىغان تۇرمۇش ياردەم پۇلى ئىچىدىكى نامۇۋاپىق قىسمىنى بىكار قىلدى.

△ «شىنجاڭ گېزىتى» خەۋىرى: شىنجاڭ نېفىت باشقۇرۇش ئىدارىسىنىڭ 63 - نومۇرلۇق قۇدۇقىدىن يېقىندا كۆپ مىقداردىكى نېفىت ئېتىلىپ چىقتى، كۈندىلىك مەھسۇلاتى نەچچە 10 تونىنغا يېتىدۇ.

8 - كۈنى، ئاپتونوم رايونلۇق 5 - نۆۋەتلىك سودا - سانائەت باشقارما، ئىدارە، بۆلۈم باشلىقلىرىنىڭ يىغىنى سودا تۈزۈلمىسىنى ئۆزگەرتىپ، كارخانا مەمۇرىيەتنى بىرلىكتە ئېلىپ بېرىشنى قارار قىلدى.

11 - كۈنى، ئۈرۈمچى ياشلار ئۆستىڭىنىڭ ئىش باشلاش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلدى، ۋاڭ ئېنماۋ گۈرجەك بىلەن ئىش باشلاپ بەردى. كۆپلىگەن ئىدارە - ئورۇنلار، ئىش ئورنىغا يېقىن جايدىكى دېھقانلار بەس - بەس بىلەن ياشلار ئۆستىڭىنىڭ ياسىلىش قۇرۇلۇشىغا ياردەم بەردى.

16 - كۈنى، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ كېڭەيتىلگەن يىغىنى ئېچىلدى. سەيپىدىن ئەزىزى ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنىڭ ئىستىل تۈزىتىش توغرىسىدا ۋە يەرلىك مىللەتچىلىككە قەتئىي قارشى تۇرۇپ، سوتسىيالىزمنىڭ ئۇلۇغ غەلىبىسى ئۈچۈن كۈرەش قىلايلى، دېگەن تېمىدا دوكلات بەردى.

24 - كۈنى، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق كومىتېتى 22 - قېتىملىق ئەزالار يىغىنى ئۆتكۈزۈپ «ئاپتونوم رايونىمىزدا پاختا رەختىنى پىلانلىق تەمىنلەشنى يولغا قويۇش چارىسى»نى مۇزاكىرە قىلىپ ماقۇللىدى، ھەمدە 1958 - يىلى 1 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن باشلاپ يولغا قويۇشنى قارار قىلدى.

25 ـ كۈنى، بىرما فېدىراتسىيىسىنىڭ مۇئاۋىن زۇڭلىسى ۋۇ جۈيىڭ باشچىلىقىدىكى بىرما دوستلۇق ئىقتىسادى تەكشۈرۈش ئۆمىكى ئۈرۈمچىگە يېتىپ كەلدى.

(شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى تارىخ تەتقىقات ئىنستىتۇتىنىڭ يېقىنقى، هازىرقى زامان تارىخ تەتقىقاتى ئىشخا-نىسى تۈزگەن «شىنجاڭنىڭ هازىرقى زامان تارىخىدىكى چوڭ ۋەقەلەر خاتىرىسى» دىن ئېلىندى)

تۇرغۇن ئۆمەر تەرجىمىسى
جاۋابكار مۇھەررىر: ئابلىز مۇھەممەت سايرامى



باش مۇھەررىر: ئابلىز مۇھەممەت سايرامى
مۇھەررىرلىرى: دىلدار ئېزىز
تۇرغۇن ئۆمەر
ئابدۇرېھىم مۇھەممەت
جۈرئەت ئابلىمىت
مەسئۇل كوررېكتور: جۈرئەت ئابلىمىت

# شىنجاڭ تارىخ ماتېرىياللىرى (42)

جۇڭگو خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى ش ئۇ ئا ر
كومىتېتى تارىخ ماتېرىياللىرى هەيئىتى تۈزدى
*
شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلدى
(ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي ئازادلىق كوچا №348)
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسىدىن تارقىتىلدى
شىنجاڭ «ئىشچىلار ۋاقىت گېزىتى» باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
فورماتى: 850×1168 مىللىمېتىر 1/32
باسما تاۋىقى: 13.5 قىستۇرما ۋارىقى: 2
1999 ـ يىلى 7 ـ ئاي 1 ـ نەشرى
1999 ـ يىل 7 ـ ئاي 1 ـ بېسىلىشى
تىراژى: 1—3,000
ISBN7—228—05151—3/K · 705
باھاسى: 20.00 يۈەن